ھاجى مىرزاھىد كېرىمى

# سۇلتان ئابدۇرەشىدخان



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى: مەمەت نەۋبەت

## ھاجى مىرزاھىد كېرىمىي ئەسەرلىرى

يۇسۇپ خاس ھاجىپ (1)

يۇسۇپ خاس ھاجىپ (2)

مىرزا ئابابەكرى

سۇلتان سەئىدخان

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان

جۇدالىق

بوغدا قىزى

قاناتلانغان تىلەكلەر

ئالتۇن ئاچقۇچ

ISBN 978-7-228-18342-5
9 787228 183425 >
定价：50.00元

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى

# سۇلتان ئابدۇرەشىدخان



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى: مەمەت ئۆبەت

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى ئەسەرلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ (2)

مىرزا ئابابەكرى

سۇلتان سەئىدخان

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان

جۇدالىق

بوغدا قىزى

قاناتلانغان تىلەكلەر

ئالتۇن ئاچقۇچ

ISBN 978-7-228-18342-5

定价:50.00元

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى

# سۇلتان ئابدۇرەشىدخان

(رومان)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

苏丹·阿卜都拉失德汗: 维吾尔文 / 米尔扎依提·克里木著. — 乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2015.3
ISBN 978-7-228-18342-5

Ⅰ. ①苏… Ⅱ. ①米… Ⅲ. ①长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第046674号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 古丽巴哈尔·艾海提 |
| 责任校对 | 再米拉·裴达依 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版总社<br>新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 18.25 |
| 版　　次 | 2015年9月第1版 |
| 印　　次 | 2015年9月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1 — 5000 |
| 定　　价 | 50.00 元 |



. هاجى مىرزاھىد كېرىمى .

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ئالتۇن تەختكە ياماشقان چايان .............. 1

ئىككىنچى باب سۇلتاننى ئويغاتقان مەكتۇپلار .............. 20

ئۈچىنچى باب نادامەتلىك ئىلتىجا .............. 42

تۆتىنچى باب بەربات بولغان شېرىن چۈش .............. 64

بەشىنچى باب تۇندىكى ئوتقاشلار .............. 82

ئالتىنچى باب قوغلاپ تۇتۇش .............. 101

يەتتىنچى باب مەنسۇرخاننىڭ ئەپۇ سورىشى .............. 147

سەككىزىنچى باب مۇسىقا — جەننەت شاملى ..............165

توققۇزىنچى باب ۋىسالغا يەتكەن ئاشىق - مەشۇق .............. 193

ئونىنچى باب شاھزادىنىڭ ئۆلۈمى .............. 212

ئون بىرىنچى باب نەغمە - ناۋا بىلەن ھازا ئوشتۇش .............. 234

ئون ئىككىنچى باب جاڭگالدىكى ھۆر قىز .............. 258

ئون ئۈچىنچى باب بۇ — تەقدىر .............. 306

ئون تۆتىنچى باب ئاي بېشىدا بولغان توي .............. 338

ئون بەشىنچى باب مۇقام مەلىكىسى .............. 358

ئون ئالتىنچى باب قەست .............. 415

ئون يەتتىنچى باب ئەۋلادلار ئۈچۈن سوۋغا .............. 455

ئون سەككىزىنچى باب كەچ كۈزدىكى قارا قۇيۇن .............. 504

ئون توققۇزىنچى باب جۇدالىق ئاقارتقان چاچ .............. 538

خاتىمە .............. 576

بىرىنچى باب

# ئالتۇن تەختكە ياماشقان چايان

## 1

ھىجرىيە 940 ـ يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ بىرىنچى كۈنى[1] چاشگاھ ۋاقتى. ئوت قىلىچى بىلەن قارا ـ سۇر بۇلۇتلارنىڭ قېتىنى يېرىپ چىققان قۇياش خېلى ئېگىز كۆتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ قىزغۇچ نۇرى زەرەپشان ۋادىسىغا، گۈلئېرەم ئوردىسىنىڭ ھەيۋەتلىك مۇنار ـ پەشتاقلىرىغا چېچىلىپ تۇراتتى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ مەقبەرىسىدىن يانغان ئابدۇرەشىدخان قۇياشنىڭ بىر توپ قارا بۇلۇت قېتىدىن چىقىپ، يەنە بىر توپ قارا بۇلۇت قېتىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ «بۇگۈنمۇ يامغۇر ياغىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇ خاس نۆكەر، ياساۋۇللىرى بىلەن مەيدانى ئادالەتكە كەلدى. ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان مىڭلىغان ئاۋام، ئەمىر ـ ئۆمىرا، سىپاھلار، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ يالىۋاچلىرى قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئېھتىرام بىلدۇرۇشتى. پوكولوپ تەزىم قىلغان مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنى تەختكە چىقىشقا تەكلىپ قىلدى. كۆپچىلىككە مەغرۇرانە نەزەر تاشلىغان ئابدۇرەشىدخان ئوڭ قولىدا قۇرئاننى، سول قولىدا دۆلەت تۇغىنى تۇتقىنىچە دېدى:

ـــ مەنكى ئابدۇرەشىدخان تاج كىيىپ، تەختكە چىققان مۇشۇ كۈندىن باشلاپ راھەت ـ پاراغەتنى ئەمەس، ئاۋامنى دوست

---

[1] مىلادىيە 1533 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

تۇتۇپ، ئادالەتنى جارى قىلىش يولىدا تەۋرەنمەي ماڭىمەن. مەملىكەتنى گۈللەندۈرۈپ، ئاۋامغا بەخت ـ سائادەت، هۆرلۈك، ئەمىنلىك بەخش ئېتىمەن. خانلىقىمىزنىڭ شانۇشەۋكىتىگە قىلچە داغ تەگكۈزمەيمەن. قانۇن ئالدىدا، تەختىم ئالدىدا ئەمەلدار ـ پۇقرا، باي ـ گاداي ھەممە باراۋەردۇر. راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلسەم، خەلققە ئۇۋال قىلسام، يۇرت ـ ۋەتىنىمنى باي ـ باياشات، ئاۋات، مەدەنىيەتلىك قىلالمىسام، ماڭا زاۋاللىق يۈزلەنسۇن. ئاللا مېنى ئەڭ ئېغىر جازاغا تارتسۇن!

شەيخۇلئىسلام مۇھەممەد ئابدۇللا داموللا ئۇنىڭغا شاھانە تون بىلەن ئالتۇن تاجنى كىيدۈردى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مەيدانى ئادالەتتىن تاكى سۇلتان سارىيىدىكى تەخت ئالدىغىچە سوزۇلغان ئاق مەشۇت پايانداز ئۈستىگە تەكبىر ئېيتقىنىچە قەدەم باستى.

— سۇلتانىمىز ئابدۇرەشىدخانغا مۇبارەك!

— ئابدۇرەشىدخاننى ئاللا ئامان قىلسۇن!

— سەئىدىيە خانلىقى تېخىمۇ گۈللەپ ـ ياشنىسۇن!

— ئۇلۇغ ئاللا باشپاناھىمىزغا تېخىمۇ يۈكسەك غەيرەت ـ جاسارەت ئاتا قىلسۇن!

جامائەتنىڭ تىلەك ـ ئارزۇسىنى ئاڭلاپ كېتىۋاتقان ئابدۇرەشىدخان نۆكەر، ياساۋۇللار ئىككى ياندا سەپراس بولغان گۈلئېرەم ئوردىسىغا قەدەم باسقاندا، قوۋۇقى مەغرىب تۆپىسىدىكى ھەيۋەتلىك پەشتاق ئۈستىدە بۇرغا، كانايلار ياڭرىدى.

— ئامان بولغايلا، خان ئالىيلىرى!

— سۇلتانىمىز ئۇچۇن جان پىدا!

— ئادىل سۇلتاننىڭ دوستى ئاللا بىلەن ئاۋامدۇر!

نۆكەر، ياساۋۇللارنىڭ يۈرەك ساداسى ئۇنى تېخىمۇ روھلاندۇردى. ئۇ ئىككى ياندا قول باغلاپ تۇرغان ئوردا ئەمەلدارلىرىغا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارىغىنىچە دىۋانخانىدىن

ئۆتۈپ، سۇلتان سارىيىغا كىردى. قولىدىكى تۇغنى پارىلداپ تۇرغان تەخت يېنىغا قاداپ، قۇرئاننى كۆتۈرگىنىچە تەختكە چىقتى. كەينىدىن كىرگەن قازىكالان، ئۆلىمالار، ئەمىر ـ ئۆمىرالار تەختنىڭ ئىككى يېنىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشتى.

ــ جانابلار، بۈگۈن ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بۈيۈك تەختىگە ــ ئاتامنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغانلىقىمدىن خۇشال ئەمەسمەن. بىراق، ئاللا بۇ تەختكە ئولتۇرۇشۇمنى نېسىپ قىلغانىكەن، بۇرچۇمنى جان تىكىپ ئادا قىلىمەن، ــ دېدى ئابدۇرەشىدخان كۆپچىلىككە روھلۇق نەزەر تاشلاپ. ئۇ بىردەم سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ رەھمەتلىك ئاتامنىڭ قولتۇقىغا بىر تۇركۇم قارا نىيەتلەر كىرىۋاپتىكەن. ئەتىگەن ئۇ ئاسىيلارنىڭ جازاسىنى بېرىپ خانلىقىمىزنى ئەمىن تاپتۇردۇم. ئەمدىكى ۋەزىپەم مەرھۇم خان ئاتامنىڭ ئۆمىد ـ ئارزۇسى بويىچە مەملىكىتىمىزنى قۇدرەت تاپتۇرۇش. جانابىي ئەمىرلەر، ھەربىرىڭلارنىڭ ماڭا بەجانىدىل ھەمدەم بولىدىغانلىقىڭلاردىن ئۈمىدۋارمەن.

ــ باش ئۈستىگە، سۇلتانىم، ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش پېقىرنىڭ سائادىتىدۇر، ــ دېدى مىرزا ئەلى تاغاي بىرىنچى بولۇپ ئېغىز ئېچىپ.

ــ مەرھۇم خان ئاتىمىز سەئىدخاننىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جېنىمىز پىدا، ــ دېيىشتى باشقا ۋەزىر، ئەمىرلەرمۇ.

ــ خەزىنىچىبەگ! ــ دەپ توۋلىدى ئابدۇرەشىدخان.

ــ لەببەي، ئالىيلىرى، ــ قاشلىرى قويۇق، كەتمەندەك يالپاڭ ساقاللىق نىزامىدىنبەگ تەخت ئالدىغا كەلدى.

ــ ۋەزىر ـ ۋۇزرالارغا، شەيخۇلئىسلامغا، ئەمىر، سەردارلارغا ئۆز لايىقىدا زەر تون كىيدۈرۈلسۇن!

ــ خوپ، ئالىيلىرى!

مەرھۇم قاناتبەگنىڭ ئورنىغا خەزىنە ۋەزىرى بولغان بۇ ئادەم

مىسىردا ئىلىم تەھسىل قىلغان، ھېسابات ئىشلىرىغا ماھىر ئالىم كىشى ئىدى. كىرىم ـ چىقىمنى تەڭشەپ، بىھۇدە ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، خەزىنىدە نۇرغۇن بايلىق توپلىغانىدى. ئۇ خىراجەت قىلىدىغان پۇللارنى ئالدىن ئالا ھېسابلاپ قوياتتى، تارتۇق قىلىنىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەرنىمۇ تەخلەپ قوياتتى. ئوردا ئەمەلدارلىرى، خىزمەتكارلىرىنىڭ ئىش ھەققىنىمۇ ۋاقتىدا تارقىتاتتى. مۇشۇ تۇپەيلى ئۇ دۆلەت كاتتىلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس، سەئىدخان ئالدىدىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى.

نىزامىددىنبەگ خىزمەتكارلىرىغا تونلارنى ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. مىرزا ئەلى تاغاي باشلىق ۋەزىر ـ ئەمىرلەر يېڭى تون كىيدى. بۇ يېڭىدىن تەختكە چىققان سۇلتاننىڭ يۈكلىگەن ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

— جانابىي ئەمىرلەر، مۇشۇ سائەتتە شۇنى جاكارلايمەنكى، بۈگۈندىن باشلاپ مەرھۇم ئاتام ۋاقتىدىن باشلاپ دۆلەت خىزمىتىنى ساداقەت بىلەن ئىشلەپ كەلگەن مىرزا ئەلى تاغاي ئاتا ۋەزىر، خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس ئوردا دىۋانبېگى، مۇھەممەد ئابدۇللا داموللا ھەزرەتلىرى شەيخۇلئىسلام ۋە قازىكالان، ئەلائىددىن مەھمۇد بارلاس ئىشىكئاغىسى، نىزامىددىنبەگ خەزىنە ۋەزىرى بولىدۇ، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۈنلۈك ئاۋازدا. ئۇ يەنە توققۇز مۆتىۋەر زاتنى ۋەزىر، تۆت كىشىنى كاتىۋالبەگ، ئۈچ كىشىنى پاششاپبېگى، ئۈچ كىشىنى باجگىربەگ، شاھسەئىد ئالىمنى سەرمۇنشى قىلىپ تەيىنلىدى. ئون سەردارنى تۈمەنبېگى، بىر يۈز ئون بىر كىشىنى مىڭبېگى قىلىپ ئىسمىنى ئېلان قىلدى. بۇلار ئىچىدە ياركەند شەھىرىنىڭ ھاكىمبېگى ئوسمانبەگنىڭ ئىككى ئىنىسى — تۇرغۇنبەگ بىلەن ۋەلىبەگ تۈمەنبېگى بولغانىدى. ئەمىرى كەبىرنىڭ ئېلان قىلىنمىغىنىغا قارىغاندا، بۇ ئالىي ۋەزىپىنى سۇلتاننىڭ ئۆزى ئۆتەيدىغاندەك قىلاتتى.

ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ سەردارى ھەم كاتىۋالبەگ بولغان بەھرام ئەكرەم سەردارنىڭ باش ئەمىرلىككە تەيىنلەنگىنىدىن شۇنچە خۇرسەن بولغان بولسىمۇ، مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئاتا ۋەزىر بولغىنىدىن شۇنچە چۆچۈدى. «ئەي، خۇدا، بۇ ھارامزادە يەنە قاچانغىچە بېشىمىزغا دەسسەپ يۈرەر؟ ئۇ جازاسىنى يەيدىغان كۈنمۇ كېلەرمۇ؟» دەپ ئويلاپ، غەزەپتىن قىسىلغان كۆزلىرىنى ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا تىكتى.

مىرزا ئەلى تاغاي ئاتا ۋەزىرلىك كۇرسىدا سۇلتانغىلا سەپسېلىپ ئولتۇراتتى، تېرىسىگە پاتماي قالغانىدى. ياركەند شەھىرىنىڭ ھاكىمبېگى ئوسمانبەگنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا چۈشكەندە، نېمىشقىدۇر چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى: «سەن مەككار باش سۇلتاننىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشۈالدىڭ، ئىچىڭدىكى قارىلىق تېشىڭغا تەپمەي قويمايدۇ ...»

دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ كۆپى مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئاتا ۋەزىر بولغىنىغا نارازى ئىدى. ئاق ئارىلىغان ئۇزۇن ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەن شاھسەئىد ئالىم ئۇنىڭ ئەپتىگە قاراپ، ئىچىدە: «تۈلكە ھەرقانچە مەككار بولغىنى بىلەن قويرۇقىدىن ئىلىنماي قالمايدۇ» دەپ بېشىنى چايقاپ قويدى.

ئەلائىددىن مەھمۇد بارلاس چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى. ئۇ ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھەممەيلەننى جاھانباغدا بولىدىغان دۆلەت زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىپ تەختتىن چۈشتى، ئاتا ۋەزىر باشلىق ئەمىر - ئۆمىرالار ھەم باشقا ئەللەرنىڭ يالىۋاچلىرى بىلەن خوشلىشىپ سۇلتان سارىيىدىن چىقتى. بەھرام ئۇنىڭ بىلەن ھەرەم قەسىرىگىچە بىللە باردى. يات ئەل ئەلچىلىرىنى ئۇزىتىپ ماڭغان مىرزا ئەلى تاغاي بەھرامنىڭ كەينىدىن قاراپ: «ئەمدى سەنمۇ ئالىقىنىمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن» دېدى ئىچىدە خەپلەپ. ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ قويۇپ قەدىمىنى تېزلەتتى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان جاھانباغدىكى زىياپەتتىن مەمنۇن

بولۇپ قايتتى. ئۇ بۇ كېچىنى ئىككىنچى خوتۇنى نۇرنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆتكۇزدى. ھازىدار بولغىنى ئۇچۇن بىللە ياتمىدى. خوراز ئىككىنچى قېتىم چىللىغاندا ئويغىنىپ كەتتى.

— خانىش.

— لەببەي، سۇلتانىم.

— كېنىزەكلەرگە بۇيرۇڭ، ھامامغا ئوت يېقىپ قويسۇن.

— ماقۇل، سۇلتانىم.

نۇرنىسا سۇلتان بېگىم كېنىزەكلەر ھۇجرىسىغا چىقىپ، ھامامغا ئوت يېقىپ قويۇشنى بۇيرۇپ يېنىپ كىردى. ئابدۇرەشىدخان:

— بۇگۇن ئۇلۇغ جۇمە كۇنى، خانىش، نامازغا كىيىپ چىقىدىغان كىيىملىرىمنى تەييارلاپ قويۇڭ، — دەپ ھامامغا چىقىپ كەتتى. ئۇ يۇيۇنۇپ كىرگەندە بامداتقا ئەزان چىقتى. ئابدۇرەشىدخان ئېيتىلىۋاتقان ئەزاننى ئىچىدە تەكرارلاپ جايناماز دا ئولتۇردى. بامداتنىڭ سۇننىتىنى ئوقۇدى، ئارقىدىن ئوردا مەسچىتىدە پەرزنى ئۆتەپ كىردى. ئوغۇللىرى ئابدۇللەتىفخان بىلەن ئابدۇلكېرىمخاننى ئېلىپ دىۋانخانا ھۇجرىسىدىكى سەئىدخاننىڭ مەقبەرىسىگە باردى. قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، دۇئا قىلدى. كېچە ـ كۇندۇز قۇرئان ئوقۇشۇۋاتقان قارىيلار بىلەن خوشلىشىپ قەسرىگە قايتتى. نۇرنىسا سۇلتان بېگىم ناشتىلىق تەييارلاپ قويغانىدى. ئابدۇرەشىدخان ئوغۇللىرى بىلەن ناشتا قىلىپ ئوردىغا چىقتى. مىرزا ئەلى تاغاي باشلىق ۋەزىر، ئەمىرلەر دىۋانخانا ئالدىدا سالام بېرىپ كۇتۇۋالدى.

ئابدۇرەشىدخان ئاقسۇ، كاشغەرنىڭ ھاكىمبەگلىرى ئەۋەتكەن خەتلەرنى كۆزدىن كەچۇردى. باش ۋەزىر، ئەمىرلەرنىڭ مەملىكەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرىنى ئاڭلىدى. ئىنىسى ئىبراھىم سۇلتاننى ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ ئورنىغا يېڭىسارغا ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەپ يارلىق چۇشۇردى. ئىسسىقكۆل، ئۆرەتۆپە، كەشمىر، تىبەت قاتارلىق چەت جايلارنىڭ ئەھۋالىنى

سۈرۈشتە قىلدى. تاغىسى مەنسۇرخانغا، ھىندىستان پادىشاھى ھۇمايۇن مىرزىغا، ئىران شاھىغا، شۇنداقلا يىراق ـ يېقىندىكى ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرىغا سەئىدخانىنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلارغا ئىمزاسىنى قويۇپ بەردى. كۈن قىيام بولغاندا ھەرەم قەسىرىگە قايتىپ، چۈچۈك سۇلتان بېگىم قېشىدا غىزالاندى. جۈمە نامىزىغا تاھارەت ئالدى. تاجىغا يېشىل سەللە ئوراپ، كۆك بەقەسەم تونىنى كىيدى. ئوغۇللىرىنى ئېلىپ گۈلئېرەم ئوردىسى بىلەن قارىشىپ تۇرغان جامەگە ئاتىسىنىڭ ئادىتى بويىچە پىيادە باردى.

## 2

سەئىدخان سالدۇرغان بۇ ئازنا مەسچىت سەينا، كايىۋان، خانىقادىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىغا بۆلۈنەتتى. پەشتاق، گۈمبەزلىك چوڭ دەرۋازىدىن كىرگەن جامائەت دەسلەپ گۈل، چىمەنلىك كەڭرى سەيناغا قەدەم قوياتتى. سەينانىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆل بولۇپ، دائىم سۈپسۈزۈك سۇغا تولۇپ تۇراتتى. جامەنىڭ شىمال تېمىدىكى سۇڭگۈچتىن كىرگەن سۇ ئېرىق ئارقىلىق كۆلگە قۇيۇلۇپ، يەنە بىر گىرۋەكتىكى چۈشۈرگىدىن ئايىغى چىقىپ گۈللۈك، چىمەنلىككە قۇيۇلاتتى. بۇ سەينادىن ئۈچ ئىشىك ئارقىلىق كىرگەن جامائەت پەلەمپەي بىلەن كايىۋانغا چىقاتتى. كايىۋاننىڭ ئۈستى يېپىق بولۇپ، ۋاسا جۈپ قىلىنغان گۈلدار نەقىشلىك تورۇسنى ئۇنلىغان چوڭ تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

خانىقا كايىۋاننىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان كاتتا خانا بولۇپ، ئىككى مىڭ جامائەت سىغاتتى. تام ـ تورۇس، تۈۋرۈكلىرىگە رەڭگارەڭ نەقىش، گۈللەر چېكىلگەنىدى. قىبلە تامدىكى ئويما مېھرابنىڭ ئەگمىسى ھەسەن ـ ھۈسەندەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. مېھرابنىڭ ئوڭ تەرىپىگە كىچىك گۈمبەزلىك، ئىككى پايىلىك كۈمۈش رەڭلىك تەخت قويۇلغانىدى. خاتىپ مۇشۇ تەخت

ئۈستىدە خۇتبە ئوقۇيتتى. خانىقانىڭ تۆت تېمىدىكى تەكچە ـ ئويۇقلارغا قۇرئان، تەپسىر، ھەدىس قاتارلىق مۇقەددەس كىتابلار قويۇلغاندىن باشقا، ماتېماتىكا، خىمىيە، ئىلمىنۇجۇم، ئەدەبىيات، پەلسەپە، تارىخقا ئائىت نۇرغۇن كىتاب تىزىلغانىدى. نامازدىن پارىغ بولغاندا خالىغان كىشى قېلىپ كىتاب كۆرۈپ قايتاتتى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن جامە سەيناسىغا قەدەم قويدى. ئىككى قاسناقتىكى ھۇجرىلاردىن چىقىپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇشقان مۇدەررىس، تالىپلار قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتانىمىز. خىزمەتلىرىگە تەييارمىز، — دەپ سالام بېرىشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئۇستازلار، ئەزىمەتلەر، ئىلىم تەلەپ قىلماق پەرزدۇر. بۇ پەرزنى ئادا قىلىش ئۆمۈرلۈك جەڭدۇر. بۇ جەڭدە زەپەر قۇچۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ئابدۇرەشىدخان جاۋاب سالام قىلىپ. ئۇ جامائەت ئۇدۇللۇق كىرىپ جاي ئېلىۋاتقان كايىۋاندىن ئۆتۈپ خانىقاغا كىردى، مېھراب يېنىدىن جاي ئېلىپ نامازغا تۇردى.

جۇمە نامىزى ئادا بولۇپ، دۇئا ـ تىلاۋەتتىن كېيىن جامائەت قوزغالدى. ئابدۇرەشىدخان مۇھەممەد ئابدۇللا داموللا بىلەن ئەڭ ئاخىرىدا مەسچىتتىن چىقتى. ئۇ مەيدانى ئادالەتكە توپلانغان خالايىقنىڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىغا جاۋاب قايتۇرۇپ، ئادالەت سۇپىسىغا ئورنىتىلغان تەختكە چىقتى. مانا بۇ تەختتە مەرھۇم خان ئاتىسى دادخالىق قىلىپ كەلگەن دەردمەنلەرنىڭ ھالىغا يېتىپ، زالىم ئەمەلدارلارنى جازالىغانىدى. بۈگۈن قايسى دەردمەن ئۇنىڭغا داد ئېيتىپ كەلگەندۇ؟

ئابدۇرەشىدخان ساناقسىز كۆزلەرنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەنلىكىنى كۆرگەندە دادخالارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى بىلىپ يەتتى.

## 3

گۈلئېرەم ئوردىسىدىن ئاپتاپتەك ئېچىلىپ چىققان مىرزا ئەلى تاغاي قاسىم قېچىر قاتارلىق ياساۋۇللىرى بىلەن ئويناق ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، پايتەخت كوچىلىرىدىن چاڭ چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ مۇنداق شادلىنىپ كېتىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى.

ئۇ بۇلتۇر كەچ كۈزدە ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس بىلەن گېپىنى بىر قىلىپ، ئۆزلىرى بىلەن پۈت تېپىشىدىغان ئەمىر، سەردارلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇلارنى كۆزدىن يوقاتمىسا، خانلىققا ئامانلىق بولمايدىغانلىقىنى پەش قىلىپ، ئابدۇرەشىدخانغا ئۇلارنى قەتل قىلىش توغرىسىدا پەرمان يازدۇرۇۋالغانىدى ھەم ئاشۇ كېچىسى زىنداندىن چىقىشقا ئۈمىد باغلاپ ياتقان ئوندىن ئارتۇق ئەمىر، سەردارنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگۈزگەنىدى.

مىرزا ئەلى تاغاي ئۆزىنى ئابدۇرەشىدخانغا يېقىن تۇتقانسېرى، باشقا ۋەزىر، ئەمىرلەر ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشقا باشلىدى. خەزىنە ۋەزىرى نىزامىدىنبەگ، سەرمۇنشى شاھسەئىد ئالىم، ئەمىر لەشكەرلەردىن مىرقاسىم كاشغەرىي، سەييىدئەھمەد خەنجەر، ئىشىكئاغىسى ئەلائىددىن مەھمۇد بارلاس قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرى كېسەللىكىنى باھانە قىلىپ ئوردىغا كەلمەي قويدى. بۇ ھال ئابدۇرەشىدخاننى ئويغا چۆمدۈرگەن بولسا، مىرزا ئەلى تاغاي بىلەن خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسنى كەڭتاشا پۇرسەتكە ئىگە قىلىپ، تېخىمۇ غادايتىۋەتتى.

ھىجرىيە 940 ـ يىلىنىڭ باھارى كېچىكىپ كەلدى. كۈندۈز بىلەن كېچە تەڭلىشىدىغان نورۇز كۈنىمۇ قاتتىق بوران چىقىپ، قىزىق داۋام قىلىۋاتقان مەرىكىنى بۇزۇۋەتتى. ئات بەيگىسىنى كۆرۈۋاتقان ئابدۇرەشىدخان قۇيۇندا قالدى ۋە ئوردىغا يېنىپ

كېلىپ، سەييىدمۇھەممەد مىرزا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن هاكىمسىز قالغان كاشغەرگە ئاتا ۋەزىر مىرزا ئەلى تاغاينى ئالىي هاكىم قىلىپ تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈردى. ئۇنىڭ ئوردا ئىشكىدىن شاد ـ خۇرام چىقىشىنىڭ سەۋەبلىرى يۇقىرىقى ئۆزگىرىشلەر ئىدى.

مىرزا ئەلى تاغاي شەھەر ئىچىدىكى قورۇسىغا بارماستىن، قوۋۇقى كاشغەردىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ قۇمئېرىق كەنتىدىكى چارباغقا كەلدى. كۆكۈم چۈشكەنىدى. گۈل ـ گىياھلار كۆكىرىپ، مېۋىلىك دەرەخلەر ھۇپپىدە چېچەكلەپ كەتكەنىدى. تۇردى ئاخۇن ئۇنى ئىشىك ئالدىدا چوڭقۇر تەزىم بىلەن كۈتۈۋالدى.

مىرزا ئەلى تاغاي تال باراڭ قاپلىغان پېشايۋانلىق مېھمانخانىغا كىرمەستىن، قاسىم قېچىر بىلەن گۈللۈكنى ئايلىنىپ، ئۇ تەرەپتىكى تاملىرى كاكىل لاي بىلەن سۇۋالغان ئاشخانا ئارقىسىغا ئۆتتى. ئەنجانتام يېنىدا ئات ـ ئېشەك، قوي ـ كالا باقىدىغان قوتان بار ئىدى. ئۇ قۇيرۇق چۆرۈپ تۇرغان سالپاڭ قۇلاق قارا مادا ئېشەككە، ئاندىن كۆل رەڭ تۈكلىرى پارقىراپ كەتكەن جەدىگە قاراپ قويۇپ، باراقسان ئۈجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىدىكى شاخ ـ شۇمبا بىلەن يېپىپ قويۇلغان چاھ يېنىغا كەلدى.

— تۇتىقۇش مۇشۇ يەردىمۇ؟

— شۇنداق، ھەزرەتلىرى. قاسىم ياساۋۇل بىلەن ئىككىمىز بەھرامىنىڭ ئۆيىدىن ئەكەلگەندىن بېرى ئۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى تۇردى قاڭرۇق شاپ بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ.

— ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويمىغانسەن، هارامزادە؟

— ياق، ۋەزىر ئەزەم. خوتۇنۇمنىڭ كۈنداشلىقى يامان، ھازىرغىچە چاھ يېنىغا مېنى يالغۇز كەلتۈرمىدى.

— ئۇنىڭغا تاماقنى كىم ئەكىلىپ بەردى؟ — گۇمانسىراپ

سوريدى مىرزا ئەلى تاغاي.
— خوتۇنۇم، — جاۋاب بەردى تۇردى قاڭرۇق، ئۇنىڭ بادامدەك ئۆرلەپ تۇرغان كۆزلىرى ئالدىراپ كېلىۋاتقان پاتىمخانغا چۈشتى، — ئەنە، ئۆزىمۇ ھەزرەتلىرىگە سالام بەرگىلى كېلىۋاتىدۇ.
مىرزا ئەلى تاغاي يېقىن كېلىپ ئېرىق بويىدا توختىغان قەلەم قاش چوكانغا قىزىقىپ سەپسالدى. ئۇنىڭ قولىدا قاپاق بىلەن ھېجىر بار ئىدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەزىر خوجام، ئالتۇن تەنلىرى ئامانمىكىن؟ — چوكان رومىلىنىڭ بىر بۇرجىكى بىلەن يۈزىنى يېپىپ تۇرۇپ سالام بەردى.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خان قىز، — مىرزا ئەلى تاغاي بۇ چوكاننىڭ تۇردى قاڭرۇقنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، «خان قىز» دەپ سالغىنىنى بىلمەي قالدى.
— ۋەزىر ئەزەم، بۇ خان قىز ئەمەس، مېنىڭ خوتۇنۇم پاتىمخان بولىدۇ، — دېدى تۇردى قاڭرۇق سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىپ. كۆڭلىدە «ۋەزىر نەشە چېكىۋالغاندەك سۆزلەۋاتىدۇ، بالىنىڭ ئانىسىنى قىز دەۋاتىدۇيا ...» دەپ قالدى.
— ھە، تۇردى، خوتۇنۇڭ قىزدىن كەم ئەمەس ئىكەن، — خىرىلداپ كۈلدى ۋەزىر.
— ۋەزىر خوجام، ئۇسسۇلۇق ئىچسىلە، — پاتىمخان شۇنداق دەپ قاپاقتىن ھېجىرغا ئۈزۈم شەربىتى قۇيۇپ مىرزا ئەلى تاغايغا سۇندى. ئۇنىڭ قوللىرى رومالىنىڭ ئۇچى بىلەن پۈركەلگەن بولسىمۇ، يۈزىنىڭ بىر تەرىپى ۋە قويۇق قارا چاچلىرى يېپىپ تۇرغان قۇلىقى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئۇزۇن شاتاۋار كۆڭلەك، ئىزمىلىك كالتە چاپان قامىتىنى يوشۇرغانىدى. سۆسۈن يوللۇق ئەتلەس تامبىلى پۇتىدىكى نەپىس تىكىلگەن گۈلدار چورۇققا ماس كەلگەنىدى. پاتىمخاننىڭ باش - ئايىغىغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن سەپسالغان مىرزا ئەلى تاغاي

ئىچىدە: «بۇ دېۋەڭ مەخلۇقتا مۇنچە زىبا خوتۇننى خۇدايىم نېمە ھېكمەت بىلەن جۇپ قىلغاندۇ؟» دېدى نىيىتى بۇزۇلۇپ.

— پاتمىخان، سىلىگە بىر كۆڭلەكلىك گۈللۈك تاۋار ئېلىپ قويغانىدىم، ئالدىراشچىلىقتا ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپتىمەن. ئامانەتكە ئوبدان قاراپلا، سىلىدىن بەكمۇ مەمنۇنمەن، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— ھەشقاللا، ۋەزىر خوجام. خوجامنىڭ ئامانىتىگە ئوبدان قارىماي بېشىمىز ئونمۇ بىزنىڭ؟ مۇنچە جوۋاپ كەتمىسىلىمۇ بولاتتى.

پاتمىخاننىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەنلىكىنى مىرزا ئەلى تاغاي كۆرگەن بولسا نېمىدەپ قالاتتىكىنتاڭ، ئەلھال كۆرەلمىگەچكە، ئىما بىلەن سورىدى:

— مېنىڭ ئامانىتىمنى بىرسى كۆرمىگەندۇ؟

— ئېرىم ئىككىمىز ئۇنى پاشىغىمۇ كۆرسەتمەي ساقلىدۇق، خوجام، خاتىرجەم بولسىلا.

— ئەمدى مەن كۆرسەم بولار؟

— بولمامدىغان، ئاچىقايمۇ؟

— ئۇ جوۋاپىنىمەكىنى ھۇجرامغا ئەكىرىڭ، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي خۇپسەنلىك بىلەن ھىجىيىپ، — ئۇنىڭ چاھ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولاي.

— ماقۇل، ۋەزىر خوجام.

مىرزا ئەلى تاغاي قاسىم قېچىر بىلەن تۇردى قاڭرۇقىنى كەينىگە سېلىپ، باغدىن چىقىپ كەتتى. پاتمىخان ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن ئەتراپىنى يالپۇز بېسىپ كەتكەن چاھنىڭ يېنىغا كەلدى. شاخ ـ شۇمبىلارنى ئېلىۋېتىپ قارىۋىدى، يەتتە ـ سەككىز مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر قارا گەۋدە كۆرۈندى. ئۇ ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ، ئوت ـ چۆپ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغان ئارقاننى ئالدى. بىر ئۇچىنى ئۈجمىنىڭ غولىغا چىگدى، يەنە بىر ئۇچىنى بېلىگە باغلاپ، چاھ ئىچىگە

ساڭگىلىدى. پۈتىنى ئۆياق ـ بۆياققا سۈنۈپ، ئۆيىۈققا دەسسەپ ئاستا ـ ئاستا چاھ ئىچىگە چۈشتى.

— مەريەمنىساخان، — ئۇ پەس ئاۋازدا چاقىردى.

ئاۋاز چىقمىدى.

— مەريەمنىساخان سىڭلىم ! — پاتمىخان ئۈنلۈك توۋلىدى.

— ھە، — جانسىز بىر ئاۋاز تاپىنى ئاستىدىنلا ئاڭلاندى.

— سىڭلىم، قوپۇڭ. بۇ مەن، پاتمىخان ئاچىڭىز، — بىر سوغۇق قول مەريەمنىسانىڭ پاقالچاق، يوتىلىرىنى سىلىدى. پاتمىخان زوڭ ئولتۇرۇپ، يۈزىنى ياش يۇقى بىر يۈزگە ياقتى.

— جېنىم ئاچا ! نېمىدەپ بۇ چاھ ئىچىگە چۈشكەنلا؟ — مەريەمنىسا پاتمىخاننى بېلىدىن قامالالاپ قۇچاقلىدى، — سىلى ھاياتىمنى ساقلاپ كېلىۋاتىدىلا، بولمىسا ئاللىبۇرۇن تۈگەشكەن بولاتتىم. سىلىگە نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيمەن. سىلىگە ئاللا رەھمەت قىلسۇن.

— سىڭلىم، بەندىنى ھەر كويغا خۇدا ئۆزى سالىدۇ. بۇ چاھ ئىچىدە سىزنى ئامان ـ ئېسەن ساقلاۋاتقانمۇ خۇدا. ئېرىم دېگەن بەچچىخەرنى سۆزگە كۆندۈرگۈچە، يالماۋۇز كېلىپ قالدى، شۇڭا يېنىڭىزغا چۈشتۈم. قارىغاندا ئۇ سىزگە چېقىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنى شۇم نىيىتىگە يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تىكەندەك سانجىلماي، مەجنۇنتالدەك مۇلايىم بولۇڭ. قويىنىدىن سالامەت سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆزىڭىزگە تېخىمۇ مەپتۇن قىلىپ، دېگەنلىرىگە ئۇناتقاندىلا، مەقسىتىڭىزگە يېتەلەيسىز. مۇشكۈلنى ئاسان قىلغۇچى خۇدا. تۇرۇڭ، سىڭلىم، چاھتىن چىقىپ ئۇ دۆيۈزنىڭ يېنىغا بارايلى.

مەريەمنىسا بۇلاقتەك ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ، بېشىنى لىڭشىتتى.

قاسىم قېچىر بىلەن تۇردى قاڭرۇق مەريەمنىسانى بەھرامنىڭ ئۆيىدىن ئەپقاچقان ئاشۇ كېچىدە، ئۇنىڭ قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنىدى. چاھ ئىچىگە تاشلانغاندىن كېيىن ئاغرىق

كۈچىيىپ يېتىپ قالدى. ئەتىسى سەھەردە بالىسى چۈشۈپ كەتتى. ئوغۇل يا قىز ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمەي، كەچكىچە قۇچىقىدا تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، ئاخىر چاھىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كۆمۈپ قويدى. يېشى يامغۇردەك تۆكۈلدى. كۈتمىگەندە پاتىمىخان ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، پاخال، كۆرپە – يوتقان تاشلاپ بەردى. ئۆگۈنى ئۆزىمۇ چاھ ئىچىگە چۈشۈپ:

— سىڭلىم، سىز زالىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپسىز. ئېرىم قەيسەر، ئىشچان بولسىمۇ، مىرزا ئەلى تاغاي دېگەن مەككار زالىمغا باغلىنىپ قالغان. سىزنى قاچۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئېرىمنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشىم كېرەك. سىز بۇ ئازابقا چىداپ، سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ. سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن، سەۋر قىلغان كىشى مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، — دەپ مەريەمنىسانى ئۈمىدلەندۈردى. ئۇ ئېرى شەھەرگە كىرىپ كەتكەنلەردە چاھقا چۈشۈپ، مەريەمنىسا بىلەن مۇڭداشتى، ھالىغا يەتتى، ئوبدان تاماقلارنى ئېتىپ بەردى. قەستەن ئۇرۇش – جېدەل قىلىپ، ئېرىنى «مېنى مەريەمنىسادىن كۈنلەيدىكەن» دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويدى.

تۇردى قاڭرۇق ئۆزى پايلاقچىلىق قىلىپ، مەريەمنىساغا ئاش – تاماق بېرىش ئىشىنى خوتۇنىنىڭ قىلىشىغا ماقۇل بولغانىدى. شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ كۈنگىچە مەريەمنىسا ھايات تۇرۇۋاتاتتى. مەرھۇم قېيىنئانىسى سېلىمىخاننىڭ قانغا غەرق بولۇپ ياتقان ھالىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن نېرى بولمايتتى ...

ئۇلار چاھتىن چىقتى. كەچكى شەپەق باغدىكى كۆلنىڭ تىنىق سۈيىدە ھال رەڭ شارچىلارنى پەيدا قىلغانىدى. كۈنگە قارىغان مەريەمنىسانىڭ كۆزلىرى قىسىلدى. ئەگەر چاھتىن بۇرۇنراق چىققان بولسا، جۈپلەشكەن كىرپىكلىرىنى ئاچالمىغان بولاتتى. پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاجىز نۇرىدا سارغايغان چىرايى تولىمۇ مۇڭلۇق كۆرۈنەتتى. ياداپ قورايدەك زىلۋالىشىپ قالغان بۇ چوكاننىڭ كۆز قارىچۇقى يوغىناپ، بۇلدۇقلاپ تۇرغان بۇلاققا

ئوخشاپ قالغانىدى. شەمشادتەك بويى بىلەن يەنىلا گۈزەل ئىدى. پاتىمخان چاچلىرىنى كۆن ئاشۇرۇپ تاراپ قويغاچقا، چاچلىرى شۇنچە يۇمران، ئەۋرىشىم بولۇپ، يىگىرمە ئىككى ياشلىق چوكاندەك ئەمەس، ئون سەككىز ياشلىق قىزدەك كۆرۈنەتتى.

پاتىمخاننىڭ باشلىشى بىلەن مىرزا ئەلى تاغاينىڭ چىراغ يېقىلىق ھۇجرىسىغا كىرگەن مەريەمنىسانىڭ تېنى جۇغۇلدىدى.

— پاتىمخان، سىز ئاۋۋال چاي، قەنت ـ گېزەك كەلتۈرۈپ، تاماققا تۇتۇش قىلىڭ. مەن مەريەمنىسا قىز بىلەن بىردەم ئەھۋاللىشاي. دەردىگە مەن دەرمان بولمىسام، كىم دەرمان بولىدۇ؟ — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي مەريەمنىسانىڭ باش ـ ئايىغىغا سىنچىلاپ قاراپ مۇغەمبەرلىك بىلەن.

ناماز شامغا ئېيتىلغان ئەزان ئاڭلاندى. مىرزا ئەلى تاغاي ئالدىراپ ـ سالدىراپ تونىنى سېلىپ، سەللىسىنى تەكچىگە قويدى ـ دە، كەشىنى كىيىپ چىقىپ، باغ ھويلىسىدا تاھارەت ئېلىشقا تۇتۇش قىلدى. يۇغلۇق پۇتىنى يۇيۇۋېتىپ مەريەمنىسانىڭ سەل ئېگىلىپ سۇ قۇيۇپ بېرىدىغان زىبا قامىتىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ ھىجايغىنىچە ئۆيگە يېنىپ كىردى. ياساۋۇل، خىزمەتكارلىرىنى تېگى پەس دەپ قارىغاچقا، نامازنى بىللە ئوقۇماي، ئۆزى يالغۇز ئۆتەيتتى. ئۇ نامازغا تۇرغاندا مەريەمنىسا ئۆيگە كۆز سالدى. ئىككى دېرىزىسى باغقا قارايدىغان بۇ ئۆي ئانچە چوڭ ئەمەس، ئۇلىغا زىلچا ۋە شىرداق سېلىنغانىدى. دېرىزە تەكچىسىنىڭ بىرىسىدە دۇۋەت، قەغەز، قەلەم، يەنە بىرىسىدە رېھىل بىلەن قۇرئان بار ئىدى. مەريەمنىسانىڭ ياشلىق كۆزلىرى قەغەز ـ قەلەمگە تىكىلىپ قالدى. كۆڭلىدىن ئاللىقانداق ئويلار كەچتى ـ دە، چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى. بۇ كۆلكە غەزەپ كۆلكىسى ئىدى.

پاتىمخان بىر پەتنۇستا گېزەك، چاي ئەكىردى. چىراغقا يانداپ شامدانىدىكى ئۈچ تال شامنىمۇ يېقىپ قويدى. ئۆي سۈتتەك يورۇپ كەتتى. مەريەمنىسانىڭ زەپىران چىرايىغا سايە تاشلاپ تۇرغان

كىرپىكلىرى شال مايسىلىرىدەك تال - تال كۆرۈنەتتى. سەل ئۇچلۇق ئېڭىكى ئېلىپتەك قاڭشىرىغا ئۇدۇل بولۇپ، تامغا چۈشكەن سايىسىمۇ شۇنداق چىرايلىق ئىدى.

مىرزا ئەلى تاغاينىڭ مەريەمنىساغا قادالغان كۆزلىرىدىن كىرگەن كۈچلۈك بىر ئوت يۈرىكىگە تۇتاشتى. ئۇ ئىچىدە: «بۇ جۇۋاينىمەك رىيازەت چەككەنسىرى ئۆز بولۇپ كېتىپتۇيا. ھەي ئىسىت، قىزلىقىڭ خەققە نېسىپ بولۇپ كېتىپ ئارماندا قالدىم» دەپ تامىقىنى چاكىلداتتى، كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئالالماي قالدى.

— مەريەمنىساخان، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات. ئۇنى سۈرۈشتۈرگۈم يوق، بىر قېتىملىق يامان چۈش بولۇپ قالسۇن. نەزىرىمدە سىز يەنىلا لەۋەن قىز. بۈگۈندىن باشلاپ مانا مۇشۇ كۆركەم ئۆيلەر، مۇشۇ بېھىشتەك باغ سىزنىڭ بولىدۇ. مەنىلا بولىدىكەنمەن، سىزگە ھېچكىم چېقىلالمايدۇ. ئەمدى بىر - بىرىمىزگە قېيىداشماي، ئېجىل - ئىناق ئۆتەيلى. ئۇ ئەبلەخلەرنىڭ سىزنى چاھقا سولاپ قويغىنىدىن خەۋەرسىز قاپتىمەن. ئاخشام قاسىم قېچىردىن سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ، بۈگۈن بۇ يەرگە چىقىپ كۆرۈشكۈچە تاقىتىم تاق بولدى، مەريەمنىساخان. سىزنىڭ ساق - سالامەت تۇرغانلىقىڭىزدىن بەكمۇ مەمنۇن بولدۇم، — مىرزا ئەلى تاغاي يەردىن بېشىنى ئالماي ئولتۇرغان مەريەمنىساخاندىن جاۋاب كۈتۈپ جىم بولدى.

— ۋەزىر ئەزەم، — رومىلىنى قايرىۋەتكەن مەريەمنىسانىڭ ئۈنى بوش چىقتى، — مەنمۇ سىلىنى كۆرۈپ خۇش بولدۇم. ئاجىزەلىرىنى كەچۈرگەنلىرىدىن تېخىمۇ سۆيۈندۈم. لېكىن، تەخسىر، — ئۇنى بىردىنلا يىغا بېسىپ، كۆزلىرىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش تۆكۈلدى، سۆزىنى ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ داۋام قىلدى، — مەن بىرنەچچە ئايدىن بېرى چاھ ئىچىدە تۇرۇپ تولىمۇ ئاجىزلاپ كەتتىم، توختىماي خۇن كېلىۋاتىدۇ. مۆھلەت

بەرسىلە، بىرئاز ئەسلىمگە كېلىۋالسام، ئۇ چاغدا خىزمەتلىرىنى جان دەپ قىلاتتىم ... — ئىچ ـ ئىچىدىن چىققان يىغا سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ بىر قانخور ئالدىدا ئىلاجىسىز قېلىۋاتقىنىغا يىغلايتتى.

ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرغان مىرزا ئەلى تاغاي: «تازا قىيىنلىپتۇ بەتبەخت. توختىماي خۇن كېلىۋاتقىنى يامان بوپتۇ، بىر ـ ئىككى ھەپتە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەي، پاتمىخان ئۇنى ئوبدان كۈتسۇن، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا يېقىنلاشسام قاملاشمىغۇدەك» دەپ ئويلاپ:

— ئەمىسە ئوبدان كۈتۈنۈپ، سالامەتلىكىڭىزنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈڭ، مەريەمنىساخان. كەچتە ئوغرى ـ يالغاندىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ يەردىكى ئەرگە سىز ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ قويۇشنى تاپىلايمەن. بامدات نامىزىدىن كېيىن ئىچىۋەتسە بىخەتەر بولىدۇ. مەنمۇ ئۈچ ـ تۆت كۈندە بىر چىقىپ تۇرىمەن.

مىرزا ئەلى تاغاي: «قوناق شىپىخىدەك بولۇپ قالغان بۇ مەرەزگە ئەت قونۇپ، مەڭزى قىزارغۇچە بىرەر ئاي ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ. خەيرىيەت، نېمىلا دېگەنبىلەن ئاخىر قولۇمغا چۈشتى، ئەمدى جىن ـ شاياتۇنمۇ ئۇنى ئالىقىنىمدىن ئەكېتەلمەيدۇ» دەپ ئويلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— ھاي، تۇردى ئاخۇن، پاتمىخان! — دەپ توۋلىدى ئۇ ھويلىغا چىقىپ. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ھايال ئۆتمەي كېلىشتى.

— مەن شەھەرگە كىرىپ كېتىمەن، مەريەمنىساغا ئوبدان قاراڭلار. ئۇ مۇشۇ ئۆيدە تۇرىدۇ. ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويۇڭلار، ئەگەر قېچىپ كېتىدىغان بولسا، چاھتا سىلەر ياتىسىلەر، ئۇقتۇڭلارمۇ؟

— ئۇقتۇق، ۋەزىر ئەزەم، خاتىرجەم بولسىلا. مېنىڭ

قولۇمدىن قوشمۇ ئۇچۇپ كېتەلمەيدۇ، — دېدى تۇردى قاڭرۇق مەغرۇر ھالدا. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى مىرزا ئەلى تاغاينى باغ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

كۆكتە لەرزان ئۇزۇۋاتقان ئاينىڭ شولىسى دېرىزىگە چۈشكەندى. پاتىمخان بىر تاۋاق پولۇ ئېلىپ مەريەمنىسانىڭ قېشىغا كىردى.

— ئۇنىڭغا نېمە دېدىڭىز، مەريەمنىساخان؟ ئۇ بۇقىنى ئاسانلا قاچۇرۇۋېتىپسىزغۇ؟

خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان مەريەمنىسا ئۇنىڭغا قارىدى.

— ئارتۇقچە گەپ بولمىدى، پاتىمخان ئاچا. بۇقا غۇنىچىنىنى ئىسكەپ كۆرۈپ رايى يېنىپ قالدىمۇ، چىقىلمىدى. ئېيتقانلىرى بويىچە مۇلايىم بولۇۋىدىم، ئۇ تەرسا ئېرىپ قالدى.

— كۆك قۇرت يۇمشاق ھەم كىچىك بولغىنى بىلەن چوڭ ـ چوڭ ياغاچلارنى يەپ ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋېتىدۇ. بەزىدە يۇمشاق، مۇلايىم بولۇش قاتتىق بولۇشتىن پايدىلىق، سىڭلىم. چاھىتىن قۇتۇلغىنىڭىز ئوبدان بولدى. ئەمدى قاچماق تەس ئەمەس. ئېرىم دېگەن بەچچىخەرگە نەشە چەكتۇرۇپ قويسام ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كېتىدۇ.

— مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن، — دېدى مەريەمنىسا دېرىزىدىن كۆكتە پارلاپ تۇرغان ئايغا قاراپ، — پۈتۈن كەچۈرمىشلىرىمنى يېزىپ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ئەۋەتەيمىكىن؟

— كىمدىن، سىڭلىم؟

— سىلىدىن، پاتىمخان ئاچا.

— سۇلتان ئالىيلىرى بىلەن قەيەردە، قانداق كۆرۈشىمەن؟ — دېدى پاتىمخان ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماي.

— جۈمە كۈنى قارا پەرەنجە يېپىنىپ مەيدانى ئادالەتكە بارىدىلا. سۇلتان ئالىيلىرى مەسچىتتىن چىقىشىغا مەكتۇپۇمنى ئۇنىڭغا بېرىدىلا، — دېدى مەريەمنىسا.

— سۇلتان ئالىيلىرى مەكتۇپنى كۆرۈپ: «تۇتۇڭلار بۇ

خوتۇننى، قىرىق دەررە ئۇرۇپ، جازاسىنى بېرىڭلار» دېسە قانداق قىلىمەن، سىڭلىم؟

— ئۇنداق دېمەيدۇ، ئاچا.

— مىرزا ئەلى تاغاي خانغا ئاتا ۋەزىر تۇرسا، دېمەي قالارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىنغان تۇرسا، ئاچچىقلانماسمۇ؟

— ئاچا، نېمىشقىدۇر مۇشۇ ئوي كۆڭلۈمگە چۈشكەندىن بېرى بۆلەكچە ئۈمىدلىنىپ قالدىم. قاچۇرۇۋەتسىلە، مەن نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىمەن؟ تۇتۇلۇپ قالسام، ئۆلگىنىم شۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ يالماۋۇز سىلەرنىمۇ بوش قويمايدۇ. مەن كۆپ ئويلاندىم، مۇبادا سۇلتان ئالىيلىرى مەكتۇپۇمنى ئوقۇسا، مىرزا ئەلى تاغاينىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىدۇ ھەم مەنمۇ بۇ قەپەستىن قۇتۇلىمەن. ئاللا يولىدا ماڭا ياردەم قىلسىلا.

پاتمىخان پولۇغا باسقان گۆشنى نان ئۇستىگە ئېلىپ توغرىدى، ئوزايىدىن ئويلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى.

مەريەمنىسا ئۇندىمەي ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتتى.

— پولۇغا بېقىڭ، سىڭلىم، — دېدى پاتمىخان توغرالغان گۆشلەرنى پولۇ ئۇستىگە بېسىپ.

پولۇ ئوخشىغانىدى. كۆڭلى بىر ئاز ئارامىغا چۈشۈپ قالغان مەريەمنىسا پولۇنى ئوبدان يېدى.

— پاتمىخان ئاچا، سىلىنى ماڭا ئاللا يەتكۈزگەن، سىلىنى ئۆز ئاچامدەك كۆرىمەن. ماڭا سىلى ياردەم قىلمىسىلا، كىم ياردەم قىلىدۇ؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئېلىپ.

— ماقۇل، سىڭلىم. ئاۋۋال خەتنى يېزىڭ، ئاللا خالىسا ئاپىرىپ بېرىمەن. سىزنى ئازابتىن قۇتقۇزۇپ، ئۆزۈمنىڭ ئازابقا قېلىشىمدىن قورقۇۋاتقىنىم راست. شۇنداقتىمۇ، پېشانەمگە پۈتۈلگىنىنى كۆرەرمەن.

مەريەمنىسا پاتمىخاننىڭ باغرىغا تاشلاندى.

# ئىككىنچى باب

## سۇلتاننى ئويغاتقان مەكتۇپلار

### 1

گۈلئىرەم ئوردىسىنىڭ چارباغى باغى ئەنجۇر، باغى ئانار، باغى شاپتۇل، باغى ئۆرۈك دەپ تۆتكە بۆلۈنەتتى. باغنىڭ ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان بىر ئۆستەڭ سۇ بىرقانچە ئېرىققا بۆلۈنۈپ، نىلۇپەر كۆلى ۋە گۈللۈكلەرگە قۇيۇلاتتى. ئېرىق ۋە كۆل بويىدىكى مەجنۇنتاللار زۇمرەتتەك سۇلارغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. شاپتۇل، ئۆرۈكلەرنىڭ چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا گۈزەل كۆرۈنەتتى.

كۈن غەربكە قايرىلدى. ئۆرۈك دەرىخىنىڭ سەل ئېگىلگەن شېخىغا قونغان سوپىسوپىياڭ قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ بەھرامنىڭ بېشىغا چىچىپ قويدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغان بەھرام:

— دەستارىمنى بۇلغىۋەتتىڭ، شۇم قۇش، — دەپ تىللىۋەتتى.

— نېمە دەۋاتىسىز، سەردار؟ — ئەجەبسىنىپ سورىدى يېنىدىكى نۆكەر.

— ھېچنېمە، — ئۇ ئېگىشىپ يەردىن چالما ئالدى ـ دە، سوپىسوپىياڭغا قارىتىپ ئاتتى. سوپىسوپىياڭ ئۇچۇپ كەتتى.

بەھرام پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بويۇنداپ دېرىزىدىن قاراپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ تېخىچە قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقىنىنى كۆردى. «جۈمە نامىزىدىن يېنىپلا خانغا مەقبەرە قىلىنغان دىۋان ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىۋىدى، يەنە قانچە ۋاقىت ئولتۇراركىن؟

ئەمىر ـ ئەركانلار ساقلاپ قالىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدى بەھرام بىشىدىن سەللىسىنى ئېلىپ. ئاپپاق سەللىنىڭ بەزى يەرلىرى چەل بولۇپ قالغانىدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان جۇمە كۈنى مەسچىتتىن يېنىپ، مەيدانى ئادالەتكە بارمىسىلا ئاتىسىنىڭ مەقبەرىسىگە يالغۇز بېرىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى، ئاندىن سۇلتان سارىيىغا كىرەتتى. باشقىلار مەقبەرىگە بىللە بېرىشنى تەلەپ قىلسا:

ــ مېنى يالغۇز قويۇڭلار. سىلەر بىلەن بىللە بارسام، ئاتامنىڭ روھى قورۇنۇپ قالارمىكىن دەيمەن، ــ دەپ ئۇنىمايتتى. بۇ ئۇنىڭ دۆلەت ئەركانلىرىغا تازا ئىشەنمەس بولۇپ قالغانلىقىدىن بىشارەت ئىدى. بەھرام بۇنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا بىلىندۇرمەي، خاس ياساۋۇل ـ نۆكەرلەر بىلەن يىراقتا تۇرۇپ قوغدايتتى. ئۇ ئاشكارا دۈشمەن ھۇجۇمىدىن يوشۇرۇن دۈشمەن قەستىنىڭ زىيان ـ زەخمىتى چوڭ بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ھەرقانداق جايدا سۇلتاننى مۇھاپىزەت قىلىشنى باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى دەپ بىلەتتى. بولۇپمۇ ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەمرى بىلەن مىرزا ئەلى تاغاينىڭ بېغىغا چىقىپ، كۈتمىگەندە مەريەمنىسا بىلەن كۆرۈشكەندىن بېرى، سۇلتانغا بولغان ھۆرمىتى دوستانە مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئايلانغانىدى.

ئۇ باراقسان ئۆرۈك دەرىخىنىڭ غولىنى بىر قولى بىلەن تۇتۇپ تازا بويۇنداپ قاراپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ مەقبەرە ئالدىدىن تۇرۇپ، باغى ئەنجۈرگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

باغقا يالغۇز قەدەم باسقان سۇلتاننىڭ ئوي ـ خىيالى يۆگىمەچ ئۇتتەك چىگىچلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سۇلتان سارىيىغا كىرىشكە رايى بارمايۋاتاتتى. ۋەزىر، ئەمىر باشلىق تامامى دۆلەت ئەربابلىرى، سەركەردىلەر گويا قارا نىيەت مۇناپىقتەك، سۈيىقەستچى، مەككارلاردەك تۇيۇلۇپ، ئۇلاردىن خۇشى كەتكەنىدى. سەۋەبى مىرزا ئەلى تاغاي ۋە خوجا

شاھمۇھەممەدى بارلاسنىڭ دىلى بىلەن تىلى ئوخشىمايدىغان ھىلىگەر، قانخورلار ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان مەكتۇپ، ئەرزنامىلەر ئۇنى ئەندىشىگە سېلىپ قويغانىدى. بۇلار ئىچىدە مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان كەشمىردىن ئەۋەتكەن مەكتۇپ، مەرھۇم سەئىد ئەلى كوكۇلداشنىڭ ئوغلى يازغان ئەرزنامە، ئەلائىددىن مەھمۇد بارلاسنىڭ شىكايەتنامىسى ۋە مەريەمنىسانىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتى ئۇنى چوڭقۇر ئويغا غەرق قىلغانىدى. ئابدۇرەشىدخان: «بۇلارنىڭ ھەممىسى راستمىدۇ؟ ناھايەتكى، ئاتا ۋەزىر ئۇلار پاش قىلغاندەك قانخور، ئاسىي، سۇيىقەستچىمىدۇ؟ بۇ مۇمكىنمۇ - ھە! ...» دەيتتى ئۆز - ئۆزىگە.

باغدا ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. ھېچكىمنى كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا باغۋەنلەرگە جېكىلەپ قويغانىدى. كۆل ئەتراپىدىكى ئارچا دەرىخى ۋە مەجنۇنتاللار ئۇنىڭ مىسكىن كۆڭلىگە تەسەللى بولسۇن دېگەندەك تولىمۇ يېقىملىق شىلدىرلايتتى. ئارچا دەرىخىنىڭ ئەڭ ئۇستۇنكى شېخىغا قونۇۋالغان بىر قۇش: «كاككۇك! كاككۇك! كاككۇك!» دەپ سايراۋاتاتتى. ھەر تەرەپكە بويۇنداپ سايراۋاتقان بۇ قۇشنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئابدۇرەشىدخان ئاستا كېلىپ كۆل بويىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئۇنىڭ بېشىدا يېشىل سەللە، ئۇچىسىدا ئاق مەشۇتتىن تىكىلگەن كەمزۇل، بېلىگە خەنجەر ئېسىلغان كۈمۈش كەمەر باغلانغان قارا شىم، قارا خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەنىدى. قۇندۇزدەك قارا بۇرۇتى ئىككى ئىلىك ئۆسكەن ساقىلىغا تۇتىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھازىدار بولغاچقا، ئالتۇن تاج كىيمىگەن، ئالتۇن كەمەر باغلىمىغانىدى. ئۇ ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى غۇر - غۇر شامالدا سەل چايقىلىپ تۇرغان كۆلگە تىكتى. تاج رەڭ چاقماق تون كىيگەن كاككۇكنىڭ كۆلەڭگىسى سۇدا سىرلىق تۇس ئالغانىدى. خەندان ئۇرۇپ سايراۋاتقان بۇ قۇش ئابدۇرەشىدخانغا تەسەللى

بىر ۋاقىتقىچە تەمشىلىپ تۇرغاندىن كېيىن قولۋاقلىرىنى سۇدىن تارتىشقا تۇتۇش قىلىدى.

بىرۋاتقاندەك قىلاتتى. كاككۇك كۆلەڭگىسىنىڭ ئەتراپىدا بىلىجانلار پىلتىلىڭ ئېتىپ ئوينىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ زۇمرەتتەك تىنىق سۇغا قارىغانسېرى قارىغۇسى كەلدى. بىلىجانلار قويىرۇق چۆرۈپ شۇڭغۇسا كۆل يۈزىدە كىچىك چەمبەرلەر ھاسىل بولاتتى. ئۇ ئارامبەخش كۆلگە قارىغىنىچە يانچۇقىغا سېلىۋالغان تۆت پارچە خەتنى ئالدى. بىردەم خىيال قىلىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن بىرىنچى خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى:

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنىڭ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى بولغانلىقلىرىنى مۇبارەكلەيمەن. ئالىيلىرىغا ئاللا رەھمەت قىلسۇن، ئامىن!

ئالىيلىرىغا مەلۇم بولسۇنكى، مەملىكەت ئاتىسى، خانلىقىمىزنىڭ بەرپاچىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ مەقبەرىسىدە تۆكۈلگەن قان پېقىرنىڭ يۈز ـ كۆزىگە چاچرىغاندەك بولۇپ قاتتىق چۆچۈدۇم، ۋەھىمىدە قالدىم، مۇبادا بۇ يىراق تاغلىق رايوندا بولماي، پايتەختتە بولغان بولسام، پېقىرنىڭمۇ قېنى تۆكۈلەر ئىكەن. خەيرىيەت، جانابىي ئاللا مېنى بۇ ناھەق ئۆلۈمدىن ساقلاپ قاپتۇ. لېكىن، ئۆزۈمنىڭ بۇ يەردە ئامان قالغىنىمدىن قىلچە مەمنۇن بولمىدىم. رەزىللىك بىلەن سۇيىقەست ئىشلىتىپ، خانلىقىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرسى بولغان باھادىر، دانىشمەن سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولغان مەلئۇن ئاسىيلارغا نەپرەت ئوقۇدۇم. ئاللادىن ئۇلارنى جازالاشنى تىلىدىم. پېقىرغا بەش قولدەك ئايانكى، زالىم سۇلتان ئاكىسى مىرزا ئابابەكرىدىن يۈز ئۆرۈپ، بىزگە قېتىلغان كۈندىن باشلاپ سەئىدخانغا سەمىمىي ـ سادىق بولۇپ يۈز تاپقان سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ قىلچە گۇناھى

يوق ئىدى. ئۇ زالىم ئاكىسىغا يۈز ـ خاتىر قىلمىغانلىقى بىلەن ئەلنىڭ نەزىرىگە ئىلىنىپ، نامراتلىشىپ كەتكەن كاشغەر دىيارىنى روناق تاپتۇرۇپ ئاۋاتلاشتۇرغانىدى. تەكشۈرۈپ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىماي، ھەتتا ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكىمۇ يول قويماي، ئۇنى قەتل قىلىشقا بۇيرۇپتىلا. سۇلتان ئالىيلىرى، سىلىدىن شۇنى سورايكى، زادى كىم ئۇنى قەتل قىلىشقا مەسلىھەت بەردى؟ تۆھمەت قىلىپ، ئۇنى قارىلىغان كىم؟ تاش يۈرەكلىك بىلەن قىلغان يەنە بىر قىلمىشلىرى شۇكى: پىقىرنىڭ ھەرىمى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئانىمۇ، ئاتىمۇ بىر قېرىندىشى بولغان ھامىلىرىنى بەدەخشانغا ھەيدەپ چىقىرىشقا قانداق پېتىندىلا؟ ئۇلار كېسەل ئەمەسمىدى؟ بۇنى ئەمدى ئويلاپ كۆرۈشلىرىنى، تەكشۈرۈپ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ چىققاندىن كېيىن ئاشۇ قارا نىيەت تۆھمەتخورغا، رەزىل سۇيىقەستچىگە، خانلىقىمىز پېشۋالىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان قانخور مۇناپىققا جازا ھۆكۈم قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. ئەمىرلىرىگە بىنائەن تىبەت ئېلىنى شاھزادە ئىسكەندەر سۇلتانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، كەشمىر دىيارىدا تۇرۇۋاتىمەن. ئەگەر بۇ مەكتۇپۇمنى گۆدەكلەرچە ئويلاپ خاتاغا چىقارسىلا، ئۇستۇمگە لەشكەر تارتىپ بېرىشلىرىنى سورايمەن. بىز جەڭگاھتا كۆرۈشەيلى.

ئەي، مېنىڭ بىر نەۋرە ئاكامنىڭ ئوغلى، ئىخلاس بىلەن تەربىيەلەنگەن شاھزادە، كەمىنە ھاكاۋۇر، قارام سۇلتاننىڭ جاۋابىنى ئەمەس، خەلق غېمىنى يەيدىغان، ئۆزىگە جان كۆيدۈرگەن ئۇستازىنى ئۇنتۇمىغان، ئادىل، شەپقەتلىك خاننىڭ جاۋابىنى كۈتىمەن.

خەير، ئاللا ھەممىمىزگە ھىدايەت ئاتا قىلسۇن.

ئۇستازىم دەپ تونۇسىلا ئۇستازلىرى بولمىش

مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان.

ھىجرىيە 940 ـ يىلى جۇمادىيەلئەۋۋەلنىڭ 11 ـ كۈنى.

ئـوقۇلۇپ بولـغان مەكتـۇپ لەرزىگە كـەلگەن قولـدىن كۆلگـە چۈشۈپ كېتىۋىدى، ئابدۇرەشىدخان ئىتتىك ئېلىۋالدى. يۈرىكى قىسىلغاندەك بولۇپ، كۆكرىكىگە ئاغـرىق كـىردى. «شـۇ ۋاقىتتـا مەرھۇم خان ئاتامىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا قۇترىغان شىرغا ئايلىنىپ قالغانىدىم. ئەگەر شۇ چاغـدا ئۇستازىـم مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگـان مـەقبەرە يېنىدا بـولـغان بولـسـا، ئۇنىمـۇ ئۆلۈمـگـە بۇيرۇيدىكەنمەن. سەييىدمۇھەممەد مىرزىنى، ئەلى سەئىد كوكۇلداشنى، كېيىن ئىنىم ئىسكەندەر سۇلتاننى ئۆلتۈرۈشكە دەۋەت قىلغان كىشى مىرزا ئەلى تاغاي ئىدى. تاغام ئەمىن خوجا سۇلتاننى قۇتراتقانمۇ ئاشۇ مەلئۇن ئىدى. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشى ماڭا سادىقلىقىدىنمۇ ياكى مېنى سادىق كىشىلىرىمدىن ئايرىش ئۈچۈنمۇ؟ كېسەل ھامىلىرىمنى بەدەخشانغا كەتكۈزۈۋەتكىنىمنى قانداقمۇ كەچۈرۈۋەتكىلى بولسۇن؟ نېمىشقا ئەينى چاغدا بۇنى ئويلاپ كۆرمىگەندىمەن...»

ئۇ ئويلىغانسېرى مىرزا ئەلى تاغاينىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە بىر سىرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. قوچقارىېشى قىشلىقىدىكى ۋاقىتىدا پايتەختتىن خەت ئەكەلگەن ھارىس نەجمىدىن دوغلاتنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، قىرغىز باتۇرىنىڭ قەتل قىلىنىشى ناھايىتى سىرلىق بولغانىدى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆز ئالدىدا مىرزا ئەلى تاغاينىڭ دائىم ھىجىيىپ تۇرىدىغان قىياپىتى نامايان بولغان ھامان، نېمە ئۈچۈندۇر سەسكەنگەندەك بولۇپ، ۋۇجۇدى سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ ئىككىنچى لېپاپىنى ئاچتى. بۇ ئەلى سەئىد كوكۇلداشنىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز كوكۇلداشنىڭ ئەرزى ئىدى.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شانۇشەۋكەتلىك سۇلتانى

ئابدۇرەشىدخان ئالىيلىرىغا:

مەنكى مەرھۇم سەئىدخان ئاتىمىزنىڭ مەقبەرىسى ئالدىدا قەتل قىلىنغان ۋەزىر ئەلى سەئىد كوكۇلداشنىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز كوكۇلداش ئالىيلىرىغا شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرز قىلىمەنكى، مەرھۇم ئاتام ناھايىتى ئېھتىياتچان، ھەربىر ئىشنى، ھەربىر سۆزنى ئويلاپ قىلىدىغان ئادەم ئىدى. پېقىر تۇنجى ئوغلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەرھۇم خان ئاتىمىز سەئىدخاننىڭ ۋە ئالىيلىرىنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى ئەنە شۇ مەرھۇم ئاتامدىن ئاڭلاپ چوڭ بولغانىدىم. كىچىكىمدىنلا ھەربىرلىرىگە ھۆرمەت بىلەن ئىخلاس قىلىپ، قاتارغا قوشۇلغىنىمنى ئويلىسام، ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆرتىنىپ كېتىمەن. قاچانكى ئاتام ناھەق ئۆلتۈرۈلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ قەلبىمدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت ئوتلىرى ئۆچۈپ، ۋۇجۇدۇم مۇزلاپ كەتتى. ئەمما، ئاتامنىڭ تارتىمىسىدىن چىققان مەكتۇپىنى ئوقۇپ، ھەقىقىي سۇيىقەستچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ باشقا كىشى بولماستىن، بىرمەھەل ئاتام بىلەن يېقىن ئۆتكەن، بىرلىكتە ئالىيلىرىغا سۇيىقەست پىلانلىغان ئاتا ۋەزىر مىرزا ئەلى تاغايدۇر. ئاتام ئۇنىڭ قارا نىيىتىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنى تارتقاندىن كېيىن بۇ ھەقتە خاتىرە قالدۇرغان. ئالىيلىرىنىڭ ئۇشبۇ خاتىرىنى ئوقۇپ چىقىشلىرى ھەق ـ ناھەقنى ئايرىشلىرى ئۈچۈن زۆرۈر، دەپ قارايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىيلىرىغا ئۇشبۇ ئەرزنامىنى يازدىم. بىگۇناھ قەتل قىلىنغان ئاتامنى ئاقلاپ، ھەقىقىي گۇناھكار مىرزا ئەلى تاغايغا تېگىشلىك جازا بېرىشلىرىنى بارلىق ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلەر ئۈتۈنىمىز. بۇ ئەرزنامىگە قوشۇپ ئاتام يازغان خاتىرىلەرنىمۇ ئەۋەتتۇق، ۋاقىپ بولغايلا.

ھۆرمەت بىلەن:

ياركەند شەھىرى ھەيدەرباغ كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق

ئابدۇلئەزىز كوكۇلداش
هىجرىيە 940 ـ يىلى جۇمادىيەلئاخىرنىڭ 3 ـ كۈنى.

ئابدۇرەشىدخان ئەرزنامە بىلەن لېپاپىغا سېلىنغان پاتلىق قەغەزنى ئېچىپ چىرايلىق يېزىلغان جۈملىلەرگە كۆز يۈگۈرتتى:

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

خۇدايىتائالا پېقىرنىڭ پاسىق كۆڭلىگە سېلىشى بىلەن يېزىپ قالدۇرغانلىرىمنىڭ ھەممىسى راست. مۇشۇ كۈنلەردە بىر چىلبۆرە قوي تېرىسىگە ئورىنىۋېلىپ، خان ئالدىدا ئىناۋەت قازىنىۋالدى. ئۇ يوشۇرۇن سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئۇنىڭ ئۇجۇقتۇرماقچى بولغان بىرىنچى ئادىمى خان ئاتىمىزنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخاندۇر. ھىجرىيە 921 ـ يىلى ھوشۇر ئېيىدا ئۇ خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس ئىككىمىزنى ئۆيىگە چاقىرىپ: «ئابدۇرەشىدخاننى كۆزدىن يوقاتساق، سەئىدخان يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلىدۇ» دەپ شاھزادىنى ئۆلتۈرۈشكە ھارىس نەجمىدىن دوغلاتنى بەلگىلىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىزنى كۆرۈشتۈردى. شىكاردا ساداقتىن ئوق ئۈزۈپ ئابدۇرەشىدخانغا تەگكۈزەلمىگىنى ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلىدى. شۇ يىلى ئابدۇرەشىدخان تۇرپانغا بارغاندىمۇ ئۇ يەردىكى ئادەملىرى ئارقىلىق ساداقتىن ئوق ئاتقۇزغان، بىراق تەگكۈزەلمىگەن. بۇنىمۇ بىزگە ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەنىدى.

سۇلتان مەنسۇرخان بىلەن سۇلتان سەئىدخاننىڭ قېرىنداشلىق مېھرىنى ئۈزۈش، ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى بۇزۇش ئۈچۈن، ئادەملىرىنى ئىشقا سېلىپ، مەلىكە گۈلنىگار بېكەمنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكىنىمۇ خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس

مۇنشىلىققا بەلگىلەپ يارلىق چۈشۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئوردىدىكى ئون ئىككى مۇنشىنىڭ بىرسى بولۇپ قالدىم. مىرزا ئەلى تاغايدىن كۆپ مىننەتدار بولۇپ، قەيەردە كۆرسەم ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ يۈردۈم. ئۇ ماڭا: «سىز بىلىملىك يىگىت، ئوردىدا ھەر خىل ئادەملەر بار. ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ، نېمە دېيىشكەنلىرىنى ۋاقتىدا ماڭا يەتكۈزۈپ تۇرۇڭ. ئورنىڭىزنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىمۇ خىزمىتىڭىزنىڭ ئۈنۈمىگە باغلىق» دېدى. باشقىلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ تىڭتىڭلايدىغان بولدۇم. ئوردىدىكى دۆلەت ئەربابلىرىدىن تارتىپ ئادەتتىكى خىزمەتكارلارغا قەدەر مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ياخشى گېپىنى قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. كۆپچىلىك ئۇنى ئىككى يۈزلىمىچى مەككار دەپ ئەيىبلەيتتى. ئاڭلىغانلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېقىتماي ـ تېمىتماي دەپ تۇردۇم. ئۇنى ئەيىبلىگەن بىرقانچە ئەرباب تۇيۇقسىز زىندانغا تاشلاندى. بۇنىڭدىن چۆچۈپ تۇرۇۋىدىم، مىرزا ئەلى تاغاي ئالىيلىرى بىلەن ئاقسۇغا كەتتى. ئۇنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە شاھمۇھەممەدى بارلاسقا مەلۇمات بېرىپ تۇردۇم. ئاقسۇدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئىش قىلدىم. خان ئاتىمىز سەئىدخان تىبەتكە يۈرۈش قىلدى. مىرزا ئەلى تاغاي ۋە خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسمۇ بىللە كەتتى. بىر يىل ئۆتكەندە خان ئاتىمىزنىڭ ياركەندكە كېلىۋېتىپ ۋاپات بولغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كېلىپ مۇسىبەت قايغۇسىغا غەرق بولدۇق. پايتەخت ئاممىسى ۋە ئوردا ئەھلى بىلەن ئالدىغا چىقىپ ھايات چىرىغى ئۆچكەن جەسىتىنى ئەكىردۇق. قىيامەت قايىم بولدى. مىرزا ئەلى تاغاي ۋە شاھمۇھەممەدى بارلاسنىڭ دالالىتى بىلەن ئالدىراپ ـ تېنەپ دىۋانخانا ھۇجرىسىغا دەپنە قىلدۇق. ئىسكەندەر سۇلتان ۋە دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ مۇھەررەمنىڭ بىرىنچى كۈنى بولمىش پەيشەمبىنى

خاسىيەتلىك كۈن دەپ قاراپ، ئالىيلىرىنىڭ شۇ كۈنى پايتەختكە قەدەم تەشرىپ قىلىشلىرىنى ئۆتۈنۈپ يازغان مەكتۇپىنى مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئېلىپ ئالدىلىرىغا كەتكەنلىكى ئېنىق يادىمدا. ئەتىسى سەھەردە ئالىيلىرى خەۋەرمۇ بەرمەي لەشكەرلەر بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئوردىغا باستۇرۇپ كىردىلە. پېقىر ھەم ھەيران بولدۇم، ھەم ۋەھىمىدە قالدىم. مەرھۇم خان ئاتىمىزنىڭ مەقبەرىسى يېنىدا بۇيرۇقلىرى بىلەن سەييىدمۇھەممەد مىرزا، ئەلى سەئىد كوكۇلداش قەتل قىلىندى. مىرزا ئەلى تاغاي، ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدلەرنىڭ يەل بېرىپ قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بولۇۋاتقان خۇنخورلۇقنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم. ئۇلارنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى مەرتىۋە، چوڭ ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن ئەلى سەئىد كوكۇلداشنى مۇناپىقلارچە بوھتان چاپلاپ قارىلىغانلىقىنىڭ بىر شاھىتى بولۇپ قالدىم. بۇ ناھەق تۆكۈلگەن قان مېنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى. شۇ كۈنى كەچ مىرزا ئەلى تاغاي پېقىرنى ئۆيىگە كەچلىك تاماققا چاقىردى، بارسام خوجا شاھمۇھەممەدىمۇ بار ئىكەن. ئۇلار بىر - بىرىنى مۇبارەكلەشتى. خوجا شاھمۇھەممەدى ئۇنى ئاتا ۋەزىر دەپ ئاتىدى، مىرزا ئەلى تاغايمۇ ئۇنى ئەمىر كەبىر دەپ ئاتىدى. ماڭا خەزىنە ۋەزىرى بولىسىز، دەپ بېشارەت بەردى. قاسىم ياساۋۇلنى ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ سەردارى بولىدۇ، يارامىلىق ئادەم، دەپ ماختىدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ماڭا ئەھۋال تېخىمۇ ئايدىڭ بولدى.

بىر ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقەتنى ياقلاش مۇقەددەس بۇرچتۇر. پېقىر بۇ بۇرچۇمنى شەرتسىز ۋە خالىس ئادا قىلىش ئىرادىسىگە كەلدىم، كېسەللىكىمنى باھانە قىلىپ ئوردىغا كەلمەي قويدۇم. ئەسلىدە كېسەل ئەمەس ئىدىم. ھەقىقەتنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنىۋېتىشىگە چىداپ تۇرالماي،

ئوردىدىكى ئەمىلىمىدىن بىراقلا ۋاز كەچمەكچى بولدۇم.
سۇلتان ئالىيلىرى، بوينۇم قىلدا باغلاقلىق. ھەق ئۇچۇن ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ناھەققە باش ئېگىپ ياشاشنى ۋىجدانسىزلىق، تۇزكورلۇق، ئاسىيلىق دەپ بىلىمەن ۋە ئۇنداق نومۇسسىزلارچە ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ ياشاشنى ئەسلا خالىمايمەن. مىرزا ئەلى تاغاي بىلەن خوجا شاھمۇھەممەدىگە ئوخشاش مۇناپىقلارنىڭ سايىسىدا كۈن كۆرگەندىن ھەقىقەت ئاپتىپىدا چاڭقاپ ئۆلگەن ئەۋزەل. دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلسىلىمۇ، چېپىشقا بۇيرۇسىلىمۇ مەيلى، لېكىن بۇ شىكايەتنامىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ، ئادالەت تارازىسىغا سېلىپ كۆرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.
ئالىي ئېھتىرام بىلەن ئەلائىددىن مەھمۇد بارلاس. تۇرار جايىم ياركەند شەھىرى ھاجىخالدار كوچىسى.

ھىجرىيە 940 ـ يىلى جۇمادىيەلئاخىرنىڭ 21 ـ كۈنى.

ئابدۇرەشىدخان بۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ پېشانىسىغا بىرنى ئۇردى. «شۇ قىرغىندىن كېيىن خېلى كۆپ ئەمىر، ۋەزىر، سەركەردىلەرنىڭ ئوردىغا كەلمەي قويۇشىدا گەپ بار ئىكەن ـ دە، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق نارازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپتىكەن. مەن بولسام خانلىقىمىزنىڭ پېشۋالىرى مېنى قوللىدى، ئادالىتىمدىن ئاۋام رازى، دەپ يۈرۈۋېرىپتىمەن ...» ئۇ كۆڭلى تېخىمۇ غەش بولۇپ تۆتىنچى لېپاپىنى ئاچتى:

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.
ئەسسالام، سۇلتان ئالىيلىرى، مەن ئاللانىڭ بىر مىسكىن، ئاجىز بەندىسى، خاس نۆكەرلىرى بەھرامنىڭ

خوتۇنى ــ خورلىنىپ ئازابلانغان بىر پاناھسىز يېتىمەدۇرمەنكى، ئىسمىم مەريەمنىسا، يۇرتۇم يېڭىسار، ئاتام زىنداندا ئۆلتۈرۈلۈپ، ئانام قازا قىلغاندىن كېيىن، پېقىرنى مىرزا ئەلى تاغاي بېقىۋېلىپ، ياركەندكە ئەكەلگەننىدى. باللىق چاغلىرىمدىن باشلاپ خوتۇنلىرىنىڭ دېدىكى بولۇپ، تىنىم تاپماي خىزمەت قىلدىم. بىر ـ بىرىدىن ئۆكتەم خوتۇنلىرىنىڭ دەشنەملىرى ئاز كەلگەندەك، بۇ نومۇسسىز ماڭا شەھۋانىي نەزەر بىلەن تىكىلىپ، ھاياسىزلىق قىلغىلى تۇردى. بۇ خورلۇقلارغا چىداپ كۆنلەرنى تەستە ئۆتكۈزدۇم. ياتلىق بولۇش يېشىدىنمۇ ئۆتتۇم. خوتۇنلىرىنىڭ كۆز ـ قۇلاقلىرى بۇ ئادەمنى ماڭا چېقىلىپ قويۇشتىن توسۇپ كەلدى. ئاقىۋەت ئالىيلىرىنىڭ بەھرام ئىسىملىك خاس نۆكىرى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ مېنى ئەپقېچىپ ئەمرىگە ئالماقچى بولدى. مىرزا ئەلى تاغاي ئىپلاس نىيىتىگە يەتمەكچى بولغان كېچىسى ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن بەھرام مېنى ئەپقاچتى، ئەمرىگە ئېلىپ، خورلۇق ئازابىدىن قۇتۇلدۇردى، بەختكە ئېرىشتىم. ھالبۇكى، بەھرام ئالىيلىرى بىلەن ئاقسۇغا كەتتى. ئېغىر ئاياغلىقىم شۇ ۋاقىتتا مەلۇم بولدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئېرىم تۇيۇقسىز ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئالىيلىرىدىن خان ئاتىمىزغا مەكتۇپ ئەكەپتىكەن. خان ئاتىمىز شىكارغا چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مەكتۇپنى بېرەلمەي، ئۆيگە كېلىپ ئارام ئېلىپ كەچقۇرۇن يەنە ئوردىغا كەتتى. خۇپتەندىن يانغان مەھەلدە يۈزىگە نىقاب تارتقان ئىككى ئادەم ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كىرىپ، قېيىنئانامنى پىچاق سېلىپ ئۆلتۈردى. مېنى باغلاپ، ئات بىلەن ئېلىپ ماڭغانچە شەھەردىن خېلى يىراق بىر كەنتتىكى باغ ئىچىگە كولانغان چاھقا سالدى. بۇنىڭ مىرزا ئەلى تاغاينىڭ بۇيرۇقى

بىلەن بولۇۋاتقان ئازابلاش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. كېچە ـ كۈندۈز چاھ بېشىدا پايلاقچىلىق قىلغۇچىنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ زۇلمىدىن قورقماي، ماڭا مۇڭداش ـ ئەسىرا بولۇپ، ئۆز سىڭلىسىدەك قارىدى. چاھ ئىچىدە نەچچە ئاي تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، بەلكىم بەش ـ ئالتە ئاي تۇرغاندىمەن. بىر كۈنى كەچتە ئۇ رەھىمدىل ئايال چاھقا چۈشۈپ مېنى ئاچىقتى. مىرزا ئەلى تاغاينىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇشۇمنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. دېگەندەك ئۇ زالىم مېنى كۈتۈپ ھۇجرىسىدا ئولتۇرغانىكەن. ياغلىما گەپلەر بىلەن مېنى ئۆز خاھىشىغا بويسۇندۇرماقچى بولدى. چاھتا ئاجىزلاپ كەتكىنىمنى باھانە قىلىپ، بىر ئاي مۆھلەت بېرىشنى، ئاندىن خىزمىتىدە بولىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ ماقۇل بولۇپ: «مۇشۇ ئۆيدە تۇرىسىز، ھېچكىم سىزنى كۆرمەسلىكى كېرەك، كېچىسى ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويىمىز» دەپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

سۇلتان ئالىيلىرى، ھازىر مۇشۇ باغدا تۇرۇۋاتىمەن. رەھىمدىل ئايال پاتىمخان ئاچام ماڭا ئوبدان قاراۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئېرى تۇردى ئاخۇن ئاكام ۋە ئىككى ياساۋۇل كېچە ـ كۈندۈز باغدا قاراۋۇللۇق قىلىدۇ. مېنى ئېرىم بەھرامنىڭ ئۆيىدىن ئەپقاچقان كىشىنىڭ بىرسى مۇشۇ تۇردى ئاخۇن ئاكام. ئاچامنىڭ دەپ بېرىشىگە قارىغاندا، يەنە بىرسى قاسىم قىچىر دېگەن ئادەم بولۇپ، ئوردا ياساۋۇلى ئىكەن. ھۆرمەتلىك سۇلتانىم، ئادالەت تارازىسى ئالىيلىرىنىڭ قولىدا. مىسكىن پېقىرنى بۇ قەپەستىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆز نەپسى خاھىشى ئۈچۈن قاتىللىق قىلغان گۇناھكارلارنى جازاغا تارتىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

تۇرۇۋاتقان ئورنۇم: قۇمئېرىق كەنتى، مىرزا ئەلى تاغاينىڭ بېغى.

ئېھتىرام بىلەن:
ئاللانىڭ ئاجىز قۇلى مەريەمنىسا
ھىجرىيە 940 ـ يىلى رەجەبنىڭ 11 ـ كۈنى.

ئابدۇرەشىدخان بۇ ئېچىنىشلىق خەتتىن كۆزىنى ئېلىپ، كۆلگە قارىغىنىچە ئويغا پاتتى. تىنىق سۇ كۈن نۇرىدا جىمىرلاپ تۇراتتى. بېلىجانلار پىلتىڭلاپ ئويناۋاتقان، مۇڭلۇق سايراۋاتقان كاككۇكنىڭ كۆلەڭگىسى سىرلىق تۈس ئالغانىدى. ئۇ تۇرۇۋىدى، كاككۇك ئۇچۇپ كەتتى. بېلىگە ئېسىۋالغان كۈمۈش ساپلىق خەنجىرىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، كاككۇك قونغان شاخنى چەنلەپ ئاتتى، شاخ كېسىلىپ يېنىغا چۈشتى. خەنجەر كۆلنىڭ گىرۋىكىگە سانجىلىپ قالدى. ئابدۇرەشىدخان خەنجەرنى ئېلىپ غىلىپىغا سالدى ـ دە، شاخنى كۆتۈرگىنىچە چارباغدىن چىقتى. پايتەخت نۆكەرلىرى ۋە ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ باش ئەمىرى ئەكرەم ئۇنى كۆرۈپ، ئالدىغا تېز كەلدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن.

— ئەمىر، خاس نۆكەرلەر سەردارى بەھرامنى چاقىرىڭ.

— ئۇ مۇشۇ يەردە، ئالىيلىرى.

خاس نۆكەرلەر بىلەن باغ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرگەن بەھرام ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن.

ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىغا سەپسېلىپ، دېدى:

— سىز تۆت نۆكەرنى ئېلىپ، قۇمئېرىق كەنتىدىكى مىرزا ئەلى تاغاينىڭ بېغىغا دەرھال چىقىڭ. ئۇ يەردە بار ھەممە كىشىنى، جۈملىدىن ئازاب چېكىۋاتقان بىر يېتىم ئايالنى ئوردىغا ئەكېلىڭ.

بۇ كۆتمىگەن بۇيرۇقتىن بىر بېشارەتنى سەزگەن بەھرام نۆكەرلەرنى ئېلىپ ئىلدام يۈرۈپ كەتتى.

— ئەمىر، سىز قاسىم ياساۋۇلنى چاپسان تۇتۇپ، زىندانغا تاشلاشقا ئەمىر قىلىڭ.

— خوپ، ئالىيلىرى، — ئەمىر ئەكرەم ياساۋۇللار خانىسىغا قاراپ ماڭدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان كاككۇك قونغان ئارچا شېخىنى تۇتقىنىچە خىيالچان قەدەم تاشلىدى.

## 2

كۆل باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئاسماننىڭ بىر پارچىسىدەك زەڭگەر ۋە تىنىق ئىدى. كۆلدە بىر جۈپ ئاق قۇ ئۈزۈپ يۈرەتتى. پاتمىخان قولتۇقىغا قىسىپ ئەكەلگەن گۈللۈك كىگىزنى كۆل بويىغا سالدى. بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراشقان ئاق قۇلارغا نان ئۇۋاقلىرىنى تاشلاپ بەردى. بىرنەچچە يىل بۇرۇن چېپىلىپ سۇ توشتۇرۇلغان بۇ كۆلگە چۈشكەن بىر جۈپ ئاق قۇ پاتمىخان تاشلاپ بەرگەن نان پارچىلىرىنى، نوقۇت، كۆممىقوناقلارنى يەپ، بۇ يەرگە ئۆگىنىپ قالغانىدى. قىش پەسلىدە قاياققىدۇر كېتىپ، باھاردا كەلگەنچە كۆزگىچە باغدا جان بېقىشاتتى، ئادەمدىنمۇ قاچمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. پاتمىخان ئۇلارنى قوغدايتتى، باقاتتى.

ئاق قۇلار نان تاشلاپ بەرگەن پاتمىخانغا رەھمەت دېگەندەك قىلىشىپ بويۇنداپ «قۇ ـ قۇ ...» دەپ ئۈن چىقىرىشتى.

پاتمىخان مەريەمنىسانىڭ بولۇق قارا چاچلىرىغا تارغاق سېلىپ، سۆزىنى باشلىدى:

— مەن مۇشۇ كەنتلىك ھېلىم ئەتلەس دېگەن كاسىپنىڭ يالغۇز قىزى ئىدىم. داداممۇ، ئاناممۇ ئەتلەس توقۇيتتى، مېنىمۇ

باللىق چېغىمدىن باشلاپ پىله بېقىشنى، ئەتلەس توقۇشنى ئۆگىنىپ چوڭ قىلغانىدى. ئىككى ئوغۇل، ئۈچ قىز شاگىرتى بار ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇر قىزلارغا ئامراق، ئوغۇللار بىلەن خۇشۇم يوق ئىدى. ئاتا ـ ئانام يوق ۋاقىتتا قىز ـ ئوغۇللار ئىككى تەرەپ بولۇپ «ئاق تېرەك، كۆك تېرەك» ئويۇنىنى ئويناپتتۇق. يېشىم ئون سەككىزدىن ئاشقاندىمۇ بىزنىڭ ئۆيگە ئەلچى كەلمىدى. ئاتا ـ ئانام غەمدە قالدى. ئۆڭۈم قارا، ئەركەك مىجەز بولغىنىم ئۈچۈنمۇ، بىلمىدىم، يىللار ئۆتۈۋەردى، بىرەر يىگىتنىڭ كۆزى ماڭا چۈشمىدى. يىگىرمە ياشقا كىرگەن ۋاقتىم، بىر كۈنى چاشگاھ ۋاقتىدا دادام ئېگىز بويلۇق، قارىمۇتۇق، سالۋار تۇماق كىيگەن تەمبەل بىر يىگىتنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. مەن ئىشىكنىڭ كەينىدە تۇرۇپ مەزە، گېزەك سۇنۇپ بېرىۋېتىپ، ئۇنىڭغا قاراپتىمەن، كۆزىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ قارلىغاچ قانىتىدەك قارا بۇرۇتىنى تولغاپ، قېشىنى لىككىدە سەكرەتكىنىنى كۆرۈپ كۈلۈپ سالدىم. ئۇ يىگىتمۇ كۈلدى. مەن ئۆزۈمنى دالىدىغا ئالدىم. دادام ماڭا ئۇ يىگىتكە ئۈچ تاي ئەتلەس ساتقىنىنى سۆزلەپ بەردى. قانچە كۈن ئۆتكىنى ئېسىمدە يوق. بىر كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن ئىككى ئايال ئۆيىمىزگە كىرىپ كەلدى. ئانام پايپېتەك بولۇپ، ئۇلارنى ئوبدان كۈتتى. ئۇلار مېنى دەپ كەلگەن ئەلچىلەر ئىكەن. بىچارە دادام خۇش بولغىنىدىن كېچىچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىپ چىقتى. لېكىن، مېنىڭ ئەرگە تەگكۈم يوق ئىدى، بېشىمغا غەم چۈشتى. ئاخىر تويۇممۇ بولدى. تەگكەن ئېرىم مىرزا ئەلى تاغىنىڭ خىزمەتكارى تۇردى قاڭرۇق بولۇپ چىقتى. گومۇش، قوپال كۆرۈنىسىمۇ، كۆيۈملۈك بۇ ئەر نەچچە يىلدىن بېرى ماڭا ئوبدان ھەمراھ بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭدىن رازىمەن، مەريەمنىساخان.

ـــ ئەرلەرنى ياقتۇرمايمەن، مەن ھەقىقىي ئايال ئەمەس دېگەنىدىلىغۇ؟ ـــ مەريەمنىسا سوئال نەزىرى بىلەن پاتىمخانغا

قارىدى.

— دېگەنلىرىم راست. ئېرىم بىلەن تويى قىلىپ دەسلەپتە ياتسىرىغاندەك بولدۇم، كېيىن بارا - بارا ئۇنىڭ بىلەن ئىچەركىشىپ قالدىم. كۆڭلۈم ئاياللارنى خالاپ قالغاندا، تۇرالماي بىرنەچچە ئايال دوستمۇ تېپىۋالدىم. ئۇلار پات - پات كېلىپ مەن بىلەن مۇڭدىشىپ كېتىدۇ. ئېرىم مېنى كاشغەرگە ئېلىپ بارغاندا، ئۇ يەردىكى چوكان - جۇۋانلار بىلەنمۇ تونۇشۇپ كۆڭلەرنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدۇم. ھازىر ياركەندنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا تونۇشلىرىم ئاۋۇپ كەتتى، ھەپتىدە نۆۋەتلىشىپ جۇۋانلار مەشرىپى ئۆتكۈزىمىز. مەشرەپ بېشى مىرزا ئەلى تاغاينىڭ خوتۇنى خانئايىم، مەن مىرشەپ، ئۆيۈمدىن مېھمىنىم كەم بولمايدۇ. ئېرىم دېگەن گودۇز① بەزىدە ئۇلارغىمۇ قانات سۆرەيدۇ. مەن ئۇقمىغانغا سېلىپ، مەيلىگە قويۇۋېتىمەن. ئۇ بۇنىڭدىن خۇش، مەن ئۇنىڭدىن خۇش. كۆڭلەرنى شۇنداق ئۆتكۈزۈپ كەلدىم، سىڭلىم. ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن بۇ باغقا كېلىپ قالمىغان بولسىڭىز، مەنمۇ سىز بىلەن دوست بولالمايتتىم. مەن مانا شۇنداق ئايال. قوپاللىقىم، يارىماس قىلىقلىرىم كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن.

پاتمىخان سىرىنى يوشۇرمىدى. مەريەمنىسا كۆڭلىرىنى خۇشال ئۆتكۈزۈشنى بىلمىدىغان، مەردانە بۇ ئايالغا ھەۋەس ئىلكىدە تىكىلدى. پاتمىخان قوشۇما قاشلىق، گۆشلۈك يۈزى يۇمىلاق، بۇرنى كۆتمەك، مېھرى ئىسسىق، چىرايلىق ئايال ئىدى. سۆسۈن رەڭلىك دۇردۇندىن تىكىلگەن كۆڭلەك ئۈستىگە بەرقۇت چاپان كىيىۋالغانىدى. پۈتىدا كاشغەردە تىكىلگەن ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ بار ئىدى. بېشىدىكى زەڭگەر رومالنىڭ پېشانە تەرىپىدە بادام دوپپىنىڭ بىر گۈلى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. قارىقى يوغان قوي كۆزلىرىدىن بىر خىل ئىللىقلىق تەپچىپ تۇراتتى. بۇرۇن

① گودۇز — پارسچە سۆز بولۇپ، ئەسلىي مەنىسى «كېپەن ئوغرىسى» دېگەنلىك، بۇ يەردە ئۆز بېشىمچى، تەلۋە دېگەن مەنىدە كەلگەن.

تۆشۈكچىلىرى چوڭ، لەۋلىرى قېلىن ئىدى. ئەرلەرنىڭكىدەك قويۇق بولمىسىمۇ، شالاڭ بۇرۇتى بار ئىدى. تۆۋەنكى كالپۇكىنىڭ ئاستىدا ئانار دانىسىچىلىك بىر مەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇزۇن بىر تال تۈك ئۆسۈپ چىققانىدى. شۇڭا، چېلىشچى پالۋانلاردەك زەبەردەس كۆرۈنەتتى.

مەريەمنىسا ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئېلىپ، تېپتىنىق كۆلدە سۆيۈشۈۋاتقان بىر جۈپ ئاق قۇغا قارىغىنىچە ئۇيۇشۇپ قالغان پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ، قارا يوللۇق ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرى بىلەن ئېچىلىپ قالغان پاقالچاقلىرىنى يېپىپ قويدى. بەرقۇت جىلىتكىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋېتىۋىدى، تولغان كۆكسى ھەر تىنىغاندا كۆتۈرۈلۈپ ـ پەسلەپ تۇردى. ئۆز كۆلەڭگىسىنى سۇدا كۆرۈپ، ئىچىدە: «خېلى ئوڭشىلىپ قاپتىمەن، چاپسانراق كەتسەم بولاتتى بۇ يەردىن، مىرزا ئەلى تاغاي كاشغەردىن كېلىپ قالسا، بۇ دورەم مېنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ» دەپ ھەسرەتلەندى.

— مانا تاراپ بولدۇم چېچىڭىزنى، خېنىم، توققۇز ئۆرۈمە بولدى. ئېغىرئاياغ بولغان چوكانلار توققۇز ئاي، توققۇز كۈن بولغاندا تۇغىدۇ. ئېغىرئاياغ بولۇشنى خالايدىغانسىز؟

پاتمىخاننىڭ بۇ سوئالى ئۇنىڭغا چۈشۈپ كەتكەن بالىسىنى ئەسلەتتى.

— ياق، ئېغىرئاياغ بولۇشنى خالىمايمەن، — دېدى ئۇ ھەسرەت چېكىپ. بالىسىنىڭ چۈشۈپ كەتكىنىنى نېمە ئۈچۈندۇر ئېيتىپ بەرگۈسى كەلمىدى.

— سىز ئەركەك بولمىسىڭىز يا تۇغمايدىغان، يا ماڭا ئوخشىمايسىز، بەزىدە مېنىڭمۇ تۇغقۇم كېلىدۇ، — پاتمىخان ئۇنىڭ ئىككى تال قىسقا چېچى چۈشۈپ تۇرغان مەڭزىگە نوقۇدى، — قېنى تۇغمىغىنىڭىزنى بىر كۆرەي.

— بولدى، ئۇ گەپنى قىلمىسىلا، ئاچا، — دەپ ئورنىدىن تۇردى مەريەمنىسا. مەريەمنىساغا مەستلىكى كەلگەن پاتمىخان

ئۇنىڭغا تەتىللا دوپپا كىيدۈرۈپ، بىنەپشە رەڭلىك ھىلھىلە رومىلىنى ئارتىپ قويدى.

— يېڭى توي قىلغان قىزدەك چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭىز مانا، ئېرىڭىز بىلەن دىدار كۆرۈشسىڭىز، باشقىدىن ئاشىق بولۇپ قالامدۇ تېخى، — پاتىمخان ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا سەپسېلىپ «يۇرۇق» دەپ يېڭىدىن تارتىپ ماڭدى، — سىڭلىم، قىزىل بۇغداش، لويلا، يالپۇز تېرىپ، چۇشتە چۆچۈرە ئېتىپ يەيلى.

ئۇلار باغنىڭ جەنۇبىدىكى كۆكتاتلىقا كەلدى. بىر تەرەپتە خېلىلا ئۆسۈپ قالغان بېدە كۆكىرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ياندىش كەتكەن چۆنەكلەردە چامغۇر، تۇرۇپ، پىياز، كۇدە، يېسىۋېلەك، سەۋزىلەر ئۆسكەنىدى. كىچىككىنە بىر ئېتىزدا قىزىل بۇغداش بولۇق ئۇنگەن، ئارىسىدا لويلا، يالپۇز بار، يۇمغاقسۇتمۇ خۇشبۇيىنى چاچقانىدى.

— قېنى يىلتىزى بىلەن يۇلۇڭ، — دېدى پاتىمخان قىزىل بۇغداشنى ئارقا - ئارقىدىن يۇلۇپ.

مەريەمنىسا مەززىلىك پۇرىقى تاراپ تۇرغان يالپۇزدىن يۇلۇپ ئېتىكىگە سالدى. باش ئەتىيازدىلا كۆك چۆچۈرىسى ئېتىپ چاھقا يەتكۈزۈپ بەرگەن پاتىمخاندىن ناھايىتى خۇرسەن بولغان بۇ چوكان مانا بۈگۈن ئەركىن ھالدا كۆكتاتلىقا كەلگىنىدىن سۆيۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار ئېتەكلىرىنى يېڭى، يۇمران كۆكتاتلار بىلەن تولدۇرۇۋاتقاندا، ئاتلارنىڭ دۈپۈر - دۈپۈرلىرى، كىملەرنىڭدۇر ۋارقىراشلىرى ئاڭلاندى. «مىرزا ئەلى تاغاي كەلدىمۇ، نېمە؟» دەپ قورقۇپ بېشىنى كۆتۈرگەن مەريەمنىسا بۇ ئاۋازلارنىڭ ھويلا تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىردى.

— ئاچا، كىملەر كەلگەندۇ؟

پاتىمخان ئۇندىمەستىن ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ ھويلا تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار شاپتۇللۇق، ئۆرۈكلۈكنى ئارىلاپ، ئەنجۈرلۈكنى كېسىپ ئۆتۈپ باغ ھويلىسىغا كېلىشتى.

تۇردى قاڭرۇق ۋە ياساۋۇللار پېشايۋان تۇۋرۇكىگە باغلىۋېتىلگەندى، هويلا ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرا بويلۇق، تەمبەل بىر يىگىت قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇراتتى. بىرقانچە نۆكەر ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتمەكتە ئىدى. مەريەمنىسا قىلىچ تۇتۇپ تۇرغان ئادەمگە قاراپ بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى:

— بەهرام ! ...

# ئۈچىنچى باب

# نادامەتلىك ئىلتىجا

## 1

... بەھرام ئۆز ئىسمىنى چاقىرغان ئايالغا تىكىلگىنىچە داڭ قېتىپ قالدى ۋە ئىختىيارسىز:

— مەريەمنىسا ! — دەپ توۋلىۋەتتى. قوللىرىنى ئۇزارتىپ ئىككى قەدەم مېڭىۋىدى، ئېرىگە تەلپۈنۈپ قەدەم ئالغان مەريەمنىسا ھوشسىزلىنىپ سەنتۈرۈلدى. ئېتىلىپ بارغان بەھرام ئۇنى يۆلىۋالدى.

ئۇلارغا قاراپ ھەيران قالغان پاتىمىخان يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلەلمەي قالدى. مەريەمنىسانىڭ دەپ بەرگەنلىرى ئېسىگە چۈشكەندە، «ھە، بۇ كىشى بەھرام ئوخشايدۇ. خۇدا، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئاشىق - مەشۇقلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىمىغايسەن» دېدى كۆڭلىدە ئىلتىجا قىلىپ.

بەھرام كۆزىنى ئاستا ئاچقان مەريەمنىساغا تەلمۈردى.

— جېنىم مەريەمنىسا، بۇ مەن، خۇدا بىزنى يەنە دىدار كۆرۈشتۈردى، چەكسىز مىننەتدار بولدۇم، ئەمدى ئايرىلمايمىز.

بەھرام ھاياجاندىن قىزىرىپ كەتكەن چېھرىنى خوتۇنىنىڭ ئوقچۇپ تۇرغان بولاقتەك ياشلىق كۆزلىرىدە كۆردى. مەريەمنىسامۇ تۇيۇقسىز ئۇچرىشىشتىن پەيدا بولغان خۇشاللىق نۇرلاندۇرۇۋەتكەن مۆلۈق چېھرىنى ئېرىنىڭ تەبەسسۇم ئويناپ تۇرغان كۆڭۈل دېرىزىلىرىدە كۆردى.

— بەھرام، جېنىم ئېرىم، — دەپ پىچىرلىدى مەريەمنىسا.

— خوتۇنۇم، مېھرىبانىم، — بەھرامنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىدى، — چاپسان تۇرۇڭ، بۇ يەردىن تېز كېتەيلى. سۇلتان بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

— مەن ئۆيگە كىرىپ جابدۇنۇپ چىقاي، — مەريەمنىسا ئۆيگە ئۇچقاندەك كىرىپ كەتتى.

— ئېلىپ مېڭىڭلار بۇ ئەبلەخلەرنى! — دەپ بۇيرۇدى بەھرام. ياساۋۇللار تۇۋرۇككە باغلاقلىق تۇردى قاڭرۇقنى يېشىپ، قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ باغلىدى. پاتمىخاننىمۇ باغلاپ ئېلىپ ماڭماقچى بولۇشتى.

— مېنى قويۇۋېتىش، خۇنپەرلەر! — دېدى پاتمىخان يۇلقۇنۇپ، ئۇ تىرەجەپ تۇرۇۋالدى، — نېمىدەپ مېنى باغلايسىلەر؟ مەريەمنىساغا مەن يامانلىق قىلمىدىم، ھېچقانداق گۇناھىم يوق. توۋا، نېمىدېگەن زۇلۇم بۇ.

— ئۇنى نېمىشقا باغلاپ قويدۇڭلار؟ بەھرام، يەشتۈرۈۋېتىڭ، ئۇ گۇناھسىز، — ئۆيدىن چىققان مەريەمنىسا پاتمىخاننىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ قارا پەرىجە يېپىنىۋالغانىدى.

— مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئادەملىرى ئىچىدە ياخشىسى يوق، بۇ جومباق بەلكىم ئەڭ يامىنى. ئېلىپ مېڭىڭلار. سىز ئاربلاشماڭ، مەريەمنىسا. بۇ گېزەندىنىڭ ئۇۋىسىنى گۇمران قىلىۋېتىشىمىز كېرەك، — بەھرام مەريەمنىسانى قولىنى تارتىپ پاتمىخاندىن نېرى قىلدى.

— خوتۇنۇڭ سېنى: «بەھرام ئۇنداق ياخشى، مۇنداق بەلەن...» دەپ تەرىپلىسە، ئادەم تونۇيدىغان، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئادەم ئوخشايدۇ، دەپ ساڭا غايىبانە ئىخلاس قىپتىكەنمەن. ئەمدى بىلدىمكى، سەنمۇ باغرى تاش، ياخشى - ياماننى ئايرىمايدىغان خۇنپەر ئىكەنسەن. مەن ساڭا يېلىنمايمەن، ئايرىدىغان يېرىڭگە ئاپىرىش. مەريەمنىسا سەن تەلۋىگە زايە كېتىپتۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم، بۇزۇق! ئېلىپ مېڭىڭلار.

مۇشتلىرىنى تۇگۇپ ماڭغان بەھرامنى مەرىيەمنىسا تۇتۇۋالدى.
— بەھرام، بۇ ئىشىڭىز بولمىدى. ئەگەر پاتمىخان ئاچام بولمىغان بولسا، مەن ئاللىبۇرۇن بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان بولاتتىم. ئۇ ماڭا ئۆز ئاچامدەك كۆيۈنۈپ، ھايات قىلىشىمغا سەۋەب بولدى. ئەگەر ئۇنى باغلاقتىن قۇتقۇزمىسىڭىز، سىز بىلەن ماڭمايمەن. ئۇنىڭغا رەھمەت دېمەي، قىلىۋاتقان ئىشىڭىزغا قاراڭا.
بەھرام خوتۇنىنىڭ سۆزلىرىدىن ئەھۋالنى چۈشەنگەندەك بولدى. پاتمىخاننىڭ قوللىرىنى ئۆزى يەشتى.
— ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، يەڭگە، خاپا بولمىسىلا.
پاتمىخان ئۆيگە كىرىپ، كىيىم يۆتكەپ قارا پەرىجە يېپىنىپ چىقتى. ئۇلار ئاتقا مىنىپ، تۇردى قاڭرۇق باشلىق مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئادەملىرىنى ئالدىغا سېلىپ مېڭىشتى.
— ئېرىمنىمۇ بوشىتىۋېتىڭلار. ئۇ ئۆزى خالاپ ئەمەس، مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئەمرى بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزگەن، — دېدى پاتمىخان بەھرامغا يېلىنىپ.
— ئۇنى بوشىتىشقا بولمايدۇ، يەڭگە. مېنى تەڭلىكتە قويماڭ. ئۇنىڭ گۇناھىنى سۇلتاندىن تىلەڭ، — ئۆڭۈپ جاۋاب بەردى بەھرام.
پاتمىخان لېۋىنى چىشلەپ ئۈن چىقارمىدى.
ئۇلار ئوردىغا كەلگەندە ناماز دىگەرگە ئەزان چىقتى.
ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەن، چارباغدىن ئەتىرگۈللەرنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. چىنار دەرىخىگە قونغان كاككۇك سايراۋاتقان، تېرەك شېخىدا ئۇياق ـ بۇياققا بويۇنداپ تۇرغان قاغىمۇ قاقىلداۋاتقان، ئېرىقتىكى زىلال سۇ شىرىلداپ ئېقىۋاتقانىدى.
— سۇلتان ھازىر مەسچىتتە. بىزمۇ تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇۋالايلى، — دېدى بەھرام ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ.
— بىزمۇ ناماز ئوقۇۋالايلى، سەردار. قوللىرىمىزنى

بوشىتىۋەتكەن بولسىلا، — تۇردى قاڭرۇق بەھرامغا مۇلايىمغىنا ئىلتىماس قىلدى.

— بولىدۇ، ناماز ئوقۇپ گۇناھىڭنى ئاللادىن تىلە. مۇشكۇلۇڭ ئاسان بولسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى بەھرام ۋە نۆكەرلەرگە «باغلاقنى يېشىۋېتىڭلار» دەپ بۇيرۇدى.

— تۇردى، سەن قوللىرىڭ قانغا چىلاشقان بىر جاللات، گۇناھىڭ ئېغىر. چىن دىلىڭدىن توۋا قىلساڭلا بەلكىم ئاللا كەچۈرەر. لېكىن، قېچىش خىيالىدا بولساڭ، جازادىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن. بۇنى ئېسىڭدىن چىقارما، — دېدى بەھرام تاھارەت ئېلىپ بولغان تۇردى قاڭرۇققا كۆز قىرىدا سەپسېلىپ.

— دېگەنلىرى ئورۇنلۇق، سەردار بېگىم. ھەرگىز قاچمايمەن، خاتىرجەم بولسىلا.

بەھرام نۆكەرلىرى بىلەن تۇردى قاڭرۇق ۋە ئۇنىڭ تۆت ئادىمىنى ئارىغا ئېلىپ مەسچىتكە كىردى، ئەڭ ئاخىرقى سەپتىن ئورۇن ئېلىپ نامازنى ئوقۇدى. دۇئا قىلىۋاتقاندا يامغۇردەك ياش تۆكۈپ ئۇنسىز يىغلاۋاتقان تۇردى قاڭرۇققا كۆزى چۈشتى. «كىشىنى قاقشىتىپ يىغلاتقان ئادەم ئاقىۋەت ئۆزى يىغلىماي قالمايدىكەن ...» دېدى ئۇ ئىچىدە.

ناماز ئاللانىڭ ھەرقانداق بەندىسى ئۈچۈن پەرز بولغاچقا، بەھرام تۇردى قاڭرۇقتەك قانخور خۇنپەرنىڭ ئەركىن ناماز ئوقۇشىغا يول قويغانىدى. مەسچىتتىن چىققاندىن كېيىن ئۇنى يەنە باغلاپ دىۋانخانىغا ئەكىردى.

ئەلائىددىن مەھمۇد بارلاس يوق بولغاچقا، ئىشىكئاغىلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان سەرمۇنشى شاھسەئىد ئالىم سۇلتان سارىيىغا كىرىپ، سەردار بەھرامنىڭ كەلگىنىنى خەۋەر قىلدى.

— كىرسۇن ! — دېدى ئابدۇرەشىدخان قولىدىكى خەتتىن كۆزىنى ئۈزۈپ. ئۇنىڭ ئۆڭگەن چىرايىدىن خاپىلىق يېغىپ تۇراتتى.

بەھرام تۇردى قاڭرۇقنى ئالدىغا سىلىپ كىردى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئەمرلىرىگە بىنائەن مىرزا ئەلى تاغاينىڭ قۇمئىرىق كەنتىدىكى بىغىغا چىقىپ، ئۇ يەردىكى ھەممەيلەننى ئەكەلدىم.

— ئۇلار كىملەر؟

— يىتىم ئايال مەريەمنىسا، بۇ ئايالغا كۆز - قۇلاق بولۇۋاتقان مىرزا ئەلى تاغاينىڭ مەھرەم ياساۋۇلى تۇردى قاڭرۇق بىلەن خوتۇنى، يەنە تۆت چاكار.

ئابدۇرەشىدخان بەھرامنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازىدىن، يەرگە بىقىپ تۇرۇشىدىن خىجىل بولۇۋاتقىنىنى تۇيۇپ، ئۆز ئورۇنلىرىدا پەرمان كۇتۇپ ئولتۇرۇشقان ئەمىر - ئۆمىرالارغا كۆز تىكتى:

— جانابلار، ئاقسۇ ۋە كاشغەردىن كەلگەن مەلۇماتلار توغرىسىدا يۇرگۇزگەن مۇلاھىزە، مەسلىھەتلەر ناھايىتى ئەتراپلىق بولدى. نائىب ھاكىم ئەمىر ئىسھاق باھادىر ئەۋەتكەن مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاقسۇغا باستۇرۇپ كەلگەن تاغام مەنسۇرخانغا تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇن ئۆزۈم لەشكەر تارتىپ بارمىسام بولمىغۇدەك. يول ئۇستىدە كاشغەرگە چۈشۈپ، ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ سەرمۇنشىسى ئەبۇلھادىبەگنىڭ مەلۇماتىدا دېيىلگەن مىرزا ئەلى تاغاينىڭ زۇلمى، قانخورلۇقى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنىمۇ ئۆزۈم تەكشۇرۇپ، جىددىي چارە كۆرۇشۇمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى پىكىر - تەكلىپىڭلاردىن چوڭقۇر ھىس قىلدىم. جانابلار، قالغان مەسلىھەتنى ئەتە قىلىشايلى. سىلەرگە سالامەتلىك تىلەيمەن.

ۋەزىر، ئەمىر، سەردارلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئابدۇرەشىدخان بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كىتىشتى.

مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئورنىدا ئاتا ۋەزىرلىك قىلىۋاتقان خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس «سۇلتان ماڭا، سەل تەخىر قىلسىلا، گىپىم بار دەيدۇغۇ» دىگەن تەمەدە قول باغلاپ تۇرىۋەرگەنىدى، ئابدۇرەشىدخان:

— ۋەزىر جانابلىرى، چارچاپ كەتتىڭلە، ئۆيلىرىگە بېرىپ ئوبدان ئارام ئالسىلا، — دەپ يولغا سېلىپ قويۇپ، خوشلىشىپ ماڭغان ئەكرەمنى توختىتىۋالدى.
— سىز قېلىڭ، ئەمىر. ئايرىم مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار.
ئەكرەم قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ تەخت يېنىغا كەلدى.
ئابدۇرەشىدخان قول قوۋۇشتۇرۇپ باش سېلىپ تۇرغان بەھرامغا قارىدى:
— قالغانلارنى سارايغا ئەكىرىڭ.
— خوپ، ئالىيلىرى.
بەھرام دىۋانخانىدا كۈتۈپ تۇرۇشقان مەريەمنىسا، پاتمىخان، تۇردى قاڭرۇق ۋە تۆت چاكارنى سارايغا ئەكىردى.
تەختتە ئولتۇرغان ئابدۇرەشىدخان:
— بۇلارنىڭ قوللىرىنى بوشىتىڭ، — دەپ بەھرامنى بۇيرۇدى. ئۇ ئىككىلىنىپ قالدى.
— بۇلار جىنايەتچىمۇ، ئەمەس، بۇنى مەن بىلىمەن، سەردار. ئۇلارنى باغلاقتىن دەرھال بوشىتىڭ.
بەھرام ئاۋۋال تۇردى قاڭرۇقنىڭ، ئاندىن تۆت چاكارنىڭ قوللىرىنى يەشتى.
ئابدۇرەشىدخان قارا پەرەنجە ئارتىۋالغان ئىككى ئايالغا قاراپ:
— قايسىڭلارنىڭ ئىسمى مەريەمنىسا؟ — دەپ سورىدى.
بويلۇقراق كەلگەن ئايال جاۋاب بەردى:
— ئاجىزەلىرىنىڭ.
— مەيدانى ئادالەتتە ماڭا مەكتۇپ سۇنغان سىزمۇ؟
— ياق، مەن ئەمەس، مانا بۇ ئاچام، — ئۇ يېنىدا تۇرغان پاتمىخاننى كۆرسەتتى، — مەن كەچمىشلىرىمنى يېزىپ، مۇشۇ ئاچامدىن ئالىيلىرىغا ئەۋەتكەنىدىم.
ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭدىن نەزىرىنى ئېلىپ پاتمىخانغا سەپسالدى.

— ئېتىڭىز نېمە؟
— پاتىمخان، ئالىيلىرى.
— بۇ ئايال نېمىڭىز بولىدۇ؟
— ھېچنېمەم. ئېرىم ئۇنى باغقا ئەكېلىپ چاھقا سېلىپ قويغاندىن كېيىن تونۇشۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەنىدىم.
— نېمىشقا؟
— گۇناھسىز بىر يېتىمە بولغانلىقى ئۈچۈن، — دېدى پاتىمخان ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ. ئۇ چاغدا مەريەمنىساننىڭ كۈنى بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى.
— ئېرىڭىزدىن قورقمىدىڭىزمۇ؟ — ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈپ سۈكۈت قىلدى.
— ئاجىزەلىرى خۇدادىن قورقىمەن، سۇلتان ئالىيلىرى.
— سىزگە ئاللا رەھمەت قىلسۇن، ئوبدان ئانا ئىكەنسىز.
ھاياجانلانغان پاتىمخان يىغلىۋەتتى.
— مەريەمنىسا، ئېرىڭىز كىم بولىدۇ؟ — ئەتەي سورىدى ئابدۇرەشىدخان.
— ئېرىمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئالىيلىرىغا مەكتۇپۇمدا بىلدۈرگەنىدىم.
— ئۆز ئاغزىڭىزدىن ئاڭلىماقچىمەن.
— ئۇنىڭ ئېرى مەن بولىمەن، ئالىيلىرى، — دېدى قىزىرىپ كەتكەن بەھرام يەردىن بېشىنى ئالماي.
— مۇنداق دەڭ. خوتۇنىڭىزنىڭ يازغانلىرى راست ئىكەن - دە. شۇنچە ئازاب - ئوقۇبەتنى باشتىن كەچۈرۈپ، نېمە ئۈچۈن ماڭا ئېيتمىدىڭىز؟ — ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا ئەيىبلەش نەزىرىدە باقتى.
— ئالىيلىرى، مىرزا ئەلى تاغاي ۋەزىر بولغاچ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن دەلىل - ئىسپاتسىز شىكايەت قىلىپ جازاغا تارتىلىشتىن ئېھتىيات قىلدىم.
— سىزگە قارىغاندا خوتۇنىڭىز جۈرئەتلىك ئىكەن. ئەگەر ئۇ

ماڭا مەكتۇپ يېزىپ قوتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلمىغان بولسا، سىلەر كۆرۈشەلمەيلا قالماستىن، بىر زالىمنىڭ مېنى داۋاملىق ئالداپ ياخشى كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشىغا يول قويغان بولاتتىكەنسىلەر. خوتۇنىڭىزغا رەھمەت ئېيتىڭ، بەھرام.

مەريەمنىسا تەسىرلەنگىنىدىن يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ تەۋەككۇلچىلىك بىلەن يازغان مەكتۇپىنىڭ شۇنچە تېز ئۈنۈم بەرگەنلىكىدىن خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قالغانىدى.

— بەھرام، خوتۇنىڭىز ھەرەمدە خىزمەت قىلسۇن. سىز مەن بىلەن ئاقسۇغا بارسىز، كاشغەردە مىرزا ئەلى تاغاي بىلەن ئۇچرىشىمىز. ئۇنىڭ قوي تېرىسىنى يېپىنىۋالغان بۆرە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، جازاغا تارتىمىز.

— رەھمەت، ئالىيلىرى. بىزنى ئارزۇيىمىزغا يەتكۈزگەن ئاللادىن مىننەتدارمىز، — بەھرامنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى.

— بۇلارنى، — دېدى ئابدۇرەشىدخان تۇردى قاڭرۇق ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى كۆرستىپ، — زىندانغا ئاپىرىۋېتىڭلار، قىلمىشىغا لايىق جازاسىنى تارتسۇن، — ئابدۇرەشىدخان سۆزدىن توختاپ بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ تۇردى قاڭرۇققا تىكىلدى، — سەن مىرزا ئەلى تاغاينىڭ خاس ياساۋۇلى قاسىم قېچىرنى تونۇمسەن؟

چىرايى تاتىرىپ كەتكەن تۇردى قاڭرۇق دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى.

— ئېيتە، تونۇمسەن زادى؟! — ئابدۇرەشىدخان زەردە بىلەن ۋارقىرىدى.

— تونۇيمەن، ئالىيلىرى، يەتتە ـ سەككىز يىلدىن بېرى مىرزا ئەلى تاغاينىڭ خىزمىتىدە بىللە بولۇپ كەلگىنىمىز راست.

— بەھرام، بۇ گۇناھكارلارنى زىندانغا ئاپىرىۋېتىڭ. پاتىمخان خوتۇنىڭىز بىلەن ھەرەمدە خىزمەت قىلسۇن.

— ياق، سۇلتان ئالىيلىرى، ھەممەتلىرىگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت، — ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان پاتمىخان قوللىرىنى كۆكسىگە ئالغىنىچە ئېگىلدى، — مەن كەڭرى دالادا دانلاپ ئۆگىنىپ قالغان بىر توخۇ. ھەرەمدە تۇرالمايمەن، خورىزىمدىنمۇ ئايرىلالمايمەن. ئەگەر ماڭا شەپقەت قىلماقچى بولسىلا، ئېرىمنىڭ گۇناھىدىن ئۆتسىلە. بۇ ھەمشىرەمنى كۇتۇپ، ئاسراپ ئېرىگە يەتكۈزۈپ، ئۆزۈم ئېرىمدىن ئايرىلىپ قالسام، ماڭا ئەلەم بولمامدۇ؟ — ئۇ كۆڭلىدىكى گېپىنى دېدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى راست. ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن مۇشۇ پاتمىخان ئاچام جېنىمنى ساقلاپ قالغان، ئۆز سىڭلىسىدىن چارە كۆرۈپ ئوبدان قارىغان، ئاسرىغان، قوغدىغانىدى. ھەتتا مېنىڭ مەكتۇپۇمنىمۇ ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك قولىغا يەتكۈزدى. مەن ھىجران ئازابىدىن قۇتۇلۇپ ۋىسالغا يەتتىم. ئەمدى ئۇ ئېرىدىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدۇ، — مەريەمنىسا پاتمىخانغا قوشۇلۇپ يىغلاپ ئىلتىجا قىلدى.

ئابدۇرەشىدخان بۇ ئىككى ئايالغا بىردەم كۆز سېلىپ تۇرۇپ، ئاندىن تۇردى قاڭرۇققا قارىدى. بۇ ئېگىز، تەمبەل ئادەمنىڭ چىرايى تاتىرىپ مىس رەڭگىگە كىرىپ قالغانىدى. يۇرىكى ئاغزىغا كەپلەشكەندەك بولۇپ، يۈز گۆشلىرى لىپىلداپ، تىنىقى توختاپ قالغان كەبى دۈمچىيىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆتمۈشىنى ئويلاۋاتاتتى.

— سەن جىنايەت ئۆتكۈزگەندە، خوتۇن ـ بالىلىرىڭنى ئۇنتۇدۇڭ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئالىيلىرى، ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان مىرزا ئەلى تاغاي ئۇچۇن ...

— ئاغزىڭنى يۇم، بەتبەخت! — ئابدۇرەشىدخان بىگىز بارمىقىنى تەڭلىدى، — بەندىنىڭ جېنىنى ئاللادىن باشقا ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ. ئۇنداق دېسەڭ، كۇپپار بولىسەن.

— كۆپپار بولىسەن؟ مۇنداق بولۇشۇمنى زادى بىلمەيتىمەن، ئالىيلىرى. راستىنى دېسەم، مەن ئۇنى قۇتقۇزغۇچىم ھېسابلاپ، نېمە دېسە شۇنى قىلىپ، ئۇنى رازى قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدىم، جىنايىتىم ئېغىر، ئاللا كەچۈرمىسە، بەندىنىڭ كەچۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. خوتۇنۇم بۇنى بىلمەيدۇ. مېنى زىندانغا تاشلىسىلا، ئالىيلىرى. مەن گۇناھكار، — تۇردى قاڭرۇق مېڭىشقا تەمشىلىپ پاتمىخانغا تەلمۈرۈپ قارىدى، — خەير، خۇداغا ئامانەت، خوتۇن، ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز.

— گۇناھىغا چىن دىلىدىن تووا قىلىپ، جىنايى قىلمىشتىن قولىنى ئۈزگەن بەندىلىرىنىڭ گۇناھىدىن ئاللا ئۆتىدۇ. ئەگەر سەن چىن قەلبىڭدىن تووا قىلىپ، قايتا گۇناھ ئۆتكۈزمىسەڭ، سېنى ئاللانىڭ ھۆكمى بويىچە كۆچۈرۈشكە بولىدۇ. شۇنداق قىلالامسەن؟

— قىلىمەن، ئالىيلىرى، — تۇردى قاڭرۇقنىڭ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. پاتمىخاننىڭ قايغۇلۇق چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈردى.

— سەن ھازىر بەھرام بىلەن زىندانغا بېرىپ، قاسىم قېچىرنى جىنايى قىلمىشلىرىنى تاپشۇرۇشقا دەۋەت قىلغىن. ناۋادا ئۇ ئىقرار قىلمىسا، يۈزتۇرا تۇرۇپ قەبىھ جىنايەتلىرىنى قالدۇرماي سۆزلە. ئىقرار قىلدۇرۇش — ئۆزىنى ئۆزىگە تونۇتۇش ئۈچۈندۇر. ئىقرار قىلماسلىق — ئۆزىنى تونۇماسلىق، جىنايەتتىن قول ئۈزمەسلىكتۇر. گۇناھكار مىرزا ئەلى تاغايىنى جازالىماي قويمايمىز، — ئابدۇرەشىدخان نەزىرىنى بەھرامغا يۆتكىدى، — سەردار، ئەتە مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ئاتا ۋەزىرلىكتىن ئېلىپ تاشلانغانلىقى، قۇمئېرىقتىكى مال - مۈلكىنىڭ تۇردى ئاخۇن بىلەن پاتمىخان ئەر - خوتۇننىڭ ئىلكىگە ئۆتكەنلىكى توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرىمەن. سىلەر دەرھال زىندانغا بېرىڭلار. بۇ ئىككى ئايال بۇ كېچە تەكىيخانىدا قونۇپ تۇرسۇن. سىلەرمۇ

زىنداندىكى ئىشنى تۈگىتىپ تەكىيىخانىغا كېلىشلار. ئەتە يارلىق چۈشكەندىن كېيىن تۈردى ئاخۇن خوتۇنى بىلەن باغقا چىقىپ كەتسۇن. مىرزا ئەلى تاغاينىڭ بۇ تۆت خىزمەتكارىمۇ تەكىيىخانىدا قونۇپ، ئەتە ئۆيلىرىگە قايتسۇن، ئەھۋالغا قاراپ تۇرمۇش راسخوتى بېرىلىدۇ. ئەمىسە بېرىڭلار.

— خوپ، ئالىيلىرى، — بەھرام ئۇلارنى باشلاپ كۆركەم ياسالغان ئوردا تەكىيىخانىسىغا كەلدى. كۈن پېشىنغا ئاز قالغانىدى. ئۇپۇق ئوتقاشتەك قىزىرىپ، بوستانلىق ئىچىدىكى تەكىيىخانىنىڭ دېرىزىلىرى ھال رەڭ تۈسكە كىرگەنىدى.

ئۆمرىدە مۇنداق ئازادە ھەم چىرايلىق ياسالغان ئۆيلەرنى كۆرۈپ باقمىغان پاتمىخان ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. بەھرام ئۇلارنى تەكىيىخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، تۈردى قاڭشارۇق بىلەن ئوردىدىن چىقتى.

زىندان ئوردىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئويمانلىقتا، ئېگىز سېپىللىرى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار قەدەمىنى تېزلىتىپ، زىندان دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا شامغا ئەزان چىقتى. ئۇلار ناماز شامنى زىندان مەسچىتىدە ئوقۇشتى. گۇناھكارلارمۇ بۇ مەسچىتتە ناماز ئۆتەيتتى. بەھرام زەن سېلىپ قاسىم قىچىرنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى، زىندانبېگىدىن سورىۋىدى، ئۇ: «قاسىم قىچىر سولانغاندىن بېرى نامازغا چىقمىدى» دەپ ئۇلارنى زىنداننىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە باشلاپ چۈشتى. ھەر ياقتا جىنچىراغلار يېقىلغان بولسىمۇ، زىندان ئىچى ناھايىتى سۈرلۈك، قاراڭغۇ ئىدى.

— مانا مۇشۇ ئۆيدە، — زىندانبېگى قۇلۇپقا ئاچقۇچ سېلىپ ئىشىكنى ئاچتى.

ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن قاسىم قىچىر چىراغ يورۇقىدا تۈردى قاڭشارۇقنى كۆرۈپ بىرپەس مەڭدەپ تۇرغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئۇنىڭغا قولىنى تەڭلىدى:

— بەھرام سەردار، ئانىلىرىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل مۇشۇ! ...

## 2

ئاتلىرىنى دېۋىتىپ زىندان قورۇسىدىن چىققان ئەمىر ئەكرەم بىلەن سەردار بەھرام بىردەمدىلا گۈلئېرەم ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى. قارا سۇر دەرۋازا ئالدىدا ئاي پالتا، نەيزە تۇتۇپ تۇرغان قاراۋۇللار ئۇلارغا سالام بەردى. ئوردا ئات باقارلىرى ئۇلارنىڭ قولىدىن چۇلۋۇرنى ئالدى. ئەكرەم بىلەن بەھرام ئىككى تەرىپىدە رەيھان، تاجىگۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن خىشلىق يول بىلەن دىۋانخانىغا كىرىشكە ئابدۇرەشىدخان سۇلتان سارىيىدىن چىقتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتان ئالىيلىرى، ئەمرلىرىگە بىنائەن ھايات قالغان ئەمىر، سەردارلارنىڭ ھەممىسىنى زىنداندىن قويۇۋەتتۇق، — دېدى ئەمىر ئەكرەم.

— ئۆلتۈرۈلگەنلەر كىملەر ئىكەن؟ — سورىدى ئابدۇرەشىدخان.

— مىرزا دايىم ئەلى، بابا سادىق مىرزا، مۇھەممەد مىرزا قاتارلىق ئەمىرلەر بىلەن ئابدۇللا سادىق دوغلات، ئابدۇلقادىربەگ، ئابدۇلقۇددۇسبەگ، جالالىدىنبەگ قاتارلىق ئالتە نەپەر سەردار ئىكەن.

دىۋانخانىنى سۈكۈت باستى. ئەمىر - ئەركانلار كۆزىگە ياش ئالغان ئابدۇرەشىدخانغا ھېسداشلىق قىلىپ باش سىلىپ تۇرۇشتى.

ۋەزىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئابدۇرەشىدخانغا قاراپ، ئىختىيارسىز ئارقىسىغا بىر قەدەم داجىپ، ئۆزىدىنمۇ قامەتلىك بولغان سەرمۇنشى شاھسەئىد ئالىمنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ، قارامتۇل چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ئارامگاھدا چۇشلۇك غىزا يېگەچ پاراڭلىشايلى، — دېدى

ئابدۇرەشىدخان ئەكرەم بىلەن بەھرامغا.

ئۇلار ئىچكىرى ئوردىدىكى ئارامگاھقا كىرىشتى. ئابدۇرەشىدخان قۇببىلىك ئوچاققا يانداپ سېلىنغان تەتىللا يېكەندازدا باداشقان قۇرۇپ:

— مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭلار، — دېدى بوش ئاۋازدا، — قېنى سۆزلەڭ، ئەمىر، رەھمەتلىك ئەمىرلەر مېنىڭ كاساپىتىمدىن قايسى تەرىقىدە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. قاسىم بۇنى بىلەمدىكىن؟

ئەكرەمنىڭ چىرايىغا ھەسرەت بۇلۇتى سايە تاشلىغان، تېگى يوق خىيال دېڭىزىغا چۆككەندەك قىلاتتى. ئۇ دېدى:

— سۇلتان ئالىيلىرى، زىندانبېگىنىڭ دېيىشىچە، تۈن نىسپىيىدە مىرزا ئەلى تاغاي، خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس ۋە قاسىم ياساۋۇللار زىندانغا كىرىپ كەپتۇ. ئالىيلىرىنىڭ قەتل قىلىش توغرىسىدىكى يارلىقلىرىنى زىندانبېگىگە كۆرسىتىپتىكەن، ئۇ ئەپسۇسلانغىنىچە ئۇلارنى يەر ئاستى ئۆيگە سولاقلىق ئەمىرلەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ چۈشۈپتۇ. ئەمىرلەر ئۆزلىرىنى زىنداندىن چىقىرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ سالام بېرىپتۇ ۋە ئالىيلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى سوراپتۇ. مىرزا ئەلى تاغاي كۈلۈپ كېتىپ، يارلىقنى ئوقۇپتۇ. بابا سادىق مىرزا يارلىقنى تارتىۋېلىپ يىرتىپ تاشلاپتۇ ۋە: «بۇ سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى ئەمەس، ئاسىيلار، خان مۇنداق ياۋۇزلارچە يارلىق چۈشۈرىدىغان زالىم پادىشاھ ئەمەس، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان ئادىل پادىشاھتۇر. بۇ سۇيىقەست!» دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي، جاللاتلارغا ئەمىرلەرنى قەتل قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ. جاللاتلار ئەمىرلەرنى باغلاپ، سويماقچى بولغان قويدەك ياتقۇزۇپتۇ. ئەمىرلەر: «ئاسىيلار، خۇنپەرلەر» دەپ تېپچەكلەپ، باشقا قارشىلىق قىلالماپتۇ. قاسىم ياساۋۇل:

— ئاتا ۋەزىر، بۇ چىرايلىق قويلارنى ئۆزۈم بوغۇزلاي،

تونلىرىنى ماڭا بەرسىلە، — دەپ ئەمىرلەرنىڭ بېشىنى مۇبارەك تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. ئۇلارنىڭ تونلىرىنى قاسىم قىپچىرغا بېرىپتۇ.

— مەن ئاسىيلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن، مېنى غەپلەت بېسىپتۇ. خۇدايا، بۇ گۇناھىمنى ئۆزۈڭ كەچۈرگىن، — دېدى ئابدۇرەشىدخان كۆز يېشىنى توختىتالماي. مەڭزىدىن دومىلىغان ياشلار ئىككى ئىلىك ئۆسكەن ساقىلىغا چۈشتى.

— سەۋر قىلسىلا، شاھىم، بۇ تەقدىر، — دېدى ئەمىر ئەكرەم، ئۇنىڭمۇ كۆز چاناقلىرىغا ياش تولۇپ كەتكەنىدى. بەھرام دېرىزىگە قاراپ كۆز يېشىنى سۈرتۈۋالدى.

— تەقدىر ئاجايىپ بولىدىكەن، سۇلتان ئالىيلىرى، ھەقىقەتەنمۇ ئۇنى ئۆزگەرتىش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن. كۆپ ئويلانمىسىلا، شاھىم. مەنمۇ ئانامنى ئۆلتۈرگۈزگەن ئادەمنىڭ مىرزا ئەلى تاغاي ئىكەنلىكىنى سەزگەن بولسامۇ، ئاغزىمدىن چىقىرالماي يۈرگەنىدىم. ئالىيلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن زىندانغا چۈشۈپ، قاسىم قىپچىرنى سوراققا تارتقىنىمىزدا، ئۇ «قاتىل تۇردى قاغرۇق» دەپ تۇرۇۋالدى. نەق مەيداندا بولغان خوتۇنۇم زىندانغا چۈشۈپ، ئانامنى ئۆلتۈرگەن قاسىم قىپچىرنى تونۇۋالغاندىلا، ئاندىن ئىقرار قىلدى. مەن چىداپ تۇرالماي، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋىدىم، ئەمىر ئەكرەم: «بۇ يەردە ئۆلتۈرسىڭىز، ئانىڭىزنىڭلا قىساسىنى ئالغان بولىسىز، مەيدانى ئادالەتتە مىرزا ئەلى تاغاي بىلەن بىللە جازالىساق، ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەرگەن بولىمىز. چىداپ تۇرۇڭ» دەپ توستى. ئۇنىڭ ساقال باسقان كېكىردىكىگە پېتىپ كەتكەن تىرناقلىرىمنى تارتىۋالغۇم يوق ئىدى. قاسىم قىپچىرنى قاتتىق ئىتتىرىۋەتتىم، ئۇ دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ تامغا ئۇسۇۋالدى. ئۇ بەكمۇ رەھىمسىز تەلۋە ئىكەن. ئەل ـ يۇرتنىڭ ئۇنداق

ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن، — بەھرام ئېغىر تىنىدى. قاسىم قېچىرنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئانىسىنىڭ قىساسىنى ئالالىغىنى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىۋاتقىنى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى.

— ئاللا ئۇلۇغ، — دېدى ئابدۇرەشىدخان بەھرامغا قاراپ، — قېنى گېپىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئەمىر ئەكرەم قاسىمدىن: «ئەمىر، سەردارلارنى كىم ئۆلتۈردى» دەپ سورىۋىدى، «مەن ئۆلتۈرمىدىم، جالالات ئۆلتۈردى» دەپ تۇرۇۋالدى. زىندانبېگى: «مەن نەق مەيداندا بار ئىدىم، سەن بوغۇزلىدىڭ» دېدى. قاسىم زۇۋان سۈرەلمەي قالدى. ئاندىن ئوردا ياساۋۇلى بولغاندىن تارتىپ بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى مىرزا ئەلى تاغايغا يەتكۈزۈپ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ خەتلىرىنى ئاقسۇغا بېرىپ ئەمىن خوجا سۇلتانغا تاپشۇرغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇدا تونۇشلۇق بولغانلىقىنى، ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان رۇستەمبەگنى مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى، ئەمىن خوجا سۇلتاننىمۇ قاچۇرۇۋەتكىنىنى ئىقرار قىلدى. ئالىيلىرى، ئۇنىڭ دېگەنلىرى بەك كۆپ. سوراق خاتىرىسىنى كۆرۈپ باقامدىلا؟

— بولدى، ھازىر كۆرمەي، سەردار. ئاقسۇغا چاپسان بارمىسام بولمايدۇ. مىرزا ئەلى تاغاي ھەممە بالا ـ قازانىڭ بېشى ئىكەن. ھۇ قارا يۈز ئەبلەخ! — ئابدۇرەشىدخان ئاچچىقىغا پايلىماي تىللىۋەتتى، — ئۇنى تۇتۇش كېرەك. سەردار، سىز يارلىقىمنى ئېلىپ كاشغەرگە بېرىڭ. ئاز دېگەندە مىڭ نەپەر نۆكەر، ياساۋۇل ئېلىۋېلىڭ. مىرزا ئەلى تاغاينى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاڭ. ئۇ قارا نىيەت ئاسىينىڭ يوشۇرۇن ـ ئاشكارا شېرىكلىرىنىمۇ زىندانغا تاشلاڭ، ئەمما ياخشىلار زىيانغا ئۇچرىمىسۇن. بىز ئاقسۇدىن قايتقاندا، ئۇ خۇنپەرنى ئۆزۈم سوراق قىلىمەن.

— خوپ، ئالىيلىرى، — بەھرام قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى.

— يەنە بىر گەپ، — دېدى ئابدۇرەشىدخان، — مىرزا ئەلى تاغاينىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن قاسىمنىڭ بىلىدىغانلىرى كىملەر ئىكەن، ئۇ دېدىمۇ؟

بەھرام دەرھال جاۋاب بېرەلمەي، ئەكرەمگە قارىدى.

— قاسىمنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ھامىد قەللات دېگەن بىر ياساۋۇل بولۇپ، مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنى ئىسسىقكۆل دىيارىغا بىللە ئەكېتىپتىكەن. مىرزا ئەلى تاغاي ياركەندكە قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئۇنى قاسىم ئۇچراتماپتۇ. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ، سۇلتان ئالىيلىرى؟ — دېدى ئەكرەم خىيالچان ھالدا ۋە قوشۇپ قويدى، — ئۇنى مەنمۇ بىلەتتىم، قارىمۇتۇق، تەمبەل يىگىت ئىدى.

— مەنمۇ تونۇيمەن، — دېدى ئابدۇرەشىدخان بىردىنلا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — قوچقارباشى قىشلىقىدا يۈز بەرگەن پاجىئە مىرزا ئەلى تاغاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇنى ھامىد قەللات چوقۇم بىلىدۇ. مەن ئۇ چاغدا ئالدىمدىكىنى كۆرۈپ، كەينىمدىكىنى كۆرەلمەپتىكەنمەن. ھامىد قەللاتنى تېپىش كېرەك. ئۇنى خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس بىلىدۇ.

— توغرا دېدىلە، سۇلتان ئالىيلىرى. خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسنىمۇ دەرھال تۇتۇپ زىندانغا تاشلاش كېرەك! — ئەمىر ئەكرەم سۇلتاننىڭ تېزرەك پەرمان چۈشۈرۈشىگە تەقەززا بولۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— شۇنداق قىلىڭ، ئەمىر. ئەتە يولغا چىقىپ كەتسەك، ئىككى - ئۈچ ئايسىز پايتەختكە كېلەلمەيمىز. ئۇ قېچىپ كېتىدىغان بولسا، مىرزا ئەلى تاغاي بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، بىزگە ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرۇپلا قالماستىن، ئەلنى ئەمىن تاپتۇرمايدۇ.

— بولىدۇ، ئالىيلىرى. ئۇنى تۇتۇپ كېلىشكە ئادەم

ماڭدۇراي، — ئەمىر ئەكرەم ماڭماقچى بولۇۋىدى، ئابدۇرەشىدخان ئىشارەت بىلەن توختاتتى.
— سورايمەن دەپ، ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن. ئېيتىڭا، ئاقسۇغا قانچىلىك لەشكەر ماڭماقچى؟
— ئۈچ تۈمەن، ئالىيلىرى.
— خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس زىندانغا تاشلانغاندىن كېيىن لەشكەرلەرنى مەيدانى ئادالەتتە سەپراس قىلىڭ.
— پەرمانبەردارمەن، ئالىيلىرى.

## 3

قەتل قىلىنغان ئەمىر - سەردارلار ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىدى. ئۇلارنىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئويلاپ، ئۆزىنىمۇ پارە - پارە قىلىۋەتكۈسى كەلدى. قانداقسىغا ئۇلارنى قەتل قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەنسېرى، يۈرىكى قىسىلدى. غەيۇر ئىنىسى ئىسكەندەر سۇلتاننى سېغىندى. ئۇنى زىنداندىن چىقارغاندا، مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تىبەتكە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكىنى ئۈچۈن پۇشايمان قىلدى. ئۇ شۇنداق بىئارامچىلىقتا تەختتىن چۈشۈپ ئەمر قىلدى:
— بەھرام، كاتىۋالبەگ مەھكىمىسىدىكى چېچەن پايلاقچىلارنى ئىشقا سېلىپ، ھامىد قەلاتىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىڭلار.
بەھرام قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى:
— باش ئۈستىگە، شاھىم.
— بىز ئەتە تەڭ يولغا چىقىمىز، سىز كاشغەرگە ماڭىسىز، بىز ئاقسۇغا راۋان بولىمىز. شامدىن كېيىن ھەرەم قەسىرىگە كېلىڭ.

— خوپ، ئالىيلىرى، — سەردار بەھرام ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

«ئاق كۆڭۈل، مەردانە يىگىت، ئەڭ ئېغىر مۇسىبەت كۈنلىرىدىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالىغان قەيسەر مۇھاپىزەتچىم. ئۇ ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئاخىر يار ۋەسلىگە يەتتى. ئەگەر ئۇ سەۋر قىلىپ، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئىش كۆرمىگەن بولسا، مىرزا ئەلى تاغايىنى ئالدىراپ ئەيىبلەپ قويۇپ مېنىڭ غەزىپىمگە ئۇچرىشى مۇمكىن ئىدى. ئاللا سائىتىنى كەلتۈرۈپ، مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ بەردى، پېقىرنى ھەم غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى ...» ئابدۇرەشىدخان ئويلىغانسېرى، مىرزا ئەلى تاغايدەك ياۋۇز ئەبلەخكە ئىشىنىپ كەتكىنىدىن ئەپسۇسلاندى. «ئۇ قارا نىيەتكە نېمىشقا شۇنچە ئىشىنىپ كەتتىم - ھە ؟! ئىسسىقكۆل دىيارىدىكى چېغىمدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن. مېنى غەپلەتتە قويۇپ، ھارىس نەجمىدىن دوغلاتنىمۇ شۇ خۇنخور ئۆلتۈرۈپتىكەن. ئۇنىڭ ‹كۆيۈك دەردىدە قاراقچى بولۇپ كەتكەن تايغانبەگنى ھامىد قەللات چېپىپ تاشلىدى...› دېگىنىمۇ ئېسىمدە. تايغانبەگنىڭ قانغا مىلەنگەن بېشىنىمۇ ئۆزى ئالدىمغا قويغانىدى. كېيىن ئاقسۇغا بارغىنىمدا، تاغام ئەمىر خوجا سۇلتاننىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقالغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەرنىمۇ ئۆزى ئەكەلگەنىدى. بۇ قانخور تازىمۇ ئۇستاتلىق قىپتىكەن. ھامىد قەللاتنىڭ ئۇن - تىنسىز غايىب بولۇشى سەۋەبسىز بولمىسا كېرەك. ئۇ يا ئۆلتۈرۈلگەن، يا يوشۇرۇنغان. ئۇنى قەتئىي تېپىش كېرەك ...»

نائىب سۇلتان بولۇشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئىشلار ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئېسىگە بىر - بىرلەپ چۈشتى. ئۇ خامۇش ھالدا ئارامگاھتىن چىقتى.

«يىراقتىكى دۇشمەننى بىلمەكتىن يانىدىكى دۇشمەننى پەرق

ئـەتمەك تەس ئـىكەن. باقـقان ئـىـتـتـىن ئـايـرىلـىـشـقا كۆڭـلـۈڭ قىيىمىغاندەك، قېشىڭدا «خوش ـ خوش» دەپ تۇرغـان دۈشمەندىـن كېچىشمۇ ئاسانغا چۈشمەيدىكەن. ياخشى نىيـەتلىك، سـەمىمىـي كىشىلەر ھەرقانچە ھوشيار بولسىمۇ، تەمكىن بولمىسا، بېشىدىن ئـىـسـسـىـق ـ سـوغـۇق ئـۆتـمـىـسـە، ئـاقـىـل، دانـالار بـىـلـەن مەسلىـھەتلەشـمەي ئۆز ئالـدىغا ئـىش قىلسا، يامان نـىـيـەتلـىـك سۇيـىـقەستـچـىلەرنـىـڭ دامىغا چـۈشۈپ كـېـتـىـدىـكـەن. سـەن ئابدۇرەشىدخـان ناھايـىتى بىخـەستەلـىك قىلدىـڭ، ئويلاپ ئـىش قىـلـمىدىـڭ. بـەگئەتـكـەم بولۇۋالـغـان خوجا شـاھـمۇھەمـمـەدى بارلاسنىـڭ سۆزىگـە ئـىشـىـنـىپ، خانـلىقـىـمىزنـىـڭ باھادىر، دانـا سەركەردىلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇڭ. خان ئاتاڭنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالمىدىڭ. دوستلىرىڭنى ئۆلـۈمگە ھۆكـۈم قىلىـپ، قانخورغا ئايلىنىپ قالدىڭ. ئاللا تووۋاڭنى قوبـۇل قىلارمۇ؟ ئـاۋام گۇناھىڭدىن ئۆتەرمۇ؟ ...» ئابدۇرەشىدخان ئۆز ـ ئۆزىنى سـوراق قىلىپ ئاتىسىنىڭ دىۋانخانا ھۇجرىسىدىكى مەقبەرىسىگە كېلىپ قالغىنىنىمۇ سـەزمەي قالدى. ئـارامگاھتـىـن چىقـقاندا، چۈچـۈك سۇلتان بېگىمنىڭ قەسرىگە بېرىپ، يېقىندا دەشتى قىپچاقتىن كەلگەن قېيىنئانىسى سۇلتان نىگار خېنىم بىلەن بىللە كەچلىك تاماق يېـمەكچى بـولغانـدى. قەبرىگـە كۆزى چۈشۈپ شـىـپـپـىـدە توختىدى. بىردەم تىكىلىپ تۇرغانـدىن كېيـىن گويا يـىـراقتـىـن كەلگەن قېرىـنـدىشى بـىلەن كۆرۈشـمەكچى بـولغاندەك ئـىـتتـىـك بېرىپ مەقبەرە يېنىدا يۈكۈندى. ئىككى سۇپىلىق بۇ چوڭ قەبـرە ئاجايىـپ كۆركەم ياسـالغانـدى. ئۈنىڭغا چىقـىرىلغـان قاپارتمـا نەقىشلەر نەپىسلىكى بىلەن ئادەمنـى ھەيران قالـدۇراتتى. قەبـرە ئەتراپىغا گۈمبـەز ياسىلـىۋاتاتتـى. جىددىي ئـىشلەۋاتـقان تامچـى ئۇستاملار، نەققاشلار، ياغاچچىلار، تاشـچىلار سۇلـتاننى كـۆرۈپ، قوللىرىنى كۆكسىگـە ئېلىـپ سالام قىلـىشتى. ئـابدۇرەشىدخـان ئورنـىدىن تۇرۇپ جـاۋاب سالام بەردى. ئۇلارنـى ئىشلـەۋېرىشـكـە

دالالـەت قىلىـپ قويۇپ تىـزلىنىـپ ئولتۇردى. سۈرە تەبارەكنى قىـرائەت قىلىـپ دۇئاغا قـول كۆتۈردى: «ئى بـارا خۇدايا، مۇشـۇ تىلاۋەت قىلغان «قۇرئان كـەرىم»نىڭ سـاۋابىنى پـەيغەمبـەرىمىـز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئـەلەيھى ۋەسـەللەمـنىڭ روھـىغا ھەدىيـە قىلدىم. ئاندىن قالسا ئەزۋاج، مۇتەھەرراتلارنىڭ[①]، ساھابىلەرنـىڭ[②] ۋە بارلىق مەرھۇم بولغان مۆمىن بەندىلىرىڭنىڭ روھـىغا بەخـش ئەتتىـم، جۈملىـدىن مەرھۇم ئـاتام سەئىـدخاننىـڭ، ئاغام بـابۇر مىرزىنىڭ، تاغام ئەمىن خوجا سۇلتاننىڭ، ئـاغام قاناتـبەگىنـىڭ، ئىنىلـىرىم مۇھـسىن سۇلـتان، رۇستەمـبەگلـەرنىڭ، ئۇسـتـاز سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ، باھـادىر ئەلـبەگىنـىڭ پاك روھىغا بەخش ئەتتىم. ئىلاھا، ئۇشبۇ تىلىكىمنى ئۆز دەرگاھىڭدا قوبـۇل ئەيلەپ، ئاشۇ مەرھۇملارنى گۆر ئازابىدىن خالاس قىلىپ، جەننەت راھىتىدىن بەھرىمـەن قىلغـايسەن، ئامـىن. مەندەك بـىر ئەقىـل كۆزى خىرەلەشكەن بەندەڭنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىـپ، ۋۇجۇدۇمنى گـۇناھتىـن يىراق، كـۆزۈمـنى روشەن، ئـەقلىمـنى زىيادە قىلغايسەن، ئامىن.

ئى بارا خۇدايـا، پادىشاھ ـ سـۇلتانلارمـۇ ئوخشاشـلا سىنىـڭ بـەنـدەڭ. پىـقىرنى ئـەلگە سۇلـتان قىلىـپ، مەرتىـۋە، بايلـىق، ئىززەت ـ ئىكرام، كۈچ ـ قۇدرەت ئـاتا قىلـدىڭ. بۇ شەپـقىتىـڭ ئۈچـۈن سـاڭا چەكسـىز ھـەمـدۇسـانالار بـولسـۇن. ھالـبـۇكى، سۇلتانلىق بۇرچۇمنى تولۇق ئادا قىلىـشىمغـا، ھەقىقـەتتە چىـڭ تۇرۇپ، ئـەلـنى ئادالـەت بىلەن ئـەمـىن تاپـتـۇرۇشۇمغـا مـەدەت بەرگـەيسەن. پىـقىر شـەيـتاننىـڭ ئازدۇرۇشى بـىلـەن ئاسـىي ـ مۇناپىقلارنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ، بىگۇنـاھ ئالىم ـ پـازىللارنـىڭ قېنىنى تۆكۈپ، ئېغىر گۇناھ سادىر قىلدىـم. ئەي، پەرۋەردىگـار، گۇناھلـىرىمـنى مەغـپـىرەت قىلـىپ، مېـنى تـوغرا يـولـغا

[①] ئەزۋاج، مۇتەھەرراتلار ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى.
[②] ساھابىلەر ــ ئەينى زاماندىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى.

باشلىغايسەن. ئەي، ئاللا، سىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىڭ چەكسىزدۇر ...»

ئابدۇرەشىدخان سەجدىگە باش قويۇپ ھۆكىرەپ يىغلىدى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ئىشلەمچى، ئۇستىلارمۇ ياش تۆكۈشتى.

ئابدۇرەشىدخان دۇئادىن كېيىن مۇشتىلىرىنى چىڭ تۈگكىنىچە مەقبەرىدىن ئاستا يىراقلاشتى. چارباغدىن چىقىشىغا ئەمىر ئەكرەم ئالدىغا كەلدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، خوجا شاھمۇھەممەدىنىڭ قەسرىگە تۆت ياساۋۇل ئەۋەتكەنىدىم، خوتۇنى: «بايىلا ئاتلىق چىقىپ كەتكەن» دەپتۇ. «نەگە؟» دەپ سورىسا، «بىلمەيمەن» دەپتۇ. ياساۋۇللار قورۇنى تىنتىپمۇ ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالماي قايتىپ كەپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئۆيىنى كېچە ـ كۈندۈز كۆزىتىش ئۈچۈن كاتىۋالبەگلەرگە بۇيرۇق چۈشۈردۈم. قارىغاندا ئۇ قاچقاندەك تۇرىدۇ.

— ئاپلا ! — دېدى ئابدۇرەشىدخان، — چۈشتە ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىپتىكەن. ئۇ زىندانغا تاشلىنىشىدىن قورققان چېغى. مەن يەنە غەپلەتتە قاپتىمەن. ئەمىر، ئۇنى چوقۇم تۇتۇش كېرەك !

— خاتىرجەم بولسىلا، ئالىيلىرى. يەر ئاستىغا كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇنى تاپىمىز. پايتەخت ئەمىرى ئوسمانبەگنى ۋاقىپلاندۇرۇپ قويدۇم. ئۇ كاتىۋالبەگلەرگە پەرمان چۈشۈرۈپ شەھەرنى تىنتىپ چىقماقچى. قوۋۇق بەگلىرىگە ئۇنى پايتەختتىن چىقارماي تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئوردا ياساۋۇللىرىمۇ ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە ئەۋەتىلدى، — دېدى ئەمىر ئەكرەم.

— بۈگۈن كەچكىچە تۇتۇلسا ياخشى بولاتتى، ئەتە سەپەرگىمۇ خاتىرجەم ئاتلىناتتۇق، — ئابدۇرەشىدخان بىتاقەتلىكتىن

قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى ۋە «ھامىد قەللاتنىمۇ تېپىش كېرەك، بەھرام ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالارمىكىن؟» دېدى ئىچىدە.

ــ سەردار بەھرامۇ بىز بىلەن ماڭامدۇ؟ ــ سورىدى ئەكرەم.

ــ ئەلۋەتتە، ئۇ كاشغەردە مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ قىلمىشلىرىنى تەكشۈرىدۇ، ــ دېدى ئابدۇرەشىدخان سۆپسۆزۈك سۈيى شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان ئۆستەڭنىڭ ئاسما كۆۋرۈكىگە قەدەم قويۇپ.

## تۆتىنچى باب

# بەربات بولغان شېرىن چۈش

## 1

كاشغەر ئاسمىنىنى چاڭ ـ توزانلىق تۇمان قاپلىغان، شامال يوق، كۈن تۇتۇق ئىدى.

ئەتىگەندىلا ئاقئوردا ئالدىدىكى ھېيتگاھقا يىغىلغان خالايىق ھەرقايسى مەھەللىلەر بويىچە سەپراس بولۇپ تۇرۇشاتتى. ئاتلىق، پىيادە ياساۋۇللار كۆپچىلىكنى تەرتىپكە ئۈندەپ ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. بىردىنلا ئوردا سەيناسىدا قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ، چۆرگىلەپ ـ چۆرگىلەپ دەرۋازىدىن مەيدانغا چىقتى، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە توپا چېچىپ چۆرگىلىگىنىچە ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى ـ دە، بوشلۇقتا تۇزۇپ كەتتى. سۆرۈن، نەمخۇش شامال ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدى. شەرقتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن قارا بۇلۇت ئاق ئوردا ئۈستىگە كەلگەندە چاقماق چاقماستىنلا شارىلداپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى.

ــ سەپتىن ئايرىلماي ئولتۇرۇڭلار! ــ دەپ خىتاب قىلدى كاتىۋالبەگ ئەلائىددىن بارلاس ئۆرىتۆپە بولۇپ كەتكەن خالايىققا كۆز سېلىپ، ئۇ ياساۋۇللارغا تەرتىپنى ساقلاشنى بۇيرۇدى.

يامغۇر قانداق تۇيۇقسىز ياغقان بولسا، شۇنداق تېز توختىدى. مىرزا ئەلى تاغاي كاشغەرگە كېلىپلا ئۆز ئالدىغا تەشكىللىگەن ئەمىر ـ ئەركان، سەردارلىرى بىلەن ئاقئوردىدىن چىقىپ ھېيتگاھنىڭ شىمال تەرىپىدىكى مۇنبەرگە ئورنىتىلغان تەختكە چىقتى. ئۇ سەمرىپ ھاپا قوۋۇز بولۇپ كەتكەنىدى. يوغان

قورسقى ساڭگىلاپ ئېگىشەلمەيدىغان قىلىپ قويغانىدى. شاھانە تونىنىڭ ئالدى پېشى قىسقا، ئارقا پېشى ئۇزۇن كۆرۈنۈپ، قارىغان كىشىنىڭ ئىختىيارسىز كۈلگۈسىنى كەلتۈرەتتى. كوسا بولسىمۇ، تۇرۇلگەن قاپىقى، ئالتۇن ئوتۇغاتلىق سەللىسى ئۇنى يەنىلا سالاپەتلىك، سۇرلۇك كۆرسىتىپ ئادەمنى ئەيمەندۇرەتتى. ئەمما، خالايىق ئۇنىڭغا ئامانلىق، نۇسرەت تىلەپ چۇقان سالمىدى، شۇڭا خۇيى تۇتۇپ گۆشىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ قوش ئېگىكىنى سىيپاپ قويدى. شۇ تۇرقىدا ناھايىتى ھاكاۋۇر كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە شەيخۇلئىسلام ئابدۇللەتىف داموللا، قازىكالان خوجا ئەمىن بۇخارى، ئاتا ۋەزىر نەجمىدىن مەخدۇم ئابادى قاتارلىق ئەمىر ـ ئەركانلار، سول تەرىپىدە سەرمۇنشى ئوبۇلھادىبەگ، سەردار تۇرغۇنبەگ ۋە ھامىد بارلاس قاتارلىقلار ئورۇن ئالغانىدى.

سەردار زوھۇرىددىنبەگ قىرىق نەپەر خاس ياساۋۇل بىلەن تەخت ئەتراپىدا قېتىپ تۇراتتى.

— گۇناھكارلار ئېلىپ كېلىنسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى مىرزا ئەلى تاغاي بىر چەتتە دورغا، ياساۋۇللىرى بىلەن تۇرغان ئوبۇلقاسىم دوغلاتقا قاراپ. ئۇنىڭ گۆشلۈك قاپاقلىرىدىن قار يېغىپ، قىسىلغان چېقىر كۆزلىرىدىن قەھر ـ غەزەپ ئۇچقۇنلاپ، چىرايى قورقۇنچلۇق تۈس ئالغانىدى.

كاتىۋالبەگ ئەلائىددىن بارلاس خېلى بۇرۇنلا زىنداندىن ئاچىقىپ، ياساۋۇللارنى قارىتىپ قويغان «گۇناھكارلار»نى مەيدانغا يالاپ ئەكىردى.

مىرزا ئەلى تاغاي تەختتە ئولتۇرغىنىچە ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلدى:

— ئەي، قېرىنداشلىرىم، مەرھۇم ئاتىمىز سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھاياتىغا زامىن بولغان قارا نىيەت سۇيىقەستچى سەييىدمۇھەممەد مىرزا ھەققانىي جازاغا تارتىلىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن...

— يالغان! تۆھمەت! مەرھۇم ئاتام باشتىن ـ ئاخىر سەئىدىيە خانلىقىغا، ئاۋام خەلققە سادىق بولۇپ كەلگەنىدى، سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى، — دېدى «گۇناھكارلار» سېپىدە تۇرغان ياش يىگىت تاغاينىڭ سۆزىنى كەسكىن بۆلۈپ. غەزەپلەنگىنىدىن ئۇنىڭ بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققان، يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىدىن ھەسرەت ـ نادامەت ئوتلىرى چاقنىغانىدى. ئۇ باغلاقلىق قوللىرىنى كۈچەپ مىدىرلىتىپ، ئىككى قەدەم ئالدىغا مېڭىۋىدى، پۇتىدىكى تۆمۈر كىشەننىڭ ھالقىلىرى بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ جاراقلاپ كەتتى. بۇ سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ چوڭ ئوغلى ھۇسەيىن مەنسۇر مىرزا ئىدى.

— مەرھۇم ئاتامنى قارىلىما، مۇناپىق! — دەپ توۋلىدى يىگىت پۇتىدىكى ئېغىر كىشەننى سۆرەپ يۈگۈرگىنىچە تەخت ئالدىغا كېلىپ، — ئاتام مەرھۇم خانىمىز سۇلتان سەئىدخانغا سادىق ئىدى. سەندەك مۇناپىقلارنىڭ سۇخەنچىلىك قىلىشى بىلەن قارىلىنىپ ناھەقتىن ـ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن تۇرسا، تېخى ئۆزۈڭنى ئادىل، خەلقپەرۋەر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ، رەزىل تۆھمەتلەرنى توقۇماقچى بولۇۋاتامسەن، ئەبلەخ؟! ...

— جاللات! — مىرزا ئەلى تاغاي ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ توۋلىدى، — ئاۋۋال بۇ ئاسىينىڭ تىلىنى كېسىپ، ئاندىن بوغۇزلىۋېتىڭلار!

— خوپ، ئالىيلىرى! — يۈزلىرىگە نىقاب تارتىپ، قارا رەختتىن ئۇزۇن تون كىيگەن ئىككى جاللات بىرقانچە ياساۋۇل بىلەن كېلىپ، مىرزا ئەلى تاغايغا قادىلىپ تۇرغان ھۇسەيىن مەنسۇر مىرزىنى سۆرەپ ئورنىنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى ۋە باسماقداپ ياتقۇزدى، سويماقچى بولغان قويىنى باغلىغاندەك پۇت ـ قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ باغلاشتى.

— ئاتام ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن، پېقىرمۇ گۇناھسىز! — دەپ ۋارقىرىدى ھۇسەيىن مەنسۇر مىرزا يۇلقۇنۇپ. ئۇ بۇ يىل

يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەنىدى.
— مىرزا ئەلى تاغاي دېگەن ئەبلەخ، مەرھۇم تاغىمىزنى ھاقارەتلىگۈچى بولما! بىز گۇناھسىز. ئەي، خالايىق، ھەقىقەت ئاخىر بىر كۈن ئاشكارا بولىدۇ! — دەپ توۋلاشتى سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىككى ئوغلى — مۇھەممەد مىرزا بىلەن سەئىد مەھمۇد مىرزا. ئۇلارنى جاللاتلار بويىنىدىن بېسىپ تۇرغانىدى. ئىنىسى ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن ئاكىسىدىن ئىككى ياش كىچىك ئىدى. قەددى ـ قامىتى ئاتىسىنىڭكىدەك ئېگىز، قابىل بۇ يىگىتلەر ئاسانلىقچە جان بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى.
— ئوغۇللىرىمنى قويۇۋېتىش! — دەپ توۋلىدى «گۇناھكارلار» ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىققان ئايال. ئۇ باشتىن ـ ئاياغ قارا كىيىم كىيىپ، قارا پەرىجە ئارتىۋالغانىدى. ياساۋۇللار ئۇنى تۇتۇۋالدى.
جاللاتلار ئاكا ـ ئۇكىنىڭ تىللىرىنى قىسقۇچ بىلەن تارتىپ تۇرۇپ كەستى ۋە قىپقىزىل قان تامچىپ تۇرغان ئىككى پارچە تىلنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خالايىققا كۆرسەتتى.
— ئاھ، قەدىرلىك بالىلىرىم! — ئانا ئوغۇللىرى ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ مىرزا ئەلى تاغايغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھۇ قارا يۈز، زالىم. تۆھمەت قىلىپ، قارىلاپ بالىلىرىمنىڭ تاغىسىنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكىنىڭ يەتمەسمىدى؟ ئەمدى جىگەر پارىلىرىمنىڭ ھەقنى سۆزلىگەن تىللىرىنى كەستىڭ، بېشىنىمۇ تېنىدىن جۇدا قىلماقچى بولۇۋاتىسەن. ئېيتە، ئۇلارنىڭ گۇناھى نېمە؟!
مىرزا ئەلى تاغاي ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئولتۇردى. ئۇنىڭ رەڭگى قارىداپ كەتكەنىدى، ئارىدەك قوللىرى تىترەپ تۇراتتى. قورقۇشتىن ئەمەس غەزەپلەنگىنىدىن كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغانىدى. ئۇ مۇشتىنى تۈگۈپ، بۇيرۇدى:
— ئۇلارنىڭ باشلىرىنى كېسىڭلار!

جاللاتلار تېنىدىن جۇدا قىلىنغان ئىككى باشنى ئېگىز كۆتۈردى. ئوقچۇپ چىققان قان جاللاتلارنىڭ كىيىملىرىگە چاچرىدى.

— ئاھ ! جېنىم باللىرىم ! ... — قول ئۈزارتىپ ئۆمىلەپ كېلىۋاتقان ئانا پەرياد چېكىپ ھوشىدىن كەتتى.

ۋەھىمىلىك سۈكۈتكە پاتقان خالايىققا كۆز سالغان مىرزا ئەلى تاغاي كۆرەڭلىگەن ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— خالايىق، كۆردۈڭلارمۇ؟! مەرھۇم خان ئاتىمىز سەئىدخاننىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئاتىنىڭ بۇ كالۋا ئوغۇللىرى گۇناھكار ئاتىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىگە نارازى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن قارشى چىقىپ، سەلتەنەتلىك سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرماقچى بولۇشتى. بۈگۈن مۇشۇ مەيداندا بۇ قارا نىيەت ئاسىيلارنىڭ جازاسىنى بېرىپ، ئەھلى تەلەپنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرماقچىمەن، — ئۇ سۆزدىن توختاپ، جاللاتلار كۆتۈرۈپ تۇرغان باشلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كۆپچىلىككە سەپسالدى. چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن باش سېلىپ شۈك ئولتۇرۇشاتتى. سادا چىقمىغاچقا، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇۋىدى، «مىرزا ئەلى تاغاي، ئاللادىن قورق ! ناھەق قان تۆكۈشنى توختات !» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، «گۇناھكارلار» سېپىدىن ئوتتۇرا بويلۇق، قارا ساقال، سەللىسىنىڭ پەتلىسىنى چۇشۇرۇۋەتكەن بىر ئادەم چىقىپ تەختكە قاراپ ماڭدى.

«بۇ سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ خەزىنە بېگىغۇ. كاشغەرگە كېلىپلا زىندانغا تاشلىغىنىم ئوبدان بولغانىكەن. تۇۋا قىلىپ ئايىغىمغا باش قويارمىكىن دېسەم، بېشىغا قىلىچ تەڭلىنىپ تۇرسىمۇ تىز پۈكمەي، مېنى ھاقارەتلەۋاتىدا. بۇ ناكەسنى بىرمەھەل ئاچ قويۇپ، ئاندىن تىرىك پېتى كۆمدۈرۈۋېتەي ...» دەپ چاقماق تېزلىكىدە ئويلىغان مىرزا ئەلى تاغاي:

— ئالجىۋاتقان كىمكىن دېسەم، سىلى ئىكەنلىغۇ، ئابدۇلۋاھىدبەگ؟ سىلى بىر ئەقىل ئىگىسى، ئۇنداق تەرسالىق

قىلمىسىلا. ھېلىمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئالدىمدا تىزلىنىپ گۇناھلىرىڭغا توۋا قىلسىلا، قەسەم ئىچىپ ماڭا ساداقەت بىلدۈرسىلە، خەزىنە بېگى ئەمەس، ۋەزىر بولىدىلا، — دېدى.

— سەن ياش سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى ئالدىغىنىڭ بىلەن ئاللانى ئالدىيالمايسەن. بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ تىللىرىنى، باشلىرىنى كەسكىنىڭ بىلەن ھەقىقەتنى ياپالمايسەن، مەلئۇن ! — دېدى ئابدۇلۋاھىدبەگ ئۇنىڭغا قادىلىپ، قارا كۆزلىرىدىن چاقنىغان غەزەپ ئۇچقۇنى مىرزا ئەلى تاغاينى ھودۇقتۇرۇۋەتتى. ئۇ گەپ قىلالماي قالدى.

— ئاۋامنى قورقۇتماقچى بولۇپ قىلغان بۇ قانخورلۇقۇڭ سېنىڭ ئاسىي، قارا نىيەت ئىكەنلىكىڭنىلا ئەمەس، تەلۋە، قورقۇنچاق، تۇزكورلاردىن ئىكەنلىكىڭنىمۇ ئىسپاتلىدى. سەن مۇنداق قانخورلۇق قىلىپ ياخشى ئادەملەرنى تۈگىتەلمەيسەن. بىرنى ئۆلتۈرسەڭ، ياخشىلاردىن ئونى مەيدانغا كېلىدۇ. سەن تەلۋە بۇنى ئۇقماي غالجىرلىشىۋاتىسەن. غالجىرنىڭ ئۆمرى كوتا بولىدۇ، ھاكىمبەگ. شۇم پەيلىڭدىن يانمىساڭ، جېنىڭدىن جۇدا بولىسەن ! — ئابدۇلۋاھىدبەگ سۆزىنى توختىتىپ، پۇتلىرىنى كېرىۋىدى، كىشەننىڭ زەنجىرلىرى ئىككى يانغا چىڭ تارتىلدى، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى. جان - جەھلى بىلەن كۈچەپ بىر كېرىلىۋىدى، مۇرىسىدىن ئايلاندۇرۇپ باغلىغان تانا ئۈزۈلدى.

مىرزا ئەلى تاغاي چۆچۈپ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بۇ خاۋارچىنى تۇتۇڭلار !

ھەر ياندىن كەلگەن ياساۋۇل، نۆكەرلەر تەختىنى ئىتتىرىپ ئۆرۈۋەتكەن ئابدۇلۋاھىدبەگنى قاپساپ كېلىپ باسماقداپ تۇتۇۋالدى.

تەختى بىلەن بىللە ئۆڭتۈرۈلۈپ كەتكەن مىرزا ئەلى تاغاي ئۆمىلەپ قوپۇپ يۆتىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالتۇن ئوتۇغاتلىق

سەللىسى يەردە چۇۋۇلۇپ ياتاتتى. ئۇ مۇنداق بولارىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. ئەلەمدىن دۇمباق يۈزى پاينەك بىشىدەك قىزاردى، چىقىر كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

— بۇ گۇناھكارلارنى دەرھال زىندانغا تاشلاڭلار ! — ئۇ بۇيرۇق قىلىپ سەللىسىنى يەردىن ئالدى.

ياساۋۇل، نۆكەرلەر ئابدۇلۋاھىدبەگ قاتارلىق «گۇناھكار»لارنى زىندانغا ئەكەتتى.

كۆپچىلىك ئۆرىتۆپە بولۇپ، تەرتىپ بۇزۇلدى. سەرمۇنشى ئوبۇلھادىبەگ چىرايى بۇلۇت قاپلىغان ئاسماندەك تۇتۇلغان مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئەپتىگە قاراپ ياش يۇقى كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، مىيىقىدا كۈلدى: «سىنىڭ ئاتامدىنمۇ ياۋۇز ئىكەنلىكىڭنى ئاۋام بىلدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغىمۇ بىلدۇرۇش كېرەك ...» دېدى كۆڭلىدە. ئۇنىڭ باغرى ئەلەم خەنجىرى بىلەن تىلىنغانىدى. ئۇ پەش قېقىپ ئوردىغا قاراپ ماڭغان مىرزا ئەلى تاغايغا ئەگەشتى. باشقا ئەمەلدارلارمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن قەدەم ئېلىشتى.

ھېيتگاھنى بىر ئالغان ئاۋام بىردەمدە تارقاپ كېتىشتى. ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ، باققال ۋە بىرنەچچە لالما ئىتتىن بۆلەك جانلىق قالمىدى.

## 2

مىرزا ئەلى تاغاي ھەرەم قەسرىنىڭ مەنزەر ئۆيىدە ئۈستى ـ ئۈستىلەپ قويۇلغان پەر ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، كەيپى ناخۇش ئىدى.

بۇ ئۆي ئۇنىڭ خاس ھۇجرىسى بولۇپ، شىمال تېمىدىكى دېرىزىلەر ھېيتگاھقا قارايتتى. جامەنىڭ گۈمبەز ـ مۇنارلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

سۈت رەڭلىك ئۇزۇن يىپەك كۆڭلەك كىيگەن مەلىكىزات خېنىم مەيۈس كۆرۈنەتتى. ئۇ تۆت قات رەختنى بالداق ئۆتكۈزۈپ

ياسىغان يەلپۈگۈچ بىلەن ئېرىنى يەلپۈۋاتاتتى. لەۋەن چىرايى تاتىرىپ، ياداپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ھەۋسىنى قوزغايتتى. مۆڭلۈق قارا كۆزلىرى ئۇنىڭ مىستەك قىزىل بېشىغا، ھۇرپىيىپ تۇرغان شالاڭ بۇرۇتلىرىغا چۈشكەندە، سەسكىنىپ بىر يانغا قارىۋالاتتى. مىرزا ئەلى تاغاي تونچە تىكىلگەن شايى كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرىنى ئىككى يانغا قايرىۋەتكەن، تۇكلۇك كۆكرىكىنىڭ ئاستىدا ساڭگىلاپ تۇرغان باداڭ قورسىقى قاتمۇقات تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. كەڭ ئاق تامبىلى يوغلۇق پاچىقىنى يوشۇرغان، چۈچىلىق ئىشتانبېغى تىزىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ راھەتلىنىپ كېرىلدى.

«كاشغەردەك كاتتا ئىقلىمغا ھاكىمبەگ بولۇشۇم ئاسانغا چۈشمىدى. بۇ يەردىكى دۈشمەنلىرىمنىمۇ ۋاقتىدا سېزىپ جازاسىنى بەردىم. بۇ دىيارنىڭ پۈتۈن خەزىنىسى قولۇمغا ئۆتتى. ئەمدى ئابدۇرەشىدخانغا ئورا كولاشقا ئىمكانىيەت يارىتالايمەن. مۇھىمى لەشكەر، كاشغەر دىيارىدىكى ئۈچ تۈمەن لەشكەرنىڭ سەردارى ۋەلىبەگنى قولغا كەلتۈرەلىسەملا، ئىشنىڭ پۈتكىنى شۇ. ئۇنىڭ ئاكىسى ئەلىبەگنى سەئىدخان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. كۆڭلىگە قىساس ئوتىنى سالسالا، ئۈچ تۈمەن لەشكەر مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتىدۇ. لەشكەر سانىنى بەش تۈمەنگە يەتكۈزۈۋالسام، ياركەندكە يۈرۈش قىلىمەن ...»

— تەخسىرىم، شامغا ئەزان چىقتى، تاھارەت ئالامدىلا؟ — دەپ ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى مەلىكىزات خېنىم يەلپۈشتىن توختاپ، قولى تېلىپ كەتكەنىدى.

— نېمە دەيسەن، مەرەز؟! شېرىن خىيالىمنى ئەجەب بۆلۈۋەتتىڭا، — مىرزا ئەلى تاغاي تۇننىڭ قارا كۆلەڭگىسى چۈشكەن دېرىزىدىن كۆزىنى ئېلىپ، ئوڭ يېنىغا ئۆرۈلدى.

— ئەزان چىقتى دېدىم، تەخسىرىم. خانئايىم ئاغىچىنىڭ چايدىن يېنىپ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولدى.

— ھەممە يېرىم ئاغرىپ تۇرىدۇ، كاساپەت. يېقىن ئولتۇرۇپ ئۇچامنى تۇتقىن، قوپقۇدەك ماجالىم يوق. خانىئايىم خۇپتەندىن كېيىن كېلىدۇ، شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ قوپ، شامنى ياندۇرۇۋېتىپ ئولتۇر. كۆرمەيۋاتامسەن، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى.

— ئورۇندىن كىرىپ، قۇشقاچ گۆشىدە قىلىنغان قىيما كاۋاپنى يەپ، بىر ھېجىر قېتىق ئىچىپ يېتىپتىمەن، ناماز دىگەرنىمۇ ئوقۇمىدىلا، شۇڭا سەمىلىرىگە سېلىپ قويدۇم. ئاغىچا خېنىم كېلىپ قالسىمۇ خاپا بولىدۇ. مەنمۇ ناماز ئوقۇۋالاي، — ئورنىدىن قوپتى مەلىكىزات خېنىم، چىرايىدىن بىزارلىق چىقىپ تۇراتتى.

— ماڭا تولا ئىش ئۆگەتمە، مەرەز. نامازنى ئەتە ئوقۇۋالسامۇ بولىدۇ. كاپشىماي، شامنى ياندۇرۇۋېتىپ، يېنىمغا كەل.

— ماقۇل، تەخسىرىم، — مەلىكىزات خېنىم شامدانىدىكى شاملارنى ياندۇرۇۋېتىپ ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. «ناماز قازا بولۇپ كېتىدۇ، ئوقۇۋالاي دېيەلمەي» مىرزا ئەلى تاغاينىڭ گەجگىسىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. «بۇ مەرەزنىڭ قولى يىرىك ئىكەن، مەريەمنىسانىڭ قولى پاختىدەك يۇمشاق ھەم ئوتلۇق ئىدى. ئۇچامنى سىلىغاندا ھۇزۇرلىنىپ خۇدۇمنى بىلمەي قالاتتىم. كاساپەت بىلەن بىر كېچە يېتىشمۇ نېسىپ بولمىدى. ئۇ ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ تۇردى قاڭرۇق ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويمىغاندۇ ـ ھە؟ تېزرەك ئەكېلىۋالسام بولاتتى. مەستۇرىخانمۇ ياركەندتە. ئۇ ماۋۇ ئورۇق ئۆچكىدىن ئوبدانراق ئىدى. مۇشۇ خانئايىمنىڭ بىشەملىكىدىن قورقۇپ، كاشغەرگە ئەكېلىۋالالمىدىم. قانداق قىلسام بولار؟ يا كاشغەردىن تىرناقتا توختىغۇدەك بىر قىز ئالايمىكىن. خانئايىم دېگەن مەززىسى قالمىغان جالداق خوتۇن مۇشۇ ئىشىمغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتىدۇ. «دېدەكنىمۇ ئالامدىلا؟ ئۇنى ئالسىلا خەلقئالەم ئالدىدا يۈزلىرى تۆكۈلۈپلا قالماي، ئاللا ئالدىدىمۇ لەنەتگەردى بولىدىلا. ئەمدى يەنە خوتۇن ئالىدىكەنلا، مەنمۇ بۇ بەرىكەتتى يوق ئۆيلىرىدە

تۇرمايمەن. ئاخۇن دادام ئارقىلىق سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ئەرز سۇنۇپ، چاۋىلىرىنى چىتقا يايدۇرىمەن. ھالىلىرىغا بېقىپ ئىش كۆرسىلە» دەپ توسۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئابرۇي تاپىمەن دەپ، تالىپ چېغىمدا بۇ كاشغەر قازىسىنىڭ قىزىنى ئالغانىدىم. راسا ئابرۇي تېپىپ ئاتا ۋەزىر، ھاكىمبەگ بولغىنىمدا، بۇ مەرەز خوتۇن سۇسىرىغان مايسىدەك بوشىشىپ كەتتى ... يېنىدا ياتسام بىر تاغار گەندىنى پۇراپ ياتقاندەك بىزار بولىمەن. بۇنىڭغا ئامال قىلىمىسام، جاھاننىڭ پەيزىنى سۈرەلمىگۈدەكمەن. ئاۋۋال كاشغەر شەھىرىنىڭ سىرتىغىراق بىر باغ بىنا قىلدۇراي، ئاندىن مەريەمنىسانى ئەكېلىپ شۇ باغقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىرقانچە چىرايلىق قىزنى خىزمىتىگە سېلىپ بېرەي. مەستۇرىخان ياركەندتە تۇرىۋەرسۇن، پايتەختكە بارغاندا لازىم قىلارمەن ...»

— ھەزرىتىم، بىرسى ئىشىك چېكىۋاتىدۇ، چىقىپ باقايمۇ؟ — دېدى قولى تېلىپ، ئۇستىخانلىرى ئۇيۇشۇپ كەتكەن مەلىكىزات خېنىم ھىم يىپپىقلىق ئىشىككە سەپسېلىپ.

— توختا، — مىرزا ئەلى تاغاي شايى تونىنى يىپپىنچاقلاپ ئورنىدىن تۇردى. خىيال قۇشلىرىنىڭ كۆڭۈل شېخىدىن ئۇچۇپ كەتكىنىگە ئەپسۇسلىنىپ لەۋلىرىنى شوراپ قويدى، — ئاپپىقىم، قازناققا كىرىپ تۇرغىن. بۇ خانئايىم بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

مەلىكىزات خېنىم «ئەجەب ئوبدان بولدى» دېگەندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، قازناققا كىرىۋالدى.

تاغاي ئىرغاڭلاپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— ھەزرەتلىرى، ياساۋۇلبەگنىڭ دېيىشىچە، بىر ناتونۇش ئادەم كېلىپ: «مەن ياركەندتىن ماڭغانچە توختىماي ئاتتىن ھازىر چۈشتۇم. مېنى دەرھال ھاكىمبېگىمنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرىڭلار، ئېيتىدىغان ناھايىتى زۆرۈر گەپ بار» دەپ دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ قاپتۇ، — دېدى ھەرەم خىزمەتكارى قول باغلاپ تۇرۇپ.

مىرزا ئەلى تاغاي ئەجەبسىنگىنىچە سەل ئويلىنىپ قىلىپ، دېدى:

— ماقۇل، ياساۋۇللار باشلىقىغا ئېيت، ئۇ ئادەمنى تەكىيىخانىغا باشلاپ كىرسۇن، شۇ يەردە كۈتىمەن.

ھەرەم خىزمەتكارى ئىتتىك چىقىپ كەتتى. مىرزا ئەلى تاغاي ھەرەم قەسىرىنىڭ غەربىدىكى تەكىيىخانىغا قاراپ ماڭدى. «بۇ كىمدۇر ـ ھە؟ ياركەندتىن كەلگىنىگە قارىغاندا مېنى تونۇيدىغان، بەلكىم ماڭا يېقىن ئادەم بولسا كېرەك. نېمە خەۋەر ئەكەلگەندۇ؟» ئۇ سەل جىددىيلىشىپ قالدى، يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى.

تەكىيىخانىنىڭ ئالدىدا بىر كۆلچەك بار ئىدى. مىرزا ئەلى تاغاي خىيال ئىلكىدە سۈيى تىپتىنىق بۇ كۆلچەكنى ئىككى قېتىم ئايلاندى. ھەرەم قەسىرلىرىدە يېقىلغان شام ـ چىراغلارنىڭ نۇرلىرى كۆل يۈزىدە قىزىل، ھال، سارغۇچ رەڭلەرنى ھاسىل قىلغان، ئەتراپ غۇۋا يورۇق ئىدى. خۇددى بوستانلىق ئىچىگە بىرەر كېلىشمەسلىك يوشۇرۇنۇۋالغاندەك تۈيۈلۈپ، ئۇنى ئەنسىزلىك چۇلغىۋالدى. ئىچى تىتىلداپ، كۆزلىرى ھەرەم قەسىرىنىڭ كۈمۈش ھالقىلىق كۆركەم دەرۋازىسىغا دەممۇدەم تىكىلەتتى. يىراقتا چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما ئاۋازى ئىشىتىلگەندە، مىرزا ئەلى تاغاي چۆچۈپ كەتتى.

ئىشىك ئېچىلىپ، بەقەسەم تون، مەنپۇ دوپپا كىيگەن تەمبەل بىر ئادەم بىلەن ياساۋۇلبەگ كىردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەزىر ئەزەم، ساق تۇردىلىمۇ؟ — دېدى سودىگەر سىياقىدىكى ئادەم تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ، لېكىن چىرايى غەمكىن ئىدى.

مىرزا ئەلى تاغايغا مېھماننىڭ ئۇنى تونۇشتەك بىلىنسىمۇ، ئۆزىنى تونۇيالمىدى. ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ:

— كىم بولىسىز، بۇرادەر؟ — دەپ سورىدى ـ يۇ، كۆتمەك

قاش، سوزۇق يۈز، ئىلمەك بۇرۇن بۇ كىشىنى زەن قويۇپ تونۇۋالدى، — سەن سادىق ياساۋۇلۇم هامىد قەللات ئىكەنسەنغۇ، نېمە خۇش خەۋەر ئەكەلدىڭ؟

— ئۆيگە كىرىپ ئېيتاي، ۋەزىر ئەزەم، گەپ جىق، — دەپ قول بېرىپ كۆرۈشتى مېھمان. قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن خاپىلىق يېغىپ تۇراتتى.

مىرزا ئەلى تاغاي لىۋىنى چىشلىگىنىچە ئارتۇقچە گەپ قىلماي، ئۇنى تەكىيىخانىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە ئەچۈشتى. ئۇچ دانە مىس شامدانىدىكى شاملار ياندۇرۇپ قويۇلغانىدى.

— تاماق، شاراب كەلتۈرۈڭلار! — بۇيرۇدى مىرزا ئەلى تاغاي تەكىيىخانا مۇلازىملىرىغا.

— خوپ، هاكىمبەگ جانابلىرى.

مۇلازىملار داستىخان سېلىپ، پىشۇرۇلغان قوي گۆشى، كاۋاپ، قاتلىما، چاي، شاراب كەلتۈرۈشتى.

— غاز، قىرغاۋۇل كاۋىپىدىن كەلتۈرۈش!

— خوپ، ھەزرەتلىرى.

هامىد قەللات زۇۋان سۈرمەستىن نان، كاۋاپ، گۆشتىن خېلى يېدى. كەينى ـ كەينىدىن ئۇچ جام شاراب، ئىككى پىيالە چاي ئىچتى. پۈتۈن پېتى كاۋاپ قىلىنغان ئىككى غاز، بىر قىرغاۋۇل ئالدىغا قويۇلغاندا، خۇددى ھېچنېمە كۆرمىگەندەك، چىشلەپ ـ قاپساپ بىردەمدىلا يەۋەتتى.

— ھەيران بولمىسىلا، هاكىمبەگ جانابلىرى، ئىككى كۈن غىزاسىز قالدىم. ياركەندتىن چىققانچە ھېچ يەردە توختىماي، كاشغەرگە بايىلا يېتىپ كەلدىم. ھەزرەتلىرىنىڭ بەخىرامان تۇرغانلىقلىرىنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى. خۇددى سۇلتاندەك تۇرۇۋېتىپىلا، — دېدى لىقمۇلىق شاراب تولدۇرۇلغان جامنى بوشىتىپ.

مىرزا ئەلى تاغاي هامىد قەللاتنىڭ ئاچ كۆزلۈك بىلەن غىزا يەۋاتقىنىدىن ھەيران ئىدى. «نېمىشقا ئىككى كۈن غىزاسىز يول

يۈرىدۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى يوق؟ ئۇنى كاشغەرگە كېلىشكە نېمە مەجبۇرلىغاندۇ؟» دېگەندەك سوئاللار ئۇنىڭ كاللىسىنى قوچۇۋەتكەنىدى.

قورسىقى تويغان ھامىد قەللات تازا بىر كېكىرىپ «ئۇھ !» دەپ تىندى.

— دۇنيادا ئەڭ قاتتىق ئازابمۇ ئاچلىق دەردىگە يەتمىسە كېرەك، ۋەزىر ئەزەم، — ھامىد قەللات سۆزلەۋېتىپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى. ئۇنىڭ ياغاق مەيدىسىنى قاپقارا تۈك قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇ چايدىن بىر ئوتلاپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — جانابلىرىنى «سۇلتان ئالىيلىرى» دەپ ئاتاشنى مۇناسىپ بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، ئەلھال «ھاكىمبېگىم» دېيىشكە زادى تىلىم بارماي، «ۋەزىر ئەزەم» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆرگىنىم ئۆزلىرىگە غەلىتە تۇيۇلمىغاندۇ؟ «سۇلتان» دەپ ئاتاش ئۈچۈن نۇرغۇن مۇشكۇلچىلىكلەرنى يېڭىشكە توغرا كېلەمدۇ، قانداق؟

— ھېچ چۈشەنمىدىم، ياساۋۇل، زادى نېمە دېمەكچىسەن؟ نېمىشقا ياركەندتىن كەلدىڭ؟ ئادەمنى رەللە قىلماي گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلمامسەن ! يا مېنى تەكشۈرگىلى، ئەھۋالىمنى بىلگىلى كەلدىڭمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، ۋەزىر ئەزەم. ئۆزلىرىگە ناھايىتى مۇھىم خەۋەر ئەكەلدىم. ساقال - بۇرۇتلىرىمنى چۈشۈرۈپ، بايۋەچچە قىياپىتىدە كاشغەرگە كېلىشىم ھەرگىز سەۋەبسىز ئەمەس، ئىسسىقكۆل دىيارىدىن قايتىپ كېلىپلا ئۆزلىرىنىڭ ئەمرى بىلەن دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىلغانىدىم. نېمە ئۈچۈن سودىگەر بولىدىغىنىمنىڭ سەۋەبىنى سورىسام، «كېيىن بىلىسەن» دېگەنىدىلە. كېيىن بىلدىمكى، ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە ۋە مېنى بۇيرۇپ ئۆتكۈزگەن قانلىق قىلمىشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ياساۋۇل بولماي، سودىگەر بولۇشۇم زۆرۈر تېپىلغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن تىجارەتكە بېرىلىپ كەتتىم. تاپشۇرۇقلىرى بىلەن بازاردا بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنى ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈپ تۇردۇم. يىللار

ئۆتتى. ئېلىپ ـ سېتىپ خېلى بېيىدىم. ئۆزلىرىگىمۇ كۆپ پايدا يەتكۈزدۈم. ھەزرەتلىرى «سۇلتان»، پېقىر «ۋەزىر» بولىدىغان قۇتلۇق كۈننى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتۈپ، تىجارەتنى داۋاملاشتۇرىۋەردىم. ھاكىمبەگ بولۇپ كاشغەرگە كەتتىلە. ئەمدى پۇرسەت تۇغۇلىدىغان بولدى دەپ خۇشال بولۇۋىدىم، ئارىدىن بىر يىلمۇ ئۆتمەي بالا ـ قازا ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگىلى تۇردى ...

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ — مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، — ساڭا زادى قانداق بالا ـ قازا كەلدى؟ ئادەمنى ئەنسىرەتمەي چاپسان دېمەمسەن؟

— ۋەزىر ئەزەم، بالا ـ قازا ماڭا كەلگەن بولسا كاشغەرگە كېلىشىم ھاجەتسىز ئىدى. بالا ـ قازا ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، مانا شۇنداق ئاش ـ نان يېمەي كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ ئالدىلىرىغا كەلدىم، — دېدى ھامىد قەللات خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن بېشىنى ئېگىپ.

— نېمەدەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ خان ئالىيلىرىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ كاشغەردەك كاتتا دىيارغا ھاكىمبەگ بولغان تۇرسام، نېمەدەپ ماڭا بالا ـ قازا كەلگۈدەك؟ — مىرزا ئەلى تاغاي ئورنىدىن تۇرۇۋېدى، قولىدىكى لىقمۇلىق شاراب تولدۇرۇلغان جام چۈشۈپ كەتتى.

— ۋەزىر ئەزەم، ھازىر خاپا بولۇپ چېچىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس، ئەقىل ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇشنى ئويلىشىدىغان ۋاقىت، — ھامىد قەللاتمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، مىرزا ئەلى تاغايغا بىگىزدەك قادالدى، — ھەممە ئىش ئۆزلىرىگە ئايان، ماڭا ئۇنداق ئاچچىقلانمىسىلا.

— ھە، دېمەمسەن ! ماڭا كەلگەن قانداق بالا ـ قازا ئىكەن ئۇ؟

— ۋەزىر ئەزەم، قاسىم ياساۋۇل زىندانغا تاشلىنىپتۇ.

— قاچان؟ — مىرزا ئەلى تاغاي چۆچۈپ سورىدى.

— ئۆتكەن ئاينىڭ ئاخىرى.

— يەنە نېمە ئىش يۈز بەردى؟

— دېدەكلىرى مەريەمنىسا سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ئەرز سۇنۇپتىكەن، ئۇنى ھېلىقى باغدىن ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ھەرەم قەسرىدە خىزمەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

— ۋاي خۇدايىم، نېمىلەرنى دەيدىغانسەن؟ ئۇ كاساپەتنىڭ بېغىمدا ئىككەنلىكىنى تۇردى قاغۇرۇقتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتىغۇ.

— ھەتتا مەنمۇ بىلمەيتتىم، ۋەزىر ئەزەم. مەريەمنىسا ئۆزى ئاشكارىلاپتۇ.

— مۇنداق دېگىن. ئۇ قانجۇق بەھرام دېگەن بەتبەخت بىلەن يەنە تېپىشىۋالغاندۇ؟ — چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ سورىدى مىرزا ئەلى تاغاي.

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخان باغلىرىغا سەردار بەھرامنى ئەۋەتىپتىكەن. ئۇ ھازىر مەريەمنىسا بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇۋېتىپتۇ. باغلىرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى تۇردى قاغۇرۇققا ئۆتكەنلىكى توغرۇلۇق سۇلتان يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

مىرزا ئەلى تاغاي داستىخاننى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ھامىد قەللاتنىڭ مۇرىسىدىن تارتىپ سورىدى:

— بۇ گەپلەرنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

— ئۆزلىرىنىڭ ئورنىدا ئاتا ۋەزىرلىك قىلىۋاتقان خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس ھەزرەتلىرىدىن. ئالدىرىماي تۇرسىلا، ۋەزىر ئەزەم، ئولتۇرسىلا، مەن سۆزلەپ بېرەي، — ھامىد قەللات مىرزا ئەلى تاغاينىڭ لاسىدە ئولتۇرۇپ قالغىنىغا قاراپ، ئۆزىمۇ باداشقان قۇرۇپ سۆزىنى داۋام ئەتتى، — خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس ھەزرەتلىرى قاسىم ياساۋۇلنىڭ زىندانغا تاشلانغىنىنى، مەريەمنىسانىڭ ئوردىغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى، سۇلتان چۈشۈرگەن يارلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ. ئۆزىنى دەررۇ دالدىغا ئالمىسا زىندانغا تاشلىنىدىغانلىقىنى تۇيۇپ، دۆكىنىمغا خۇپىيانە كېلىپ، ئەھۋالنىڭ يامانلىقىدىن پېقىرنى خەۋەرلەندۈردى. «دەرھال يوشۇرۇنمىساق جاندىن ئايرىلىپ

قالىمىز» دەپ قورقۇتۇۋەتتى. شۇ ئان ئىككىمىز بىزنىڭ ئۆيگە كەلدۇق. ساقال ـ بۇرۇتلىرىمىزنى ئېلىپ، مەن بايۋەچچە سودىگەر سىياقىدا ياساندىم. ئۇ ئايالچە كىيىنىپ بىر ئاغىچا قىياپىتىگە كىردى. مەيگە ئولتۇرۇپ «ئالتۇن دەرۋازا»دىن ئۆتۈپ پايتەختتىن چىقىپ كەتتۇق، ھېچكىم بىلمەي قالدى. مەن پايتەختتە يۈز بەرگەن ئەھۋاللاردىن ھەزرەتلىرىنى خەۋەرلەندۇرۇش ئۈچۈن ئىككى كۈن توختىماي مېڭىپ كاشغەرگە كەلدىم.

— خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس قېنى؟ ئۇ نەدە؟ — چىرايى تاتىرىپ كەتكەن مىرزا ئەلى تاغاي ھامىد قەللاتىنىڭ قولىنى تارتقۇچىلىدى.

— ئۇ ياپچاندا بەگ بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىنىسىنىڭ ئۆيىدە قالدى، — ھامىد قەللات جامغا لىققىدە شاراب قۇيۇپ بىر كۆتۈرۈشتە ئىچىۋەتتى.

— ئازراق ئىچ، ئەبلەخ ! ئادەم جان قايغۇسىدا قالغاندا، قاغجىراپ كەتكەن ئېشەك توختام سۇنى سۈمۈرۈپ ئىچكەندەك ئىچكىلى تۇردۇڭغۇ. ئېيتە، يەنە قانداق شۇم خەۋەر ئەكەلدىڭ؟

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن كاشغەرگە كېلىۋاتىدۇ.

— نېمە ! بۇ گېپىڭ راستمۇ؟ — ئەمدىلا ئولتۇرغان مىرزا ئەلى تاغاي يەنە ئورنىدىن چاچراپ تۇردى.

— راست، ۋەزىر ئەزەم، خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس يالغان ئېيتارمۇ؟ بىز سۇلتاندىن بىر كۈن بۇرۇن يولغا چىققانىدۇق. پېقىر «ۋەزىر ئەزەم كاشغەر دىيارىنى چاڭگىلىغا ئېلىپ بولدى، ئۇنىڭغا ئابدۇرەشىدخان چىقىلالمىسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، يانلىرىدا پاناھلىنىشقا كەلدىم. ئەمما...

— پاناھلىنىشقا؟ — مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — ئوتتۇز يىلدىن بېرى جېنىمنى ئالىقىنىمغا ئېلىپ قويۇپ، ھەممە چارە ـ ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ ئاتا ۋەزىر

بولغىنىمنى، كاشغەردەك كاتتا دىيارغا ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەنگەنلىكىمنى بىلىسەن. كاشغەردىكى ئەمىر، سەردارلار ئابدۇرەشىدخانغا ناھايىتى سادىق ئىكەن. ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئۆزۈمگە تارتىپ، ئابدۇرەشىدخانغا قارشى ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىككى يىل ئەمەس، ئۇزاق يىل سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش لازىملىقىنى بىلىپ يەتتىم. ئەمدى ماڭا ئاسىيلىق قىلىدىغان ئوخشىمامسەن، ھامىد؟ بىلىپ قوي، ئىككى قولۇڭ قان بىلەن بويالغان. ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى كېلىپ، ئابدۇرەشىدخان بىزنى تۇتۇۋالسا، سېنىمۇ ئاياپ قويمايدۇ، مېنى دارغا ئاسسا، سېنىمۇ ئاسىدۇ، مېنى چاپسا، سېنىڭمۇ كاللاڭنى ئالىدۇ. بۇنى ئويلاپ باققانسەن؟

ھامىد قەللاتمۇ ئورنىدىن دەس تۇردى:

— ۋەزىر ئەزەم، ئويلىغاچقا ئالدىلىرىغا كەلدىم. ئەمدى بىلدىمكى، خۇدا بىلىپ ئىشەككە مۈڭگۈز بەرمەپتىكەن. مېنىڭ بۇ ئىككى قولۇم سىلىنى دەپ قانغا بويالغان ئەمەسمۇ؟ ئەگەر مەنسۇرخاننىڭ قىزى گۈلنىگار بىكەنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يىگىرمە يامبۇ بېرىپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ كەينىدىن تۇرپانغا ئەۋەتمىگەن بولسىلا، ئۇ بىگۇناھ سەبىي قىزنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلمىغان بولاتتىم. ئىسسىقكۆل دىيارىدا ئۆزلىرى بۇيرۇمىغان بولسىلا، باش ئېگىپ كەلگەن تايغانبەگنى ئۆلتۈرمەس ئىدىم. سىلى ئەمر قىلمىسىلا، سەئىدخاننىڭ خاس نۆكىرى رۇستەمبەگكە قارىتىپ ئوق ئۈزمىگەن ۋە ئاتتىن يىقىلغاندا تېنىنى پارچىلىۋەتمىگەن بولاتتىم. راست دېدىلە، ۋەزىر ئەزەم، قوللىرىم قانغا بويالغان. لېكىن، ئاللا ئالدىدا گۇناھىم سىلىنىڭكىدىن ئېغىر ئەمەس. ئابدۇرەشىدخاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساق، سىلىنى چالما كېسەك قىلسا، مېنى دارغا ئاسىدۇ. سىلىنى دارغا ئاسسا، مېنىڭ كاللامنى ئالىدۇ. ھەرھالدا سىلىدىن مېنى يېنىكرەك جازاغا ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇنى ئوبدان بىلىمەن، — ھامىد قەللات ئالاق - جالاق بولۇپ قورقۇنچ

ئاستىدا قالغان مىرزا ئەلى تاغايدىن جاۋاب كۈتۈپ ھىجايدى.

— بىلگەن بولساڭ، ئابدۇرەشىدخان كاشغەر شەھىرىگە قەدەم قويۇشتىن بۇرۇن قىپچىپ كېتەيلى، تەقدىر بىزنى بىر - بىرىمىزگە ئەنە شۇنداق باغلىۋەتكەن، ياساۋۇل، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي شېرىن چۈشىنىڭ مۇنداق تېز بەربات بولۇشىدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ.

— ئۇنداق بولسا ھازىرلا يولغا چىقىلى، ۋەزىر جانابلىرى، — ھامىد قەللات ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

بەشىنچى باب

# تۆندىكى ئۇتقاشلار

## 1

— ئەمىر ئەكرەم، لەشكەرلەر توختىسۇن ! — دەپ ئەمىر قىلدى ئابدۇرەشىدخان يورغىلاپ كېتىۋاتقان چىلان تورۇقنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ.

— لەشكەرلەر توختىتىلسۇن ! — ئەمىر ئەكرەم ئۈنلۈك ئاۋازدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

— لەشكەرلەر توختىتىلسۇن ! — تۈمەنبېگى بولغان سەركەردىلەر مىڭبېگى بولغان سەردارلارنى، يۈزبېشى بولغان چەۋەنداز بەگلەر ئۆز سىپاھلىرىنى بۇيرۇق بىلەن توختاتتى.

ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئون نەچچە ئەلەمدار ئاتتىن چۈشتى. قوللىرىدىكى يەلپۈنۈپ تۇرغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇغلىرىنى تىكلەپ سەپراس بولۇپ تۇردى. قىرىق بىر كىشىدىن تەركىب تاپقان سۇناي، ناغرىچىلارمۇ ئاتتىن چۈشۈشتى.

ئۇلار توختىغان قۇمساڭغۇ يەر ئاچال بولۇپ، شىمال ۋە شەرققە قاراپ كەتكەن ئىككى يولنىڭ تۇتاشقان جايى ئىدى. غولىغا قۇچاق يەتمەيدىغان چوڭ بىر تۈپ باراقسان ئۈجمە دەرىخى ئاچالغا سايە تاشلاپ تۇراتتى.

ئابدۇرەشىدخان ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى بىر نۆكەرگە تۇتقۇزدى. قولىنى ئىختىيارسىز ئۇزارتىپ، پىشىپ شىرنە باغلىغان ئۈجمىدىن بىر تال ئېلىپ ئاغزىغا سېلىۋىدى، ھەسەلدىنمۇ تاتلىق تېتىپ كەتتى. شېخىدا غۇژمەك - غۇژمەك بولۇپ پىشقان

ئۈجمىلەردىن خېلى يېدى. ئۇ مۇشۇ بىرنەچچە دەقىقىدە ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، لەشكەرلەر توختىدى.

— نېمە دېدىڭىز، ئەمىر؟ — ئابدۇرەشىدخان ئەكرەمگە قارىدى - دە، بىردىن ئېسىگە كېلىپ كۈلدى، — ئەس - يادىم ئۈجمىدە بولغاچقا، گېپىڭىزنى ئاڭقىرالماي قاپتىمەن. ھەقىقەتەن تاتلىق پىشىپتۇ، يەپ بېقىڭا، بۇ قانچىنچى پىشىشى؟

— ئۈچىنچى قېتىملىق پىشىشى، ئالىيلىرى، — ئەكرەم شاختىن بىر تال ئۈجمىنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى، — ۋاھ - ۋاھ، بەك تاتلىق ئىكەن.

— رەھمەتلىك ئاتام خوتەن ۋە ياركەند دىيارىدىكى ئاۋامنىڭ ئۈجمە دەرىخىنى كۆپلەپ ئۆستۈرۈپ، پىلە بېقىپ يىپەك ئېلىپ، رەڭگارەڭ شايە - ئەتلەسلەرنى توقۇپ تۇرمۇشىنى ياخشىلىشى ئۈچۈن كۆپ جان كۆيدۈرگەنىدى. چۆلدىمۇ، دالادىمۇ، باغدىمۇ، تاغدىمۇ ئۆسۈپ مېۋە بېرىدىغان بۇ خاسىيەتلىك دەرەخنى كۆپلەپ ئۆستۈرۈشنى، ھەربىر ئائىلىنىڭ بىر تۈپتىن ئۈجمىسى بولۇشىنى، پىلە بېقىپ، يىپەك ئېلىپ بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، ئەمىر. ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، كېلەر يىلى ياركەند ۋە خوتەن دىيارىدىكى ئاۋامنى ئەللىك مىڭ تۈپ ئۈجمە كۆچىتى تىكىشكە سەپەرۋەر قىلايلى.

— ئېسىمدە تۇتىمەن، ئالىيلىرى.

— بۇ تاتلىق ئۈجمىگە لەشكەرلەرمۇ ئېغىز تەگسۇن.

— خوپ، ئالىيلىرى.

ئەمىر ئەكرەم سەركەردە، سەردارلارغا سۇلتاننىڭ ئەمرىنى يەتكۈزدى.

ئىككى ئونبېشى ئۈجمىگە يامىشىپ چىقتى. ئارقا - ئارقىدىن داستىخان ئەكەلگەن نۆكەرلەر سۇلتان ۋە ئەمىرنى كۆرۈپ سالام بېرىپ تارتىنىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— يىگىتلەر، داستىخان تۇتۇڭلار، ئۇلار ئۈجمىنى

ئىرغىتىدۇ، — دېدى ئەكرەم كۆلۈمسىرەپ.
داستىخانلار مەرۋايىتتەك ئاپپاق ئۇجمىلەر بىلەن نەچچە قېتىمدىن توشتى. لەشكەرلەر بۇ باراقسان ئۇجمىنىڭ شېرىن مېۋىسىگە ئېغىز تېگىشتى.
«بۇ ئۇجمە دەرىخىنىڭ كېسىلىپ نابۇت بولۇشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن. ئۆزۈڭ مەدەتكار بولغايسەن، رەببىم» دېدى ئابدۇرەشىدخان ئىچىدە. ئۇ لەشكەرلەرنىڭ ئۇجمە يېيىشىگە قارىغىنىچە داستىخاننى يىغقان بەھرامغا:
— سىز ئەمدى يولغا چىقىڭ، — دەپ ئەمر قىلدى.
— بولىدۇ، ئالىيلىرى، — بەھرام ئورنىدىن تۇردى.
— خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس بىلەن ھامىد قەللاتنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىدۇق. ئۇلار كاشغەردە بولۇشى مۇمكىن. مىرزا ئەلى تاغايمۇ قىلمىشلىرىنىڭ سېزىلىپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپ بولدى. سىزنى شادىيانە چېلىپ قارشى ئالمايدۇ، قىلىچ ـ نەيزە بىلەن كۈتۈۋېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن. قانداقلا بولمىسۇن، ھوشيار بولۇپ، ئۇنى قاچۇرۇپ قويماڭ، ئەمىر. كاشغەردە بىزگە سادىق سەركەردە، سەردارلار ئاز ئەمەس، ئۇلار بىزنى قوللايدۇ. سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئوغلى مىرزا ئوبۇلھادىبەگكە بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ بېرىڭ. ئۇنىڭ بىلەن بار مەسلىھەت ئىش قىلغايسىز. ئاقىيوللۇق بولۇڭ، — دېدى ئابدۇرەشىدخان. ئۇ ئۆزىنىڭ خاس نۆكىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. بەھرام مىڭ نەپەر ياساۋۇل، نۆكەرنى باشلاپ شەرققە سوزۇلغان يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئابدۇرەشىدخان ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى. «ئاللا سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي» دېدى ئۇ ئاتقا مىنىپ.
ئەلەمدار، ناغرا ـ سۇنايچىلارمۇ ئاتلىرىغا مىنىشتى.
— ئاتلىنىڭلار!
ئەمىر ئەكرەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان سەركەردە، سەردارلار ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ، شىمالغا سوزۇلغان تاشلىق يولدا

ئۆچقاندەك يۈرۈپ كېتىشتى.

ئۇلار ئون كۈن يول يۈرۈپ، ئون بىرىنچى كۈنى خۇپتەندىن يانغان مەھەلدە ئاقسۇ دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ چۈشكۈن قىلىشتى ـ دە، جىددىي تۇتۇش قىلىپ چېدىر، بارگاھ قۇرۇشتى.

ئەمىر ئەكرەم ئايغاقچىلارنىڭ سەردارى ئابدۇللا قۇددۇسنى ئاقسۇ شەھىرىگە ئەھۋال ئىگىلەپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

ئابدۇرەشىدخان شاھانە چېدىرغا كىرىپ ياتقان بولسىمۇ، ئۇيقۇسى كەلمىدى. «كاشغەرگە ئالدىن بېرىشىم كېرەكمىدى، ئاقسۇغىمۇ؟ گەرچە كاشغەردە قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بىر چىل بۆرە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ سېزىۋېلىندى، قاپقانىمۇ قۇرۇلدى. ئاقسۇغا بولسا ئاشكارا ھالدا بىر ئارسلان باستۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭغا دەل ۋاقتىدا تاقابىل تۇرمىساق، مەملىكەت پارچىلىنىپلا قالماستىن، ئاۋام زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرايدۇ، رىيازەت چېكىدۇ. كاشغەردىكى چىل بۆرىنىمۇ ئاقسۇغا قەدەم باستۇرماسلىقىمىز، ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ تۇتۇشىمىز كېرەك. لېكىن، بۇ دورەم ياخشى كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىشىم لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ئەتراپىمدىكىلەرنى ئەتراپلىق چۈشىنىشىم زۆرۈر، ئەلۋەتتە. ئەي، ئاللا، ماڭا ئەقىل ـ ئىدراك ئاتا قىلغايسەن، ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشىمغا نېسىپ ئەتكەيسەن ...» ئۇنىڭ خىيالى ئىلتىجا بىلەن ئۈزۈلدى. ئورنىدىن تۇرۇپ يىپەك يەكتىكىنى يېپىنچاقلاپ بارگاھتىن چىقتى. ئىشىك ئالدىدىكى ياساۋۇللار ئېگىلىپ تەزىم قىلىشتى.

شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريادىن كۆتۈرۈلگەن سەلكىن ئابدۇرەشىدخاننىڭ تېنىگە ئۇرۇلۇپ ھۇزۇر بەخش ئەتتى. دەريا بويىدا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ياساۋۇللارنىڭ قوللىرىدىكى ئوتقاشقا كۆزى چۈشۈپ، كۆڭلىدىن بىر ئوي كەچتى. ئۇ بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ ئوت ـ چۆپ باسقان قىرغاققا كېلىپ

توختىدى. لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقاشلارنىڭ دەريادىكى شولىسى ئۇنى جەلپ قىلىۋالدى. قىزىل كانايگۈلدەك كۆرۈنگەن دەريادىكى شولا داۋالغۇپ ئەتراپىغا نۇر چېچىپ، سۇنى قىزغۇچ رەڭگە كىرگۈزگەن، سۇ ئۆركەشلىگەندە ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنەتتى.

ئوتقاش كۆتۈرگەن ياساۋۇللار ئابدۇرەشىدخانغا سالام بېرىپ، ئۇنىڭدىن يىراقلىماي تۇرۇشتى.

«مۇبادا ئۈچ تۈمەن لەشكەر قاراڭغۇدا ئوتقاش كۆتۈرۈپ باستۇرۇپ بارسا، دۈشمەنلەرگە ھەيۋەتلىك كۆرۈنمەسمۇ؟ ...»

ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئەكرەمنى كۆرۈپ، خىيال يىپى ئۈزۈلگەن ئابدۇرەشىدخان:

— ئەمىر، ئۇخلىماپسىزغۇ؟ — دېدى.

— ئالىيلىرىنىڭمۇ ئۇيقۇسى كەلمىگەن ئوخشايدۇ. مەن سەردار نەجىب قۇددۇسنى كۈتۈۋاتىمەن.

— تاغام سۇلتان مەنسۇرخان ئاقسۇغا بېسىپ كىرگەنمىدۇ؟ خوجا ئەلى باتۇر ناھايىتى قەيسەر ئادەم. ئۇ جان تىكىپ ئېلىشىۋاتسا كېرەك.

— شۇنداق، ئالىيلىرى، ئەمما بىز كەلمىگەن بولساق، ئاقسۇدەك كاتتا زېمىندىن ئايرىلىپ قالاتتۇق، — دېدى ئەكرەم ئويغا پېتىپ. كىم كىمنى يېڭىدۇ؟ بۇ نامەلۇم بولسىمۇ، سۇلتاننىڭ ئۈمىدۋارلىقى ئۇنى مەمنۇن قىلدى.

— قاراڭ ئاۋۇ ئوتقاشلارغا، — ئابدۇرەشىدخان قولى بىلەن دەريانى كۆرسەتتى، — نېمىدېگەن گۈزەل ھەم سىرلىق.

ئەكرەم سۇ يۈزىدە پارقىراپ تۇرغان ئوتقاشلارنىڭ شولىلىرىغا قارىدى.

— نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە بۇ، ئالىيلىرى! راستىلا سىرلىق ۋە ھەيۋەتلىك ئىكەن.

— ئەمىر، — دېدى ئابدۇرەشىدخان دەرياغا نەزەر تاشلاپ، — ئەگەر ئۈچ تۈمەن لەشكەر قوللىرىغا ئوتقاش ئالسا، قانچىلىك ھەيۋەتلىك بولۇپ كېتەر ـ ھە!

ئەكرەم ئابدۇرەشىدخاننىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەندى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئەھۋالدىن قارىغاندا سۇلتان مەنسۇرخان ئاقسۇ شەھىرىنى قامال قىلىۋالغان ئوخشايدۇ. بىزنىڭ دەريا بويىغا كېلىپ چۈشكىنىمىزدىن خەۋەر تاپتىمۇ، يوق، تېخى نامەلۇم. ئايغاقچى نەجىب قۇددۇس جەزمەن تاڭ ئاتقۇچە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، تاڭ قاراڭغۇسىدا ئوتقاش كۆتۈرۈپ مەنسۇرخاننىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بارساق دەيمەن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ تۇراتتىم، ئەمىر. بۇ يەر بىلەن ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئارىلىقى نەچچە چاقىرىم كېلەر؟

— ئون نەچچە چاقىرىم كەلسە كېرەك.

— لەشكەرلەر بىر ئاز ئۇخلىۋالسۇن. ئاشپەزلەر غىزا، چاي تەييارلاپ قويسۇن. تاغام مەنسۇرخان كەلگىنىمىزنى ئۇقۇشتىن بۇرۇن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلساق، چوقۇم نۇسرەت قازىنىمىز. سىزمۇ ئىككى كۈندىن بېرى تۈزۈك ئۇخلىمىدىڭىز، ئەمىر، چېدىرغا قايتىپ ئۇخلىۋېلىڭ.

— ئابدۇرەشىدخان دەريادىن كۆزىنى ئېلىپ كۆككە باقتى. سۈتتەك سۈزۈك ئاسمان يۇلتۇزلار بىلەن تولغانىدى. ئۇ يەتتە ـ ئون سەككىز كۈنلۈك بولغان ئاي تېخى تىكلەشمىگەن، يېنىدا چۆمۈچ يۇلتۇز پارقىراپ تۇراتتى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، — دېدى ئەكرەممۇ كۆككە سەپسېلىپ، — ئاقسۇ شەھىرىگە كىرمىگۈچە ئۇيقۇم كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ.

لەشكەرلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى بېسىقىپ، دەريانىڭ شارقىرىشى كۈچەيگەندەك قىلاتتى. سۇ يۈزىدىكى ئوتقاشلارنىڭ شولىسى يۇلتۇزلارغا يۆگىشىپ پارىلدايتتى، بەزىدە سوزۇلۇپ ئاينى سۆيەتتى.

ئىككىيلەن دەريانى ياقىلاپ ئېقىنغا قارشى ماڭدى. سۇدىكى

ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ شولىلىرىمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى. قۇمساڭغۇ نەمخۇش تۇپراقتىن گۈل ـ گىياھلارنىڭ ھىدى كېلەتتى. قىرغاقتىكى سۇغا ئېگىلىشىپ ئۆسكەن سۆگەتلەرنىڭ شاخ ـ يوپۇرماقلىرى يېقىملىق شىلدىرلايتتى. تۇيۇقسىز ئايىغى ئاستىدىن پالاقشىپ ئۇچقان قۇش ئابدۇرەشىدخاننى چۆچۈتۈۋەتتى.

— ئەجەب قورقۇتۇۋەتتا بۇ قۇش، — دېدى ئۇ توختاپ.

— كەكلىك ئىكەن، سۇ ئىچكىلى كەلگەن بولسا كېرەك، سۇلتانىم. بۇ ئەتراپتا قۇشلار كۆپتەك قىلىدۇ، بۇ ناھايىتى مەنزىرىلىك جاي ئىكەن.

— كۇش ش ! ...— بېشىنى تىك كۆتۈرگەن چار يىلان ئەمىر ئەكرەمنىڭ ئالدىدىلا تىلىنى چىقىرىپ كۇشۇلدىدى. ئۇ قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ يىلاننى چاپماقچى بولدى. ئۇتقاش كۆتۈرۈپ بىللە كەلگەن ئىككى ياساۋۇلمۇ نەيزىلىرىنى يىلانغا تەڭلەشتى.

— توختاڭ، ئەمىر، بۇ سۇ يىلىنى ئىكەن، ئادەمگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ، — دەپ توستى ئابدۇرەشىدخان، ئارقىدىن چاقچاق قىلغان تەرزدە دېدى، — كۇندۇزنىڭ مېھنىتى، كېچىنىڭ ۋەھىمىسى بولسىمۇ، ئىنسان ئۈچۈن راھىتى قىممەتلىك. بىز مۇشۇ يەردە بىر ئاز ئارام ئالايلى.

ئەمىر ئەكرەم كۈلۈمسىرەپ قىلىچىنى غىلىپىغا سالدى. يىلان كۇشۇلداپ ـ كۇشۇلداپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن يەر بېغىرلاپ مېڭىپ دەرياغا چۈشۈپ كەتتى.

ئابدۇرەشىدخان دەريا بويىدىكى بىر توپ دوڭغاق سۆگەتنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. سۆگەتنىڭ سۇ يالاپ يىلتىزى ئېچىلىپ قالغانىدى. ئۇ ئالىقىنىغا سۇ ئالدى، ئالىقىنىدىكى لىغىلداپ تۇرغان سۇغا ئاي شولىسى چۈشتى. ئۇ يۈز ـ قولىنى يۇدى، سۇدىن ئۇچ يۇتۇم ئىچتى، يۈرىكى سەگىپ ھۇزۇرلاندى. ئۇ ئۇتقاش يورۇقىدا ئاقىرىپ ـ قارىيىپ تۇرغان سۇغا قارىغىنىچە

تۇرپانغا بارغان چاغلىرىنى، مەنسۇرخاننىڭ ئۆزىنى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىپ، ئىدىقۇت شەھەر خارابىسىنى سەيلە قىلدۇرغانلىقىنى، كارىزدا گۈلىنگار بىكە تاشلىغان ئالمىنى سۇزۇۋالغانلىقىنى، شۇنداقلا غايىبتىن ئۇچۇپ كېلىپ كارىز تېمىغا سانجىلىپ قالغان يا ئوقىنى ئەسلەپ: «تاغام مەنسۇرخان ماڭا ئاتا ئورنىدا، ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزسەم بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ياركەندكە كېلىپ خان بولغۇسى كەلگەن بولسا، ئۇنى تەختكە چىقىرىپ، خىزمىتىنى قىلسام بولىدۇغۇ ...» دەپ ئويلىدى. ئاندىن قوچقارىېشى قىشلىقىغا سۇلتانلىق قىلىۋاتقان چاغدا يۈز بەرگەن پاجىئەنى، چۈچۈك سۇلتان بېگىم بىلەن توي قىلغان دەسلەپكى چاغلارنى، ئوغۇللىرى ئابدۇللەتىفخان، ئابدۇلكېرىمخان تۇغۇلغان ۋاقىتتىكى خۇشال دەملەرنى، نائىب سۇلتان بولغان چاغدا ئۆتكۈزگەن قۇتلۇق كۈنلەرنى، ئاتىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۆزىنى ۋەلىئەھد دەپ جاكارلاپ ئاقسۇغا ئۇزاتقانلىقىنى ... بىر ـ بىرلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ۋە ئاتىسى يادنامە قىلغان بۇ مىسرالارنى پىچىرلاپ ئوقۇدى:

تەلەپ قىلمىغىل ياخشى نامدىن بۆلەك،
كوھنارمايدۇ بۇ نام، بىلمەك كېرەك.
پۇقرانىڭ ئىسلاھىنى سەن كۆزەت،
بولسۇن مەندىن ئۇل ساڭا يادىكار ...

دەريا سۈيى شارقىراپ گىرۋەككە ئۇرۇلاتتى. ئەمىر ئەكرەممۇ خىيال سۈرۈپ قىرغاقتا ئولتۇراتتى. ئوتقاشلارنىڭ شولىسى سۇدا جىلۋە قىلاتتى. «ياخشى نام قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئەل ـ ئاۋامنىڭ غېمىنى يېيىشىم، ئادىل بولۇشۇم كېرەك ...» دەپ ئويلىدى ئابدۇرەشىدخان ئوتقاشلارنىڭ يورۇقىدا پارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇغا نەزەر سالغىنىچە.

توساتتىن سۇ يۈزىدە پەيدا بولغان زىچ توقۇلغان بورىدەك

ياپپاڭ بىر نەرسە ئابدۇرەشىدخانغا يېقىنلاپ كەلدى.
— سۇلتان ئالىيلىرى ! — دەپ توۋلىدى ئەمىر ئەكرەم ۋە ئىتتىك كېلىپ ئۇنى قولىدىن تارتقىنىچە قىرغاقتىن يىراقلاشتۇردى، — ئالدىلىرىغا كەلگەن نەرسىنى كۆرمىدىلىمۇ؟
ئۇ دېگەن سالجا، نەچچە مىڭ قان شورىغۇچىنىڭ بىرىككەن توپى. ئۇ ئادەم توگۇل ئات ـ توگىگە يېپىشىۋالسا، بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە ئىسكىلىتقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئىتتىپاقلىقىنىڭ، بىرلىكىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى مانا شۇنىڭدىن كۆرسە بولىدۇ. قارىسىلا ئۇنىڭغا، ئالىيلىرى.
كەڭلىكى ئىككى مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىرچە يەرگە بورىسىمان ھالەتتە يېيىلغان قارامتۇل بىر نەرسە گىرۋەككە سۇۋۇشىپ تۇراتتى. قارىماققا ناھايىتى قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى.
ئەكرەم بوراندا غولىدىن ئاجراپ چۈشكەن يوغان بىر تال شاخنى تۇۋىدىن تۇتۇپ دەرياغا تاشلىۋىدى، سالجىلار توپى شۇ ئان ئۇنىڭغا يۆگەشتى.
— كېلىڭلار، بۇ شاخنى تارتىپ قىرغاققا چىقىرايلى، — دېدى ئەكرەم ئوتقاش كۆتۈرۈپ تۇرغان ياساۋۇللارغا.
ئابدۇرەشىدخانمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ، شاخنىڭ بىر ئۇچىدىن تارتتى، تارتە ـ تارتە ئاخىر قىرغاققا چىقىرىشتى. ھېلىقى بورىدەك نەرسىمۇ شاخقا يۆگىشىپ تۇراتتى، ئاستا قىمىرلايتتى.
— دەريادىن يىراقراق يەرگە ئاپىرىپ ئوت قويىۋۇېتەيلى، بولمىسا يەنە دەرياغا چۈشۈپ بىر ئاپەت بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ئەكرەم شاخنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تارتىپ، ئۇ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۈمۈلگەنىدى.
ئۇلار شاخنى تارتىپ، دەريادىن خېلى يىراققا ئاپىرىشتى.
— يا خۇدا، نېمانداق ئېغىر نەرسە بۇ ! — دېدى ئابدۇرەشىدخان ھاسىرىغىنىچە.
— سۇلتان ئالىيلىرى، نېرىراق تۇرسىلا، بۇ قان شورىغۇچىلار پۈتلىرىغا يامىشىۋالمىسۇن. ئۇ چاپلىشىۋالسا ئوت

يېقىپ كۆيدۈرمىگۈچە ئاجرىمايدۇ. خەلقنى مانا شۇنداق ئىتتىپاقلاشتۇرالىغان شاھ ھەرگىز يېڭىلمەيدۇ.

— بەرھەق، تولىمۇ ھېكمەتلىك گەپ بولدى بۇ، ئەمىر، — دېدى ئابدۇرەشىدخان.

ياساۋۇللار شاختىن ئاجراپ دەريا تامان سىلجىشقا باشلىغان سالجىلارنىڭ ئۈستىگە قۇرۇق شاخ ـ شۇمبىلارنى تاشلاپ، ئوت قويۇۋەتتى. ئوت ياغ تۆكۈۋەتكەندەك چاراسلاپ كۆيۈپ. پۇراپ قالغان قوي مېيىدەك بىر خىل سېسىق پۇراق ئەتراپنى بىر ئالدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، بارگاھقا قايتساقمىكىن، نەجىب قۇددۇسنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى، — ئەمىر ئەكرەم كۆيۈپ كۇلگە ئايلانغان سالجىلار توپىدىن كۆزىنى ئېلىپ ئېغىر تىندى. ئابدۇرەشىدخان: «ئادالەتتىم بىلەن ئاۋامنى ئىتتىپاقلاشتۇرىمەن» دېگەن مەنىدە ئۇنىڭغا باقتى.

— قايتايلى، ئالىيلىرى، ۋاقىت تۇن يېرىمىدىن ئۆتۈپتۇ، — دېدى ئەكرەم ئاسمان گۈمبىزىدە ئېسىلىپ تۇرغان تولۇن ئايغا قاراپ.

ئۇلار كەلگەن يولى بىلەن ئارقىسىغا يېنىشتى. بارگاھقا يېقىنلاشقاندا يىراقتىن خورازنىڭ چىللىغىنى، يېقىندىن ئاتنىڭ كىشنىگىنى ئاڭلاندى.

ئابدۇرەشىدخان بارگاھ ئالدىغا كەلگەندە، چاي ئىچىپ ئولتۇرغان نەجىب قۇددۇس ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەجا كەلتۈردى.

## 2

— خان ئالىيلىرى، بۇ نۆۋەت ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىشقا رايىلىرى تازا بارمىغاندى، مانا ئەتە بۇ شەھەرگە بېسىپ كىرىمىز. ئەمىر خوجا ئەلى باتۇرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ

ئابدۇرەشىدخانغا ئەۋەتىپ بەرسەك، ئالدىلىرىغا سالامغا كەلمەي قويمايدۇ. مانا ئەمدى مۇبارەك باشلىرىغا تېخمۇ كاتتا ئامەت قۇشى قونىدىغان بولدى.

— بەس، جەببار بەردىبەگ، ھېلىمۇ ئىنىم سەئىدخاننىڭ روھى ئالدىدا ئۆيىلىۋاتىمەن. شۇنداقتىمۇ، كەلگەنىكەنمەن ئاقسۇنى ئېلىشىم كېرەك. بىراق، ياركەندكە يۈرۈش قىلىش ئويۇم يوق، — دېدى مەنسۇرخان قاپىقىنى سېلىپ. ئۇ خېلىلا ياشىنىپ قالغانىدى.

— ئۆزلىرى دانا، خان ئالىيلىرى، — جەببار بەردىبەگ تەگدىن تولىسى ئاقارغان ئۇزۇن ساقىلىنى سىيپاپ، بوشىغان جامغا مەيزاپ قۇيۇپ مەنسۇرخانغا تۇتتى، — پېقىرنىڭ ئويىمۇ شۇ. بوۋىلىرى چىڭگىزخاننىڭ ئىدىل دەرياسىدىن ئۆتۈپ پەرەڭلەر ئېلىگە يۈرۈش قىلىشى زېمىنىنى كېڭەيتىپ، ئالەمشۇمۇل خان بولۇش ئۈچۈن ئىدى. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى مەملىكىتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن قىلغان جەڭلىرى بىلەن نام قازانغاندۇر. ئالىيلىرى ئاقسۇغا كېلىپلا توختاپ قالسىلىرى بولمايدۇ. ئىسسىقكۆل، دەشتى قىپچاق دىيارلىرىمۇ ئالىيلىرىنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇشى كېرەك.

مەنسۇرخان جامغا لىق قۇيۇلغان مەيزاپنى بىر ئوتلاپ داستىخانغا قويدى:

— مەنمۇ بۇنى ئويلىغان، ۋەزىر، ئەمما قېرىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەرھۇم ئىنىمنىڭ ئوغلى بىلەن زېمىن تالىشىپ جەڭ قىلغۇم يوق. شۇڭا، ئاقسۇنى ئېلىپلا تۇرپانغا قايتىمەن.

— ئەلۋەتتە، سۇلتان ئالىيلىرى، — خۇپسەنلىك قىلىپ ھىجايدى جەببار بەردىبەگ، — ئۆزلىرىنى ئۇنداق قېرى چاغلىمىسىلا، بۇ تازا كۈچكە تولغان قىران ۋاقىتلىرى، ھەر شەھەرنى ئالغاندا بىر قىزغا نىكاھلانسىلا، ياشىرىپ كەتمەمدىلا، ھا ـ ھا ـ ھا... قېنى ئىچىۋەتسىلە، ئالىيلىرى.

مەنسۇرخان جامنى بوشىتىشىغا جەببار بەردىبەگ ئۇنىڭغا

بۆدۇنە كاۋىپىدىن بىر پارچە سۇندى.

— ئاقسۇ شەھىرىگە ئەتە قانداق چاغدا، قانداق بېسىپ كىرىمىز؟ ھېلىمۇ بىر ئايدىن بېرى قامال قىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. ئەمىر خوجا ئەلى باتۇر لەشكەرلىرىمىزنى شەھەرگە يېقىن يولاتمايۋاتىدۇ. باشقا گەپنى قويۇپ، مۇشۇ ھەقتە مەسلىھەت بەرسىلە، ۋەزىر.

جەببار بەردىبەگ جامدىكى مەيزاپنى كۆتۈرۇپلا ئىچىۋەتتى. جاۋىغىيىدىن ئاققان تامچىلار ساقىلىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن، دېدى:

— خوجا ئەلى باتۇر ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئەتە ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولۇپلا توپچىلىرىمىز شەھەر دەرۋازىلىرىغا كۆيدۈرگۈچ ئاتسا، لەشكەرلەر شوتا بىلەن سېپىلغا چىقسا، چەۋەندازلىرىمىز شەھەرگە بېسىپ كىرسە، ئۇ قېرى ھاكىمبەگ قىلىچىنى بويىنىغا ئېسىپ، ئالدىلىرىدا تىز پۈكىدۇ.

— تىز پۈكەمدۇ، پۈكمەمدۇ، ئەتە كۆرىمىز، — مەنسۇرخان بۆدۇنە كاۋىپىنى لېگەنگە تاشلاپ قويدى. كۆڭلى ھېچنېمىنى تارتمايتتى. «ناۋادا ئەتىمۇ شەھەرنى ئالالمىساق قايتىپ كېتىمەن. شۇنداق قىلسام، ئاقسۇغا لەشكەر تارتىپ كەلگىنىمنى ئابدۇرەشىدخان ئۇقماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ مىجەزى ئىتتىك، ناۋادا ئۇ مېنىڭ ئاقسۇغا باستۇرۇپ كەلگىنىمنى ئۇقسا، جەزمەن ئۈستۈمگە لەشكەر تارتىپ كېلىدۇ، تاغام دەپ مېنى ئاياپ ئولتۇرمايدۇ. جەڭدە مەغلۇپ بولسام، ئىنىم ئەمىن خوجىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈن مېنىڭ بېشىمغا كەلمەي قالمايدۇ. ئاھ، خۇدا! ئاخىرقى ئۆمرۈمنى تىنچ - ئامان ئۆتكۈزسەم بولاتتى. لېكىن، ۋەزىر، ئەمىرلىرىم ئارامخۇدا كۈن كەچۈرۈشۈمگە يول قويمايۋاتىدۇ. قانداق قىلسام بولاركىن؟ ...» ئۇ خىيال ئىلكىدە بىقىنىغا يۆلەكلىك تەكىيىگە باش قويغىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى.

ۋەزىر جەببار بەردىبەگ سىرتقا چىقىپ ئەمىر، سەردارلارغا ئەتە ئەتىگەندە شەھەرگە بېسىپ كىرىشكە تەييار تۇرۇشنى

تاپىلاپ، مەنسۇرخاننىڭ يېنىغا قايتىپ كىردى. شامدانلاردىكى شام يېنىپ تۇراتتى. بۇ شاھانە چېدىرنىڭ ئىشىك ياپقۇسى قايرىۋېتىلگەچكە، ئىچى تىنچىق ئەمەس ئىدى.

«بۇ سۇلتانىمىز ناھايىتى كاج، ئۆزۈمچىل ئادەم ـ دە. يەپ ـ ئىچىپ، تەختتە ئولتۇرۇشنىلا بىلىدۇ، باشقا ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق. خان نەسلىدىنمۇ مۇنداق غەيرەتسىز سۇلتان چىقىدىكەن، تووۋا. نەچچە ئون يىل بولدى، تۇرپان دىيارىغىلا[1] قانائەت قىلىپ، زېمىنىمىزنىمۇ كېڭەيتەلمىدى. ‹ئابدۇرەشىدخان ئىنىلىرىنىڭ ئوغلى تۇرۇپ شۇنچە كەڭ مەملىكەتكە خانلىق قىلىۋاتىدۇ، سىلى بولسىلا تاغلارنىڭ ئارىسىدا قالدىلا، ھېچبولمىسا ئاقسۇنى ئىلكىلىرىگە ئېلىۋالسىلا› دەپ مىڭ تەستە گېپىمگە كۆندۇرۇپ، ئون مىڭ لەشكەر بىلەن ئەكەلسەم، قايتىپ كېتىمەن دەۋاتقىنىنى. خان غەيرەتلىك بولمىسا، لەشكەرىدىمۇ غەيرەت ـ شىجائەت بولمايدىكەن، ھەتتا ئەلدىمۇ غەيرەت قالمايدىكەن. شۇڭا، بىر ئايدىن بېرى شۇنچە كۈچەپمۇ ئاقسۇنى ئالالمايۋاتىمىز. مۇبادا ئابدۇرەشىدخان لەشكەر تارتىپ كېلىپ قالسا، قۇيرۇقىمىزنى خادا قىلماقتىن باشقا ئىلاج يوق. ئەتە سەھەر يەنە بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى، خۇدا نۇسرەت بەرسە ئەجەب ئەمەس ...» دەپ ئويلىدى جەببار بەردىبەگ ئوچۇق ئىشىكتىن زۇلمەت باسقان دالاغا كۆز سېلىپ. ئۇ ئويلىغاندەك مەنسۇرخان ئۇنچىۋالا كاج، غەيرەتسىز ئادەم ئەمەس، لېكىن غەيۇرمۇ ئەمەس ئىدى. مەملىكىتىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىشنى ئويلىغان چاغلىرىمۇ بولغان. ئۇ ۋاقىتلاردا ئىنىسى سەئىدخان غەيرەت ـ جاسارەت بىلەن مىرزا ئابابەكرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆز ئالدىغا خانلىق تىكلەپ، ئۇنى قايىل قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا مەنسۇرخان ياشىنىپ قالغان، ئارمىنىغا تۇشلۇق دەرمانى قالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ۋەزىر، ئەمىرلىرىنىڭ كۈچلۈك دەۋەت

---

[1] ئۇ چاغدىكى تۇرپان دىيارى شىمالىي شىنجاڭنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

قىلىشى ئارقىسىدا ئاقسۇغا كەلگىنى ئۇچۇن پۇشايمان قىلمىغىنى بىلەن ئۇمىدۋار ئەمەس ئىدى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئەنە شۇنداق غەم بىلەن ئۇيقۇغا كەتكەن مەنسۇرخان، بىرسى تۇۋۇلىغاندەك بولۇپ چۆچۈپ ئويغاندى. جەببار بەردىبەگ بىرقانچە ئەمىر، سەردار بىلەن ئىشىك تۇۋىدە ساقلىنى تىترىتىپ تۇراتتى.

— نېمە گەپ، ۋەزىر؟ — سورىدى ئۇ باش كۆتۈرۈپ.

— ئابدۇرەشىدخان نۇرغۇن - نۇرغۇن ... — جەببار بەردىبەگ تىلى كالۋالىشىپ گەپ قىلالماي قالدى.

مەنسۇرخان ئىرغىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى:

— ئابدۇرەشىدخان نېمە بوپتۇ، دېمەمسەن، كالۋا؟! — ۋارقىرىدى ئۇنى سىلكىشلەپ.

— سۇلتان ئالىيلىرى، — دېدى ئۆزىنى سەل تۇختىتىۋالغان جەببار بەردىبەگ، — ئابدۇرەشىدخان نۇرغۇن لەشكەر بىلەن ئۇستىمىزگە باستۇرۇپ كەپتۇ. ئايغاقچىلار بايىلا بۇ شۇم خەۋەرنى ئەكەلدى، قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلىمىز؟ قانداق قىلىشىڭنى بىلمىگەن ئادەم نېمىدەپ ئاقسۇغا كەلدىڭ؟ ماڭ، قىلىچىڭنى بوينۇڭغا ئېسىپ ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ گۇناھىڭنى تىلە. بىز ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلمايمىز، — دېدى مەنسۇرخان غەزەپ بىلەن. ئۇ بىردىنلا قاتتىق يۆتىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى، چىرايى بورىدەك سارغىيىپ، تىنىقى ئىتتىكلەپ كەتتى.

— شاھ مەپىسنى ئەكېلىڭلار! تېۋىپنى چاقىرىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى جەببار بەردىبەگ.

مەنسۇرخاننىڭ ئىككى مەخسۇس تېۋىپى دورا - دەرمانلارنى ئېلىپ يېتىپ كېلىشتى. شاھانە مەپىمۇ چېدىر ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. جەببار بەردىبەگ مەنسۇرخاننىڭ بېشىنى، ئىككى تېۋىپ ئاياغ تەرىپىنى كۆتۈرۈپ هارۋىغا ئېلىشتى.

— پۈتۈن لەشكەرلەر تېز يولغا چىقسۇن، تۇرپانغا

قايتمىز، — دەپ ئەمىر ـ سەردارلارغا بۇيرۇق قىلدى جەببار بەردىبەگ، — ئوقياچى مەرگەنلەر ئەڭ ئاخىرىدا مېڭىپ، دۈشمەننى بىزگە يېقىن كەلتۈرمىسۇن، خان ئالىيلىرىنى ئامان ـ ئېسەن ئاستانىگە يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. ھەرگىز بىخەستەلىك قىلماڭلار. كىمكى ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا چېپىپ تاشلانسۇن!

پۈتۈن لەشكەر ئاتلاندى. ئەڭ ئالدىدا مەنسۇرخاننىڭ مەپىسى ئۈچقاندەك كېتىۋاتاتتى. مەپىدە يېرىم بىھوش ھالەتتە مەنسۇرخان ياتاتتى. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا جەببار بەردىبەگ، سول يېنىدا ئىككى تېۋىپ ئولتۇرغانىدى. مەپە بىر دۆڭ ئۈستىگە چىققاندا، كەينىگە بويۇنداپ قارىغان ۋەزىر ناھايىتى يىراقتا باش ـ ئاخىرى يوق چەكسىز ئوت يالقۇنىنى كۆردى. «يائاللا، بۇ نېمە كارامەت؟ ھېلىمۇ ۋاقتىدا يولغا چىقىۋاپتۇق، بولمىسا جاندىن ئايرىلىدىكەنمىز» دېدى ئىچىدە قورقۇنچ بېسىپ ۋە مەپىكەشكە:

— چاپسان ھەيدە، ئاتلارغا قامچا ئۇر! — دەپ توۋلىدى.

ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەنىدى. ئوت يالقۇنى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. جەببار بەردىبەگ كۆرگەن ئوت يالقۇنى ئابدۇرەشىدخاننىڭ لەشكەرلىرى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئوتقاشلار بولۇپ، ئاقسۇ شەھىرىگە يېقىنلاپ قالغانىدى. بۇنى ئەڭ ئاۋۋال سېپىل ئۈستىدە تۇرغان ئەمىر خوجا ئەلى باتۇر كۆردى. ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بۇ سەركەردىنىڭ سولغۇن چېھرىدە كۈلكە پەيدا بولدى. ئاق ياماشقان قويۇق، ئۇزۇن قاشلىرىنى لىكىلدىتىپ، ئاقىرىپ كەتكەن شاپ بۇرۇتىنى سىلاپ قويدى ـ دە، خاس نۆكەر، ياساۋۇللىرى بىلەن سېپىلدىن چۈشتى.

— دەرۋازىنى ئېچىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى ئۇ يوغان قارا قويما قۇلۇپلارغا سەپسېلىپ.

دەرۋازىۋەنلەر گىرەلەشتۈرۈپ سېلىنغان ئۈچ قويما قۇلۇپقا ئاچقۇچ سالدى. ئىككى ياساۋۇل مىس ھالقىدىن تۇتۇپ

دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئاچتى. دالا شاملى غۇرۇلداپ كىرىپ خوجا ئەلى باتۇر تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان جەدىنىڭ بېغىر رەڭ يالىنى يەلپۈدى.

ــ ھەممىمىز چىقىپ سۇلتاننى كۈتۈۋالايلى، ــ ئۇ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى بىر نۆكەرگە تۇتقۇزۇپ پىيادە دەرۋازىدىن چىقتى ئۇنىڭغا دالا ئوت دېڭىزىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. «خانلىقنىڭ لەشكەرلىرى ئەجەب پەيتىدە يېتىپ كەلدى. يەنە بىرنەچچە كۈن كېچىككەن بولسا شەھەرنى تارتقۇزۇپ قوياتتۇق ...» كۆڭلىدىن شۇ ئوي كېچىپ قەدىمىنى تېزلەتتى. كۆز يېتىم يەردە ئاق تورۇقتا مىنگەن ئابدۇرەشىدخان كۆرۈندى. ئۇنىڭ قولىدىمۇ ئوتقاش، ئۇچقۇن چاچرىتىپ كۆيۈۋاتاتتى. ئەمىر خوجا ئەلى باتۇر ئابدۇرەشىدخاننىڭ تىزگىننى تارتىپ ئاتتىن چۈشكىنىنى كۆرۈپ، قولىدىكى قالقان بىلەن نەيزىنى نۆكىرىگە بېرىپ، بۇركۇت قانىتىنى كەرگەندەك غۇلىچىنى يايدى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتان ئالىيلىرى!

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاغا! ــ ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

ــ ئاللاھۇ ئەكبەر! ــ دېگەن تەكبىر ساداسى ئەتراپنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ لەشكىرى بىلەن شەھەردىن چىققان ياساۋۇل، نۆكەرلەر ئاللانى ئۇلۇغلاپ، ئۆز غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىشتى.

ئابدۇرەشىدخان ئاتىسىغا ئۇزاق مەزگىل ھەمراھ بولغان بۇ پېشقەدەم سەركەردىگە مىننەتدارلىق نەزىرى بىلەن قارىدى. ئەمىر خوجا ئەلى باتۇر ئۇچىسىغا يېپىنچاقلىۋالغان ئاق شايى يوپۇقنىڭ مورە - پەشلىرى تېشىلىپ، يىرتىلىپ كەتكەن، قولاق تۈۋىدە قان ئۇيۇپ قالغان، ياداپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ياڭاق سۆڭىكى بۆرتۈپ چىققان، ئۇچلۇق ئېڭىكىنى قاپلىغان قىسقا ساقىلى ئۇچتەك ئاقارغان، بېشىدىكى كۇمۇش ئوتۇغاتلىق چويۇن دۇبۇلغا بىلەن ئۇچىسىدىكى ساۋۇتقا تەگكەن ئوقلار ئاز ئەمەستەك

قىلاتتى.

— ئاللا ئىگەم ئالىيلىرىنى ئەجەب ۋاقتىدا يەتكۈزدى، — دېدى خوجا ئەلى باتۇر ئابدۇرەشىدخانغا ياندىشىپ، — بىر ئايدىن بۇيان مەنسۇرخاننىڭ لەشكەرلىرى شەھىرىمىزنى قامال قىلىۋېلىپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيىنىمۇ توختىتىۋەتتى، ئاشلىق، يەل - يېمىش ئېلىپ كىرىدىغان دېھقانلارنىڭ يولىنىمۇ توسۇپ قويدى. سېپىل - دەرۋازىلارغا يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، زادىلا ئارام بېرىشمىدى. بىرقانچە قېتىم سېپىل ئۈستىگە باستۇرۇپ چىقمىشقاندى، ئۇلارنى شوتىلىرى بىلەن قوشۇپ غۇلىتىۋەتتۇق. بىزدىنمۇ، مەنسۇرخاننىڭ لەشكىرىدىنمۇ خېلى كۆپ كىشى جېنىدىن ئايرىلدى، — ئۇ ئېغىر تىنىدى ۋە قوللىرىنى كۆكسىگە قويغىنىچە قەدىمىنى توختاتتى، — سۇلتان ئالىيلىرى، ئاتقا مىنىۋالغايلا.

— ئاغا، سىلى ھاياتلا بولىدىكەنلا، ئاقسۇ شەھىرىگە ھېچقانداق دۈشمەن كىرەلمەيدۇ. بوۋام بىلەن ئاتام كىرگەن بۇ دەرۋازىدىن پىيادە كىرگۈم بار، — ئابدۇرەشىدخان خوجا ئەلى باتۇرنىڭ يېڭىدىن بوشقىنا تارتىپ قەدەم تاشلىدى، — ئاللا سىلىگە رەھمەت قىلسۇن، ئاغا. مەكتۇپلىرىنى تاپشۇرۇۋالغان شۇ دەمدە ۋەزىر مىرزا ئەلى تاغىنىڭ ساداقەتسىزلىك، ئاسىيلىق قىلمىشلىرى ئاشكارىلىنىپ، پۈتۈن ئەس - يادىم شۇ ئىشتا قالغاندى. شۇنداقتىمۇ، دەرھال ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن ئاتلىنىپ، ئۆتەڭلەردە تاماق يەۋېلىش ئۈچۈنلا توختاپ، شۇنداق تېز يېتىپ كەلدۇق. قەدىمىمىز يەتكەنلا يېزا - بازارلاردىكى ئاۋام خەلق بىزنى ھۆرمەت - ئىززەت بىلەن كۈتۈۋالدى، ھەتتا ئاتلىرىمىزنىڭ يەم - خەشەكلىرىدىن تارتىپ يەتكۈزۈپ بەردى. مۇنداق پىداكارانە كۆيۈنۈش ئەل - ئاۋامنى روناق تاپتۇرۇپ كەلگەن ئېسىل پەزىلەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم ۋە بۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدۇم.

— قوچقاربېشى قىشلىقىدىكى ۋاقتىمىزدىلا مىرزا ئەلى

تاغايدىن گۇمانلانغانىدىم، ئەمما ئۇ چاغدا ئالىيلىرىغا دېيىشكە پېتىنالمىغان. بۇ قۇۋ تۇلكە ئاخىر قۇيرۇقىدىن ئىلىنىپتۇ.

ئۇلار سۆزلىشىپ سېپىلغا يېقىنلاپ كەلدى. سېپىلنى بويلاپ قېزىلغان خەندەككە سۇ تولدۇرۇلغانىدى. دەرۋازا ۋە سېپىلغا تېگىپ قاڭقىپ يەرگە ۋە خەندەككە چۈشكەن ساداق ئوقلىرى ئېتىزدىكى يېڭى ئورۇلغان قوناق شېخىدەك ئەتراپقا بىر كەلگەن، توپ ئوقلىرى ئۆتمەتۆشۈك قىلىۋەتكەن سېپىلنىڭ بەزى يەرلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى.

ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتكەن ئابدۇرەشىدخان بۇ يەردە كەسكىن جەڭ بولغىنىنى بىلدى ـ دە، كۆڭلىدە خوجا ئەلى باتۇردىن يەنە بىر قېتىم مەمنۇن بولۇپ، سۆز ئالدى:

ـــ ئاغا، ئەمىر ئەكرەم بەش مىڭ لەشكەر بىلەن تاغام مەنسۇرخاننىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى، ئۇلارنى ئەرابات قىشلىقىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم. تاغامنىڭ ئەقلى بولسا، لەشكەرلىرىنىڭ قىرىپ تاشلانمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ ئەسىرگە ئېلىنماي قويۇۋېتىلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىككىنچى قېتىم ئاقسۇغا باستۇرۇپ كەلمەيدۇ. ئەمىر ئەكرەم ئەتە كەچكىچە قايتىپ كەلسە، بوۋامنىڭ مەقبەرىسىگە چىقىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ كىرىمەن. ئاغا، مەن تېزرەك يولغا چىقمىسام بولمايدۇ.

ـــ مەن قېرىدىم، سۇلتان ئالىيلىرى، بوۋىلىرى ئەزىز كۆرۈپ مەڭگۈلۈك ماكان تۇتۇپ ياتقان بۇ كاتتا زېمىننى ياۋلارغا تارتقۇزۇپ قويماي، خانىۋەيران قىلماي، ساق ـ سالامەت ئالىيلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىمگە نېسىپ قىلغان ئاللادىن مىننەتدارمەن، بۇ تىلىكىمنى يەردە قويمىغايلا.

ـــ شىجائەتلىرىگە بارىكاللا، ئاغا، ـــ ئابدۇرەشىدخان نۆكەرلەر كۆتۈرۈپ تۇرغان ئوتقاشلارنىڭ يورۇقىدا چىرايى نۇرلىنىپ كەتكەن ئەمىر خوجا ئەلى باتۇرنىڭ گۇرس ـ گۇرس دەسسەپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ: «بوۋاي تىمەن تۇرۇپتۇ، يەنە

بىرقانچە يىل ئاقسۇغا ھاكىمبەگ بولۇپ بېرەلەيدىكەن» دەپ ئويلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىلى ئاتامغا ئۇزاق مۇددەت ھەمراھ بولغان. ئۇنىڭ ئۇمىدىدىن چىقتىلا، ئەمدى پېقىرنىڭ ئۇمىدىنى يەردە قويماي، ئاقسۇدا يەنە بىر مەزگىل تۇرۇپ بەرگەيلا.

سۇلتاننىڭ بۇ ئۆتۈنۈشى ياشانغان سەركەردىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ خەندەككە ئۆزى سالدۇرغان كۆركەم ئەگمە كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنىنى تۇتۇپ توختىدى.

— مەن بالىلىق بولدۇم، سۇلتانىم، بۇ ئۆمرۈمدە ئون يەتتە خوتۇنغا ئۆيلىنىپ، بالا يۈزى كۆرمىگەنىدىم. ئاقسۇغا كېلىپ خوجا تاجىدىن ھەزرەتلىرىنىڭ نەۋرىسىگە ئۆيلىنىپ، بۇ يىل باھاردا پەرزەنتلىك بولدۇم، شۇڭا پايتەختكە كېتىپ، قالغان ئۆمرۈمدە بالامنى ئوبدان تەربىيەلەش نىيىتىگە كەلگەنىدىم.

— مۇبارەك بولسۇن، ئاغا، — ئابدۇرەشىدخان ئۇنى چىن كۆڭلىدىن تەبرىكلەپ سورىدى، — غاردىن چىققىنى تۈلكىمىكەن؟

— ياق، ئالىيلىرى، غاردىن چىققىنى بۆرە. يەتمىش سەككىز ياشقا كىرگەن چېغىمدا قىز ئالغان خوتۇنۇمدىن ئوغۇللۇق بولدۇم. يۈرسىلە، ئالىيلىرى، ئۇ كۆك بۆرىنى سىلىگە كۆرسىتەي.

ئۇلار داغدام ئېچىلغان دەرۋازىدىن ئۆتۈپ ئاقسۇ شەھىرىگە قەدەم قويدى.

— سۇلتانىمىزنىڭ قۇتلۇق قەدىمىگە مۇبارەك بولسۇن !

— زەپەر ئادىل پادىشاھىمىز ئابدۇرەشىدخانغا مەنسۇپ !

— ئاقسۇ شەھىرى سەئىدىيە خانلىقىغا مەنسۇپ !

يولدا قاتار تۇرۇشقان سىپاھ ۋە ئاۋامنىڭ ساداسى پەلەكنى قاپلىدى.

# ئالتىنچى باب

# قوغلاپ تۇتۇش

## 1

سەردار بەھرامنى مىرزا ئەلى تاغاي ئەمەس، ئوبۇلھادىبەگ كۈتۈۋالدى. قىلىچ تەڭلەشمەي، قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار ئۇچراشقان جاي قىزىلدەريا كۆۋرۈكىنىڭ ئۇستى ئىدى. بۇ كۆۋرۈك ئابدۇرەشىدخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان يىلى ياسالغانىدى.

چاشگاھ ۋاقتى، كۈن تۇتۇق ئىدى. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ شارقىرىغان ئاۋازىمۇ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى بۆلۈۋېتەلمىدى.

— پايتەختتىن كېلىشلىرىمۇ، سەردار؟

— شۇنداق، جانابلىرى.

— ئىسمىشەرىپلىرى نېمىكىن؟

— بەھرام قۇددۇس ئوغلى.

— مۇبارەك ۋەزىپىلىرىنى بىلىشكە بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە. ئىلگىرى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خاس نۆكىرى ئىدىم، ھازىر پايتەخت ئامانلىق مەھكىمىسىنىڭ كاتىۋالبېگىمەن.

— دىيارىمىزغا نېمە خىزمەت بىلەن كەلدىلىكىن؟

— بىر ئاسىي گۇناھكارنى تۇتقىلى.

— ئۇ گۇناھكار كىمكىن؟

بەھرام ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭ

يىگىتنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇردى:
— جانابلىرىنىڭ ئىسمىشەرىپى نېمىكىن؟
— مىرزا ئۇبۇلھادىبەگ، سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ كەنجى ئوغلى.
— سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ؟ — بەھرامنىڭ قاپقارا قېشى لىككىدە كۆتۈرۈلدى.
— شۇنداق، مەرھۇم سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ.
— مۇنداق دېسىلە، جانابلىرى، — ئەجەبلەنگەن بەھرام ئۇبۇلھادىبەگنىڭ بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە سەپسېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى بادام دوپپىسىغا ئاق سەللە ئورالغان بولۇپ، كۇمۇش ئوتۇغات قادالغانىدى. يوغان قارا كۆزلىرى چىرايىنى خىيالچان كۆرسىتەتتى. ساقىلى چىرايلىق ياسالغان، مەخمەل كەمزۇل ئۇستىدىن يېشىل تون كىيگەن، بېلىدىكى كۇمۇش توقىلىق كەمەرگە خەنجەر ئېسىقلىق ئىدى. ئۇزۇن قونچلۇق قارا خۇرۇم ئۆتۈكى پارقىراپ تۇراتتى. «نېمانچە ئېگىز ئادەم بۇ، ئۆزۈمنى ئېگىز ساناپ يۈرسەم، يەلكىسىگە كېلىۋاتىمەنا ...» دېدى بەھرام ئىچىدە ياندىشىپ تۇرۇپ.
— جانابلىرى، ۋەزىپىلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلسەم بولامدۇ؟
— پېقىر ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ باش پۈتۈكچىسى بولىمەن، — جاۋاب بەردى ئۇبۇلھادىبەگ.
— پېقىر سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئالىيلىرىنىڭ ئەمرى بىلەن مىڭ نەپەر لەشكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كاشغەرگە كېلىشىمدىكى مۇددىئا جانابلىرىغا يېزىلغان بۇ مەكتۇپتا ئوچۇق بايان قىلىنغان، — سەردار بەھرام تۆمۈر ساۋۇتنى قايرىپ، قويۇن يانچۇقىدىن خوتەننىڭ پاتلىق قەغىزىدە ياسالغان لىپاپىنى ئېلىپ ئۇبۇلھادىبەگكە سۇندى.
ئۇبۇلھادىبەگ لىپاپىنىڭ ئۇستىگە ئابدۇرەشىدخاننىڭ مۆھرى بېسىلغانلىقىنى كۆرۈپ، باش ئۇستىگە كۆتۈرۈپ ئۈچ قېتىم

سۆيگەندىن كېيىن ئاچتى. كەشمىرنىڭ تىللا رەڭلىك قەغىزىگە قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان خەتنى ئوقۇدى:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم !

مۆھتەرەم سەرمۇنشى ئوبۇلھادىبەگ:

ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن يازغان مەكتۇپىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندىم. سەممىيەت بىلەن ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق كۆرسىتىپ، مىرزا ئەلى تاغاي ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتىڭىز پېقىرغا قوي تېرىسىغا ئورىنىۋالغان چىلبۆرىنى تونۇتۇپ، دىققەت ـ نەزىرىمنى كاشغەرگە قاراتتى. كاتىۋالبەگ سەردار بەھرامنى ئۇ قانخورنى تۇتۇشقا ئەۋەتتىم، ياردەمدە بولغايسىز. ئاقسۇدىن قايتقاندا كاشغەردە توختاپ، ئۇ ياۋۇز مەككارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزۈم تەكشۈرىمەن. ئاللاتائالا: «بەندىلىرىمگە مەن زۇلۇم قىلمايمەن. بەندىلىرىم ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىدۇ» دېگەن. مىرزا ئەلى تاغاي ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغۇچى ئەبلەختۇر. ئۇنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاڭلار. ئاۋام خەلقنى زالىمنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزۇش — بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىزدۇر.

ھەممىڭىزنى ئاللا ئامان قىلغاي.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان

— ئاللانىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى چەكسىزدۇر، دۇنيانى ئۆزى تەڭشەيدۇ، — دېدى ئوبۇلھادىبەگ خەتنى قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ، — سەردار، ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ. ئاللاغا شۈكۈر، سۇلتان ئالىيلىرى پېقىرغا ئىشىنىپتۇ، ئىشەنمەي قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلغانىدىم.

— مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئوغلى بولغانلىقىڭىز ئۇچۇنمۇ؟ — سورىدى بەھرام دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا بېقىپ.

— شۇنداق، سەردار جانابلىرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پېقىرنى

مەرھۇم تاغام ئەمىر كەبىر سەييىدمۇھەممەد مىرزا ئۆز تەربىيەسىدە چوڭ قىلغانىدى. ئاتامنىڭمۇ، تاغامنىڭمۇ ئۆلۈمى ئوخشاشلا پاجىئەلىك بولدى. مانا بۇ مېنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ كەلگەن ئېچىنىشلىق ھەقىقەت. سەردار، بۇ توغرۇلۇق كېيىن سۆزلىشەيلى. مىرزا ئەلى تاغايغا كەلسەك، ئۇ تۈنۈگۈن كېچە قېچىپ كېتىپتۇ.

— قېچىپ كېتىپتۇ؟ — ئېڭىكىنى سىلىدى بەھرام، ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى.

— ھەئە، ئۇ خۇنپەرگە بىرەرى خەۋەر يەتكۈزگەن گەپ. بۇ توغرۇلۇق شەھەرگە كىرىپ سۆزلىشەيلى.

بەھرام ئۇندىمەستىن كۆۋرۈكنىڭ ئۇ بېشىدا سەپراس بولۇپ تۇرغان لەشكەرلەرگە مېڭىش توغرۇلۇق ئىشارەت قىلىپ، ئابۇلھادىبەگ بىلەن بىللە قەدەم تاشلىدى.

كۆۋرۈكنىڭ بۇ بېشىدا تۇرغان باش پۈتۈكچىنىڭ يۈزدەك ياساۋۇل، نۆكىرى ئۇلارنىڭ بىللە كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ سالام بېرىشتى.

«قانخور ئەبلەخ قورقۇپ قېچىپتۇ. نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇنىڭغا سادىق بىرەرى خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. بۇ خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسمىدۇ، ھامىد قەللاتمىدۇ؟ دېمەك، مىرزا ئەلى تاغاي كاشغەردىكى ئەمىر، سەردارلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشەلمىگەن، كۈچمۇ توپلىيالمىغان، شۇڭا قاچقان. ھازىر قەيەردىدۇ؟ ئۇنى قوغلاپ تۇتۇشۇم كېرەك ...» سەردار بەھرام ئاقئوردىغا كىرگۈچە خىيالدىن نېرى بولالمىدى.

ئابۇلھادىبەگ ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى شەھەرنىڭ غەربىدىكى كونا ئوردىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ يەردە خانلىقتا بىۋاسىتە قارايدىغان لەشكەرلەر تۇراتتى. ئۇلارنىڭ سەردارى تۇرغۇنبەگ ئىدى. سەييىدمۇھەممەد مىرزا ئۆزى سالدۇرغان ئاقئوردىغا كۆچكەندىن كېيىن، چاغاتاي زامانىدىن بېرى تەختگاھ بولۇپ كەلگەن كونا ئوردا خانلىق لەشكەرنىڭ تۇرار جايىغا ئايلىنىپ

قالغانىدى.

مىرزا ئوبۇلھادىبەگ سەردار بەھرامنى ئۆز قەسرىگە باشلىدى. ئۇلار چوشلۇك غىزانى بىللە يېيىشتى، ئاقئوردىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ھېيتگاھ جامەسىدە پېشىن نامىزىنى بىللە ئوقۇشتى. ئۇلار ھاكىمبەگ دىۋانخانىسىغا كەلگەندە، ئوردا ئەمەلدارلىرى ئىشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بۇ ئىككىيلەنگە سالام بەجا كەلتۈرۈشتى.

— ۋەزىر نەجمىدىن مەخدۇم مەنسۇرى كەلمىدىمۇ؟ — سورىدى ئوبۇلھادىبەگ.

— تۇنۇگۇندىن بېرى كەلمىدى. ئاغرىپ قالدىمىكىن، بىلمىدۇق، — جاۋاب بەردى ئىشىكئاغىسى ئابدۇسەمەدبەگ ئۇلارغا يېقىن كېلىپ.

— ئەمىر ئەلائىددىن دوغلاتچۇ؟

— ئۇمۇ تۈنۈگۈندىن بېرى يوق.

— مىرزا ئەلى تاغاينىڭ خاس ياساۋۇللار سەردارى زوھۇرىددىنبەگمۇ ئۆز ئادەملىرى بىلەن تۈنۈگۈندىن بېرى قارىسىنى كۆرسەتمىدى، — دېدى كاشغەردە تۇرۇشلۇق خانلىق لەشكەرنىڭ ئەمىرى تۇرغۇنبەگ.

بەھرام ئۇنى ئون بەش يىللار بۇرۇن مىرزا ئاباباكرىنىڭ جەسىتىنى ئەكەلگەن ئاكىسى مەرھۇم ئەلىبەگنىڭ يېنىدا كۆرگەنىدى. ئۇ چاغدا تۇرغۇنبەگ ياشلا يىگىت ئىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئادەم ئەيمەنگۈدەك سالاپەتلىك سەردار بولۇپ يېتىشكەنىدى. ئۇنىڭ گۆشلۈك ئېڭىكىنى قاپلىغان قىسقا ساقىلىغا جاۋغىيىنى ياپقان قويۇق قارا بۇرۇتى تۇتىشىپ كەتكەن. چىرايىدىن جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ خوتەندە بىرقانچە يىل يۈزبېشى، مىڭبېشى بولۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن، سۇلتاننىڭ پەرمانى بىلەن ئەمىرلىككە كۆتۈرۈلۈپ، كاشغەرگە يۆتكەلگەنىدى.

— قارىغاندا مىرزا ئەلى تاغاي يېقىن ئادەملىرىنى بىللە

ئەپقاچقاندەك قىلىدۇ، سەردار. مەن ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ كاتىۋالىبەگلىرىگە پەرمان چۈشۈرۈپ، دەرھال ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلاي. ئۆزلىرى بىر - ئىككى كۈن ئارام ئېلىۋالسىلا، — دېدى ئوبۇلھادىبەگ سەردار بەھرامنى تەكىيىخانىغا باشلىماقچى بولۇپ. لېكىن، بەھرام ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى.

— سەرمۇنشى جانابلىرى، سۇلتان ئالىيلىرى مېنى مىڭ نەپەر لەشكەر بىلەن مىرزا ئەلى تاغاي ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى تۇتۇشقا ئەۋەتكەن تۇرسا، ئارام ئېلىپ ياتسام قانداق بولىدۇ؟ ھازىردىن باشلاپ ھەممىمىز ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈشىمىز زۆرۈر. شۇنداق ئەمەسمۇ، تۇرغۇنبەگ جانابلىرى؟ — دېدى بەھرام سەرمۇنشىدىن نەزىرىنى ئەمىرگە يۆتكەپ، — قانچە كېچىكسەك، ئۇلار شۇنچە يىراقلاپ كېتىدۇ.

— شۇنداق، سەردار جانابلىرى، مىرزا ئەلى تاغاي ناھايىتى شەپقەتسىز، ھىيلىگەر ئەبلەخ ئىكەن. ئۇنى تۇتۇشقا مەنمۇ ياردەملىشەي. سۇلتانىنىڭ ئەمرىنى ۋاقتىدا بەجا كەلتۈرۈش بىزنىڭ بۇرچىمىزدۇر. لېكىن، جانابلىرى، ئۇزۇن يول يۈرۈپ چارچىدىلا. سەرمۇنشى ئېيتقاندەك، لەشكەرلىرى بىلەن ھېچ بولمىسا بىر كۈن ئارام ئېلىۋالسىلا. بىز مەسلىھەتلىشىپ ئۇ مەككارنى تۇتۇشقا ئالدىن ئاتلىنايلى.

تۇرغۇنبەگنىڭ سۆزىنى ئوبۇلھادىبەگ قۇۋۋەتلىدى:

— ئەمىر توغرا دېدى، سەردار. بىز ياساۋۇل، نۆكەرلىرىمىزنى تەشكىللەپ، يېزا - كەنت، بازارلارغا ماڭدۇرايلى. ئۇلار ئاسىيلارنى ئىز قوغلاپ تۇتماي قويمايدۇ.

— مىرزا ئەلى تاغاينى تۇتۇشقا مەنمۇ ئاتلىنىمەن، سەرمۇنشى. ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭلار، بىز ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ئۇ خۇنپەرلەرنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلايلى، — دېدى بەھرام ئۇرغۇلۇق سۆزلەپ، — بىرىنچى يول كاشغەر، ياركەند، خوتەن يولى. مىرزا ئەلى تاغاي بۇ يولنى پىششىق بىلىدۇ. ئۇ بۇ يول بىلەن يۈرۈپ باشقا ئەللەرگە چىقىپ كېتىشى مۇمكىن. مەن

ئادەملىرىم بىلەن خوتەنگىچە، ھەتتا تىبەت، كەشمىرگىچە بېرىپ ئىز ـ دېرىكىنى قىلاي. سەرمۇنشى، سىلى نۆكەر ـ ياساۋۇللىرى بىلەن كاشغەر دىيارىنىڭ بازار، يېزا ـ كەنتلىرىنى ئارىلاپ ئۇلارنىڭ دېرىكىنى قىلسىلا. مىرزا ئەلى تاغاي بىلەن خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس كاشغەرلىك، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كۆپ، بەلكىم مۇشۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغاندۇ. ئۈچىنچى يول كاشغەردىن ئاقسۇ بىلەن تۇرپانغا بارىدىغان يول. ئەمىر تۇرغۇنبەگ بۇ يولنى قامال قىلسۇن. مىرزا ئەلى تاغاي مەنسۇرخاننىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىۋېلىشى مۇمكىن. سۇلتان ئالىيلىرى ئاقسۇدىن كاشغەرگە كەلمەكچى، جانابلار ... — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى قىلمايلا مېڭىشقا تەمشەلدى، — شۇنداق بولسۇن. ئەمىسە مەن ئىشىمنى باشلاي.

— بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن سىلىگە ياردەملىشىمىز، سەردار جانابلىرى. مەن مىرزا ئەلى تاغاي ۋە باشقىلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىشنى ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن باشلاي، دېرىكى بولۇپ قالار، — دېدى ئوبۇلھادىبەگ بەھرامنىڭ ئالدىراپ تۇرغانلىقىنى توغرا چۈشىنىپ.

— مەنمۇ ماقۇل، سەرمۇنشى جانابلىرى. قابىل چەۋەندازلارنى، سەزگۈر ئايغاقچىلارنى ئاتلاندۇرۇپ بۈگۈنلا يولغا چىقىمەن. سۇلتان ئالىيلىرى بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ قالامدۇق تېخى. بەلكىم مىرزا ئەلى تاغاينى قوغلاپ تۇتۇپ، سۇلتانغا تاپشۇرۇپ بەرسەم ئەجەب ئەمەس، — تۇرغۇنبەگ كۆڭلىدىكى گېپىنى قىلىپ، سەردار بەھرام بىلەن دىۋانخانىدىن چىقتى.

سەرمۇنشى مىرزا ئوبۇلھادىبەگ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ، دىۋانخانىغا كىرىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى. ئۇ ھاكىمبەگ قاچقان، كىشىلەر دەككە ـ دۈككىدە قالغان چاغدا ئورنىدا خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلمىسا بولمايتتى. لېكىن، شۇ تاپتا بىجىرىشكە تېگىشلىك ئەڭ زۆرۈر خىزمەت مىرزا ئەلى تاغاينى تۇتۇش ئىدى. شۇڭا، ئىشىكئاغىسى ئابدۇسەمەدبەگ

قاتارلىق سەردار، بەگلەرنى يىغىپ ئابدۇرەشىدخاننىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇپ بەردى ۋە ھەممەيلەننىڭ جان ـ دىل بىلەن سۇلتاننىڭ بۇ پەرمانىنى تېز ئورۇنلاش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىنى تەلەپ قىلدى. تەجرىبىلىك، غەيرەتلىك سەردار، بەگلەرنى، ئايغاقچىلارنى كاشغەر شەھىرىنىڭ ھەرقايسى مەھەللىلىرىگە، يېزا ـ قىشلاقلارغا ماڭدۇردى.

«بەندىنىڭ بۇ دۇنياغا ياخشى ئىش ـ ئەمەل ۋە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن، ئالالانىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى بىلمىگەن ئىنسان ئۆزىنىڭلا پايدىسىنى كۆزلەپ، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشنى ياشاش مەنتىقىسى قىلىۋالىدۇ. مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ شۇنداق ئادەملىكىنى ئۇنىڭ كاشغەرگە ھاكىمبەگ بولۇپ كەلگىنىدىنلا بىلگەنىدىم. ئۇ ماڭا: ‹سۇلتان سەئىدخان ئاتىڭىزنى ئۆلتۈرگەننىڭ ئۇستىگە گۇناھسىز، ساداقەتمەن تاغىڭىز سەيىدمۇھەممەد مىرزىنى ئابدۇرەشىدخان ئۆلتۈردى. سىز ئالىي نەسەبلىك بولۇپلا قالماي، ئىقتىدارلىق ھەم غەيرەت ـ شىجائەتلىك ئىكەنسىز. سىزگە بەك قايىل بولدۇم. سىزگە ھېچكىم زىيان يەتكۈزۈلمەيدۇ. خاتىرجەم خىزمىتىڭىزنى ئادا قىلىۋېرىڭ. ساداقىتىڭىزدىن گۇمانلانمايمەن› دەپ مېنى ئۆزىگە تارتقىنىدا بىر يامان غەرىزىنىڭ بارلىقىنى بىلگەنىدىم. دېگەندەك ئۇزاققا قالماي تاغام سەيىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىنى تۇتقۇن قىلىپ خورلىدى، بىر ئوغلىنى قەتل قىلدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئىككى ئاكامنى تىللىرىنى كېسىپ بوغۇزلىۋەتتى. قابىل ئەمىر، سەركەردىلەرنى زىندانغا تاشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ياۋۇز قىلمىشلىرىدىن سۇلتاننى ۋاقتىدا ۋاقىپلاندۇرۇپ ياخشى قىپتىمەن ...»

ئوبۇلھادىيەگىنىڭ خىيالى مۇشۇ يەردە ئۈزۈلۈپ ئىختىيارسىز تۈرۈپ كەتتى. «مىرزا ئەلى تاغاي تۇتقۇن قىلىنغانلارنى دەرھال قۇتقۇزۇش كېرەك.» كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە كەلگەن بۇ

ئۇي ئۇنى شۇنداق تېز ماڭدۇردىكى، دىۋانخانىدىن چىقىپ كەتكىنىنى باشقىلار بىلمەي قالدى.

## 2

زىندان ئاق ئوردىنىڭ سول تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەنجان تام بىلەن قورشالغانىدى. مىرزا ئوبۇلھادىبەگ ئىككى ياساۋۇل ئاي پالتا تۇتۇپ تۇرغان قارامتۇل ئىشىكتىن ئىتتىلىپ كىردى.

— سەرمۇنشى جانابلىرى، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، — دېدى زىندانبېگى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ياغلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسى قوماق باسقان بېشىنى يوشۇرۇپ تۇراتتى. لىغىلداپ تۇرغان قورسىقىنى ئايلاندۇرۇپ باغلىۋالغان بەلبېغىغا يوغان كۆن غىلىپىغا سېلىنغان پىچاق، قىزغۇچ ناس قاپىقى، بىر تۇتام ئاچقۇچ ئېسىلغانىدى.

— مىرزا ئەلى تاغاينىڭ بۇيرۇقى بىلەن زىندانغا تاشلانغان مەرھۇم ئەمىر كەبىرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى، سەردار، بەگلەرنى يورۇقلۇققا چىقارغىلى كەلدىم. تېز بولۇڭ، بەگ، — دەپ ئالدىراتتى مىرزا ئوبۇلھادىبەگ.

— سەرمۇنشى جانابلىرى، بۇنىڭغا ھاكىمبېگىمىزنىڭ پەرمانى بارمىكىن؟ — سورىدى جەمشىتبەگ گۇمانسىراپ.

— سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ بار، — ئۇ ئابدۇرەشىدخاننىڭ مەكتۇپىنى قويۇن يانچۇقىدىن ئېلىپ بەردى. جەمشىتبەگ باش ئۇستىگە كۆتۈرۈپ، ئۇچ قېتىم بۆسە قىلىپ، ئاندىن ئوقۇدى. تۇكلۇك قوللىرى تىترەپ، پوكاندەك قىزىل يۈزى تامدەك تاتاردى.

— جا ... جانابلىرى، مەن ... مەن چۈشىنەلمىدىم. مىر... مىرزا ئەلى تاغاي گۇناھ ئۆتكۈزۈپتۇمۇ؟

— زىندانبېگى، تولا خۇپسەنلىك قىلماي ئۇلارنى چاپسان

قويۇۋېتىڭ، مەن ئەكېتىمەن. ئەگەر بۇنىڭغا دەخىل قىلىسىڭىز، ئوردا ياساۋۇللىرىنى باشلاپ كېلىمەن.
سەرمۇنشىنىڭ بۇ سۆزى جەمشىتبەگنى چۆچۈتتى. ئۇ مەكتۇپتىكى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ مۆھرىگە يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ ھىجايدى:
— خاپا بولمىسىلا، جانابلىرى، ئۇلارنى ھازىر قويۇۋېتەي.
زىندانبېگى ساپال چىراغ كۆتۈرگەن بىرقانچە گۇندىپاينى كەينىگە سېلىپ، پەلەمپەي بىلەن يەر ئاستى گۇندىخانىغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان مىرزا ئوبۇلھادىبەگ چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا زەي پۇراپ تۇرغان تارچۇقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى گەمە ئۆيلەرگە سەپسالدى. جەمشىتبەگ ئاچقۇچلارنى شاراقشىتىپ چويۇن قۇلۇپلارنى بىر - بىرلەپ ئاچتى.
— چىقىڭلار، قېرىنداشلىرىم، كۈن نۇرىنى كۆرۈڭلار ! — دەپ توۋلىدى مىرزا ئوبۇلھادىبەگ بىر تۆمۈر ھالقىلىق ئىشىكنى داغدام ئېچىپ.
ساقاللىرى ئۆسۈپ، چىرايلىرى سارغىيىپ، ئۇستىبېشى كىرلىشىپ كەتكەن بىرقانچە ئادەم چىقتى. ئۇلارغا سىنچىلاپ قارىغان ئوبۇلھادىبەگ:
— خەزىنە ۋەزىرى ئابدۇلۋاھىدبەگ يوققۇ؟ — دېدى ئەنسىز ئاۋازدا.
— ۋەزىر جانابلىرى بۇ ئۆيدە، — زىندانبېگى ياندىكى ئىشىكنى ئاچتى.
پۇتىغا كىشەن، قولىغا تۆمۈر قىسماق سېلىنغان ئابدۇلۋاھىدبەگنى يۆلەپ ئاچىققان ئوبۇلھادىبەگ:
— ساق تۇرۇپتىلا، ۋەزىر جانابلىرى، سىلىدىن بەك ئەنسىرىگەنىدىم، — دېدى.
— ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىغان بەندىسىنى ھەرقانداق زالىم نابۇت قىلالمايدۇ، سەرمۇنشى جانابلىرى. پېقىرنى دار ئالدىغا ئېلىپ بارامدىلا، جادۇ ئالدىغىمۇ؟ — سورىدى ئابدۇلۋاھىدبەگ

قولىنى تارتىۋېلىپ.

— سىلىنى يوروۇقلۇقتا، قۇياش، ئاينىڭ نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان ئاقئوردىغا ئاپىرىمەن.

— ئۇ قانخور ئەبلەخنىڭ تەختىگاھىدا نېمە ئىش قىلىمەن؟

— ئۇ زالىم يوق، قاچتى.

— ئۇ قاچتى، نېمە ئۈچۈن؟ — ئابدۇلۋاھىدبەگ بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى.

— ئابدۇرەشىدخان ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن كاتىۋالبەگ باشچىلىقىدا ئەۋەتكەن لەشكەر تۇنۇگۇن كاشغەرگە كەلگەنىدى، ئەپسۇس، ئۇ مەككار ئۇلۇشكۇن قېچىپتۇ. بىرەرى ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزگەن ئوخشايدۇ.

— جانابلىرى، سىلى نېمىشقا قاچمىدىلا؟ — ئابدۇلۋاھىدبەگ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى، — مىرزا ئەلى تاغاي ئۆزلىرىگە بەك يېقىن ئىدىغۇ.

— توغرا دېدىلە، ۋەزىر جانابلىرى. قارىماققا ئۇ زالىمغا يېقىن كۆرۈنگىنىم بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىدىنمۇ ئۆچ ئىدىم، تەخسىر. ئۇ پېقىردىن پايدىلانماقچى بولۇپ دەككىسىنى يېدى.

ئابدۇلۋاھىدبەگ «راست دەۋاتامدۇ؟» دېگەندەك، ئۇنىڭغا گۇمانلىق نەزەردە باقتى:

— مىرزا ئەلى تاغاي ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋەزىرى ئىدىغۇ؟ كەشغەرگىمۇ ئۇنى ئۆزى ئەۋەتىپ، قانخورلۇق قىلىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن ئەمەسمىدى؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق، سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ ئۇنى تۇتۇشقا لەشكەر ئەۋەتكىنى كۆلكىلىك ئەمەسمۇ، سەرمۇنشى جانابلىرى؟

— ئاللادىن باشقا ئازمايدىغان مەخلۇق يوق. سۇلتان ئالىيلىرى ئۆزىنىڭ خاتا قىلغىنىنى بىلمىگەن، مىرزا ئەلى تاغاينىڭ قارا نىيىتىنى بىلمىگەن بولسا، ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتمىگەن بولاتتى. ئەمدى چۈشەنگەنلا؟

— سەرمۇنشى جانابلىرى، قېنى ئېيتسىلا، مىرزا ئەلى

تاغاينىڭ بۇ يەردىكى شۇملۇقلىرىنى سۈلتانغا كىم يەتكۈزگەندۇ؟ — دېدى ئابدۇلۋاھىدبەگ.

— بۇنى ئاللا بىلىدۇ، تەخسىر. ياخشىلىق يەردە قالماس، يامانلىق ئەلدە. قېزىلمايدىغان كان، ئىچىلمايدىغان سىر يوق، — دېدى مىرزا ئوبۇلھادىبەگ ۋە زىندانبېگىگە قارىدى، — ئەمىر كەبىر سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بۇ يەردە ئەمەسمۇ، نېمىشقا چىقمايدۇ ئۇلار؟

— ئۇلار ئاۋۇ تەرەپتە، جانابلىرى، — زىندانبېگى زەي پۇراپ تۇرغان قاراڭغۇ، تار يول بىلەن ئۇنى باشلاپ بۇلۇڭدىكى ئىشىك يېنىغا كەلدى ـ دە، قۇلۇپقا ئاچقۇچ سالدى.

— چىراغنى يېقىن ئەكېلىڭلار! — دەپ توۋلىدى ئوبۇلھادىبەگ ئىشىكنى ئېچىپ، — چاپسان چىقىڭلار، قېرىنداشلىرىم. ئاللا سىلەرگە نىجاتلىق ئاتا قىلدى.

بېشىغا ئاق رومال سېلىپ، يۈزلىرىنى ياپقان ياش ئىككى ئايال قارا پەرىجە ئارتقان مومايىنى يۆلەپ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بوۋاق كۆتۈرگىنىچە يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي چىققان ئاق رومallىق قىز ئوبۇلھادىبەگ ئالدىدا توختاپ:

— مىرزا ئەلى تاغاي دېگەن زالىم قانخور ئىككى ئاكامنى قەتل قىلغاندا، گاچىدەك زۇۋان سۈرمەي قاراپ تۇرغانىدىڭىز، ئەجەبا ... — دەپ بويۇن تولغاپ ئۆتۈپ كەتتى.

مىرزا ئەلى تاغاي زىندانغا تاشلىغان ياخشى نىيەتلىك سەردار، بەگلەر ۋە ئۇلارنىڭ بالىچاقىلىرى نىجاتلىقتا ئېرىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. كەچكى شەپەقنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى ئۇلارنىڭ زەپىران چىرايلىرىغا جۇلا تاشلىدى.

مىرزا ئوبۇلھادىبەگ يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈك ئېلىۋېتىلگەندەك يېنىكلەپ قالدى. ئۇ يېڭى تويى بولغان قىزنىڭ مەڭزىدەك قىزارغان شەپەق قىزغۇچ جۇلا تاشلىغان دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا نەزەر تاشلىغىنىچە يۈرۈپ كەتتى. ئاق ئوردىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى قەسىرگە كەلگەندە قۇياش پېتىپ قاراڭغۇ

چۈشتى. قەسىر ئالدىدىكى كۆلدە ھىلال ئاينىڭ شولىسى كۈمۈش ئورغاقتەك يالتىراپ تۇراتتى. ئۇ كۆل بويىدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ھويلىغا كىردى.
— غىزا كەلتۈرەيمۇ، جانابلىرى، — دېدى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن مۇلازىم.
— غىزا يېمەيمەن، زەپەر چاي دەملەپ كىرىڭ، — مىرزا ئوبۇلھادىبەگ شۇنداق دەپلا دېرىزە تەكچىلىرى كىتاب بىلەن توشۇپ كەتكەن ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۆزىنى كۆرپە ئۈستىگە تاشلاپ ياتتى. بۇ ھارغانلىقىدىن ئەمەس، يۈرىكىگە كەتكەن دەرزنىڭ چوڭىيغانلىقىدىن پەيدا بولغان روھىي ھالسىزلىنىش ئىدى. جىسمانىي جەھەتتە تىمەن، غەيرەتلىك كۆرۈنگىنى بىلەن غەم - ئەلەم، تېڭىرقاش، بوروقتۇرمىلىق ئۇنى چارچىتىۋەتكەنىدى...
مىرزا ئوبۇلھادىبەگ ئاتىسى قەتل قىلىنغاندا ئون يەتتە ياشتا بولۇپ، كاشغەر ھاكىمبەگ ئوردىسىدا پۈتۈكچىلىك قىلىۋاتاتتى. سۇلتان مىرزا ئاتابەكرىنىڭ كەنجى ئوغلى بولغان بۇ ئىستېداتلىق يىگىتنى تاغىسى ئەمىر كەبىر ۋە كاشغەر دىيارىنىڭ ھاكىمبېگى سەييىدمۇھەممەد مىرزا خېلى بۇرۇنلا ئۆز ھىمايىسىگە ئالغانىدى. ئۇ بۇ قەدىردان تاغىسىدىن ئاتىسىنىڭ زالىملىقى توغرىسىدا كۆپ ئاڭلاپ، كۆلپەت چەككەن ئاۋام - خەلققە، يېتىم - يېسىر، مىسكىن، ئاجىزلارغا ھېسداشلىقى كۈچىيىدۇ. ئىخلاس بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىپ مەدرىسەدە تېزلا كۆزگە كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىدار - ئەقلىگە قايىل بولغان تاغىسى سەييىدمۇھەممەد مىرزا ئۇنى ئۆزى تەربىيەلەيدۇ. مىرزا ئوبۇلھادىبەگنىڭ ئانىسى قازا قىلىپ، قارا يېتىم بولۇپ قالىدۇ. ئىلىمنى ئەڭ يېقىن دوست تۇتقان بۇ يىگىت تاغىسىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئوردىدا ئەڭ يارامىلىق مۇنشى بولۇپ قالىدۇ. بەختكە قارشى سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولۇپ، پايتەختكە كەتكەن تاغىسى قەتل قىلىنىپ، ئۇ يەنە قايغۇ - ھەسرەت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ

كېتىدۇ.

ئەقىللىك ئادەم ئويلاپ ئىش قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ پۈتۈن زېھنى كۈچىنى خىزمىتىگە قارىتىدۇ. تاغىسىنىڭ كەنجى بالىسى نۇرئەسما سۇلتان خېنىمغا بولغان مۇھەببىتىنى دەز كەتكەن يۈرىكىگە مەلھەم قىلىپ، «پەزىلەتلىك ئادەمنىڭ ساداقىتى» ناملىق كىتاب يېزىشقا كىرىشىدۇ. يېزىۋاتقىنى مەرھۇم سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ تەرجىمىھالى بولۇپ، ئۇنىڭ سەرگۈزەشتلىرى ئەينەن، تەسىرلىك بايان قىلىنىدۇ. تاغىسىنىڭ سەئىدىيە خانلىقىغا ۋە سەئىدخانغا بولغان ساداقىتىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن ئىسپاتلاپ، ئۇنى ئاقلايدۇ. كىتاب يېزىلىپ بولۇشقا ئاز قالغاندا، كاشغەرگە ھاكىمبەگ بولۇپ كەلگەن مىرزا ئەلى تاغاي سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ جەمەتىنى تۈتقۇن قىلىپ زىندانغا تاشلايدۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي «ئابدۇرەشىدخاندىن قىساس ئالماقچى بولغان» دەپ تۆھمەت چاپلاپ، ئاۋام ئالدىدا ئىككى ئاكىسى ـــ سۇلتان مۇھەممەد مىرزا بىلەن سەييىدمەھمۇد مىرزىنى قەتل قىلىدۇ. بۇ مىرزا ئەلى تاغاينى غەمخارى بىلگەن مىرزا ئوبۇلھادىبەگكە قاتتىق زەربە بولىدۇ. مىرزا ئەلى تاغايغا ئاشكارا قارشى چىقىش ئۆلۈمگە ئېلىپ باراتتى. شۇڭا، ئۇ چىدام، غەيرەت بىلەن بەرداشلىق بېرىش ئىرادىسىگە كېلىپ، لېۋىنى چىشلەپ ئۈن چىقارمايدۇ، بەلكى مىرزا ئەلى تاغايغا ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ئۇ كىتابنى پۈتكۈزۈپ ئابدۇرەشىدخانغا ئەۋەتمەكچى بولىدۇ، ئەمما كىتابنى ئەۋەتمەي، مىرزا ئەلى تاغاينىڭ كاشغەرگە كەلگەندىن بېرى قىلغان قانخورلۇق قىلمىشلىرى توغرىسىدا شىكايەتنامە يېزىپ ئەۋەتىدۇ...

مىرزا ئوبۇلھادىبەگ چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، بالىلىق ۋاقتىدىن باشلاپ يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەسلەپ چىقتى ۋە تەكچىگە قول ئۇزارتىپ، يېزىپ پۈتكۈزگەن كىتابنى ئالدى. «ئاتامۇ مىرزا ئەلى تاغايدەك مەككار، زالىم بولغىيمىدى؟

ئانامنىڭ ئېيتىشىچە، يىگىتلىك يېشىغا يەتكەن ئاكامنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتىكەن. مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بوپتىكەن. لېكىن، پادىشاھقا خاس مەردلىكمۇ، مەردانىلىكمۇ بولغانىكەن. ئاقىۋەت غەيرىتى، ھەيۋىتى بىلەن قىرىق يىل پادىشاھلىق قىلغان ئاتام چۆل - جەزىرىدە قەتل قىلىنىپتۇ. جەسىتى پارچىلىنىپ، ئۇن - تىنسىز دەپنە قىلىنىپتۇ. ئۇنىڭدىن كىشىلەرگە «زالىم» دېگەن ئاتاق قاپتۇ. ھالبۇكى، ئاتام بىر يولۋاس، مىرزا ئەلى تاغاي بولسا بىر غالجىر ئىت، خالاس. ئۇ جازادىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قەيەرگە بارسا، شۇ يەردە چالما - كېسەك قىلىنىدۇ. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا يەنە قانچە جانغا زامىن بولار؟ ئۇنى تېز تۇتۇش لازىم... »

بۇ خىياللار ئۇنىڭ غەمكىن بېشىدىن زادىلا نېرى كەتمىدى. تەرەپ - تەرەپكە ئەۋەتىلگەن سەردار، بەگلەردىن مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئىز - دېرىكى توغرۇلۇق خەۋەر كۈتۈپ بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزدى. لېكىن، مىرزا ئەلى تاغاي توغرۇلۇق ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى. ئۇ زالىم چاپسان تۇتۇلۇشى، جازالىنىشى زۆرۈر ئىدى.

ئىككى ھەپتىمۇ ئۆتتى، كۈتكەن خەۋەر كەلمەيۋاتاتتى. بۈگۈن مىرزا ئوبۇلھادىبەگ ئادىتى بويىچە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا چاي ئىچىپ ئاقئوردىغا چىقتى. ئۇ كۈندىلىك ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى، ئاۋامدىن كەلگەن ئەرز - ئىلتىماسلارنى كۆزدىن كەچۈردى، تەستىق سېلىپ مۇناسىۋەتلىك مەھكىمىلەرگە يوللاپ بەردى. ئاندىن زىنداندىن چىققاندىن بېرى خەزىنە ئىشلىرىنى ئىلگىرىكىدەك باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ۋەزىر ئابدۇلۋاھىدبەگنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەزىر جانابلىرى، خۇشۋاق بولغايلا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سەرمۇنشى جانابلىرى، خەۋەر كەلدىمۇ؟ — سورىدى ئابدۇلۋاھىدبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە سەرمۇنشىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— تېخى خەۋەر يوق، جانابلىرى، — دېدى مىرزا

ئوبۇلھادىبەگ، ئۇ ھاۋا رەڭ پەردىسى قايرىپ قويۇلغان دېرىزىدىن ئوردا سەيناسىغا نەزەر تاشلىغىنىچە ئولتۇردى، — ۋەزىر ئەزەم، سىلى زىندانلىكى كۆنلەردە خەزىنىگە سوغۇق قول تەگمىگەندۇ - ھە؟

— تېگىپتۇ، سەرمۇنشى جانابلىرى.

— توختىسىلا، ۋەزىر. ئاتلىق بىر ياساۋۇل ئوردىغا كىردى، قارىغاندا خەۋەر ئەكەلگەندەك تۇرىدۇ، — دەپ ئورنىدىن قوپقان ئوبۇلھادىبەگ ۋەزىرنى باشلاپ تاشقىرىغا چىقتى.

— سەرمۇنشى جانابلىرى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مەشھەدكە كىلىپ چۈشتى. پېقىرنى جانابلىرىغا خەۋەر يەتكۈزگىلى ئەۋەتتى، — دېدى ئاتتىن چۈشكەن ياساۋۇل.

سەرمۇنشى بىلەن ۋەزىر دەرھال سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھۇزۇرىغا قاراپ يولغا چىقتى.

## 3

سەردار بەھرام ياركەندكە قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قوشۇپ بەرگەن مىڭ لەشكەرنى ئەمدى باشلاپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى بىلىپ، ناۋادا مىرزا ئەلى تاغاي قىلىچ - نەيزە كۆتۈرۈپ قارشىلىق قىلسا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن خىللانغان مەرگەن، ئىزچى، پالۋان، نۆكەردىن ئون توققۇز كىشىنى سودىگەر سىياقىدا ياساپ شەپە چىقارماي ماڭغانىدى. ساداق، قىلىچ، نەيزە، مىلتىق كەبى قورال - ياراغلارنى، دۇبۇلغا - ساۋۇت، كىيىم - كېچەكلەرنى بۆغداي ئۇنى، گۈرۈچ قاتارلىق ئاشلىق - يېمەكلىكلەر بىلەن بىللە تۆگە، ئات، ئېشەكلەرگە ئارتقانىدى. چىمەن دوپپا، شايى يەكتەك، چورۇق كىيىپ، پوتا باغلىۋالغان بەھرام كاتىۋالبەگ ياكى سەردارغا ئەمەس، سودىگەر بايۋەچچىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ياركەندتىن چىققاندىن بېرى ياساتماي قويۇۋەتكەچكە، ساقال -

بۇرۇتلىرى يۈزىنى بىر ئالغانىدى. ئۇ يېزا ـ كەنتلەرنى قويماي ئارىلاپ، ئۆتەڭ ـ بازارلاردا توختاپ، مويسىپىت، ھۈنەرۋەن، كاسىپلاردىن، تىجارەتچى، باققال، ھۆپىگەرلەردىن مىرزا ئەلى تاغاينى سورۇشتۇردى. ئەپسۇسكى، كاشغەر شەھىرىدىن ياپچان يېزىسىغا بارغۇچە مەستۇرە خوتۇندەك ياسىنىپ، قارا پەرىجە ئارتىۋالغان پاكار بويلۇق مىرزا ئەلى تاغايغا ھېچكىم نەزىرىنى سالمىغاچقا، ئۇ توغرۇلۇق كىشىلەردىن ئېنىق بىر ئۇچۇر ئالالمىدى.

ئۇلار كاشغەردىن يولغا چىقىپ، ئەتىسى كەچقۇرۇن ياپچانغا يېتىپ كېلىشتى. مېھمانسارايغا چۈشۈپ يۈك ـ تاقلارنى، ئۇلاغلارنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارغا قاراشقا ئىككى كىشىنى قالدۇرۇپ، قالغانلار ئۈچكە بۆلۈنۈپ بازار ئارىلىدى.

بەھرام تۆت ھەمراھى بىلەن بازارنىڭ دوقمۇشىغا جايلاشقان ئاۋات بىر ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى. خۇش ئاۋاز غوجايىن ئۇلارنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئالدىغا داستىخان سالدى.

— ئەزىز مېھمانلارنىڭ تاۋى نېمە تارتىدىكىن؟ پەرمۇدە، نان بىلەن زەپەر چاي ئىچىشەمدىلا ياكى ھاردۇقنى چىقىرىپ تەننى يايرىتىدىغان ئۈگرىمۇ؟ مانتا، پولۇ، شورپا دېگەندەك ئېسىل غىزالىرىمىزمۇ بار تېخى. قايسىسىنى كۆڭۈللىرى تارتىدۇ ـ ھە! — دېدى غوجايىن قوڭۇر شاپ بۇرۇتىنى تولغاپ.

— ئاۋۋال نان بىلەن چاي بەرسىلە، ئۇستام، چاڭقاپ ئۆلەيلا دېدۇق، — بەھرام يۈز ـ بويۇنلىرىدىن ئېقىپ تۇرغان تەرنى سۈرتۈپ، يەكتىكىنى سېلىپ يېنىدا قويدى، — نېمىدېگەن تىنچىق، يەلپۈگۈدەك بىرنەرسە بارمۇ؟

— ھاي، چايچى، ماۋۇ مېھمانلارغا ئوبدان دەملەنگەن زەپەر چايدىن بىر چەينەك كەلتۈر، — دەپ بۇيرۇپ بەھرامغا قارىغان غوجايىن بېشىنى لىڭشىتتى، — غوجام، مەن ئۆزلىرىگە شۇنداق بىر يەلپۈگۈچ تەييارلاپ بېرەيكى، ئاشخانىمىزدا بوران چىقىرىپ، يۈرەكلىرىنى سەگىتسۇن.

ئۇ ئەپكەشكە بىر داستىخاننى تۆت قاتلاپ ئۆتكۈزۈپ ئەكەلدى ۋە ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۇچۇرۇپ يەلپۈدى. دېگەندەك بەھرامنىڭ تەرلىرى قۇرۇپ، كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرى داستىخاننىڭ بۇرجەكلىرى، سىمغا ئېسىقلىق لۆڭگە، پەشتاملارغا قوشۇلۇپ يەلپۈنۈپ كەتتى. ھەر خىل غىزالارنىڭ پۇرىقىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل مەززىلىك پۇراق دىماقلارغا تېخىمۇ كۈچلۈك ئۇرۇلدى.

— بولدى، رەھمەت، ئۇستام. ئەمدى بىر قاچىدىن ئۆگرە، بەش دانىدىن پەرمۇدە بەرسىلە.

— بولىدۇ، غوجام، مانا ھازىر، — دېدى غوجايىن ۋە تىۋۋلاپ بۇيرۇدى، — بەش قاچا ئۆگرە، يىگىرمە بەش پەرمۇدە كەلتۈرۈڭلار!

— لەببەي، ئۇستام، مانا كەلدى! — مۇلازىم يىگىت ئۈنلۈك ئاۋازدا شۇنداق دېدى ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بىر تەخسە پەرمۇدە كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئاۋۋال مېھمانلارغا سالام قىلدى، ئاندىن تەخسىنى داستىخانغا قويدى. ئارقىدىن بەش چىنە ئۆگرىمۇ كەلتۈرۈلدى.

— ھەرقايسىلىرى كاشغەردىن كېلىشكەن ئوخشىمامدىلا؟

— بىز ياركەندلىك لاتىپۇرۇش. تۇرپان، كاشغەرلەردە تىجارەت قىلىپ يۇرتىمىزغا قايتىپ كېتىۋاتىمىز. ئۇستام، ئۆزلىرى ياپچانلىقمۇ؟ — دېدى بەھرام ئۆگرە ئىچىۋاتقان ياغاچ قوشۇقنى چىنىگە قويۇپ.

— تېگىم كاشغەرلىك. سەئىدخانغا نۆكەر بولۇپ، جەڭ بېسىققاندىن كېيىن يۇرتۇمغا قايتقانىدىم. ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ياپچانغا كېلىپ، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ تۇرۇپ قالدىم دېسىلە. ھازىر بەش بالام بار.

— ئۇستام، بۇ يۇرت باي كۆرۈنىدۇ، تولا ئۆتۈپ مەنمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم. بۇ يەردە كاتتا بايلار، يۈزلۈك ئادەملەر ئاز بولمىسا كېرەك؟ — غەرەزلىك سورىدى بەھرام پەرمۇدىنى بىر

چىشلەپ.

— ياپچان ئوبدان يۇرت، شۇڭا مەنمۇ تۇرۇپ قالغان دېسىلە. بۇ يەردە پايتەختتىكىدەك كاتتا بايلار بولمىسىمۇ، نەچچە قوتان كالا ـ قويى، نەچچە يۈز مو يېرى بار، نەچچە يۈز چاكار ـ ئورتاقچىنى ئىشلىتىدىغان بايلارمۇ يوق ئەمەس. ئۇلار ئىچىدە ئابدۇغوپۇر باغدادى ھەممىدىن باي، ھەممىدىن يۈزلۈك. ئۇنىڭ تېخى سۇلتانىنىڭ ۋەزىرى بولغان تۇغقىنىمۇ بار دېسىلە، — غوجايىن سۆزىنى توختىتىپ قۇرۇقدىلىپ قالغان ھېجىرلارغا چاي قۇيدى. ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەن تۇۋرۇككە ئورنىتىلغان چىراغپاينىڭ پىلىكىنى ئۇچشاپ ياندۇرۇپ، ئاشپەزلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ كەلدى.

— ئۇستام، ئېيتسىلا، ئابدۇغوپۇربەگ دېگەن كاتتا باينىڭ ۋەزىر تۇغقىنى بۇ يەرگە كېلىپ باققانمۇ؟

— بۇنى ئۇقمايمەن.

— ئۇ ۋەزىرنىڭ ئىسمىشەرىپىنى بىلەمدىلا؟

— ئاڭلىغان، ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بىرنېمە شاھ دېگەندەك قىلىۋىدى، — غوجايىن بېشىنى سىلاپمۇ ئېسىگە كەلتۈرەلمىدى.

— قوشنا دۇكانلاردا ئۇقىدىغانلار بارمۇ؟ — بىلىشكە تەقەززا بولغان بەھرام يولدىن ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرگە ئاشخانىغا كىرەرمىكىن، دەپ تەمە بىلەن قاراپ قالغان غوجايىنىنىڭ بىقىنىغا تۈرتتى، — گەپ قىلسىلا دەيمەن.

بەھرامغا لاپپىدە قارىغان غوجايىن ھىجىيىپ دېدى:

— غوجام، يولنىڭ ئاۋۇ چېتىدە ئۇقمايدىغىنى يوق بىر ساتىراش بار، مەنمۇ چېچىمنى ئالدۇرۇۋېتىپ، بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان.

بەھرام ھەمراھلىرىغا كۆز قىسىپ قويۇپ، ئۇگرىنى ئىچىپ تۈگەتتى، دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— نەگە ئالدىرىشىلا، غوجىلىرىم، يەنە بەشتىن مانتا يېيىشمەمدىلا؟ ئەجەب ئۇ باينىڭ تۇغقانلىرىنى سۇرۇشتۇرۇپ

قىلىشىلىغۇ؟ — دېدى غوجايىن مېھمانلارنى ئۇزىتىۋېتىپ.

— بىز دېگەن سودىگەر، تونۇشۇپ قالساق پايدىسى تېگەرمىكىن دەپ سوراپ باقتۇق دېسىلە. قورساق تويدى، شام ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، ئەتە يەنە كېلەرمىز، خەير، — بەھرام ھەمراھلىرىنى باشلاپ يولنىڭ ئۇ چېتىگە ماڭدى.

بىر ئەمەس، ئىككى ئەمەس، بەش خېرىدار كىرىپ كەلگەندە، راۋاب چېلىپ ئولتۇرغان ساتىراشنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ھاپىلا - شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇپ خېرىدارلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى:

— كېلىشسىلە، غوجىلىرىم، كېلىشسىلە، — ئۇ بەھراملارنى ئاقارتىپ زەدىۋال تارتىلغان تامغا يۆلەپ قويۇلغان پەلتەڭگە تەكلىپ قىلدى. ئۇستىرىنى كاپلاپ، ماغزاپ تەييارلىدى، — قېنى باشتا قايسىڭلارنىڭ چېچىنى ئالىمەن؟

— ئۇستام، ئالدىرىمىسىلا، بىز دېگەن يىراقتىن كەلگەن يولۇچىلار. ئېغىر كۆرمەي سۇ بەرسىلە، تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇۋالساق، ئاندىن چېچىمىزنى ئالدۇرساق. ساۋابتىن قاچمايدىغانلا ھەرقاچان؟ — دېدى بەھرام تام تۈۋىدىكى ئاپتۇۋا، ئىۋرىقلارغا كۆز سېلىپ.

— ساۋابتىن قاچامدىغان، غوجام، ئۇنى كېچەيۈكۈندۈز ئىزدەپ يۈرىمەن. ماقۇل، ماقۇل، — ئۇستام بۇلۇڭدىكى كۈپتىن بىر ئاپتۇۋا، ئىككى ئىۋرىققا سۇ تولدۇردى، — قېنى سۇنى ئېلىشسىلا، دەرەخ دالدىسىدا ئىستىنجا قىلىشسىلا بولىدۇ.

— رەھمەت، ئۇستام، ئوبدان ئادەم ئىكەنلا، سىلىنى ئاۋارە قىلدۇق، — بەھرام ئىككى ھەمراھى بىلەن دۇكان ئارقىسىدىكى دەرەخلىككە كىرىپ تاھارەت ئېلىپ چىقتى. قالغان ئىككىيلەنمۇ ئۇستام بىلەن تاھارەت ئېلىۋالدى.

— ئاتلىرى نېمە، ئۇستام؟ — بەھرام يۈزىنى تونچە تىكىلگەن ئاق چوتا كۆڭلىكىنىڭ پېشىگە سۈرتۈۋاتقان ساتىراشقا مىننەتدارلىق نەزىرى بىلەن قارىدى.

— ئېتىم ھاشىم ئاخۇن، ئەمما لەقىمىم يەتتە. ناماز ئوقۇۋېلىپ، ئاندىن دەپ بېرەي.

ئۇلار سېلىنغىنىغا ئۇزاق بولمىغان پەشتاق ـ گۈمبەزلىك مەسچىتكە كىرگەندە، جامائەت نامازغا تۇرۇپ بولغانىدى.

ھاشىم ئاخۇن ئۇستام بۇ كەچتە كەلگەن خېرىدارلىرىنى ئامەت بىلىپ، ئۇلارغا ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلدى. مەسچىتتىن ئاۋۋال چىقىپ، بەھراملار كىرگۈچە دۇكاننى ئانچە ـ مۇنچە تازىلاپ تۈزەشتۈردى. بىرىنچى بولۇپ ئەينەككە قاراپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بەھرامنىڭ بېشىنى ھۆل قىلىپ ئۇۋۇلىدى.

— چاچلىرى يىرىك، قويۇق ئىكەن. مۇنداق چېچى بار ئادەملەرگە خوتۇن ـ قىزلار ئامراق كېلىدۇ، بايۋەچچە. ئامەتلىك ئادەم ئوخشايلا، ھا ـ ھا ـ ھا... — ئۇ ئۆز گېپىدىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇستام، قوللىرى خىسلەتلىك ئىكەن، ناھايىتى راھەتلەندىم. دۇكانلىرىغا خېرىدار كۆپ كېلىدىغاندۇ ـ ھە؟ — بەھرام ئۇنى گەپكە سالدى.

— كېلىدۇ، ئۇكام، كەلمەمدىغان. نى ـ نى باي، سەردار، بەگلەر كېلىدۇ. ئەمىر، ۋەزىرلەرمۇ كېلىدۇ دېسىلە. شۇنىسى خوتۇن ـ قىزلار كەلمەيدۇ.

— مۇنداق دېسىلە. سەردار، بەگلەرنىڭ كەلگىنى راستتۇ، لېكىن ئەمىر، ۋەزىرلەرنىڭ بۇ ساتىراشخانىلىرىغا كېلىدىغانلىقىغا تازا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. پو ئاتمىسىلا، ئۇستام.

— ئۇنداق دېمىسىلە، غوجام، بايا مەن يەتتە لەقىمىم بار دېگەنىدىمغۇ؟ بۇ راست، ئەمدىلەتىن قىرىققا ئۇلاشقىنىم بىلەن يەتتە لەقەملىك ئادەم مەن، — ساتىراش ئۇستام چاچ ئېلىشنى توختىتىپ سۆزگە كىرىشىپ كەتتى، — بىرىنچى لەقىمىم بويتاق، ئۆيۈمدە خوتۇن تۇرمايدۇ، ئوتتۇز توققۇز خوتۇننى نىكاھىمغا ئاپتىمەن، ھازىر بىرسىمۇ يوق، توۋا دېسىلە؛

ئىككىنچى لەقىمىم ئەخمەق، گاھىدا قويۇپ بەرگەن خوتۇنۇمنى ماختاپ ئەخمەقلىق قىلىپ قويىمەن؛ ئۈچىنچىسى يانتاق، ئالدامچىلارنىڭ كۆزىگە سانجىلغىنىم سانجىلغان؛ تۆتىنچىسى قىلتاق، مەن قىلتاق قويۇپ قۇشقاچلا ئەمەس، قارچىغىمۇ تۇتىمەن؛ بەشىنچىسى بەش يارماق، چاچ ئالدۇرغانلا كىشىدىن بەش يارماق ئالىمەن. ساھىل، يېتىم ـ يېسىرلار دۇكانغا كەلسىلا، بەش يارماق بېرىمەن؛ ئالتىنچىسى ئالتە بارماق، مانا قارىسىلا، بىر بارمىقىم ئارتۇق؛ يەتتىنچىسى مولىلا تاپقاق، مەن تاپالمايدىغان تېپىشماق يوق، ــ ھاشىم ئاخۇن شاپ بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ ئۇستىرىنى يۇمىلاق چوققا ئۇستىدە ماڭدۇردى.

ــ ھە، ئەمدى بىلدىم. ئەمىر، ۋەزىرلەرمۇ ماڭا چىچەنىنى ئالدۇرىدۇ، دېگەنلىرى سىلى ئويلىماي تاپقان تېپىشماق ئىكەن ـ دە، ــ بەھرام ئۇنىڭغا قارايمەن دەپ قۇلاق تۈۋىنى كەستۈرۈۋالدى.

ــ قانداق ئادەم سىلى؟ چاچ چۈشۈرۈۋاتقاندا باشنى مىدىرلاتسا بولمايدۇ، ــ ئاچچىقلانغان ھاشىم ئاخۇن ئىككى قولى بىلەن بەھرامنىڭ چېكىسىدىن تۇتۇپ، ئۇدۇلىدىكى تاش ئەينەككە قارىتىپ قويدى، ــ مانا مۇنداق ئولتۇرسىلا، غوجام، بولمىسا باشلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىلا. ئۇستىرىنى ھازىر بىلىدىم جۇما.

ــ خاپا بولمىسىلا، ئۇستام. گەپلىرىگە قىزىقىپ قاراپ سايتىمەن.

ــ مېنى ئەخمەق كۆرۈۋاتقانلا تايىنلىق. ۋەزىر، ئەمىرنىڭ بېشىنى چۈشۈردۇم دېسەم، مېنى پوچى ساناپ، ئۇنى بىر تېپىشماققا چىقىرىۋەتتىلە. زادى ئۇنداق ئەمەس، ئۇ جانابلارنىڭ چاچ ـ ساقىلىنى ئالغىنىم راست.

ــ قاچان؟

ــ تېخى يېقىندا.

ــ قىزىق. ئۇلار يولدىن ئۆتۈۋېتىپ دۇكانلىرىغا كىرىپتۇ ـ

دە؟

— ياق، كىرمىدى، مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم.

— مۇنداق دېسىلە. ئۇستام، ئەمدى سىلىگە ئىشەندىم. سىلى دەركار ئۇستام بولمىسىلا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھاجىتى چۈشمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىرى، ئەمىر ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىلە؟

ھاشىم ئاخۇن ئۇستىرىنى كاپلاپ تۇرۇپ گېپىنى باشلىدى:

— مەن سۆزلەي، دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، راست ـ يالغانلىقىغا ئاندىن باھا بەرسىلە. خوش، ئۆتكەن دۈشەنبە كۈنى مانا مۇشۇنداق قاش قارايغان چاغ ئىدى. دۇكاننى تاقاي دەۋەتسام ئابدۇغوپۇربەگ قارا گىرنى يورغىلاتقىنىچە دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئاتتىن چۈشۈپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھاشىم ئاخۇن، تېخى ئۆيگە كەتمەپسىلىغۇ؟» دېدى. مۇنداق كاتتا باينىڭ ماڭا سالام قىلىشى بىرىنچى قېتىم بولغاچقا، ھودۇقۇپ كەتتىم ۋە ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ: «باي ئاكا، ئۆزلىرىنىڭ كېلىشلىرىنى كۆڭلۈم تۇيغان بولسا كېرەك» دېۋىدىم، «ئۇنداق بولسا كاپلىغۇچ بىلەن ئىتتىك ئۇستىرىدىن ئىككىنى ئېلىپ ئاتقا مىنگىشكىلا» دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ كاتتا قورۇسىغا كېلىپ قالدىم. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە، ئېنىق كۆرەلمىگەن بولساممۇ، پېشايۋان ـ ئۆيلەر كۆركەم بېزەلگەنىدى. مېنى ئايۋان ئۆيدىن ئۆتۈپ كىرىدىغان بىر ئازادە ھۇجرىغا باشلىدى. ھۇجرىنىڭ مورىسىغا گۇمبەز چىقىرىلغان، ئوچاق بېشىدىكى ئۈچ كۆزلۈك شامدانىدا شاملار يېنىپ تۇراتتى. قارىسام بىرسى ئېگىز، بىرسى پاكار، يەنە بىرسى ئىلمەك بۇرۇن كىشى كىمخاب يېكەندازدا تەكىيە، پەر ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. سۆلىتىدىن ئەيمىنىپ، ئېگىلىپ سالام بەردىم. ئۇلار زوۋان سۇرمەي مەنپۇ دوپپا كىيىۋالغان باشلىرىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويۇشتى. پەگاھتىلا تىزىمنى گىلەمنىڭ بۇرجىكىگە قويۇپ يۈكۈندۈم. چاكار بولسا كېرەك ئەتىمالىم، چار ساقال بىر ئادەم قولۇمغا سۇ بېرىپ داستىخان سالدى، ئارقىدىن بىر لېگەن

پولۇنى ئالدىمغا قويدى.
— غىزاغا باقسىلا، ھاشىم ئاخۇن، — دېدى مېھمانلارنىڭ ئالدىدا دورغىدەك يوكۈنۈپ ئولتۇرغان ئابدۇغوپۇربەگ، — تارتىنمىسىلا، بىز بايىلا تاماق يەۋالغان، — ئۇ مەن بىلەن بىللە كەلگىنىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى.
دۇنيادا كەمبەغەلنىڭ قورسىقىدىن باشقا نېمىسى بار دەيدىلا. ئاللا يەتكۈزگەن رىزقىم دەپ يېگىمنى تۇرۇۋېتىپ، پولۇنى كاپامىلاپ گېلىمغا ئاتقىلى تۇرۇۋىدىم، لېگەن بىر دەمدە قۇرۇقدىلىپ قالدى. بىرنى كېكىرىپ، ئۈچ پىيالە چاي ئىچىۋەتتىم. ئۇ پولۇ بەك ئوخشىغانىكەن، ھازىرغىچە ئاغزىمدىن تەمى كەتمەيدۇ.
— ئىشتەيلىرى ساز ئىكەن، ھاشىم ئاخۇن. ئەمدى قوللىرىنى پاكىز يۇيۇپ، ئۇستىرىنى ئالسىلا. ۋەزىر بىلەن ئەمىر جانابلىرىنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى چۇشۇرىلا، — دېدى ئابدۇغوپۇربەگ.
— نېمىدېگەن بىمەنە گەپ بۇ؟ بۇ سەھرايىقىيامەتتە ۋەزىر، ئەمىرلەر نېمە ئىش قىلىدۇ، ئابدۇغوپۇربەگ؟ بىزنى ئۇنداق مەسخىرە قىلماي تۇغقانلىرىم دېسىلە بولمامدۇ؟ بىزنىڭ نەرىمىز ئۇ زاتلارغا ئوخشىسۇن؟ — دېدى پاكار بويلۇق، يوغان قورساق ئادەم ئاچچىقلاپ ۋە بەگكە ئالىقىنى بىلەن ئاغزىنى بېسىپ ئىشارەت قىلىپ قويدى.
— ۋەزىر، ئەمىردىن قېلىشمايلا ئەمەسمۇ، تۇغقانلىرىم، ھەربىرلىرىنى سۇلتاندىنمۇ چوڭ بىلسەم نېمە بولاتتى؟ ھا ـ ھا ـ ھا... — ئابدۇغوپۇربەگ ئۆز سۆزىدىن ئۆزى كۈلۈپ قويدى.
— ئويناپ سۆزلىسىلىمۇ ئويلاپ سۆزلىسىلە، بەگ. بەزىدە بىر ئېغىز گەپ جاننى ساقلاپ قالسا، بەزىدە ئادەمنى جاندىن ئايرىيدۇ، — دېدى ئېگىز بويلۇق ئادەم تەنبىھ بېرىپ.
ئابدۇغوپۇربەگ قول باغلاپ تۇرۇپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى. بايىقى دېدەك ئاپتۇۋا ـ چىلاپچى ئەكىردى، قولۇمنى يۇدۇم. بىر

خىزمەتكار يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق ئەكىرىپ، تەكچىگە تىكلەكلىك تاش ئەينەككە ئۇدۇللاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— قېنى مەرھەمەت قىلسىلا، ئەزىز تۇغقىنىم. بۇ ئۇستام ھۈنەرگە بەك ئۇستا، كېسىۋەتمەيدۇ، ئاغرىتمايدۇ، قولى پاختىدەك يۇمشاق، — ئابدۇغوپۇربەگ شۇنداق دېگىنىچە بېرىپ، پاكار كىشىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا ئەكەلدى ـ دە، شايى تونىنى ئاۋايلاپ سالدۇرۇپ، دوپپىسىنى ئېلىپ يېكەنداز ئۈستىدە قويدى. ئۇ كىشىنىڭ بېشى تاز ئىكەن، شام يورۇقىدا مىستەك قىزىرىپ تۇراتتى. بىلگەن بولسام، مەخسۇس تازنىڭلا بېشىنى چۈشۈرىدىغان ئۇستىرا ئېلىۋالىدىكەنمەن. ئۇ ئولتۇرىۋىدى، ئورۇندۇق نالە قىلغاندەك غىچىرلاپ كەتتى. ئۇنىڭ كېلەڭسىز گەۋدىسى ئورۇندۇققا لىققىدە كەلگەنىدى. چىلاپچىنى يېقىنراق قويۇپ بېشىنى ھۆللىدىم. ياغ توشۇپ پۈرۈلۈپ كەتكەن گەدىنىدىكى شالاڭ تۈكتىن باشقا، بېشىدا بىر تال چاچمۇ يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇستىرىنى ئۇنىڭ بېشىدا تاختىغا رەندە سالغاندەك يۈگۈرۈتۈپ ئەينەكتەك پارقىرىتىۋەتتىم. ئادەتتە تاز دېگەننىڭ كۆپى كوسا كېلىدۇ، ساقىلى يوق بولغان بىلەن ھىيلە ـ مىكرى تولا بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن، مىيىقىدا ھىجىيىشلىرىدىن ناھايىتى قۇۋ، ھىيلىگەر ئىكەنلىكىنى بىلدىم، غوجام. قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ بەرگەچ، ئۇنىڭ بۇرۇن، قۇلاق تۆشۈكىدىكى سېرىق تۈكلەرنىمۇ قايچىلىۋەتتىم. ئارقىدىن ئورۇندۇققا ئېگىز بويلۇق كىشى كېلىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭمۇ چاچ ـ ساقاللىرىنى ئېلىپ قاپاقتەك ئاقلىۋەتتىم. ئىلمەك بۇرۇتنىڭكىنىمۇ چۈشۈردۈم.

ئۇلار ھۈنىرىمدىن رازى بولغان بولسا كېرەك، چىرايلىرىدىن مەمنۇنىيەت كۈلكىسى تۆكۈلدى. مەن ئۇستىرىنى يۆگەپ، پوتامغا تۈگدۈم ـ دە، مېڭىشقا ھازىرلاندىم. ئابدۇغوپۇربەگ ماڭا بىر يامبۇ ئۇزارتىپ:

— ھاشىم ئاخۇن، ئەتە كېتىڭلا. چېچىنى ئالدۇرىدىغان ئىككى ئوغلۇم بار ئىدى، ئۇلار ئۇخلاپ قاپتۇ، — دېدى - دە، مېنى ھويلىغا باشلاپ چىقىپ بىر خىزمەتكارىغا تاپشۇردى. خىزمەتكار مېنى ھويلىنىڭ بىر چېتىدىكى چاققانغىنا ئۆيگە باشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئون سەر كېلىدىغان يامبۇ بېلىمدە تۈگۈكلۈك، شېرىن خىياللار ئىلكىدە ئۇيقۇم كەلمەي ياتاتتىم. بىر كەمدە بىر نەچچە ئايالنىڭ گۇدۇڭلاشقان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. شەيتىنىم قوزغىلىپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ ھويلىغا چىقسام، تۆت خوتۇن باغقا كىرىپ كېتىۋېتىپتۇ. بەدىنىم تىترەپ كەتتى. خۇدايىم مېنى خوتۇن - قىزلارغا ھېرىس قىلىپ يارىتىپتىكەنۇ، بويتاق قىلىپ قويۇپتىكەن. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ باغقا كىردىم. خوتۇنلارنىڭ بىرسى جىنچىراغ كۆتۈرۈۋالغان، ئۇلار تاھارەت سۇندۇرغىلى چىققانىدى. خالاسى باغنىڭ بىر چېتىدە ئىكەن. ئۇلار خالاغا بارمايلا زوڭ ئولتۇرۇپ مېۋە دەرەخلىرىنى سۇغىرىشقا باشلىدى. ئۇلارغا تەلمۈرۈپ كۆزلىرىم تېشىلەيلا دېدى. بىر چاغدا ئۈچ خوتۇن ئارقا - ئارقىدىن تۇرۇپ مېڭىشتى.

— ئايخان، سېنى قاچانغىچە ساقلايمىز؟ تېزرەك بولمامسەن؟ — دەپ ئالدىراتتى ئېگىزرەك كەلگەن ئايال. ئۇنىڭ ئاق شايى تامبىلىنىڭ بېغى يوتىسىغا چۈشۈپ تۇراتتى.

— قورسىقىم ئاغرىپ كەتتى، ھەرقايسىلىرى كىرىپ كېتىۋېرىشسىلە، مەن ھاجىتىمنى راۋا قىلىپ كىرەي، — دېدى دەرەخ تۈۋىدە زوڭ ئولتۇرغان ئايخان قىمىر قىلماستىن. ئۈچ خوتۇن چىراغنى ئېلىپ، غىتىلداپ مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى. ئايخانغا قارىغانسېرى شەيتىنىم قۇتراپ كەتتى. ئايخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشتانبېغىنى ئېتىۋاتقاندا، ئۈجمە دەرىخىنىڭ كەينىدىن ئېتىلىپ چىقتىم - دە، تاقلاپ بېرىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدىم.

— سابىر، مېنى قويۇۋېتىڭ، بېگىم تېخى ئۇخلىمىدى، ئەتە كۆرۈشەيلى، ماقۇلمۇ، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ.

قوينۇمغا چۈشكەن ئۇ نازىنىنىنى قانداقمۇ قويۇۋەتكۈم كەلسۇن؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭ باغرىدا جان بېرىشكە رازى ئىدىم. ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ، گەپكە تەمشەلگەن لەۋلىرىگە لەۋلىرىمنى باستىم. ئەسەبىي ھېسسىيات ئىلكىدە كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزدۈم. مېنىڭ سابىر ئەمەسلىكىمنى بىلگەن چوكان ئىشتىنىنى كىيىپلا يۈگۈرگىنىچە باغدىن چىقىپ كەتتى. ئوتتەك قىزىغان تېنىمنى ئېرىقنىڭ مۇزدەك سۈيىدە ئېرىغداپ كېيىنىۋالدىم. باغدىن چىقىپ، مېھمانلارنىڭ تېخىچە ياتمىغانلىقىنى چىراغنىڭ ئايۋان بوسۇغىسىغا چۈشكەن شولىسىدىن بىلدىم. بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئايۋانغا كىردىم. ھۇجرىدىن گۇدۇڭشىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئايۋان سۇپىسىدا يەتتە - سەككىز ئادەم ئۇخلاۋاتاتتى. «بىرسى چىقىپ قالسا، ئۇلارنىڭ قېشىدا يېتىۋالسام بولىدۇغۇ» دەپ ئويلاپ ھۇجرىنىڭ ئىشىكىگە قۇلىقىمنى ياقتىم. كاۋاپنىڭ ھىدى كەلدى. بىردەم تۇرۇپ، ئارقىمغا يانغاي دەۋاتسام:

— دۇنيادا ئەڭ قىيىن ئىش ئەر كىشىنىڭ ئايال بولۇۋېلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشى بولسا كېرەك، بەگ. مىرزا ئەلى تاغاي جانابلىرىنىڭ بويى پاكار بولغاچقا، ئانچە چانمىدى. كۆرگەنلەر ئېغىر ئاياغ خوتۇن ئوخشايدۇ دەپ قالغان چېغى. ئەمما، مېنىڭ بويۇم ئېگىز بولغاچقا، ئۇزۇن كۆڭلەك، چۈمبەل، پەرىجە بىلەن قولىشالماي، ھېلى تۇتۇلۇپ قالىدىغاندەك ئەنسىزلىكتە ياپچانغا ئاران كېلىۋالدۇق. يەنە قاچانغىچە مۇنداق قېچىپ يۈرەرمىز؟ — دېگەن ئاۋاز كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قىزىقىپ سۆزلىرىگە داۋاملىق قۇلاق سالدىم:

— خوجا شاھمۇھەممەدى جانابلىرى، بەندە بېشىغا كەلگەن كۈنني تارتماي ئىلاجى يوق. بىز بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، كەشمىر ياكى ئىرانغا، ياكى بولمىسا كابۇلغا كېتىۋالساق، ئۇ

يەردىن لەشكەر باشلاپ كېلىپ ئەنتىمىزنى ئالالايمىز. شۇڭا، ھازىر قىينچىلىقتا بەرداشلىق بېرىشىمىز، سەۋر قىلىشىمىز، غەيرەتلىك بولۇپ پەيت كۈتۈشىمىز، ئابدۇرەشىدخان قۇرغان تۈزاقتىن ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپ، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن جان تىكىشىمىز زۆرۈر.

— ۋەزىر ئەزەم، ئەمىر جانابلىرى، قاراتېگىن ھەرقايسىلىرى يوشۇرۇنۇشقا ئەڭ مۇۋاپىق جاي. ئەتراپى جاڭگاللىق، بازار، شەھەردىن يىراق، ناھايىتى خىلۋەت. ئۇ يەردە مېنىڭ ئىنىم بار، ئۇ قورقۇمسىز يىگىت، — دېدى ئارقىدىنلا ئابدۇغوپۇربەگ.

— ئىسمى نېمە ئۇ باتۇر ئىنىمىزنىڭ؟ — بۇ ھېلىقى پاكار، سېمىزنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئابدۇسوپۇربەگ.

— مەن ئۇنى بالا ۋاقتىدا كۆرگەن. ئىككىڭلار تاغامنىڭ بالىسى. مۇشۇ ۋاقىتقىچە سىلەرنى يۆلەپ كەلدىم، بەگ قىلدىم، بېيىدىڭلار، ئەمدى ماڭا ياردەم قىلمىساڭلار بولمايدۇ. سىلەرگە ئىشەنگىنىم ئۈچۈن ۋەزىر ئەزەمنىمۇ باشلاپ كەلدىم.

مەن بۇ سۆزنى قىلغان كىشىنىڭ ئەمىر ئىكەنلىكىنى پەملىدىم. بەگنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن قورقۇپ كەينىمگە ياندىم. ھويلىغا چىقىشىمغا ئېشەكنىڭ ھاڭرىغىنى ئاڭلاندى، ئارقىدىن توخۇ چىللىدى. مەن ھېلىقى كىچىك ئۆيگە كىرىپ ئۆزۈمنى كۆرپىگە تاشلاپ ئۇخلاپ كېتىپتىمەن.

— ھاشىم ئاخۇن! — يەر ئاستىدىن چىققان بۇ ئاۋاز مېنى ئويغاتتى. قوپۇپ ھويلىغا چىقسام، بەگ:

— ئەجەب ئۇخلاپ كەتتىڭلىغۇ؟ چاي ئىچىۋېلىپ ئوغۇللىرىمنىڭ چېچېنى چۇشۇرۇپ قويۇڭلا، — دەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. كۆڭ خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. مەن ئىككى بايۋەچچىنىڭ چېچىنى ئالدىم. گۆشى يوق بىر ھېجىر شورپىغا توقاچ نان چىلاپ يەۋالدىم، گۆشى مېھمانلىرىدىن ئاشمىغان بولسا كېرەك. كېتەي دەپ تۇرسام، بىرمۇنچە ياش يىگىت

چېچىمىزنى چۇشۇرۇپ قويۇپ ئاندىن كەتسىلە، دەپ تۇرۇۋالدى. ماقۇل دېمەي نېمە ئىلاج؟ پېشىنغىچە ئون نەچچە يىگىتنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى ئالدىم. ماڭاي دەپ تۇرسام، ئاشخانىدىن يۇزى يېرىم ئوچۇق چىرايلىق بىر چوكان چىقىپ ماڭا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، قولى بىلەن يۇزىنى توسقىنىچە ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. شۇنىڭدىلا مەن ئۇنىڭ كىچىدە خېنىملار بىلەن هاجەتكە چىققان هېلىقى ئايخان ئىكەنلىكىنى بىلىپ، يۇرىكىم دۇكۇلدەپ كەتتى. شۇ ئارىدا ئابدۇغوپۇربەگ مېهمانلىرىنى ئۇزىتىپ چىقتى. هېلىقى پاكار، ئېگىز ئىككىسى بىلەن ئىلمەك بۇرۇن ئادەم دېهقانلاردەك كىيىنىۋالغانىدى. ئۇلار يىگىرمىدەك ئادەم بىلەن ئات ـ قېچىرلارغا خېلى كۆپ يۈك ئارتىپ ئۇزاپ مېڭىشتى. باينىڭ مەن چېچىنى چۇشۇرۇپ قويغان ئىككى ئوغلىمۇ ئۇلار بىللە كەتتى. ئۇلارنى كۆرگەن كىشى هاشارغا ماڭغان دېهقانلار ئىكەن، دەپ قالاتتى.

— هاشىم ئاخۇن، بىزنىڭ ئۆيگە كەلگىنىڭلىنى ئۇنتۇپ كېتىڭلا، بىراۋغا تىنغۇچى بولماڭلا. ئەگەر ئۆيۇمدە قونغىنىڭلا كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالسا، چۇجىنى بويىنىدىن ئۇزۇپ تاشلىغاندەك بېشىڭلىنى ئۇزۇپ تاشلايمەن، — دېدى ئابدۇغوپۇربەگ تەرىنى تۇرۇپ.

— ئۇقتۇم، بېگىم، — دېدىم.

— مېنىڭ سۆزۈمنى ئۇنتۇپ قالماڭلا، ئۇنتۇپ قالغان كۇنۇڭلا ئۆلگەن كۇنۇڭلا بولىدۇ، — دېدى ئۇ يەنە تەئەددى بىلەن.

— هەرگىز ئۇنتۇمايمەن، بېگىم، — دەپ ۋەدە بەردىم.

ئۇ ماڭا يەنە بىر يامبۇ بەردى. زاۋال ۋاقتى بىلەن ئۆيگە كەلدىم ـ دە، موككىدە چۇشۇپ ئۆگۇنى ئەتىگەنگىچە ئۇخلىدىم. يەتتىنچى لەقىمىم موللا تاپقاق ئەمەسمىدى، ئاخىر تاپتىم.

— نېمىنى تاپتىلا، ئۇستام؟ — بەهرام هاياجاندىن ئالدىراپ سورىدى.

— ھېچنېمىنى. سىلەرگە بايائتىن نېمىلەرنى دېدىم - ھە؟ ئېسىم قۇرۇسۇن، ئۆلەي ! دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى يالغان. كاللامنىڭ كېتىشىنى بىلىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كېتىپتىمىنا، بولدى ئەمدى سۆزلىمەيمەن. مەن ئۇنداق ئەخمەق ئەمەس، — ھاشىم ئاخۇن كۇتمىگەندە دېگەنلىرىدىن يېنىۋالدى.

بەھرام ئۇنىڭ گېپىنىڭ قىزىقلىقىدىن ئەمەس، بەلكى مىرزا ئەلى تاغاي، خوجا شاھمۇھەممەدى ۋە ھامىد قەللاتلارنىڭ دېرىكى چىققانلىقىدىن ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى.

— نېمىنى سۆزلىمەيلا، ئۇستام؟ دەيدىغاننى قالدۇرماي دەپ بولدىلىغۇ. بىز ئۇ ئىككى خۇنپەرنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق، — بەھرام باش سىلىپ ئولتۇرۇۋالغان ھاشىم ئاخۇننى ئۆزىگە قاراتتى، — بىز سودىگەر ئەمەس، ئۇستام. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئاشۇ مۇناپىقلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ياساۋۇللار بولىمىز. خەت بىلسىلە، مانا بۇ يارلىقنى ئوقۇپ باقسىلا.

چالا ساۋات ھاشىم ئاخۇن يارلىقنى ھەجىلەپ ئوقۇپ چىقتى. بېسىلغان مۆھۈرگە ئۇزاققىچە قاراپ، بېشىنى لىڭشىتىپ شۈك تۇردى. ئۇنى بەھرامنىڭ كەسكىن سۆزى ۋە يارلىقتىكى مۆھۈر قورقۇنچتىن خالاس قىلغانىدى.

— ئۇستام، سىلى ھەرقانداق چاغدا بەندىدىن قورقماي، ئاللەنى بەرپا قىلغۇچى ئاللادىن قورقسىلا، زىيان تارتمايلا. قېنى ئېيتسىلا، دېگەنلىرى راستمۇ؟ زادى تاپقانلىرى نېمە؟ — بەھرام ئۇنىڭغا مىختەك قادالدى.

ھاشىم ئاخۇن ھېجايدى. گەدىنىنى سىلاپ تۇرۇپ زۇۋان سۇردى:

— سەردار غوجام، ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، دېگەنلىرىم راست ! بايا ئابدۇغوپۇربەگنىڭ قەھرلىك چىرايى كۆرۈنگەندەك بولۇپ، ئۆزۈمچە قورقۇپ گېپىمدىن تېنىۋالغانىدىم. تاپتىم دېگىنىم، ئۇلارنى بىلدىم، دېگىنىم.

— ھە، ئەمدى ھوشلىرىنى تاپتىلا، ئۇلارنى قانداق بىلدىلە؟ ئۇ ئادەملەر سىلىگە سودىگەردەك كۆرۈندىمۇ ياكى مولla، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپتەك كۆرۈندىمۇ؟

— ئۇلارنىڭ تەلەتى شۇنداق سۈرۈن، سەردار غوجام، سودىگەر دېگەن خۇشخۇي، سۆزمەن كېلىدۇ. ئۇلار ھەرگىز سودىگەرگە ئوخشىمايدۇ. موللام دېگەن قورققاق، نەسىھەتگۇي بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدىكەن. ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ ئاق كۆڭۈل، ساددا كېلىدۇ. ئۇلار ناھايىتى قارا كۆڭۈل ئىكەن. ئۇلارنى مانا شۇنداق ئويلاپ بىلدىم.

— بەللى، ئۇستام، بىزنى ئابدۇغوپۇربەگنىڭ قورۇسىغا باشلاپ بارالامدىلا؟ — بەھرام جاۋاب كۈتۈپ كۆلۈمسىرىدى.

— باشلاپ بارىمەن، سەردار غوجام، ئەمدى سىلەردىن ئايرىلالمايدىغان ئوخشايمەن، — دېدى ھاشىم ئاخۇن ئۇنىڭغا قولىنى بېرىپ.

## 4

ئابدۇرەشىدخان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازارىنى تاۋاپ قىلماي ئۆتۈشكە كۆڭلى قىيماي، كاشغەرگە خەۋەرچى ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئېتىنى چوڭ يولدىن مەشھەدكە بۇرىدى. ئەمىر ئەكرەم ئۇنىڭغا ياندىشىپ كېلىۋاتاتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى سۆگەت، جىگدە دەرەخلىرى خۇددى ئۇيقۇغا كەتكەن مومايدەك قىمىرلىماي قويمايتتى. تىنچىق ئىسسىقتا قۇشلارمۇ ئۇۋىسىدىن چىقمىغانىدى. پەقەت ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇنىڭ شارقىرىشىلا ئاڭلىناتتى. قىزىغان تاش ـ شېغىللاردىن ئىسسىق ئۇرلەيتتى. ئۇلار جىگدە پۈراپ تۇرغان بۇ تاشلىق يولنىڭ ئۆستەڭ كېسىپ ئۆتكەن يېرىگە سىلىنغان كۆۋرۈك ئۇستىگە كەلگەندە، يىراقتىن ئىككى مۇنار ۋە يېشىل كاھىشلىق گۈمبەز كۆرۈندى. ئابدۇرەشىدخان بىرىنچى بولۇپ ئاتتىن چۈشتى.

ئارقىسىدىكى يۈزدىن ئارتۇق خاس نۆكەر، ئەمىر، ئەركانلارمۇ پىيادە بولۇشتى. لەشكەرنىڭ كۆپ قىسمى مارالبېشىدىن ئۆدۈل ياركەندكە ماڭدۇرۇۋېتىلگەن، قالغان قىسمى توختىماي كاشغەرگە كەتكەنىدى. بۇ يەردە ۋەزىر، ئەمىر، سەردارلار بىلەن خاس نۆكەرلەر قالغانىدى.

خىيال بىلەن باش سىلىپ كېتىۋاتقان ئابدۇرەشىدخانغا كۆز سالغان ئەكرەم:

— سۇلتان ئالىيلىرى، كۆپ ئويلانمىسىلا، تاغىلىرى مەنسۇرخانمۇ ئۆزلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا پېتىنالماي يۇرتىغا قايتتى، ھەتتا ئەرابات ئۆتكىدىمۇ توختىمىدى. بۇ ئەل بېشىغا كەلگەن مۇشكۇللۇكنىڭ ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئاسان بولغىنىدۇر. ئاللا خالىسا ئىشلار ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، — دېدى تەسەللى بېرىپ.

— ئەمىر، كۆپ ئويلىنىش ماڭا ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرىۋاتىدۇ. ئويلىغانسېرى ئالدىراقسانلىق قىلغانلىقىمنى، بۇنىڭدىن قارا نىيەتلەرنىڭ پايدىلانغانلىقىنى، نەتىجىدە ئەڭ سادىق تايانچلىرىمنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىمنى چۈشىنىپ يېتىۋاتىمەن. ئويلىغانسېرى توغرا ھۆكۈم قىلىش، تەمكىن، ئېغىر - بېسىق بولۇش، زىنھار ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق، ھەرقانداق ئېغىر مۇسىبەتكە بەرداشلىق بېرىشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى؛ ياخشى بىلەن ياماننى، دوست بىلەن دۈشمەننى، ھەق بىلەن ناھەقنى پەرق ئېتىشنىڭ ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىۋاتىمەن. پېقىر ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىدە دۇئا - تىلاۋەت قىلغاندا، ئاللادىن گۇناھىمنى تىلەيمەن، — دېدى ئابدۇرەشىدخان سىگار يان قاراپ، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىدىن ھەسرەت - نادامەت چىقىپ تۇراتتى. بۇ ۋاقىتقا قەدەر ئابدۇرەشىدخاننىڭ قىلغان ئىشلىرىنى نۇقسانسىز دەپ تونۇپ كەلگەن ئەمىر ئەكرەم بۇ سۆزلەردىن ئۇنىڭ راستىلا نۇرغۇن ئېغىر سەۋەنلىك سادىر

قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ سۇلتانغا ھەقىقەتەن سادىق ئىدى، ئۇنى جان ـ دىلى بىلەن قوغدايتتى، ياخشى نامىنىڭ ئەل ئاغزىدا داستان بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ياش چېغىدىن باشلاپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگىنى ئۈچۈنمۇ، ئۇنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى. شۇ تاپتا ئۇ سۇلتانىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشىنى تولىمۇ خالايتتى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، دۇنيادا ئازمايدىغان بەندە يوق. دانالار: «گۇناھىنى تونۇغان توغرا يول تاپالايدۇ» دەپتىكەن. ئاللا مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇ بەندىسىنىڭ چىن دىلىدىن قىلغان توۋسىنى مەقبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا مېھىر ـ شەپقەت ئىشىكىنى ئاچقۇسىدۇر. بەلكىم سىلىنى بىر نۇرانە مەنزىل كۈتۈپ تۇرغاندۇ. ئاللا سىلىگە مەدەتكار بولغاي ... — ئۇ سۆزىنى تۈگەتكۈچە ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنىڭ ئىككى يېنىغا مۇنار قوپۇرۇلغان پەشتاقلىق دەرۋازىسىغا كېلىپ قالدى.

لىم ياغاچتىن ياسىلىپ سىرلانغان بوسۇغىدىن ئاتلىغان ئابدۇرەشىدخان چىمەنلىك سەيناغا قەدەم قويدى. بۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسى ئالدىدىكى سەيلىگاھ بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى كۆلگە لىقمۇلىق سۇ تولدۇرۇلغان، سۇ يۈزى ئەينەكتەك پارقىرايتتى. تىكلەنگەن قۇياش كۆل يۈزىدە ئالماس لېگەندەك پارقىراپ، ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. قارا قۇمچاقلار ئۈزۈشۈپ ئوينايتتى، بېلىجانلار پىلتىڭلاپ شۇڭغۇشاتتى. كۆلنىڭ قۇمساڭغۇ گىرۋىكىگە يېشىل بەرقۇت زەدىۋالدەك لەش باغلاپ كەتكەنىدى. سۇ يالاپ يىلتىزى ئېچىلىپ قالغان سۆگەت، تېرەكلەر ئەتراپىغا ئاپتاپ چۈشۈرمەيتتى، كۆل ئىچىدە بولسا شاخلىرى زۇمرەتتەك، ياپراقلىرى ئالتۇن تەڭگىدەك جۇلالىناتتى.

سۇلتانىنىڭ كەلگىنىدىن خەۋەر تاپقان باش شەيخ خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ بۇزرۇكۋار ئىبتىكاپخانىدىن ئىتتىك

چىقىرىۋېتىپ، تونىنىڭ پېشىغا دەسسەپ سېلىپ يىقىلىپ كەتكىلى تاس ـ تاماس قالدى. ئۆسكىلەڭ ساقال ـ بۇرۇتلۇق، قاشلىرى قويۇق، ئېگىز كەلگەن بۇ كىشىنىڭ بېشىدا سەللە، قولىدا تەسۋى بار ئىدى. ئۇ ھىجرىيە 931 ـ يىلىنىڭ بېشىدا سەمەرقەنتتىن كاشغەرگە كېلىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازارىغا تىلاۋەتكە بارغاندا، شەيخلەرنىڭ تەلىپى بىلەن بۇ يەردە تۇرۇپ قالغانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئالەمپاناھ، مۇبارەك قەدەملىرى قۇتلۇق بولسۇن. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ روھى دۇئالىرىدىن خۇشخۇي بولغاي. ئاتۇش ئەھلى مۇبارەك دىدارلىرىغا مۇنتەزىر ئىدى، — دېدى ئۇ سۇلتاننىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپ.

— شەيخ ھەزرەتلىرى، پېقىرنى ئۆزلىرىدەك كاتتا زاتنىڭ دىدارىغا مۇيەسسەر قىلغان ئاللاتائالاغا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ روھىغا ئاتاپ قىلغان دۇئالىرىم بىلەن ھوزۇرلىرىدا ئوقۇغان تىۋا ـ ئىستىغپارلىرىمنىڭ ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئىجابەت بولۇشىنى تىلەيمەن. ئاتۇش ئەھلىگە رەببىمىزنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى ياغسۇن! — ئابدۇرەشىدخان ئەتراپىدىكىلەرگە سالام بېرىپ بولۇپ، كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە سېلىنغان ھاماملىغا كىرىپ غۇسۇل قىلىپ چىقتى. بىرلا ۋاقىتتا ئەللىك ـ ئاتمىش ئادەم يۇيۇنالايدىغان بۇ ھامام ئالدىنقى يىلى سەئىدخاننىڭ پەرمانى بىلەن كېڭەيتىپ ياسالغان، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازارى بىلەن بىللە بىنا قىلىنغانىدى. خىزمەتچىلىرى ناھايىتى پاكىز كىيىنگەن، كۇنىبويى ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرىدىغان زىيارەتچىلەر ئۇلارنىڭ خىزمىتىدىن رازى ئىدى.

ئابدۇرەشىدخان ھەمراھلىرى بىلەن مەقبەرە يېنىدىكى مەسچىتتە پېشىن نامىزىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان روھىغا ئاتاپ ئىككى رەكەت نەپلە ناماز

ئوقۇدى. ئارقىدىن پەنجىرىلىك تۆت چاسا مەقبەرە ئىچىدىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ، سۈرە ياسىنىنى قىرائەت قىلدى. ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە:

— ئەي، كېرەملىك ئاللا، بارلىق ماختاش ۋە مەدھىيەلەر ساڭىلا خاستۇر. مۇشۇ ئوقۇغان قۇرئانىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن مەرھۇم زات — سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بەندىچىلىكتە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ، ئۇنى ئەھلى جەننىتىي قىلغايسەن. ئەي، رەببىم، مەندەك بىر ئاجىز بەندەڭنىڭ قەلبىنى يامان غەرەز، شۇم تىلەكتىن خالىي، ۋۇجۇدىنى ناپاك ئەمەللەردىن يىراق قىلغايسەن. بىلىپ ۋە بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى چەكسىز ئىنايىتىڭ بىلەن مەغپىرەت قىلىپ، مەن ئۈچۈن مېھىر - شەپقەت ئىشىكىڭنى ئوچۇق قىلغايسەن... — دەپ ئىلتىجا قىلدى. ئاندىن ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ مەقبەرىسىدە قۇرئان ئوقۇدى.

ئابدۇرەشىدخان مەقبەرىدىن يېنىپ چىققاندا، خىيالچان كۆزلىرىدە ياش لىغىلداپ تۇراتتى. ئۇ مەقبەرىنىڭ كەينىدىكى ئەنجۈرلۈك باغقا كىرىپ، قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان ئەنجۈردىن يەتتىنى ئۈزۈپ يېدى. باغنىڭ شىمال تەرىپىدە سەييىدمۇھەممەد مىرزا سالدۇرغان يۈز كىشىلىك تەكىيىخانا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. كۆلنىڭ ئايىغىدىن چىققان سۇ مۇشۇ تەكىيىخانا ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى. ئابدۇرەشىدخان تەكىيىخانىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ روھىغا ئاتاپ سۈرە تابارەكنى تىلاۋەت قىلدى. ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئىككى كىشى يېقىنلاپ كەلدى، بۇلارنىڭ بىرسى ياشانغان، يەنە بىرسى ياش ئىدى. ئۇلار خۇددى ئالدىن كېلىشىۋالغاندەك تەڭلا سالام بەجا كەلتۈردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتان ئالىيلىرى، ئامان - ئېسەن كېلىشىپلا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى ئابدۇرەشىدخان، — سىلەر كاشغەردىن كەلدىڭلارمۇ؟

— كاشغەردىن هازىر كەلدۇق، ئالىيلىرى. خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپلا يولغا چىققانىدۇق، — دېدى ياش كىشى، ئۇنىڭ بېشىدا كۈمۈش ئوتۇغاتلىق يېشىل سەللە بار ئىدى.

— سىز مىرزا ئوبۇلهادىبەگقۇ دەيمەن.

— شۇنداق، ئالىيلىرى، كۆزلىرى تولىمۇ ئۆتكۈر ئىكەن، پېقىرنى بىر قاراپلا تونۇۋالدىلا. بۇ كىشى مىرزا ئەلى تاغاي زىندانغا تاشلىغان ئابدۇلۋاهىدبەگ بولىدۇ. يوللىرىغا قاراپ كۆزىمىز تېشىلەي دېدى.

— سىلەر بىلەن كۆرۈشكىنىمدىن تولىمۇ خۇرسەنمەن، — دېدى ئابدۇرەشىدخان، ئاندىن بىرپەس تۇرۇپ قېلىپ سورىدى، — سەردار بەهرام كاشغەردە قالدىمۇ؟

— يوقسۇ، ئالىيلىرى، مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئىز - دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن خوتەن تەرەپكە كەتتى.

— ئىز - دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن؟ — ئابدۇرەشىدخان ئەجەبلەنگەندەك بولدى - يۇ، ئەھۋالنى چۈشەنگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، — كېلىڭلار، ئەنجۈرگە ئېغىز تېگىڭلار. قالدى گەپنى كاشغەرگە بېرىپ سۆزلىشەيلى. ئاتۇشقا كېلىپ، شېخىدىن ئۈزۈپ ئەنجۈر يېمىگەن ئادەم ئارماندا قالىدۇ، — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چاقچاق بىلەن چۈشۈرگەن بولسىمۇ، جىددىيلىشىپ قالغانىدى. «مىرزا ئەلى تاغاي قارشىلىق كۆرسەتمەيلا قېچىپتۇ - دە. ئۇنى تۇتۇپ جازالىمىسام، ئاۋامغا يۈز كېلەلمەيمەن» دەپ ئويلىدى.

— ئەمىر، بىز يولغا چىقايلى.

— خوپ، ئالىيلىرى، — ئەمىر ئەكرەم ۋەزىر - سەركەردىلەر بىلەن ئابدۇرەشىدخاننىڭ كەينىدىن ماڭدى.

ئۇلار كاشغەرگە نامازدىگەر ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ، ئاقئوردا ئىچىدىكى سەئىدخان چۈشىدىغان خان قەسىرىگە چۈشتى.

نامازدىن پارىغ بولۇپ، ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ بارلىق ئەمىر - ئەركانلىرى بىلەن كۆرۈشتى.
مىرزا ئوبۇلھادىبەگ مىرزا ئەلى تاغاي كاشغەرگە كەلگەندىن بېرى يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، دېدى:
— سۇلتان ئالىيلىرى، شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ. مىرزا ئەلى تاغايغا پايتەختتىكى ئادەملىرى خەۋەر يەتكۈزمىگەن بولسا، ئۇ بىر كېچىدىلا غايىب بولۇپ كەتمەيتتى. سەردار بەھرام بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن بۇ قارىشىم ئىسپاتلاندى.
— سەردار بەھرامدىن خەۋەر يوقمۇ؟
— يوق، ئالىيلىرى. ئەمىر تۇرغۇنبەگدىنمۇ يوق. شەھەر ۋە يېزا - بازارلارنى ئالا قويماي تەكشۈرۈۋاتىمىز.
— ئەمىر تۇرغۇنبەگ بىزگىمۇ ئۇچرىمىدى. يېزا - بازارلارنى ئارىلاپ، توختىماي ماڭغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۆتۈشۈپ كەتكەن ئوخشايمىز. خەۋەر بولۇپ قالار. ھەر ئىككىيلەنگە غەيۇر چاپارمەنلەردىن ئەۋەتىڭ، خەۋىرىنى ئەكەلسۇن. مىرزا ئەلى تاغاي غەلۋىردە سۇ توختىتالايدىغان مەككارلاردىن. ئالىمادىن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئۇلارنى قاپقىنىغا چۈشۈرۈۋالغان بولسا، كۆپ زىيان تارتىپ كېتىمىز. مەن كاشغەردە تۇرۇپ ئۇلاردىن خەۋەر كۈتىمەن.
— بولىدۇ، ئالىيلىرى، دەرھال چاپارمەن ماڭدۇراي.
— توختاڭ، سەرمۇنشى، — ئابدۇرەشىدخان ئۇنى توختىتىۋالدى، — سىز بۇگۈندىن ئېتىبارەن ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ پۈتۈن خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىڭ.
— پېقىر ياش، بېشىمدىن كۆپ ئىش ئۆتمىگەن. شۇڭا، ئوردىنىڭ ئىشلىرىغا باشقا ۋەزىر - ۋۇزرالاردىن بىرسى يېتەكچىلىك قىلسا، خان ئالىيلىرى، — دېدى مىرزا ئوبۇلھادىبەگ قول قوۋۇشتۇرۇپ.
— ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا. ۋەزىر - سەردارلار بىلەن كېڭىشىپ باشقۇرمامسىز؟ بۇ مېنىڭ پەرمانىم.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى.

ئەمىر - ئەركانلارنىڭ كۆپى باش لىڭشىتىپ سۇلتاننىڭ پەرمانىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئابدۇلۋاھىدبەگنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى:

— سەرمۇنشى جانابلىرى، سۇلتان ئالىيلىرى كۆڭلىمىزدىكىنى تېپىپ پەرمان چۈشۈردى. قۇللۇق قىلغايلا.

ئوبۇلھادىبەگ ئابدۇرەشىدخانغا تەشەككۇر ئېيتىپ، ئەمىر - ئەركانلار بىلەن چىقىپ كەتتى.

خان قەسىرىنىڭ دېرىزىسىگە كەچكى شەپەق جۇلا تاشلىدى. مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ تېخىچە تۇتۇلمىغىنىدىن كۆڭلى غەش بولغان ئابدۇرەشىدخان پەردىنى قايرىپ خىيالچان نەزىرىنى تاشقىرىغا ئاغدۇردى: ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چەمبەرسىمان گۈللۈكتە قىزىل، ئاق، سېرىق ئەتىرگۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن، قەسىرنىڭ ئايۋان - سارايلىرىغا كىرىدىغان يوللارنىڭ ئىككى قاسنىقىغا تىكىلگەن رەيھانلار قويۇق، تەكشى ئۆسكەنىدى. ئۇلاردىن گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق كېلىپ، مەيىن شامالدا يېنىك چايقىلىپ تۇراتتى. كۆل بويىدىكى ئۆرۈك، ئالما شاخلىرىغا ئېسىپ قويۇلغان قەپەسلەردىكى تۇمۇچۇق، تورغايلار چاڭىلداپ سايراۋاتاتتى. نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە بۇ! ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆڭلى ئېچىلغاندەك بولدى. «ھايات نېمىدېگەن سىرلىق، مۇرەككەپ - ھە! ئۇنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن قەدىرلىك تۇيۇلۇشى ئەنە شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك ...» ئۇ كېچىچە تەگسىز خىياللار ئىلكىدە تولغىنىپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ بامداتتىن بۇرۇن تۇرۇپ كەتتى. ناشتىدىن كېيىن سۇلتان سەئىدخاننىڭ يارلىقى بىلەن بەرپا قىلىنغان خانلىق مەدرىسە، ساقىيە مەدرىسەلىرىگە بېرىپ، تالىپلارنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، دەرس تىڭشىدى، موللا - ئۆلىمالار بىلەن ھەمسۆھبەت بولدى. مۇدەررىس ۋە تالىپلارنىڭ ئوقۇش - ئوقۇتۇش، تۇرمۇش

راسخوتىغا قوشۇپ ئىشلىتىش ئۈچۈن بەش مىڭ سەر كۆمۈش تارتۇق قىلدى. شەخسلەر ئىلكىدە بولمىغان شەھەر ئەتراپىدىكى بوز يەردىن ئىككى يۈز چارەك كېلىدىغان زېمىننى مەدرىسەلەرگە ۋەخپە قىلىپ بېرىشكە يارلىق چۈشۈردى.

ئىككىنچى ھەپتىسى ئابدۇرەشىدخان مىرزا ئوبۇلھادىبەگنى ئېلىپ ئىستىقامەت ئۈچۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازارىغا چىقتى. قىزىلدەرياسى بىلەن تۈمەن دەرياسى ئارىلىقىغا جايلاشقان بۇ مازار خارابىگە ئايلىنىپ دەپ قالغانىدى. ئابدۇرەشىدخان ئېتىكاپخانا، مەسچىت، گۈمبەز، پەشتاقلارنى تەپسىلىي كۆرۈپ بېشىنى چايقىدى.

— مازار خەتەر ئاستىدا قاپتۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىم ئەھلىگە پىر - ئۇستاز بولۇپ ئۆتكەن، نەچچە يۈز يىلدىن بېرى نامى ئۇنتۇلماي كېلىۋاتقان مۇتەپەككۇر ئالىمدۇر. بۇ مازارنىڭ خارابلاشقىنىدىن تەختىمىزنىڭ ئۈرۈلگىنى خوپتۇر. شۇڭا، بۇنى مۇۋاپىق ئورۇنغا يۆتكىمەك ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

— باش ئۇستىگە، سۇلتانىم، بۇ ۋەزىپىنى پېقىرغا تاپشۇرسىلا.

— بۇ مازارنى قايتا بىنا قىلىش ئۈچۈن خانلىق خەزىنىدىن ئون مىڭ سەر كۆمۈش ئاجرىتىلسۇن.

ئۇلار قايتقۇچە بۇ ھەقتە كۆپ مەسلىھەتلەشتى.

ئارىدىن يەنە ئون نەچچە كۈن ئۆتتى. بەھرام، تۇرغۇنبەگلەردىن ھېچبىر خەۋەر كەلمىدى. «مىرزا ئەلى تاغاي ناھايىتى ھىيلىگەر ھەم رەھىمسىز. بەھرام غەيرەتلىك، قورقۇمسىز بولغىنى بىلەن، ئاق كۆڭۈل، ياۋاش. تۇرغۇنبەگ جاسارەتلىك سەركەردە بولسىمۇ، تەدبىرلىك ئەمەس. ئۇلار ئۇ مەككارنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمىر ئەكرەم بىلەن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن بارمىساق بولمىغۇدەك ...» مۇشۇ ئويغا كەلگەن ئابدۇرەشىدخان ناشتىدىن كېيىنلا دىۋانخانىغا باردى. ئوبۇلھادىبەگ باشلىق ئەمىر -

ئەركانلار بىلەن كېڭىشىپ يولغا چىقماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئوبۇلھادىبەگ بەھراملارنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇشقا ئەۋەتكەن چاپارمەن قارا تەرگە چۆمگەن ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ئوردىغا كىرىپ كەلدى. چاپارمەن دىۋانخانىغا كىرىپ سالام بەجا كەلتۇرۇپ، دېدى:

— خان ئالىيلىرى، سەردار بەھرام ھەمراھلىرى بىلەن كېلىۋاتىدۇ.

— قەيەردە؟ دەرھال ئالدىمغا كىرسۇن، — دېدى ئابدۇرەشىدخان.

— خوپ، ئالىيلىرى، چىقىپ ئېيتاي.

چاپارمەن كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇستىبېشى توپا - چاڭغا مىلەنگەن، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن سەردار بەھرام دىۋانخانىغا كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئالىيلىرى، يولغا قارىتىپ قويدۇم، كەچۈرگەيلا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سەردار. مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالىدىڭلارمۇ؟

— ئالدۇق، ئالىيلىرى، ئۇ خۇنپەر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس بىلەن خوتەننىڭ قاراتېكىن دېگەن يېرىگە قېچىپ كېتىپتۇ، — دېدى بەھرام تۇتۇپ كېلەلمىگىنى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىپ.

— دەرھال يولغا چىقايلى. ئۇنى تۇتمىغۇچە پايتەختكە قەدەم باسمايمەن. بەھرام، سىلەر ئالدىمىزدا يولغا چىقىپ ئۇ مۇناپىقنىڭ مۆكۈنگەن يېرىنى تېپىڭلار، زىنھار قاچۇرۇپ قويماڭلار!

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى، — بەھرام ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

## 5

ئابدۇرەشىدخان پېشىن نامىزىدىن كېيىن ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەمىر - ئەركانلار بىلەن يولغا چىقتى. ئۇلار ھەتتا ياركەندتىمۇ توختىماي، توققۇز كۈندە خوتەنگە يېتىپ باردى. ئەھلى خوتەن سۇلتاننى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قىزغىن قارشى ئالدى. خوتەن شەھەر دەرۋازىسىدىن ئوردىغىچە ئاق پاياندار سېلىنىپ، مىڭلىغان ئاۋام ھۆرمەت بىلدۈردى.

سەردار بەھرام ئاۋامنىڭ ياردىمى بىلەن قاچقۇنلارنى قاراتېگىندىن تۇتۇپ كەلدى. مىرزا ئەلى تاغاي بىلەن خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسنىڭ باشلىرىغا تاغار كىيدۈرۈپ قويۇلغان، ئۇلارغا ئەگىشىپ قاچقان سەردار، بەگ، سىپاھلار چەمبەرچاس باغلانغانىدى. خوتەن ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، مىرزا ئەلى تاغاي بىلەن خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسنىڭ بېشىدىكى تاغار ئېلىۋېتىلدى.

مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئوڭ قولىقى بىلەن ئوڭ قولى يوق ئىدى. بېشىدىكى شاپاق دوپپا ياغلىشىپ كەتكەن، ئۇزۇن تونچە چوتار كۆڭلىكىنىڭ پېشى لاي يۇقى چورۇقىغا تېگىپ قالغان، چۈچىلىق ئىشتانبېغى ئېغىدا ساڭگىلاپ قالغانىدى. سەمرىپ سامان تىققان تاغاردەك بولۇپ كەتكەن مىرزا ئەلى تاغاي مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە ئورۇقلاپ، كۆزلىرى گۆردەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئۇنىڭدىكى مەنمەنلىك، ياۋۇزلۇقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

ئۇنىڭغا باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ چىققان ئابدۇرەشىدخان تەقدىرنىڭ بۇ كارامىتىگە ھەيران قالدى.

— سېنىڭ ماڭا دەيدىغان گېپىڭ بارمۇ؟ — سورىدى ئۇ مىرزا ئەلى تاغايغا تىكىلىپ.

— بار، سۇلتان ئالىيلىرى، بار. بىر قوشۇق قېنىمدىن

كەچسىلە، — مىرزا ئەلى تاغاي تاشپاقىدەك ئۆمىلەپ كېلىپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئايىغىغا باش قويدى.

«جان تالىشىۋاتقان لالما ئىتنىڭ ئۆزىغۇ بۇ. ئەجەب كىچىكلەپ كېتىپتا. ئاللانىڭ جازاسى نېمىدېگەن تېز كەلگەن — ھە! بۇنى ماڭا ئىبرەت قىلغان، ئەي، ئۇلۇغ رەببىم، گۇناھىمدىن ئۆتۈپ، ئادالەتنى جارى قىلدۇرغىن» دېدى ئابدۇرەشىدخان ئىچىدە.

— بۇنىڭدىن باشقا سۆزۈڭ يوقمۇ؟ گۇناھىڭنى بوينۇڭغا ئالدىڭمۇ؟

— بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە سۆزۈم بولسۇن، خان ئالىيلىرى، گۇناھىمنى بوينۇمغا ئالماي نېمە ئىلاجىم؟ مەن، مەن ئازدىم، نەپسى خاھىشىمغا بېرىلدىم، ئادەم ئۆلتۈردۈم. گۇناھىمدىن ئۆتسىلە، — يىغلىنىپ - يالۋۇردى مىرزا ئەلى تاغاي. ئۇنىڭ ئەس - يادى تىرىك قېلىشتا ئىدى. بۇ مۇمكىنمۇ — ھە! تەقدىرنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولامدۇ؟

— خان بولۇشنى ئويلىغانمۇ؟

— ئويلىغان، خۇدا خالىمىسا بەگ بولماقمۇ تەس ئىكەن.

— سەييىدمۇھەممەد مىرزا قەتل قىلىنغاندا، نېمىلەرنى ئويلىغانىدىڭ؟ — سورىدى ئابدۇرەشىدخان ھەسرەتلىك تىنىپ.

— خان بولۇشنى، ياق، ياق، ھەددىم ئەمەس، ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىشنى، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي، — گۇناھىمدىن ئۆتسىلە، سۇلتانىم.

— بەس! مېنى قەتل قىلىشقا كىمنى ياللىغانىدىڭ؟

— ھارىس نەجمىدىن دوغلاتنى.

— ئۇنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟

— ماڭا ئاسىيلىق قىلغىنى ئۈچۈن.

— تايغانىبەگنىچۇ؟

— ئالىيلىرىغا سادىقلىقىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن.

— مەن شۇ چاغدا ساڭا ئىشىنىپ كەتكىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى

گۇناھكار ھېسابلايمەن، مەلىكۇن. شۇنىڭدىن تارتىپ سېنى ساداقەتمەن ۋەزىرىم ھېسابلاپ، ھەممە ئىشتا سەندىن مەسلىھەت ئالغاندىم، بۇ راستقۇ؟
— راست، خان ئالىيلىرى، شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ گۇناھىمدىن ئۆتسىلە.
— شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن ئۆلۈمگە مەھكۇم. خانلىقىمىزنىڭ يۆلەنچۈكى، ساداقەتمەنلەرنىڭ ئۈلگىسى بولغان سەييىدمۇھەممەد مىرزا ۋە ئەلى سەئىد كوكۇلداشنى سەن بىلەن خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۆلۈمگە بۇيرۇدۇم، ئەبلەخ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى، سېنىمۇ كەچۈرمەيمەن. قېنى ئېيتقىنا، مەرھۇم ئۇستازىنىڭ بىگۇناھ ئوغلى بىلەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىككى ئوغلىنى نېمە ئۈچۈن خورلاپ ئۆلتۈردۈڭ؟ نېمىشقا ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى زىندانغا تاشلىدىڭ؟ — ئابدۇرەشىدخان غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ بىقىنىغا قاتتىق تەپتى.
مىرزا ئەلى تاغاي نەچچە قەدەم نېرىغا دومىلاپ چۈشتى، چىرايى ئاغرىقتىن كۆكىرىپ كەتتى.
— مەن، مەن ... — ئۇنىڭ ئاغزىغا گەپ كەلمىدى.
— سەن تاغام ئەمىن خوجا سۇلتاننى قاچۇرۇۋەتتىڭ. باھادىر رۇستەمبەگنى قەتل قىلدىڭ. بۇنىڭ بىلەن قالماي، سەردار بەھرامنىڭ ياشانغان ئانىسىنىمۇ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتىڭ. سەن بۇ قانخورلۇقۇڭنى ئاشكارىلانمايدۇ، دەپ چۈچۈرىنى خام سانىغاندىڭ. جانابىي ئاللا ئۆزى ئادىل، ھەممە قىلمىشلىرىڭنى ئاشكارىلىۋەتتى.
— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، خان ئالىيلىرى. تۇۋا قىلىپ گۇناھىمنى يۇياي، — مىرزا ئەلى تاغاي ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا يەنە ئۆمىلەپ كەلدى.
ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ ئارقىسىغا بىر قەدەم يېنىپ، قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇردى:
— جايىڭدىن قىمىرلىما، بولمىسا ئىت كاللاڭنى چېپىپ

تاشلايمەن !

مىرزا ئەلى تاغاي كىرپىدەك تۇگۇلۇپ قالدى.

ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئېلىپ، چىرايى دات باسقان تۆمۈردەك تاتىرىپ كەتكەن خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسقا، يەردىن باش كۆتۈرمەي دۇمچىيىپ تۇرغان ئابدۇغوپۇربەگكە قارىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرى ئارقىسىغا باغلانغانىدى. يەنە بىر گۇناھكارنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەن ئابدۇرەشىدخان قىلىچ كۆتۈرۈپ تۇرغان بەھرامغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— بۇلار ئارىسىدا ھامىد قەللات يوقمۇ؟

— ئۇ تۇرپانغا كېتىپتۇ، ئالىيلىرى، — جاۋاب بەردى سەردار.

— بۇلارنى قەيەردىن تۇتۇپ كەلدىڭىز؟

— قاراتېگىندىن، ئالىيلىرى.

— قانداق تۇتتۇڭلار؟ قېنى سۆزلەڭ.

— ئالىيلىرى، بىز ئاۋۋال ئابدۇغوپۇربەگنى تۇتۇپ، ئالدىمىزغا سېلىپ خوتەنگە ئەكەلگەندۇق. ئۇ جېنىنى قۇتقۇزۇش ھەلەكچىلىكىدە بىزنى ئۇدۇللا قاراتېگىنگە باشلاپ باردى. ئۇ بىر تەرىپى جاڭگال، بىر تەرىپى باياۋان، خىلۋەت، كۆجۈم قىشلاق ئىكەن. بىز تېنىمەيلا بۇ قىشلاقنىڭ يۈزبېشى ئابدۇسوپۇربەگنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق. ئۇ چوڭ بىر قورۇدا تۇرىدىكەن، ئىشىكىگە تۆت قاراۋۇل قويۇپتۇ.

— نەگە بارىسىلەر؟ بۇ دەڭ ئەمەس ! — دەپ بىزنى توستى.

— بۇلار ئىنىمىنىڭ مېھمانلىرى، — دېدى ئابدۇغوپۇربەگ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ.

قاراۋۇللار ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. بىز تال باراڭلىق ھويلىغا كىردۇق. كۈن قىيام بولغانىدى. بېدىشقا ئېلىنغان تاللاردىن ساپاق - ساپاق ئۈزۈم ساڭگىلاپ تۇراتتى. بېدىش ئاستى ۋە كەڭ پېشايۋاندا بىرقانچە ئادەم بەخىرامان سايىداپ ئولتۇرۇشاتتى. بىزنى كۆرۈپ دۇررىدە تۇرۇپ كېتىشتى. ئۇلار

ئارىسىدا مىرزا ئەلى تاغاي بىلەن خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسمۇ بار ئىدى. ئۇلار مېنى كۆرۈپ، چىرايى كونا تېرىدەك تاتىرىپ كېتىشتى، قوللىرىنى بېلىگە ئېسىۋالغان خەنجەرگە ئۇزارتىشتى. بىر چەتتە تۇرغان نەجمىدىن مەخدۇم، زوھۇرىددىنبەگ، ئابدۇسوپۇربەگلەر ئالدىمىزغا دېۋەيلەپ كەلدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بىزنىڭ ئەزىمەتلەر ئۇلارنىڭ بېشىدا قىلىچ ئوينىتىپ، قىمىرلاشقىمۇ ئىمكان بەرمىدى. سۇلتان ئالىيلىرى، كەچۈرسىلە، بۇ مۇناپىقنىڭ خەنجەر سالماقچى بولغان قولىنى قىلىچ ئۇرۇپ بىلىكىدىن كېسىپ تاشلىدىم. ئۇڭ قۇلىقىنىمۇ كېسىۋەتتىم. مېنىڭچە بولغاندا چاناپ قىيما ـ چىيما قىلىۋەتسەم ياخشى بولاتتى، ـــ بەھرام سۆزدىن توختاپ تۇگۇلۇپ ياتقان تاغايغا ھومىيىپ قارىۋىدى، ئۇ ساق قولى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدى.

ـــ ئۇلارنىڭ ئادەملىرى نەدە ئىكەن، قارشىلىق قىلمىدىمۇ؟

ـــ خان ئالىيلىرى، بىزگە قولايلىق بولغىنى، بۇلار ئادەملىرىنى ئىككى ـ ئۈچتىن بۆلۈپ قورۇ ئەتراپىغا كۆزەتچىلىككە قويۇپتىكەن، بىر ـ بىرلەپ تۇتتۇق. مىرزا ئەلى تاغاينىڭ قولىنى داغلاپ تېڭىپ قويغاندىم، يولدا ھوشىغا كەلدى. جېنى چىڭ ئەبلەخ ئىكەن بۇ.

ـــ ھەي، تاغاي، ھامىد قەللاتنى تۇرپانغا نېمە ئۈچۈن ئەۋەتتىڭ؟ ـــ دەپ سورىدى ئابدۇرەشىدخان.

مىرزا ئەلى تاغاي شاپاق دوپپىسى نەگىدۇر ئۇچۇپ كەتكەن تاز بېشىنى كۆتۈردى:

ـــ مەنسۇرخاندىن ياردەم سوراشقا ئەۋەتكەن، ئالىيلىرى. گۇناھىمدىن ئۆتسىلە.

ئابدۇرەشىدخان بىگىز بارمىقىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ، دېدى:

ـــ مىرزا ئەلى تاغاي، ئاللادىن كەلگەن ئەجەلنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرگىلى بولمايدۇ. سەن بۇگۇن خۇدا بۇيرۇسا زاۋال ۋاقتىدا چالما ـ كېسەك قىلىنىسەن. بۇ جازامۇ ساڭا ئازلىق

قىلىدۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، توۋا ـ ئىستىغپار ئېيت، — ئۇ سۆزىنى توختىتىپ بەھرامغا قارىدى، — ئوبدان قاراڭ، پەخەس بولۇڭ.

بەھرام نۆكەرلەرگە مىرزا ئەلى تاغاينى ئەكېتىشنى بۇيرۇدى.

ئابدۇرەشىدخان غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى قوللىرى باغلانغان گۇناھكارلارغا تىكتى.

— سابىق ئاتا ۋەزىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس خانلىقىمىزغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۈگۈن زاۋال ۋاقتىدا دارغا ئېسىلسۇن.

نەجمىدىن مەخدۇم مەنسۇرى مىرزا ئەلى تاغاينى قوللاپ، ئۇنىڭ بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشىگە، زىندانغا تاشلىشىغا ھەمدەم بولغانلىقى ئۈچۈن، زىندانغا ئۆمۈرلۈك بەند قىلىنسۇن.

زوھۇرىددىنبەگ مىرزا ئەلى تاغايغا ساداقەت بىلدۈرۈپ، ئۇ بۇيرۇغان ئىشنى قىلىپ كەلگەن ۋە بىللە قاچقانلىقى ئۈچۈن، زىندانغا بەش يىللىق بەند قىلىنسۇن.

ئابدۇغوپۇربەگ بىلەن ئابدۇسوپۇربەگ مىرزا ئەلى تاغاينى قانات ئاستىغا ئېلىپ، خانلىقىمىزغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، زىندانغا بىر يىللىق بەند قىلىنسۇن.

مىرزا ئەلى تاغاي بىللە ئېلىپ ماڭغان ياساۋۇل، سىپاھلار قويۇپ بېرىلسۇن.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھۆكمىنى سۆزمۇسۆز يازلىق قىلىپ يازغان مىرزا ئوبۇلھادىبەگ پۈتۈن مەملىكەت ئەھلىگە جاكارلاش ئۈچۈن جارچىلارغا تاپشۇردى.

گۇگۇم چۈشكەندە مىرزا ئەلى تاغاي خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قىيپاش دۆڭ ئۈستىدە چالما ـ كېسەك قىلىندى. خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسنىڭ شۇم بېشىمۇ دار ئۈستىدە ساڭگىلاپ قالدى.

# يەتتىنچى باب

# مەنسۇرخاننىڭ ئەپۇ سورىشى

## 1

ئەمىر ئەكرەم، مىرزا ئوبۇلهادىبەگ قاتارلىق ئەربابلارنى قايتۇرۇپ، بەهرام قاتارلىق سەردار، سىپاهلار بىلەن خوتەندە قالغان ئابدۇرەشىدخان باش كۆزدە ياركەندكە قايتىپ كەلدى. ئۇ گەپدان، قىزىقچى هاشىم ئاخۇن ساتىراشنىمۇ بىللە پايتەختكە ئەكەلدى.

نۇرنىسا سۇلتان بېگىم مىجەزى چۇس سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالغىنىدىن سۆيۈنۈپ، بۇ قېتىمقى سەپەر سۇلتاننى خېلى تاۋلاپتۇ، دەپ ئويلىدى. قىزىققان كۆيۈ ئوغلىنىڭ تەمكىن بولۇپ قالغىنىغا سۇلتان نىگار خېنىم ئەجەبلەندى. قىزىقى چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئېرىنىڭ جىمىغۇر بولۇپ قالغىنىدىن غەلىتىلىك هېس قىلدى، هەرقانچە ئويلاپمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. بۇنىڭدىكى سىر ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۆزىگىلا ئايان ئىدى: سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋاپاتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن پاجىئەلەر، مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئاسىيلىق قىلمىشلىرى ئۇنى ئەنە شۇنداق ئېغىر - بېسىق قىلىپ قويغان، چىدام - غەيرىتىنىمۇ ئاشۇرغانىدى.

«ئاللا ماڭا قانلىق جىنايەت سادىر قىلغان گۇناهكارلارنى جازالاتتى، ئەمما مېنى جازالىمىدى. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟» بۇ سوئال ئۇنى خىيالچان قىلىۋەتكەن، نەزەر دائىرىسىنى

كېڭەيتكەندى. ھەربىر سۆزنى ئويلاپ دېيىشكە، ھەربىر ئىشنى دەڭسەپ، پىلانلاپ قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى. بۇ سوئال ئۇنى چوڭقۇر تەپەككۇر قايىنىمىغا غەرق قىلاتتى، مۇزىكا چېلىشقا، شېئىر يېزىشقا ئىلھاملاندۇراتتى.

ئابدۇرەشىدخان ئۈچ كۈن دەم ئالغاچ، سەئىدخاننىڭ مەقبەرىسىدە دۇئا ــ تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن سۇلتان سارىيىغا كىرىپ تەختتە ئولتۇردى. كۆپ ئويلىنىپ، ئەمىر ــ ئەركانلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغاندىن كېيىن خەزىنە ۋەزىرى نىزامىددىنبەگنى ئاتا ۋەزىرلىككە، ئەلائىددىن مەھمۇد بارلاسنى ئىشىكئاغىسىلىققا، مىرزا ئوبۇلھادىبەگنى كاشغەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈردى. ئورددىن جىمغىنا كېتىپ قالغان ئوقۇمۇشلۇق ئەمىرلەرنى بىر ــ بىرلەپ چاقىرىپ، ئۆز رازىلىقى بىلەن ئەسلىدىكى خىزمىتىگە قويدى. گۈلئېرەم ئوردىسىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرى سەئىدخان ۋاقتىدىكىدەك جانلىنىپ كەتتى.

بۈگۈن ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ سەردارلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئەمىرلىككە كۆتۈرۈلگەن بەھرام ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، مەريەمنىسا ئىككى خىل تاماقتا تۇتۇش قىلغانىدى. سەۋزە قەلەمچە قىلىنىپ، گۈرۈچ يۇيۇلغان، ئۇگرە كېسىپ قويۇلغانىدى.

— بەللى، خوتۇن، بۈگۈن ئىشلار باشقىچىغۇ. بۇ شاپتۇل، ئەنجۇر، قوغۇنلارنى ئۈزۈۋەڭلا بازاردىن ئەكەلدىڭلىمۇ؟ — دېدى بەھرام ئاشخانىغا كۆز سېلىپ.

— سىلىگە خۇش خەۋەر، بويۇمدا قاپتۇ.

بەھرام گۆشنى قورۇۋاتقان خوتۇنىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى.

— راستما؟ شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى مېھمان قىلماقچى بوپسىلە ــ دە، خوتۇن؟ لېكىن، مەن قورۇق قول كېلىپ قاپتىمەن. توختاڭلا...

بەھرام تاشقىرىغا ماڭدى.
— نەگە بارىدىلا؟
— بازاردىن سۈيۈنچىگە ئۇبدان نەرسە ئەكىلىمەن.
— بولدى بارمىسىلا، كاشغەر، خوتەندىن شۇنچە كۆپ نەرسە ئەكەلدىلىغۇ. ئەمدى بالا تۇغۇلغاندا ئەكىلەرلا، — مەريەمنىسا ھويلىغا چىقىپ بولغان ئىررىنى قولىدىن تارتىپ مېھمانخانىغا ئەكىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ، قولتۇقىغا ياستۇق يۆلەپ قويدى، — مۇشۇ يەردە پۇت ـ قوللىرىنى سۇنۇپ ئارام ئالسىلا. بېشىمدا قاراپ تۇرسىلا قولۇم تىترەپ ئىش قىلالمايدىكەنمەن. ھە راست، ئاشخانىدىكى مېۋىلەرنى چۇشتە پاتمىخان ئاچام ئېلىپ كەپتىكەن، بەك خۇش بولدۇم. ئۇنى ھالۋا، مانتا بىلەن ئۇزاتتىم. سىلىگە سالام ئېيتتى.
— سەپەردىن كەلگەندىن بېرى ئۇلار بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. مىرزا ئەلى تاغاينىڭ چالما ـ كېسەك قىلىنغىنىنى سۆزلەپ بېرىپ، خۇش قىلىۋەتسەم بولاتتى ئۇلارنى، — دېدى بەھرام شاپ بۇرۇت تۇردى قاڭرۇقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ.
— ئۇ ئىشنى تېخى ماڭىمۇ تۇزۇك سۆزلەپ بەرمىدىلە، پولۇنى دۇملىۋېتىپ كىرەي، تەپسىلىي سۆزلەپ بەرسىلە. مەنمۇ سىلىگە بىر قىزىق ئىشنى سۆزلەپ بېرىمەن، ئاڭلىسىلا ھەيران قالىدىلا، — مەريەمنىسا ئاشخانىغا چىقىپ ۋاراقشىپ قايناۋاتقان سەۋزە، گۆش ئۇستىگە گۇرۇچنى سالدى ـ دە، يەنە بىردەم قايناتقاندىن كېيىن تۇۋاقنى ياپتى. ۋىلىلداپ تۇرغان چوغنى تارتىۋېتىپ، بەھرامنىڭ يېنىغا چىقتى.
— ئاش دەم يېگۈچە مىرزا ئەلى تاغاي دېگەن مەرەزنىڭ ئاقىۋىتىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرسىلە، — دېدى ئۇ ئىررىگە نازلىق بېقىپ.
— ئاۋۋال سىلى سۆزلەڭلا، خوتۇن، گېپىڭلىنى بەك سېغىنىپ كەتتىم، سەپەردىن كەلگەندىن بېرى خىزمەت بىلەن بولۇپ تۇزۇك مۇڭدىشالمىدۇق، — بەھرام يېلىنغان قىياپەتتە

مەريەمنىساغا باقتى.

— ماقۇل، ئىنىم، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتسىلا. تۇردى ئاخۇن ئاكام ئۆيلەندى.

— ئۆيلەندى؟ — ھەيران قالدى بەھرام، — كىمگە ئۆيلەندى، پاتىمخانچۇ؟

— مىرزا ئەلى تاغىنىڭ مەستۇرىخان دېگەن ئۈچىنچى خوتۇنىنى ئالدى. پاتىمخان ئاچام بۇ «كېلىن»نى ئۆزى باغقا يۆتكەپتۇ.

— راست، بۇ بەك قىزىق گەپ ئىكەن، «مىڭ بىر كېچە ھېكايىلىرى»دىن قېلىشمىغۇدەك. تۇردى قاڭرۇق ئۇ خوتۇننى قانداق تېپىپ ئالغاندۇ، پاتىمخان ئاچىنى قانداق ئۇناتقاندۇ؟

— سىلى بىلمەيدىلا، ئىنىم، پاتىمخان ئاچام ئەر زاتىغا قىزىقمايدىغان غەلىتە ئايال. شۇڭا، شۇنچە يىل تۇردى ئاخۇن ئاكامغا خوتۇن بولسىمۇ، تۇغمىغان. ئىنىمنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا يەنە بىر ئايالنى نىكاھلاپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن ۋە بۇ ئويىنى تۇردى ئاخۇن ئاكامغا ئېيتقان. ئەزەلدىن ئايال زاتىغا ھېرىس بۇ ئادەم پاتىمخان ئاچامنىڭ بۇ تەكلىپىگە خۇشاللىق بىلەن قېتىلغان ۋە مىرزا ئەلى تاغىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئۇن، گۇرۇچ، ياغ - گۆش يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرغان مەستۇرىخاننى ئالمىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. قارىغاندا ئۇ ئىككىسى بۇرۇنلا بىر - بىرىگە ئىچ پەش تارتىشىپ قالغان بولسا كېرەك. بۇ دەل سىلى مىرزا ئەلى تاغىنى تۇتۇش ئۈچۈن كەتكەن كۈنلەر ئىدى. مەستۇرىخان ئېرىدىن ئاجرىشىش ئۈچۈن قازىخانىغا ئەرز سۇنۇپتىكەن، قازى ئاجراشقانلىق توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقىرىپتۇ. ئالدىنقى ھەپتە ئىددەت ۋاقتى توشۇپتىكەن، تۇردى ئاخۇن ئاكام ئۇنىڭ بىلەن نىكاھ ئوقۇتتى. مەستۇرىخاننى پاتىمخان ئاچام ئىككىمىز باغقا يۆتكەپ ئاچىقتۇق. تۇردى ئاخۇن ئاكام ئۇنىڭغا باغدىن ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىپتۇ. ئەمدى سىلى مىرزا ئەلى تاغىنىڭ ھېكايىسىنى

سۆزلەپ بەرسىلە، — مەرىيەمنىسا گېپىنى توختاتتى.

— ماقۇل، سۆزلەپ بېرەي، لېكىن دېگەندەك قىزىق ئەمەس، — دەپ سۆزىنى باشلىدى بەھرام، — سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مىرزا ئەلى تاغاينى چالما - كېسەك قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى. ئۇ ئەبلەخنى زاۋال ۋاقتىدا يالاپ خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى خوجا - تىكەن قاپلاپ كەتكەن يارلىققا ئاچىقتۇق. نەچچە مىڭ خالايىق بىللە چىقتى. ئوڭ قولى بىلەن ئوڭ قۇلىقى كېسىلگەن مىرزا ئەلى تاغاي ئۆرە تۇرالمىغىنى ئۈچۈن، ئۇنى يار ئۇستىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇق. «بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، خان ھەزرەتلىرى» دەپ يېلىندى. «ئىستىغپار ئېيت!» دەپ بىرىنچى بولۇپ قولۇمدىكى چالمىنى ئۇنىڭ شۇم بېشىغا ئاتتىم. شۇنىڭ بىلەن يامغۇردەك ياغقان چالما، تاش بىردەمدىلا ئۇنى كۆمۈۋەتتى. ئۇ ئولتۇرغان يەردە بىر دۆۋە چالما - كېسەك پەيدا بولدى. ئامىرىقىم، ئۇ ياۋۇزنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق ئاياغلاشتى. قانخور خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسمۇ شۇ ۋاقىتتا دارغا ئېسىلدى.

— ئىسىت، خوتەندە بولسام مەنمۇ ئۇنىڭ ئۇياتسىز كۆزلىرىگە چالما - كېسەك ئاتقان بولاتتىم، ئاخىر ئۇ بالا - قازادىن قۇتۇلۇپتۇق. ئاللاغا چەكسىز شۈكۈر، — مەرىيەمنىسانىڭ مۇڭلانغان كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش ئېقىپ بەھرامنىڭ قولىغا چۈشتى. بۇ خۇشاللىق يېشى ئىدى.

ئۇلار پولۇنى يەپ، ئۆگرىنى ئىچىپ بولغۇچە بىر - بىرىگە ئۈنسىز بېقىشىپ ئولتۇردى. ئاغزىدا دېيەلمىگەن گەپلەرنى كۆزلىرى ئارقىلىق ئىزھار قىلىپ بەخت بۇلىقىغا چۆمۈلۈشتى...

بۈگۈن جۈمە كۈنى ئىدى. بەھرام خوتۇنى بىلەن پاتىمخانلار تۇرۇۋاتقان مىرزا ئەلى تاغاينىڭ بېغىغا چىقتى. بۇ باغ ئابدۇرەشىدخاننىڭ يارلىقى بىلەن تۇردى قاڭرۇققا تەۋە بولغانىدى. ئۇلارنى بۇ ئادەم چوڭ - كىچىك ئىككى خوتۇنى بىلەن

كۆتۈۋالـدى. پاتمـخان كۆنـدىشى بولـغـان مەستـۇرىخانغا ئـۆز سىڭلىسىدەك مۇئامىلە قىلىشۋاتقىنىدىن بەھرامىمۇ، مەريەمنىسامۇ سەل ئەجەبلەنگەندەك بولدى ـ يۇ، ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسىدە قىلچە ساختىلىق يوقلۇقىنى بىلىپ خۇرسەن بولۇشتى. كـەچكىچە باغنىڭ مېۋىلىرىگە قېنىپ، ئاچىققان بىر گىلەم، ئىككى كۆڭلەكلىك ئەتلەسنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قويۇپ قايتىپ كىرىشتى.

بەھرام ھەر كۈنى ئوردىدا بولاتتى. نۆكەر، ياساۋۇللارنى كۆزدىن كەچۈرەتتى، مەشىق قىلدۇراتتى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ سۆھبىتىدە بولاتتى، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلاتتى. ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئىككى قېتىم مەنسۇرخاننىڭ ئالدىغا چاپارمەن ئەۋەتتى. ھەر ئىككى چاپارمەن ئابدۇرەشىدخاننىڭ تاغىسىغا يازغان ھامىد قەللاتنى تۇتۇپ پايتەختكە ئەۋەتىپ بېرىش توغرىسىدىكى مەكتۇپىنى ئەكەتكەنىدى. ئالتە ئاي ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن دېرەك بولمىدى. بەھرام بۇنى ئويلىغانسېرى ئىچى تىت ـ تىت بولاتتى.

مەريەمنىسا يەڭگىپ، ئۇ يەنە بىر قېتىم بەخت بۇلىقىغا چۆمۈلدى. ئوغۇل تۇغقانىدى، ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا دەۋرانبەگ دەپ ئات قويۇپ بەردى.

بىر يىل ئۆتتى، تۇرپانغا كەتكەن چاپارمەنلەر كەلمىدى. ئابدۇرەشىدخان مەرھۇم تاغىسى ئەمىن خوجا سۇلتاننىڭ قىزى دىلدارئاي بېگىمنى چوڭ ئوغلى ئابدۇللەتىفخانغا ئېلىپ بەردى. تويدىن كېيىن بەھرام ئابدۇرەشىدخاننىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن ئۇن نەپەر چاپارمەننى يەنە تۇرپانغا ماڭدۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئۇستازلىق رولىنى ئوينىغان ئەمىر ئەكرەمنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئىخلاسمەن شاگىرتتەك تۇتاتتى. ئابدۇلەتىفخان بىلەن ئابدۇلكېرىمخاننى بىللە جەڭ مەشىقى قىلدۇراتتى. بۇ شاھزادىلەر ئات مىنىش، ئوقيا، مىلتىق ئېتىش، نەيزە سانجىش، قىلىچۋازلىق

ماھارەتلىرىنى ياخشى ئۆگەنگەنىدى. ھەر ھەپتىنىڭ سەيشەنبە، چارشەنبە كۈنلىرى ئۇلارنى شىكارغا ئاچىقىپ ماھارىتىنى بىللە سىنايتتى.

خەتتات شاھسەئىد ئالىم بۇ ئىككى شاھزادىگە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەتكەندە، ئەكرەم بىلەن بەھرام بىللە تىڭشايتتى. ئۇلارغا ئەڭ كۆڭۈللۈك دەملەرنى ئابدۇرەشىدخان ئويۇشتۇرغان مۇزىكا كېچىلىكى، ئالىملار سۆھبىتى بېغىشلايتتى. مۇزىكا كېچىلىكى شەنبە ئاخشىمى، ئالىملار سۆھبىتى پەيشەنبە ئاخشىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. ئابدۇرەشىدخان مۇقام مۇقەددىمىسىگە ساتار ياكى ئۇدنى چېلىپ باشلاپ بېرەتتى. مۇقام يىراقتىن ئاڭلانغان دەريا ئۆركىشىدەك ياكى مەيىن تاڭ شامىلىدەك ئاستا – ئاستا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلەتتى...

## 2

يەنە بىر يىلمۇ ئۆتتى. بىر ياشتىن ھالقىغان دەۋرانبەگنىڭ تىلى چىقتى، ئەمما تۇرپانغا كەتكەن چاپارمەنلەردىن تېخىچە خەۋەر يوق ئىدى. ئابدۇرەشىدخان چاپارمەنلەرنى پات – پات سۈرۈشتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ بىر كۈنى يەنە بەھرامغا تۇرپانغا كۆپرەك ئادەم ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى. بەھرام ئەمىر ئەكرەمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىزچى، چەۋەندازلاردىن تەركىب تاپقان قىرىق بىر چاپارمەننى تۇرپانغا ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندا، ئاقسۇدىن ئادەم كېلىپ قالدى. ئۇ خوجا ئەلى باتۇرنىڭ ئابدۇرەشىدخانغا يازغان مەكتۇپىنى ئەكەلگەنىدى.

ئەمىر ئەكرەم بىلەن بەھرام مەكتۇپنى ئېلىپ شۇ ھامان سۇلتان سارىيىغا كىردى. چۈش بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئابدۇرەشىدخان ھەرەم قەسرىگە قايتمىغان، تەختتە خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. ئەمىر ئەكرەم:

— خان ئالىيلىرى، ئاقسۇدىن كەپتۇ، — دەپ مەكتۇپنى

ئابدۇرەشىدخانغا سۇندى.

ئابدۇرەشىدخان لىپاپىنى ئىچىۋىدى، ئىككى پارچە خەت چىقتى. ئاۋۋال خوتەننىڭ پاتلىق قەغەزگە يېزىلغان خەتنى ئوقۇدى:

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بۈيۈك سۇلتانى ئابدۇرەشىدخان ئالىيلىرىغا ئاللانىڭ سالاملىرى بولغاي.

سالامدىن سوڭرە شۇنى مەلۇم قىلىمەنكى، سۇلتان مەنسۇرخان ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن كېلىپ ئاقسۇ شەھىرىنى قامال قىلىۋالدى. پۈتۈن كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ تاقابىل تۇرۇۋاتىمىز، دەرھال ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتكەيلا.

كامالىي ئېھتىرام بىلەن
قۇللىرى خوجا ئەلى باتۇر

قوشۇمىسى تۇرۇلگەن ئابدۇرەشىدخان ئاددىي سامان قەغەزگە يېزىلغان ئىككىنچى خەتكە كۆز يۈگۈرتتى:

نامۇناسىپ ئەمىر خوجا ئەلى باتۇرغا:

مەن نۇرغۇن لەشكەر بىلەن ئۈستۈڭگە باستۇرۇپ كەلدىم. شۇم كاللاڭ نىجىس تېنىڭدە بار ۋاقتىدا سادىقلىقىڭنى بوينۇڭغا ئېسىپ چىقىپ، شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ماڭا تاپشۇر!

موغۇلىستاننىڭ شانۇشەۋكەتلىك خانى سۇلتان مەنسۇرخان بىننى سۇلتان ئەھمەدخان

ھىجرىيە 943 ـ يىلى[1] جۇمادىيەلئەۋۋەلنىڭ 15 ـ كۈنى.

---

[1] ھىجرىيە 943 ـ يىلى ــ مىلادىيەنىڭ 1536 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

ئابدۇرەشىدخان دەرغەزەپ بولۇپ تەختتىن چۈشتى:
— ئەمىر، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن ئاتلىنىشقا هازىرلىنىڭ.
— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى، — قولىنى كۆكرىكىگە ئالدى ئەمىر ئەكرەم.
— ئەمىر بەهرام، سىز دەرهال كاشغەرگە بېرىپ، ئۇبۇلهادىبەگ بىلەن ئىككى تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ ئاقسۇغا ئاتلىنىڭ. بىز ئاقسۇ دەرياسى بويىدا ئۇچرىشايلى.
— خوپ، ئالىيلىرى، — دېدى بەهرام.
ئابدۇرەشىدخان تەخت يېنىغا قويۇلغان شىرە ئۈستىدىكى قەلەم بىلەن كەشمىر قەغىزىگە يارلىق پۈتتى:

مىرزا ئۇبۇلهادىبەگكە:
ئەمىر بەهرام كاشغەرگە يېتىپ بارغان هامان ئىككى تۈمەن لەشكەر ئېلىپ ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقىڭ.
سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىننى سەئىدخان
هىجرىيە 943 ـ يىلى جۇمادىيەلئەۋۋەلنىڭ 26 ـ كۈنى.

ئەمىر ئەكرەم ئابدۇرەشىدخاننىڭ يېنىدا قالدى.
يارلىقنى ئالغان بەهرام يۈزدەك نۆكەر، ياساۋۇلنى باشلاپ ئۆيىگە كەلدى. كۆزىگە ياش ئالغان خوتۇنى بىلەن ئايرىلىشقا قىيماي خوشلاشتى. «دادا ـ دادا!...» دەپ تەلپۈنگەن ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ، يەرگە دەسسىتىپ قويدى ـ دە، ئاتقا مىنىپ قامچا ئۇردى. ئۇلار بىرىنچى ئۆتەڭدە غىزالىنىۋالغاندىن كېيىن كېچىچە توختىماي يۈرۈپ سۇبهى ۋاقتى بىلەن يېڭىسارغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە قورساقلىرىنى تويدۇرۇپ، ئاتلىرىغا بوغۇز بېرىپ ماڭغان پېتى ناماز دىگەرگە قالماي كاشغەرگە يېتىپ كەلدى.
مىرزا ئۇبۇلهادىبەگ خاننىڭ پەرمانىنى كۆرۈپ، ئەمىر ـ

سەردارلارنى يىغدى. سەركەردىلەرگە ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن ئاقسۇغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەتە سەھەردە يولغا چىقىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىشنى تاپشۇردى. ئارقىدىن ئەمىر بەھرامنى مېھمانخانىسىغا باشلاپ كىردى.

— مەن ئۆيلەندىم، ئەمىر، بىر ئاي بولدى. كەچلىك غىزانى بىللە يەيلى، — دېدى ئۇ.

بەھرام ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىگە كۆز سېلىپ، «بۇ بەرنا يىگىتكە قايسى رەنا مەھبۇب بولغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى، خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك مىرزا ئوبۇلھادىبەگ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئېغىز ئاچتى:

— ئەمىر جانابلىرى، ئاللادىن چەكسىز مىننەتدارمەنكى، ئۇ پېقىرنى شەيدا قىلغان دىلرەبانىڭ ۋەسلىگە يەتكۈزۈپ بەختىيار قىلدى. ئۇ رەنا مەرھۇم ئەمىر كەبىر سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ قىزىدۇر. ئەمدى ئۇنىڭدىن بىر مەھەل ئايرىلىدىغان بولدۇم.

— مۇبارەك بولسۇن، ھاكىمبەگ جانابلىرى، توي قىلىپ بىر ئاي بولغاندا ئائىلىدىن ئايرىلىش ھەقىقەتەن ئادەمگە ئېغىر كېلىدۇ. بۇ مېنىڭمۇ بېشىمدىن ئۆتكەن. سىز ئاقسۇغا بارمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى ئەمىر ئەكرەم ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ. خوتۇنى بىلەن ئوغلى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— مەن بارمىسام بولمايدۇ، ئەمىر. ئەلگە يېغا كەلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي راھەتكە بېرىلگەن ھۆكۈمدار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ. مەن خانغا ساداقەت بىلدۈرۈشنى، ئاۋام بىلەن بىللە بولۇشنى ھەممىدىن ئەۋزەل كۆرىمەن.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ بىر قاچىدىن ئۈگرە ئىچىشتى. ئارقىدىن خىزمەتكار ئايال قىرغاۋۇل گۆشى بېسىلغان پولۇدىن بىر لېگەن ئەكىرىپ داستىخانغا قويدى. ئىككى كىچىك تەخسىدە ئىنچىكە توغراپ دورا ـ دەرمانلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان كۆك تۇرۇپمۇ كەلتۈرۈلدى.

نەچچە كۈندىن ئالدىراش يول يۈرۈپ ئىسسىق باسقۇدەك غىزاغا ئىغىز تەگمىگەن بەھرام پولۇدىن چوڭ - چوڭ كاپاملاپ يېگىلى تۇردى. مىرزا ئۇبۇلھادىبەگنىڭ قورسىقى ئۇگرە بىلەن خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، بەھرامنى توختاپ قالمىسۇن دەپ پولۇ تۇگىگۇچە ئاز - ئازدىن ئىغىز تەگدى. ئۇبدان دەملەنگەن چاي بەھرامنى تەرلىتىپ ھاردۇقىنى چىقاردى. ئۇلار خۇپتەننى ئۆتەپ يېتىپ قېلىشتى. سەھەردە تەڭلا ئۆندەرەپ قوپۇپ ناماز بامداتنى ئوقۇشتى. ناشتا قىلىپ، ئاقئوردا ئالدىغا چىققاندا، ئىككى تۈمەن لەشكەر سەپراس بولغانىدى. ئەمىر تۇرغۇنبەگ باشلىق سەردارلار ئۇلارنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن ئاتلىرىغا مىنىشتى. ئۆتەڭدىن باشقا جايدا توختىماي يۈرۈپ، بەشىنچى كۈنى شام ۋاقتى بىلەن ئاقسۇ دەرياسى بويىغا يېتىپ كېلىشتى.

— ۋاقتىدا يېتىپ كەلدىڭلار، قېرىنداشلىرىم. تاغام ئاقسۇ شەھىرىگە بېسىپ كىرىپتۇ، ئەمىر خوجا ئەلى باتۇرنىڭ نېمە بولغانلىقى نامەلۇم. بىز شەھەرنى قورشىۋالدۇق. تاغامنىڭ لەشكەرلىرى سېپىلدىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ يېقىن كەلتۈرمەيۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، شەھەرنى ئېلىپ، تاغامنىڭ زېمىنىمىزغا يولسىزلارچە تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا جاۋاب قايتۇرماي بولمايدۇ. سىلەر ھازىردىن باشلاپ تاڭ سەھەرگىچە ئۇبدان ئارام ئېلىڭلار، بامداتنى ئوقۇپلا ھۇجۇمغا ئاتلىنىمىز، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنگەن سېپىل، پەشتاق، مۇنارلىرىغا نەزەر تاشلاپ. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ، مەڭزى سىڭىپ پىشقان گىردىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ غەزەپلەنسىلا، چىرايى ئەنە شۇنداق تۇس ئالاتتى. بەھرام ئاغزىنى سۆزگە ئۆمەللەپ، ئەمىر ئەكرەمگە قارىدى. ئۇ مەيلىگە قويۇڭ، دېگەندەك بېشىنى چايقاپ قويدى.

ئاي قاراڭغۇسى. ئوتقاشلار لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇراتتى. چېدىرلارنىڭ ئەتراپىغا باغلانغان ئاتلار غاراسلىتىپ بوغۇز

يەۋاتاتتى. ئاقسۇ دەرياسىنىڭ مۆڭلۈق شارقىرىشى گويا مېھرىبان ئانىنىڭ ئەللەيىدەك لەشكەرلەرنى ئۇيقۇ دېڭىزىغا غەرق قىلغانىدى.

ئەسنەك تۇتقان ئەمىر بەھرامنىڭ بىردىنلا دەريا بويىدىن كېلىۋاتقان شاھزادىلەرگە نەزىرى چۈشتى. «سۇلتان ئوغۇللىرىنى كۆزى پىشسۇن، چېنىقسۇن دەپ ئەكەپتۇ ـ دە » دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا شاھزادىلەر كېلىپ بەگئەتكەسىگە سالام بېرىشتى، بەھرام ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، روھلىنىپ كەتتى.

— ئەمىر، ئوغۇللىرىم ئەتە سىز بىلەن جەڭگە كىرىدۇ. قايسىسى سېپىلغا بىرىنچى بولۇپ چىقسا، ئاقسۇنى شۇنىڭغا بېرىمەن، — دېدى ئابدۇرەشىدخان، — بۇلار كىچىنى يېنىڭىزدا ئۆتكۈزسۇن.

— بولىدۇ، سۇلتان ئالىيلىرى، ئەمما ...

— بولدى قىلىڭ، ئەمىر، ئوغۇللىرىم بۇ يەرگە سەير ـساياھەتكە كەلگەن ئەمەس، — ئابدۇرەشىدخان ئوغۇللىرىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، چېدىرىغا كىرىپ كەتتى.

ئەمىر بەھرام شاھزادىلەرنى ئۆز چېدىرىغا باشلاپ كىردى. ھازىر ئۇخلاش ھەممىدىن زۆرۈر بولغاچقا، گەپ قىلماستىن ئۇلارنى ئۇخلاشقا دەۋەت قىلدى، ئۆزىمۇ بېشىنى تەكىيىگە قويدى.

بۇغرا، سۇناي، دۇمباق ئاۋازى بەھرامنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزدى. ئۇ شاھزادىلەرنى ئويغىتىپ چېدىر ئالدىغا چىققاندا بامداتقا ئەزان چىقتى.

## 3

بامداتتىن كېيىنلا ناشتا قىلىپ جەڭگە ئاتلانغان لەشكەرلەر سېپىل تۆۋىگە يېقىنلاپ باردى، ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەمرى بىلەن ئوتتۇز ئۈچ توپتىن ئېتىلغان ئوق ئەتراپنى لەرزىگە كەلتۈردى.

ئونلىغان شوتىلار سېپىلغا قويۇلدى. مىڭلىغان مىلتىق، ساداقلاردىن ئېتىلغان ئوق مەنسۇرخاننىڭ سېپىل ئۈستىدىكى لەشكەرلىرىنى باش كۆتۈرگۈزمىدى.

— شەھەر دەرۋازىسىغا ئۇزۇلدۇرمەي توپ ئېتىلسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئەكرەم چاپچىپ تۇرغان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ.

— خوپ، ئەمىر، — دېدى توپچىلارنىڭ يېنىغا ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن تۈمەنبېگى ۋە بۇيرۇدى:

— دەرۋازىغا قارىتىپ ئېتىڭلار، تاكى دەرۋازا پاچاقلىنىپ، سېپىل ئۆرۈلۈپ چۈشكۈچە ئېتىڭلار!

دەل شۇ چاغدا سېپىلدىن ئېتىلغان توپ ئوقى تۈمەنبېگىدىن ئون قەدەم نېرىغا چۈشۈپ پارتلىدى. ئات يىقىلىپ تۈمەنبېگى تىك موللاق چۈشتى، چېكىسىدىن قان سىرغىپ چىقتى.

توپچىلار ھەدەپ دەرۋازىغا قارىتىپ ئوق ياغدۇردى، سېپىلغا قويغان شوتىلار ئارقا ـ ئارقىدىن غۇلاپ چۈشتى، ئابدۇرەشىدخان مەرگەنلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ سېپىلغا قارىتىپ ساداقتىن ئوق ئۇزۇۋاتاتتى. ئەكرەم سۇلتاننىڭ يېنىدىراق تۇراي دەپ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىشىغا، قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن بىر تال ساداق ئوقى چاپقۇر ئېتىنىڭ كۆزىگە سانجىلدى. ئات مۇدۇرۇپ ئاستا يىقىلدى.

ئەكرەم يەرگە چۈشۈپ ۋاپادار ئېتىنىڭ سۆڭگۈچى بىلەن بوغۇزىغا ئوق تەگكەنلىكىنى بىلدى. نېمىدېگەن چىداملىق ئات ـ ھە! ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى سىلاپ، قان ئېقىپ تۇرغان كۆزىنى سەللىسىنىڭ پەتلىسى بىلەن ئېرتتى. ئات تىپىرلاپ ـ تىپىرلاپ جان ئۈزدى.

بەھرام ئىككى شاھزادە بىلەن بىر شوتىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ سېپىلغا قويدى. بۇ ئۈلارنىڭ ئۈچىنچى قېتىم سېپىلغا يامىشىشى ئىدى. شوتىغا بىرىنچى بولۇپ شاھزادە ئابدۇللەتىفخان قەدەم قويدى. بىر قولىدا قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرگەن بۇ غەيۇر

يىگىت ناھايىتى تېز قەدەم ئېلىپ شوتىنىڭ ئۈستۈنكى بالدىقىغا چىقىۋىدى، سېرىق ساقاللىق بىر لەشكەر ئۇنى قىلىچ بىلەن چاپماقچى بولۇپ كېلىپ ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. ئاكىسىنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ كۆتۈرۈلگەن شاھزادە ئابدۇلكېرىمخان ساداقتىن ئوق ئۈزۈپ، دۈشمەننىڭ ئوڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتكەنىدى.

ئابدۇللەتىفخان ئاخىر سېپىل ئۈستىگە چىقتى. ھەرياندىن كەلگەن دۈشمەن لەشكەرلىرى ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى. ئابدۇللەتىفخان چەبدەسلىك بىلەن ئۇلارغا قارشى قىلىچ ئوينىتاتتى. كەينى ـ كەينىدىن سېپىل تۆپىسىگە چىققان ئابدۇلكېرىمخان بىلەن ئەمىر بەھرام ئابدۇللەتىفخاننى ئارىغا ئېلىۋالغان دۈشمەنلەرنى چېپىپ، باشقىلارنىڭمۇ سېپىل ئۈستىگە چىقىشىغا يول ئاچتى. باشقا ياققا قويۇلغان شوتىلاردىنمۇ ئارقىمۇئارقا سېپىلغا چىققان ئابدۇرەشىدخاننىڭ سىپاھلىرى مەنسۇرخاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى، بىر قىسمىنى سېپىلدىن چۈشۈرۈۋەتتى. كۈن پېشىندىن قايرىلغاندا ئۈزۈكسىز ئېتىلغان توپ ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدە شەھەر دەرۋازىسى پاچاقلاندى. سېپىلنىڭ بەزى جايلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، بىرنەچچە جايدىن يوچۇق ئېچىلدى. قىلىچنى باش ئۈستىگە كۆتۈرۈپ ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن ئابدۇرەشىدخان ھاڭدەك ئېچىلىپ قالغان دەرۋازىدىن بىرىنچى بولۇپ كىردى.

مەنسۇرخاننىڭ ۋەزىر، ئەمىر، سەردارلىرى قېچىپ ئوردىغا قاپسىلىپ قالغان، لەشكەرلىرى يول ـ يولدا تىز پۈكۈپ تەسلىم بولۇشقانىدى.

ئابدۇرەشىدخان ئوردىغا بېسىپ كىرگەندە مەنسۇرخان، ئۇنىڭ ئاتا ۋەزىرى جەببار بەردىبەگ ۋە ھامىد قەللاتلارنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيتتى.

— تاغام سۇلتان مەنسۇرخان قېنى؟ — سورىدى ئابدۇرەشىدخان تىزلىنىپ باش ئەگكەن سەرداردىن قەھرى

بىلەن.
— خان ئالىيلىرى زىندانىدا.
— زىنداندا؟ كىم زىندانغا سالدى؟
— ئاتا ۋەزىر جەببار بەردىبەگ بىلەن ھامىد قەللات دېگەن دولانلىق.
— نېمىشقا زىندانغا سالدى؟
— ئىنىمنىڭ ئوغلى بىلەن جەڭ قىلمايمەن دېگەنلىكى ئۈچۈن.
ئابدۇرەشىدخان ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ قىلىچىنى غىلىپىغا سالدى. ئەمىر ئەكرەم ۋە خاس نۆكەرلەر بىلەن زىندانغا باردى. مەنسۇرخانىنىڭ بۇ يەردىكى ئادەملىرى ئاللىقاچان زىندانىنى تاشلاپ قاچقانىدى. ئۇلار بىلەن خوجا ئەلى باتۇرنىڭ ئەمىر، سەركەردىلىرىمۇ زىنداندا قامالغانىدى. ئۇلار يەر ئاستىدىكى زىنداندىن مەنسۇرخاننى ئاچىقتى. ئۇ ئابدۇرەشىدخاننى كۆرۈپ تىزلانماقچى بولۇۋىدى، ئابدۇرەشىدخان يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى يۆلىۋالدى.
— تاغا، ئۇنداق قىلمىسىلا، مەن ھەممىنى چۈشەندىم.
— خان بالام، مەن دۆلەت ھوقۇقىنى قارا نىيەتلەرگە تۇتقۇزۇپ قويغانلىقىمنىڭ جازاسىنى تارتتىم، — مەنسۇرخانىنىڭ ياشلىرى ئاقارغان ساقىلىغا تامدى، — ئۇلار ئەمىر خوجا ئەلى باتۇرنىمۇ سېپىل ئۈستىدە قىيما - چىيما قىلىۋەتتى.
— خوجا ئەلى باتۇرنى؟ يا خۇدا! — دېدى ئابدۇرەشىدخان ھەسرەت - نادامەت بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، كۆزىدىن ياش ئاقمىغان بىلەن يۈرىكى يىغلاۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، لېۋىنى چىشلىدى.
— مەن گۇناھكار، بالام، نۇرغۇن ياخشى ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇم، — مەنسۇرخان خىجالەتچىلىكتە يەرگە باقتى.
ئابدۇرەشىدخان ئەپسۇسلىنىپ، ئېيتتى:
— جەببار بەردىبەگ بىلەن ھامىد قەللاتلار قېچىپتۇ، تاغا.

— نەگە قاچقاندۇ، بالام؟ — دېدى مەنسۇرخان، — هامىد قەللات تۇرپانغا كېلىپلا «مىرزا ئەلى تاغاي كاشغەرگە خان بولدى، ئابدۇرەشىدخان ئەمدى ئاقسۇغا كېلەلمەيدۇ» دەپ جەببار بەردىبەگ بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، ئەمىر، سەردارلىرىمنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى. ئاقىۋەت شۇ بولدىكى، لەشكەر باشلاپ ئاقسۇغا يۈرۈش قىلدىم. مەن قارا نىيەت دۈشمەنلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن. سىلىدىن كەچۈرۈم سورايمەن، سۇلتان بالام، مىنى كەچۈرسىلە، — مەنسۇرخان كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. ئۇ تولىمۇ بىچارە هالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

— تەقدىر ـ قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، تاغا. سىلىدە گۇناھ يوق، مەن سىلىنى ئۆز ئاتامدەك كۆرىمەن.

ئابدۇرەشىدخان تاغىسىنى يۆلەپ ئورنىغا ئەكەلدى، تەختتە ئولتۇرغۇزدى. دەل شۇ چاغدا ئەمىر بەهرام ئىككى شاهزادە بىلەن يۈزى يېپىقلىق ئۈچ «خوتۇن»نى يالاپ ئەكىردى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، قارىسىلا بۇ ساقاللىق خېنىملارغا، — دېدى بەهرام ئۇلارنىڭ چۈمبىلىنى قايرىپ.

ئابدۇرەشىدخان قوللىرى باغلانغان جەببار بەردىبەگ، هامىد قەللات ۋە تۆمۈربەگنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئاغزى ـ بۇرنى قان ئىدى.

— هامىد قەللات، سەن تولىمۇ ئەخمەق هەم دۆت ئىكەنسەن. غوجايىنىڭ چالما ـ كېسەك قىلىندى، سەنمۇ پايتەختكە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن جازالىنىسەن، — ئابدۇرەشىدخان چىرايى قارىداپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالغان قانخوردىن كۆزىنى ئېلىپ، جەببار بەردىبەگكە تىكىلدى، — قارا نىيەتلەرنى ئاللا مەقسىتىگە يەتكۈزمەيدۇ، ساڭا بۇ دۇنيادىن گۆر ياخشى، — دېدى ـ دە، تۆمۈربەگكە قارىدى، — ئەمىر، سەن ئاتاڭنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن خانلىقىمىزغا ئاسىيلىق قىلدىڭ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق. مەن نەچچە ۋاقتىن بېرى پۇرسەت كۈتۈپ

كەلگەنىدىم. مېنى تومسقان خوجا ئەلى باتۇرنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردۈم. ئەمما، كۆتكەن مەقسىتىمگە يېتەلمەي قوللىرىغا چۈشۈپ قالدىم، سۇلتان، — دېدى ھېيىقماستىن. ئۇ پۇشايمان قىلمىغاندەك تۇرمايتتى.

— سەن ئەتە دارغا ئېسىلىسەن، تۆمۈربەگ. باشقا گېپىڭ بارمۇ؟ — غەزەپلىنىپ سورىدى ئابدۇرەشىدخان.

— ئاكىلىرىمغا دار ئالدىغا كۆلۈپ بارغىنىمنى ئېيتىپ قويسىلا.

— جەببار بەردىبەگ، سېنى قانداق جازالىسام بولار؟ — دېدى مەنسۇرخان ئىچىنى ئەلەم ئۆرتەپ، — بويۇنتاۋلىق قىلماي، سۆزۈمنى ئىلىك ئالغان بولساڭ، بۇ كۈنگە قالمايتتىڭ.

— گۇناھىمدىن ئۆتسىلە، خان ھەزرەتلىرى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاندىن بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەپ بەرسىلە، — جەببار بەردىبەگ تىزلىنىپ يېلىندى.

— مەن گۇناھىڭدىن ھەرگىز ئۆتمەيمەن. بالام ئابدۇرەشىدخانمۇ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچمەيدۇ. ئىستىغپار ئېيت، مەلئۇن!

— ۋەزىر ئەزەم، لەنەت سىلىگە! سىلى بۇ كۈننى ئويلىمىغانمۇ؟ مەن ئويلىغان، دارغا ئېسىلىشىمنى، ئۆلۈمنى ئويلىغان. سىلى غورۇرى يوق، نومۇسسىز ئادەم ئىكەنلا. تۇفى! — تۆمۈربەگ جەببار بەردىبەگنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى ۋە لېۋىنى چىشلەپ تۇرغان تۇرغۇنبەگكە قارىدى، — ئاكا، سىز ماڭا ئىچ ئاغرىتماڭ. كەنجى ئوغۇل بولغىنىم ئۈچۈن ئاتامنى ئۇنتۇيالمىدىم. ئەتە خۇدا بۇيرۇسا ئاتامنىڭ روھى بىلەن ئۇچرىشىمەن. تېگىشلىك ئادەمدىن ئۆچۈمنى ئالالمىغان بولسامۇ، قەدىر ـ قىممىتىمنى ساقلاپ ئۆلۈشنى ئۆزۈمگە راۋا كۆردۈم. ئىككى ئاكامغا سالامىمنى يەتكۈزۈڭ. خەير، ئەلۋىدا.

تۇرغۇنبەگ تاتىرىپ كەتتى، گەپ قىلالمىدى.

— تۇرغۇنبەگ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. ئىنىڭىز قىساس

يولىدا جان پىدا قىلدى، سىزمۇ ئەقىدىگىزدىن تەۋرەنمەي ياشاڭ، — دەپ تەسەللى بەردى ئابدۇرەشىدخان ۋە جىكىلىدى، — سىز ئاقسۆغا ھاكىمبەگ بولۇپ قالىدىغان ئوغلۇمغا ئاتا ۋەزىر بولۇپ، بۇ يەردە قالىسىز. ئەتە مەرھۇم خوجا ئەلى باتۇر بىلەن دارغا ئېسىلغانلارنىڭ نامىزىنى جامەدە چۈشۈرىمىز.

مەنسۇرخان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئابدۇرەشىدخاننى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

— ئەسلىدە قېرىغان چېغىدا ئالجىغان تاغىلىرىنى دارغا ئاسسىلا ئوبدان بولاتتى، بالام. مېنى ئەپۇ قىلغانلىرىدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن. ئىنىم سەئىدخاندەك كۆكسى - قارنىلىرى كەڭ، جەۋان مەرد ئىكەنلا. ھەممەتلىرىگە رەھمەت، ئاللا سىلىگە رەھمەت قىلسۇن، بالام.

— مەن رەھمەتلىرىنى قوبۇل قىلالمايمەن، تاغا. رەھمەتنى گۇناھلىرىنى تونۇتقان ئاللاغا ئوقۇسىلا، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ۋەزمىن ئاھاڭدا، — ياخشى نىيەتلىك خان - سۇلتانلارنى ھىيلە - مىكىر بىلەن يامان يولغا باشلىغان ئەبلەخلەر جازالىنىشى كېرەك. ئۇلارغا رەھىم قىلساق، خەلققە زۇلۇم قىلغان بولىمىز.

ئابدۇرەشىدخان ئوغلى ئابدۇللەتىفخاننىڭ جان پىدالىق بىلەن سېپىلغا بىرىنچى بولۇپ چىققانلىقىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭغا ئاقسۇنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. مەنسۇرخان بۇ شاھزادىگە تون ۋە تاج كىيدۈردى.

## سەككىزىنچى باب

# مۇسقا ــ جەننەت شاملى

## 1

ئابدۇرەشىدخان ياركەندكە قايتىپ كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى چاشگاھ ۋاقتىدا ھامىد قەللات بىلەن قاسىم قىچىر دارغا ئىبسلدى. نەچچە مىڭلىغان ئاۋام بۇ ئىككى نادان قانخورنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان جەسىتىگە لەنەت ئوقۇشتى.

ھاۋا ئوچۇق، كۆز سەلكىنى يۈزلەرگە يېنىك ئۇرۇلاتتى. مەيدانى ئادالەتكە تەكشى چېچىلغان ئاپتاپنىڭ ئىللىق تەپتى كىشىلەرگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. بۇرۇتى ئەمدىلەتىن خەت تارتقان، بويى ئېگىز يىگىت دار ئالدىدا ئۇزاق تۇردى. ياخشى كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئىككى يىل بۇرۇن خوتەندە چالما ـ كېسەك قىلىنىشىمۇ ئۇنىڭ قايغۇسىنى يېنىكلىتىپ، سۇلتانغا بولغان ساداقىتىنى كۈچەيتكەنىدى. «ئارماندا كەتكەن ئاتام ئەمدى گۆرىدە تىنچ ياتىدىغان بولدى. ئابدۇرەشىدخان ئەسلىدە قارا نىيەت، باغرى تاش زالىملاردىن ئەمەس ئىكەن. ئۇ يازغان ئەرزىمنى يەردە قالدۇرماي ئاسىي قانخورلارنى جازالىدى...»

— ئابدۇلئەزىز، سىزمۇ كەپسىز ـ دە، — ئەمىر بەھرام ئۇنى كۆرۈپ دار سۇپىسىدىن چۈشكەنىدى، — بۇ قانخورلار ھەق جازاغا تارتىلدى.

— پاششاپ تۇرۇپ كەلمىسەم بولامدۇ، ئەمىر؟ بۇ ئاسىيلارنىڭ

دار ئالدىدىكى ھالىتىنى كۆرگۈم بار ئىدى.

ئالتۇن مەدرىسەدە بىلىم تەھسىل قىلىپ كۆزگە كۆرۈنگەن ئابدۇلئەزىز كوكۇلداشنى ئۆتكەن ھەپتە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئوردىغا چاقىرتىپ، پاشاپلىققا تەيىنلىگەنىدى. ئۇ بۇ يىل ئون توققۇز ياشتا ئىدى. ياركەند ھاكىمبەگ مەھكىمىسىدىكى ئەڭ ياش ئەمەلدار بولۇپ قالغىنىدىن بۇ يىگىت ئانچە رازى ئەمەستەك قىلاتتى.

— رەھمەتلىك ئاتامنىڭ مېنى باغدادتا ئوقۇتقۇسى بار ئىدى، ئەپسۇس ئارزۇسىغا يېتەلمىدى. مەنمۇ سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ سۆزىنى يىرالمىدىم، بولمىسا بەك ئوقۇغۇم بار ئىدى.

— قايسى مەدرىسەدە ئوقۇۋاتاتتىڭىز، ئىنىم؟

— ئالتۇن مەدرىسەدە.

— پايتەختتىكى ئەڭ كاتتا مەدرىسەدە ئوقۇپتىكەنسىز ـ دە، ئىنىم.

— شۇنداق، ئەمىر جانابلىرى، — ئابدۇلئەزىز كوكۇلداش ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى، — ئىلمىنۇجۇم بىلەن مۇسىقىغا بەك قىزىقاتتىم.

— ئالتۇن مەدرىسەدە مۇسىقا دەرسى بېرىدىغان مۇدەررىس يوقتىغۇ، يېقىندىن كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

— جاھان مەدرىسەسىدە بار، ئەمىر. مەن ھەر كۈنى ناماز دىگەردىن شامغىچە شۇ مەدرىسەگە بېرىپ ئۇستاز يۇسۇپ قىدىرخاندىن دەرس ئالىمەن. ئۇ ئىران، ھىندىستان، خۇراسان، ھەتتا ۋىزانتىيە① دىن كەلگەن تالىپلارغا مۇسىقا دەرسى ئۆتىدۇ. پېقىرنى مۇسىقىغا ھەۋەس قىلدۇرغان كىشى مەرھۇم ئاتام ئىدى، ئۇ ساتار، راۋاپنى ياخشى چالاتتى.

— سىزمۇ ياخشى چالىدىغانسىز؟ سۇلتانىمۇ ئۇد، ساتار، دۇتارنى سايرىتىۋېتىدۇ. ھەر شەنبە ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ

① ۋىزانتىيە — ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرقىي رىم دۆلىتى. 1453 ـ يىلى ئوسمان تۈركلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ۋە نامى ئىستانبۇلغا ئۆزگەرتىلگەن.

مۇسىقا كېچىلىكى ئۆتكۈزىدۇ. سىزمۇ قاتنىشىڭ، ئىنىم، روھىڭىز كۆتۈرۈلۈپ، غەمدىن خالاس بولۇپ قالىسىز.

— مەن تېخى ئۆگىنىۋاتىمەن، — ئابدۇلئەزىزنىڭ چىرايى ۋىللىدە قىزاردى، — سۇلتاننىڭ مۇسىقىغا خۇشتار ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن، ئەمىر. بىلسەمۇ، ئۇنىڭ مۇسىقىسىنى ئاڭلاش پېقىرغا قانداق نېسىپ بولسۇن؟ ئاددىي بىر خادىم تۇرسام، ئۇنداق تەنتەنىلىك مۇسىقا كېچىلىكىگە قاتنىششقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلاي؟

— سۇلتانغا بۇ ئارزۇيىڭىزنى يەتكۈزەي. مۇشۇ شەنبە سىزنى ئۆزۈم مۇسىقا كېچىلىكىگە ئاپىراي.

— راستمۇ؟ — ئابدۇلئەزىز ئۈمىدلىنىپ سورىدى.

— راست، يىگىت! گېپىم گەپ.

بەھرام ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، دارغا ئېسىلغانلارنىڭ جەسىتىنى ناماز پېشىندىن ئىلگىرى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى پاششاپبەگ بابا سالىھقا تاپىلاپ ئوردىغا كەلدى. ئەمىر ـ ئەركانلار ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەند ئىدى. ئابدۇرەشىدخان ۋەزىرلەر بىلەن كاشغەر، ياركەند، خوتەنلەرگە سېلىنىدىغان مەدرىسە، قارىيخانا، مەسچىتلەر توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. بەھرام كىرىپ بىر چەتتە قول باغلاپ تۇردى.

— سەرمۇنشى جانابلىرى، يارلىق پۈتسىلە، — دېدى ۋەزىرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىر قارارغا كەلگەن ئابدۇرەشىدخان، — كاشغەرگە ئىككى مەدرىسە، ئۈچ مەسچىت، يەتتە ھاممام؛ ياركەندكە ئۈچ مەدرىسە، بەش مەسچىت، توققۇز ھاممام؛ ھەرقايسى يېزا ـ بازارلارغا بىردىن مەدرىسە، ئىككىدىن قارىيخانا، بىردىن ھاممام سېلىنسۇن. بۇنىڭغا خەزىنىدىن يۈز مىڭ سەر كۈمۈش ئاجرىتىلسۇن.

قېرىپ مۈكچىيىپ قالغان شاھسەئىد ئالىم يارلىقنى ئەستايىدىل پۈتتى. خۇددى يىپقا تىزىلغان مەرۋايىتتەك دانە ـ

دانە قىلىپ چىرايلىق يېزىلغان يارلىقتا ئابدۇرەشىدخان مۆھرىنى بېسىپ، تەختتىن چۈشتى.
چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، ۋەزىر، ئەمىر ـ ئەركانلار قايتتى. بەھرامىمۇ ئۇلار كەينىدىن مېڭىشۇدى، ئابدۇرەشىدخان ئۇنى چاقىرىپ، سورىدى:
ــ توختاڭ، ئەمىر، مەيدانى ئادالەتتىن ھازىر كەلدىڭىزمۇ؟
ــ شۇنداق، ئالىيلىرى.
ــ ئاۋامنىڭ كەيپىياتى قانداق بولدى؟
ــ ئاۋامنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولدى، ئالىيلىرى. دارغا ئېسىلغان مەلئۇنلارغا لەنەت ئوقۇمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى. يىغىلغان ئادەممۇ بىر تۈمەندىن ئاشىدۇ.
ــ زىنداندا يەنە قانچە گۇناھكار بار ئىكەن؟
ــ زىنداندا بىرمۇ گۇناھكار قالماپتۇ، ئالىيلىرى.
ــ زىندانغا بىرمۇ ئادەم كىرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئەمىر.
ــ ئاللا تىلەكلىرىگە يەتكۈزگەي، ئالىيلىرى.
ــ خانلىقىمىزنىڭ ئىشلىرى ئىزىغا چۈشتى. سىز ئاتۇشقا بېرىپ كەلسىڭىز قانداق؟ ــ دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا، ــ ئوغلۇم ئابدۇللەتىفخاننىڭ توينى قىلغىلى بىر يىلدىن ئاشتى، ئابدۇلكېرىمخانمۇ ئون يەتتىگە كىرىپ قالدى، مومىسىنىڭ بۇ بالامنىڭ تويىنى كۆرگۈسى بار ئىكەن، ئۆيلەپ قوياي دەيمەن. مۇشۇ تويىنىڭ باھانىسىدە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازارىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان بۇزرۇكۋار خوجا مۇھەممەديۈسۈپ ھەزرەتلىرىنى مېنىڭ نامىمدىن پايتەختكە تەكلىپ قىلىپ كەلگەن بولسىڭىز. ئوغلۇمنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ قاراڭغۇلۇقتا قالغان دىلىمىزنى يورۇتۇپ كەتسە دەيمەن. بۇرۇن كۆرۈشكەن بولسامۇ، ئۇ زاتنىڭ قەدرىگە يەتمەپتىكەنمەن، ئەمىر. ئەلھال ئۇ بۇزرۇكۋار بىلەن دىدار كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار بولۇۋاتىمەن.
ــ دېگەنلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمەن، ئالىيلىرى.

بىر ھەپتە ئىچىدە بىرىپ كەلسەم بولامدىكىن؟ — بەھرام خوتۇنىنىڭ چۇشلۇك تاماق ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرۇپ، كىتىشكە ئالدىراپ قالدى.

— ياق، ئەمىر. ئۇ يەرگە بىرىپ ئۇچ ـ تۆت كۈن تۇرماي تىز قايتىپ كىلىشكە قانداقمۇ رايىڭىز بارار؟ — دىدى ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ، — ماقۇل ئەمىسە، چۈشتىن كىيىن يول تەييارلىقىنى قىلىۋېلىڭ. قانچە بۇرۇن يولغا چىقسىڭىز، شۇنچە تىز قايتىپ كىلەلەيسىز. يىقىنلىرىڭىزدىن بىرقانچە كىشىنى ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلىۋالارسىز. نۆكەر، ياساۋۇللاردىن كۆپ ئالمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. خۇش خەۋەر ئەكىلىشىڭىزدىن ئۇمىدۋارمەن. كاشغەر ۋە ئاتۇش ئەھلىگە سالامىمنى يەتكۈزگەيسىز.

— ئەلۋەتتە، سۇلتان ئالىيلىرى، — بەھرام كۆڭلىدىكىنى ئابدۇرەشىدخانىنىڭ سىزىۋالغىنىدىن ئوڭايسىزلاندى ۋە خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتتى.

ئابدۇرەشىدخان ھەرەم ھويلىسىدىكى خاس ھۇجىرىسىغا كىرمەستىن، قىيىنئانىسى سۇلتان نىگار خېنىم تۇرۇشلۇق پىشايۋانلىق قەسىرگە قەدەم قويدى.

چىكە چاچلىرى ئاقارغان، قامەتلىك، خۇش چىراي ئاغىچا قاتمۇقات يىكەندازدا تەكىيە ـ ياستۇقلارغا يۆلىنىپ سىگار يان ئولتۇراتتى، ئىككى كىنىزەك پۇت ـ قوللىرىنى تۇتۇۋاتاتتى.

ئابدۇرەشىدخان قىيىنئانىسىغا سالام بىرىپ تىنچلىق سورىدى. سۇلتان نىگار خېنىممۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قايتۇردى. سۇلتاننىڭ ئۆزىنى ئالاھىدە يوقلاپ كەلگىنىگە مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان خوتەننىڭ گۇلدار گىلىمى سىلىنغان سۇپىغا چىقىپ، كۆرپە ئۈستىدە يۈكۈنۈپ دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— ئاللا ئىگەم مۇبارەك تەنلىرىنى ئاغرىق ـ سىزلاقتىن خالىي قىلىپ، ئۆمۈرلىرىگە بەرىكەت بەرگەي، ئامىن.

— ئامىن، شانۇشەۋكەتلىك تاجۇتەختلىرىنى ئاللا كۈندىن - كۈنگە مۇستەھكەم قىلغاي، بالام، — دېدى قېيىنئانا كۆزىگە لىقىدە ياش ئېلىپ، — ھەر كۈنى كېلىپ ھال سوراپ تۇرغانلىرىڭدىن بەكمۇ خۇرسەنمەن.

— خان ئانا، مەنمۇ دۇئالىرىڭىزنىڭ بەرىكاتى بىلەن قارىغايدەك كۆكلىمەكتىمەن.

— پۈتۈن ئالەمگە سايىلىرى چۈشكەي، ئوغلۇم.

ئېيتقانلىرى كەلسۇن، خان ئانا، يۈز ياشقا كىرگەيلا.

— بالام، نەۋرەم ئابدۇلكېرىمخاننىڭ تويىنى كۆرسەم، ماڭا شۇ كۇپايە. بىر ئانا ئۈچۈن نەۋرىسىنىڭ تويىنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق ئارمان بولمىسا كېرەك، — دېدى سۇلتان نىگار خېنىم.

— ئېيتقانلىرى دۇرۇس، خان ئانا، تويىنى ئاللا خالىسا كېلەر ئاينىڭ بېشىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىجازىتى بىلەن باشلايمىز. نىكاھ ئوقۇتۇش ئۈچۈن بۇزرۇكۋار خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ھەزرەتلىرىگە ئادەم ئەۋەتتىم.

— ئەجەب ئوبدان بوپتۇ، بالام، ئەجەب ئوبدان بوپتۇ. قىزىم چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ بېشى ئاسمانغا يېتىدىغان بولدى. تەقدىر مانا شۇنداق ئادەمنى گاھىدا كۇلدۇرۇپ، گاھىدا يىغلىتىدۇ، — دېدى سۇلتان نىگار خېنىم بوش ئاۋازدا، ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ ئاندىن سۆزىنى ئاستا داۋام قىلدى، — مەن كېلىپ سەئىدخاننىڭ دىدارىنى ئەمەس، قەبرىسىنى كۆردۈم. سىلى يەنە ئۆيلىنىپلا، ئۇ خوتۇنلىرىدىنمۇ بالىلىق بوپتىلا. قىزىمنىڭ روھى چۈشۈپ كېتىپتۇ. مەن مۇنداق بولار دەپ ئويلىمىغانىدىم. خانشىلىرىنىڭ شەۋكەتلىك سۇلتان يۈنۇسخاننىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدىلا.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ چىرايى ئۆڭدى.

— خان ئانا، مۇنداق دېسىلە ئازار يەپ قالىمەن. چۈچۈك سۇلتان بېگىم بىلەن مۇناسىۋىتىم ئوبدان. خوتۇن ئېلىشىم شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئۇيغۇنغۇ؟

— بولدى، بالام، سىلىنى خاپا قىلغۇم يوق. ئىككىڭلار ياخشى ئۆتسەڭلار ھەممىمىز خۇش بولىمىز.

ئابدۇرەشىدخان جاۋاب ياندۇرماي بېشىنى ئېگىپ قويۇپ، خاس ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ بۇ قېيىنئانىسىنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى. دەشتى قىپچاق دىيارىدىن كەلگەندىن بۇيان ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ قىزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇشىغا، دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويىمىغاچقا، نارازى قىلىپ قويغانىدى. بۇ نارازىلىق ھال سوراپ كىرگەندە، بىللە تاماق يېگەندە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئېرەن قىلماسلىق ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۇنۇملۇك چارىسى ئىدى. ئۇ چۈچۈك سۇلتان بېگىمگە قانداق كۆيۈنسە، نۇرنىسا سۇلتان بېگىمگىمۇ شۇنداق كۆيۈنەتتى. ئۇنىڭدىنمۇ قۇرەيش سۇلتان، ئابدۇللاخان ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەنىدى. ئۇ بۇ يىل يەنە ئېغىرئاياغ بولغانىدى.

چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئالدىنقى يىلى ئابدۇلرېھىم سۇلتان، بۇ يىل مۇھەممەدخان دەپ ئات قويۇلغان ئىككى ئوغۇل تۇغقاندىن كېيىن ئۆزىنى تېخىمۇ چوڭ تۇتۇپ، ھەرەم ئىچىدىلا ئەمەس، پۈتۈن ئوردا ئىشلىرىغا چات كىرىپ كۆرەڭلەپ كەتكەچكە، ئابدۇرەشىدخان: «سىز خانىش، پادىشاھ ئەمەس، خانلىقىمىزنىڭ تۈزۈمىدە دۆلەت ئىشلىرىغا قول سېلىشىڭىزغا يول قويۇلمايدۇ، ئەزىزىم، بۇنى بىلىشىڭىز كېرەك» دەپ ئۇنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلىشىنى چەكلەپ قويغانىدى. قېيىنئانىسىنىڭ نارازىلىقىمۇ مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئانىسى مەختۇمە سۇلتان بېگىم چۈچۈك سۇلتان بېگىمدىن كۆرە، نۇرنىسا سۇلتان بېگىمنى بەكرەك ئەتىۋارلايتتى. قۇدىسى كەلگەندىن بۇيان چۈچۈك سۇلتان بېگىمگە ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، چۈچۈك سۇلتان بېگىم پات ـ پات

قىيىنئانىسىنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن پۈتاق چىقىرىپ خۇيلىنىپ قالاتتى، چىرايىنى ئاچماي، ھە دېگەندە يوقىلاڭ ئىشلارغا تاپا - تەنە قىلاتتى. مەختۇمە سۇلتان بېگىم كۆڭلى ھەرقانچە ئازار يېسىمۇ، ئوغلى ئابدۇرەشىدخاننى تەڭقىسلىقتا قويماسلىق ئۈچۈن، ھەرەمدە يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ تىنمايتتى. لېكىن، ئابدۇرەشىدخان ھەرەمدە نېمە ئىش بولۇۋاتقىنىنى سېزىپ تۇراتتى، ئانىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغان چاغلاردا ئىلاجىنىڭ بارىچە ئانىسىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشكە، كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ ئانىسىغا بولغان زىيادە ھۆرمىتى ۋە كۆيۈنۈشى چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ قاينىتاتتى، لېكىن ئۇ نارازىلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئىپادىلەشكە پېتىنالمايتتى. ئابدۇرەشىدخان كۆڭلى يېرىم بولغان چاغلاردا قولىغا ئۇد ياكى ساتارنى ئېلىپ مۇقام كۈيلىرىنى ياڭرىتاتتى. ئانا ئوغلىنىڭ بالىلىق مېھرىنى، ئاھ - پەريادىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى تىترىگەن تارلاردىن ئاڭلايتتى. بەزىدە ئابدۇرەشىدخان نۇرنىسا سۇلتان بېگىم چالغان قوۋۇزنىڭ مۇڭلۇق ئۈنىدىن سۆيگۈ نىداسىنى تىڭشاپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ ھەرەمدىكى ۋاقىتلىرىنى مانا شۇنداق كۆڭۈلسىزلىك، سېپايىگەرلىك، كىتاب ئوقۇش ۋە تارلارنى تىترىتىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ دەردىگە دەرمان بولىدىغان، ھاردۇقىنى چىقىرىدىغان، مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن غەم - ھەسرىتىنى يېنىكلىتىپ، جاسارەت، ئىلھامبەخش ئېتىدىغان بىر دىلرەباغا تەشنا بولۇۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ، «مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيمەن؟» دەپ تىت - تىت بولاتتى - يۇ، يەنە بۇ تۇرمۇش ئىشلىرىنى كۆڭۈل تەكچىسىگە ئېلىپ قويۇپ، پۈتۈن ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتى بىلەن خانلىقنىڭ ئىشلىرىغا بېرىلىپ كېتەتتى. بۇ يىل باش باھاردا زاراخەتمە ئۆتكۈزۈپ ئاۋام خەلقتىن دۇئا ئالدى. ئۆزى ئۇل سېلىپ بەرگەن ئالىي بىلىم يۇرتى «رەشىدىيە مەدرىسەسى» جىددىي

ياسىلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ ھەر ھەپتە دېگۈدەك ئىش ئورنىغا بېرىپ، ئۇستا، ئىشلەمچىلەر بىلەن مۇڭدىشىپ، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ كېلەتتى. مەدرىسەلەرگە بېرىپ ئالىم ـ پازىللار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولاتتى. رەستىلەرگە بېرىپ سودىگەر ـ تىجارەتچىلەرنىڭ تەلەپ ـ ئىلتىماسلىرىنى ھەل قىلاتتى. ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار بىلەن ئۇچرىشىپ غەيرىتىگە غەيرەت قوشاتتى.

شۇ چاغلاردا ياركەند، خوتەن شەھەرلىرىدە پىلە بېقىپ، يىپەكچىلىك قىلمىغان ئائىلە يوق دېگۈدەك ئىدى. ئۇلار توقۇغان يىپەك گىلەم، ئەتلەس، شايى، بەقەسەملەر يەرلىك ئاھالىلەرنى تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەرەب، ھەتتا ناسارالار ئەللىرىگە ئاپىرىپ سېتىلاتتى ياكى شۇ مەملىكەتلەردىن كەلگەن سودىگەرلەر سېتىۋېلىپ ئەكېتەتتى. كاشغەرنىڭ گۈلە ـ قاق، چىلانلىرى، ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى، پىچاق، خەنجەر، قىلىچلىرىمۇ باشقا ئەللەرگە چىقىرىلاتتى.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھەربىر ئائىلىدە بىر تۈپ ئۈجمە بولۇش دېگەن ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپلا قالماي، ئېتىز قىرلىرىغا، يوللارنىڭ چېتىگە، بىكار يەرلەرگە نۇرغۇن ئۈجمە دەرەخلىرى تىكىلىپ ئاينىتىلغانىدى. قويۇق تىكىلگەن جىگدە دەرەخلىرى ئېتىزلارنى، باغىراڭلارنى، مەھەللىلەرنى قۇم بېسىشتىن، زەيلىشىشتىن، قاقاسلىششتىن ساقلاپ، دېھقانچىلىقنى روناق تاپتۇرغانىدى. دۆلەتكە يىلدا بىر قېتىم تاپشۇرىدىغان غەللە ـ پاراق ۋە ئۆشرىدىن باشقا سېلىق بولمىغاچقا، دېھقانلارنىڭ كىرىمى زور دەرىجىدە ئاشقانىدى.

ياركەند شەھىرى پايتەختكە مۇناسىپ ھالدا ناھايىتى ئاۋات، تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغانلار ئاز ئەمەس ئىدى. كوچىلاردا ھەمىشە ھىندى، ئوردۇ، پارس، ئەرەب، ھەتتا پەرەڭلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. ئۆزبېك، قازاق، قىرغىزلارغۇ

ئۆز يۇرتىدىكىدەك ئەركىن ـ ئازادە يۈرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سودىگەر بولۇپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ يارلىقى بويىچە قەيەرگە بارسا، تۇرسا چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى. پەقەت باشقا ئەللەردىن ئەكىلىپ ساتقان ماللىرىغىلا باج تۆلەيتتى، ئالغان ماللىرىغا باج ئېلىنمايتتى.

بايلىق، باياشاتچىلىق ياخشىلىقفا يول ئاچىدۇ. نامراتلىق، يوقسۇزلۇق كۇلپەتكە، ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدىكى زىندانلار بوشاپ قالغانىدى. يۇرت ـ يۇرتلاردا ئوغرى، قاراقچى، قاتىل، لۈكچەكلەر بولمىغاچقا، يۇقىرالار ئەندىشىسىز ياشايتتى، بىر ـ بىرىگە سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى، بىر ـ بىرىگە كۆيۈنەتتى.

ئابدۇرەشىدخان ھەر كۈنى دېگۈدەك خەلقنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتى. بەزى ئاخشاملىرى ئەمىر ئەكرەم ۋە بەھراملار بىلەن سودىگەر ياكى دېھقان سىياقىدا ياسىنىپ، كوچا ئارىلايتتى. خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى ئۇچراتسىلا، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلدۈرمەي، قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قويىاتتى. بۈگۈن ئاخشامۇ ئەمىر ئەكرەم بىلەن ياركەندنىڭ ئەڭ ئاۋات رەستىسى بولغان ئورداكۆل كوچىسىدىكى گەزمال رەستىسىنى ئارىلاپ، ھەرەم قەسرىگە يېرىم كېچىدە قايتىپ كەلدى. چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ قەسرىگە مېڭىپ بولۇپ، بىردىنلا قايرىلىپ نۇرنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ قەسرىگە كىردى. بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان ياش ئانا روشىلى بىلەن كۆكسىنى يوشۇردى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، كەچۈرگەيلا، — دېدى ئۇ بالىنى كۆتۈرگىنىچە تۇرۇپ.

— ئولتۇرۇڭ، ئەزىزىم، — ئابدۇرەشىدخان خانىشنىڭ قولىدىن بالىنى ئالدى.

— داددا، داددا، — دەپ ئۇنىڭ ساقىلىغا قول ئۇزارتتى ئوغۇل.

— ھۆ كەپسىز، شوخلىشىپ كەتكىنىنى، — ئابدۇرەشىدخان ئوغلىنىڭ مەڭزىگە سۆيدى. بالا ئۇنىڭ ئالتۇن ئوتۇغاتلىق سەللىسىنى بىر تارتىپلا چۇۋۇۋەتتى ...

## 2

زۇلمەتكە چۆمگەن كۆك يۇزى ئاستا ــ ئاستا ئاقىرىپ، تاڭ سۇزۇلدى. نامازدىن يانغان ئابدۇرەشىدخان ئەمىر ئەكرەم بىلەن سالاملىشىپ، دېدى:

— ئەمىر بەھرامىنىڭ ئاتۇشقا كەتكىنىگە ئىككى ھەپتە بولدى. ئۇنىڭدىن ھېچ خەۋەر يوق. بۇزرۇكۋارنىڭ يېنىدا ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۇپ كەتكىنىنىمۇ بىلەلمەي قالغان بولسا كېرەك.

سۇلتاننىڭ ئوغلىنىڭ تويىنى قىلىشقا ئالدىراۋاتقىنىنى پەملىگەن ئەكرەم:

— شۇنداق، ئالىيلىرى. ئەمىسە ئادەم ئەۋەتەي، تۆت ــ بەش كۈن ئىچىدە قايتۇرۇپ كېلىدۇ، — دېدى. ئابدۇرەشىدخان:

— ياق، ئەمىر، كېلىپ قالار. ئادەم ئەۋەتسەك، بۇزرۇكۋارنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قالمىسۇن، تەخىر قىلايلى، — دەپ چارباغقا ماڭدى.

ئەمىر بەھرام پېشىندىن كېيىن كەلدى. تېز يول ماڭغىنىدىن يۈزى قىزىرىپ، ئۇستىبېشىنى چاڭ بېسىپ كەتكەنىدى. ئۇ سۇلتان سارىيىغا كىرىپ، ئابدۇرەشىدخانغا سالام بېرىپلا، دېدى:

— ئالىيلىرى، مېنى ئاتۇشقا ئەۋەتىپ ياخشى قىلغانىكەنلا. مۇھەممەديۇسۇپ ھەزرەتلىرى ئۆزلىرىگە سالام يوللىدى، تەكلىپلىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. پېقىرمۇ ئۇنىڭ سۆھبىتىدە بولۇپ، كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۇپ كەتكىنىنى بىلەلمەي قاپتىمەن. سىلىنى يولغا قارىتىپ قويغان ئوخشايمەن.

ئابدۇرەشىدخان چىن قەلبىدىن مىننەتدار بولغىنىنى

بىلدۈرۈپ:

— يولىڭىزغا قارىغىنىمىز راست، ئەمىر. ئېيتىڭا، مۇھەممەدىيۈسۈپ ھەزرەتلىرى قاچان كېلىدىغان بولدى؟ — دېدى.

— كېلىۋاتىدۇ، ئالىيلىرى.

— چۈشەندىم، ئەمىر، دەرھال بۇزرۇكۋارنىڭ ئىستىقبالىغا چىقايلى، — دەپ تەختتىن چۈشكەن ئابدۇرەشىدخان چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ سۇلتان سارىيىدىن چىقتى.

كۈز قۇياشى غەربكە سىلجىغانىدى. ئىلىلىق ئاپتاپ ئاتلىق كېتىۋاتقان ئابدۇرەشىدخاننىڭ گاھ تاجىغا، گاھ يەلكىسىگە، گاھ قارا قۇلانىنىڭ ساغرىسىغا چۈشەتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئاستا ئىرغاڭشىۋاتقان ئېگىز سۆۋادانلار يەردە ئالتاغىل سايىلارنى پەيدا قىلغانىدى. بۇغداي - قوناقلىرى ئورۇلۇپ بولغان ئېتىزلاردىكى قوي، ئۆچكە، كالا، موزايلارنىڭ بەزىلىرى ئاپتاپقا قاقىلىنىپ كۆشەپ ياتسا، بەزىلىرى يولدىن ئۆتۈۋاتقانلارغا ھاڭۋېقىپ قارايتتى.

ئابدۇرەشىدخان ھەدەپ يۇلقۇنۇپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ تىزگىنىنى پات - پات تارتىپ قويىتتى. ئۇنىڭغا ياندىشىپ شاھ مەپىسى كېلەتتى. تۇيۇقسىز يىراقتىن بىر توپ ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئاشۇ كېلىۋاتقانلار مۇھەممەدىيۈسۈپ بۇزرۇكۋار بىلەن ئۇنىڭ مۇرىتلىرى، — دېدى ئەمىر بەھرام ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىپ.

ئابدۇرەشىدخان ئاتتىن چۈشتى. ئۇ تەرىقەت يولىدا كامالەتكە يەتكەن، بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ئاۋام ئارىسىدا ناھايىتى زور ئابرۇي قازانغان بۇزرۇكۋار خوجا مۇھەممەدىيۈسۈپ ھەزرەتلىرىنى ئىستىقبالىغا پىيادە بېرىپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى، يۈرىكى ھاياجاندىن گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇراتتى. ئەمىر - ئەركانلارمۇ ئاتتىن چۈشۈپ،

ئابدۇرەشىدخانغا ئەگەشتى.

بىزنىڭ ئۇلۇغ ئىگىمىز
ئاللادۇر، ئاللادۇر.
ھەق دوست رەببەنا،
ئاڭا سادىق دىلىمىز
دەريادۇر، دەريادۇر.
ھەق دوست ئىللەللا ...

دېگەن ھۆكمەت يەر ئاستىدىن ئاڭلانغاندەك بولدى. ئاتلىقلار يېقىنلاشقانسېرى، ئاۋاز كۈچەيدى.

ئابدۇرەشىدخان سۇۋارى قارا تون كىيگەن بىر توپ كىشىنىڭ ئاق تون كىيىپ، ئاتقا مىنگەن قارا ساقاللىق كىشىنى چۆرىدەپ جەرە سېلىپ، ھۇ تارتقىنىچە كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. ئاق تونلۇق كىشى ئاتتىن چۈشتى، ھۇ تارتىپ پىرقىراپ كەلگىنىچە ئابدۇرەشىدخانىنى ئۈچ قېتىم ئايلاندى. سوپىلىرى ئىككىيلەننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ جەرە سېلىپ، بۇ ھۆكمەتنى ئوقۇدى:

ئادالەتنى شاھقا يار قىلغان ئاللادۇر،
تاپاۋەتنى بايغا يار قىلغان ئاللادۇر.
تاقەتنى گادايغا يار قىلغان ئاللادۇر،
جاسارەتنى مەردكە يار قىلغان ئاللادۇر.
ياھۇ ـ يائاللا، ھەق دوست ئىللەللا.

ئابدۇرەشىدخان ئەقلى لال بولۇپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، ئاق تونلۇق ئادەم ئېغىز ئاچتى:

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەي، شاھى جاھان، خىزمەتلىرىگە كەلدى بىر لاماكان[1]، قوبۇل كۆرسىلە بەختىمدۇر، ئالدىلىرىدا

لال ئەقلىمدۇر. ئالىيلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشتۈرگەن ئاللادىن چەكسىز مىننەتدارمەن.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەي، ئۇستاز، ساھىبقىران، پاساھەتلىرىگە قايىل ئەھلى جاھان. گەرچە شاھ بولساممۇ، ئالدىلىرىدا مۇرىتمەن، خان بولساممۇ گۇناھكار يىگىتمەن. بۇزرۇكۇارىم بىلەن دىدارلىششقا نېسىپ قىلغان رەببىمگە مىڭ مەرتە شۇكۇر، — ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويغان ئابدۇرەشىدخان بۇزرۇكۇاردىن تىنچ - ئامانلىق سورىدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، مۇبارەك قەدەملىرى بىلەن پېقىرنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۆزلىرىنى مۇرىت سانىغانلىرى بېشىمنى ئاسمانغا يەتكۈزدى. ئاللا سىلىنى مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكۈزگەي، — دېدى خوجا مۇھەممەدىيۇسۇپ بۇزرۇكۇار ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا چىقىپ كۇتۇۋالغىنىدىن مەمنۇن بولۇپ، — ئالىيلىرىنى پېقىرغا قول بېرىپ، ئاللانىڭ سادىق قۇلى بولغانلىقلىرى بىلەن مۇبارەكلەيمەن.

— رەھمەت، پىر - ئۇستاز، ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭۈل بېغىمدا بىخ سۇرگەن ئارزۇ كۆچەتى مانا بۈگۈن ھەزرەتلىرىنىڭ بىغۇبار قەلب بۇلاقلىرىدىن سۇ ئىچىپ چېچەكلىدى، ئاللا خالىسا پەرۋىش قىلىشلىرى بىلەن مېۋە بەرگەي، — ئابدۇرەشىدخان كۆڭلىدىكىنى ئىزھار قىلغاندىن كېيىن ئەمىر - ئەركانلارنى بىر - بىرلەپ بۇزرۇكۇارغا تونۇشتۇردى. ئاتا ۋەزىر نىزامىدىنبەگ، سەرمۇنشى شاھسەئىد ئالىم، ياركەند شەھىرىنىڭ ھاكىمبېگى ئەمىر ئوسمانبەگلەر خوجا مۇھەممەدىيۇسۇپ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىمۇ مۇرىت دەپ بىلىشىنى ئۆتۈنۈشتى. بۇزرۇكۇار ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى.

---

① لاماكان — ماكانسىز دېگەن مەنىدە.

شەيخۇلئىسلام مۇھەممەد ئابدۇللا داموللا بۇزرۇكۋار بىلەن سوغۇقلا كۆرۈشۈپ، سۇلتاننىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ تۇردى. ئەمىر ئەكرەم باشلىق بىرقانچە سەركەردە، بەگ مۇرىت بولۇش توغرۇلۇق ئىغىز ئاچمىدى. بەھرام باشلىق بىرقانچە سەردار خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ھەزرەتلىرى بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، مۇرىت بولۇش ئارزۇلىرىنى بىلدۈردى. بۇزرۇكۋار باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.

ئابدۇرەشىدخان خوجا مۇھەممەديۇسۇپ بۇزرۇكۋارنى شاھانە مەيگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، ئالىيلىرى، بىراق مەيگە چىقالمايمەن، چۈنكى پېقىر بۇ دۇنيانىڭ راھەت - پاراغىتىنى تەرك ئەتكەنمەن، — دېدى بۇزرۇكۋار تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆزرە ئېيتىپ، — يول ئۇزۇن بولمىغان بولسا، ھۇزۇرلىرىغا ئاتقىمۇ جەبىر سالماي پىيادە كەلگەن بولاتتىم.

بۇزرۇكۋارنىڭ ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن پانىي ئالەمنىڭ راھەت - پاراغىتى ۋە مەئىشەتلىرىنى تەرك ئەتكەنلىكى ئابدۇرەشىدخاننىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىنى قوزغىدى. بەزى ئەمىر، سەردارلار تەسىرلەنگىنىدىن ھەتتا كۆز يېشى قىلىشتى.

ئۇلار ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن ئابدۇرەشىدخان خوجا مۇھەممەديۇسۇپتىن تەكىيىخانىدا تۇرۇشنى ئۆتۈنۈۋىدى، لېكىن ئۇ رەت قىلىپ:

— ھەقىقىي تەرىقەت ئەھلى ئۈچۈن كاتتا ئايۋان - سارايلاردا پۈتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئۇخلىغاندىن مازار - ماشايىخلاردا تۈنىگەن كۆپ ئەۋزەلدۇر. ئىجازەت قىلسىلا، چىلتەنلىرىم مازارىدا ئىستىقامەت قىلسام، — دېدى.

ئابدۇرەشىدخان ياش ئەگىگەن كۆزلىرىنى بۇزرۇكۋارنىڭ پېشىگە سۈرتۈپ، ئۇنى چىلتەنلىرىم مازارىغىچە ئۇزىتىپ باردى.

# 3

تويى باش كۆزدە بولدى. ئۆزۈم تازا پىشقان، ئانار قىزىرىپ يېرىلغان، ئەنجۈرنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق مېۋىسى سارغايغان، ئەششاپتۇللار سۇزۇلگەن كۈنلەر ئىدى.

سەلتەنەت سۇلتان بېگىم تويى كېيىمى كېيىپ، سەھەر ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك ھەم خۇشبۇي، ھەم چىرايلىق بولۇپ كەتكەن قىزىغا قاراپ، كۆز يېشىنى زادىلا توختىتالمىدى.

— ئاتىسى بولغان بولسا قانچە خۇشال بولار ئىدى. ياشانغاندا تۇغۇلغان بۇ قىزىغا خۇيمۇ ئامراق ئىدى ئۇ رەھمەتلىك. ھۇ - ھۇ - ھۇ ...

— ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، «ئۆلۈمنىڭ يارىشىقى يىغا، تويىنىڭ يارىشىقى ناخشا - ساز» دەپتىكەن. ياش تۆكسىلە مەلىكەمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولمامدۇ؟ — تەسەللىي ئېيتتى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتقان كېنىزىكى. ئۇنىڭ كېنىزەك ۋە دېدەكلىرىدىن باشقا ئىچى كۆيگۈدەك كىشىسى يوق ئىدى.

ئەمىن خوجا سۇلتاننىڭ بۇ خانىشى ئاقسۇدىن پايتەختكە كەلگەندىن بېرى ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالاھىدە غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى يالغۇز، غېرىب ھېس قىلاتتى. ئېرى بار ۋاقىتتىكىدەك كۆرەڭ، شەرەنداز ئەمەس ئىدى. ئەمما، بارىمەن دېگەن يېرىگە بارالايتتى، ئىختىيار قىلغان نەرسىگە ئېرىشەلەيتتى. ئۇنىڭغا بىرلا كەم بولغىنى ئەر ئىدى. بىر ئايالغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئېرىنىڭ ئورنىنى ھېچنېمە باسالمايتتى. سەلتەنەت سۇلتان بېگىمنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇش قويىنىدا ئۆزىنى مىسكىن، يالغۇز ھېسابلىشى ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىدى. كاشكى ئېرى ھايات بولسا ...

قىزى ئانىسىغا نىسبەتەن روھلۇق ۋە مەغرۇر ئىدى.

ئاتىسىنى سىغىنغان بولسىمۇ، تويى بولۇۋاتقان مۇشۇ سائەتتە يىغلىمىدى، بەلكى خۇشال بولدى. ئۇ ئىلگىرى ۋۇجۇدىدا كۆرۈلمىگەن بىر خىل شىرىن تۇيغۇ ئىلكىدە هاياجانلىنىۋاتاتتى. ئانا كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ، ئۇچىسىغا ئۇزۇن ئاق يىپەك كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا هاۋا رەڭ ھىلھىلە رومال ئارتقان دىلدارئاي بېگىمگە باشتىن ـ ئاياغ سەپسېلىپ چىقتى. ئۇ شۇ قەدەر چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى.

كۆيۈ ئوغۇلنى ئارىغا ئېلىپ «ئاللا ـ ئاللا !» دەپ ئات يورغىلىتىپ كېلىشكەن خانزادە، بەگزادىلەر قەسىر هويلىسىغا كىرگەندە، دىلدارئاي بېگىمنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سىلىپ كەتتى. ئۇنى هۇجرا ئۆيدىن دەھلىزگە ئاچىقىشتى.

نىكاھنى بۇزرۇكۋار خوجا مۇھەممەديۈسۈپ ئوقۇدى.

تويغا كەلگەن چوڭ ـ كىچىك مېھمانلار ئابدۇلكېرىمخاننى مۇبارەكلەپ ئۇزاشتى. يىگىتلەر «ئاللا ـ ئاللا !» دەپ تۇۋلىشىپ مېڭىشتى. دىلدارئاي بېگىمنى ئارىغا ئالغان قىز ـ جۇۋانلارمۇ مەيىگە ئولتۇرۇپ يار ـ يار ئېيتىپ، ئوردىنىڭ شىمالىدىكى چۇچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ قەسىرىگە يۈرۈپ كەتتى.

خوجا مۇھەممەديۈسۈپ گۈلئېرەم ئوردىسىنىڭ قوۋۇقى مەشرىقتىن چىقىپ، چىلتەنلىرىگە يول ئالغۇچە ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۇزىتىپ قويدى. ئۇنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ئاللا بەرگەن پەرزەنتلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئەر يېتىپ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇۋاتقىنىدىن نېمىشقا سۆيۈنمىسۇن دەيسىز.

ئابدۇرەشىدخان يۈز ئاچقۇدا كېلىنىگە تاج كىيدۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ زىممىسىدىن بىر يۈك يېنىكلىگەنىدى. توي داۋام قىلىپ سەككىزىنچى كۈنىگە كەلگەندە تەرى تۈرۈلگەن خوجا مۇھەممەديۈسۈپ سۇلتان سارىيىغا ئىجازەتسىزلا كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ ساقاللىرىنى

تىترىتىپ، — خۇدانى ئۇنتۇپ قالغانلارنىغا سەككىز كۈن بولغانلىقىنى سەمىلىرىگە سېلىپ قويايى دەپ كەلدىم.
ئابدۇرەشىدخان تەختتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ۋەزىر - ۋۇزرالارغا رۇخسەت بېرىپ، ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاستا ئېغىز ئاچتى:
— بۇزرۇكۋارىم، گەپلىرىنى چۈشىنەلمىدىم. بۇ سەككىز كۈن جەريانىدا نامازنى تەرك قىلغىنىم يوق، دۆلەت ئىشلىرىمۇ توختاپ قالمىدى. كەچۈرسىلە، بەلكىم ئۆتكۈزگەن گۇناھىم ئۆزۈمگە مەلۇم بولمىغاندۇر.
— بۇنى بىلىمەن، سۇلتانىم، ئوغۇللىرىنى ئۆيلەپ پەرزنى ئادا قىلغانلىرى ئاللا دەرگاھىدا مەقبۇل ئىشتۇر. لېكىن، نەغمە - ناۋا، كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ كېتىش گۇناھتۇر. بۇ ھەقتە كىشىلەر نېمە دەۋاتىدۇ، بىلىشنى خالامدىلا؟
— ئەلۋەتتە، بۇزرۇكۋارىم، — ئابدۇرەشىدخان سەل يېنىكلەپ جاۋاب كۈتتى.
— جەھرىيە[1] سۇلۇكىنىڭ مۇرىتلىرى ئالىملىرىنى ھەددىدىن ئاشتى دەۋاتىدۇ. سوھرىۋەر[2] سۇلۇكىنىڭ ئىشانى خوجا پەيزۇللا ھىجرانىي بولسا ئالىملىرىنى: «ئاداشتى، ئاللانى ئۇنتۇدى، بۇ دۇنيانىڭ پاراغىتىگە بېرىلىپ كەتتى» دەپ ئەيىبلىمەكتە. بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي يانلىرىغا كەلدىم، ئالىيلىرى.
— پىرىم، ئۆزلىرىگە مەلۇمكى، پېقىر گەرچە بىر مۇرىت بولسامۇ، كاتتا مەملىكەتكە سۇلتانمەن. ئوغلۇمنىڭ توينى مۇنچىلىك دەبدەبە بىلەن ئۆتكۈزمىسەم قانداق بولىدۇ؟ بەزى پادىشاھلار قىرىق كۈن توي قىلىدۇ. نەغمە - ناۋاغا كەلسەم، مەن ئۇنىڭ ئەھلى. مەرھۇم ئاتامىمۇ سازخۇمار كىشى ئىدى، شۇڭا

① جەھرىيە — مەخپىي ھەم ئاشكارا ئىبادەت قىلغۇچىلار.
② سوھرىۋەر — ئاشكارا ئىبادەت قىلغۇچىلار.

چىستىيە[1] سۇلۇكى ئىشانلىرىغا ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسەتكەندى. پىقىرمۇ ساتار چېلىپ ئولتۇرۇپ ئاللانى ياد ئېتىشنى ئەۋزەل بىلىمەن. چۈنكى، ئاللا مۆمىن بەندىلىرى ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلغان جەننەتتە سازلارنىڭ ھەممە خىلى بار ئىكەنغۇ.

— ئارى، سۇلتان، لېكىن بۇ دىيار جەننەت ئەمەس. بىز خۇپىيە[2] مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرى ئاللاغا خۇپىيانە ئىبادەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. پىر ـ ئۇستازىمىز ھەزرىتى باھاۋىدىن نەقىشبەندى: دىلنى ئاللاغا بېرىپ، قولنى ئىشقا ئۇزارتىشنى، ئاللا ئۈچۈن بېرىلگەن سەدىقىنى قوبۇل قىلىپ، بالانى دەپئى قىلىشنى، ئىشچانلىق ۋە پاكلىق بىلەن گۈزەللىك بەرپا قىلىپ، شۈكۈر قىلىپ ياشاشنى، بىر ـ بىرىگە نەپ يەتكۈزۈپ، رىزقىنى ئاللادىن تىلەشنى، بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈشنى، مېھرىبانلىقنى، ئىناقلىقنى تەۋسىيە قىلىپ ئۆتكەن، ئالىيلىرى. ئەگەر ماڭا بەجانىدىل مۇرىت بولغان بولسىلا، مۇسىقىغا ئازراق، ئىبادەتكە كۆپرەك بېرىلگەيلا، خەير، ئامان بولغايلا.

— پىر ـ ئۇستاز، جىددەك تەخىر قىلسىلا.

باش چايقىغان خوجا مۇھەممەدىيۇسۇپ ئۇنىدىمەستىن ئارقىسىغىمۇ قارىماي چىقىپ كەتتى.

«خۇدايا، گۇناھىمنى كەچۈرگىن» دېدى ئابدۇرەشىدخان كۆڭلى غەش بولۇپ. ئۇ ساز چېلىشنى، ناخشا ئېيتىشنى گۇناھ ھېسابلىمايتتى. «غەم ـ غۇسسە بىلەن تولغان بۇ دۇنيادا ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، كۆڭۈل ئېچىشنىڭ نېمە يامىنى بولسۇن؟ ساتار، ئۇد، تەمبۇر، دۇتارلار قاتىللىق قورالى ئەمەسقۇ؟ كىشىگە زىيىنى تەگمەيدۇغۇ؟ ناخشا، مۇسىقا بىر مەنىۋى

① چىستىيە — نەغمە ـ ناۋا ئارقىلىق ئىبادەت قىلغۇچىلار.

② خۇپىيە — مەخپىي ئىبادەت قىلغۇچىلار.

ساخاۋەتقۇ؟ بۇزرۇكۋار ھەزرەتلىرى بۇنى بىلمىسە ـ ھە! ...» ئۇ ئىزتىراپلىق خىيال ئىلكىدە سۇلتان سارىيىدىن چىقتى. دىۋانخانىدا بىرئاز توختاپ ئىشىكئاغىسى ئەلائىددىن مەھمۇد بارلاس، سەرمۇنشى شاھسەئىد ئالىم، باش ئەمىر ئەكرەم، ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ ئەمىرى بەھرامىلارنى ئېلىپ، پايتەختتىكى ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان جاھان مەدرىسەسىگە قاراپ يول ئالدى.

جاھان مەدرىسەسى گۈلئېرەم ئوردىسىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، گۈمبەز ـ پەشتاقلىق دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئون توققۇز مېتىر ئېگىزلىكتە ئىككى مۇنار بار ئىدى. دەرۋازىدىن كىرگەن ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆز ئالدىدا خىيابانلىق، گۈلچىمەنلىك كەڭ سەينا نامايان بولدى.

ئابدۇرەشىدخان باشچىلىقىدا بىر توپ كىشىنىڭ كىرىپ كەلگىنىنى ھۇجرا دېرىزىسىدىن كۆرگەن باش مۇدەررىس ئابدۇلۋارىس رەھمەتۇللا تاشقىرىغا چىقتى.

ئابدۇرەشىدخان مەدرىسە سەيناسىنىڭ تۆت تەرىپىگە رەتلىك سېلىنغان ھۇجرىلارغا كۆز يۈگۈرتتى. قوش دېرىزىلىك، پەنجىرىلىك ھۇجرىلارنىڭ ئارىلىقىدا دەرسخانا بولۇپ، ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ سەينانىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ تۇرغان كۆلنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئىشىكى قىيا ئوچۇق ھۇجرىغا قاراپ ماڭغاندا، پايپاسلاپ كېلىۋاتقان مۇدەررىسكە كۆزى چۈشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئابدۇلۋارىس داموللا، ساق تۇردىلىمۇ؟

— دېدى ئابدۇرەشىدخان ئېگىلىپ سالام بەرگەن باش مۇدەررىسكە قاراپ، — ئۇشتۇمتۇت كېلىپ، ئۆزلىرىنى بىسەرەمجان قىلىپ قويغىنىم ئۈچۈن ئۆزرىلىكمەن، ئۇستاز.

— ئۇنداق بولامدىغان، سۇلتان ئالىيلىرى. قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىدىن تولىمۇ مەمنۇنمەن.

ئابدۇلۋارىس داموللا بۇ ئالىي مەرتىۋىلىك شاگىرتىنى ئۇستى

پەنجىرىلىك، ئاستىغا ناۋا چىقىرىلغان ئىككى قاناتلىق ئىشىكتىن دەھلىزگە، ئاندىن دەرپەردىلىك دىرىزىلىرى سەيناغا قارىغان ھۇجرىغا باشلاپ كىردى. ھۇجرىنىڭ سۇپىسىغا گىلەم سېلىنغان، ئويۇقلارغا كىتاب تىزىلغانىدى. دىرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان رەيھانگۇل خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى. ئۆيئىچى ناھايىتى پاكىز ۋە يورۇق ئىدى.

— تالىپلار دەرستە ئوخشىمامدۇ، ئۇستاز؟ — بۇ مەدرىسەدە ئوقۇغان چاغلىرى، ئۇستاز ۋە ساۋاقداشلىرى ئېسىگە چۈشكەن ئابدۇرەشىدخاننىڭ قوي كۆزلىرىدە نۇر چاقنىدى، ئاغزى سەل ئېچىلىپ، چىرايىدا ئىللىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ چاغلاردا بۇ مەدرىسەدە ئاران ئوتتۇز ھۇجرا، يەتتە دەرسخانا بار ئىدى. كېيىن سەئىدخاننىڭ پەرمانى بىلەن ھۇجرىلارنىڭ سانى بىر يۈز يىگىرمە ئېغىزغا يەتكۈزۈلۈپ، ئون توققۇز دەرسخانا تەسىس قىلىنغانىدى.

— شۇنداق، ئالىيلىرى، تالىپلار ھازىر دەرستە، دەرستىن چۈشىدىغان ۋاقىتمۇ بولاي دېدى، — دېدى قول باغلاپ تۇرغان داموللا.

— بۇ ھۇجرىدا قانچە تالىپ تۇرىدۇ؟

— بەش تالىپ، ئالىيلىرى، ئەگەر تالىپلار بىلەن ئۇچراشماقچى بولسىلا، غېرىب خانامدا بىردەم ساقلاپ تۇرسىلا.

ئابدۇرەشىدخان ھەمراھلىرىغا قاراپ قويۇپ، دېدى:

— ئۇستاز، دەرسخانىغا چىقساق. چۈشلۈك تاماقنى تالىپ ۋە ئۇستازلار بىلەن بىللە يېگۈم بار.

## 4

دەرسخانىدىن چىققان سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مۇدەررىستىن قولى بىلەن ئىما قىلىپ سورىدى:

— ئۇستاز، ئاۋۇ جەندە ـ كۇلاھ كىيىۋالغان كىشى كىم

بولىدۇ؟
— ئۇ قىدىرخان دېگەن مۇغەننىي بولىدۇ. مۇسىقىدىن دەرس بېرىدۇ، ئىبادەت بىلەن خۇشى يوق، نەغمىگە ئامراق، — دېدى ئابدۇلۋارىس داموللا مەنسىتمىگەن قىياپەتتە.
— ھە، قىدىرخان دېگەن مەشھۇر مۇسىقا ئۇستازى شۇ ئىكەن - دە. پېقىرمۇ مۇسىقا خۇشتارى. چۈشلۈك تاماقنى ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا يېگەچ، مۇسىقىسىدىن غەمكىن كۆڭلۈمنى ئاچقۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئابدۇرەشىدخان قىدىرخانغا قاراپ مېڭىپ.
— مەرھەمەت، ئالىيلىرى، ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قوياي.
ئابدۇلۋارىس داموللا بۇ تەرەپكە كۆز تىككەن قىدىرخاننى قول ئىشارىتى بىلەن چاقىردى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتان ئالىيلىرى، — ئىتتىك كېلىپ سالام بەردى قىدىرخان ياركەندىي تەۋازۇ بىلەن.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مۇسىقا ئۇستازى. ئەگەر ماقۇل كۆرسىلە، تالىبلارنىڭ ھۇجرىسىدا ھەم تائام، ھەم مۇسىقىدىن بىللە بەھرىمەن بولساق قانداق؟
ئابدۇرەشىدخاننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ئابدۇلۋارىس داموللا ئاچچىقلىنىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. قىدىرخان ئېھتىرام بىلەن ئىككى قولىنى ئالدىغا سۇنۇپ:
— مەرھابا، ئالىيلىرى، قەدەم تەشرىپ قىلغايلا، — دەپ ھۇجرىغا تەكلىپ قىلدى.
ئابدۇرەشىدخان ھەمراھلىرى بىلەن ھۇجرىغا كىرىپ يېكەندازدىن ئورۇن ئېلىشتى. بۇ ھۇجرىدا يېتىپ - قوپۇۋاتقان ئىلىمخۇمار بەش تالىپ قول باغلاپ پەگاھتا تۇرۇشتى.
— پېقىر شاگىرتلىرىمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، — دېدى قىدىرخان ئاق سېرىق، كۆك كۆز، ساقاللىق يىگىتنى كۆرسىتىپ، — بۇ باغدادلىق يىگىت فۇئاد، بۇ ئىستانبۇللۇق مۇرتازا، بۇ شىرازلىق فەررۇخ، بۇ سەمەرقەنتلىك ھەيدەر، بۇ

بومبايلىق راجىپ. بۇلار مۇسىقا ئىلمى ۋە مۇسىقا چېلىشنى ئۆگەنگىلى كەلگەن. بۇ مەدرىسەدە پەرەڭ ئەللىرىدىن كەلگەنلەرمۇ بار، سۇلتان ئالىيلىرى. ھەممىسى ئەرەب تىلىنى بىلىدۇ.

— ئولتۇرۇڭلار، يىگىتلەر، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇلارغا دوستانە تەلەپپۇزدا.

پادىشاھنىڭ ئۆزلىرى بىلەن تەڭدېمەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن تالىپلار ھەيران قالدى ۋە ئۇنىڭ كەمتەر، ئوچۇق كۆڭۈللۈكىدىن دىللىرى سۆيۈندى.

بۈگۈن نۆۋەتچىلىك قىلغان فۇئاد مەدرىسە ئاشخانىسىدىن بىر مىس چۆگۈندە چاي، ئادەم بېشىغا بىردىن پىيالە ئەكىردى. ئارقىسىدىن ئاق دوپپا كىيگەن سېرىق بۇرۇتلۇق ئاشپەز ئېھتىرام بىلەن كىرىپ كەلدى ۋە قولىدىكى لېگەننى داستىخانغا قويدى. لېگەندە دۇملەپ پىشۇرۇلغان يەتتە قازان قاتلىمىسى بار ئىدى. ئارقىدىن چوڭ پەتنۇستا يەتتە چىنە ئۇگرە كەلتۈرۈلدى.

غىزادىن كېيىن ئابدۇرەشىدخان:

— بۇ تائام سىلەرگە مەنزۇر[1] كېلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى چىنىلەرنى بوشاتقان تالىپلاردىن.

— مەنزۇر كېلىدۇ، — جاۋاب بەردى فۇئاد، — بۇ يەرگە يېڭى كەلگەندە تازا كۆنەلمىگەندۇق، بارا - بارا ئۆگىنىپ قالدۇق. يۇرتىمىزغا قايتقاندا بۇ تائاملارنىمۇ، كۆيۈمچان ئۇستازىمىزنىمۇ چوقۇم سېغىنىمىز. شۇنداق ئەمەسمۇ، يىگىتلەر؟

— شۇنداق، فۇئاد. ئۇيغۇرلارنىڭ تامىقى بەك مەززىلىك ئىكەن. ئېلىمىزگە قايتساق، ئۆزىمىزنىڭ تامىقى تېتىماي قالامدۇ تېخى، — سۆز قاتتى راجىپ.

— شۇنچە يىراقتىن بۇ يەرگە مۇسىقا ئۆگىنىشكە كەلگىنىڭلارنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىلەر؟ — سورىدى ئابدۇرەشىدخان ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن.

---

① مەنزۇر — يېقىش، مۇۋاپىق، لايىق دېگەن مەنىلەردە.

تالىپلار بىر - بىرى بىلەن كۆز ئۇچراشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن فەررۇخنى سۆزلەشكە دەۋەت قىلىشتى. قوشۇما قاشلىرى قارا، يېڭىلا قايچىلاتقان بۇرۇتى چىرايىغا تولىمۇ خوپ كەلگەن بۇ يىگىت ئابدۇرەشىدخانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، دېدى:

— سۇلتان ئالىيلىرى، بۇ دوستلىرىمنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئاللا بىلىدۇ. ئۆزۈمگە كەلسەم، مۇسىقىنىڭ ھېس - تۇيغۇنى قوزغاتقۇچى ھەم كۆڭۈلگە ئارام بەرگۈچى مەنىۋى ئۇزۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن كۈنۈمدىن باشلاپ ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلىغانىدىم. ئۇستاز قىدىرخان ياركەندىينىڭ مۇسىقا بابىدا تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى سەيياھلاردىن ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا غايىبانە ئىخلاس قىلىپ، مۇسىقا ئىلمىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بەل باغلاپ كەلگىنىم راست. ئارزۇيۇم شۇكى، چالغۇلارنى ئۇنىڭدەك ۋايىغە يەتكۈزۈپ چېلىپ، تىرىكچىلىك غەمىدە چارچىغان يۇرتداشلىرىمغا ئارامچىلىق بېغىشلاپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، غەيرىتىنى ئاشۇرسام، دەيمەن.

بۇ تالىپنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ قىدىرخانغا بولغان ھۆرمىتى يەنىمۇ ئاشتى. «نامى شۇنچە مەشھۇر زاتنىڭ يېنىمىزدا ئىكەنلىكىدىن ئەجەب خەۋەر تاپماپتىمىنا. ‹ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق›، دېگەن شۇدە. نامىنى ئاڭلىغان بولسامۇ، ئۇستا سازەندە بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، دىدار كۆرۈشۈشكە كۆڭۈلشمەپتىمەن. بۈگۈن مەدرىسەگە كەلگىنىم ئارزۇيۇمنى قاناتلاندۇردى. ئالىم، ئەھلى ئىلىملەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدۇم، بىر مۇسىقا ئۇستازى بىلەن ئۇچراشتىم...»

— ئالىيلىرى، دۇئا قىلىپ بەرسىلە، — دەپ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى قىدىرخان.

— ياق، ئۆزلىرى دۇئا قىلىپ بەرسىلە، — ئابدۇرەشىدخان ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالدى. قىدىرخان ئامالسىز دۇئاغا قول كۆتۈردى.

داستىخان يىغىشتۇرۇلدى. خوجا مۇھەممەديۇسۇپنىڭ ئەتىگەنكى سۆزى تۈيۈقسىز ئېسىدىن كەچكەن ئابدۇرەشىدخان

تالىپلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن قىدىرخانغا يۈزلەندى:

— ئەي، ئۇستاز، كۆڭلۈمدە بىرقانچە چىگىچ سوئال بار ئىدى، سورىسام ئۆزلىرىگە مالاللىق يەتمەس.

— قېنى سورىسىلا، ئالىيلىرى، پېقىرمۇ سوراپ ئۆگەنگەن.

— بەزىلەر: «مۇسىقا ئەقىلنى ئاداشتۇرىدۇ. رەھمانىي ئەمەس، شەيتانىيدۇر» دەيدىكەن. بۇ توغرىمۇ، تەخسىر؟

— مۇسىقا ئىككى خىل مۇددىئادا چېلىنىدۇ: بىرىنچىسى، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى بىردەم بولسىمۇ غەمدىن خالاس قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدا جەننەت شامىلىنىڭ سالقىنى بار بولۇپ، ئەقىلنى ساپلاشتۇرىدۇ. بۇ رەھمانىيدۇر. ئىككىنچىسى، شەھۋانىي ھەۋەسنى قوزغاش ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدا دوزاخ ئوتىنىڭ شەپىسى بار بولۇپ، ئەقىلنى ئاداشتۇرىدۇ. بۇ شەيتانىيدۇر، — قىدىرخان گېپىنى توختىتىپ ئاق ئارىلىغان ساقىلىنى سىيپاپ قويدى. بۇ ناھايىتى كېلىشكەن، تەمبەل ئادەم بولۇپ، مۇنازىرىنى ياخشى كۆرەتتى. ئەمما، سۇلتان بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى ۋە ئۇنىڭ مۇنداق سوئال سورىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئابدۇرەشىدخان يەنە سورىدى:

— مۇسىقا خۇدانى ئۇنتۇلدۇرامدۇ؟

— يوقسۇ، ئالىيلىرى. مۇسىقا غەپلەت باسقان دىلنى ئويغىتىپ، خۇدانى ياد ئەتكۈزىدۇ. پېقىر نەغمە - ناۋا بىلەن خۇداغا سىغىنىدىغان چىستىيە سۇلۇكىگە ئىخلاس قىلىمەن. لېكىن، بۇلار ئارىسىدا فارابىي ھەزرەتلىرىدەك مەردانە ھالدا: «يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان پەيزنى قالۇنۇمنىڭ سىملىرىدىن ئالغايسىلەر» دەپ ئېيتالايدىغان مۇغەننىلەر يوق. ھالبۇكى، مۇسىقا چېلىشنىڭ ئۆزى خۇپىيانە ئىبادەتتۇر. ئاشكارا ئىبادەتتىن خۇپىيانە ئىبادەت ئاللا دەرگاھىدا ئەۋزەلدۇر.

— يەنە بىر سوئال، — دېدى ئابدۇرەشىدخان روھلىنىپ، — مۇسىقا چېلىش شەرىئەتكە خىلاپ دېگۈچىلەرگە نېمىدەپ جاۋاب

بەرگۈلۈك؟
— بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي: مۇسىقىنى ياخشى نىيەتتە چېلىش شەرىئەتكە ئەسلا خىلاپ ئەمەس، پەقەت ناماز ۋاقتىدا چېلىش شەرىئەتكە خىلاپتۇر. چۈنكى، نامازغا ھەرقانداق غەيرىي سۆز - ھەرىكەتنى ئارىلاشتۇرۇش گۇناھتۇر.
— ئۇنداق بولسا، مۇسىقىنى ناماز ۋاقتىدىن باشقا چاغلاردا چالسا بولىۋېرىدىكەن - دە؟
— ئەلۋەتتە، ئالىيلىرى. مۇسىقا مېڭىنى سۈزۈلدۈرۈپ، ھېس - تۇيغۇنى قوزغايدۇ؛ پىكىرنى راۋانلاشتۇرۇپ، تەسەۋۋۇرنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. مۇسىقا جىمجىتلىق ئالىمىنى جانلاندۇرىدىغان ئىلاھىي سادادۇر. ئاۋۋال راۋاب چېلىپ، ئاندىن شېئىر يېزىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ.
قىدىرخان سۆزىنى توختىتىپ، پىيالىدىكى چايدىن ئىككى يۇتۇم ئىچتى. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى سايە چۈشۈرگەن كۆز چاناقلىرى نۇرلىنىپ، چىرايىغا قىزىللىق يۈگۈردى. جەندىنى سىلىۋېتىپ، بېشىدىن كۇلاھنى ئېلىۋەتتى. ئاق دوپپا، ئاق ئۇزۇن كۆڭلەك بىلەنلا قالغان بۇ مۇسىقا ئۇستازىنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتى كۆپچىلىككە ئايان بولدى. ئابدۇرەشىدخان كۆڭۈل خەزىنىسىدە ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر سوئالنىمۇ ئايان قالالماي سورىۋەتتى:
— مۇسىقا دىلنى يۇمشىتامدۇ؟ ئۇد ياكى ساتار چالسام، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئېرىگەندەك بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا غەزىپىمگە ئۇچرىغان گۇناھكارلارغىمۇ ئىچىم ئاغرىپ كېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىرقانچە قېتىم زىنداندىكى تاشلانغان گۇناھكارلارنى قويدۇرۇۋەتتىم.
— مۇسىقا دىلنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى، ئالىيلىرى، ئۇ چالغۇچىنىڭمۇ، تىڭشىغۇچىنىڭمۇ دىلىنى يۇمشىتىدۇ. شۇنى قەيت قىلىشىمغا ئىجازەت بېرىشلىرىنى سورايمەنكى، باغرى تاش، ئالا كۆڭۈل، تەكەببۇر كىشىلەر مۇسىقا چېلىشنىمۇ،

ئاڭلاشنىمۇ ياقتۇرمايدۇ. زالىملار مۇسىقىنى كۆڭۈل خۇشى دەپلا چۈشىنىدۇ، كەمسىتىدۇ، چەكلەيدۇ. ئەكسىچە ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي كىشىلەر مۇسىقىغا خۇشتار كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىدۇ، بەھرە ئالىدۇ. سۇلتان مىرزا ئابابەكرى بەتخۇي، تاش يۈرەك، زالىم بولغىنى ئۈچۈن بارلىق مۇسىقا ئۇستازلىرىنى سۈرگۈن قىپتىكەن، پېقىرمۇ ئاتام بىلەن بىللە ھەيدەلگەنىدىم. مەرھۇم سۇلتان سەئىدخان پېقىرنى ئوردىدا ئىشلەشكە تەكلىپ قىلغاندا، يەنە قوغلاندى بولماي خان ـ سۇلتانلاردىن يىراقراق تۇراي، دەپ ئۆزرە ئېيتىپ ئوردىغا بارمىغانىدىم. كېيىن ۋەزىر مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان جانابلىرى: «ئوردىدا ئىشلىمىسىلە، مەدرىسەدە دەرس ئۆتسىلە» دەپ مۇشۇ مەدرىسەگە ئەكېلىپ قويغانىدى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ۋە باشقا ئەللەردىن كەلگەن تالىبۇل ئىلىملەرگە دەرس ئۆتۈپ كېلىۋاتىمەن. پېقىرغا باشتىن ـ ئاخىر مۇسىقا مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ كەلدى، ئالىيلىرى.

ئابدۇرەشىدخان زۇۋان سۈرمەي جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا قىدىرخاننىڭ سۆزلىرى قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. ئۇ بىردىنلا مۇسىقا خۇمار ئاتىسىنى ئەسلىدى. ئۇستازى، دوستى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئاچچىق پۇشايمان ئىلكىدە كۆزىگە ياش ئالدى. «خۇدايا، پېقىر قۇلۇڭ تاش يۈرەك زالىملاردىنمۇ؟ ئۇستاز قىدىرخان توغرا ئېيتتى، زالىملار مۇسىقىدىن تەسىرلەنمەيدۇ. بىراق، پېقىر مۇسىقا ئاڭلىسام ياكى چالسام ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كېلىدۇ. مۇسىقىنى شۇنچە ياخشى كۆرىمەن، ئىلاھا، پېقىر قۇلۇڭنى زىنھار زالىملاردىن قىلمىغىن...»

ئاجايىپ زىل ئاۋاز، مەيىن تاڭ شامىلىنىڭ غۇر ـ غۇرىدەك سېھىرلىك ئۈن، كېچىدىكى دەريانىڭ شارقىرىشىدەك پىغانلىق سادا ئۇنى خىيال بىھوشلۇقىدىن ئۆزىگە كەلتۈردى.

ئادەمنىڭ ئىچىدىكىنى بىر قاراشتا بىلىۋالىدىغان قىدىرخان

سۇلتاننى ئازابلىق ئويدىن، ھەسرەتلىك پۇشايماندىن خالىي قىلىش ئۈچۈن، دەردكە دەۋا زەخمەك بىلەن دىلكەش راۋابنىڭ نازۇك تارلىرىنى تىلغا كىرگۈزگەنىدى. شاگىرتلىرى ئۇد، ساتار، تەمبۇر، قالۇن، دۇتارنى قوللىرىغا ئېلىشىپ، ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلدى.

ئابدۇرەشىدخان بۇ چاغقىچە مۇنداق يېقىملىق مۇسىقىنى ئىشىتىپ باقمىغانىدى. ئۇ مۇسىقىغا ئەسىر بولغىنىدىن يېرىم سائەت ۋاقىتنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەيلا قالدى. قىدىرخان راۋابنى چېلىشتىن توختىدى. تاقىتى تاق بولغان ئابدۇرەشىدخان:

— ئۇستاز، بۇ يېقىملىق مۇسىقىنىڭ نامى نېمىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— مۇقامى ۋىسال، ئالىيلىرى.

— پېقىرنىڭ غەمناك بېشىدىن ھەسرەت ـ نادامەت قۇشىنى ئۈچۈرۈۋەتكەن بۇ نادىر مۇسىقىنىڭ ئىجادچىسى فىساغورۇسمۇ، فارابىيمۇ؟ لۇتفىيمۇ، نەۋايىمۇ؟ ئۇنىڭدا كۈيلەنگەن ئاشىق ـ مەشۇقلار بۇ دۇنيادا بارمىكىن؟ ئېيتىپ بەرسىلە، ئۇستاز.

قىدىرخان راۋابنىڭ تارىنى سىلىغىنىچە زوۋان سۈرمەي ئويلىنىپ قالدى.

— ئۇستاز، ئېيتقۇلىرى كەلمىسە، مالال قىلمايمەن.

— بۇ ۋاققا قەدەر بۇ سىرنى ھېچكىمگە تىنمىغانىدىم، خەيرىيەت، ئاڭلىغۇلىرى كەلگەن بولسا پېقىرنىڭ خانىسىغا مەرھەمەت قىلغايلا.

ئابدۇرەشىدخان باش لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا چىقتى. قۇياش نۇرى كىتاب تىزىلغان ئويۇقتا جۇلا تاشلىغانىدى. قىدىرخان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ سۆزىنى باشلىدى.

## توققۇزىنچى باب

# ۋىسالغا يەتكەن ئاشىق ـ مەشۇق

### 1

مۇقامى ۋىسال — قىدىرخان ياركەندىي ئىجاد قىلغان، ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى كۈيلەنگەن سېھىرلىك مۇسىقا ئىدى. بۇ ئىككى ياش باشقا كىشى بولماستىن، ناغرىچى كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ناسىرخان داپچىنىڭ ئوغلى قىدىرخان بىلەن ۋەزىر نىزامىدىنبەگنىڭ قىزى ئايتىللا خېنىم ئىدى.

بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل مۇقەددەم ناسىرخان داپچى ئون يەتتە ياشلىق ئوغلى قىدىرخاننى ئېلىپ ئورداكۆل بويىدىكى چايخانىغا كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ چايخانا غوجايىنى ئىسمائىل چوڭام ئۇلارنى گىلەم سېلىنغان سۇپىغا باشلاپ داستىخان سېلىپ كۈتۈۋالىدىغان بولدى. بۈگۈنمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چاي بىلەن بىر تەخسە پەرمۇدە قويىدى.

— ناسىرخان ئۇستام، ئوغۇللىرى بىلەن چايخانىمىزغا كېلىپ تۇرغان بىر يىلدىن بۇيان، خېرىدارلىرىمىز كۆپىيىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇنمەن. بۇ پەرمۇدىنى ئۆز قولۇم بىلەن پىشۇرغان، قېنى تارتىنماي ئېلىشسىلا، — ئىسمائىل چوڭام ئىككى پىيالىگە چاي قۇيۇپ، ئاتا ـ بالا ئىككىيلەنگە قوش قوللاپ سۇندى.

— بولدى، جوۋىمىسىلا، چوڭام. بىزمۇ چايخانىلىرىغا ئۆگىنىپ قالدۇق. خېرىدارلار كۆپەيگەن بىلەن خاپا بولىدىغانلارمۇ بار تېخى، — دېدى ناسىرخان داپنى سۇپىنىڭ

ئاپتاپ چۈشىدىغان يېرىگە قويۇپ.

— «بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر جايدا بار» دېگەن مۇشۇ، ئۇستام. چايخانىمىزنىڭ ئاۋات بولۇشىنى خالىمايدىغانلار سىلى بىلەن بىزدىن خاپا بولىدۇ.

— خۇدايىم خاپا بولمىسىلا بولدى، — دېدى قىدىرخان ئاتىسىغا كۆز قىسىپ قويۇپ.

— توغرا دېدىلە، يىگىت. مۇشۇ سۆزلىرى ئۈچۈن بىر ھېجىردىن شورپا كەلتۈرەي، — غوجايىن ئوچاق بېشىغا كەتتى.

ئاتا ـ بالا خۇشبۇي دەملەنگەن چاي بىلەن پەرمۇدىنى يەپ ئولتۇرۇشتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە كۆلگە كۆلەڭگىسى چۈشۈپ تۇرغان ئىككى چوڭ سۇپا خېرىدارلار بىلەن توشۇپ كەتتى. بىر توپ كىشىلەر ئۆرە تۇرۇپ قالدى.

غوجايىن ئىككى ھېجىردا شورپا بىلەن گۆش ئەكېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— قېنى ئۇستام، باقسىلا. يىگىت، سىلىمۇ تارتىنمىسىلا، تاكى خۇپتەندىن يانغۇچە بىرنەرسە بەرمەيمەن جۇمۇ، — گېپىنى چاقچاق بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان غوجايىن خىزمەتكار ئەكەلگەن گۇللۇك كىگىزنى سۇپىغا يانداپ سېلىپ، ئۆرە تۇرغانلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ئىسمائىل چوڭام بىلەن ھەر ھەپتىنىڭ چارشەنبە، شەنبە كۈنلىرى كېلىپ داپ، تەمبۇر چېلىپ بېرىدىغان، بۇنىڭ بەدىلىگە ئون سەر كۈمۈش ئالىدىغان بولۇپ پۈتۈشكەندىن بېرى، بۇ سازەندە ئاتا ـ بالا ھەپتىدە ئىككى كۈننى مۇشۇ چايخانىدا ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتاتتى. قالغان كۈنلىرى شايى ـ ئەتلەس توقۇيتتى، توي ـ نەزىر، چاي ـ بەزمىلەرگىمۇ بېرىپ تۇراتتى.

ئۇلار شورپىنى ئىچىپ، گۆشنى يەپ بولۇشتى. ناسىرخان ئۇستام داپنى، قىدىرخان قولىغا تەمبۇرنى ئالدى. بۇ تەمبۇر ئادەتتىكى تەمبۇرغا زادىلا ئوخشىمايتتى، بېشى دۈگىلەك، كىچىك

بولۇپ، تارى سىم بولماستىن، ئاچچىق ئۈچەيدىن ئىشلەنگەن قىلتار ئىدى. قىدىرخان ئۆزى ئۆزگەرتىپ ياسىغان بۇ سازغا «راباپ»[1] دەپ نام بەرگەنىدى. ئاتىسى ئوغلىنىڭ بۇ ھۈنىرىدىن سۆيۈنۈپ: «سەن مۇسىقا ئۇستازى بولغۇدەكسەن، ئوغلۇم» دېگەنىدى.

ناسىرخان ئۇستام داپنى شالدىرلىتىپ، ناۋا مۇقامىنى باشلىدى، قىدىرخان جور بولدى.

— ياشاپ كەتسىلە، ئۇستام!

— ياشاپ كەت، يىگىت، ئاۋازىڭغا دەرد كەلمىسۇن!

چاي ئىچىۋاتقان، غىزا يەۋاتقانلار باربىكاللا ئېيتىپ، رەھمەت ئوقۇشتى. بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۈچ مىسقال، بەش مىسقاللىق تەڭگىلەرنىمۇ تاشلاشتى. ئاسماندىن چۈشكەن بىر تىللا چېيى ئىچىلىپ بولغان پىيالىگە تېگىپ جىرىڭلاپ پىلدىرلىغىنىچە توختىدى، ئەمما پىيالە چاك كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ قارا كۆزلىرى يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قورۇنىڭ مەنزەر ئۆيىگە تىكىلىپ قالغان قىدىرخاننىڭمۇ يۈرىكىگە دەز كەتتى.

بۇ تىللانى ئاشۇ مەنزەر ئۆينىڭ دېرىزىسىدە ئولتۇرۇپ قىدىرخاننىڭ راۋابىنى تىڭشىغان ۋەزىرنىڭ قىزى ئايتىللا خېنىم تاشلىغانىدى.

قىدىرخاننىڭ كۆزلىرى ئۇ ساھىبجامالنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە باغلىنىپ قالدى. ئايتىللا خېنىممۇ تاتلىق كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى ...

ناسىرخان ئۇستام مۇقامنىڭ تەزىسىنى باشلىغان بولسىمۇ، قىدىرخاننىڭ كۆزى بىلەن كۆڭلى يەنىلا ئاشۇ مەنزەردە ئىدى. ئاتا بۇنى سەزدى.

ئۇ قىز خېلى كۈنلەردىن بېرى ئاشۇ مەنزەرنىڭ قىيا ئوچۇق

---

① راباپ — پارسچە سۆز بولۇپ، «يار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

دېرىزىسىدە يېنىچە ئولتۇرۇپ، گۈزەل نىگاھىنى قىدىرخاندىن ئۈزمەي، ئۇنىڭ سازىنى تىڭشاپ كېلەتتى. دەسلەپكى كۈنلەردە بەش - ئون مىنۇتتىن كېيىنلا دېرىزە يېپىلىپ قالاتتى. يېقىندىن بۇيان بىرەر سائەتكىچە دېرىزە يېپىلمايدىغان بولۇپ قالدى. قىدىرخان بۇنى تاكى مۇشۇ چاغقىچە سەزمەي كەلگەنىدى. تاشلانغان بىر تىللا ئۇنىڭ كۆڭۈل ئىشىكىنى چېكىپ، نەزىرىنى ئىختىيارسىز تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان قىزغا قاراتتى. ئۇ مەپتۇنە كۆزلىرىنى دىلرەبا قىزدىن زادىلا ئالالماي قالدى.

بوۋاي ئاخىر ئوغلىنىڭ بىقىنىغا جەينىكى بىلەن قاتتىق نوقۇدى. چۆچۈپ ئاتىسىغا قارىغان يىگىت داپقا تەڭكەش قىلىپ راۋابنى شۇنداق چالدىكى، كۆل بويىدىكى سۆگەت شېخىغا ئېسىپ قويغان قەپەستىكى تورغايمۇ سايراشتىن توختاپ قالدى.

ناۋا مۇقامىنىڭ تەزىسىنى چېلىپ بولغان قىدىرخاننىڭ كۆزى يەنە شۇ مەنزىرىنىڭ دېرىزىسىگە تىكىلدى. ئەپسۇس، رامدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئوغلىنىڭ ۋۇجۇدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى بايقىغان ئاتا ئۇنى يېشىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزدى ۋە نۇسخەنى باشلىدى.

بۇ يېقىملىق ناخشا - كۈيلەرنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ساماۋارخانىنىڭ بالىخانىلىق ئۆيى، كۆل بويىدىكى كارىۋاتلار ئادەمگە تولۇپ كەتتى، بىرمۇنچە كىشىلەر ئۆرە تۇرۇپ تىڭشاشتى. سېلىنغان گىلەم، كىگىزلەر يەتمەي قالدى. كۆل ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەرمۇ ئىشىك ئالدىغا، ئۆگزىلەرگە چىقىپ ناخشا - كۈيگە قۇلاق سېلىشتى. باشقا چايخانا، ئاشخانىلار چۆلدەرەپ قېلىشتى.

ئۇلار ناماز ۋاقتىدىلا ساز چېلىشنى توختىتاتتى، مەسچىتكە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە باشلىشاتتى. ناسىرخان ئۇستام پاتراق كەچ بولسا، ئۆيگە كېتىۋالساق، دەپ بىتاقەت بولغانسېرى كۆپ ئورنىدىن مىدىرلىمىغاندەك بىلىنەتتى. قىدىرخانغا بولسا

بىر دەمدە كەچ كىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ قايتىدىغان چاغدا غوجايىن ئالاھىدە ئەكەلگەن قىيمىلىق ئۇگرىنىمۇ ئىچمىدى، زەپەر سېلىپ دەملىگەن چايدىنمۇ ئوتلىمىدى. ئەس ـ يادى شۇ قىزدا ئىدى، ئۇنى يەنە بىر كۆرۈۋېلىشنى ئىستەيتتى. بۇگۈن ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى، ئۆمرىدە تەستە ئۆتكۈزگەن كېچە مۇشۇ بولدى. ئەتىسى چىرايى سارغىيىپ، يادايلا قوپتى.

— جېنىم بالام، نېمە بولدۇڭ، بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ، نېمىشقا زۇۋان سۈرمەيسەن؟ — دەپ بېشىدا پەرۋانە بولغان ئانا ئوغلىدىن جاۋاب ئالالمىدى. ئەھۋالنى بىلگەن ئاتىسى خوتۇنىنى باشقا ئۆيگە باشلاپ چىقىپ، قۇلىقىغا كۇسۇرلىغاندىن كېيىنلا، ئۇ «ۋاي، خۇدايىمەي ! ...» دەپ كۆز يېشى قىلدى. «ئىلاھا، ھەممە دەردكە داۋا بار ئىكەن، نېمىشقا كۆيۈككە ۋىسالدىن باشقا داۋا يوق؟ ئەمدى قانداق قىلارمەن؟...» دەپ يىغلىغان بولسىمۇ، كۆڭۈل ئاغرىقىنى ئوغلىغا بىلدۈرمىدى. قۇرۇق ئارچا ياغىچىغا قوي يېغى قوشۇپ ئىسرىق سېلىپ، قىدىرخاننىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئۆرۈپ، ھويلىغا قويۇپ قويۇۋىدى، خۇشبۇي ئىس تارىدى.

— ماڭ، ئوغلۇم، بۈگۈنمۇ چايخانىغا بارايلى، قارىغاندا ئەتلەس توقۇشقا قولۇڭ بارمىغۇدەك، — دېدى ناسىرخان ئۇستام كۆپ ئويلىنىشتىن كېيىن.

قىدىرخان ئۈن ـ تىنسىز راۋابنى ئېلىپ دادىسىغا ئەگەشتى. بۇلارنىڭ كەلگىنىدىن خۇش بولۇپ كەتكەن ئىسمائىل چوڭئام ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۈن سەر كۇمۇش قويدى. ناسىرخان ئۇستام:

— چوڭئام، مەن پۇلنى دەپ كەلمىدىم، بۇنى يانلىرىغا سېلىپ قويسىلا، — دەپ تەڭگىلەرنى بىر يانغا سۈرۈپ قويدى ۋە سۆيىدىن پۈتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ ئىراق مۇقامىنى باشلىدى:

كىرمەگەيمەن جەننەتۇل ـ مەئۋاغا دىلبەر بولماسا،
شىشەپۇشى[1] تۇشمەگەي دەرياغا گەۋھەر بولماسا.

چايخانا ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتتى. قىدىرخاننىڭ قولى راۋابتا، كۆزى ئاشۇ مەنزەردە ئىدى.

بۇ مەنزەر چايخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى چوڭ دەرۋازىلىق قورۇنىڭ ئايۋىنى ئۈستىدە ئىدى. چايخانا بىلەن بۇ قورۇنى ئون بەش قەدەمچە كەڭلىكتىكى يول ئايرىپ تۇراتتى. كەچ كىرگۈچە مەنزەرنىڭ ھاۋا رەڭ دېرىزىسى ئېچىلمىدى. تاقىتى تاق بولغان قىدىرخان سالپىيىپ ئاتىسى بىلەن ئۆيگە يېنىپ كەلدى. ئەتىسى جۈمە بولغاچقا، چايخانىغا بېرىشمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھىلال ئايدەك ئەگىم قاشلىق، ئاھۇ كۆزلۈك، ئاق يۈزلۈك لەۋەن قىز كەتمەيتتى. ئۇنىڭ قىزغۇچ ھىلھىلە رومىلىنى سەل قايرىپ تەلمۈرۈپ قارىغاندىكى تۇرقى بىردەم پەيدا بولۇپ، بىردەم يوقىلىپ كېتەتتى. قىدىرخان ئۇ دىلرەبانى ئويلىغانسېرى قەلبى ئۆرتىنىپ، راۋابنى بولۇشىغا چالاتتى.

ناسىرخان ئۇستام شەنبە كۈنى ئەتىگەندە ناشتا قىلىپلا، خامۇش ئوغلىنى ئەگەشتۇرۇپ چايخانىغا كەلدى. قىدىرخان ھەم يېپىقلىق دېرىزىگە ئۇدۇل يەردە بېشىنى سىلىپ ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇراتتى. ئوغلىنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ يۈرىكى ئېچىشقان ناسىرخان ئۇستام قولىغا داپنى ئېلىپ ناۋا مۇقامىنى باشلىدى. بۇ مۇقامنىڭ سەلكە، جۇلا، تاكىتلىرى توگەپ، داستان، مەشرەپلىرى ئاخىرلاشقۇچە قىدىرخان راۋابنى بېشىنى كۆتۈرمەستىن چالدى. ئۇ ئاشۇ لەۋەن قىزنىڭ دېرىزە تۈۋىدە يوق بولۇپ قېلىشىدىن قورقاتتى، شۇڭا قاراشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. ھالبۇكى، ئاتىسى بىر قانچە قېتىم دېرىزىگە كۆز سالدى. پېشىن نامىزى ئوقۇلۇپ، ناماز دىگەرگە ئاز قالغاندا دېرىزە قىيا ئېچىلدى. قىزنىڭ مۆڭلۈق چىرايى بۇلۇت يېرىپ

[1] شىشەپۇشى ـــ مەرۋايىت ئالغۇچى مارجانچى، مونچاقچى.

چىققان ئايدەك چاقناپ كۆرۈندى.

ناسىرخان ئۇستام ئوغلىنى تونۇتتى. ئەمما، قىدىرخان يەرگە بېقىپ ئولتۇرىۋەردى. قىزنىڭ غايىب بولۇشىدىن ئەنسىرىگەن ئاتا داپ چېلىپ تۇرۇپ ناۋا مۇقامىنىڭ بىرىنچى داستانىدىكى بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

جاھاننى سەير ئېتەرگە نەچچە كۈن باغۇچىمەن ياخشى،
دەمى ئۇلپەت ئالۇرگە دىلبىرى شېرىنسۇخەن ياخشى.

بۇ غەزەلدىن بىر بېشارەتنى سەزگەن قىدىرخان باش كۆتۈرۈپ مەنزەرگە بېقىۋىدى، چاچلىرى بوستان، لەۋلىرى يۇمران قىزنى كۆرۈپ، مەڭزىگە ۋىلىلىدە قىزىللىق يۈگۈردى، تىترىگەن قوللىرى زەخمەك ئۇرۇشتىن توختاپ، تەلمۈرگەن كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. ئۇ قىزغا قاراپ كۈلگەندى، بىردىنلا قىزنىڭ بوستان چاچلىق بېشى ئارقىغا قايرىلىپ، دېرىزە جاققىدە يېپىلدى. بۇنىڭدىن قىدىرخاننىڭ يۈرىكى پارە ـ پارە بولۇپ، چىرايى زەپىراندەك سارغىيىپ كەتتى. ناسىرخان ئۇستام ئەنسىرەپ ئوغلىنى ئەكەتمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، سۇپىدا چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغان كىشىلەر دۇررىدە قوپۇپ:

— كەلسىلە، ۋەزىر ئەزەم، كەلسىلە، — دېيىشىپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىشتى.

— ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇڭلار، سىلەرنى بىسەرەمجان قىلىۋەتتىم ـ ھە، ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ئۇزۇن قارا ساقاللىق، سەمەرقەنت بەقەسىمىدىن يېلىنىڭ تون كىيگەن ئات يۈز ئادەم كۆلۈمسىرىگىنىچە كۆپچىلىككە كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇنىڭ كۆزى ناسىرخان ئۇستامغا چۈشكەندە چىرايى سۈرۈنلەشتى، — ئىشىكىمنىڭ ئالدى نېمىشقا مۇنداق ئاۋات بولۇپ كېتىدىكىن دېسەم، ئەسلىدە ئوغۇللىرى بىلەن سىلى نەغمە ـ ناۋا قىلىۋېتىپتىكەنلا ـ دە، ئۇستام. خېلىدىن بېرى بۇ توغرۇلۇق

گەپ قىلاي دەپ، يەنىلا سىلىنى ئايىدىم. نەچچە كۈندىن بېرى
ھەر كۈنى ئوردىدىن قايتىپ كەلسەم، كىشىلەرنىڭ ئىشىكىمىنىڭ
ئالدىغا يىغىلىپ، ئەلنەغمىلىرىنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن.
ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن يولدىنمۇ ئۆتكىلى بولمايدۇ. مۇنداق
كېتىۋەرسە، قانداق بولىدۇ؟ نامەھرەملەر كۆپىيىپ، خوتۇن ـ
قىزلار سۇ ئالغىلى كۆل بويىغىمۇ چىقالمايدىغان بولىدۇ.
ناسىرخان، بۇنى ئويلاپ كۆرسىلە، ئەگەر پۇل لازىم بولسا، مانا
مەن بېرەي. بۇ مەھەللىگە كەمرەك كەلسىلە. ئەگەر پېقىرنىڭ
يۈزىنى قىلمەن دېسىلە، كەلمىسىلە.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىدىرخاننىڭ چىرايىدىكى سېرىقلىقنى
قىزىللىق ئىگىلىدى. ئاتىسىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، دېمى ئىچىگە
چۈشۈپ كەتتى.

— بىز پۇلغا ئۇنچىۋالا موھتاج ئەمەس، ۋەزىر ئەزەم. ئەگەر
ئۆزلىرىگە پۇل كېرەك بولسا، قانچىلىك دېسىلە، شۇنچىلىك
بەرگۈچىلىكىمىز بار، — دېدى قىدىرخان. ئۇنىڭ ئەتىگەندىن
بېرى زۇۋان سۈرۈپ ئېيتقان سۆزى مۇشۇ بولدى.

— بولدى، بالام، بىز كېتەيلى، — ناسىرخان ئۇستام
ئوغلىنى يەنە بىرنەرسە دەپ سالمىسۇن، دەپ ئۇنى قولىدىن
تارتتى.

— توختاپ تۇرسىلا، ئۇستام، تېخى گېپىم تۈگىمىدى، —
چىرايى قارا بولۇپ تەتۈرلىغان ۋەزىر نەزىرىنى قىدىرخانغا
ئاغدۇردى، — ئەستاغپۇرۇللا! — ئۇ ئۇزۇن ساقىلىنى
تۇتاملىدى، — مەن ئاتاڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن، سەن تولا
ئاتىكارچىلىق قىلما. ئاتاڭنىڭ ئوردىدىن قوغلانغىنىنى
بىلمەيدىغان ئوخشايسەن. بۇ ساۋاقنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ.

— ئۇنى بىلىمەن، ۋەزىر ئەزەم. ئۇ چاغدا كىچىك بولسامۇ،
ئەقلىم جايىدا ئىدى، — دېدى قىدىرخان ئالدىغا بىر قەدەم
چامداپ، — ئۇ زالىم سۇلتاننىڭ تەختى لىڭشىپ قالغاندا، ئاتام
باشلىق مۇسىقا ئۇستازلىرىنى ماڭا بويۇنتاۋلۇق قىلىپ،

شەرىئەتنى كۆزگە ئىلىشمىدىڭ دەپ ئەيىبلەپ، ئوردىدىن ھەيدىگىنى راست. ئۇ چاغدا جانابلىرى پاششاپىڭگى ئىدىلە. ئاتامدا قىلچىلىك گۇناھ يوق ئىدى.

غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشكەن ۋەزىر قىدىرخاننىڭ راۋابىغا قول ئۇزارتقانىدى، يىگىت ئارقىغا بىر قەدەم چېكىنىپ راۋابقا ئۇنىڭ قولىنى تەگكۈزمىدى. ۋەزىر ئېڭىشىپ قېلىپ، كۈمۈش ئوتۇغاتلىق سەللىسى چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى.

— يوقال كۆزۈمدىن! ئىككىنچى بۇ يەردە قاراڭنى كۆرىدىغان بولسام، ئاياپ ئولتۇرمايمەن، — دېدى ئۇ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ.

— يۇر، بالام، بىزگە خۇدا بار، — ناسىرخان ئۇستام ئوغلىنى قولىدىن تارتقىنىچە ئەكەتتى. ئۇ قاتتىق خورلانغانىدى. ۋەزىر نىزامىدىنبەگنىڭ نېمە سەۋەبتىن زالىم مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۆزىنى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقارغانلىقىنى ئەسكەرتكەنلىكى ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىك ئىدى. چۈنكى، نىزامىدىنبەگنىڭ ھوقۇق - ئابرۇيى ۋە بايلىقى ئۇنى شۇنداق دېگۈزگەنىدى.

— ئاتا، مېنى كەچۈرسىلە، مېنى دەپ كۆڭۈللىرى ئازار يەپ قالدى. ئەمدى ئىككىنچى كۆڭۈلنىڭ ئارقىسىغا كىرمەيمەن، — دېدى قىدىرخان ئۆيگە كەلگەندە.

— ئۇنداق دېمە، ئوغلۇم، سەن كۆڭۈلنىڭ ئارقىسىغا كىرمىدىڭ، بەلكىم پاك مۇھەببەت ساڭا تەۋرەنمەس ئىرادە ئاتا قىلدى. مەن بۇنى چۈشىنىمەن. ئەمدى مۇسىقىدا كامالەتكە يېتىدىغان، شائىرلىق بابىدا نەۋايىغا تەڭلىشىدىغان بولدۇڭ. ئاللا ساڭا مەدەتكار بولسۇن، — ناسىرخان ئۇستام ئوغلىنى چىڭ قۇچاقلىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئاتا - بالا ئورداكۆل مەھەللىسىدىكى چايخانىغا بارمىدى. قىدىرخان ئۇ قىزنى ھەرقانچە كۆرگۈسى كەلسىمۇ، ئاھ - پەرياد چەكمىدى. ھەپتە ئەمەس، ئاي، پەسىلمۇ

ئۆتتى. لېكىن، قىدىرخان ئۇ كوچىدىن ئۆتمىدى. كېچىلىرى ئۇيقۇسى كەلمىسە، فارابىينىڭ «رىسالەئى مۇغەننىيۇن»[①] دېگەن كىتابىنى، نەۋايىنىڭ «خەمسە»سىنى ئوقۇدى. كۈندۈزلىرى كوچىغا چىقمىسا، ئانىسىغا ياردەملىشىپ شايى ـ ئەتلەس ياكى بەقەسەم توقۇدى. راۋاب، تەمبۇر ياسىدى. بىراق، زادى ئۇمىدسىزلەنمىدى. قىدىرخان سېغىنىش تۇيغۇسى كۈچىيىپ، ھېسسىياتى ئۇرغۇغان دەملەردە بېيىت، غەزەل يازدى.

## 2

يىل ئۆرۈلۈپ يەنە كۆكلەم پەسلى يېتىپ كەلدى. قىدىرخان ئانىسى ئېتىپ بەرگەن كۆك چۆچۈرىسىنى يېدى. نورۇز كۈنى كۆڭلى تارتىپ كوچىغا چىقتى. بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ ئورداكۆل مەھەللىسىگە باردى، لېكىن چايخانا بار ئاشۇ كوچىغا قەدەم باسمىدى. ئارقىسىغا يېنىپ ھەيدەرباغ مەھەللىسىگە كەلدى. كوچىسى دەل ـ دەرەخلىك بۇ مەھەللە ناھايىتى كۆجۈم ئىدى. باللار كېچىسى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن ئۇزۇن ياغاچقا ياغلىق قاپاق باغلىۋالغانىدى. ئۇ باللىق دەۋرىنى ئەسلەپ مېڭىپ، جۇلدۇر كېيەن، چاچلىرى چۇۋۇق بىر ئايال بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئايالنىڭ كەينىدە بىر توپ باللار «ساراڭ ـ ساراڭ !» دەپ ۋارقىرىشىپ كېلىۋاتاتتى. «ماۋۇ بەڭباشلىقنى» دېدى ئۇ ئىچىدە. ئايال ئۇنىڭغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. قىدىرخان باللارنى توسۇۋالدى:

— ئىنىلىرىم، بۇ ئايالنى ھاقارەتلەپ نېمە پايدا تاپىسىلەر؟ توختاڭلار، ئارقاڭلارغا يېنىڭلار. سىلەرنىڭمۇ ئاشۇ ئايالدەك ئاچاڭلار يوقمۇ؟ قايتىپ كېتىڭلار.

— ئاۋۇ ساراڭ بىزگە قاراۋاتىدۇ، — دېدى بىر بالا قولىنى

① رىسالەئى مۇغەننىيۇن — سازەندىلەر رىسالىسى.

ئالدىغا ئۈزارتىپ.
— شۇنچە گەپ قىلسام، يەنە سارالڭ دەۋاتىسەنغۇ، شۇمتەك؟
— قىدىرخان بارغىنىچە ئۇ بالىنى بىر تەستەك سالدى. بالا ۋارقىراپ يىغلىدى.
— ئەمدى كىم يەنە سارالڭ دەيدىكەن، ئىچىڭنى ئۆچۈرۋېتىمەن.
بالىلار قورققىنىدىن بەدەر تىكىۋېتىشتى. قىدىرخان ئارقىسىغا قارىدى، ئايال يىگىرمە قەدەم نېرىدا ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى. «تونۇشتەكلا قىلىدۇغۇ؟ بۇ كىمدۇر ـ ھە؟ خۇدايا تۇۋا ...» دېدى ئۇ ئىچىدە. ئايالغا يېقىنلىغانسېرى ئۇنىڭ يۈرىكى دۈكۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. قارا كۆز، قارا قاش، ئاق يۈز... ئۇ تونۇغاندەك قىلدى، ئېتىلىپ بېرىپ ئايالنىڭ ئالدىدا توختىدى. بۇ ئايال باشقا بىرسى ئەمەس، دەل ئاشۇ مەنزەرنىڭ ھاۋا رەڭ دېرىزىسىدىن قارىغان دىلرەبا قىز ئەمەسمۇ؟ قىدىرخاننىڭ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىنى يېرىپ چىقىپ كەتكۈدەك تىپچەكلەپ كەتتى.
— ئاھ، رەنا قىز، بۇ سىزمۇ؟
قىزنىڭ قىدىرخانغا تىكىلگەن قارا كۆزلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش تۆكۈلدى.
— ئاھ، راۋابچى يىگىت، راۋابىڭىز قېنى؟ — دېدى ئۇ يۈزلىرىنى توسۇۋالغان چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ. ئۇ بايا قىدىرخاننى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندىلا تونۇغانىدى.
— راۋابىم ئۆيدە قالدى. يۈرۈك، مەلىكەم، سىزنى غېرىب خانامغا ئەكېتەي. مەن سىزنى ئىزدەپ چىققانىدىم، خۇدايىم يولدا ئۇچراشتۇردى.
— مەنمۇ سىزنى بىر كۆرەي دەپ ئۆيدىن قېچىپ چىققانىدىم. بۇ ئۇچرىشىشنى خۇدايىم نېسىپ قىلمىغان بولسا، ئۆيگە قايتمىغان ۋە بېشىم قايغان تەرەپكە كەتكەن بولاتتىم. تېز بولۇڭ، كەينىمدىن ئاتام ئىزدەپ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، مېنى

ئۆيـگـىزگـه ئەكـېتىڭ.
— يۈرۈڭ...
قىدىرخان قىزنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيگە ئەكەلدى.
ناسىرخان ئۇستام قىزنى تونۇدى. ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ:
— ئوغلـىمىز ئاشـىق بولغـان دىلرەبا قـىز مۇشـۇ، — دېـدى خوتۇنىغا. ئانا بۇ كۈتمىگەن ئۇچرىشىشتىن ھاياجانلاندى.
— قىزىم، قـەدەملـىـرى قـۇتلۇق بـولـغاي، — دەپ قـىـزنـى قازناقـقا ئەكـىـرىپ يۈيـۈنـدۈرۈپ، ئۇنـىڭغا ئۆزىـنـىڭ تويـلـۇق كـۆڭلـىكـىنى كـىـيدۈردى، — بۇ كۆڭـلـەكنى ئـەتىۋارلاپ ساقـلاپ كېلىۋاتقىنىمغا يىگىرمە يىلدىن ئاشتى، قىزىم. سىلىگە نېسىپ بوپتىكەن، — ئانا قۇلىقىدىكى زىرىنى ئېلىپ قىزنىڭ قۇلىقىغا سالدى. قوللىرىدىكى ئۈزۈكلىرىنى ئېلىپ جانانىنىڭ قوللىرىغا سالدى، — ئوغلۇمنىڭ تويىنى كۆرۈشنى شۇنچە ئارزۇ قىلاتتىم، خۇدايىم تىلىكىمگە يەتكۈزىدىغان بولدى. بالام، ئەمدى ئاتلىرىنى دەپ بەرسىلە، كۆڭلۈم ئەمىن تاپسۇن. مېنىڭ ئېتىم ھاۋاخان.
— ئايتىللا خېنىم، — دېدى قىز ۋىللىدە قىزىرىپ.
— ئاتا - ئانىلىرى باردۇ؟
— بار، ئانا، دادامنىڭ ئېتى نىزامىدىنبەگ، خانىنىڭ ۋەزىرى. ئانامنىڭ ئېتى نىسا خېنىم.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاۋاخان چۆچۈپ كەتتى.
— قانداق بولۇپ كوچىغا چىقىپ قالدىلا، قىزىم؟
— قېچىپ چىققانىدىم، — قىـزنىڭ قارا كـۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى سىمابتەك لىغىلدىدى.
— نېمىشقا، قىزىم؟
قىزنىڭ ئاپپاق چىرايى چوغدەك قىزاردى.
— مەنزەرگە چىقىپ، ئـوغۇللىـرىنىڭ نـاخشا - كۈيلىرىنى تىڭشىغانىدىم. ئانام خاپا بولدى، دادام ئاچچىقلاندى. بىر كۈنى دادام: «سـازەنـدىلەرنـى بـۇ مـەھـەلـلـىگـە يـولـىمايدىغـان قىلىۋېتىمەن» دەپ ۋارقىراپ كوچىغا چىقىپ كەتتى. بىلمىدىم،

نېمە بولدىكىن، شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇللىرى چايخانىغا كەلمەيدىغان بولدى. بىر كۈنى ساز ئاڭلىغۇم كېلىپ مەنزەرگە چىقسام، دېرىزىنىڭ قاپقاقلىرىنى مىخلاتقۇزۇۋېتىپتۇ، ئاچالمىدىم. كېيىن ساراڭ بولۇپ قالدىم ...

قىز كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆككىنىچە بېشىنى ھاۋاخاننىڭ قۇچىقىغا قويدى. پېشايۋاندا ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان قىدىرخان قىزنىڭ نالىسىگە چىدىمىدى. يۈرىكى زىڭىلدىغاندەك بولۇپ، ئىككى قولى بىلەن چېكىسىنى تۇتۇپ، ئايۋاننىڭ يېپىقلىق ئىشىكىدىن كۆزىنى ئۈزمىدى.

— ساراڭ بولۇپ قالدىم، بۇ نېمە دېگەنلىرى، خېنىم بالام؟

— ئانا! ... — ئايتىللا خېنىم تېلىقىپ يىغلاپ كەتتى.

ھاۋاخان ئاچىمۇ ئۆزىنى تۇتالمىدى. نېمە ئۈچۈن بۇ قىزنىڭ جۇل ـ جۇل كىيىم كىيىۋالغىنىنىڭ، سۇمبۇل چاچلىرىنىڭ تارالماي چىگىچلىشىپ كەتكىنىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولۇپ بۇقۇلداپ يىغلىدى.

— بالام، جېنىم بالام، ئەمدى سىلىگە ھېچكىم ئازار بەرمەيدۇ. يىغلىمىسىلا، خېنىم بالام، يىغلىمىسىلا.

ئايتىللا خېنىمنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن تەڭ يۈرىكىدىكى دەردمۇ تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىغانسېرى چىرايى سۇزۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

— ئانا، — دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — بىر يىلدىن بېرى بېشىمغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم ھېچكىمنىڭ بېشىغا كەلمىسۇن. نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزۈمچە خۇدۇمنى يوقىتىپ، ئالدىمغا ئۇچرىغان نەرسىنى ئۇرۇپ ـ چاقىدىغان، كوچىلارغا چىقىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. ئالدىمغا ئەكەلگەن تاماقنى يېمەي تۆكۈۋېتەتتىم. قورسىقىم ئېچىپ ھالىمدىن كەتكەن چاغلىرىمدا، ئاشخانىغا كىرىپ نېمە بولسا شۇنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەيتتىم. بەزى كۈنلىرى جۇدۇنۇم تۇتۇپ كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى سېلىۋېتەتتىم، كىيدۇرۇپ قويسا يىرتىۋېتەتتىم،

ئانام: «ھۆ بىتومۇس، ئاتاڭ كەلسە، پاقالچىقىڭنى چېقىۋېتىدۇ. سەن زادى نېمە بولدۇڭ؟» دەپ يىغلاپ كېتەتتى. بىر كۈنى سەپرايىم ئۆرلەپ، كىيىملىرىمنى يىرتىپ تاشلاپ كوچىغا چىقىپ كېتىپتىمەن. ئاتام ئوردىدىن كېلىۋېتىپتىكەن، ياساۋۇللىرىغا مېنى تۇتقۇزۇپ ھويلىغا ئەكىردى. كىيىم كىيدۈرۈپ قازناققا سولاپ قويدى. ئاشۇ قاراڭغۇ قازناقتا قانچىلىك ياتتىمكىن، بىلمەيمەن. تاماق ئەكىرگەن ئانامنىلا كۆرەتتىم، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم قېشىمغا كىرمەيتتى. بەزىدە «مەن نېمە بولدۇم؟» دەپ ئۆزۈمگە سوئال قوياتتىم، يىغلايتتىم. بۈگۈن ئەتىگەن يىغلاپ ئولتۇرسام، ئانام نان، چاي ئەكىردى. ماڭا قاراپ ئانامۇ ياش تۆكتى. «ئانا، مېنى ھويلىغا ئاچىققىن» دېدىم. «خېلى ئوڭلىنىپ قالغاندەك قىلىسەن، قىزىم. ئاتاڭ كەلگەندە پېشىڭگە ئېسىلىپ تۇۋا قىل، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورا. رەھمى كەلسە ئەجەب ئەمەس. ئۇنداق قىلمىساڭ، ئۆمۈر بويى قازناقتىن چىقارمايدۇ» دېدى. مەن ماقۇل بولدۇم. ئانام مېنى قازناقتىن ئاچىقتى. پېشايۋاندا تۇرۇپ كۈننى كۆردۈم. كۆڭلۈم يەنە كوچىنى تارتىپ، ئۆزۈمنى باسالماي قالدىم. ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇر ناھايىتى ياۋاشلاپ كەتكەنىدىم، بەلكىم بۇ ساراڭ ئەمەسلىكىمنى بىلدۈرسە كېرەك. ئانامنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلاپ، سۆيۈپ، قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ مېھرىنى قوزغىدىم. «خېنىم قىزىم، مېنىڭ يالغۇز قوزام، سەن ساراڭ ئەمەس، پەقەت سەپرايىڭ ئۆرلەپ قالغان، خالاس. سەن ئوڭشىلىپ قالدىڭ...» دەپ سۆنايلىنىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتىم، يۈزۈمنى رومال بىلەن يېپىۋالدىم. دەرۋازا قىيا ئوچۇق ئىدى، غىپپىدە چىقىۋالدىم. بىر دېدەك ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتاتتى، ئۇ مېنى چاچ تارىغۇچى ئايال دەپ قالغان بولسا كېرەك، مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ئۈن چىقارمىدى. ئىتتىك مېڭىپ ئورداكۆل مەھەللىسىدىن چىقىۋالدىم. كېتىۋېتىپ يەردىن بىر چاڭگال توپا ئالدىم ـ دە، ئۈستىبېشىمغا چاچتىم، يۈزلىرىمگە سۈرتتۈم،

چاچلىرىمنى چۇۋۇپ ساراڭنىڭ ئۆزى بولدۇم. نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بەلكىم راستىلا ساراڭلىقىم تۇتقاندۇ. مەن پەقەت راۋاپچى يىگىتنى ئويلايتتىم، ئۇنى ئىزدەپ كېتىۋاتاتتىم. باللار كەينىمگە كىرىۋېلىپ، تاش ـ چالما ئاتتى. شۇ چاغدا ئوغۇللىرى كېلىپ قالدى ...

— ۋاي جېنىم بالام، ۋاي جېنىم بالام، ھەممىنى بىلدىم. ئەجەب دەرد تارتىپتىلا، — دېدى ھاۋاخان، — ئاتىلىرى كاتتا كىشى ئىكەن. كەچتە ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويايلى. سىلىنىڭ نەگە كەتكەنلىرىنى بىلەلمەي، مۇشۇ دەم قان يىغلاۋاتقاندۇ بىچارە ئانىلىرى.

— ياق، ياق. ئۆيگە بارسام ئاتام مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ بەرمەي بالا قىلىۋېلىڭلار. مەن شۇنى ئارزۇ قىلىپ ئۆيدىن قېچىپ چىققان.

ناسىرخان ئۇستام ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئوغلىنىڭ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ: «بۇ ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپ، ئاندىن بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي» دەپ ئويلىدى ۋە دەس تۇرۇپ ئىلغۇچتىكى توننى ئېلىپ كىيدى.

— ئانىسى، ھاي، ئانىسى !

— مانا مەن، — ئايۋاندىن چىققان ھاۋاخان باشتا ئوغلىغا، ئاندىن ئېرىگە قارىدى، — نەگە بارىدىلا، ئاتىسى؟

— سىرتتا ئازراق ئىشىم بار، خوتۇن. بۇگۈن كەچ ئۆيگە مېھمان كېلىدۇ. قايتىپ كەلگەندە قوينى ئۆزۈم سويىمەن. باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئوغلىمىز بازاردىن ئەكېلىپ بەرسۇن. ئەمىسە مەن كەتتىم، — ئۇ شۇنداق دەپ ئېغىلدىن قارا قوچقارنى ئاچىقىپ مىندى.

— خۇدايىمغا ئامانەت، — دېدى ھاۋاخان ئىشىكنى يېپىپ. ئۇ ئالدىراپ قالدى. «قوي سويغۇدەك قايسى دوست ـ يارەنلىرىنى باشلاپ كېلىدىغاندۇ؟ ۋەزىر ئەزەم بولمىسۇن يەنە. ياق، ياق، ئۇنى

باشلاپ كەلمەس. بۇ ئادەم ئۆمرىدە كىشىگە ئۇۋال قىلىپ باقمىغان...» ھاۋاخان شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، قىدىرخاننىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئوغلۇم، ئاتاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانسەن؟ بازارغا بېرىپ كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكەلگىن. تاپالىساڭ قوغۇن ــ تاۋۇز بىلەن ئۈزۈممۇ ئالغىن. ئۆيدىكىسى توگەپ قاپتۇ.

قىدىرخان باش لىڭشىتتى. ئوتۇنخانىدىن چوڭ سېۋەتنى ئېلىپ بازارغا ماڭدى. ھاۋاخان ھويلىغا سۇ سېپىپ، سۇپۇرگىنى قولىغا ئالدى.

— ئانا، مەن سۇپۇرۇۋېتەي، — دېدى ئايتىللا خېنىم سۇپىدىن قوزغىلىپ.

— يوقسۇ، قىزىم، زالىممۇ مېھماننى ئۆي سۇپۇرگۈزمەيدۇ. يەنە كېلىپ سىلى ئېسىلزادىلەردىن تۇرسىلا.

ھاۋاخاننىڭ گېپىدىن ئەپسۇسلانغان قىز سۇپىدىن چۈشتى.

— مەن مېھمان ئەمەس، ئۆز قىزلىرى، ئانا. ئەكەلسىلە سۇپۇرگىنى.

— راست دەيدىلا، قىزىم، سىلى ئۆز بالام، سىلىنى ماڭا ئاللا ئۆزى يەتكۈزدى، شۇڭا ھازىر سىلىنى سۇپۇرگۈزمەيمەن. كېيىن تولا سۇپۇرۇپ، ھېرىپ كېتىدىلا تېخى. ئارام ئېلىۋالسىلا، — ھاۋاخان شۇنداق دەپ قىزنى قىدىرخاننىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ قويدى.

بۇ ھۇجرىنىڭ ناۋالىق ئەگمە چىقىرىپ ياسالغان چىرايلىق ئويۇقلىرى ھەر خىل كىتابلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئايتىللا خېنىم «رىسالەئى مۇغەننىيۇن»، «خەمسە»، «شاھنامە» دېگەندەك كىتابلارنى بىر قۇر ۋاراقلاپ چىققاندىن كېيىن، يەنە بىر ئويۇقتا تۇرغان «دىۋانى قىدىرخان» ناملىق پاتلىق كەشمىر قەغىزىگە نەپىس يېزىلغان توپلامنى ئاچىقتى. بىر ـ بىرىدىن تەسىرلىك، ھېسسىياتلىق يېزىلغان غەزەل، بېيىتلار ئۇنى ئۆزىگە شۇنچىلىك رام قىلىۋالدىكى، ھۇجرىغا ھاۋاخاننىڭ كىرىپ كەلگىنىنىمۇ

سەزمىدى.

— كىتاب ئوقۇۋېتىپىلا - دە، قىزىم، چاقىرسام جاۋاب بەرمەيتىلە، ئۇخلاپ قالغان چېغى دەپتىمەن، — دېدى ھاۋاخان پەردىسى قايرىقلىق دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرغان قىزغا مەستلىكى كېلىپ، — كۆزلىرى قانداق كۆرگەندۇ؟ ياش دە، ياش. ياش ئادەمنىڭ كۆزى كېچىدىمۇ كۆرىدۇ، — ئۇ ئايتىللا خېنىمنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، — مېھمانلار كەلگىلى نەۋاق، بالام، شورپا ئېچىۋاتىدۇ ... — ھاۋاخان ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆزنى دېيەلمەي ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

ئايتىللا خېنىم دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ گۇگۇم چۈشكەنلىكىنى بىلدى. ئەۋرەز تۈۋىدە قوچقارنىڭ كاللا - پاقالچىقى، تېرىسى تۇراتتى.

— ئانا، نېمە مېھمان ئىكەن ئۇ؟ دادامنىڭ قايتىپ كەلگىنىنىمۇ، قوي سويغانلىقىنىمۇ تۇيماپتىمەن.

— نېمە مېھمان بولاتتى، قىدىرخان بالامنىڭ نىكاھ چېيىغا داخىل بولغىلى كەلگەنلەر ئىكەن، — دېدى ھاۋاخان. ئۇ بايا ئېيتالمىغان سۆزىنى دەۋەتكەندى.

— ئوغلۇم قىدىرخاننىڭ نىكاھ چېيى؟ — قىزنىڭ قارا قاشلىرى سەل كۆتۈرۈلۈپ، چىرايى بۇلۇت توسقان ئايدەك تۇتۇلدى، — بۇگۈن ئۇنىڭ تويى ئىكەن - دە؟ مەن شور پېشانە نېمىدەپ بۇ ئۆيگە كەلگەندىمەن. خۇدايىم ئەجەب كۈنگە قىلىۋاتىمىنا؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى.

ھاۋاخان ئايتىللا خېنىمنى تارتىپ باغرىغا باستى.

— خېنىم بالام، مانا ھازىر سىلى بىلەن ئوغلۇمنىڭ ئۆمۈرلۈك نىكاھى بولىدۇ. مېھمانلار مۇشۇنىڭ ئۈچۈن كەلگەن، قويمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن سويۇلغان. ماڭىمۇ دادىلىرى بايا دېدى تېخى.

ئايتىللا خېنىمنىڭ ياش بىلەن يۇيۇلغان گۈزەل چىرايى سەل ئېچىلدى، ئەمما تاراملاپ ئېقىۋاتقان يېشى توختىمىدى. نىكاھ

ئوقۇلۇپ، مېھمانلار ئۇزاپ، قىدىرخان بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ يىغىسى توختىمىدى...

ناسىرخان ئۇستام كىچىچە ئايتىللا خېنىم بىلەن ئوغلىنىڭ نىكاھىنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى ئاللادىن تىلەپ تۈزۈك كىرپىك قاقمىدى. بەختكە يارىشا كېلىنى باھار گۈلىدەك ئېچىلىپ قوپتى. يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىشلارنى مۆلچەرلەپ كۆرگەن ناسىرخان ئۇستام بۇ نىكاھنى مەلۇم ۋاقىت مەخپىي تۇتۇش قارارىغا كەلگەنىدى. ياز ئۆتۈپ، كۈز كەلگەندىلا مەھەللىدىكىلەرگە چاي بېرىپ، خوتەن شەھىرىدىكى بىر بۇرادىرىنىڭ قىزىنى ئوغلىغا ئېلىپ بەرگەنلىكىنى ئاشكارىلىدى، خالاس.

قىدىرخان بەختكە ئېرىشكەنىدى. ئۇ چايخانىنىڭ قارشىسىدىكى مەنزىرىنىڭ ھاۋا رەڭ دېرىزىسىدىن ئۆزىگە تىكىلگەن دىلرەبا قىزنىڭ گۈزەل نىگاھىنى باشلىنىش قىلىپ، «ۋىسال» ناملىق سېھىرلىك مۇقامنى ئىجاد قىلىشقا كىرىشتى. راۋابنىڭ زىل تارلىرى تىلغا كىرىپ، شۇنداق مۇڭلۇق، شۇنداق لەرزان ياڭرىدىكى، قېيىنئانىسى بىلەن ئەتلەس توقۇۋاتقان ئايتىللانىڭ يۈرەكلىرى جىغىلداپ كەتتى. بەقەسەم توقۇۋاتقان ناسىرخان ئۇستامنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. ئاقارتىلغان تامدىكى قوزۇقتا ئېسىپ قويغان داپنى ئېلىپ، ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ تەڭكەش قىلدى. تال باراڭلىق ھويلا ئاجايىپ يېقىملىق ساداغا تولدى.

شۇنداق قىلىپ، «ۋىسال» مۇقامىنىڭ تەرىسى قىزنىڭ ئاق يىغىندەك ئۇزاققا سوزۇلغان كۆز يېشىدىن، مەرغۇلى ھەسرەتلىك ئاھ - زارىدىن، نۇسخەسى زەپىران چىرايىدىن، سەلقىسى چۇۋۇلغان سۇمبۇل چاچلىرىدىن، جۇلاسى ئۇزۇلمىگەن ئۇمىدىدىن، تەكىتى پىغانلىق خىيالىدىن؛ بىرىنچى داستانى يولدىكى ئۇچرىشىشتىن؛ ئىككىنچى داستانى نىكاھ ۋاقتىدىكى ھاياجاندىن؛ مەشرىپى مەشۇقەنىڭ ئاشىق باغرىغا تاشلانغان

چاغدىكى تەبەسسۇمىدىن ئېلىنىپ، يەتتە كۈندە تاماملاندى...
قىدىرخان مۇھەببەت سەرگۈزەشتىنى سۆزلەپ بولۇپ دېدى:
— سۇلتان ئالىيلىرى، پېقىر سۆيگەن يارىمنىڭ ۋىسالىغا يەتتىم. «ۋىسال» مۇقامىنى ھەم قىيامىغا يەتكۈزدۈم. ئەمما، بىزنىڭ سەرگۈزەشتىمىز ئاخىرلاشقىنى يوق. ئاتا ـ ئانام ۋاپات بولۇپ، بىز ئاتا ـ ئانا بولۇپ قالدۇق. بەش پەرزەنتىمىز بار. چوڭى ئون توققۇز ياش، كىچىكى يەتتە ياش. بىرسى ئوغۇل، تۆتى قىز. بېشىمىزغا يەنە قانداق كۈنلەرنىڭ كېلىدىغانلىقى ئاللاغا مەلۇم. ئەمما، تەقدىرىمدە نېمە بولسا شۇنى كۆرۈشكە تەييارمەن.
بۇ مۇسىقا ئۇستازىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىدىن قەلبى لەرزىگە كەلگەن ئابدۇرەشىدخان سورىدى:
— تەخسىر، قېيىنئاتىلىرى بىلەن كۆرۈشتىلىمۇ؟
— يوقسۇ، ئالىيلىرى. كۆرۈشۈپ خىزمىتىدە بولغۇم بار ئىدى، رەپىقەممۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى قىلىپ يىغلايدۇ. بىز ۋىسالغا يەتكەن بىلەن مۇرادىمىز تېخى ھاسىل بولمىدى.
— ۋەزىر نىزامىدىنبەگ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، تېخى كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن قالغىنى يوق. غەيرەتلىك، دىيانەتلىك ئەرباب. نومۇسچان بولغاچقا قىزى توغرۇلۇق بىراۋغا ئېغىز ئاچمىغان گەپ. ئۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى كۆرۈشتۈرۈپ قوياي. ئاداۋەت يۇيۇلۇپ، مۇرادىڭلار ھاسىل بولسا ئەجەب ئەمەس.
قىدىرخان مەمنۇن بولۇپ كۆلۈمسىرىدى:
— ئاللانىڭ قۇدرەت ـ كامالىدىن ئۈمىدۋارمەن، ئالىيلىرى.
ئۇلار ھۇجرىدىن چىققاندا پېشىن نامىزىغا ئەزان چىقتى.

## ئونىنچى باب

# شاھزادىنىڭ ئۆلۈمى

### 1

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان جاھان مەدرىسەسىدىن گۇلئىرەم ئوردىسىغا قايتىپ كەلگەندە، ئاتا ۋەزىر نىزامىدىنبەگ تاشكەنت خانى نورۇز ئەھمەدخاننىڭ ئەلچىلىرى بىلەن تەكىيخانىدا تاماق يەۋاتاتتى. ئۇ نىزامىدىنبەگ بىلەن قىدىرخاننى ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇچراشتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ سارايغا كىرىپ كەتتى.

ئابدۇرەشىدخان تەختتە ئولتۇرغان تۆت يىلدىن بۇيان، باشقا ئەللەردىن پايتەخت ياركەندكە كېلىپ ـ كېتىۋاتقان ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. دەسلەپتە ھىندىستان پادىشاھى ھۇمايۇننىڭ ئەلچىلىرى خەت ـ سوۋغا ئەكەلگەنىدى. پىل چىشىدىن نەپىس ياسالغان شاھمات، قەدەھ، ئىدىش ئابدۇرەشىدخاننىڭ زوقىنى كەلتۈرگەن بولسا، تاشكەنت خانى نورۇز ئەھمەدخاننىڭ ئاق پاتلىق قەغەزگە ئۈنچە تىزغاندەك چىرايلىق يېزىلغان مەكتۇپى ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە بەركاتەھۇ[①]

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىدخانغا، ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەمىر ـ ئۆمىرالارغا كەمىنەدىن، ئوردا ئەربابلىرىدىن، تاشكەنت ئەھلىدىن سەمىمىي ئېھتىرام ۋە قېرىنداشلىق سالام !

---

① ئاللا سالامەتلىك ۋە بەرىكەت ئاتا قىلغۇچىدۇر.

سۇلتان ئالىيلىرى، يىراقتىن چۇقان سېلىپ دېگۇم كېلىدۇكى، قېرىنداشلىق مېھرى ئوتلۇقتۇر، قېرىنداشلىق رىشتى ئۈزۈلمەستۇر. شۆھرەتلىك بوۋىلىرى — مەرھۇم سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ قەبرىسىنى تۇنۇگۇن زىيارەت قىلىپ كىرىپ، يۈرەك قېتىمدا ئالىيلىرىغا خەت يېزىش ئىشتىياقى تۇغۇلدى. مەملىكەتلىرىمىزنىڭ تاغ ـ دەريالىرىلا تۇتىشىپ قالماستىن، بەلكى دىنىمىز ۋە تىلىمىزمۇ بىردۇر، مۇسىقا ـ غەزەللىرىمىزمۇ ئاھاڭداشتۇر، مىجەز ـ خۇلقىمىز ھەم ئوخشاشتۇر. قىسقىسى، بىز جانجىگەر قېرىنداشلاردۇرمىز. ھالبۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئالاقىمىز سۇسلىشىپ، كېلىپ ـ كېتىدىغان يوللىرىمىز تارىيىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ بىز قېرىنداشلارغا قانداقمۇ مۇناسىپ كەلسۇن؟ بىز ھايات تۇرۇپ مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلۈپ قالسا، ئەۋلادلارغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز؟ سۇلتان ئالىيلىرى، شۇ سەۋەبكە كۆرە، ھۇزۇرلىرىغا ۋەزىرىم ۋەلىخان تۆرىنى سوۋغا ـ سالام بىلەن ئەۋەتتىم. بۇنىڭ بىلەن بېرىپ ـ كېلىش يوللىرى راۋانلىشىپ، قېرىنداشلار دىدار كۆرۈشۈپ مۇراد مەنزىللىرىگە يېتەلەيدۇ.

ئاخىرىدا ئالىيلىرىنى تاشكەنت دىيارىغا تەكلىپ قىلىمەن.

ئالىي ئېھتىرام بىلەن تاشكەنت خانى نورۇز ئەھمەدخان.

ھىجرىيە 944 ـ يىلى[1] ماھى سەپەرنىڭ ئون بىرىنچى كۈنى، تاشكەنت.

— تاشكەنت خانى نورۇز ئەھمەدخاننىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئورنىدىن تۇرۇپ، — زېمىنلىرىمىز تۇتاش، دەريا ـ تاغلىرىمىز كىرىشىپ كەتكەن بىزدەك قېرىنداشلار ئۈچۈن ھەرقاچان يول راۋان بولۇشى

① ھىجرىيە 944 ـ يىلى — مىلادىيە 1538 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

كېرەك. ئىككى ئارىدا پۇقرالارنىڭ يول خېتى ئېلىپ يۈرۈشى ھاجەتسىزدۇر. دوست بىلەن دۈشمەن ھەر ئىككى مەملىكەتكە ئورتاقتۇر. بۇنىڭدىن كېيىن ئىككى مەملىكەتنىڭ دوستلۇقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، دۈشمەنلىرىمىزگە بىللە تاقابىل تۇرۇشىمىز زۆرۈردۇر. پېقىر نورۇز ئەھمەدخان ئالىيلىرىنىڭ ياخشى نىيىتىگە كۆپ تەشەككۇر ئېيتىمەن ۋە ئۇنىڭ پايىتەختىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى سورايمەن.

— ئالىيلىرىغا كۆپ تەشەككۇر، — دېدى ۋەلىخان تۆرە ئورنىدىن تۇرۇپ، — مۇددىئايىمىز بىر يەردىن چىقتى. ئاتا ۋەزىر نىزامىددىنبەگ جانابلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىمىز ئۈنۈملۈك بولدى. بۇنىڭدىن باشپاناھىمىز نورۇز ئەھمەدخان ئالىيلىرى كۆپ خۇرسەن بولغۇسى...

ئۇ گېپىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق مۇقاۋىلانغان «خەمسە»سى بىلەن «چاھار دىۋان»ىنى تاشكەنت خانى نامىدىن تەقدىم قىلدى.

ئابدۇرەشىدخان كىتابلارنى تىزىغا قويۇپ، ئەمر قىلدى:

— ۋەزىر ۋەلىخان تۆرە بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا تون كىيدۈرۈلسۇن.

ئاتا ۋەزىر نىزامىددىنبەگ ئوردا مۇلازىملىرى ئەكەلگەن تونلارنى ئەلچىلەرگە كىيدۈردى.

ئەلچىلەر ئۆزىغاندىن كېيىن ئابدۇرەشىدخان، نىزامىددىنبەگ ۋە شاھسەئىد ئالىم ئۈچەيلەن تەكىيىخانىدىن بىللە چىقىشتى.

— ۋەزىر جانابلىرى، تاشكەنت ئەلچىلىرىنى كاشغەر شەھىرىنى سەيلە قىلدۇرۇشقا ئادەم بەلگىلىسىلە. تاشكەنت خانىغا يوللىنىدىغان سوۋغاتلارمۇ تەخلەنسۇن. نورۇز ئەھمەدخانغا مېنىڭ نامىمدىن ئالتۇن ساپلىق خەنجەر، نەپىس ياسالغان تەمبۇر ۋە راۋاب سوۋغا قىلىنغاي.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى.

— ئەتە پېشىن نامىزىدىن كېيىن سىلىگە ئېيتىدىغان بىر خۇش خەۋەر بار، ئاڭلاشنى خالامدىلا؟ — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئاخىرقى سۆزىنى ئۇنلۇكرەك ئېيتىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ نىزامىدىنبەگ ھەيران قالدى. ئۇ جاۋاب بەرگۇچە ئابدۇرەشىدخان شاھسەئىد ئالىمغا دېدى:

— ۋەلىخان تۆرە بىلەن بولغان سۆھبىتىمىز تولۇق خاتىرىلەنگەندۇ، سەرمۇنشى؟

— تولۇق خاتىرىلەندى، ئالىيلىرى.

— ۋەلىخان تۆرىگە ئېيتقانلىرىمنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، نورۇز ئەھمەدخانغا مېنىڭ نامىمدىن بىر پارچە مەكتۇپ يۇتۇپ، ئەتە ماڭا تاپشۇرۇڭ.

— پەرمانبەردارمەن، ئالىيلىرى.

## 2

— تەقدىرگە تەن بېرىش قازاغا رىزا بولۇشلا ئەمەس، بەلكى ئۆتكەن ئىشتىن ساۋاق ئېلىپ، ئاللاغا شۇكۇر قىلىش دېمەكتۇر، ۋەزىر جانابلىرى. مەن ئېيتماقچى بولغان خۇش خەۋەر ئۆزلىرىنى جەزمەن مەمنۇن قىلغۇسى.

— ئىنشائاللا، — نىزامىدىنبەگنىڭ چىرايى ۋىللىدە قىزىرىپ، ئاقىرىشقا باشلىغان ساقىلى تىترەپ كەتتى، — ئالىيلىرى ئېيتماقچى بولغان خەۋەر ئەلۋەتتە غەمكىن بىشىمدىكى ھەسرەت ـ نادامەتنى كۆتۈرۈۋەتكۇسى. ئەگەر مۇشۇ تاپتا ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولسام، قايغۇم تېخىمۇ يېنىكلەپ، خۇشلۇقۇم يەنىمۇ ئاشقان بولاتتى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئابدۇرەشىدخان كۈلۈمسىرەپ، — لېكىن بۇ خۇش خەۋەرنى ئېيتىشنىڭ پەيتى ئەمەس، ئورۇنمۇ ماس كەلمەيدۇ. خۇدا بۇيرۇسا، ئەتە پېشىن نامىزىدىن كېيىن ھەرەمدىكى ئارامگاھقا كەلگەيلا.

— خوپ، ئالىيلىرى، مەن ئۆزلىرى تاپشۇرغان ئىشلارنىڭ كويىدا بولاي. ھە راست، ئەلچىلەرگە ئەمىر بەھرام ھەمراھ بولۇپ كاشغەرگە بارسا بولارمۇ، يا باشقا كىشى بارسۇنمۇ؟

— ئەمىر بەھرام بارسۇن، — دېدى ئابدۇرەشىدخان بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا، — ھازىر بېرىپ ۋەلىخان تۆرىگە ھەمراھ بولسىلا.

— خوپ، ئالىيلىرى.

ئىزامىدىنبەگ، باش پۈتۈكچى شاھسەئىد ئالىم ئابدۇرەشىدخان بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى.

— ئەمىر ئەكرەم، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا ياندىشىپ، — سىز ئەتە جاھان مەدرىسەسىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇستاز قىدىرخانغا بالىچاقىلىرى بىلەن چايغا تەكلىپ قىلغانلىقىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ. پېشىن نامىزىنى ئوقۇپلا كەلسۇن، ھەرەمدە ئۆزۈم كۈتۈۋالىمەن. ئوردا ئىشلىرىغا سىز رىياسەتچىلىك قىلىڭ.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى، — ئەمىر ئەكرەم دىۋانخانىغا كىرىپ كەتتى.

ئەتىسى ئابدۇرەشىدخان پېشىن نامىزىدىن يېنىپلا ئارامگاھقا كەلدى. بۇ سارايىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك باغچىدا ئۆستۈرۈلگەن ئامۇت، ئالما، شاپتۇل دەرەخلىرى ھۆپپىدە چېچەكلەپ كەتكەندى. ئاق، سېرىق قۇشقاچلار ۋىچىرلىشىپ شاختىن ـ شاخقا سەكرىگەندە، چېچەكلەر توزۇپ يەرگە چۈشەتتى. بۇ باغچىنى ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن بەرپا قىلغانىدى. ھەرقايسى ئەللەر سوۋغا قىلغان نەپىس بۇيۇملار مۇشۇ سارايغا قويۇلغانىدى.

سەئىدخاننىڭ خاس مەھرىمى ئەبۇل ئەلاخان ھېلىمۇ بۇ سارايغا قارايتتى. ئابدۇرەشىدخان كاشغەردىن ئەكەلگەن ساتىراش ھاشىم ئاخۇن ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئۇنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى ياساپ قويانتى، قالغان ۋاقىتلىرىدا باغ پەرۋىشى بىلەن مەشغۇل بولاتتى.

ئابدۇرەشىدخان بۇ ئىككى مەھرىمى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغاندا، نىزامىدىنبەگ كىلىپ سالام بەردى.

— كەلسىلە، ۋەزىر ئەزەم، ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇراتتىم، — دىدى ئابدۇرەشىدخان ئۇنى سارايىنىڭ ئىستىراھەتخانىسىغا باشلاپ، — قىنى مەرھەمەت.

ۋەزىر قورۇنۇپقىنا يىكەندازدا يۈكۈندى.

ئۆيىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ئابدۇرەشىدخان ۋەزىر بىلەن بىللە دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭ تەن ساقلىقىنى سورىدى.

— ئەلھەمدۇلىللا، سۇلتان ئالىيلىرى. يىشىم يەتمىشتىن ھالقىغاندىمۇ مۇشۇنچىلىك تىمەن تۇرغىنىمغا مىڭ شۈكۈر.

— مۇشۇ كەمگىچە ئۆزلىرىنى ئاتامدەك كۆرۈپ كەلدىم، ۋەزىر، سىلىمۇ پىقىرنى ئوغۇللىرىدەك كۆرۈپ، مەن بىلەن سىردىشىشنى خالامدىلا؟ — ئابدۇرەشىدخان نىزامىدىنبەگنىڭ قورۇق باسقان كەڭ پىشانىسىدا بىر تۇرۇك پەيدا بولغىنىغا دىققەت قىلدى.

— ئالىيلىرى بىلەن سىردىشىش مەن ئۈچۈن شەرەپتۇر، سۇلتانىم. ئاللا پىقىرغا ئوغۇل پەرزەنت نىسىپ قىلماپتىكەن، ئۆزلىرىنىڭ پىقىرنى ئاتا ئورنىدا كۆرگەنلىرىدىن بىشىم ئاسمانغا يەتتى.

ئابدۇرەشىدخان بىرپەس ئويلىنىپ تۇرغاندىن كىيىن ئىغىز ئاچتى:

— ئەمدى خۇش خەۋەرنى ئىيتاي، بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن ئارزۇلۇق قىزلىرى تىپىلدى.

— نىمە دىدىلە، ئالىيلىرى؟ — ۋەزىر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. چىرايى غەلىتە تۇس ئىلىپ، ئاغزى سەل ئىچىلدى، بىردىنلا لاغىلداپ تىترەپ، تىلى كالۋالاشتى، — ئا - ئالىيلىرى. مى... مىنىڭ قىزىممۇ؟ بۇ... بۇ ...

— ۋەزىر ئەزەم، راستلا قىزلىرى تىپىلدى، بەش پەرزەنتلىك بوپتۇ، كۈيۇ ئوغۇللىرى مۇدەررىس ئىكەن.

— قولاقلىرىمغا ئىشەنمەيۋاتىمەن، — خۇدىنى يوقاتقان نىزامىدىنبەگ بىشىنى چايقىدى، — مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئالىيلىرى، قىزىم ئۆلۈپ كەتكەن. ئۆلۈكنىڭ تىرىلىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

— ياق، ۋەزىر، قىزلىرى هايات، بەش بالىسى ۋە ئېرى بىلەن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ. ئەگەر خالىسىلا، ئۇلار بىلەن دىدار كۆرۈشتۇرەي.

— دىدار كۆرۈشتۇرەي؟ بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن، ئالىيلىرى؟ قىزىمنىڭ يوقاپ كەتكىنىگە يىگىرمە يىل بولغان تۇرسا. ئۇنىڭ هايات بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

— زادى قىزلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈشنى خالامدىلا، يوق؟ — كەسكىن سورىدى ئابدۇرەشىدخان.

نىزامىدىنبەگ زوۋان سۇرمىدى. چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ، كۆزلىرى پىيالىدەك چوڭايدى، چىشلىرى كاسىلداپ، قوللىرىنى ئىختىيارسىز بىرقانچە قېتىم شىلتىدى.

— خالامدىلا، ۋەزىر؟

نىزامىدىنبەگ ساقىلىنى سىقىملاپ تۇرۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئاچتى. ئالدىدا گەپ قىلىۋاتقان باشقا كىشى ئەمەس، مەملىكەتنىڭ سۇلتانى ئىدى. ئۇ چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن دېگەندەك قىلىپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئەتراپىغا سەپسىلىپ چىقتى. ئاخىر:

— خالايمەن، ئالىيلىرى، — دېدى پەس ئاۋازدا، ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى بوشىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ جاۋابى ئابدۇرەشىدخاننى مەمنۇن قىلدى.

— ئەبۇل ئەلاخان! — چاقىردى ئابدۇرەشىدخان ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ.

— لەببەي، ئالىيلىرى.

— مېهمانلار كەلدىمۇ؟

— كەلدى، ئالىيلىرى. ئۇلار مۇسىقا ئۆيىدە چالغۇلارنى

تاماشا قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ئەبۇل ئەلاخان قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

نېمە ئۈچۈندۇر ھاياجانلىنىپ قالغان ئابدۇرەشىدخان مۇسىقا ئۆيىگە كىرىپ قىدىرخان بىلەن سالاملاشتى.

— قېيىنئاتىلىرى ئاۋۇ ئۆيدە، ئۇستاز. سىلەرنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ، — دېدى ئۇ بىر - بىرىدىن چىرايلىق نارەسىدە قىزلارغا ۋە بۇرۇتى ئەمدىلەتىن خەت تارتقان يىگىتكە كۆز سېلىپ.

قىدىرخان پەرەنجىلىك غۇنچە بوي ئايالغا كۆز ئىشارىسى بىلەن ئۆزىنىڭ كەينىدىن مېڭىشنى بىلدۈرۈپ، ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئىستىراھەتخانىغا چىقتى.

— دادا، جېنىم دادا! — ئايتىللا خېنىم يۈگۈرگەن پېتى ئىزامىدىنبەگنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىزلاندى - دە، ئۇنىڭ تونىنىڭ پەشلىرىنى كۆزىگە سۈرتتى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن بوغۇلۇپ يىغلاۋاتاتتى. ھالبۇكى، ۋەزىرنىڭ كۆزلىرى قىدىرخانغا تىكىلگەنىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە شاپاق دوپپا كىيىپ راۋاب چېلىۋاتقان يىگىت كۆرۈنگەندەك بولدى - دە، كەينىگە بىر قەدەم داجىدى. تىترەك ئولاشقان ۋۇجۇدىدا جان قالماي ئوڭدىسىغا ئۆچۈپ چۈشتى. ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى.

— دادا، جېنىم دادا، نېمە بولدىلا؟ — ئايتىللا خېنىم تىزلانغىنىچە بېرىپ ئىزامىدىنبەگنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. بىر - بىرىدىن ئىككى ياشلا پەرقلىنىدىغان تۆت قىزمۇ تىز چۆكۈپ، چۇرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. پەقەت ئوغۇللا زۇۋان سۈرمەستىن دەم ئاتىسىغا، دەم ئانىسىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەمرى بىلەن ئەبۇل ئەلاخان چاقماق تېزلىكىدە بېرىپ تېۋىپ ئابدۇلۋاھىد زوھۇرىينى چاقىرىپ كەلدى. ئۇ ئىزامىدىنبەگنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىنى ئېچىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن دىمىقىغا بىر دورىنى

پۈرتىمۇدى، ئۇ قاتتىق چۈشكۈرۈپ كۆزىنى ئاچتى ــ دە، بېشىدا يىغلاپ ئولتۇرغان قىزىنى كۆردى.

ــ بار ئىكەنلا، قىزىم. ئىز ــ دېرەكلىرىنى ئالالماي كۈندە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدىم. تولا يىغلاپ ئانىلىرى ئەما بولۇپ قالدى، ــ دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋازدا، ئەمما قىدىرخانغا قاراپمۇ قويمىدى.

ئايتىللا خېنىمنىڭ ئاغزىغا گەپ كەلمەيتتى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى.

ــ ئالىيلىرى، ئاللا سىلىگە رەھمەت قىلسۇن. ئەمدى بىزگە رۇخسەت قىلسىلا، بالىلىرىمنى ئانىسى بىلەن كۆرۈشتۈرەي، ــ دېدى نىزامىددىنبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە قول تەڭلەپ كەلگەن كۈيۈ ئوغلى بىلەن سوغۇقلا كۆرۈشۈپ قويدى.

ــ سىلىگە ئىجازەت، ۋەزىر، سىلەرنى ئاللا ئامان قىلسۇن، ــ ئابدۇرەشىدخان ئۇلارنى سارايىنىڭ ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ چىقتى ۋە نىزامىددىنبەگنىڭ قىدىرخانغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغىنىدىن ئەپسۇسلىنىپ ئەسكەرتىپ دېدى، ــ قىدىرخان ئالىم، مۇسىقا ئۇستازى، ئوردىمىزنىڭ دىۋانبېگى بولۇشقا مۇناسىپ زات، ۋەزىر. ئۇ سىلىنى رازى قىلالايدۇ.

ــ چۈشەندىم، ئالىيلىرى. ئەھۋال ماڭا ئايدىڭ بولدى، ئەمما بۈگۈن ئۆيگە باشلاپ بارالمايمەن. قىزىم ئانىسى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىمەن.

ۋەزىر ئابدۇرەشىدخان بىلەن خوشلىشىپ قىزى بىلەن نەۋرىلىرىنى ئەكەتتى. ئابدۇرەشىدخان ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان قىدىرخاننى ئارامگاھقا باشلاپ كىردى.

## 3

يىللاردىن بىرى ئالدىراش ئۆتۈۋاتقان ئابدۇرەشىدخان قىدىرخان ئوردىغا كېلىپ دىۋانبېگىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن

خىلىلا ئارام تېپىپ قالدى. ئىلگىرى كىتاب ئوقۇشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى، مانا ئەمدى كىتاب ئوقۇشقىلا ئەمەس، شېئىر يېزىش ۋە مۇسىقا چېلىشقىمۇ يېتەرلىك پۇرسەت چىقىرالايدىغان بولدى. قىدىرخان بىلەن ئوقۇغانلىرىنى بىللە مۇلاھىزە قىلاتتى، يازغان غەزەل ـ بېيىتلىرىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتەتتى، پىكرىنى ئالاتتى.

بۇ ۋاقىتتا قەدەر ئوردا دىۋانبېگى بولۇپ كەلگەن ھاجى بۇرھان ھۇسەيىن ئاغزى يۇمشاق، پۇتى ئېغىر، بېلى بوش كىشى ئىدى. ياشىنىپ قالغاچقىمۇ ياكى ئىقتىدارى شۇنچىلىكمۇ، ئىشلارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلالماي، كەينىگە سۇرەتتى ۋە ياكى تولا يولىيورۇق سوراپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ ۋاقتىنى ئالاتتى. كىچىككىنە مۇشكۇلاتقا دۇچ كەلسىلا، سۇلتان سارىيىغا يۈگۈرەيتتى. ھەرقايسى ۋىلايەت، بەگلىكلەردىن، پۇقرالاردىن كەلگەن مەلۇمات، خەت ـ چەكلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن دۆۋىلىنىپ قالاتتى. بۇ ئادەمنىڭ لايغەزەللىكىدىن ھەممە ئاغرىناتتى، ئاغزىدىن چىقىرالمىغىنى بىلەن ۋەزىر، ئەمىرلەرمۇ نارازى ئىدى.

ئابدۇرەشىدخان ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا دىۋانبېگى بولغان بۇ كىشىنىڭ بولۇمسىزلىقىغا تاقەت قىلالماي، ئورنىغا باشقا كىشىنى قويىماقچى بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئەمما، مەملىكەت ئىشلىرىدىن زادىلا قولى بوشىماي، دىۋانبېگىنى يەڭگۈشلەش ئارقىغا سۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. جاھان مەدرىسەسىدە قىدىرخان بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۇنى نامزاتلارنىڭ بىرسى قىلىپ كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇنى قېيىنئاتىسى بىلەن دىدار كۆرۈشتۈرۈش، ئايرىم سۆھبەتلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچى كۈچىيىپ، دىۋانبېگى قىلىپ تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈرگەنىدى.

قىدىرخاننىڭ ئەزەلدىن ئەمەلدار بولۇش خىيالى بولمىغاچقا، ئۇ يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندا تاسادىپىيلىق ھېس قىلدى. يارلىقنى

قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئورنىغا كەلدى. ئۇنىڭ سۇلتان سارىيىغا كىرىشى جىددىيلەشكەن ئەمىر ئەكرەمنىڭ چىقىشى بىلەن تەڭ كەلدى.

ئابدۇرەشىدخان تەختتە مەكتۇپ ئوقۇپ ئولتۇراتتى، كۆڭلىنىڭ ئارامىدا ئەمەسلىكى خاپىغان چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

قىدىرخان سۇلتاندىن ئەيمىنىپ باشقا كۈنى كەلمەكچى بولۇپ ئارقىسىغا يېنىۋىدى، ئابدۇرەشىدخان ئۇنى توختىتىۋالدى:

— مەرھابا، ئۇستاز، تازا ۋاقتىدا كەلدىلە، قېنى بەھۇزۇر ئولتۇرسىلا.

— رەھمەت، ئالىيلىرى. قارىسام بىر ئىش يۈز بەرگەندەك قىلىدۇ. مەن ئەتە كېلەي، — دېدى قىدىرخان كەينىگە يېنىپ.

— توختىسىلا، ئۇستاز. ئالدىلىرىغا ئادەم ئەۋەتەي دەپ تۇراتتىم، ئۆز ئاياغلىرى بىلەن كەلگەنلىرى خويمۇ ئوبدان بولدى. يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغانلا؟

— شۇنداق، ئالىيلىرى، ئىلتىپاتلىرىغا كۆپ ھەشقاللا. لېكىن، پېقىر بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن، چۈنكى مەن بىر مۇغەننى ھەم ناتىۋان شائىر.

— شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ خىزمەت سىلىگە تازا مۇناسىپ كېلىدۇ. نەۋايىمۇ شائىر ھەم مۇغەننى بولغىنى ئۈچۈن باش ئەمىرلىكنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغان، ئۇستاز.

قىدىرخان ئۇيغا پاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— جاھان مەدرىسەسىدىكى شاگىرتلىرىم ئۇستازسىز قالسا مەيلىمۇ، سۇلتان ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ ئاخىر زۇۋان سۈرۈپ.

— ئۇستازسىز قالمايدۇ، دەرسنى ئۆتىۋېرىدىلا، مەن بۇنىڭغا كېپىل، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇنى ماقۇلغا كەلتۈرۈشتىن ئۈمىدلىنىپ.

— بولىدۇ، ئالىيلىرى. بۇنىڭغا قېيىنئاتام قوشۇلارمۇ؟

— قوشۇلىدۇ، قوشۇلماي ئىلاجى يوق، — دېدى

ئابدۇرەشىدخان قىدىرخاننىڭ رازىلىق بەرگىنىدىن سۆيۈنۈپ، — ھە، قېيىنئاتىلىرىنىڭ ئۆيىگە باردىڭمۇ؟

— باردىم، ئالىيلىرى، — قىدىرخان لېۋىنى بىر چىشلەپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — داستىخاننى ئوبدان سالدى ...

— مۇئامىلىسى قانداقراق بولدى؟ — سورىدى ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— داستىخانغا ئۆزۈم يالغۇز داخىل بولدۇم. قېيىنئانا ـ قېيىنئاتامنىڭ پىقىردەك مۇغەننىي كۈيۇ ئوغلى بىلەن بىللە ئولتۇرغۇسى كەلمىگەن بولسا كېرەك، ئۆيگە باشلاپ قويۇپلا قارىسىنى كۆرسەتمىدى، مەنمۇ داستىخانغا قول ئۇزارتمىدىم. كەچتە خوتۇن ـ بالىلىرىمنى ئۆيۈمگە ياندۇرۇپ كەلدىم.

— خەيرىيەت، كۆرۈشكەنلىرى ئوبدان بولدى، سىلىنى چۈشەنگەندىن كېيىن قەدرىلىرىگە يېتىدۇ، بۇ توغرۇلۇق غەم يېمىسىلە. ئەمدى قارارىمغا قوشۇلغانلىقلىرىنى بىلدۇرۇپ، يارلىققا مۆھۈرلىرىنى بېسىپ، ماڭا قايتۇرۇپ بەرسىلە، ئۇستاز.

قىدىرخان قويۇن يانچۇقىدىن يارلىقنى ئېلىپ ئەڭ تۆۋەن تەرىپىگە مۆھرىنى باستى ۋە ئابدۇرەشىدخانغا سۇنۇپ بەردى.

— ئۇستاز، مۆھۈرلىرىنى ئەڭ تۆۋەنگە بېسىپتىلىغۇ. ۋەزىر، ئەمىرلەر كەمتەرلىكلىرىنى ئۆرنەك قىلىدىغان بولدى، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ۋە بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن سورىدى، — دۇنيادا پادىشاھ بولغان كىشىگە ئارامخۇدا ئەل سوراشنىڭ ئامالى بارمۇ؟

قىدىرخان بىرقانچە دەقىقە سۈكۈت قىلىپ، ئاندىن جاۋاب بەردى:

— بار ھەم يوق، ئالىيلىرى. بار دېيىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، ئەلگە ئەمىنلىك، سائادەت بەخش ئېتىش ئۈچۈن، پادىشاھ بولغان كىشى قىلىچىنى غىلىپىغا سالماسلىقى، خەۋپ ـ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلماسلىقى، جەڭ مەيدانىدىمۇ شېئىر يازالايدىغان، ئۆلۈم ئالدىدا مۇسىقىدىن ھۇزۇرلىنالايدىغان

بولمىقى لازىمدۇر. مۇنداق پادىشاھلارنىڭ ھاياتى گەرچە تىنچسىز ئۆتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆز خەلقىنىڭ خاتىرجەم ھاياتىدىن سۆيۈنۈپ، ھاياتىنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزەلەيدۇ.

يوق دېيىشىمدىكى سەۋەب شۇدۇركى، ئۆزىنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئالۋان ـ سېلىقنى كۆپەيتىپ، خەلققە زۇلۇم قىلغۇچى شاھ ـ سۇلتانلارنىڭ ھاياتى راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتكەندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە، ئۇلار كۆيۈۋاتقان ئوت ئۈستىدە ئولتۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ كۈنى قورقۇنچ ـ ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتىدۇ.

— توغرا ئېيتتىلا، ئۇستاز. مەن ئەلگە ئەمىنلىك بەخش ئېتىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانماقچى بولۇۋاتىمەن. دەشتى قىپچاق دىيارىنىڭ خانى ھەقنەزەرخان بىلەن تۇغۇمخانلار يەتتىسۇغا بېسىپ كىرىپتۇ. ئوغلۇم ئابدۇللەتىفخاننىڭ ئۇ يەردىكى لەشكەرلىرى مەغلۇپ بوپتۇ. ئوغلۇم ئاقسۇدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئەۋەتكەن بۇ مەكتۇپنى بابا ئەمىر ئەكىرىپتۇ. مەن دەشتى قىپچاقىقا يۈرۈش قىلىش قارارىغا كەلدىم. ئوردا ئىشلىرىنى سىلىگە تاپشۇرىمەن، قېيىنئاتىلىرى بىلەن بار مەسلىھەت ئىش قىلارلا، ئۇ دېگەن ئاتا ۋەزىر.

— خوپ، ئالىيلىرى.

ئابدۇرەشىدخان خەزىنىچىبەگنى چاقىرىپ، مەخسۇس دىۋانبېگى ئۈچۈن تىكتۈرۈلگەن تون بىلەن كۈمۈش ئوتۇغاتنى ئەكېلىشكە بۇيرۇدى.

ئىشىكئاغىسى ئەلائىددىن مەھمۇد بارلاسقا:

— ۋەزىر ـ ئەمىر، مۇنشىلار دەرھال سۇلتان سارىيىغا ھازىرلانسۇن، — دەپ ئەمر قىلدى.

بەش مىنۇت ئۆتمەي دۆلەت ئەركانلىرى سارايغا يىغىلىپ بولدى. پەشلىرىگە زەر قىياق تۇتۇلغان مەخمەل تون، يېشىل ياقۇت ئورنىتىلغان كۈمۈش ئوتۇغاتمۇ ئەكېلىندى.

— ئەمىر ـ ئەركانلار، خانلىقىمىزنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى

راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، پېشقەدەم دۇتاگۇيىمىز ھاجى بۇرھان مۇسەيىنىنىڭ ئورنىغا ئالىم، مۇسىقا ئۇستازى قىدىرخان ياركەندىينى دۇئانېگى قىلىپ تەيىنلىدىم. بۇ توغرۇلۇق تۇنۇگۈن يارلىق چۈشۈرۈلدى. قىدىرخان ياركەندىي ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ مۆھرىنى باستى. سىلەرمۇ يارلىققا مۆھرۈڭلارنى بېسىپ رازىلىق بىلدۈرۈڭلار. ۋەزىر نىزامىدىنبەگ، سىلى قىدىرخانغا تون كىيدۈرسىلە.

يارلىققا بىرىنچى بولۇپ نىزامىدىنبەگ مۆھرىنى باستى، چىرايى تۇتۇلغان ھالدا قىدىرخانغا تون كىيدۈردى، ئۇنىڭ يېشىل سەللىسىگە كۈمۈش ئوتۇغاتنى قاداپ قويدى. دۆلەت ئەركانلىرىمۇ يارلىققا مۆھۈر بېسىشتى. ئەڭ تۆۋەنگە بېسىلغان مۆھۈر قىدىرخاننىڭ ئىدى. بۇ ھەممەيلەنگە سوئال بولۇپ قالدى.

## 4

ئابدۇرەشىدخان ئۈچ تۈمەن لەشكەر ئېلىپ يولغا چىقتى. ئالدىنقى كۈنى مىرزا ئوبۇلھادىبەگ بىللە ئىككى تۈمەن لەشكەرنى ئېلىپ ئاقسۇغا بېرىشنى ئەمىر بەھرامغا تاپشۇرۇپ، ئۇنى كاشغەرگە ماڭدۇرغانىدى.

ئابدۇرەشىدخان ئاقسۇغا يېتىپ بارغاندا، ئابدۇللەتىفخان بىلەن ئەمىر تۇرغۇنبەگ ئىككى تۈمەن لەشكەرنى سەپراس قىلىپ قويغانىدى. ئاتا ـ بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

تۆت كۈندىن كېيىن ئەمىر بەھرام بىلەن مىرزا ئوبۇلھادىبەگلەر يېتىپ كەلدى. ئابدۇرەشىدخان يەتمىش تۇغ ـ ئەلەم كۆتۈرگەن يەتمىش مىڭ لەشكەرنى باشلاپ، ئۈچ ئارقىلىق يەتتىسۇغا يۈرۈپ كەتتى.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ لەشكەرلىرى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، ھەقنەزەرخان بىلەن تۇغۇمخاننىڭ لەشكەرلىرىنى يەتتىسۇ بوستانلىقىدا قورشىۋالدى. جەڭ ناھايىتى كەسكىن بولدى.

تۇغۇمخان ئۆزىگە قانداش بولغان ئوتتۇز يەتتە سۇلتان بىلەن ھالاك بولغۇچە قىلىچىنى تاشلىمىدى، ئاكىلىرى تاھىرخان بىلەن ھەقنەزەرخان دەشتى قىپچاقنىڭ غەربىگە قېچىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئازغىنا لەشكىرى قالغانىدى.

غەلىبە قىلغان ئابدۇرەشىدخان ئوغلى ئابدۇللەتىفخاننى يەتتىسۇ دىيارىغا سۇلتانلىققا تەيىنلەپ، بەھرامنى ئەمىرلەشكەرلىككە بەلگىلىدى. بىر ئاي ئىسسىقكۆل بويىدا دەم ئېلىپ، كۈزدە ئاقسۇغا قايتىپ كەلدى. ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇلكېرىمخاننى ئاقسۇغا ھاكىمبەگ قىلىپ تاج كىيدۈرۈپ، تۇرغۇنبەگنى ئۇنىڭغا ئاتا ۋەزىر قىلىپ بەردى. قايتىشتىدا لەشكەرلەرنى مالبىشى بىلەن ئۆدۈل ياركەندكە ماڭدۇرۇۋەتتى. ئۆزى شېكەركۆلنى بويلاپ ئاتۇشقا كەلدى، ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازارىدا ئۈچ كۈن تۇردى، بۇزرۇكۋار خوجا مۇھەممەديۇسۇپنىڭ ھۇزۇرىدا ئىستىقامەت قىلدى. ئۇنى پايتەختتە تۇرۇشقا دەۋەت قىلىۋىدى، بۇزرۇكۋار كېلەر يىلى بېرىشقا ۋەدە قىلدى.

ئابدۇرەشىدخان كاشغەرگە كېلىپ، مىرزا ئوبۇلھادىبەگنىڭ ھاكىمبەگ بولغاندىن بېرى قىلغان خىزمەتلىرىدىن ناھايىتى رازى بولدى. پايناپ كەنتىگە يۆتكەپ قايتا ياسالغان گۈمبەز، پەشتاقلىق يۇسۇپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدى. ئوپالغا بېرىپ مەھمۇد كاشغەرىي مازارىدا ئۈچ كۈن ئىستىقامەتتە بولدى. ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ، ئىككى يىلدىن بۇيان كېڭەيتىپ ياسالغان ساچىيە، لايپەشتاق، ساقىيە، ئوردا ئالدى خانلىق مەدرىسەلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. كۆركەم ياسالغان چاسا ئازنا مەسچىتىدە جۈمە نامىزىنى ئوقۇدى. ئوقۇش پۈتكۈزگەن تالىپلاردىن ئەللىكنى تاللاپ، ئۆزى بىلەن ياركەندكە ئەكەلدى.

ئابدۇرەشىدخان گۈلئېرەم ئوردىسىدىكى ئىشلارنىڭ تەرتىپلىك يۈرگۈزۈلۈۋاتقانلىقىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى.

قىدىرخان گۈلئېرەم ئوردىسىدا يېڭى مۇھىت بەرپا قىلغانىدى. ئىلگىرىكىدەك لاغايلاپ يۈرىدىغان نۆكەر، ياساۋۇللارنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. مەخسۇس تازىلىق ئۈچۈن ئاجرىتىلغان خادىملار سەينا، يول، باغ ئىچىنى تازىلاپ چىنىدەك پارقىرىتىۋەتكەن؛ سۇلتان سارىيى سۈتتەك ئاقارتىلىپ، ئىشىك ـ دېرىزە كېشەكلىرى باشقىدىن سىرلانغانىدى.

ئابدۇرەشىدخانغا ئوردا ئەھلىمۇ بۆلەكچە روھلۇق كۆرۈندى. پەقەت ئاتا ۋەزىر نىزامىددىنبەگلا خامۇش بولۇپ قالغانىدى. ئۆزى ئاددىي چاغلاپ كۆڭۈل بۆلمەي تاشلاپ قويغان ئىشلارنى كۈيۈ ئوغلى چىڭ تۇتۇپ، ئوردا ئەھلىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرغانىدى. نىزامىددىنبەگ كۈيۈ ئوغلىنى چوڭ ئىشلار قولىدىن كەلمىگەچكە، كىچىك ئىشلارغا ئېسىلىۋالدى، دەپ چۈشىنىپ يەنىلا كۆزگە ئىلىپ كەتمىدى. ئۆزىنى تەدبىرلىك، بىلىملىك چاغلايدىغان بۇ ئادەم كۆڭلىدە ئۇنى بىر سازەندە ھېسابلايتتى، خالاس.

ئابدۇرەشىدخان قىدىرخانغا قايىل بولدى. پەيشەنبە، شەنبە كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسىقا كېچىلىكىگە ئۇنى رىياسەتچى قىلماقچى بولۇۋاتقىنىنى بىلدۈرگەنىدى، قىدىرخان خۇشاللىق بىلەن:

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى. ئوردا خىزمىتىمنى قىلىشتىنمۇ مۇسىقا چېلىشقا ماھىرمەن، — دېدى چاقچاق قىلىپ.

كۈزنىڭ شەنبە كېچىسى ئۆتكۈزۈلگەن مۇسىقا كېچىلىكى ناھايىتى قىزىپ كەتتى.

قىدىرخان بۇ مۇسىقا كېچىلىكىگە فۇئاد باشلىق چەت ئەللىك شاگىرتلىرى بىلەن پايتەختتىكى ماھىر سازەندە دوستلىرىنىمۇ تەكلىپ قىلغانىدى. ئابدۇرەشىدخان ۋىسال مۇقامىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدى. ئۇنىڭدىمۇ بىر مۇقام ئىجاد قىلىش ئىستىكى تۇغۇلدى... ئۇ دۆلەت خىزمىتى بىلەن

چارچىغاندا، ئۇ، ساتار چېلىپ، قىدىرخاننىڭ غەزەل ـ مۇسىقىلىرىنى ئاڭلاپ ھاردۇقىنى چىقاردى، كۆڭلىنى ئېچىپ راھەتلەندى. بۇلاقتەك ئوقچۇغان تۇيغۇ ـ ھېسسىياتلىرىنى باسالمىغاندا، ئاق قەغەزگە ئۈنچىلەر تىزىپ، كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى.

ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن ياسىلىشقا باشلىغان رەشىدىيە مەدرىسەسى ھىجرىيە 947 ـ يىلى① پۈتتى. بۇ مەدرىسە ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ، ئۈچ يۈز ئاتمىش ھۇجرىسى، كايىۋانلىق يەتتە خانىقاسى، ئازادە، يورۇق ئون ئىككى دەرسخانىسى بار ئىدى. تۆت يۈز كىشى بىرلا ۋاقىتتا ئايرىم ـ ئايرىم ئۆيدە يۇيۇنالايدىغان ھاممام بۇ مەدرىسەنىڭ شىمالى بۇرجىكىدە ئىدى. ئالدىغا چوڭ كۆل چېپىلىپ سۇ تولدۇرۇلغانىدى.

پەشتاق، گۈمبەزلىك چوڭ دەرۋازىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ كىرگەن ئابدۇرەشىدخان گۈلچىمەنلىك باغقا كىرىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ دەرسخانا، خانىقالارنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، ئاچقۇچلارنىڭ ھەممىسىنى باش مۇدەررىسلىككە تەيىنلەنگەن قىدىرخانغا تاپشۇردى. يۈزلىگەن ئالىم، ھۆكۈما، مۇنەججىم، ئەدىب، شائىر، سازەندە قىدىرخاننى مۇبارەكلەشتى.

شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي نۇرنىسا سۇلتان بېگىم ئابدۇرەشىدخانغا ماھىرە، نادىرە ئىسىملىك قوشكېزەك قىز تۇغۇپ بەردى. بۇ غۇنچىلار ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلۈپ، ئويماقتەك ئاغزىنى ئۆمەللەپ، بېلىقتەك پىلتىڭلىشىپ ئابدۇرەشىدخاننىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى، كۆڭلىنى ئاچاتتى، ھېرىپ ـ ئېچىپ كىرگەندە ئەرمەك بولاتتى. بۇلار تۇغۇلغاندىن بۇيان ئابدۇرەشىدخان ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر قېتىم كىرىپ، بۇ ئوماق قىزلىرىنى كۆرمىسە كۆڭلى ئارام تاپمايتتى.

چۈچۈك سۇلتان بېگىممۇ قوشكېزەك ئوغۇل تۇغدى. ئۇلارنىڭ

① ھىجرىيە 947 ـ يىلى ـــ مىلادىيە 1540 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

ئىسىملىرى ئەيۇسەئىد سۇلتان، ئىبراھىم سۇلتان بولۇپ، ساغلام چوڭ بولۇۋاتاتتى. بۇ قوشكېزەكلەرمۇ تەڭ يىغلاپ، تەڭ كۈلۈشەتتى، ھەتتا ئانىسىنىمۇ تەڭلا ئېمىشەتتى. ئابدۇرەشىدخان كەينى ــ كەينىدىن تۇغۇلغان بۇ قوشكېزەك قىز ــ ئوغۇللىرىنى ئارامگاھنىڭ ئىستىراھەتخانىسىغا ئەكەلدۇرۇپ ئوينىتاتتى. ئۆمىلەشكە باشلىغاندا، بىر يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ تاماشىسىنى كۆرەتتى: ئىككى ئوغۇل بوتا كۆز ئاچىلىرىنىڭ قوللىرىنى، قۇلاقلىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئېمىشەتتى. بىر ــ بىرى بىلەن پومىداقلىشىپ كېتەتتى... ئابدۇرەشىدخان بۇ ئوماق باللىرىغا ئۇد، ساتار چېلىپ بېرەتتى، سۆيۈپ ئەركىلىتەتتى. ئۇ ھەر ئىككى خانىشقا ئوخشاش كۆڭۈل بۆلىسىمۇ، چۇچۇك سۇلتان بېگىمگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى. بۇنىڭغا نۇرنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ ئاچچىقى كەلمەيتتى. خان قىزى، چوڭ خانىش دەپ ھۆرمەت قىلاتتى.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىككى چۆرىسىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۇنى ناز ــ كەرەشمىسى بىلەن خۇش قىلاتتى. ھەر ئىككىلىسى ساز چالاتتى، ناخشا ئېيتاتتى. بۇلارنى مۇسىقا خۇمار ئابدۇرەشىدخان كېنىزەكلەر ئىچىدىن تاللىۋالغانىدى. بىرسى كاشغەرلىك بەگنىڭ قىزى بولۇپ، داپ، دۇتار چېلىشقا ماھىر ئىدى. يەنە بىرسى ياركەندلىك سازەندىنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇد، ساتارنى ياخشى چالاتتى. ئالدىنقىسىنىڭ ئېتى رەيھانە، كېيىنكىسىنىڭ ئېتى ھەبىبە ئىدى. ھەر ئىككىلىسى بىردىن ئوغۇل تۇغدى. ئابدۇرەشىدخان بۇ باللىرىغا مۇھەممەدشاھ سۇلتان، مۇھەممەدباقى سۇلتان دەپ ئات قويدى. ئەمما، كۆز تەگكەندەك بىر ئىش بولۇپ، بۇ ئوغۇللىرى قىزىل چىقىپ ساقىيالمىدى. شۇنىڭدىن كۆپ ئۆتمەي، يەنى ھىجرىيە 951 ــ يىلى ئابدۇرەشىدخاننىڭ قوشكېزەك قىزلىرى ماھىرە بىلەن نادىرە

---

① ھىجرىيە 951 ــ يىلى ــ مىلادىيە 1544 ــ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

بەش ياشتىن ئەمدىلا ھالقىغان چېغىدا تۇيۇقسىز بويۇن قېتىشىش[1] كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، تەڭلا كېتىپ قېلىشتى. قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمگەن ئابدۇرەشىدخان ئۈچ كۈنگىچە ئۆلارنىڭ قەبرىسىدە تۈنىدى. تۆتىنچى كۈنى قىدىرخان ئۈنى ئارامگاھ سارايىغا قايتۇرۇپ كەلدى. كۈتمىگەن بۇ ئېغىر مۇسىبەتتىن نۇرنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ قارا چاچلىرىغا ئاق كىردى.

مانا شۇنداق قايغۇلۇق كۈندە ئاقسۇدىن تۇيۇقسىز كەلگەن مەكتۇپ تېخى ھازىسى ئۈشتۈلمىغان ئابدۇرەشىدخاننىڭ يۈرەك باغرىنى قان قىلىۋەتتى.

شاھزادە ئابدۇلكېرىمخان مۇنداق دەپ يازغانىدى:

خان ئاتا، يەتتىسۇ دىيارىغا باستۇرۇپ كەلگەن ھەقنەزەرخان بىلەن جەڭ قىلىپ يارىدار بولغان ئاكام ئابدۇللەتىفخان ئەسىرگە چۈشكەندە ۋاپات بوپتۇ. يەتتىسۇدىن چاپارمەن ئەكەلگەن بۇ شۇم خەۋەرنى ئۆزلىرىگە قانداق يەتكۈزۈشنى بىلەلمەي بېشىم قاتتى. ئاخىر بولماي نائىلاج بۇ مەكتۇپنى ئەۋەتتىم. ئاللا سىلىگە سەۋر ـ چىدام ئاتا قىلغاي، دۈشمەنلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغۇدەك كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەي.

ئالىي ئېھتىرام بىلەن:
پەرزەنتلىرى ئابدۇلكېرىمخان
ھىجرىيە 951 ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ 13 ـ كۈنى، ئاقسۇ

ئابدۇرەشىدخاننىڭ بېشىغا تاغ ئۆرۈلدى، كۆڭۈل قاچىسى چۇل ـ چۇل بولۇپ كەتتى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم نەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى. ئابدۇرەشىدخان بەش تۈمەن لەشكەر بىلەن ئاتلانغان كۈنى چۈچۈك سۇلتان بېگىم ساۋۇت ـ دۇبۇلغىسىنى كىيىپ، ئوقيا، قىلىچلىرىنى ئالدى. ياش بىلەن يۇيۇلغان يۈزىگە

[1] بويۇن قېتىشىش ــ مېنىنگىت كېسىلى.

نىقاب تارتىپ، ئەمىر ئەكرەم بىلەن لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئېرىنىڭ ئالدىنى توستى:

— ئالىيلىرى، ئاجىزەلىرىنىڭ بىرىشىمغىمۇ رۇخسەت قىلسىلا. بۇ يەردە قالسام، يۈرىكىم يېرىلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ.

ئابدۇرەشىدخان بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن ئۇنىمىستىن، قىرىق كېنىزىكى بىلەن ئاتلىنىپ چىققان خانىشقا قاراپ باش لىڭشىتتى.

ئەمىر ئەكرەم مىرزا ئوبۇلهادىبەگ بىلەن كاشغەردىن ئىككى تۇمەن لەشكەرنى ئېلىپ ئاقسۇغا كەلگەندە، ئابدۇرەشىدخان ئوغلى ئابدۇلكېرىمخان بىلەن سەككىز تۇمەن لەشكەرنى سەپراس قىلىپ تۇرغانىدى.

ئون تۇمەن لەشكەر يۈز دانە تۇغ ـ ئەلەمنى لەپىلدىتىپ، ئۈچ داۋانلىرىدىن ئۆتۈپ، يەتتىسۇ دىيارىغا قاپساپ كەلدى. كەيىپ ـ ساپاغا بېرىلىپ كەتكەن ھەقنەزەرخان ئالتە تۇمەن لەشكىرى بىلەن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇ بۇرغا ـ كانايلىرىنى چالدۇرۇپ ھەيۋەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەمىرى بىلەن ئون مىڭ مەرگەن ئۇلار ئۈستىگە مىلتىق، ساداقتىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. ئەمىر ئەكرەم باشچىلىقىدىكى توپچىلار يەتمىش توپتىن ئوت ئېچىپ، ھەقنەزەرخان چەۋەندازلىرىنىڭ سېپىنى بۇزۇۋەتتى. ئابدۇرەشىدخان ئىككى تۇمەن چەۋەندازنى باشلاپ قىلىچ ئوينىتىپ دۈشمەن ئۈستىگە باستۇرۇپ باردى. قان گويا دەريادەك ئاقتى، ياپىېشىل ئوت ـ گىياھلار قانغا چىلاشتى.

ئابدۇرەشىدخان ساداقتىن ئوق ئۈزۈپ، ھەقنەزەرخاننىڭ تۇغ ـ ئەلەم كۆتۈرگەن نۆكەرلىرىنى يىقىتىپ، سىپاھلىرىنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى. كېنىزەكلىرى بىلەن جەڭگە كىرگەن چۇچۇك سۇلتان بېگىم قىچىشقا باشلىغان دۈشمەنلەرگە قەھرى بىلەن ئوق ئۈزدى.

جەڭ يەتتە كۈن داۋاملاشتى. ئەمىر ئەكرەم يارىلانغان

ئېتىنىڭ ئاستىدا قالغان ھەقنەزەرخاننى تۇتۇپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. دەل شۇ چاغدا چۇچۇك سۇلتان بېگىم قىلىچ يالىڭاچلاپ يېتىپ كەلدى.

— كاللامنى ئېلىشقا ئاراڭلاردا بىرەر ئوغۇل بالا يوقمۇ؟ خوتونلارنىڭ قىلىچى ماڭا كار قىلمايدۇ، — دېدى ھەقنەزەرخان توسۇن ئاتتەك يۇلقۇنۇپ. ئۇنىڭ ساپسېرىق، ئۆسكىلەڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى تىترەپ كەتتى.

— ئانا، بۇ قانخورنى ماڭا قويۇۋەتسىلە! — ئابدۇلكېرىمخان چۇچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، قولىنى كۆكسىگە ئالدى، — ئاتا، قېنى ئەمر قىلسىلا، بۇ قانخورنىڭ ئەدىپىنى بېرەي.

ئابدۇرەشىدخان ئاسمانغا كۆز تىكىپ تۇرغان ھەقنەزەرخاندىن سورىدى:

— ئوغلۇمنى سەن ئۆلتۈردۇڭمۇ؟

— ياق، سۇلتان، مەن ئۇنداق نامەرد ئەمەس. جەڭدە ئوق تېگىپتىكەن، ئەسىرگە چۈشكەندە قازا قىلدى.

— مانا سەنمۇ ئەسىرگە چۈشتۈڭ، قىلمىشىڭغا پۇشايمان قىلغانسەن؟

— ئەزىمەت قىلغان ئىشىغا ھەرگىز پۇشايمان قىلمايدۇ.

— ئوغلۇم كۆز يۇمۇش ئالدىدا ساڭا سۆز قىلدىمۇ؟ — چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى ئابدۇرەشىدخان.

— سۆز قىلدى. «قىلمىشىڭغا توۋا قىلامسەن؟» دېسەم، «مەن سېنىڭ ئالدىڭدا توۋا قىلغۇدەك گۇناھ ئۆتكۈزمىدىم، ئەكسىچە ئۆز ئېلىمنى سەندەك بىر ياۋۇز دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاش ئۈچۈن جەڭ قىلدىم، ئۆز ئېلىنى قوغداش ھەرقانداق بىر ئەركەكنىڭ بۇرچى. بىلىپ قويكى، سەن ھامان بىر كۈنى ئۆز قىلمىشىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەيسەن...» دېدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى شۇ بولدى.

— سەن قىلمىشىڭغا توۋا قىلمامسەن؟

— مەن ئۆز ئېلىم ئۈچۈن جەڭ قىلغان تۇرسام، نېمىدەپ

تووۋا قىلغۇدەكمەن؟ — دېدى ھەقنەزەرخان قەددىنى تىك تۇتۇپ.
— بۇ سېنىڭ ئاخىرقى سۆزۈڭمۇ؟ — ئابدۇرەشىدخان بىلىگە ئېسىقلىق قىلىچىنىڭ سېپىنى سىقىملىدى.
— سەن ھازىر بېشىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلساڭ، بۇ مېنىڭ ئاخىرقى سۆزۈم بولۇپ قالىدۇ.
ئابدۇرەشىدخان قولىنى قىلىچ سېپىدىن ئېلىپ، ئابدۇلكېرىمخانغا قارىدى:
— ئوغلۇم، جەڭدە ئۆلگەنلەرنىڭ قاتىلى بولمايدۇ. قىلىچىڭنى غىلىپىڭغا سال، — دېدى كەسكىن تەلەپپۇزدا ۋە چۇچۇك سۇلتان بېگىمگە يۈزلىنىپ، «ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ» دېگەن مەنىدە باش چايقىدى؛ ئاندىن ھەقنەزەرخانغا قارىدى، — سەن شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، بىز تاغۇدەريالىرىمىز تۇتىشىپ كەتكەن، قانداش ھەم دىنداش قېرىنداشلارمىز. ئېجىل - ئىناق ئۆتمەي، يەر - زېمىن تالىشىپ بىر - بىرىمىزگە تىغ كۆتۈرسەك، بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپلا قالماي، تاجۇ سەلتەنىتىمىزدىنمۇ مەھرۇم قالىمىز. سەن قىلمىشىڭغا تووۋا قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ياۋۇز نىيەتتە بولما. مەن بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىمەن ھەم ساڭا ئەركىنلىك بېرىمەن.
ھەقنەزەرخان داڭ قېتىپ قالدى. دۈشمەن قولىدا ھايات قېلىشتىن ئۈمىد ئۈزگەن ئادەم ئۆلمىسە، يەنە كېلىپ ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلىنسا قانداق ھېس - تۇيغۇدا بولار؟ ئۇنىڭ قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ، قۇلاقلىرى لىكىلداپ كەتتى. ئابدۇرەشىدخانغا خوش دېگەن مەنىدە بېشىنى سەل ئەگدى - دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ گۇرس - گۇرس دەسسەپ، لەشكەرلەر ئىچىدىن چىقىپ كەتتى.
بۇ قانلىق جەڭدە شاھزادىنىڭ ئۆلۈمى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئارامىنى بۇزۇۋەتكەن بولسا، ھەقنەزەرخاننىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئەلگە ئەمىنلىك بەخش ئەتتى.

# ئون بىرىنچى باب

## نەغمە ـ ناۋا بىلەن ھازا ئوشتۇش

### 1

بۇ ھاياتلىق ئالەمدە بىر ئىش تۈگىسە، يەنە بىر ئىش چىقىدۇ؛ بىر خىزمەت بېجىرىلسە، يەنە بىر خىزمەت ئادەمنى ئالدىرىتىپ قويىدۇ؛ بىر ئەلدە جەڭ ئاخىرلاشسا، يەنە بىر ئەلدە جەڭ باشلىنىدۇ؛ بىرسى ئۆلسە، بىرسى تۇغۇلىدۇ... سەئىدىيە خانلىقىدىمۇ ھايات مانا شۇنداق داۋاملىشىۋاتاتتى.

ئابدۇرەشىدخان يەتتىسۇدا ھەقنەزەرخاننى مەغلۇپ قىلىپ، ئەلگە ئەمىنلىك بەخش ئەتكەن بولسىمۇ، يۈرىكىنى پۇچىلاۋاتقان يىراق ئوتى تېخى ئۆچمىگەنىدى.

چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ ئاھ ـ زارى، ئابدۇللەتىفخاننىڭ ياش قالغان مەھبۇبى نائىمە سۇلتان بېگىمنىڭ يىغىسى مەرھۇم چوڭ ئوغلىنىڭ قەددى ـ قامىتىنى سۇلتاننىڭ كۆز ئالدىدىن نېرى قىلمايتتى. ئابدۇللەتىفخان بىلەن بىللە ئالەمدىن ئۆتكەن ئەمىر بەھرامنىڭ خوتۇنى مەريەمنىسا بۇۋىنىڭ نالە ـ پەريادى بولسا سادىق نۆكىرى ــ باھادىر ئەمىرلەشكىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، دەرد ـ ھەسرىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇراتتى، شۇنداقتىمۇ ئابدۇرەشىدخان ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ سايلىقتا كۆمۈۋېتىلگەن شاھزادە، سەركەردىلەرنىڭ جەسىتىنى ئېچىپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىش ئۈچۈن ياركەندكە ماڭدۇردى. بىر مىڭ بىر قوي، بىر يۈز بىر قوتاز، قىرىق بىر تاي

سويدۇرۇپ قازاق، قىرغىز ئەھلىگە نەزىر بەردى، ئون مىڭ خىش چاي تارتۇق قىلدى. يەتتىسۇ دىيارىدىكى خەلقتىن بىر يىل سېلىق ئالماسلىق توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. مەرھۇم ئەمىر مۇھەممەدبېكنىڭ ئوغلى قەيسەربېكنى قىرغىز ئېلىگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەپ، ئەمىرلىك ئۇنۋانى بەردى.

قازاق، قىرغىزلار جەڭنىڭ توختىغىنىدىن، ئەلگە ئەمىنلىك يۈزلەنگىنىدىن خۇرسەن بولۇشۇپ، ئۈچ كېچە دومبىرا، قوۋۇز چېلىپ خۇشاللىقىنى نامايان قىلىشتى. ئابدۇرەشىدخان ئاقئۆيدە قىرغىز ئاقىنىدىن «ماناس» داستانىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاپ، كېچىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلەلمەي قالدى. ئەتىسى ئىسسىقكۆل بويىغا سەيلە ـ ساياھەت ۋە ئارام ئېلىشقا كەلگەن تاشكەنت خانى نورۇز ئەھمەدخاننىڭ دىدار كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلىپ ئەۋەتكەن ۋەزىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئەمىر ئەكرەم لەشكەرلەرنى باشلاپ ياركەندكە قايتتى.

ئابدۇرەشىدخان قايغۇدىن باش كۆتۈرەلمەيۋاتقان رەپىقىسى، كېلىنى ۋە مەريەمنىسا بۇۋىنى ئېلىپ، ئەمىر ـ ئۆمىرالار بىلەن ئىسسىقكۆل بويىغا كەلگەندە، نورۇز ئەھمەدخان ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە شاھانە چېدىرغا چۈشۈرۈپ ئۈچ كۈن زىياپەت بەردى. ئۇلار ئات مىنىشىپ دالا سەيلىسى قىلدى، قېيىققا چۈشۈپ بۇ گۈزەل كۆلنىڭ دولقۇن ـ ئۆركەشلىرىنى تاماشا قىلىشتى.

ئابدۇرەشىدخان نورۇز ئەھمەدخانغا دەشتى قىپچاقنى نازارەت قىلىپ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن سودىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىككى ئەل پۇقرالىرىنىڭ بېرىپ ـ كېلىشىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن يول خېتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىككى مەملىكەتنىڭ ئالتۇن، مىس، قەغەز پۇللىرىنى ئۆز قىممىتى بويىچە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش، دۈشمەنگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا بىر پىكىرگە كەلدى ۋە

كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

نورۇز ئەھمەدخان ئابدۇرەشىدخاننى ئائىلە تاۋابىئاتى بىلەن تاشكەنتكە بېرىپ سەيلە ـ ساياھەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئابدۇرەشىدخان پاراكەندە كۆڭلىنى ئارامىغا چۈشۈرۈش، چۈچۈك سۇلتان بېگىم بىلەن كېلىنىنىڭ قايغۇسىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن بۇ تەكلىپكە ماقۇل بولدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ بۇ كاتتا شەھەرنى زىيارەت قىلغۇسى بار ئىدى.

ئۇلار تاشكەنتكە تازا پىژغىرىم تومۇزدا باردى. مېۋىلەرنىڭ ھەممە تۈرى پىشقانىدى. چاڭقىسا قوغۇن ـ تاۋۇز يەپ، خىيابان، بوستانلىقلاردا سايىداپ، باغ ـ دالالاردا سەيلە قىلىپ، كۆڭلەرنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشتى. مەشھۇر شەيخ خاۋەندە تۆرەم قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان يۇنۇسخاننىڭ مەقبەرىسىگە چىقىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتى. گەج سۇۋاقلىرى ئۇپراپ، كاھىشلىرى ئۆڭۈپ كەتكەن بۇ چوڭ مەقبەرىنى نورۇز ئەھمەدخانغا دەپ يېڭىلاپ ياسىتىپ قويدى. ئۇ تاشكەنت شەھىرىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. باغۇبوستانلىق، ھاۋاسى ساپ، ئېتىكى كەڭرى، خەلقى ئەدەپ ـ قائىدىلىك، مېھماندوست ئىكەن، ئادەم ياتسىرىمايدىكەن دەپ سۆيۈنۈپ يەنە بىر ھەپتە ئارتۇق تۇردى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم كېلىنى ۋە مەريەمنىسا بۇۋى بىللە نورۇز ئەھمەدخاننىڭ خانىش ـ كېنىزەكلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شىكارغا چىقىپ كۆڭلى خېلى ئېچىلىپ قالدى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم بىر كېيىك، ئىككى توشقان ئېتىۋالدى، ئۇ ياشلىق چاغلىرىدىكى قەيسەرلىكىدىن تېخى قالمىغانىدى. بۇرۇن ئوۋ قىلىپ باقمىغان نائىمە سۇلتان بېگىم بىلەن مەريەمنىسا بۇۋى تەبىئەتنىڭ سېخىي قۇچىقىدا ھۇزۇرلىنىپ يۈرۈپ ساداق ئېتىشنى ئۆگىنىۋېلىشتى.

ئابدۇرەشىدخان تومۇز چىققاندا تاشكەنتتىن ئۇزاپ يولغا چىقتى. ئاتا ـ بوۋىلىرى ئىز قالدۇرغان ئەندىجان، ئوش شەھەرلىرىدە توختاپ، ئۇلۇغچات ئارقىلىق ئاتۇشقا كەلدى. ئۇ

ھەر قېتىملىق سەپىرىدە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازارىنى تاۋاپ قىلماي ئۆتمەيتتى. بۇ قېتىممۇ كاشغەرگە ئۇدۇل كەلمەي، مەشھەدكە كېلىپ ئۈچ كۈن تۇردى. ھەزرىتى سۇلتانىم مەقبەرىسىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلدى، نەزىر بەردى. بۇزرۇكۋار خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى، ئەنجۈرلۈك باغقا ئۆزى باشلاپ كىردى. شاخلاردا ئالتۇن پىيالىدەك تاۋلىنىپ تۇرغان ئەنجۈرلەرنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئاغزىغا ئىختىيارسىز سېرىق سۇ يىغىلاتتى. بۇ ئەنجۈرنىڭ ئىككىنچى پىششىقى بولۇپ، قىيامىغا كىرگەنىدى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم، كېلىنى ۋە مەريەمنىسا بۈۋىلەرنىڭ ئەنجۈرلۈك باغدىن ئايرىلغۇسى كەلمىدى. ئەنجۈرنى يېگەنسېرى يېگۈسى كېلەتتى، ئۇلارنىڭ ئەنجۈرگە قورسىقى تويسىمۇ، كۆزى تويمىغانىدى.

ئۇلار باش كۈزدە پايتەختكە قايتىپ كېلىشتى. قىدىرخان، نىزامىدىنبەگ ۋە بىر ئاي ئىلگىرى يېتىپ كەلگەن ئەمىر ئەكرەم باشلىق دۆلەت ئەربابلىرى، خان جەمەتىدىكىلەر بىلەن بىللە قارشى ئېلىشقا چىققان دەۋرانبەگ ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە تارتتى.

قوچقاربېشى قىشلىقىدىكى قارىيخانىدا ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان بۇ سەبىي ئوغلىنى ئەمىر بەھرام جاھان مەدرىسەسىدە ئوقۇتۇش ئۈچۈن بۇلتۇر پايتەختكە ئەۋەتىپ، ئەمىر ئەكرەمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى ئۆتۈنگەنىدى. بۇ يىل ئون بىر ياشقا كىرگەن بۇ بالا ئامراق دادىسىنىڭ ۋاپات بولغىنىنى تېخى بىلمەيتتى.

— دادام كەلمىدىمۇ، بەك سېغىنىپ كەتتىم، ئانا، — دېدى ئۇ مەريەمنىسا بۈۋىگە ئېسىلغىنىچە قاپقارا كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ.

ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىغان ئانا شۇ ھامان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئوغلىنى باغرىغا باستى ۋە كۈلۈمسىرەپ، دېدى:

— داداڭنىڭمۇ سېنى كۆرگۈسى كەپتۇ. كېلەر يىلى پايتەختكە بېرىپ ئوغلۇمغا قېنىپ كېلىمەن، دېدى، يەنە تىرىشىپ ئوقۇشۇڭنى ئۈمىد قىلدى.

— مەن سەرف[1]نى تۈگەتتىم. راۋاب چېلىشنى ئۆگىنىۋالدىم، دادام كەلگەندە چېلىپ بېرىمەن، — دېدى دەۋرانبەگ.

ئانا ـ بالىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆز ئالدىغا ۋاپات بولغان بالىلىرى كەلدى...

دەۋرانبەگ ئۆزىگە كۆز سېلىپ تۇرغان سۇلتاننى كۆرۈپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتان ئالىيلىرى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم، چوپچوڭ بولۇپ كېتىپسەن. ئاناڭنى خاپا قىلمىغىن، ياخشى ئوقۇ، — ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى.

دەۋرانبەگ قوللىرىنى كۆكسىدىن چۈشۈرمەي، دېدى:

— ئانامنى ھەرگىز خاپا قىلمايمەن، ئالىيلىرى. ياخشى ئوقۇپ بىلىم تەھسىل قىلسام، مېنى نۆكەرلىككە قوبۇل قىلامدىلا؟ مېنىڭ ئاتامدەك ئەمىر بولغۇم بار.

— جاسارىتىڭگە بارىكاللا، يىگىت! — ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ كىچىك قوللىرىنى قوش قوللاپ تۇتتى، — تىرىشساڭ جەزمەن مۇرادىڭغا يېتىسەن.

دەۋرانبەگ ئۈچۈن بۇ ئۇنتۇلماس بىر كۈن بولدى.

شاھزادە ئابدۇللەتىفخان، ئەمىر بەھراملارنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنى ئەلدىن پىنھان تۇتۇلدى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن مەريەمنىسا بۇۋى ياشىنىپ قالغان مەختۇمە سۇلتان بېگىمگە ھەمراھ بولۇپ ھەرەم قەسرىدە قالدى.

سەئىدىيە خانلىقىدا تىنچ ـ ئاسايىشلىق كۈنلەر باشلاندى.

---

[1] سەرف — ئەرەبچە گىراماتىكا.

ئابدۇرەشىدخان تەختتە ئولتۇرۇپ مەملىكەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى: ئۇ يۇرت ـ يۇرتلاردىن كەلگەن مەلۇماتنامىلەرنى كۆزدىن كەچۈرەتتى، يارلىق چۈشۈرەتتى، ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلارنى، ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلاتتى، ئۇزىتاتتى، ھال ئېيتىپ كەلگەن پۇقرالار بىلەن كۆرۈشەتتى. بەزى كۈنلىرى مەدرىسەلەرگە بېرىپ مۇدەررىس ـ تالىپلار بىلەن ئۇچرىشاتتى. جاھانباغ، ھەيدەرباغدا زىياپەت، چاي ئۆتكۈزەتتى. قەيەردە بولسا قىمىدىرخاندىن ئايرىلمايتتى.

بۈگۈن ئۇلار ئېغىر بىتاپ بولۇپ قالغان شاھسەئىد ئالىمنى يوقلاش ئۈچۈن ئوردا شىپاخانىسىغا بېرىشتى. كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى ياپراقلىرى سارغايغان دەل ـ دەرەخلەرنى ئىزغاڭشىتاتتى. قۇرۇپ ساپىقىدىن ئايرىلغان ياپراقلار يەرگە يىلدىرلاپ چۈشەتتى. ھەر ئىككىيلەن ئۇن چىقارماي كېسەلخانىغا كىرىشتى.

شاھسەئىد ئالىم كۆزىنى ئېچىپ، سۇلتان بىلەن دىۋانبېگىنى كۆردى. ئىككى قولىغا تايىنىپ بېشىنى كۆتۈرمەكچى بولدى ـ يۇ، ھالسىزلىنىپ يېتىپ قالدى.

— مىدىرلىماي يېتىۋېرسىلە، بۇزرۇكۋار، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئىتتىك كېلىپ ئېگىشىپ، — ئەھۋاللىرى قانداقراق، ياخشىلىنىپ قالدىلمۇ؟

خۇنى كەتكەن كۆزلىرى بىلەن مۆلدۈرلەپ قارىغان شاھسەئىد ئالىم كۈلۈمسىرەپ، دېدى:

— خۇداغا شۈكۈر، سۇلتان ئالىيلىرى. ئەمدى تېزرەك كېتىۋېلىشنى خالاپ قېلىۋاتىمەن. توقسان ئۈچ ياشقا كىرىپتىمەن، يەتتە پادىشاھنىڭ دەۋرىنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم، بۇ دۇنيادا ھەققىممۇ قالمىدى، دەرماندىنمۇ كەتتىم. يوق بولۇپ ياشاشتىن گۆرگە كىرىۋالغان ياخشى. شۇنداق، ئالىيلىرى، گۆرگە كىرىۋالغان ياخشى. يەتتىمسۇ دىيارىدىن تىنچ ـ ئامان

كېلىپتىلا. بالىلىرىم تەرىپلىرىنى قىلىپ بەردى. جەڭ ئاخىرلاشقاندۇ؟

— ئاللانىڭ پاناھىدا تىنچ ـ ئامان كەلدۇق، ئاتا. جەڭمۇ ئاخىرلاشتى، ئەل ئەمىنلىككە ئېرىشتى. كېلىپلا ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، سىلىنى يوقلىيالماي قالدىم.

— رەھمەت، سۇلتانىم. جەڭنىڭ ئاخىرلاشقىنى ئەلنىڭ ئارام تاپقىنى. جەڭگى ـ جېدەل بولسا ئاۋامنىڭ ھالى خارابلىشىدۇ. «جەڭگە خۇشتار پادىشاھ قىلىچتا ئۆلىدۇ، ئەلگە خۇشتار پادىشاھ ئۆمۈر كۆرىدۇ» دېگەن ھېكمەت بار.

— ئالتۇن تاختىغا ئويۇپ ساقلىغۇدەك بىباھا ھېكمەت ئىكەن، — دېدى ئابدۇرەشىدخان چاچ ـ ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان مويسىپىتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ. بۇ چاغقىچە ئۇنى ئىش ئۈستىدىلا ئۇچرىتىپ، ئايرىم ئەسرالاشمىغىنىدىن ئەپسۇسلاندى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆمۈر بويى ئۆز كەسپىنى سۆيۈپ، خىزمىتىگە سادىق بولۇپ ياشىغان بۇ خەتتاتنىڭ گېپىنى كۆپرەك ئاڭلىغۇسى كېلىپ قالدى.

سۇلتاننىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك، شاھسەئىد ئالىم ئولتۇرماقچى بولۇپ بېشىنى سەل كۆتۈردى، ئابدۇرەشىدخان بىلەن قىدىرخان ئۇنى يۆلەپ، دۈمبىسىگە تەكيىنى تىرەپ قويدى.

— ئەمدى ئوبدان بولدى، ھەرقايسىلىرىغا رەھمەت، پېقىرنى يوقلاپ كېلىشكەنلىرىدىن كۆپ خۇرسەنمەن، — دەپ ئابدۇرەشىدخاننىڭ قولىنى تۇتقان شاھسەئىد ئالىم بىردەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئالىيلىرىغا ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا دەيدىغان سۆزۈم شۇكى: ئادەملەرنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى پەرق ئەتمەك تەس. باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئارتۇقچە قۇلاق سېلىپ كەتمەي، يۈرەكلىرىنىڭ دەۋىتىگە كۆپرەك قۇلاق سالسىلا، چۈنكى يۈرەك ئادەم تونۇيدۇ.

— ماقۇل، ئاتا، بۇ ھەقتە ئالغان ساۋىقىم ناھايىتى

نادامەتلىك.

— ساۋاقتىن ئەقىل تاپماق ئۆزلىرىدەك دانا كىشىنىڭ پەزىلىتىدۇر، سۇلتانىم. ئالىيلىرىغا ئېيتىدىغان يەنە بىر گېپىم شۇكى، جەڭگە ھېرىس بولماي، شىكارغا خۇشتار بولسىلا، شىكار ئۆزلىرىدەك مۇغەننى، شائىر سۇلتانغا زوق، ئىلھام بېغىشلايدۇ، كۆتمىگەن بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ.

— ماقۇل، ئاتا. بۇ سۆزلىرىنىمۇ ئۇنتۇمايمەن. يەنە قانداق تەلەپ، تىلەكلىرى بولسا دېسىلە، خۇدا بۇيرۇسا بەجا كەلتۈرىمەن، — ئابدۇرەشىدخان ئىككىنچى قېتىم ئاتا دەپ ئاتاپ بوۋاينى خۇشال قىلىۋەتتى.

— سۇلتان بالام، — دېدى شاھسەئىد ئالىم، — جانابىي ئاللا پېقىرغا ئون ئۈچ خوتۇندىن ئوتتۇز يەتتە پەرزەنت بەردى. ئۇلارنىڭ يىگىرمە بىرى قىز، ئون ئالتىسى ئوغۇل. خوتۇنلىرىمنىڭ ھازىرمۇ ئۈچى ھايات. قىزلىرىم ياتلىق بولۇپ، ئەللىك ئىككى نەۋرە تۇغۇپ بەردى. ئوغۇللىرىم ئۆيلىنىپ قىرىق ئۈچ پەرزەنت يۈزى كۆردى. جەمئىي توقسان بەش نەۋرەم، يىگىرمە تۆت چەۋرەم بار. قىزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم ساۋاتلىق قىلغان، ئۆي ئىشلىرىغا ماھىر. ئوغۇللىرىم، كۈيئوغۇللىرىمنىڭ ھەممىسى مەدرىسەدە ئوقۇغان. بەزىلىرى ھۈنەرۋەن، بەزىلىرى تىجارەت قىلىدۇ، تۇرمۇشى باياشات. مەن ئالىيلىرىنى ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلسىكەن دېمەيمەن، پەقەت مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن مۇبادا ياۋ باستۇرۇپ كېلىپ، ئەلنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، ئۇلار چەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ قالمىسا. چاقىرىپ جەڭگە سالسىلا ئىشەنچلىرىگە داغ چۈشۈرمەيدۇ. مەن ئۇلارنى كىچىكىدىن چەۋەندازلىق ماھارەتلىرى بىلەن تەربىيىلىگەن. مەن باللىرىمدىن شۇنىڭ ئۈچۈن رازىمەنكى، ئۇلار ئادالەتلىك ئۇرۇشقا — ئەلنى ئەمىنلىككە ئېرىشتۈرىدىغان جەڭگە قاتنىشىپلا قالماي، جانلىرىنى پىدا قىلىدۇ. ۋەتەن، مىللەتكە جان پىدا قىلمىغان پەرزەنتنى قانداقمۇ

بالام دېگىلى بولسۇن. مەن ئاتىلىق بۇرچۇمنى تولۇق ئادا قىلدىم، ئەمدى ئۆلسەم ئارمىنىم يوق. مېنىڭ دەيدىغانلىرىم مۇشۇ، سۇلتان بالام.

— ھېممەتلىرىڭگە رەھمەت، ئاتا، — ئابدۇرەشىدخان ئاپپاق ساقىلى مەيدىسىگە يېيىلىپ تۇرغان بوۋايغا مېھرى بىلەن تىكىلدى، — شۇنچە پەرزەنتلەرنى قاتارغا قوشۇپتىلا، ئىزلىرىنى باسقۇدەك بىرەرى چىقمىدىمۇ؟

شاھسەئىد ئالىم كىچىك بالىدەك پىخىلداپ كۈلدى:

— ئالىيلىرى، شۇنداق سوئال قويىدىغانلىرىنى بىلەتتىم. بالىلىرىمنىڭ يەتتىسى خەتتات ھەم نەققاش، جاھان مەدرىسەسىنىڭ تام ـ تورۇسلىرىدىكى نەقىشلەرنى شۇلار ئويغان.

ئابدۇرەشىدخان سوئالنىڭ جايىدا قويۇلمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئوڭايسىزلاندى، زۇۋان سۇرمەي جىم بولدى.

شاھسەئىد ئالىم بۇنى ئاڭقىرىپ، دېدى:

— سوئاللىرى ئورۇنلۇق، ئالىيلىرى. پەرزەنتلىرىدىن ئۆزىگە ئىزباسار يېتىشتۈرمىگەن ئاتا — ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلالمىغان نامۇناسىپ ئاتىدۇر. بۇنى ماڭا مېنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن ئاتام بىلدۈرگەن. شۇڭا، ئۈچ ئوغلۇمنى ئىزباسارىم قىلىپ تەربىيەلىگەنىدىم، لېكىن بىرسىلا ھەقىقىي ئىزباسار بولۇپ يېتىشتى. ئۇ ئوردىدا مۇنشىلارنىڭ بىرسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

— ئىسمى شەرىپى نېمىكىن؟ — قىزىقىپ سورىدى ئابدۇرەشىدخان.

— شاھھەبىب ياركەندىي.

— شاھھەبىب ياركەندىي؟ قوي كۆز، ماڭلىيى كەڭ، ئوتتۇرا بويلۇق يىگىتمۇ؟ كۆز ئالدىمغا كەلدى. سۇلتانلىق تەختىگە يېڭى ئولتۇرغان چېغىمدا سىلى ئۇنىڭغا يارلىقىمنى يازدۇرغانىدىلە، يازغان خېتىنى كۆرۈپ بەكمۇ قايىل بولغانىدىم.

— شۇنداق، ئالىيلىرى. ئىككى يىلدىن بېرى بېرىلگەن

پەرمان، چۇشۇرۇلگەن يارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ ئوغلۇم پۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ، — شاھسەئىد ئالىم ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن تەبەسسۇم قىلدى، — ئەمدى شىپاخانىدىن چىقىپ، بالىلىرىمنىڭ كۆز ئالدىدا كۆز يۇماي دەيمەن.

— ئۆزلىرىدەك ئاتىدىن پەرزەنتلەرلا ئەمەس، قوۋمى جامائەتمۇ ئىپتىخارلىنىدۇ، — دېدى قىدىرخان ئېھتىرام بىلەن، — جانابلىرى ھاياتىنىڭ قەدرىگە يەتكەن زات، شۇڭا ۋاقتى - قارارىدا داۋالىنىپ تۇردىلا. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ: «تېۋىپ يوق شەھەردە تۇرما» دەپتىكەن. ئۆز قەرەلىدە داۋالىنىشمۇ ئاللا ئاتا قىلغان ئۆمۈرنى قەدىرلىگەنلىك، ئاتا. نادان، كاج، تەلۋىلەر ئۆزىنى ياخشى كۆتمەي، داۋالانماي ھاياتىنى نابۇت قىلىدۇ. ئۆزلىرى بۇ ھېكمەتنى ياخشى چۈشەنگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردىلە.

— رەھمەت، رەھمەت. ئاللا ھەربىرلىرىنىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن. ھەربىرلىرىنىڭ دىدارى ماڭا شىپادۇر.

ئابدۇرەشىدخان بىلەن قىدىرخان شىپاخانىدىن چىققاندا ناماز دىگەرگە ئەزان چىقتى.

## 2

كۆل رەڭ ئاسماندىن لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار پايتەخت كوچىلىرىنى شېكەر تۆكۈۋەتكەندەك ئاقارتىۋەتكەن، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەل - دەرەخلەر كۈمۈش جالا باغلاپ شىنىدەك قېتىپ قالغانىدى. شىكاردىن يانغان ئابدۇرەشىدخان ئەمىر - ئەركان، خاس ياساۋۇللىرى بىلەن گۈلئىرەم ئوردىسىغا كىرىپ ئاتتىن چۈشتى. بۇ يەتتىسۇدىن قايتىپ كەلگەندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم ئوۋغا چىقىپ كېلىشى ئىدى. تىرىك تۇتۇپ كەلگەن ئارقار، بۇغا - مارال، كېيىكلەر باغۋەنگە تاپشۇرۇلدى.

ئوۋلانغان چوڭ ـ كىچىك ھايۋانلار ئاز ئەمەس ئىدى. كەيپى چاغ ئوۋچىلار ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ئولجىلارنى ئېلىپ قايتىشتى.

ئابدۇرەشىدخان ئۆزى ئوۋلىغان كېيىك، توشقانلارنى، بۆلغۇن، تۈلكە تېرىلىرىنى مەھرەملەرگە كۆتۈرتكۈزۈپ مەختۇمە سۇلتان بېگىمنىڭ قەسىرىگە كەلدى.

تاۋار ـ كىمخاب يوتقان يېپىلغان سەندەلگە پۇتىنى تىقىپ ئولتۇرغان ئانا ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ئابدۇرەشىدخاننى كۆرۈپ ھەر كۈندىكىدەك ئورنىدىن تۇردى.

— يوللىرىغا بەك قارىدىم، ئەجەب كېچىكتىلە، بالام.

— تىزناپىتىن ئۆتۈپ مارالبېشىغىچە باردۇق، ئانا. بۇ يۇرتلارنى ئۇزاقراق ئايلىنىپ قالدۇق، — دېدى ئابدۇرەشىدخان. ئۇ ياشىنىپ قالغان ئانىسىنى يۆلەپ ئاپىرىپ، سەندەلدە ئولتۇرغۇزدى. ئۆزىمۇ توڭلىغان پۇتلىرىنى سەندەلگە تىقتى، يېلىنجاپ تۇرغان چوغلار بىردەمدىلا ئۇنى ئىللىتتى.

— شىكارغا چىقىش ياخشى ئىش، بالام. لېكىن، ھاۋا سوغۇق تۇرسا، بەك يىراققا كېتىپ قاپتىلا، ئەنسىرىدىم.

— شىكار گوياكى بىر جەڭ، ئانا. رەھمەتلىك ئاتام: ئۇتۇقلۇق شىكار قىلالمىغان پادىشاھ غەلىبىلىك جەڭ قىلالمايدۇ، دەيتتى. ئېلىمىزنىڭ قۇچىقى كەڭ، جاڭگال ـ سەھرالىرى بىپايان. قانچە يىراققا بارسام، شۇنچە ئازادىلىك ھېس قىلىمەن، شۇنچە كۆپ پۇقرالار بىلەن ئۇچرىشىمەن، ئۇلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالى بىلەن تونۇشىمەن، خانلىقىمىزغا بولغان تەسىراتلىرىنى ئاڭلايمەن ۋە ئۆزۈمنىڭ ئەلنى قانداق سوراۋاتقانلىقىمدىن ساۋاقىقا ئىگە بولىمەن.

— ئۇقتۇم، بالام. رەھمەتلىك ئاتىلىرىمۇ شۇنداق ئىدى، — مەختۇمە سۇلتان بېگىم مەرھۇم ئېرىنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلدى.

ئابدۇرەشىدخان ئانىسىنىڭ كۆڭۈل يارىسىنى تاتىلىماسلىق ئۈچۈن دەرھال سۆزىنى بۇرىۋەتتى:

— سەندەلنىڭ تەپتى ماڭا بەك خۇشياقتى، ئانا.

— ياشانغان ئادەم ئۈچۈن سەندەل بەك ئوبدان، بالام. شۇڭا، بۇ ئۆيگە ھەم مەش قويدۇرۇۋالدىم، ھەم سەندەل ياسىتىۋالدىم. باشقا قەسىرلەردە مۇنداق سەندەل يوق. ھە راست، سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ ھۇجرىسىغىمۇ بىر سەندەل ياسىتىپ بەرگەنىدىم، بەك خۇش بولۇپ كەتتى. سەندەل پۇت، بەل ئاغرىقلىرىغا داۋا بولىدۇ، ئوغلۇم.

— ئوبدان قىپتىلا، ئانا، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە سۆسەر جۇۋىسىنى سېلىپ، ئاسقۇغا ئىلىپ قويدى، — ئەمدى ئىسسىدىم. مەن كىرگەنلا دېھقانلارنىڭ ئۆيىدىمۇ سەندەل بار ئىكەن ...

— ئەسسالام، سۇلتان ئالىيلىرى، — ئىشىكتىن ئىتتىك كىرگەن مەريەمنىسا بۇۋى ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— قانداقراق تۇرۇۋاتىدىلا، بۇۋى؟ دەۋرانبەگنىڭ ئوقۇشى ئوبدانمۇ، سىلىنى خاپا قىلمىغاندۇ؟ — دەپ تىنچلىق سورىدى ئابدۇرەشىدخان باشتىن - ئاياغ قارا رەختتىن ھازا كىيىمى كىيىپ، قارا شال ئارتىۋالغان مەريەمنىساخانىدىن. ھازىر ئوردىدىكى ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۇنى بۇۋى دەپ ئاتىشاتتى.

— ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن، ئالىيلىرى. ئوغلۇممۇ تىرىشىپ ئوقۇۋاتىدۇ. مۇدەررىسلەرگە تاپىلاپ قويغانلىرىغا رەھمەت. ئۇلار يېتىم بالامغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىۋاتىدۇ، — دېدى مەريەمنىسا بۇۋى يىغلاپ سېلىشتىن تېيىپ. ئۇنىڭ ياش تۆكۈپ سۇلتاننىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغۇسى كەلمىگەنىدى.

— ھەرەم بىلەن يۇرت ئىچى ئىككى دۇنيا، بۇۋى. ئەگەر ھەرەمدە تۇرۇشنى خالىمىسىلا، ئوغۇللىرى بىلەن بۇرۇنقى ئۆيلىرىدە تۇرسىلىمۇ بولىدۇ. بۇ يەردە ياتسىراپ، قىسىلىپ قالسىلىرى بولمايدۇ. قەيەردە بولسىلا، خانلىقىمىز سىلىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ھاللىرىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمىز.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ بۇ سۆزى مەرىيەمنىسا بۇۋىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ئۇ ياشتىن نەملەشكەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، دېدى:

— يوقسۇ، سۇلتان ئالىيلىرى، ھەرەمگە ئۆگىنىپ قالدىم. خان ئانىمىزدىن ئايرىلغۇم يوق، تاكى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ھەرەمدە تۇرماقچىمەن.

— مەرىيەمنىسا بۇۋى ماڭا ئۆز قىزىمدەك كۆيۈنۈۋاتىدۇ، نەۋرىلىرىمنىمۇ ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ پەرۋىش قىلىۋاتىدۇ. ھەرەمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن رازى، — دېدى مەختۇمە سۇلتان بېگىم.

— ئۇنداق بولسا مەيلى، رەھمەتلىك ئەمىر بەھرامنىڭمۇ ئاخىرقى تىلىكى شۇ ئىدى، — ئابدۇرەشىدخان نەزىرىنى ئانىسىدىن مەرىيەمنىساغا يۆتكىدى، — تەلەپ - تىلەكلىرى بولسا ئانامغا ئېيتسىلا، ھەرگىز تارتىنمىسىلا، ئوغۇللىرى دەۋرانبەگنى ئوقۇش پۈتكۈزگەندە ئوردىغا ئەكېلىۋالىمەن. ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا.

— رەھمەت، سۇلتان ئالىيلىرى. ئاللا ئىگەم دۆلەتلىرىنى تېخىمۇ زىيادە قىلغاي، — مەرىيەمنىسا ئارقىسىچە مېڭىپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

— بالام، تاماقنى مۇشۇ يەردە يەمدىلا؟ — سورىدى ئانا.

— ياق، ئانا. قېيىنئانامنىڭ مىجەزى يوق ئوخشايدۇ، ئەھۋالىنى سورىغاچ تاماقنى شۇ يەردە يېسەم دەيمەن. خانىش، چۆرە، كېلىنلەرمۇ چوڭچوڭ سۇلتان بېگىمنىڭ قەسرىگە كەلسە، شەنبە ئاخشامنى بىللە ئۆتكۈزسەك.

— ئۇنداق بولسا بىللە بارايلى، بالام. قۇدامنى يوقلاپ بارمىغىنىمغا بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالدى، — مەختۇمە سۇلتان بېگىم ئورنىدىن قوزغىلىۋىدى، ئابدۇرەشىدخان ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قەسىر ھويلىسىغا ئاچىقتى.

ئابدۇرەشىدخان مەرىيەمنىسا بۇۋىدىن باشقا چۆرە، كېنىزەك،

دېدەكلەرنى ئارام ئېلىشقا بۇيرۇپ، ئانىسى بىلەن مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ تۇرغان كۆل بويىغا كەلدى. ئۇلار بۇ يەردە بىردەم سەگىدىگەندىن كېيىن خىش بېسىلغان يول بىلەن مېڭىپ چۇچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ قەسىرىگە كېلىشتى. قەسىر ھويلىسىدا ئابدۇرېھىم سۇلتان، ئىبراھىم سۇلتان، مۇھەممەدخان، ئەبۇسەئىد سۇلتان، ئابدۇللا سۇلتان، قۇرەيش سۇلتان، مۇھەممەدشاھ سۇلتان قاتارلىق شاھزادىلەر «كۆچ - كۆچ» ئويۇنى ئويناۋاتاتتى. ئۇلار مومىسى بىلەن ئاتىسىنى كۆرۈپ، قوللىرىدىكى ئۇزۇن تاياقنى تاشلاپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇزرۇكۋار موما، خان ئاتا! — سالام بېرىشتى گۆدەكلەر قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ. ئۇلارنىڭ جۇۋا، قۇلاقچىلىرى مەينەت بولۇپ كەتكەنىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، باللىرىم، — ئابدۇرەشىدخان شاھزادىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

مەختۇمە سۇلتان بېگىم بىر - بىرىدىن ئوماق نەۋرىلىرىنىڭ سوغۇقتىن ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىگە سۆيۈپ قويدى. ئۇلار باللارنى ئەگەشتۈرگىنىچە سارايغا قەدەم قويدى.

كۆيۈ ئوغلىغا كۆزى چۈشكەن سۇلتان نىگار خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئېھتىرام بىلەن قىلغان سالىمىغا تەۋازۇ بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، تىنچ - ئامانلىق سورىدى.

چۇچۇك سۇلتان بېگىم قېيىنئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەجا كەلتۈردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەڭىز يېقىشتى. مەختۇمە سۇلتان بېگىممۇ سۇلتان نىگار خېنىم بىلەن يۈز يېقىشتى. ئۇلار ئابدۇرەشىدخاننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تۆردىن ئورۇن ئېلىشتى. شۇ چاغدا ئىشىكتىن كىرگەن پاتىمە سۇلتان بېگىم بىلەن نائىمە سۇلتان بېگىم تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، سىپايە قەدەملەر بىلەن كېلىپ، مەختۇمە سۇلتان بېگىمنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇشتى. بۇلارنىڭ كەينىدىن كىرگەن چۆرە خېنىملار — رەيھان خېنىم بىلەن ھەبىبە خېنىم سالام -

سەھەتنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن چوڭچوڭ سۇلتان بېگىمنىڭ يېنىغا تىز چۆكۈشتى. بالىلارمۇ ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇشتى. مەريەمنىسا بۇۋى ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى.

ئۆي ئىچى تازا ئىسسىغان، ئوچاقتا ئۆرۈك ئوتۇنى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى، قىپقىزىل چوغلار كەھرىۋادەك پارىلدايتتى. مەشتىمۇ گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئۇلار شورپىسىغا سېلىنغان ئۇگرە، كېپەك، بۇغا گۆشلىرى قورۇمىسى، قىرغاۋۇل گۆشىدىن قىلىنغان نېرىن چۆپ، دۇملەپ پىشۇرۇلغان توشقان گۆشى ... ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلىپ كىرىلدى. مەريەمنىسا بۇۋى توقاچلارنى ئوشتۇپ قويدى، خۇشبۇي دەملەنگەن چاينى پىيالىلەرگە قۇيۇپ، ئولتۇرغانلارغا سۇنۇپ بەردى. چوڭچوڭ سۇلتان بېگىم: «ئېلىشسىلا، ئوۋ نېمەتلىرى ئىكەن» دەپ ئانىسى بىلەن قېيىنئانىسىنى كۆپرەك يېيىشكە زورلىدى. مەختۇمە سۇلتان بېگىم بىلەن سۇلتان نىگار خېنىم ئۇگرىنى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىشتى. قورۇما، كاۋاپتىنمۇ بىرئاز يېيىشتى. دۇملىنىپ يۇمشاق پىشقان توشقان گۆشى ئۇلارغا بەك ياراپ كەتتى. ئابدۇرەشىدخان بېھى دەرىخىنىڭ تال چىۋىقىدىن قىلىنغان زىختا ئۆتكۈزۈلگەن كاۋاپنى ئانىسى بىلەن قېيىنئانىسىغا تۇتتى:

— ئېلىشسىلا، ئوبدان پىشىپتۇ. مۇشۇ كۈنلەردە سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولالمايۋاتىمەن. كۈندە مۇشۇنداق بىللە ئولتۇرۇپ شېرىنسۇخەن گەپ ـ سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلىغۇم كېلىدۇ، قەدىر دانلىرىم.

— سۇلتان بالام، ھېلىمۇ ھالىمىزدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتىدىلا. مەملىكەت ئىشىدىن بوشىماق ئاسان ئەمەس. سىلىگە كۆپ دۇئا قىلىمەن، — دېدى سۇلتان نىگار خېنىم يىغلامسىراپ، — نەۋرەم ئابدۇللەتىفخاننىڭ ئۆلۈمى يۈرەك ـ باغرىمنى ئېزىۋەتتى. ئوغلۇم تاھىرخاندىن تېخى ئەنسىرەيمەن، ئۇ دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قازاق ئېلىنى تىنچىتالمىدى.

ئۆزىمۇ كىچىكىدىن بەگباش، كۆرەڭ ئىدى. يا سەئىدىيە خانلىقىغا بويسۇنمىدى، يا ئەلنى ئوبدان باشقۇرالمىدى. ئانا باشقا ئىنىسى تۇغۇمخان ئۇنىڭدىن خانلىق تاجىنى تالىشىپ، مېنىڭمۇ ئارامىمنى قويمىغانىدى. بۇ يەرگە كەلگىنىمدىن كېيىن تۇغۇمخان ھەقنەزەرخان بىلەن بىرلەشكەن بولسىمۇ، جېنىنى ساقلاپ قالالمىدى. بۇ دۇنيا مانا شۇنداق ۋاپاسىز. ئاتام يۇنۇسخاندەك كاتتا شاھمۇ ئۆلۈپ كەتتى. بالام، سىلى زېرەك بولغاچقا، شۇنداق چوڭ خانلىقىقا ئەمىنلىك، ئاسايىشلىق بەخش ئېتىپ كېلىۋاتىدىلا. خۇدا ئۆمۈرلىرىگە بەرىكەت بېرىپ، كۈچ ـ قۇۋۋەتلىرىنى زىيادە قىلغاي.

سۇلتان نىگار خېنىم دادىسى يۇنۇسخان، ئېرى قاسىمخان، كىچىكىدىن باققان ئۆگەي ئوغلى تاھىرخانىنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ كۆز يېشىنى توختىتالماي قالدى.

— يىغلىمىسىلا، مەلىكەم، قانداق قىلىمىز؟ تەقدىر ـ قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ دۇئالىرىدىن خانلىقىمىز نۇسرەت تاپقۇسى، — دېدى مەختۇمە سۇلتان بېگىم ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتىپ.

— خان ئانا، ئۆزلىرىدەك چىداملىق، غەيرەتلىك، پەزىلەتلىك ئانىلار ئاز. ھۆرمەتلىرىنى قانچە قىلساق ئەزرىيتتى، ئەمما قىلالمايۋاتىمىز. ئارزۇيۇم كۈتكەن ئۈمىدلىرىدىن چىقىپ دۇئالىرىنى ئېلىش. ھەرگىز كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا. ئانام بىلەن ئىككىمىز ئۆزلىرىدىن ھال سورىغاچ، شېرىن سۆزلىرىنى سۇنۇق دىلىمىزغا مەلھەم قىلىپ، غەمناك بېشىمىز ئۈستىدىكى قايغۇ بۇلۇتلىرىنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن قاشلىرىغا كىردۇق. خۇشال ئولتۇرسىلا، ئانا، — دېدى ئابدۇرەشىدخان قېينئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

سۇلتان نىگار خېنىم ياشلىرىنى سۈرتتى. چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ ئاتمىشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، ناھايىتى چىرايلىق تۇرغانىدى. چېكە چاچلىرىغا ئانچە ـ مۇنچە

ئاق كىرگەن، تۆۋەن قاپىقىنىڭ ئاستىدىكى قورۇقلار كۆپىيىپ قالغان بولسىمۇ، سۆلىتىنى يوقاتمىغانىدى. بېشىدىكى ئۇكە قادالغان ئالتۇن تاج ئۇنىڭ يەنىلا نازاكەتلىك مەلىكە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇتۇشقا ھەقلىق، دەپ قارايتتى. كۈيئوغلىنىڭ ھامىيلىقىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلىسا كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئابدۇرەشىدخانىنىڭ سۆزى ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈردى.

— سۇلتان بالام، يېنىمدا سىلى ھەم قىزىم تۇرۇشسىلا نېمىشقا كۆڭلۈمنى يېرىم قىلاي؟ پەقەت ئوغلۇم تاھىرخاننى ئويلىسام غەمگە چۆمۈپ قالىمەن، ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىمەن، بولمىسا بۇ يەردە دەشتى قىپچاقتا تۇرغىنىمدىنمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇ يەنە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— بولدى، مەلىكەم، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا. ئوغۇللىرى تاھىرخاننى ئاللا ئىگەم ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ. بالام ئابدۇرەشىدخان ئۇ ئاغىسى بىلەن ئەپ ئۆتەلەيدۇ، — مەختۇمە سۇلتان بېگىم «توغرا دېدىممۇ» دېگەندەك قىلىپ، ئوغلىغا قاراپ قويدى.

— شۇنداق، خان ئانا، تاھىرخان قىلىچ يالىڭاچلاپ ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كەلمىسىلا، مەن قىلىچ كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بارمايمەن، — دېدى ئابدۇرەشىدخان قېيىنئانىسىغا ئۆز ئىرادىسىنى بىلدۈرۈپ.

— سىلى مەرد ـ مەردانە ھەم ئادىل سۇلتان، بالام. مۇبادا تاھىرخان ئەقىلسىزلىك قىلىپ قىلىچ شىلتىپ، ئەسىرگە چۈشۈپ قالسا، ئەپۇ قىلالامدىلا؟ — سۇلتان نىگار خېنىم ئابدۇرەشىدخاننى چېكىپ باقتى.

— ئەلۋەتتە، خان ئانا، — ئويلانمايلا جاۋاب بەردى ئابدۇرەشىدخان.

— بالام، بۇ سۆزلىرى مېنى بەكمۇ خۇرسەن قىلدى. قانداقلا بولسۇن، ئىككىڭلارنىڭ ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈشۈڭلارنى ئۈمىد

قىلىمەن، — سۇلتان نىگار خېنىم سۆزدىن توختاپ پىيالىدىكى چايدىن ئىككى ئوتلىدى، سەل ئويلىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن بۇ ھاياتىمدا ئۇن تۆت پەرزەنتلىك بولغان. قازاق خانى جانىبېك سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەدىك سۇلتاندىن بەش پەرزەنت يۈزى كۆرگەنىدىم، ئۇلاردىن ئىككىسى كېسەل بولۇپ چاچراپ كەتتى، بىرسى توپتىن ئايرىلىپ كېتىپ بۆرىگە يەم بولدى، ئىككىسى ئوقتا ئۇچتى. ئەدىك سۇلتان ۋاپاتىدىن كېيىن ئاكىسى قاسىمخاننىڭ ئەمرىگە ئۆتۈپ، توققۇز بالىلىق بولدۇم. ئۇلاردىن تۆتى كېسەل بولۇپ تۇگەپ كەتتى، ئىككىسى جەڭگاھتا ئۆلدى، ئىككىسى ئىز - دېرەكسىز غايىب بولدى. قالغىنى مۇشۇ قىزىم. تاھىرخان ماڭا ئۆگەي بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام ھەرگىز چىدىيالمايمەن. قىزىمدىن ئەنسىرىمەيمەن، ئەنسىرەيدىغىنىم تاھىرخان. بەك تەستە چوڭ قىلغانىدىم. خۇدا ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا نېسىپ قىلمىغانىكەن، ئۇنى بەك سېغىنىدىم.

سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ كۆلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن يەنە ياش قۇيۇلدى.

— خان ئانا، يىغلىمىسىلا. ئاغام تاھىرخانغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئۇنى ياخشى تىلەكلىرىدىن ۋاقىپلاندۇرىمەن، — دېدى ئابدۇرەشىدخان.

— رەھمەت، رەھمەت، سۇلتان بالام، — كۈيۈ ئوغلىنىڭ لەۋزىدىن سۆيۈنگەن سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ كۆڭلى ئارام تاپتى.

## 3

بۈگۈن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇستاز قىدىرخاننى ئائىلە تاۋابىئاتى بىلەن جاھانباغقا خان جەمەتى ئولتۇرۇشىغا تەكلىپ قىلدى. ئەسلىدە خان جەمەتىنىڭ ئولتۇرۇشىغا بۇ ۋاقتا قەدەر

سىرتتىن ھەرقانداق كىشى تەكلىپ قىلىنىپ باقمىغانىدى. سۇلتاننىڭ بارغانسېرى پىكىر ـ خىياللىرى بىر يەردىن چىقىۋاتقان قىدىرخاننى ئۇلتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشتىكى مەقسىتى ــ مۇسىقىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن قايغۇنى يېنىكلىتىپ، مۇسىبەتلىك مەلىكە ـ خېنىملارنىڭ ھازىسىنى ئۇشتۇپ، ھەرەمدە جۇشقۇن كەيپىيات پەيدا قىلىش ئىدى.

قىدىرخان بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.

ناماز پېشىندىن كېيىن ئۇلار ئاتلىق ۋە ھارۋىدا جاھانباغقا يول ئېلىشتى. قىدىرخاننىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئوردا سازەندىلىرى ۋە ئۇسسۇلچى كېنىزەكلەرمۇ ئاتلىنىشتى.

كۆل رەڭ ئاسماندىن لەپىلدەپ قار چۈشۈۋاتاتتى، سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. ئەمما، ھەممەيلەننىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. شاھزادىلەرمۇ ئاتقا مىنىشكەن، شاھانە مەپىدە سۇلتان نىگار خېنىم، مەختۇمە سۇلتان بېگىم ۋە نەۋرىلەر ئولتۇرغانىدى. ئۇلار جاھانباغقا يېتىپ كەلگەندە ئات، ھارۋىلاردىن چۈشۈشتى.

باغ يولىدىكى قار سۈپۈرۈلۈپ، ئىككى تەرەپتىكى ئېرىققا تەكشى يېيىتىلغانىدى. مېۋىلىك، مېۋىسىز دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا توختاپ قالغان غۇژمەك ـ غۇژمەك قارلار كىشىگە گۈزەل چېچەك پەسلىنى ئەسلىتەتتى. ھەممە ياق ئاپپاقچىلىق، يانتۇ چۈشكەن قۇياش نۇرىدا قار جۇلالىنىپ كۆزنى چاقاتتى. ئابدۇرەشىدخان جاھانباغنىڭ ئىككى بۆلىكى بولغان باغى ئېرەم ۋە باغى ھۇزۇرنىڭ قىشلىق مەنزىرىسىنى ئانا، قېيىنئانا، خانىش، بالىلىرىغا تاماشا قىلدۇرۇپ، ھەۋزەئى سۇلتان بويىغا كەلدى. بۇ كۆلنىڭ تىنىق سۈيى مۇزلاپ كىرىستالدەك پارقىراپ كەتكەنىدى، شاھزادىلەر چۇرقىرىشىپ مۇز تېيىلىپ ئويناشتى.

تۈنۈگۈن چىققان ئاشپەز، مۇلازىملار قەسىرلەرنى تازىلاپ، يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى تەييارلاپ قويغانىدى. مەرمەر تۈۋرۈكلۈك كاتتا قەسىرنىڭ ساراي، ئايۋان، ھۇجرىلىرىدىكى ئوچاق، مەشلەردە گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئۇلار كىرگەندە بۇ ئۆيلەر

ئوبدانلا ئىسسىپ قالغانىدى. سۇلتان نىگار خېنىم، مەختۇمە سۇلتان بېگىم باشلىق مەلىكە ـ خانىشلار، چۆرە، كېنىزەكلەر ئايۋاندا ئولتۇرۇشتى. شاھزادە، بەگ، مۇغەننىلەر سارايدىن ئورۇن ئېلىشتى.

ئاياللار ئولتۇرغان ئۆيگە داستىخاننى مەريەمنىسا بۇۋى سالدى، ئەرلەر بار ئۆيگە ئوردا ساتىراشخانىسىنىڭ بېگى ھاشىم ئاخۇن ئۇستام سالدى. ئۇ ياركەندكە كېلىپ، گۈلئىرەم ئوردىسىغا ئورۇنلاشقاندىن بېرى ئولتۇرۇشلاردا داستىخان سېلىپ، داستىخانچى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كىشى خۇش چاقچاق بولۇپلا قالماي، داپ، دۇتارنى ياخشى چالاتتى. شۇ سەۋەبتىن قىدىرخان ئۇنىڭغا ئوردا سازەندىلىرى قاتارىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن بەرگەنىدى.

قىدىرخان بىلەن بىللە قىيمىلىق شورپىدىن ئىچىپ، پۈتۈن پېتى كاۋاپ قىلىنغان بۆدۈنە، قىرغاۋۇل گۆشلىرىدىن يەپ ئىسسىغان ئابدۇرەشىدخان سۆسەر جۇۋىسىنى سېلىۋەتتى. بىر پىيالە ئانار شەربىتىنى قىدىرخانغا سۇنۇپ، قولىغا ساتارنى ئالدى، قۇلىقىنى بۇراپ تەڭشەپ، نەۋايىنىڭ بۇ غەزىلى بىلەن «ئوشاق» مۇقامىنى باشلىدى:

> تۇپراقىمدىن ئەھلى ئىشق ئەتسە تونۇرى شادمەن،
> كىم ئىچىمدە ئىشق ئوتى يانماق بىلەن مۇئتادىمەن[1].
> ......

راۋابنى قولىغا ئالغان قىدىرخاننىڭ ئىشارىتى بىلەن بارلىق مۇغەننىلەر ئۇد، دۇتار، تەمبۇر، غېجەك، قالۇن، چاڭ، ھەشتار، داپ، نەيلىرىنى تىلغا كىرگۈزۈپ ئابدۇرەشىدخانغا جور بولدى، بولۇپمۇ ھاشىم ئاخۇننىڭ قولىدىكى داپ ئۆزگىچە ياڭراشقا

[1] مەنىسى: ئاشىقلار تۇپرىقىمدىن تونۇر قىلىۋالسا خۇش بولىمەن، چۈنكى مەن ئىچىمدە ئىشق ئوتىنىڭ كۆيۈشىگە كۆنۈپ قالغان.

باشلىدى. ئۇ داپنى گاھ باش ئۇستىگە كۆتۈرسە، گاھ ئېگىلىپ يەر بېغىرلىتاتتى. گاھ تېزى ئۇستىگە قويسا، گاھ پېشانىسىغا تەگكۈزەتتى. باشقا سازەندىلەرمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز سازىنى ۋايىگە يەتكۈزۈپ چالماقتا ئىدى. قىدىرخان چېلىۋاتقان راۋابنىڭ ئۈنى خۇددى گۈلزاردا سايراۋاتقان بۇلبۇلنىڭكىدەك يېقىملىق ئاڭلىناتتى.

ئابدۇرەشىدخان «ئۇشاق» مۇقامىنىڭ داستانى باشلانغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ ئايۋانغا چىقتى. خانىش، مەلىكە، چۆرە، كېنىزەكلەر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ناخشا ـ كۈي قوينىغا چۆكۈپ كەتكەنىدى. پەقەت چۈچۈك سۇلتان بېگىملا مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئېرىنى كۆرۈپ:

ــــ هازىنى مۇشۇنداق ئۇشتۇساق خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟ شۇنداق جاسارەتلىك، غەيۇر ئوغلانىمىز ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ تۇگەپ كەتكەن تۇرسا، بىز هازىر خۇددى تويى بولغاندەك نەغمە ـ ناۋا قىلساق، ياخشى بولارمۇ، سۇلتانىم؟ ــــ دېدى ياشلىرىنى سۈدەك ئاقتۇرۇپ. ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

ــــ ئۆلۈم ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار، مەلىكەم، ئۆلۈمدىن هېچبىر ئادەم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئوغلىمىزنىڭ قازا تېپىشى ئالالنىڭ ئەمرى بىلەن بولغان. قازاغا رىزا بولماق، مۇسىبەتكە سەۋر قىلماق ئىمان جۇملىسىدىندۇر. پەيغەمبىرىمىز: «ئون ئۆلۈكتىن بىر شېهىت ئەلا، ئون شېهىتتىن بىر تىرىك ئەلا» دەپتىكەن. ئۆلگەنلەر ئۈچۈن زىيادە قايغۇرۇش، يىغلاش گۇناهتۇر. قايغۇرۇپ يۈرگەندىن كۆرە، كۆڭلىرىمىزنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزسەك، قەبرىدە ياتقانلارنىڭ روھىمۇ خۇش بولىدۇ. مەن شۇڭا سىلەرنىڭ هازاڭلارنى نەغمە ـ ناۋا بىلەن ئۇشتۇپ، چەكلىك هاياتىڭلارنى خۇشال داۋاملاشتۇرۇشۇڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇنىڭغا بۇزرۇكۋار ئانىلىرىمىز نېمە دەيدىكىن؟ ــــ ئۇ ئاۋۋال سۇلتان نىگار خېنىمغا، ئاندىن مەختۇمە سۇلتان بېگىمگە

سوئال نەزىرى بىلەن باقتى.
— ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە ھازا كىيىم ـ كېچەك، ئەن رەخت، زىبۇ ـ زىننەت سوۋغا قىلىش بىلەن ئۇشتۇلاتتى. ئەمدى مۇنداق ھازا ئۇشتۇش ... ئالىيلىرى تەۋسىيە قىلغاچقا، مۇۋاپىق بولسا كېرەك، — دېدى سۇلتان نىگار خېنىم يېنىدا بۇقۇلداپ يىغلاپ ئولتۇرغان قىزىغا قاراپ.
— بالام، ئاتىلىرى دۇنيادىن ئۆتكەن بىرنەچچە يىل مابەينىدە ئارقا ـ ئارقىدىن مۇسىبەت بولۇپ، قايغۇدىن باش كۆتۈرەلمىگىنىمىز راست. مۇسىبەت بولغاندا قايغۇرۇپ ياش تۆكۈش بۇرۇندىن بار ئىش. «مېيىت ئىشكتىن ئۆزىسا، سەۋرىسى تۆگۈلۈكتىن كىرىدۇ» دېگەن گەپ بار. پەيغەمبىرىمىز ئۇممەتلىرىنى ئۆلۈمگە سەۋر قىلىپ، ئۆمۈرنى خۇشال ئۆتكۈزۈشكە، ھازا ۋاقتىنى ئۇزاقىقا سوزماسلىققا دەۋەت قىلغانىكەن. مېنىڭچە، ھازا ئۇشتۇش دېگەنلىك — قايغۇنى ئۇنتۇپ، ھاياتنى خۇشال داۋاملاشتۇرۇش، دېگەن سۆز. سىلىنىڭ نەغمە ـ ناۋا بىلەن ھازىنى ئۇشتۇيمەن دېگەنلىرى ئورۇنلۇق. بۇنىڭ نېمە يامىنى بولسۇن، بالام؟ — دېدى مەختۇمە سۇلتان بېگىم.
ئابدۇرەشىدخان باش لىڭشىتىپ، ئانىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ماقۇللىدى، ئاندىن سۇلتان نىگار خېنىمغا قاراپ، دېدى:
— سىلەرنىڭ ھازاڭلارنى ئۇشتۇش ئۈچۈن يەتتىنسۇدىن قايتىپ كېلىپلا، ئوردا تىككۈچىخانىسىغا تاشكەنتتىن ئەكەلگەن رەڭگارەڭ يىپەك رەختلەردىن لىباس بۇيرۇتقانىدىم، شىكاردىن قايتىپ كەلگۈچە تەييار قىلىپ قويۇپتۇ، ئۇلارنى ئاچىقتۇق، — ئۇ گېپىنى توختىتىپ سارايغا كىردى.
«ئۇشاق» مۇقامىنىڭ ئىككىنچى داستانىنى ئەمدىلا ئاخىرلاشتۇرغان قىدىرخان ئابدۇرەشىدخاننىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ھەممەيلەن ساز چېلىشنى توختاتتى. ئىككىيلەن قەسىر ئالدىغا چىقىپ، مۇلازىملارغا

لىباسلارنى ئەكېلىشنى بۇيرۇدى.

ساندۇقلارغا رەتلىك سېلىنغان قىممەت باھالىق كىيىم ـ كېچەكلەر كەلتۈرۈلدى. ئۇلارنى كېنىزەكلەر ئايۋانغا ئەكىرىشتى. ئابدۇرەشىدخان ھال رەڭ گۆھەر قادالغان ئىككى ئالتۇن تاجنى ئانىسى بىلەن قېيىنئانىسىغا كىيدۇرۇپ قويدى. قىزىل گۆھەر قادالغان ئىككى ئالتۇن تاجنى چوڭچوك سۇلتان بېگىم بىلەن نۇرنىسا سۇلتان بېگىمگە كىيدۇردى.

— قىزىم، — دېدى ئابدۇرەشىدخان نائىمە سۇلتان بېگىمنىڭ بېشىنى سىلاپ، — سىز مۇنداق قايغۇرۇپ يۈرسىڭىز، ئوغلۇم ئابدۇللەتىفخان گۆردە تىنچ ياتالمايدۇ. ئۇنىڭ روھىنى خۇش قىلىمەن دېسىڭىز، بۈگۈندىن باشلاپ شاد ـ خۇرام يۈرۈڭ، بولامدۇ؟ سىز مېنىڭ قىزىم، ھەرگىز كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ.

— ماقۇل، سۇلتان دادا، — نائىمە سۇلتان بېگىم كۆلگەندەك قىلسىمۇ، مۇڭلۇق كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى.

ئابدۇرەشىدخان قىزىل گۆھەر قادالغان ئالتۇن ئوتۇغاتنى ياشلا تۇل قالغان كېلىنىگە كىيدۇرۇپ قويدى، ئاندىن ئىككى چۆرىسىگە قىزىل ياقۇت قادالغان كۈمۈش ئوتۇغات ۋە كىيىم تەقدىم قىلدى. مەريەمنىسا بۇۋىگىمۇ كۈمۈش ئوتۇغات، كىيىم تەقدىم قىلىپ، مەرھۇم ئەمىر بەھرامغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى. بارلىق كېنىزەكلەرگە قىزىل جىيەكلىك ئوتۇغات، كىيىم تەقدىم قىلىپ:

— بۈگۈندىن باشلاپ يىغا ـ زارنى توختىتايلى. بۇ مېنىڭ پەرمانىم ئەمەس، تەلىپىم. ئانا، خان ئانا، سىلەرنىڭ يەنە قانداق پىكرىڭلار بار؟ — دېدى ئۇ كۆلۈمسىرەپ ئولتۇرغان مەختۇمە سۇلتان بېگىم بىلەن قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ئولتۇرغان سۇلتان نىگار خېنىمغا كۆز سېلىپ.

— قۇللۇق، بالام، ئېيتقانلىرى كەلسۇن، — ئورنىدىن تۇرغان قېيىنئانا كۈيۈ ئوغلىغا رازىلىق بىلدۈردى.

— رەھمەت، خان ئانا ! — دېدى قېيىنئانىسىنىڭ لەۋزىدىن مەمنۇن بولغان ئابدۇرەشىدخان قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ.
— قۇللۇق ! — دېيىشتى خان جەمەتىنىڭ ئاغىچا - خېنىملىرى ۋە كېنىزەكلەر.
— پېقىر ئاتا - ئانىسى ۋە دىلكەش ئېرىدىن ئايرىلغان بىر يېتىمە، — سۆز باشلىدى قولىغا دۇتارنى ئالغان مەريەمنىسا بوۋى تەزىم قىلىپ، — بۇ ۋاقىتقا قەدەر ھەسرەت - پىغانىمنى دۇتار چېلىش بىلەن بېسىپ، ياشلىرىمنى ناخشا ئېيتىش بىلەن توختىتىپ كەلدىم. سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ تەلىپى ھاياتىمىزغا خۇشاللىق ئەكەلگۈسى. ھۆرمەتلىك مەلىكە، ئاغىچا خېنىملار، ھاياتىمىزنىڭ بۇ سائادەتلىك پەيتلىرىنى قەدىرلەيلى، — ئۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئۇنىڭ چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەندى.
— بارىكاللا، بوۋى. جاھانباغ كىشىگە خۇشاللىق بەخش ئەتكۈچى ئارامگاھ. بۇ يەردە يىغلاپ، قايغۇرۇپ ئولتۇرۇشىمىزنى ئاللا راۋا كۆرمەيدۇ. قېنى سىز تىترەتكەن ئەۋرىشىم تارلار كۆڭۈللەردىن ھەسرەت - نادامەتنى كۆتۈرۈۋەتسۇن !
ئابدۇرەشىدخاننىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ مەريەمنىسا بوۋى دۇتارنى سازلاپ «ئۇشاق» مۇقامىنىڭ مەشرىپىگە سۇلكەت - نازاكەت بىلەن شۇنداق لەرزان چالدىكى، باش كېنىزەك شەمشىبانۇ، گۈلئايىملار ئىختىيارسىز ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشتى.

# ئون ئىككىنچى باب

# جاڭگالدىكى ھۆر قىز

## 1

ئەتىياز قۇياشى زەرەپشان بويلىرىنى ئىللىتتى. توك ئېرىپ، يەر يۇمشاپ، ئۇۋۇسىدىن چىققان چۈمۈلىلەر توغراق، تېرەكلەرنىڭ غوللىرىغا ياماشتى. كەينى - كەينىدىن ئېقىپ كەلگەن مۇز پارچىلىرى دەريا سۈيىنى بىراقلا ئۇلغايتىۋەتتى. كۈمۈش دولقۇنلار قىرغاقنى سۆيۈپ، ئوت - چۆپلەرنى ياشنىتىپ گۈزەل تۇسكە كىرگۈزدى. دەريا بويىدىكى سۆگەت، جىگدە دەرەخلىرى بىخ سۈرۈپ كۆكىرىشكە باشلىدى. ئېتىزلاردىكى بېدە، بۇغداي مايسىلىرىمۇ يەردىن ئەمدىلا باش كۆتۈرۈپ، غۇر - غۇر شامالدا مەيىن يەلپۈندى.

دەرياغا تۆمشۇقلىرىنى چۆكۈرۈپ سۇ ئىچىۋاتقان كېيىك - جەرەنلەر خۇددى بىرسى كاماندا بەرگەنىدەك تەڭلا باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلغىنىچە ئۇياق - بۇياققا قاراشتى - دە، بىرھازا پاتىپاراق بولۇپ توختاپ قېلىشتى.

چاتقاللىقتىن چىقىپلا ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتقان بىر توپ ئوۋچىلار تەييار ئولجىنى قاچۇرۇپ قويۇشقا قىيماي ھەرىكەتكە كېلىشتى. بەزىلىرى مىلتىقلىرىنى بەتلەشتى، بەزىلىرى يانىڭ كىرىچىنى تارتىپ ئوق ئۈزۈشكە ھازىرلاندى، بەزىلىرى نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ سانجىشقا تەييار تۇرۇشتى، يەنە بەزىلىرى قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ چاپماقچى بولۇشتى. پەقەت ھەممىنىڭ ئالدىدا تىزگىن سىيرىپ تۇرغان قارا گىرنىڭ

چـوٗلـۇۋرىـنى تارتقـان بىرلا ئۇۋچى نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قىلىشقان جەرەن ـ كېيىكلەرگە كۆزلىرىنى تىكىپ جىم تۇراتتى.
ـــ سۇلتان ئالىيلىرى، بۇ قېتىمقى شىكارىمىز غەلىبىلىك بولغۇدەك. قېنى سىلى باشتا ئوق ئۈزۈپ بەرسىلە، ـــ دېدى ساداقنىڭ كىرىچىنى تارتقىنىچە تۇرۇپ قالغان ئەكرەم.
ـــ ئەمىر، توختاڭ، بۇلار سۇ ئىچكىلى كەلگەن ئوخشايدۇ. ئۇلارنى بۇ ھالدا ئوۋلىساق، ئەسىرلەرنى قىرغىن قىلغان نامەرد سەركەردىگە ئوخشاپ قالىمىز. ئۇلارغا ئاۋۋال يول بېرەيلى، كەتسۇن. شىكار دېگەننى ئولجىلار يۈگۈرۈپ قاچالايدىغان، پاناھلىنالايدىغان دالا، قىرلاردا، ئورمان، قىيالاردا قىلساق، ئاندىن جەڭگە كىرگەندەك بولىمىز.
ئەكرەم ساداقتىن قولىنى يىغىپ قىدىرخانغا قارىدى. ئۇ ئابدۇرەشىدخاننىڭ سۆزىنى ماقۇللىغان تەرزدە بېشىنى لىڭشىتىپ، دېدى:
ـــ سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ سۆزىدە چوڭقۇر ھېكمەت بار، ئەمىر. كەلسە ـ كەلمەس يەردە ئوۋ ئوۋلاش ياخشى ئەمەس. بىزمۇ ئاتلىرىمىزنى سۇغىرىپ، يولىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى. ئېلىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە قۇشلار، ھايۋانلار ياشايدۇ، قەيەرگە بارساق شۇ يەردە شىكار قىلالايمىز. مۇھىمى شىكار قىلىدىغان جاينى، ۋاقىتنى ئوبدان تاللاشتۇر.
ئابدۇرەشىدخان ئېتىنى ئاستا دېۋىتتى.
ياۋۇز ئەلپازدا قاپساپ ئەمەس، ئادىمىي سالاپەتتە يول بوشىتىپ كېلىۋاتقان ئوۋچىلارنى كۆرگەن كېيىك ـ جەرەنلەر دەسلەپ قورقۇنچ ئىلكىدە كەينىگە بىرنەچچە قەدەم داجىشتى، ئاندىن ئوڭ يانغا بۇرىلىپ، تاقلاپ ـ سەكرەپ يۈگۈرگىنىچە چاتقاللىق ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولۇشتى. ئوۋچىلار ئاتتىن چۈشۈپ، كۆن قىيامدىن ئۆتكەنگە قەدەر ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا بويىدا سەيلە قىلغاچ ئارام ئېلىشتى. پېشىن

ۋاقتىدا. ئابدۇرەشىدخان زەرەپشاننىڭ مۇزدەك سۈيىدە تاھارەت ئالدى، دۇبۇلغىسىنى ئېگەر بېشىغا ئىلىپ قويۇپ، يېشىل دەستار يۆگەكلىك بۆكىنى كىيىپ، ھەمراھلىرى بىلەن بىللە نامازنى ئوقۇۋالدى.

بۇ ئابدۇرەشىدخاننىڭ جاھانباغدا خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھازىسىنى ئوشتۇپ، كۆڭۈل قاتلىرىدىكى ھەسرەت ـ نادامەت مۇزلىرىنى ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا بىلەن ئېرىتىپ، خوشال ـ خۇرام كۆكلەمنى كۈتۈۋالغاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق شىكارى ئىدى. بۇ ئوۋچىلار ئىچىدە سازەندىلەرمۇ بار ئىدى.

ئابدۇرەشىدخان دەستار يۆگەكلىك بۆكىنى خاس مۇلازىمىغا بېرىپ، دۇبۇلغىسىنى كىيدى ـ دە، ئاتقا مىندى. ئۇنىڭ تەييار ئولجىلارنى قويۇۋەتكىنىدىن نارازى بولغان بەزى ۋەزىر، ئەمىرلەر غودۇڭشىغىنىچە ئاتلىرىغا مىنىپ، كەينىدىن ئەگەشتى.

ئابدۇرەشىدخان ئولجىغا قۇش سېلىشقىمۇ، ئوق ئۈزۈشكىمۇ ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ياساۋۇل بۈركۈتنى، سول تەرىپىدىكى ياساۋۇل قارچىغىنى بىلەكلىرىگە قوندۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. چېقىر تىكەن، قامغاق، يۇلغۇن بېسىپ كەتكەن بىر تۆپىلىككە كەلگەندە، ئابدۇرەشىدخان ياساۋۇلدىن بۈركۈتنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ كۆزى يۇلغۇن تۈۋىدە تۇرغان چوڭ بىر توشقانغا چۈشكەنىدى. بۈركۈتنىڭ تۇماغىنى ئالدى ـ دە، قويۇۋەتتى. قۇش ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، قاناتلىرىنى كەرگەن پېتى پەسلەپ ئايلىنىپ، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى يەر يۈزىگە تىكتى. كۆكلەم شامىلىدا ئىرغاڭشىۋاتقان توغراقلارنى، تېخى كۆكەرمىگەن سېدىلەرنى، تىكەن، يانتاق باسقان تۆپىلىكلەرنى كۆردى. بىر توشقان يۇلغۇنلۇق ئىچىدە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن يىگىرمە غۇلاچ نېرىسىدىكى توغراق تۈۋىدىن بىر تۈلكىمۇ چىقتى. بۈركۈت چوغدەك يانغان كۆزلىرىنى بىردە تۈلكىگە، بىردە توشقانغا تىكىپ، قايسىسىغا چاڭگال سېلىشنى بىلەلمەي ئېڭىرقاپ قالدى. دەل شۇ چاغدا تۈلكە توشقانغا قاراپ

ئېتىلدى. بۇنى كۆرگەن بۈركۈت تۈلكىنى نىشانلاپ شىددەت بىلەن شۇڭغۇدى. ئابدۇرەشىدخان بۈركۈت شۇڭغۇغان تەرەپكە ئات چاپتۇردى. ئۇ يېتىپ بارغاندا، تۈلكىنىڭ دۈمبىسىگە قونۇپ، تۇمشۇقىغا چاڭگال سالغان بۈركۈت ئىگىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، ئۆلجىسىنى قىمىرلاشقىمۇ قويماي باسماقداپ تۇراتتى. «توشقان قېنى؟ ئەجەبا...» كۆڭلىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتكەن بۇ ئوي ئۇنى ئالدىرىتىپ قويدى. كەينىدىن تاپ باستۇرۇپ كەلگەن ياساۋۇلدىن قارچىغىنى ئالدى، ئاتنى چاپتۇرۇپ يۇلغۇنلۇقتىن چىقتى ــ دە، قارچىغىنى تۇماغىدىن خالاس قىلىپ قويۇۋەتتى. قارچىغا ئاسمانغا تىك ئۆرلەپ، ئولجىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمەي، ئۇياق ــ بۇياققا بىرقانچە قېتىم ئەگىدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلدى، ئۇ غازاڭ باسقان سۇسىز ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتكەن توشقاننى كۆرگەنىدى. قانىتىنى كەرگىنىچە شۇڭغۇپ توشقاننى باسماقدىۋالدى. ئابدۇرەشىدخان يېتىپ كەلگەندە، قورقۇپ تۈگۈلۈۋالغان بوز توشقان هوشىدىن كەتكەنىدى. ئۇ توشقاننى قارچىغىدىن ئاجرىتىپ، خەنجەر بىلەن بوغۇزلىدى. پاقالچىقىدىن بىر لوقما گۆشنى كېسىۋېلىپ، تەلمۈرۈپ تۇرغان قارچىغىغا بەردى. قۇش لوقمىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن چوقۇلاپ ــ چوقۇلاپ ئاغزىغا ئالدى ــ دە، يۇتۇۋەتتى. يەنە بىر پارچە بېرەرمىكىن دەپ تەلمۈرۈۋىدى، تۇماغىنى كىيدۈرۈپ قويدى. ئابدۇرەشىدخان قارچىغىنى قولىغا قوندۇرۇپ، ئاتقا مىنەي دەپ تۇرۇۋىدى، بىر كىيىكنى ئېتىنىڭ كەينىگە توغرىسىغا ئارتقان ئەكرەم يېتىپ كەلدى. ئۇلجا كەينىدىن قوغلاپ، تەرەپ ــ تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن ئوۋچىلار ئۇزاق ئۆتمەي تۆپىلىككە يىغىلدى. ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم شىكارغا چىققان قىدىرخاندىن باشقا ھەممەيلەن بىر ــ ئىككىدىن قۇش ياكى ھايۋان ئوۋلىغان، قىدىرخاننىڭ ئوغلى جالالىدىنخانمۇ بىر كەكلىك ئېتىۋالغانىدى.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەمرى بىلەن ئوۋغا چىقىشقان

شاھزادىلەر ۋە ئۇلارنىڭ بەگئەتكەلىرى بولغان ئابدۇلئەزىز كوكۇلداش، شاھەبىب ياركەندىي، دەۋرانبەگ قاتارلىق يىگىتلەرمۇ قىرغاۋۇل، كەكلىك، ئۇلار، كىيىك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئوۋلىغانىدى. شىكار تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، شۇڭا ئوۋچىلارنىڭ كەيپى چاغ، غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئادەت بويىچە ئوۋلىغان قۇش ـ ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى كاۋاپ قىلىپ نان بىلەن يەپ، قورساقلىرىنى تويدۇرۇۋالغان ئوۋچىلار مۇشۇ تۆپىلىكتە بارگاھ، چېدىر قۇرۇپ، كېچىنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشتى.

ئابدۇرەشىدخان باشچىلىقىدىكى بۇ ئوۋچىلار ئەتىسى يەنە ئاتلىنىپ، زەرەپشان دەرياسىنى ياقىلاپ يۈرۈپ ئۈچ كۈن شىكار قىلدى. ئوۋلىغان قۇش ـ ھايۋانلارنى ئۇلارنى بېسىپ ئۆتكەن يېزا ـ قىشلاقلاردىكى يېتىم ـ مىسكىنلەرگە بېرىۋەتتى. تۆتىنچى كۈنى تىزناپ بويىغا كېلىشىپ چېدىر، بارگاھ تىكىشتى. بۇ يەردە دەريا بويىدىكى سۆگەتلەر يوپۇرماق چىقارغان، تېرەكلەر پوتلا تاشلىغانىدى. بىخ سۈرۈشكە باشلىغان قومۇشلار مەيىن شامالدا بوش يەلپۈنەتتى. ئېتىزلاردىكى بېدىلەر تەكشى كۆكىرىپ تەرگۈدەك بولۇپ قالغانىدى. كەچ كۈزدە ئىسسىق جايلارغا ئۇچۇپ كەتكەن پەسىل قۇشلىرى توپ ـ توپ بولۇپ قايتىپ كېلىشكە باشلىغانىدى. بىركەمدە يايسىمان ھالەتتە ئۇچۇپ كەلگەن بىر توپ تۇرنا، ياۋا ئۆردەكلەر پەسلەپ ـ پەسلەپ دەريا بويىغا قونۇشتى ۋە سۇغا شۇڭغۇشتى، ئاندىن سۇدىن باشلىرىنى چىقىرىپ، قانات قېقىشىپ، يەنە سۇغا شۇڭغۇپ ئوينىغىلى تۇردى. دەريادىن نەزىرىنى ئۈزمەي باش ئەتىيازنىڭ بۇ جىلۋىسىدىن زوقلانغان ئابدۇرەشىدخان:

— بۈگۈن شەنبە، شىكار قىلمايمىز، بۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن مەشرەپ ئۆتكۈزىمىز، — دېدى قىدىرخان باشلىق ئەمىر، ئەركانلارغا.

— بۇ تولىمۇ ئاقىلانە گەپ بولدى، ئالىيلىرى. بۇ يەردىكى

دولانلار كۈندۈزنى ھۈنەر ـ ئەمگەك بىلەن، تۈنلىرىنى بەزمە ـ مەشرەپ بىلەن ئۆتكۈزىدىغان سەنئەتخۇمار خەلق.

ۋەزىر ـ ۋۇزرالار قىدىرخاننىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەشتى.

مەشرەپ سورۇنى ئابدۇرەشىدخاننىڭ بارگاھى ئالدىدىكى قو ـ مۇشلۇقنىڭ يېنىغا راسلاندى. ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلگەن كۈن نۇرىدا ئۇنىڭ ئالتۇن تاجىغا قويۇلغان يېشىل گۆھەر كۆكۈچ ئۇچقۇن چىقىراتتى. دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريادىن ئۇرۇلغان سەلكىن جۇت بولغان كۈنلەردىكىدەك ئادەمنى شۈركەندۈرمەيتـ ـتى، بەلكى ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

ئابدۇرەشىدخان بارگاھقا كىرىپ كىيىم يەڭگۈشلەپ چىقتى. ئۇچىسىغا تۆمۈر رەڭ بەقەسەمدىن تىكىلگەن تون، بېشىغا بادام دوپپا كىيىپ، بېلىگە يېشىل شايى پوتا باغلىۋالغان، پۇتىدا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك پارقىراپ تۇرغان، قولىدا ساتار. شۇ تۇرقىدا شاھقا ئەمەس، سازەندىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ئوردىدىكى كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكلىرىگىمۇ مانا شۇنداق كىيىنىپ چىقاتتى. بۇنىڭ بىلەن سورۇن ئەھلىدىكى ئەيمىنىش، قورۇنۇش، ھودۇقۇش، قورقۇنچ كەبى روھىي ئىسكەنجىلەر ۋۇجۇدىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئورنىنى خۇشخۇيلۇق، سەمىمىيەت، جۇرئەت، كۆڭۈل ئازادىلىكى ئىگىلەپ، سورۇن كەيپىياتى يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئەتراپتىكى كەنت ـ قىشلاقلاردىن كەلگەن سازەندە ـ مۇغەننىلەر، دېھقان ـ چارۋىچىلار سورۇن دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتتى، ھەتتا سۆگەت ـ تېرەكلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان ئوغۇل ـ قىز باللارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

قىدىرخان بارلىق سازەندىلەرنى رەتلىك ئولتۇرغۇزدى. ئابدۇرەشىدخان غەزەل ئوقۇپ مەشرەپنى باشلاپ بەردى. قىدىرخان بۇ غەزەلگە ئۇلاپلا «پەنجىگاھ»نىڭ بىرىنچى مەشرىپىگە راۋابنى تەڭكەش قىلدى. تەمبۇر، ئۇد، دۇتار، داپ، نەي، قالۇن قاتارلىق سازلارنى جور قىلغان سازەندىلەرنىڭ ئاۋازى تىزناپ شاۋقۇنىغا

قوشۇلۇپ كەتتى. ياشلار، باللار كۆتۈرگەن خادىنىڭ ئۇچىغا باغلاپ ئوت تۇتاشتۇرۇلغان ياغلىق قاپاقلار كېچە ئاسمىنىدا لاۋۇلداپ، سورۇننى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى.

مەشرەپ يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى. ئابدۇرەشىدخان سورۇن ئەھلى تارقالغاندىن كېيىنمۇ تىزناپ بويىدا ئۆزاققىچە ئايلىنىپ يۈردى. مەشرەپ ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرگەنىدى. مۇغەننىلەرنىڭ زوق - شوق بىلەن تارلارنى تىلغا كىرگۈزگەن چاغدىكى سۆلكىتى، بېيىت ئېيتىپ چاي سۇنغان لەۋەن قىز، چاچلىرى ئۇچىتەك ئاقارغان بوۋاي - مومايلارنىڭ بىر - بىرىگە بېقىشىپ ئوينىغان ئۇسسۇلى، دادخالىق قىلىپ ئالدىغا كەلگەن جۇۋان كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. ھەر خىل ھەجۋىي ئويۇنلار ھېلىمۇ ئۇنى كۈلدۈرمەكتە ئىدى. كېچە ئاسمىنىدىكى سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار ۋە ئون يەتتە - ئون سەككىز كۈنلۈك بولغان ئاي سۇ ئىچىدە چاقناپ تۇراتتى. تالا - تالا نۇر شولىلىرى دەريا قىنىغا سىرىق يوللۇق ئەتلەس يېيىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. توساتتىن دەريا يۈزىدىكى نۇر تالالىرى بۇزۇلدى، سۇ يۈزىدە نۇرغۇن بېلىقلار كۆرۈندى. ئابدۇرەشىدخان قىزىقسىنىپ قاراپ شۇنى بايقىدىكى، بېلىقلار قالايمىقان ھالدا ئەمەس، بەلكى سەپ - سەپ بولۇپ تەرتىپلىك ئۈزۈپ كەلمەكتە ئىدى. ئالاھازەل ئون مىنۇتلاردىن كېيىن بېلىقلار ئۆتۈپ بولدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قىسقا - قىسقا سەپ تارتقان يەنە بىر تۈركۈم بېلىقلار ئۆتتى. بۇ بېلىقلارنىڭ قاسراقلىرى پارقىراق ئىدى، تۈرۈپ - تۈرۈپ بىرنەچچىسى سۇدىن ئۆرلەپ چىقىپ، تۆت - بەش مېتىر يىراقلىققا ئۇچۇپ بېرىپ، يەنە سۇغا شۇڭغۇيتتى. بۇنى ئۇچۇش دېگەندىن كۆرە، سەكرەش دېسە مۇۋاپىق بولاتتى. ئەگەر ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چاقمىغان بولسا، ئابدۇرەشىدخان تىزناپ بويىدا يەنە قانچە ۋاقىت تۇراتتىكىنتاڭ، بۇنى خۇدا بىلەتتى. چاقماق دەل تىزناپ ئۈستىدە چېقىلىپ، ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەپ كەتتى. ئاسمان يۈزىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، يۇلتۇزدىن ئەسەرمۇ

قالمىدى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ يۈزىگە سۈرۈن، نەمخۇش ھاۋا ئۇرۇلدى. شارىلداپ ياغقان يامغۇر بارگاھقا كىرىپ بولغۇچە ئۇنىڭ لىباسىنى يۇغاندەك ھۆل قىلىۋەتتى. بىر ياندا قاراپ تۇرغان خاس ياساۋۇللار سەردارى ئابدۇللامۇ چېدىرغا كىرىپ كەتتى.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۇيقۇسى قاچقانىدى. «قىدىرخان ھەقىقەتەن تالانتلىق مۇزىكا ئۇستازى ئىكەن. شۇنچە مۇغەننىي ـ سازەندىلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئۇيغۇر مەشرىپىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. بۇ قېتىم شىكاردىن قايتىپ بارغاندا، ماھىر مۇغەننىي ـ سازەندىلەرنى رەشىدىيە مەدرىسەسىگە جەلپ قىلىپ، ئاۋامنىڭ مۇزىكىغا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇشنى قىدىرخانغا ھاۋالە قىلىمەن...» ئۇ شۇ خىياللار بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ شارقىرىشىغا قۇلاق سېلىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. چولپان تۇغقان مەھەلدە چۈش كۆردى، باغ ئىچىدە سەيلە قىلىپ يۈرگۈدەك، گۈللۈكنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ ساتار چېلىپ ئولتۇرغان بىر رەناغا كۆزى چۈشتى. ئۇ رەنا: «ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولسىمۇ، گۈل يەنىلا ئۆسىۋېرىدۇ، غۇنچىلاپ ئېچىلىۋېرىدۇ، خۇشبۇيى ئاي، كۆڭنى مەست قىلىدۇ» دەپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىغا مەھلىيا بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ھەرقانچە گەپ قىلاي دېسىمۇ، زۇۋان سۈرەلمىدى. قىز ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ساتارنى چېلىپ، ناخشىسىنى ئېيتىۋەردى. ئابدۇرەشىدخان جۈرئەت تۇلپارىغا مىنىپ، قىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا «كەينىمدىن مېڭىڭ» دېگەن مەنىدە شەرەتلىدى. قىز پەسىڭىدە كۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئابدۇرەشىدخانغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئابدۇرەشىدخان پات ـ پات كەينىگە قاراپ، قىزنىڭ ئىز بېسىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالدى. ئۇلار بىركەمدە ھەرەمگە كىرىپ كەلدى، قەسىرگە كىرىشكە تەرەپ ـ تەرەپتىن يىلانلار ئېتىلىپ كەلدى.

ئابدۇرەشىدخان قىزنى يالانلاردىن قوغداش ئۈچۈن چىڭ قۇچاقلىدى ...

ئابدۇرەشىدخان چۆچۈپ ئويغاندى، قارا تەرگە چۆمۈلگەنىدى. «ئەجەب چۈش كۆرۈپتىمەنا. ئۇردىدا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ ــ ھە؟» دەپ ئويلاپ ئورنىدىن تۇردى. كىيىنىپ سىرتقا چىقتى، ئۈپۈق ئاقىرىشقا باشلىغان، يامغۇر توختاپ، ھاۋا ئېچىلغانىدى. ئاي تېخىچە نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۇ دەريا بويىغا كېلىپ، تاھارەت ئېلىۋاتقان قىدىرخان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتان ئالىيلىرى. شۇنچە كەچ يېتىپمۇ يەنە بالدۇر تۇرۇپ كېتىپتىلا. ياخشى قوپۇپلىمۇ؟ — دېدى قىدىرخان ئېگىلىپ سالام بېرىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سەھەر تۇرۇشتا يەنىلا سىلىدىن كېيىن قاپتىمەن، ئۇستاز. ئاخشامقى مەشرەپ بەخش ئەتكەن ھۇزۇر ۋە ئىلھام غەيرىتىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ھېچ نەرسە ئادەمگە مۇزىكىدەك جۇشقۇن روھ ۋە زوق بېغىشلىيالمىسا كېرەك، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا تىكىلىپ، — ئوردىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ناخشا ـ كۈيگە ماھىر كىشىلەردىن بىر سانايى نەپىسە تەشكىللىسىلە.

— باش ئۇستىگە، شاھىم، — دېدى قىدىرخان خۇرسەن بولۇپ، ئارقىدىن كۆڭلىدىكى تەشۋىشنى ئوچۇقلا ئېيتتى، — بۇنىڭغا بۇزرۇكۋار خوجا مۇھەممەديۈسۈپ ھەزرەتلىرى قانداق قارار؟

— بۇزرۇكۋارنىڭ پايتەختكە كەلگىنىگە ئۈچ يىل بولدى. خانلىقىمىز ئۇنىڭغا يۇز ھوجرىلىق كاتتا خانىقا ياسىتىپ بەردى. ئۇستازنىڭ ھۆرمىتىنى جايىدا قىلىپ كېلىۋاتىمىز، ئۇ ھەرھالدا بىزدىن رازى. كۆڭۈل ئېچىش، كەيپ ـ ساپا ئىشلىرىنى قاتتىق توسقان بولسىمۇ، ناخشا ـ كۈيگە خۇشتار ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، ماڭا يول قويۇپ كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن

ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇشىمىز كېرەك.

ئابدۇرەشىدخان سۆزىنى تۈگىتىپ، ئەمدى نېمە دەيدىكىن، دەپ قىدىرخانغا قارىدى.

— يول قويۇپ كەلدى دېسەك، ئۇ زاتنىڭ شەنىگە مۇناسىپ كەلمەس. شۇڭا، يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى دېسەك توغرا بولارمىكىن، ئالىيلىرى؟ بۇ سۆزۈم ئۈچۈن ئۆزرىلىكمەن، — قىدىرخان قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى.

— مەقسەتلىرىنى چۈشەندىم، ئۇستاز. بۇزرۇكۋارنىڭ ئويۇن - تاماشىغا، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىش گۇناھ دېيىشىمۇ بىر جەھەتتىن توغرا. بىزنىڭ ئەيش - ئىشرەت قوغلىشىپ ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ناخشا - كۈي ۋە ئۇسسۇلغا شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىزمۇ خاتا ئەمەس. ئالدىنقىسى بىزنى ئەخلاقىي جەھەتتىن چەكلەپ، ئىمانىمىزنى ساپلاشتۇرسا، كېيىنكىسى روھىي هارغىنلىقىمىزنى تۈگىتىپ، غەيرەت - شىجائىتىمىزنى ئاشۇرىدۇ. «گاھىدا خۇدا بىلەن روسۇل، گاھىدا دۇتار بىلەن ئۇسسۇل» دېگەن ھېكمەتنىڭ مەنىسى شۇ بولسا كېرەك، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئاقىرىشقا باشلىغان ئۇپۇققا نەزەر تاشلاپ، — مەن ناخشا - كۈيدىن ۋاز كەچمەيمەن، ئۇستاز. بۇنى بۇزرۇكۋار چۈشىنىدۇ.

— ئارى، شاھىم. ئەمما، خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ھەزرەتلىرىنىڭ بۇنى چۈشەنمىكى مۇشكۇلدەك قىلىدۇ. مەن ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ بىرقانچە قېتىم مەدرىسەمىزگە كېلىپ، ماڭا تەنبىھ بېرىپ كەتتى، — قىدىرخان دەريادا چاقناپ تۇرغان ئاي شولىسىغا نەزەر تاشلاپ سۆزىنى توختاتتى.

— بىز بۇزرۇكۋارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا يول قويغىنىمىزدەك، ئۇنىمۇ ناخشا - كۈي بىلەن كۆڭۈل ئېچىشىمىزغا يول قويىدۇرىمىز.

— ئېيتقانلىرى كەلسۇن، شاھىم. ئەگەر ئۇ يول قويمىسىچۇ؟
— ئۇ چاغدا يول قويمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويىمىز.
ئابدۇرەشىدخاننىڭ بۇ قەتئىي سۆزى قىدىرخاننى خۇشال قىلىۋەتتى.
— بارىكالla. مەن ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم.
ئۇلار تىزناپ دەرياسىنىڭ قۇملۇق قىرغىقىدا ياندىشىپ ماڭدى. قىشلاقتىن خورازنىڭ چىللىغىنى، قويلارنىڭ مەرەشكىنى ئاڭلاندى.
— ئۇستاز، مەن شىكار قىلغاچ يۇرت ئارىلاپ، دېھقان ـ چارۋىچى قېرىنداشلىرىمنىڭ دەرد ـ ھالىنى بىلىپ بېقىشنى ئويلىشىۋاتىمەن. سىلى ماڭا ھەمراھ بولۇشنى خالامدىلا؟ — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن.
— ياخشى ئويلاپتىلا، ئالىيلىرى. پادىشاھ بولغان كىشىنىڭ رەئىيەت ھالىنى بىلىپ تۇرمىقى زۆرۈردۇر. خەلقنىڭ ھالىغا يەتكەن پادىشاھنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئۇزۇكسىز ئاشقۇسىدۇر.
تىزناپ دەرياسى تاڭ قاراڭغۇسىدا شارقىراپ، ئۆركەشلەپ ئاقماقتا ئىدى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆڭلىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمۇ دولقۇنلاۋاتاتتى. قىدىرخاننىڭ سۆزى ئۇنى ھاياجانلاندۇرغانىدى.
— ئۇستاز، مەرھۇم ئاتام ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاۋامنىڭ غېمىنى يەپ، خانلىقىمىزنى مۇستەھكەملىگەنىدى. مەن ئۇنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. قېنى ئېيتسىلا، مەن ئەل ـ ئاۋامغا يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىش قىلدىممۇ؟
— ئۆزلىرى ئاۋامغا بەخت ـ سائادەت يارىتىش، مەملىكەتنى روناق تاپتۇرۇش ئۈچۈن رىيازەت چېكىۋاتىدىلا، ئالىيلىرى ...
سوزۇپ ئېيتىلغان ئەزان ئاۋازى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويدى.

## 2

ئابدۇرەشىدخان باشچىلىقىدىكى ئوۋچىلار يەنە شىكارغا ئاتلاندى. بىرنەچچە كۈنگىچە چۆل ـ جەزىرە، بوستانلىقلارنى كېزىپ، ئوۋلىغان قۇش ـ هايۋانلارنى ئاجىز، نامرات دېھقان ـ چارۋىچىلارغا تارقىتىپ بېرىپ، قازانكۆل جاڭگىلىغا يېتىپ كەلدى.

قاش قارايغان چاغ ئىدى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەمرى بىلەن بۇ جاڭگالنىڭ شىمال تەرىپىدىكى كۆل بويىغا چېدىر، بارگاهلار تىكىلدى. بۇ كۆل دۈپدۈگىلەك بولغىنى ئۈچۈن «قازانكۆل» دەپ ئاتالغانىدى. كۆل چۆرىسىنى ياپيېشىل لەش باسقان، باراقسان ئۆسكەن سۆگەت، تېرەكلەر كۆلگە سايە تاشلاپ تۇراتتى. كۆلدە بىر جۈپ ئاق قۇ، بىرنەچچە جۈپ ئۆردەك ـ غازلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئابدۇرەشىدخان ئەتىسى ئەتىگەندە قىدىرخان، ئەمىر ئەكرەملەر بىلەن بارگاهتا ناشتا قىلغاندىن كېيىن دېھقان سىياقىدا ياسىنىپ، دولىسىغا خۇرجۇن ئارتىپ سىرتقا چىقتى. بۇ چاغدا نەچچە ئون ئوۋچى كۆل ئەتراپىغا توپلىشىپ، نېمىگىدۇر ئەنسىز قارىشىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار سۇلتاننى كۆرۈپ، قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ يول بوشاتتى. ئالدىغا قارىغان ئابدۇرەشىدخاننى ۋەھىمە بېسىپ تۇرۇپ قالدى. كۆل بويىدا بىرمۇنچە يىلان ئاپتاپقا قاقلىنىپ تۈگۈلۈپ ياتاتتى. خۇددى ئارقاندەك ئۇزۇن بىر يىلان بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە تىلىنى چىقىرىپ كۈشۈلدەيدى.

— ئەمىرلەر، ھېچكىم بۇ يىلانلارغا چىقلىمىسۇن. بۈگۈن شىكارغا چىقمايمىز، چېدىرغا قايتىپ ئارام ئېلىڭلار، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئارقىسىغا بۇرىلىپ.

توپلىشىپ تۇرغانلار چېدىرلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. ئابدۇرەشىدخان، قىدىرخان، ئەمىر ئەكرەملەر ئاتقا

مىنىشتى ـ دە، غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان چىغىر يول بىلەن مېڭىپ كېتىشتى. ئات تۇياقلىرىدىن ئۆرلىگەن توپا ـ چاڭ ئەتراپنى بىر ئالدى.

قاياقتىندۇر سېغىزخاننىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سېغىزخان سايراۋاتىدۇ، ئالىيلىرى، — دېدى ئەمىر ئەكرەم يۇلقۇنۇپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ.

— بۇ ياخشىلىقتىن بېشارەت، — دېدى قىدىرخان ئېتىنى مېڭىشىغا قويۇۋېتىپ، چۈشىدە كۆرگەن قىزنى خىيال قىلىپ كېتىۋاتقان ئابدۇرەشىدخانغا قاراپ. قىدىرخان بىلەن ئەكرەمنىڭ سۆزلىرى ئابدۇرەشىدخاننىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويىدى.

— مۇشۇ كەمگىچە سېغىزخاننىڭ سايرىغىنىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن، ناھايىتى يېقىملىق سايرايدىكەن.

— قاغىنىڭ سايرىشى شۇم خەۋەردىن، سېغىزخاننىڭ سايرىشى خۇش خەۋەردىن بېشارەت، دېگەن گەپ بار، ئالىيلىرى. يولغا چىقىشىمىزغا سېغىزخان سايراپ قالدى، چوقۇم بىر ياخشىلىققا ئېرىشىمىز ياكى بىر خۇش خەۋەر ئاڭلايمىز.

قىدىرخاننىڭ بۇ گېپى ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر ئۈمىد پەيدا قىلدى، لېكىن ئۇن چىقارماي تەبەسسۇم قىلدى، ئاتنى دېۋىتىپ مېڭىشنى تېزلەتتى. ئۇلار ئۇڭغا بۇرۇلۇپ مەززىلىك پۇراققا تولغان جىگدىلىكنى بېسىپ ئۆتۈپ، تىكەن بىلەن جىغان قاپلىغان ئوچۇقچىلىققا چىقتى. ئاپتاپنىڭ خېلى تەپتى بار ئىدى. ئاتلار پۇشقۇرۇپ، كىشنەپ توختىۋالدى، قامچا ئۇرسىمۇ تىرەجەپ زادىلا ماڭمىدى. بۇنىڭدىن ئەجەبسىنگەن ئابدۇرەشىدخان ئىككى بۇرادىرىگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىشىغا، بۆرىنىڭ ھۇۋلىغان ئۈنى ئاڭلاندى. ئۇ ھەر يانغا قاراپ، سول تەرەپتىكى يۇلغۇنلۇقتا كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ تۇرغان بىر كۆك بۆرىنى كۆردى. ئۇچەيلەن تەڭلا يانى بەتلەپ ئوق ئۈزمەكچى بولۇۋىدى، بۆرە يۇلغۇنلۇقنىڭ كەينىگە ئۆتۈپلا يوقاپ

كەتتى.
— بۆرىنى قوغلايلى، — دېدى ئابدۇرەشىدخان يۇلغۇنلۇققا ئات سېلىپ. بۆرە كۆز يېتىم يەردە توختاپ، ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندە توغراقلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بىر سائەت قوغلاپ تۇغراقلىقنىڭ چېتىگە چىققاندا بۆرە غايىب بولدى. ئۇلار ھەيرەت ئىلكىدە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن قىرلىرىنى ئوت باسقان بىر ئېرىق بويىغا كېلىپ قېلىشتى. شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇنى ياقىلاپ مېڭىپ، ئۇجمە دەرەخلىرى سايە سالغان ھارۋا يولىغا چىقىپ قالدى. شۇ چاغدا يەر ئاستىدىن تەمبۇر ئاۋازى ئىشىتىلگەندەك بولدى، تىزگىننى تارتىپ ئېتىنى توختاتقان ئابدۇرەشىدخان ئەتراپقا سەپسېلىپ، چوڭ بىر تۇپ قاپاق تېرەكنىڭ دالدىسىدا مورىسىدىن ئىس چىقىۋاتقان بىر ئۆينى كۆردى. تەمبۇر ساداسىمۇ شۇ تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى.
— قاراڭلار، ئاۋۇ يەردە ئادەم بار ئىكەن. كۆك بۆرىنىڭ بىزنى باشلاپ كېلىشى بىر خاسىيەتلىك ئىشتىن بېشارەت بولسا كېرەك، تەمبۇر ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىۋاتىدۇ، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئاتتىن چۈشۈپ.
قىدىرخان بىلەن ئەكرەممۇ ئەجەبسىنگىنىچە ئاتتىن چۈشۈشتى.
— ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ، ئىگىسى بىلەن ئەھۋاللىشىپ چىقايلى. بۇ جاڭگالدا ياشاۋاتقان ئۆي ئىگىسىدىن بەلكىم ياخشىلىق كۆرەرمىز ياكى خۇش خەۋەر ئاڭلارمىز، — ئابدۇرەشىدخان شۇنداق دېگىنىچە ئېتىنى يېتىلەپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى.
قوش قاناتلىق ياغاچ ئىشىكنىڭ تۇچ ھالقىسى ياتىۇ چۈشكەن كۈن نۇرىدا جۇلالىنىپ، يەردە چىرايلىق كۆلەڭگە ھاسىل قىلغان، ئىشىك ئالدى سۇ سېپىلىپ پاكىز سۈپۈرۈلگەنىدى. بۇ ئۆيدىن ئون قەدەم نېرىدىكى ئېرىققا ئىشىككە ئۇدۇللاپ ئىككى غۇلاچ چامىسىدا ساپال ياتقۇزۇلۇپ، نېرىقى تەرىپىگە پەلتەك

قويۇلغانىدى. ئابدۇرەشىدخان ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ، تۈچ ھالقا بىلەن ئىشىكنى قاقتى. تەمبۇر ئاۋازى توختاپ قالدى.

— كىم؟ — ئىچكىرىدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

— يولۇچى.

ئىشىكنىڭ بىر قانىتى ئېچىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاكا، ئارامىلىرىنى بۇزۇپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن كەچۈرگەيلا، — دېدى ئابدۇرەشىدخان تەۋازۇ بىلەن ئىككى قولىنى ئۇزارتىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — ئوتتۇرا بوي، ئۇچىسىغا كونا چەكمەن تون كىيگەن، ياداڭغۇ ئادەم ئابدۇرەشىدخان بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

قىدىرخان بىلەن ئەكرەممۇ ھودۇقۇپ قالغان ئۆي ئىگىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتى.

— بىز چار بازارچى، يېزا ـ قىشلاقلارنى ئارىلاپ كېلىۋېتىپ جاڭگالغا كىرىپ قالدۇق. ئېزىپ قالغىنىمىزنى بىلىپ، چىغىر يولدىن چىقماي مېڭىۋەرگەنىدۇق، بۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق. قارىساق ئۆي كۆرۈندى، شۇنىڭ بىلەن خۇدايىم قونالغۇغا ئۆزى يەتكۈزدى دەپ ئىشىكلىرىنى قېقىپ، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇق، خاپا بولمىغايلا.

— يوقسۇ، يوقسۇ، خاپا بولامدىغان؟ ئۆيگە كەلگەن مېھماننى كۈتۈۋېلىش بىز مۇسۇلمان خەقنىڭ بۇرچى. قېنى ئىچكىرى كىرىشسىلە.

ئۆي ئىگىسى ئىشىكنىڭ يەنە بىر قانىتىنىمۇ ئېچىپ، مېھمانلارنى ھويلىغا باشلىدى.

كەڭ ھويلىدا بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى مەيىن شامالدا شىلدىرلاپ تۇراتتى. ئۈجمە تۈۋىدە سالپاڭ قۇلاق، ئاق بويۇن چوڭ بىر ئىت خىرىلداپ ياتاتتى. ئىت يات كىشىلەرنى كۆرۈپ، ئىرغىپ تۇرۇپ قاۋاپ كەتتى.

— ھاي، قاپلان، جىم بول! — دەپ قولىنى كۆتۈردى

ساھىبخانا. ئىت شۇ ھامان قۇيرۇقىنى شىپپاڭشىتىپ، خىرقىراپ قويۇپ ياتتى. شۇ ئارىدا چىپار ئاسلاننى كۆتۈرگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقان قىزغا ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆزى چۈشتى. ئۇ قىزنىڭ ئۇچىسىغا يېپىلغان سۇمبۇل چاچلىرىنى كۆرۈپ قالدى، خالاس.

ساھىبخانا مېھمانلارنى تالالىرى يېڭىلا باراڭغا ئېلىنغان سۇپىغا باشلىدى. قىز مېھمان كەلگىنىنى بىلىپ، سۇپىغا كۆرپە سېلىپ قويغانىدى.

— قېنى ئازادە ئولتۇرۇشسىلا.

ئابدۇرەشىدخان قىدىرخانغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، ئۇنى تۆردە ئولتۇرغۇزدى. ئۆزى ئەكرەم بىلەن يانمۇيان ئولتۇردى. ئۆي ئىگىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى.

— بۇرادەر، كايىمىسىلا، بىزگە ئولتۇرۇپ ئارام ئالغۇدەكلا جاي بولسا بولدى، — دېدى قىدىرخان ئۆي ئىگىسىنى تونۇغاندەك قىلىپ، لېكىن ئېسىگە ئالالماي سورىدى، — ئاتلىرىمىز ئىشىك ئالدىدا باغلاقلىق پېتى تۇرىۋېرەمدۇ؟

ساھىبخانا ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ، جاۋاب بەردى:

— ئەنسىرىمىسىلە، بۇ جاڭگالدا ئوغرى يوق. يامبۇ، تىللانى يولغا تاشلاپ قويسىمۇ، سوغۇق قول تەگمەيدۇ. سۇلتانىمىز ئادىل، تەدبىرلىك بولغاچقا، غەم - ئەندىشىدىن خالىي ياشاۋاتىمىز. خاتىرجەم بولسىلا، ئاتلارنى شامدىن كېيىن ئېغىلغا ئەكىرىپ قويىمەن.

— بولدى، سىلى ئاۋارە بولمىسىلا، ئاتلارنى ئۆزىمىز ئەكىرىۋېتىمىز، — قىدىرخان ساھىبخانا سۇنغان چاينى ئېلىپ ئىككى يۇتۇم ئوتلىدى، — سىلى دېگەندەك ھازىر كىشىلەرنىڭ قورسىقى توق، خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن ئوغرى، قاراقچىنى يوق دېگىلى بولمايدۇ.

— بۇرادەر، بۇ جاڭگالدا كۆپ كەچۈرۈۋاتقىنىمغا ئالتە يىل بولدى. قوي - ئېشەكلىرىمنى مۇشۇ ئەتراپتىكى ئوتلاقتا

قويۇۋېتىمەن. بۆرە تەگمىسىلا، ئوغرى ـ قاراقچىدىن ئامان بولۇپ كەلدى. يۇقىسۇزلۇق ئادەمنى ھەر كويغا سالىدۇ. مىرزا ئابابەكرى زامانىدا يۇقىرالار نامراتلىشىپ، قاراقچى ـ ئوغرىلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكىنى راست. ئۇ زامانلاردا كىشىلەر كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىيالمايتتى. سەئىدخان كېلىپ، ئۇ زالىمغا ئەجەل يەتكەندىن كېيىن ئەل تىنچىپ، سودا ـ سېتىق راۋاج تاپتى. ئالۋان ـ سېلىق ئازىيىپ، يۇقىرىلارغا ماغدۇر كىردى. جېدەل ـ ماجىرا، تەپرىقچىلىك يىلسېرى ئازىيىۋاتىدۇ. بىراق، ئادەمنى ئوڭدا قويىدىغان ئالدامچىلار، مەككار ئەمەلدارلار تۈگىگىنى يوق. شەھەرگە چۈشكەن كۈن نۇرى كەنت ـ قىشلاقلارغا تېخى چۈشكىنى يوق.

ئابدۇرەشىدخان قىدىرخانغا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە سۆيۈنۈش، ئېيتىلارلىنىشتەك بىر تۇيغۇ گويا چاقماق چاققاندەك پاللىدە پەيدا بولۇپ، شۇ ھامان غايىب بولدى. «ياق، مەن تېخى ئادالەتنى ئاتامنىڭ روھى سۆيۈنگۈدەك، ئاۋام رازى بولغۇدەك تولۇق جارى قىلدۇرالمىدىم. مەدرىسە، مەسچىتلەرنى كۆپلەپ سالالمىدىم. تېخىچە نادانلىق دەشتىدە كۆلپەت چېكىۋاتقان قېرىنداشلىرىم نۇرغۇن. ئاۋامنىڭ تۇرمۇشى تېخى نامرات، كۆپىنچىسى جاپالىق ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇلارنى ئاساسىي تۇرمۇشقا ئېرىشتۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىشىم كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىيارىمىزدا زالىم ئەمەلدارلار، قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرىلەرمۇ يوق ئەمەس ...»

— بۇرادەر، سىلى مىرزا ئابابەكرى دەۋرىدىمۇ مۇشۇ جاڭگالدا تۇرامتىلە؟ — دەپ سورىدى قىدىرخان ساھىبخانىغا قاراپ. بۇ سوئال ئابدۇرەشىدخاننىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ، ئۆي ئىگىسىنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى.

— ياق، ئۇ چاغدا مەن بۇ يەردە ئەمەس ئىدىم.

— ئەمىسە قەيەردە ئىدىلە؟ — سوئالنى داۋاملاشتۇردى قىدىرخان نېمىنىدۇر بىلگۈسى كېلىپ.

— ئۇ چاغدا پايتەختتە ئىدىم، — ئۆي ئىگىسى جاۋاب بېرىپ

قىدىرخانغا تىكىلىپ قارىدى، — سىلىچۇ، بۇرادەر؟
— مەنمۇ پايتەختتە ئىدىم.
— پايتەختتە؟ نېمە ئىش قىلاتتىڭ؟
— ساز چالاتتىم.
— ساز چالاتتىم؟ قەيەردە، قانداق ساز چالاتتىڭىز؟ — ئۆي ئىگىسى چاي قۇيۇشنىمۇ ئۇنتۇپ، سوئال سوراش بىلەن بولۇپ كەتتى. ئابدۇرەشىدخان ئەكرەمگە قاراپ بويۇن قىسىپ قويدى.
— دادام بىلەن ئوردىدا ساز چالاتتىم، — قىدىرخان جاۋاب بېرىۋېتىپ ئۆي ئىگىسىنىڭ مۇرىسىنى تۇتتى، — قارىسىلا بۇرادەر، مەن سىلىنى ئوردىدا كۆرگەن، ئەمدى تونۇدۇم. ئاتلىرى مەھمۇد ئاخۇنغۇ دەيمەن؟ ئۇ چاغدا سىلىنى مەھمۇد ئاكا دەيتتىم.
— سىلى... سىلى قىدىرخان ئىكەنلىغۇ، ناسىرخان داپچىنىڭ ئوغلى. بايىلا تونۇغاندەك قىلىۋىدىم، لېكىن بۇ جاڭگالدا ... — ساھىبخانا ھاياجانلانغىنىدىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى، قىدىرخانمۇ قوپتى، ئۇلار بىر-بىرىگە بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرغاندىن كېيىن قۇچاقلاشتى.
ئابدۇرەشىدخان: «سېغىزخان بىكار سايرىماپتىكەن-دە ...» دېدى ئىچىدە.
ئەكرەم ئۆزى تۇغۇلمىغان چاغدا يېقىن ئۆتۇشكەن بۇ ئىككى مۇيسىپىتنىڭ شۇنچە ئۇزاق يىللار ئۆتكەندە، بۇ جاڭگالدا ئۇچرىشىپ قالغىنىدىن بەك خۇش بولدى.
— ئوتتۇز يىل بوپتۇ كۆرۈشمىگىلى، — دېدى قىدىرخان ئۇيغا چۆكۈپ.
— ھەئە، بىر قەرنە بولۇپ قاپتۇ، — مەھمۇد ئاخۇن كۆزىگە ياش ئالدى.
— بۇ جاڭگالغا قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىلا؟
مەھمۇد ئاخۇن قىدىرخاننى مۇرىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزدى، ئۆزىمۇ يۈكۈندى. خىيال قۇشى پەرۋاز قىلىپ، ناھايىتى يىراقتا قالغان شۇ كۆلپەتلىك ئۆتمۈشكە راۋان بولدى...

# 3

— سۆزلىسەم گەپ تولا، ئۇكا، — دەپ بېشىنى كۆتۈردى مەھمۇد ئاخۇن كەچۈرمىشلىرىنى بىر باشتىن بايان قىلىپ، — ئۇ چاغلاردا ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك ئەمەس ئىدىم، لېكىن سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاتامنى زىندانغا تاشلاپ، ئانام، ئىككى سىڭلىم ۋە مېنى قوغلاندى قىلغىنى ئېسىمدە. بىز يىغلاپ - قاقشاپ يۈرۈپ تىزناپ بويىدىكى قومۇشئېرىق قىشلىقىغا كېلىپ قالدۇق. ئەھۋالىمىزنى بىلگەن دېھقانلار بىزگە ئىچ ئاغرىتىپ ئۆي سېلىپ بەردى، يەرلىشىپ قالدۇق. ئانام زىنداندا ۋاپات تاپقان دادامنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا تولا يىغلاپ كۆزىدىن ئايرىلدى. تىلىكىمىزگە يارىشا سۇلتان سەئىدخان تەختتە ئولتۇرۇپ، ھال - كۈنىمىز ياخشىلانغان بولسىمۇ، ئانامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قازا قىلدى. ئىككى سىڭلىمنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىش مېنىڭ زىممەمدە قالدى. شۇنىڭ بىلەن سازنى تاشلاپ، مەھەللىمىزدىكى باپكارغا شاگىرت بولدۇم. باپكارچىلىقنى كۆڭۈل قويۇپ تېزلا ئۆگىنىۋېلىپ، ماتا، چەكمەننى توقۇشقا كىرىشىپ كەتتىم، ئەمما توي - تۆكۈن، مەشرەپلىرىنى مېنىڭسىز ئۆتكۈزمەيدىغان يۇرتداشلىرىم مەيلىمگە قويمىدى. مېنى بەزمە، مەشرەپلىرىگە يىگىتبېشى قىلىۋالدى. شەھەر، بازار، يېزا - قىشلاقلاردىن ساز چېلىشنى ئۆگەنگىلى كەلگەن شاگىرتلىرىم كۆپىيىپ، مەھەللىدە تۆتىنىڭ بىرسى بولۇپ قالدىم. سىڭىللىرىمنى ئارقا - ئارقىدىن ياتلىق قىلىپ، يۈكۈم يېنىكلىدى. لېكىن، مەن تېخىچە بويتاق ئىدىم. شۇ كۈنلەردە ئەلنىڭ غەمخار ئاتىسى بولغان سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولۇپ، پۈتۈن ئەل - يۇرت قايغۇغا چۆمدى. مەنمۇ قىرىق بىر كۈن ساز دېگەننى قولۇمغا ئالمىدىم. خەلقىمىز يەنىلا ئامەتلىك ئىكەن، ئابدۇرەشىدخان ئېلىمىزگە سۇلتان بولۇپ،

تۇرمۇشىمىز يەنە بۇرۇنقى ئىزىغا چۈشتى. لېكىن، دۇنيادىن
مۇشۇنداق تاق ئۆتۈپ كېتەرمەنمۇ، دەپ غەم قىلاتتىم. ئاخىر
مەھەللىدىكىلەر بۇ غېمىمنى مەن بىلەن تەڭ يەپ، بىر
ياغاچچىنىڭ قىزى بىلەن تويۇمنى قىلىپ قويدى. بېشىمغا باش،
ئېشىمغا ئاش قوشۇلۇپ، كۈنلىرىم كۆڭۈللۈك ئۆتۈشكە
باشلىدى. خوتۇنۇم ئېغىرئاياغ بولۇپ بىر قىز تۇغدى. بۇ قىزىم
ئالتە ياشقا كىرگەندە، تىزناپ بويىدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز
بېرىپ ئۇدا ئىككى يىل قار، يامغۇر ياغمىدى. ئېرىق -
ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى توختاپ، دەريا سۈيىمۇ ئازلاپ كەتتى.
تېرىغان زىرائەتلەر بولماي، يۇرتىمىزنى ئاچارچىلىق قاپلىدى.
تۈرلۈك كېسەللەر يامراپ، خوتۇنۇم قىزىپ يېتىپ قالدى. قارا
كېزىك بوپتىكەن، تېۋىپ چاقىرىپ داۋالاتتىم، داخانغىمۇ
ئوقۇتتۇم، دەمىدىمۇ ئىچۈردۈم، قىلمىغىنىم قالمىدى. ئەجىلى
توشۇپتىكەن، بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، بىزنى
داغۇ ھەسرەتتە قويۇپ جان ئۈزدى. بۇ مۇسىبەت ماڭا ناھايىتى
ئېغىر كەلدى. ھەسرەت ـ نادامەتتە خۇدۇمنى يوقىتىپ، بىر
دۇتارنى ئۇرۇپ چېقىۋېتىپتىمەن. قىزىمنى دېمىسەم، ئېسىلىپ
ئۆلۈۋالاتتىم. قىزىم ھاياتىمنى ساقلاپ قالدى. پۈتۈن زېھنىمنى
كۈچۈمنى شاگىرت تەربىيەلەشكە سەرپ قىلدىم. قىزىمغىمۇ
مۇزىكا ئۆگەتتىم. ئۇ تەمبۇر، دۇتار، غېجەك، ئۇد، قالۇن
چېلىشنى ئۆگىنىۋالدى. فارابىي، نەۋايى، سەككاكىي، لۇتفىي
قاتارلىق شائىر، كۈي ئۇستازلىرىنىڭ ھاياتى، ئىلمىي
پائالىيەتلىرىدىن خەۋەر تېپىپلا قالماي، شېئىر، غەزەللىرىنىمۇ
يادلىدى، بولۇپمۇ مۇقامنى ئىخلاس ۋە ئىشتىياق بىلەن ئۆگەندى.
ئۇ ناخشا ـ كۈيگە شۇنداق بېرىلىپ كەتكەنىدىكى، كۈندۈزلىرى
ساتار، تەمبۇر قولىدىن چۈشمەيتتى. كېچىلىرى تۇيۇقسىز
ئۆندەرەپ تۇرۇپ كېتىپ، قولىغا قايسى ساز چىقسا شۇنى
چالاتتى. بىز شاگىرتلىرىم ئەكەلگەن يېمەكلىككە قاراشلىق
ئىدۇق. كېيىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ پەرمانى بىلەن

قوٚرغاقچىلىق، ئاچارچىلىق بولغان يوٚرتلاردىن غەللە ـ پاراق ئېلىنمايلا قالماستىن، باشقا جايلاردىن گوٚروٚچ ـ بوٚغداي كەلتوٚروٚلوٚپ، قىيىنچىلىقىمىز ھەل قىلىنغاچقا، روھىمىز يەنىلا كوٚتوٚرولوٚپ قالدى. مانا شوٚنداق كوٚنلەرنىڭ بىرىدە مەھەللىمىزگە سوپى ـ سالىكلىرىنى باشلاپ خوجا ئەلائىددىن ئىشان كېلىپ قالدى. ئوٚ: «ئاللانى ئوٚنتوٚپ، نەغمە ـ ناۋا بىلەن بولوٚپ كەتكىنىڭلار ئوٚچوٚن، ئاچارچىلىق يوٚز بەرگەنلىكىنى ئويلاپ كوٚرمىدىڭلارمو؟ خالايىق، ئوٚيقوٚڭلارنى ئېچىڭلار. نامازنى ۋاقتىدا ئوقوٚپ، ئاللاغا سىغىنىڭلار. كىمكى بوٚنىڭدىن كېيىن يەنە شەيتانىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ناخشا، ساز بىلەن شوٚغوٚللىنىدىكەن، ئوٚزى كوٚپپار، خوتوٚنى تالاقتوٚر» دەپ ۋەز ئېيتىپ، كوٚي ـ غەزەل خوٚشتارلىرىنىلا ئەمەس، شاگىرتلىرىنىمو تەزدوٚروٚۋەتتى. ئەلائىددىن ئىشاننىڭ گېپىدىن قورقوٚپ كەتكەن كىشىلەر توۋا ـ ئىستىغپار ئوقوٚپ، ئوٚنىڭغا موٚرىت بولوٚشوٚپ، نەغمە ـ نەۋادىن ئوٚزىنى تارتىشتى. مەھەللە ئاقساقىلى ئوٚزىنىڭ ئايۋان ـ سارىيىنى ئىشانغا خانىقا قىلىپ، دەرگاھى ھەققە يوٚزلىنىشى ئوٚچوٚن ۋەخپە قىلىۋەتتى. ھەر كوٚنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن ھەلقە ـ ھەلقە بولوٚپ ھوٚ تارتىپ، جەرە سىلىپ دەرگاھى ھەققە يوٚزلەنگەن موٚرىتلار خوٚپتەندىن يانغاندىلا خانىقادىن تارايتتى. مەھەللىمىزنىڭ توي ـ توٚكوٚن، نەزىر ـ چىراغلىرىدا ئىشلىتىدىغان داش قازان، قاچا ـ قوموٚچلىرىنى ئوٚلار ئىگىلىۋالغان، مەندىن باشقا ھەممە كىشى دېگوٚدەك خانىقاغا بېرىپ، دەرگاھى ھەققە ئوٚزىنى تاپشوٚرغانىدى. مەن قىزىم بىلەن بەش ۋاخ نامىزىمنى ۋاقتىدا ئادا قىلىپ، تەمبوٚر، دوٚتارىمنى چېلىپ ئوٚيدە ئولتوٚرىۋەردىم.

كوٚزنىڭ دەسلەپكى كوٚنلىرى ئىدى. ناماز بامداتتىن كېيىن ناشتا قىلىپلا، قىزىمغا «راك» موٚقامىنىڭ داستانلىرىنى ئېيتقوٚزوٚۋاتسام، توٚيوٚقسىز ئىشىك ئېچىلىپ، ئەلائىددىن ھەزرەتلىرى چار ساقاللىرىنى تىترەتكىنىچە كىرىپ كەلدى.

ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدىم، سالامىمنى ئىلىكمۇ ئالماستىن، مۆڭگۈز ساپلىق ھاسىسىنى يەرگە توكۇلداتقىنىچە ھويلىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، ئالدىمدا توختىدى ـ دە:

— سەن مۇسۇلمانمۇ؟ — دەپ سورىدى بېشىنى گىلدىڭلىتىپ. ئۇ كۇلاھقا يۆگەلگەن يوغان سەللىسى، قىرىق يېرىگە ياماق سالغان كونا جەندىسى بىلەن ناھايىتى سۈرلۈك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانمەن، — دېدىم جاۋابەن.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا خانىقاغا بارمايسەن؟ — دەپ ھاسىسىنىڭ تۈمۈر بىلەن قاپلانغان ئۇچىنى كۆزۈمگە تەڭلىدى.

— «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاتائالا بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇڭلار، مەسچىتكە بېرىڭلار دېگەن، خانىقاغا بېرىپ جەرە سېلىڭلار دېمىگەن. پەيغەمبىرىمىزمۇ خانىقاغا بېرىش توغرۇلۇق ھەدىس قالدۇرمىغان. شۇڭا، خانىقاغا بارماي مەسچىتكە بېرىۋاتىمەن، — دېۋىدىم، ئىشانىنىڭ جان ـ پېنى چىقىپ كەتتى. ياھۇ يائاللا، دەپ پىرقىراپ جەرە سېلىپ تۇرۇپ:

— سەن پىر ـ ھەزرەتكە ھۆرمەتسىزلىك قىلدىڭ. ناخشا ـ كۈيگە بېرىلىش شەيتانىنىڭ ئىشى. سەن دەرھال ھوشۇڭنى يىغىپ، نەغمە ـ ناۋادىن مېھرىڭنى ئۈز. خانىقاغا بېرىپ دىلىڭنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ، قولۇڭنى پىر ـ ھەزرەتكە ئۇزارت. توۋا قىل، ئىستىغپار ئېيت. ئەگەر مۇنداق قىلمىساڭ، بۇ مەھەللىدىن كۆچۈپ كەت، زادى بۇگۇندىن قالماي كەت. كەتمەيدىكەنسەن، چالما ـ كېسەك قىلدۇرۇۋېتىمەن! — دەپ تەھدىت سالدى.

شۇ ئارىدا ھويلىغا كىرىپ كەلگەن مەھەللە ئاقساقىلى، ئىمام، مەزىن ئاخۇنۇملار ناخشا ـ مۇزىكىدىن قول ئۈزۈپ، خانىقاغا بېرىپ ئىشان ھەزرىتىمگە مۇرىت بولۇشۇمنى تەۋسىيە قىلىشتى. جاۋاب قايتۇرمىدىم. چۈنكى، گەپ يېمەس نادان كىشىلەرگە سۆزلەش ئېشەككە تەمبۇر چېلىپ بەرگەنگە ئوخشاش ئىش ئىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — مەھمۇد ئاكا قىدىرخانغا سوئال

نەزىرى بىلەن قاراپ بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — شۇنىڭ بىلەن ئەلائىددىن ھەزرەت پەش قىلىپ سوپا - سالىكلىرى بىلەن ئۆيىمىزدىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار كېتىپ تۇرۇشىغا قىزىم قازناقتىن چىقىپ، باغرىمغا تاشلانغىنىچە قار - يامغۇردەك تۆكۈلۈپ:

— بۇ يەردىن كېتەيلى، دادا. نەۋايى ھەزرەتلىرىمۇ شەھەرمۇشەھەر كېزىپ يۈرۈپتىكەنغۇ. يىراققا كېتەيلى، — دېدى.

ئاتا - بالا ئىككىمىز كېچىچە كىرپىك قاقمىدۇق. گاھ خۇداغا يىغلاپ، گاھ تەمبۇر، ساتار چېلىپ تۈنەپ چىقتۇق. ناماز بامداتنى ئوقۇپ، ناشتا قىلىۋالدۇق. شاگىرتلىرىم ياساپ بەرگەن ھارۋىغا ئېشەكنى قېتىپ، قازان - چۆمۈچ، كۆدە - كۆرپىلىرىمىزنى بېسىپ يولغا چىقتىم. قومۇشئېرىق مەھەللىسىنىڭ چېتىدە ناھايىتى باراقسان بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار ئىدى. شۇ يەردە توختاپ كەينىمگە قارىسام، پۈتۈن مەھەللە ئادەملىرى دەۋرەپ كېلىۋېتىپتۇ. ۋۇجۇدۇم ئېرىگەندەك بولۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم. ئۇلار كېلىپ «كەتمەڭ» دەپ ئۆتۈنۈشتى.

— ئاللا مېھرىمنى ناخشا - مۇزىكىغا سالغانىكەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلالمىغۇدەكمەن. مېنى توسماڭلار، قېرىنداشلىرىم. پېقىرغىمۇ باش تىققۇدەك بىر ماكان تېپىلار، — دەپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتىم. ئۇلار قوي، ئات، كالىدىن تارتىپ، ئۆي بىساتلىرىغىچە يوللۇق تۇتۇشتى. رەھمەت ئېيتىپ، ئۇزاپ ماڭدىم. بىر چاغدا كەينىمگە قارىسام، شاگىرتلىرىم ھارۋا، ئېشەكلەردە يوللۇق تۇتقان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىۋېتىپتۇ. ھەرقانچە گەپ قىلساممۇ، ئۇناشماي مەن بىلەن بىللە مېڭىشتى. كۈنپېتىشقا قاراپ چىغىر يول بىلەن كېتىۋەردۇق. «قىبلىگە قاراپ بىر كۈن توختىماي ماڭىمەن، قەيەردە قاش قارىيىپ، شام ۋاقتى بولسا شۇ يەردە توختايمەن» دېگەن قارارغا كەلگەنىدىم.

بىز قانچىلىغان يىزا ــ قىشلاقتا توختىماي ئۆتۈپ كېتىۋەردۇق. ئاخىر شام ۋاقتىدا قازانكۆل جاڭگىلىغا ــ مانا مۇشۇ يەرگە يېتىپ كەلدۇق. بىر سائەتما ياساپ كېچىنى ئۆتكۈزۈۋالدۇق. شاگىرتلىرىم ئىككى ھەپتە تۇرۇپ، ئۆي سېلىپ بېرىپ قايتىپ كېتىشتى. بۇ ئەتراپتا باشقا ئۆي يوقتەك قىلغان بىلەن بىر چاقىرىمغا يەتمىگەن ئارىلىقتا قىشلاق بار. جۈمە نامىزىغا شۇ قىشلاقتىكى جامەگە بارىمەن. بۇ يەردىمۇ ناخشا ــ كۈيگە بولغان مېھرىم مېنى جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتۈردى. بۇ يەرگىمۇ جاي ــ جايلاردىن نۇرغۇن ئادەم ناخشا ــ مۇزىكا ئۆگەنگىلى كەلدى. پېقىر بۇ يەردە سازغىلا تايىنىپ ئەمەس، يەنە ئوتۇنچىلىق قىلىپ جان بېقىپ كەلدىم. بۇ ئەتراپتىكى كىشىلەر مېنى مەھمۇد ئوتۇنچى، دەپ ئاتىشىدۇ. ھەممە ياق دەل ــ دەرەخلىك، ئوتۇن كانى. ھەر ھەپتىدە بازارغا بىر ھارۋا ئوتۇن ئاپىرىپ ساتىمەن. سىلىچۇ قىدىرخان، ئىنىم؟

ــ ئاتام مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۆزىگە سىغماي ئوردىدىن قوغلانغاندا كىچىك ئىدىم. كۇنۇم ناخشا ــ مۇزىكا بىلەن ئۆتەتتى. ئاتام ھايات ۋاقتىدا بالىچاقىلىق بولدۇم، كېيىن تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندىم. گاھىدا پايدا ئېلىپ، گاھىدا زىيان تارتىپ دېگەندەك ھاياتىمنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلدىم. بۇلار مېنىڭ چاربازارچى ھەمراھلىرىم. ئەگەر بۇ جاڭگالغا كېلىپ ئېزىپ قالمىغان بولساق، سىلى بىلەن دىدار كۆرۈشەلمەيدىكەنمىز. شۈكۈر، بىزنى ئۇچراشتۇرغان ئاللاغا رەھمەت.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، مەھمۇد ئاخۇننىڭ قورۇق باسقان چېھرىدە يېقىملىق تەبەسسۇم ئەمەس، نەپرەتلىك مەسخىرە ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.

ــ سىلى سازنى تاشلاپ، لاتىپۇرۇش بولۇپ كەتتىلىمۇ؟

ــ ئۇنداقمۇ ئەمەس، مەھمۇد ئاكا، ئۆيدە بولغان چاغلىرىمدا تەمبۇر، ساتارمۇ چالىمەن.

— بۇ گەپچە، ناخشا ـ مۇزىكىنى تاشلىيالماپلا ـ دە؟
— شۇنداق، ئۇنىڭدىن مېھرىمنى ئۈزەلمەي كېلىۋاتىمەن.
— قېنى مېھمانلار، مەزەگە بېقىشسىلا. گەمىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر قوغۇنۇم بار ئىدى، پىچىپ بېرەي، — دەپ ئورنىدىن تۇرغان مەھمۇد ئاخۇن ئۆي ئارقىسىغا ئۆتۈپ، كۆكۈچ سېرىق پوستى تورلاشقان قىشلىق كۆكچىدىن بىرنى ئەكېلىپ داستىخانغا قويدى ـ دە، بەلبېغىغا ئېسىقلىق غىلاپتىن پىچاقنى ئېلىپ پىچىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى. تىلنى يارغۇدەك تاتلىق قوغۇن ئابدۇرەشىدخاننىڭ يۈرىكىنى سەگىتتى. ئۇ تامغا ئېسىقلىق ساتار، تەمبۇردىن كۆزىنى ئېلىپ، بىر چەتكە قويۇلغان قالۇن، ئۇدقا تىكىلدى. «بۇ جاڭگالدا مۇنداق بىر مۇزىكا ئۇستازىنىڭ ئوتۇنچىلىق قىلىشى يەنىلا تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. بايا تەمبۇر چالغان كىشى مەھمۇد ئاكىمىدۇ ياكى ئۇنىڭ قىزىمىدۇ؟ ...»
— مەھمۇد ئاكا، يەنە نەگە بارىدىلا؟
قىدىرخاننىڭ بۇ سۆزىدىن خىيالى بۆلۈنگەن ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەزىرى ھويلىنىڭ نېرىقى تېمىغا يانداپ سېلىنغان قوتان تەرەپكە كېتىۋاتقان مەھمۇد ئاخۇنغا ئاغدى. مەھمۇد ئاخۇن قوتاندىن سېمىز بىر پاقلاننى يېتىلەپ چىقتى.
— قېنى مېھمانلار، دۇئا بېرىشسىلە.
— نېمە قىلاي دەۋاتىلا، ئاكا؟ بولدى، ئۇنداق جوۋاپ كەتمىسىلە.
— جوۋاپ كەتكۈدەك ئىش يوق، سىلەر ئۈچۈن تۆگە سويساممۇ ئەرزىيدۇ. مۇنداق ئۇچرىشىپ قېلىشنى كىم ئويلىغان؟
قىدىرخان مەھمۇد ئاخۇننىڭ ئۇنىمايدىغانلىقىنى تۇيۇپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى:
— ئىلاھا، ئىسمائىل زەبىيۇللانىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىزگە ھالال رىزىق ئاتا قىلغايسەن. ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر.

مەھمۇد ئاخۇن قارا باش قوچقارنى گۈللۈككە سۆ كىرىدىغان ئېرىقنىڭ قىرىدا ياتقۇزۇپ، پۇتلىرىنى چېتىپ باغلىدى ـ دە: «ئاللاھۇ ئەكبەر !» دەپ بوغۇزلىدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ توۋلىدى:

ــ هاي، ئامانىساخان، تەڭنە ـ تەلەڭگىنى ئاچىققىن !

ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيدىن بېشىغا چۇچىلىق كاتەكچە رومال سالغان زىلۋاغىنا بىر قىز چىقتى. زىبا قامىتىگە ياراشقان گۈللۈك شاتاۋار كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرى سەندەل كەشىگە تېگىپ، قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى تېقىمىدا سويلاپ تۇراتتى. ئىنچىكە بېلىنى مەخمەل جىلىتكە قىسىپ، يۇمران كۆكسى سەلگىنە كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئۇ تەڭنە، تەلەڭگىنى يەرگە قويۇپ، قوينى سويۇۋاتقان دادىسىغا قاراپ تۇردى.

مەھمۇد ئاخۇن پاقلاننىڭ يېغىنى ياغ، گۆشىنى گۆش قىلىپ ئايرىدى.

ــ ئامانىساخان، جان دوست بۇرادىرىم كېلىپ قالدى. ماۋۇ تەلەڭگىدىكى گۆشتە شورپا سالغىن، ئۇگرىمۇ كېسىپ قويغىن، سەۋزە، چامغۇرى كۆپرەك بولسۇن.

ــ ماقۇل، دادا، تۇگۇپ قويغان كۆك چۆچۈرىسى تۇرۇپ تۇرامدۇ؟

ــ ياق، قىزىم، ئۇنى هازىرلا پىشۇرغىن. كۆكلەم ئېشىغا مېھمانلار ئېغىز تەگسۇن، ــ مەھمۇد ئاخۇن مېھمانلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئامانىساخان چۆچۈرىنى پىشۇرۇپ، دادىسىنى چاقىردى. مەھمۇد ئاخۇن ئاشخانىغا كىرىپ، مىس تەلەڭگىگە ئۇسۇلغان چۆچۈرىنى ئاچىقىپ، مېھمانلار ئالدىغا قويدى ـ دە، ئاشخانىغا ئەكىرىپ قويغان يارتا گۆشنى كۆكتات ئورىسىدىكى ئاسقۇغا ئېسىپ قويۇش ئۈچۈن ماڭدى.

ــ مەھمۇد ئاكا قوي سويىمسا بولاتتى، مۇشۇ چۆچۈرە كۇپايە قىلاتتى، كىملىكىمىزنى بىلىپ قالغاندىمۇ يا؟ ــ دېدى

ھويلىنىڭ شەرقىي بۇرجىكىدىكى ئاشخانىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرغان ئابدۇرەشىدخان. ئۇنىڭغا چۆچۈرە بەك تېتىپ كەتكەنىدى. «نېمە دېگەن لەزىز. بۇ قىزنىڭ قولى ھەقىقەتەن تەملىك ئىكەن» دەپ تەلەڭگىگە يەنە قوشۇق سالدى.

— كىملىكىمىزنى تېخى بىلگىنى يوق، ھۆرمىتىمىزنى قىلىۋاتىدۇ. بۇ بەك ياخشى ئادەم، مەيلىگە قويۇپ بېرەيلى، ئاغرىنىپ قالمىسۇن، — قىدىرخان مەھمۇد ئاخۇننىڭ ئاشخانىدىن بىر چۆگۈن چاي ئاچىقىقىنىنى كۆرۈپ، دېدى، — ئاكا، بەك جوۋاپ كەتتىلىغۇ. ئولتۇرسىلا، شۇنچە ئۇزاق يىل تەقدىر بىر ـ بىرىمىزگە قارىمىزنى كۆرسەتمىدى. ئەمدى ئۇشتۇمتۇت دىدار كۆرۈشتۇرگەندە پۇخادىن چىققۇدەك مۇڭدىشىۋالايلى.

ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ گېپىگە لوقما سالدى:

— قىدىرخان ئاكا، سۆزلىشىپ قېنىشقىلى بولمايدۇ. ساز دېگەن كۆڭۈلنىڭ تىلى. بىز بايا بۇ ئۆيگە كىرىشتىڭ ئالدىدا چالغان ئاھاڭغا مەھمۇد ئاكا يەنە بىر قېتىم چېلىپ، يۈرەك مۇڭلىرىنى تۆكسە، ئاندىن سىلىمۇ مۇقامىنى باشلىسىلا، شۇ چاغدا پۇخادىن چىقمىساق، مۇنداق تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەپ پۇخادىن چىقالمايمىز.

— ئىنىم، سىلەر ئۆيگە كىرىشىڭ ئالدىدا تەمبۇر چالمىغانىدىمغۇ؟ — مەھمۇد ئاخۇن ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭغا باقتى.

— بىزنى بۇ يەرگە تەمبۇر ساداسى باشلاپ كەلدى. بۇ راست، شۇنداق لەرزان، شۇنداق يېقىملىق چالدىلىكى، ماڭا ئۇچار قۇشلارمۇ سايراشتىن توختاپ تىڭشاۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

مەھمۇد ئاخۇن بېشىنى چايقاپ كۈلۈمسىرىدى:

— دېگەنلىرى راست، ئۇكام، لېكىن تەمبۇرنى چالغان مەن ئەمەس.

— ئۇنداقتا كىم؟ — سورىدى ئابدۇرەشىدخان نېمىگىدۇر تەقەززا بولۇپ، كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر غەلىيان كۆتۈرۈلگەنىدى.

مەھمۇد ئاخۇن بىردىنلا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ جىمىپ قالدى.

قىدىرخان ئابدۇرەشىدخانىنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشنى بايقاپ ئولتۇرغانىدى. «مۇنداق سوئالنى قويمىسا بولاتتى» دەپ سۆزنى شىكار توغرىسىدىكى پاراڭغا يۆتكىمەكچى بولۇۋىدى، مەھمۇد ئاخۇن ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— ئۇ مېنىڭ قىزىم.

— قىزىم؟ — ئابدۇرەشىدخان ھاياجاندىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي سوئال نەزىرى بىلەن قارىغىنىچە قېتىپ قالدى.

— مېنىڭ ئوغلۇم يوق، شۇ بىرلا قىزىم بار، — دېدى مەھمۇد ئاخۇن مېھمانلارنىڭ مۇقام ئاڭلىغۇسى بارلىقىنى بىلىپ، — چېلىپ بەرسۇن. بابا دېگىنىمدەك قىزىم كىچىكىدىن مۇزىكىغا ھەۋەس قىلىپ، مەندىن مۇقامنىڭ كۈي، غەزەللىرىنى ئۆگىنىۋالغان.

قىدىرخان ئۇنىڭ ماقۇللۇق بىلدۈرگىنىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، «ھەرنېمە بولسا ئۇمىدىمىزنى يەردە قويمىدى، كۆڭلىمىزنى چۈشەندى» دېدى ئىچىدە.

مەھمۇد ئاخۇن ئايۋاننىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىنى داغدام ئاچتى:

— مېھمانلار، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت.

مېھمانلار ئايۋانغا كىرىپ كەلدى. بۇ سۇپىلىق ئۆينىڭ ئويۇق، تەكچىلىرى كىتاب بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئابدۇرەشىدخان قاراپ فارابىي، ئىبنى سىنانىڭ كىتابلىرىنى كۆردى. نىزامىي، ئابدۇرەھمان جامىي، نەۋايىلارنىڭ دىۋانلىرىمۇ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. «بىلىملىك كىشى ئىكەن، — دەپ ئويلىدى سۇلتان، — مەنسەپ، بايلىقنى كۆزلىمەي، كىتابنى دوست تۇتۇپ كەپتۇ، جاڭگالدىمۇ كىتابتىن ئايرىلماپتۇ. نېمىدېگەن ئالىيجاناب ئادەم ـ ھە ! بەزى باي، ئەمەلدارلارنىڭ ھەشەمەتلىك قەسىرلىرىدىن بىرمۇ كىتاب تاپقىلى بولمايدۇ.»

## 4

بۇ ئايۋاننىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى ئۆي بولۇپ، دېرىزىلىرى هويلىغا قارايتتى. بىرىدە مەهمۇد ئاخۇن، بىرىدە قىزى مەشغۇلات قىلاتتى. گەرچە جاڭگالدىكى ئۆي بولسىمۇ، تورۇسلىرى ۋاسا جۇپ، ناۋا، راملىرى نەقىشلىك، يورۇق ئىدى، پاكىزلىقىدىن سەرەمجانلىرى پارقىراپ تۇراتتى.

زاۋال ۋاقتى ئۆتۈپ، قاراڭغۇ چۈشتى. مەهمۇد ئاخۇن داستىخانغا بىر چىراغ، تەكچىگە بىر چىراغ يېقىپ قويدى. پاقىنىڭ كۇركىرىغىنى ئىشىتىلدى. بىر كۆك تاغىل مۈشۈك مىياڭلاپ كېلىپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ تىزىغا سۈۋۈنۈپ كۆرپە ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتتى.

ئۇلار شامنى ئوقۇۋېلىشتى.

مەهمۇد ئاخۇن داستىخان سېلىپ، شورپىغا سېلىنغان ئۈگرىنى ئەكىردى. ئاش شۇنداق مەززىلىك ئىدى، راهەتلىنىپ ئىچىۋېلىشتى. ئارقىدىن دۇمبىجىگەر تارتىپ، يەنە سەۋزە، چامغۇرلىرى بىلەن بىر تەلەڭگە گۆش ئەكىردى. يۇمشاق، تاتلىق پىشقان پاقلان گۆشىنى هۇزۇرلىنىپ يېيىشتى.

ئابدۇرەشىدخان بىر پارچە گۆشنى تىتىپ داستىخانغا قويۇپ بېرىۋىدى، مۈشۈك يەپ، خورۇلداپ، قۇيرۇق شىپپاڭشىتىپ بىردەم ئويناپ بەرگەندىن كېيىن يان ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ــ بۇلارنى بىزنىڭ قاپلانغا بېرەي، ئۇنىڭمۇ نەپسى تاقىلداپ كەتتى، ــ مەهمۇد ئاخۇن داستىخاندىكى سۆڭەكلەرنى تەلەڭگىگە سېلىپ چىقىپ، ئىتنىڭ يالىقىغا تۆكۈپ بېرىپ كىردى.

ــ ئەمدى مۇقام ئاڭلىساق، ــ ئابدۇرەشىدخان بىتاقەت بولۇپ، ئۆتۈنۈش نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.

ــ بولىدۇ، ئۇكام، ئەمدى كېچىچە ئۇخلىماي ناخشا ـ كۈي

ئاڭلىساقمۇ بىزگە ھېچكىم دەخلى قىلمايدۇ، — دېدى مەھمۇد ئاخۇن. ئۇ سىرتقا چىقىپ كېتىپ، تېزلا يېنىپ كىردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرگەن قىز ئايۋاننىڭ سول تەرىپىدىكى ئۆيگە قەدەم قويۇپ، ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قويدى. دادىسى ئېيتقان بولسا كېرەك، يۇزىگە يىپەكلىك رومىلىنى سەلگىنە قايرىپ قويۇپ، تەمبۇرنى قولىغا ئالدى. پەدىسىنى تەڭشەپ، «پەنجىگاھ» مۇقامىغا شۇنداق لەرزان چالدىكى، گويا قۇشلارنىڭ كەچكى سايراشلىرىمۇ، ياقىلارنىڭ كۈركىراشلىرىمۇ توختاپ قالغاندەك بولدى. تەمبۇرنىڭ تارلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان يېقىملىق كۈيلەردىن ئابدۇرەشىدخاننىڭ يۇرىكى شۇررىدە ئېرىدى. ئۇ ئىشىككە يېقىن ئولتۇرۇپ تەمبۇر چېلىۋاتقان قىزغا قارىشىغا:

ساڭا يۈز شۈكۈر، يا رەب، بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،
پېقىر — مىسكىنگە ئابدۇرەشىدخاننى پاناھ قىلدىڭ.

دەپ غەزەل باشلىدى:

بۇ دەۋراندا تۇغۇلغىنىم ئۈچۈن نېچۈك خۇش بولماي؟
مۇقام — كۈيلەر بىلەن دەشتۇچۆلنى چىمەنگاھ قىلدىڭ.
ئاتام ئەجرى بىلەن گۈلدەك ئۆسۈپ تاڭدا يەلپۈنسەم،
جاھالەت بالاسىدىن ھۇنۇز مېنى ئاگاھ قىلدىڭ.
نەفىسىي كېچە — كۈندۈز قىل دۇئا تەڭرى تەقدىسىغە،
كى شاھنىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىغ گۇناھ قىلدىڭ.

غەزەل تۈگىشىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرغان ئابدۇرەشىدخان نەفىسىي دېگەن ئىسمىغا قىزىقىپ سورىدى:
— نەفىسىي دېگەن شائىر كىم؟ سىز بۇ غەزەلنى كىمدىن ئۆگەنگەن؟
قىز تەمبۇرنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى، رومىلىنى زىبا

چېھرىگە دالدا قىلىپ، دېدى:
— كىشىنىڭ غەزىلىنى يادلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ قىلىپ ئوقۇغان كىشى قانداقمۇ شائىر بولالىسۇن؟ مەن نەۋايى، فۇزۇلىي، زەلىلىيلەرنىڭ دىۋانلىرىنى ئوقۇغان، بۇ غەزەل ئۆزۈمنىڭ. نەفسىي مېنىڭ تەخەللۇسۇم.
ئۇنىڭ تاڭ شامىلىدا يېپەك پەردىنىڭ لەپىلدىشىدەك چىققان يېقىملىق ئۈنى ئابدۇرەشىدخاننى ھەيران قالدۇردى.
— مەھمۇد ئاكا، بۇ دىلرەبا قىزلىرى نەچچە ياشقا كىردى؟
— ئون ئالتە ياشقا كىردى، ئۇكام.
ئابدۇرەشىدخاننىڭ بۇ گەپكە ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمىدى. «چۆلدە ئۆسكەن ئون ئالتە ياشلىق قىزدا قانداقمۇ ئۇنچىلىك پاساھەت بولسۇن؟» دەپ ئويلىدى.
زېرەك قىز ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭ سوئاللىق نىگاھىدىن بىلدى. دىۋان قىلىپ تۇزۇپ، ئويۇقتا ئېلىپ قويغان غەزەل ـ شېئىرلىرىنى ئېلىپ ئاتىسىغا بەردى.
— دادا، مېھمانلار كۆرۈپ باقسۇن.
مەھمۇد ئاخۇن قىدىرخانغا سۇندى. ئۇ قول ئۇزارتقان ئابدۇرەشىدخانغا تۇتقۇزۇپ قويدى.
يىپەك رەختكە كەشتە تىككەندەك ئاق قەغەزگە چىرايلىق، نەپىس، تەكشى يېزىلغان مىسرالارغا كۆز يۈگۈرتۈپ، بۇلارنى جاڭگالدا ئۆسكەن قىزنىڭ يازغانلىقىدىن تېخىمۇ گۇمانلاندى.
— ئامانىساخان، مالال كۆرمىسىڭىز، ھازىرنىڭ ئۆزىدە بىر بېيىت شېئىر پۈتۈپ باقامسىز؟ — دېدى ئۇ سۆيىدىن چۆشۈپ.
قىز يېنىك دەسسەپ بېرىپ تەكچىدىكى دۇۋەت ـ قەلەمنى ئەكەلدى. يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بۇ بېيىتنى يازدى:

يا رەب، بۇ بەندە قىلدى ئەجەب سۆئى زەن ماڭا،
گويا بۇ ئۆيگە ئۇندى بۇ ئاخشام تىكەن ماڭا.

ئۇ قولىنى رومىلى بىلەن يۆگەپ، يازغىنىنى ئابدۇرەشىدخانغا ئۇزارتتى. ئابدۇرەشىدخان ئۇنى ئالغۇچە قولىلا ئەمەس، يۈرىكىمۇ تىترەپ كەتتى. كۆزلىرىنى قەغەزگە تىكىپ، بېيىتنى پىچىرلاپ ئوقۇدى. ئۇنىڭ چىرايىنى سۈرۈنلەشتۈرۈپ قويغان گۇمان كۆلەڭگىسى غايىب بولدى، ئىشەنچ چىرىغى پاللىدە يورۇدى، سەدەپتەك ئاپپاق چىشلىرى كۆرۈندى.

— ئاللانىڭ ھېكمىتى ئۇلۇغدۇر. مېنى مازاق قىلماڭ، ھۆر قىز. سىزنىڭ ھەرقانچە ئۆتكۈر ئەقىلىنىمۇ لال قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنمىدىم. نۇرغۇن شەھەر، قىشلاقلارنى كېزىپمۇ، سىزدەك پاساھەت ئىگىسىنى ئۇچراتمىغانىدىم.

— تەرىپلىرىگە ھەشقاللا، مېھمان، — دېدى قىز تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— ئاللانىڭ سىزدەك ھەر جەھەتتىن كامال تاپقان بىر قىزغا ئۇچراشتۇرغىنىدىن كۆپ خۇرسەنمەن، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئىختىيارسىز قىزغا تىكىلىپ. ئۇنىڭ قەلب كۆكىدە سۆيگۈ چاقمىقى چېقىلىپ، كۆڭلى ئىرادىسىگە بويسۇنمايۋاتاتتى. ئامانىساخان ئاناردەك قىزىرىپ ياندىكى ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى يېپىۋالدى.

## 5

ئامانىساخان يېپىق ئىشىككە قارىغىنىچە لەۋلىرىنى ئۇچلاپ ئۆزىچە كۈلۈمسىرىدى. قولىدىكى «دىۋانى نەفسىي»نى ئويۇققا قويدى، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان چىراغنى ئىشىك بېشىدىن تەكچىگە ئالدى. نازۇك، ئەۋرىشىم قوللىرى بىلەن ئېتىكىنى تۈز قانىتىدەك يېيىپ پىرقىراپ ئۆي ئىچىنى بىر ئايلاندى. خۇشلۇقىدىن شۇنداق قىلىۋاتامدۇ ياكى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈنمۇ؟ بۇ ئۆزىگە ئايان ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇد دەرىخىنى ھاياجان

شامىلى ئىرغاڭشىتىۋاتاتتى. دېرىزىدىن قاراپ هويلىدىكى چىراغ يورۇقىدا مېھمانلارنىڭ تاشقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ، كۆزىنى دېرىزىدىن ئالالماي قالدى. «بۇ كېچىدە نەگە بارىدىغاندۇ؟ كەتمەكچىمۇ يا؟ ...» يۈرىكى تىكەن سانجىلغاندەك زىڭىلداپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەن مەھمۇد ئاخۇن ئېگىكىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا قويۇپ غەمكىن ئولتۇرغان قىزىغا باقتى:

— قىزىم.

— دادا، — بېشىنى كۆتۈرگەن ئامانىنىساخان ئاتىسىغا مۆڭگىلىنىپ قارىدى.

— نېمىگە مەيۈسلىنىپ قالدىڭ، قىزىم؟

— مەيۈسلەنگىنىم يوق، دادا. مېھمانلار كەتتىمۇ؟

— ياق، قىزىم. بۇ كېچىدە كېتىپ نەگە بارىدۇ؟ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كېتىشتى.

ئامانىنىساخانىنىڭ چىرايىدىكى بۇلۇت تارقاپ، تەبەسسۇم يامرىدى.

— ئۇلار كەتمەمدۇ، دادا؟

— بۇ كېچە قونۇپ قالىدۇ، قىزىم. ئەجەب سوراپ قالدىڭغۇ؟

— مېھمان كەلسە خۇش بولۇپ كېتىمەن، كەتسە مەيۈسلىنىمەن. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلمەيمەن. ئۆزۈمچە شۇنداق بولۇپ قالىمەن، دادا.

— جاڭگالدىن زېرىككەن ئوخشايسەن، قىزىم، — دېدى مەھمۇد ئاخۇن ئۇنىڭ روھىي هالىتىگە زەن قويۇپ، — هېلىمۇ چىدىدىڭ، قىزىم. ئاناڭ رەھمەتتى بولغان بولسا، مۇنداق غېرىبسىنىپ قالمايتتىڭ. مەھەللىگە كۆچۈپ كېتەيلىمۇ يا؟

— ياق، دادا، بۇ جاڭگالغا كۆنۈپ قالدىم. بۇ يەر گۈزەل هەم خىلۋەت، مەن ياخشى كۆرىمەن. ناخشا ئېيتساق، ساز چالساق هېچكىم دەخلى قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھەللىدىكى ئاداشلىرىم كېلىپ تۇرىدۇ. مەن بۇ يەردە قۇشتەك ئەركىن. بۇمۇ

سىلىدەك دادامنىڭ بولغانلىقىدىن، مېنى دەپ قىلمىغانلىرى قالمىدى، سىلىدەك ياخشى دادا دۇنيادا ئاز.

مەھمۇد ئاخۇننىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىدىن ياش تامدى، قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈۋېتىپ، دېدى:

— رەھمەت، قىزىم. خۇدا بەختىمگە دوستلىرىڭنى ئامان، يولۇڭنى راۋان قىلسۇن.

— ئاللا سىلىنىڭمۇ ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، دادا، — ئامانىساخان مەھمۇد ئاخۇننىڭ باغرىغا تاشلاندى.

— ئىلاھىم ئېيتقىنىڭ كەلسۇن، قىزىم، — ئۇ ئامانىساخاننىڭ بېشىنى سىلىدى، — ساڭا بىر گەپنى دېسەم، خاپا بولمايدىغانسەن؟

— خاپا بولمايمەن، دادا، — ئامانىساخان نېمە دەيدىكىن دەپ دادىسىنىڭ ئاغزىغا قارىدى، — تىللىسىلىمۇ، ئۇرسىلىمۇ خاپا بولمايمەن، جېنىم دادا.

— بايىقىدەك مېھماننىڭ يۈزىگە ئىشىك ياپمىغىن، قىزىم، كۆڭۈل ئاياشنى بىلمىگەن ئادەم ياخشى دوستتا ئېرىشەلمەيدۇ، يالغۇز قالىدۇ.

— ماقۇل، دادا، بىلمەي يېپىپ تاشلاپتىمەن، — دېدى ئامانىساخان خىجىل بولغىنىچە قاپقارا چاچلىرىنى چاڭگاللاپ يەر بېقىپ.

— قىزىم، ئۇلار سېنىڭ مۇزىكا، غەزەل، بېيىتلىرىڭنى تىڭشاپ خۇشال بولۇشتى. ھېلى كىرگەندە، سەن باشلاپ چېلىپ بەرگىن، مەنمۇ چالاي، قىدىرخان ئاكاڭمۇ چالىدۇ، ماقۇلمۇ، بالام؟ — مەھمۇد ئاخۇن قىزىنى ئۆزىگە قارىتىپ جاۋاب كۈتتى.

— ئەمدى چالمايمەن، دادا، — ئامانىساخان يەرگە قارىۋالدى.

— ئۇنداق دېمىگىن، ئوبدان قىزىم. قىدىرخان ئوبدان ئادەم، دادىسى دادام بىلەن دوست ئىدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن دوست بولدۇم. ئەمما، بىزنى تەقدىر ئوتتۇز يىلغا يېقىن ئايرىۋەتتى.

بىر ـ بىرىمىزنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلەلمەي، ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە باشلىغىنىمىزدا، سەن چالغان تەمبۇرنىڭ ئاۋازى ئۇنى ئۆيىمىزگە باشلاپ كەلدى. مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق خۇش بولۇپ باقمىغان. ئۇ تىجارەت قىلىشىۋېتىپتۇ، كۆي ـ غەزەلنىمۇ تاشلىماپتۇ.

— هە، — دېدى ئامانىساخان دادىسىغا خىيالچان قاراپ، — بايا ئىزا تارتىپ كەتتىم.

— نېمىشقا ئىزا تارتىسەن، قىزىم؟ كۆڭلۈڭگە كەلگۈدەك بىر ئىش بولمىغاندۇ؟

— بولمىدى، دادا.

— ئۇنداق بولسا مېھمانلارغا ساز چېلىپ بەرگىن، قىزىم، مەن دۇئا قىلاي.

— ماقۇل، چېلىپ بېرەي، دادا. مېھمانلارغا يەنە تاماق ئېتەمدىم؟

— ئۇلار خۇپتەننى ئوقۇپ بولغۇچە سەۋزە، گۆش تەييارلاپ قويغىن. ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ قالساق، پولۇ ئېتىپ بېرەرسەن.

— ماقۇل، دادا. ئۇلار كىرگۈچە تاھارەت ئېلىشقا سۇ تەييارلاپ قويىمەن.

خۇرسەن بولغان مەھمۇد ئاخۇن قىزىنىڭ ماڭلىيىغا سۆيۈپ، مېھمانلارنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتتى.

خۇپتەننى ئوقۇپ بولغان مېھمانلار باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. ئايۋاننىڭ ئىشىكى قىيا ئېچىلغان، ئىشىكنىڭ يوچۇقلىرىدىن كىرگەن شامالدا چىراغنىڭ پىلىلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتى تىلىنى ھەر تەرەپكە سوزاتتى. مەھمۇد ئاخۇن ئاپتاپپەرەس يېغىدىن بىر پىيالە ئاچىقىپ، چىراغلارغا قۇيۇپ قويۇۋىدى، لاۋۇلداپ يېنىپ ئۆي ئىچى باشقىچىلا يورۇپ كەتتى.

ئابدۇرەشىدخان ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندەك قىلاتتى. ئالدىغا قاتار تىزىپ قويۇلغان تەمبۇر، ئۇد، دۇتارغا قاراپ ساز چېلىش ئىشتىياقى قوزغالغان بولسىمۇ، قول ئۇزارتمىدى. كۆزى

تەلمۈرگەن ئىشىك ئاخىر ئېچىلىپ، يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. ئامانىساخان بېشىغا ھاۋا رەڭ يىپەك رومال سېلىپ، ئاق شايى كۆڭلەك ئۈستىدىن ئىزمىلىق تاۋار پىنجەك كىيىۋالغانىدى. قولىدا ساتار، بېشىنى ئېگىپ ئىشىككە يېقىن ئولتۇردى ـ دە، نەۋايىنىڭ بۇ غەزىلى بىلەن راك مۇقامىنى باشلىدى:

نى نەۋا ساز ئەيلەگەي بۇلبۇل گۈلىستاندىن جۇدا،
ئەيلەمەس تۇتى تەكەللۇم شەككەرىستاندىن جۇدا.

ئول قۇياش ھەجرىندە قورقارمەن فەلەكنى ئۆرتەگەي،
ھەر شەرارىيكىم بولۇر ئول ئوتلۇغ ئەفغاندىن جۇدا.

دىمە ھىجرانىمدا چەكمەيسەن فىغانۇ نالە كۆپ،
جىسىم ئەيلەرمۇ فىغان بولغان نەپەس، جاندىن جۇدا.

ئامانىساخاننىڭ يازنىڭ ئايدىڭ كېچىسىدىكى مەيىن شامالدەك يېقىملىق ئاۋازى ئابدۇرەشىدخاننىڭ يۈرەك تارىغا زەخمەك ئۇردى. ئۇ بىر قولىدا ئېڭىكىنى تىرەپ، بىر قولىنى تىزىغا قويغىنىچە ئامانىساخانغا تىكىلىپ قالدى.

قىز راك مۇقامىنىڭ تەزە، مەرغۇللىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن دادىسىغا مۇلايىم نەزەر تاشلىدى. مەھمۇد ئاخۇن چۈشىنىپ، راك مۇقامىنىڭ داستانىغا تەمبۇرنىڭ تارىنى شۇنداق چەكتىكى، قىدىرخان باش لىڭشىتىپ: «بۇ ئوتتۇنچى ئاكا ئاغىنەم، يەنىلا ماڭا ئۇستاز بولالايدىكەن» دەپ قالدى.

داستان ئوقۇلۇپ تۈگىدى. مەھمۇد ئاخۇن «راك» مۇقامىنىڭ مەشرىپىنى باشلاش ئۈچۈن قىدىرخانغا كۆز ئىشارىسى قىلدى. ئابدۇرەشىدخان «ھە قېنى، بولۇڭ» دېگەن مەنىدە قىمىرلاپ قويدى. قىدىرخان ئۈدنى چېلىپ، لەرزان ئاۋازى بىلەن مەشرەپ ناخشىلىرىنى ئېيتىپ تۈگەتكەندە، «بۇ سودىگەر ئىنى ئاغىنەم

مەندىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ لاتىپۇرۇشلۇق قىلغىنى يالغانمۇ نېمە؟ ئۇد ساداسى بىلەن ئۇنىڭ ئاۋازى نېمىدېگەن ماسلاشقان. ئەڭ ماھىر مۇغەننىلا مۇقامنى مانا شۇنداق ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلىيالايدۇ» دەپ ئويلىغان مەھمۇد ئاخۇن ئۇنىڭغا باركاللا ئېيتتى، ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى، قويۇق ساقال باسقان چىرايىنى كۈلكە قاپلىدى.

ئامانىساخان ساتارنىڭ مۇڭلۇق ساداسىغا تەڭكەش قىلغان ياڭراق ناخشىسى بىلەن «راك» مۇقامىنىڭ چۇشۇرگىسىنى تاماملىدى.

— باركاللا، قىزىم! مەھمۇد ئاكا بۇ جاڭگالدا ئوتتۇنچىلىق قىلىپلا قالماي، يەنە بىر كۆي ئۇستازى يېتىشتۇرۇپتۇ، بەكمۇ خۇشال بولدۇم. خۇدا مۇرادىڭىزغا يەتكۈزسۇن، — دېدى قىدىرخان چېھرىدىن تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ.

— تىلەكلىرى ئىجابەت بولغاي، ئۇستاز، — ئامانىساخان نازاكەت بىلەن ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ بېشىنى سەل ئەگدى، — مەن تېخى چاڭقىقى قانمىغان غۇنچە، مېھرىبان ئاتامنىڭ جان كۆيدۇرۇپ پەرۋىش قىلغىنىغا لايىق ئېچىلالماي كېلىۋاتىمەن. بۇ ئاخشام ھەربىرلىرىنى بىزار قىلىپ قويدۇممىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىپ قالدىم، ئەپۇ قىلىشقايلا.

قىزنىڭ كەمتەرلىك بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى ئابدۇرەشىدخاننىڭ يۈرىكىگە تۇتاشقان ئوتنى ئۇلغايتىۋەتتى. «گۈزەللىك بابىدىلا ئەمەس، پاساھەت بابىدىمۇ تەڭداشسىز ئىكەن. نېمىدېگەن شېرىنسۇخەن، نېمىدېگەن ئەدەپلىك قىز بۇ. مېنى ئۆزىگە ئەجەب مەھلىيا قىلىۋالدىيا ...» ئۇ خىيال ئىلكىدە قىزغا تىكىلگەندە، كۆزلىرى رومالىنىڭ دالدىسىدىن نەزەر تاشلىغان ئامانىساخاننىڭ شەھلا كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بىرنەچچە سېكۇنتلا داۋام قىلغان بۇ تەلمۈرۈشلەر ئابدۇرەشىدخاننى ئىشق سەۋداسىغا مۇپتىلا قىلدى.

ئامانىساخانىڭمۇ ۋۇجۇدىغا شېرىن بىر سېزىم تاراپ

يۈرىكى جىغىلدىدى.
قىدىرخان بۇ ئىككىيلەننىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشنى بايقاپ، مەھمۇد ئاخۇننىڭ كۆڭلىگە كەلمىسۇن دېدىمۇ، ئۇنى سۆزگە تۇتتى:
— ئاكا، يۇخادىن چىقتۇق. ئەمدى بىر پىيالىدىن چاي بولسا، ئۇسسۇزلۇقىمىزنى بېسىۋالساق.
— مانا ھازىر، بۇرادىرىم. ساقلاپ قويغان قوغۇنۇمدىن يەنە بىرى بار، پىچىپ بېرەي. بۇنىڭغىمۇ ئۇسسۇزلۇقىمىز قانمىسا، قىزىم چاي دەملەپ بەرسۇن.
مەھمۇد ئاخۇن تەمبۇرنى قويۇپ، ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى گەمىدىن بىر قوغۇن ئەكىرىپ، لېگەنگە تىلىملاپ داستىخانغا قويدى. بۇ قوغۇن ئاۋۋالقىسىدىنمۇ شېرىن ئىدى.
— ئەجەب تاتلىقكىنە تىلىمىنى تىللا بېرىپ ئالغۇدەك، — دېدى ئەكرەم تامىقىنى چېكىپ.
— ھازىر تىللا بېرىپمۇ مۇنداق قوغۇننى تاپماق تەس، ئۇكام، — قىدىرخان قوغۇندىن يەنە بىر تىلىم ئالدى، — پەيزاۋاتنىڭ داڭلىق قوغۇنلىرىدىن بولسا كېرەك ـ ھە، مەھمۇد ئاكا؟
— بۇ ئۆزۈم تېرىغان قوغۇن. تۇۋىگە يانتاق، بۇيا كۆمۈپ، زىغىر يېغى قۇيۇپ پەرۋىش قىلغانىدىم.
— ئەجىرلىرى بىكار كەتمەپتۇ، ئاكا. مۇنداق تاتلىق قوغۇننى مەنمۇ يەپ باقمىغانىدىم، — دېدى ئابدۇرەشىدخان. گەمىدە مۇزدەك ساقلانغان قوغۇن ئۇنىڭ كۆيۈپ تۇرغان يۈرىكىنى سەگىتەلمىگەنىدى. ئۇ چەكسىز ئىنتىزارلىق ئىلكىدە بايا ئامانىسساخان ئولتۇرغان ياندىكى ئۆينىڭ ئىشىكىگە كۆز سېلىۋىدى، كېشەككە يۆلەپ قويغان ساتارنى كۆردى. «ئامانىسساخان نەگە كەتكەندۇ؟»
ئۇ شۇ ئۆيدە بار ئىدى، تام تۇۋىگە بېرىنۋېلىپ ئۇنىسىز يىغلاۋاتاتتى. «مەن نېمە بولدۇم ـ ھە؟! ئۇ ئادەم سېھىرگەردەك

مەيتۇن قىلىۋالدىڭمۇ مېنى. ئۆيىمىزگە كەلمىسىمۇ بوپتىكەن، كۆزىنى مەندىن ئۈزمىدى. ئاتام بىلىپ قالارمىكىن دەپ ئولتۇرالماي قالدىم...»

مېھمانلار قوغۇنىلا يەپ چاي ئىچىشمىدى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن تەمبۇرنى قولىغا ئالغان قىدىرخان ئۆزى ئىجاد قىلغان «ۋىسال» مۇقامىغا چالدى. بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان مۇزىكا ئامانىيساخاننى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئىشىك يېنىغا باشلاپ كەلدى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئاشىقانە كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ مەيتۇنكار نىگاھى يەنە ئۇچرىشىپ قالدى...

مەھمۇد ئاخۇن قىدىرخان چالغان «ۋىسال» مۇقامىغا مەھلىيا بولۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا باش سىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، تاكى مۇزىكا ئاخىرلاشقۇچە بېشىنى كۆتۈرمىدى. ئۇ قىدىرخان تەمبۇرنى تامغا يۆلەپ قويغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، غۇلىچىنى يايغىنىچە ئۇنى قۇچاقلىدى. ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي قالغانىدى.

— بۇ يېڭى مۇقام ئىكەنغۇ، بۇرادىرىم، كامال تېپىپىلا. ماھارەتلىرىڭگە قايىل بولدۇمكى، ئاجايىپ بىر مۇھەببەت قىسسىسىنى ئاڭلاپ، ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم، — ھېس - تۇيغۇلىرى دولقۇن ياسىغان مەھمۇد ئاخۇننىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— يەنىلا سىلى مەندىن ئارتۇق ئىكەنلا، دوستۇم. پېقىر ئامانىيساخاندەك تالانت ئىگىسىنى يېتىشتۇرۇپ چىقالىغىنىم يوق. ئۇنىڭ مۇزىكىسىنى يەنە بىر پەدە ئاڭلاپ ئاندىن ئۇخلىساق، — دېدى قىدىرخان ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆڭۈل سۆزىنى ئېيتىپ.

— قىزىم، ئۆزۈڭ ئىجاد قىلغان مۇزىكىدىن بىر پەدە چېلىپ بەرگىن، ئاكىلىرىڭنىڭ ئاڭلىغۇسى بار ئىكەن.

ئامانىيساخان ساتارنى قولىغا ئالدى، بىر كامانچىنى تارغا ئاستا سۈركەپ چېلىشقا باشلىدى. بۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان

«چۈش» دېگەن مۇزىكا ئىدى.

ئاجايىپ سېھىرلىك بىر ئاۋاز يەر ئاستىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك، ئابدۇرەشىدخاننى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئالەمنىڭ بەرقۇت ياپراقلىرى شىلدىرلاۋاتقاندەك، ئېرىقتىكى بۇلاق سۈيى شىرىلداپ ئېقىۋاتقاندەك، دېرىزىگە تارتىلغان شايى پەردە لەپىلدەپ پىچىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئۇنى شېرىن ئۇيقۇ باستى. نېمىدېگەن يېقىملىق سادا بۇ! ئابدۇرەشىدخان ئۇچار گىلەمدە پەرۋاز قىلىپ چۈش كۆردى.

ئامانىساخان كۆز سېلىپ، ھەممەيلەننىڭ ئولتۇرغىنىچە مۈگدەپ قالغىنىنى كۆرۈپ پىسىڭڭىدە كۈلدى ـ دە، تۇرۇپ ئاتىسى مەشغۇلات قىلىدىغان ئۆيگە كىرىپ ئۈچ كىشىلىك ئورۇن سالدى. چىقىپ ئاتىسىنىڭ يۈزىنى سىلىۋىدى، چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى.

— دادا، مېھمانلار ئۇخلاپ قالدى، پولۇنى ئەتىگەنلىك ناشتىغا تەييار قىلاي، — دېدى پىچىرلاپ.

— ھۇششەرە، قىزىم. سەن بۇ يېقىملىق مۇزىكاڭ بىلەن مېھمانلىرىمنى ئۇخلىتىپ قويۇپسەن ـ دە. سەنمۇ ھۇجراڭغا كىرىپ ئۇخلا، چارچاپ قالدىڭ.

ئامانىساخان ھۇجرىسىغا كىرىپ يوتقانغا ئورىنىپ ياتتى، كۆزى ئىلىنىسىلا ئابدۇرەشىدخاننىڭ سىيماسى پەيدا بولۇپ تۇزۇك ئۇخلىيالمىدى، ئاخىر تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. كۆكلەم كېچىسى نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە! نەچچە كۈندىن بېرى قارا بۇلۇتلارغا ئەسىر بولۇپ كېلىۋاتقان ئاسماندا بۇ كېچە سانسىز يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى. چولپان يېڭى تۇغقاندى. كۈمۈش ئورغاقتەك كېچىكلەپ قالغان ئايمۇ پەلەك قەرىدە ئۈزمەكتە ئىدى. يېڭى ياپراق چىقارغان ئۈجمە دەرەخلىرى يېنىك ئىرغاڭشىپ شىلدىرلاۋاتاتتى. پېشايۋان بېشىغا ئۇۋا سالغان قارلىغاچلار ۋىچىرلىشىپ، بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلاتتى.

مېھمانلار تېخىچە شېرىن ئۇخلاۋاتاتتى. ئامانىساخان تاھارەت

ئېلىپ، بامدات نامىزىغىچە سەۋزە، گۆشنى قورۇپ بولدى. بايا يۇغۇرۇپ قويغان خېمىرغا ياغ يېدۈرۈپ، قاتلىما يېقىشقا راسلاپ قويدى.

تاڭ سۇزۇلەي دېگەندە مېھمانلار تۇرۇشۇپ تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ھويلىغا چىقىشتى. يىراقتىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئامانىنساخان ئىشىك يوچۇقىدىن قاراپ، ئاشخانىغا كۆز سېلىپ تۇرغان ئابدۇرەشىدخاننى كۆرۈپ، يۈرىكىنى تۇتقان ھالدا ئارقىسىغا يېنىپ ئولتۇرۇۋالدى. «بۇ مېھمانلارمۇ كېتىدۇ، مەن قالىمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا مۇنچە پۇچىلىنىمەن؟» دەپ ئويلاپ، قوپۇپ ئىشىكنى ھىم ياپتى. گۈرۈچنى يۇيۇپ قازانغا سالدى، ئوتنى پەسلىتىپ دۈملىدى، نامازنى ئاشخانىدىلا ئوقۇپ ئۇزاق دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەپ دۇئا قىلغانلىقى خۇداغا ئايان ئىدى.

— بالام، ئاش دەم يېدىمۇ؟ — دېدى ئاشخانىغا كىرگەن مەھمۇد ئاخۇن ئوتى تارتىلغان ئوچاققا قاراپ.

— ئاز قالدى، دادا. مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ، داستىخاننى سېلىۋەرسىلە، چاي ئىچكەچ تۇرسۇن.

مەھمۇد ئاخۇن ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچىنى ئاچىقىپ كەتتى.

ئامانىنساخان چوڭ مىس لېگەنگە پولۇنى دۆۋىلەپ ئۈستى، ئۈستىگە گۆش، بېھى، چامغۇر باستى. كۆتۈرۈپ ھويلىغا چىقىشىغا دادىسى كېلىپ ئالدى. ئەتراپقا پولۇنىڭ مەززىلىك پۇرىقى تارقىدى. ئىت ئويغىنىپ، پەس ئاۋازدا قاۋاپ تۇرۇپ كېرىلدى.

ئامانىنساخان ئۆزىگە ئۇسقان ھېچىردىكى پولۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى يېرىم بولۇپ، يىغلىغۇسى كېلىۋاتاتتى. بىر پارچە چامغۇر، بىر پارچە بېھى يېدى. شۇنداق شېرىن پىشقانىدىكى، ئاغزىغا پولۇدىن بىر كاپام سېلىپ تەستە يۇتتى. غىققىدە بولۇپ، زادى يېگۈسى كەلمىدى. «نېمە بولغاندىمەن؟ ھېچنېمىگە رايىم بارمايدۇغۇ، يۈرىكىم

ـەنسىز، ئىچىم تىتىلداپ كېتىۋاتىدۇ. نېمە ئىشتۇ بۇ؟ ...»
ئۇنىڭغا ھېچنېمە بولمىغان، پەقەت ئابدۇرەشىدخانىغا كۆڭلى
چۇشۇپ قالغان، خالاس. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈسى،
ـۆزلەشكۈسى كېلىپ بىئارام بولۇۋاتاتتى. ئەگەر ئۇ ئاتىسىنىڭ
ـەربىيەسىدە كىچىكىدىن ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن مىجەزنى
ـېتىلدۇرمىگەن بولسا، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان بولاتتى. شۇڭا،
ـېھمانلار ئۇزىغاندىمۇ ئاشخانىدىن چىقمىدى. ئابدۇرەشىدخانىنىڭ
ـەر تەرەپكە تىكىلىپ، ئۆزىنى ئىزدىگەنلىكىنىمۇ بىلمىدى.
مەھمۇد ئاخۇن مېھمانلارنى ئۇزىتىپ كىردى.
— ئامانىنىساخان !
— خوش، دادا.
— بۇياققا چىققىن، قىزىم.
— مانا ھازىر.
كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ ھويلىغا چىققان ئامانىنىساخان
ـاتىسىنىڭ كەينىدىن ئايۋانغا كىردى.
— مېھمانلار كەتتىمۇ، دادا؟ — ئامانىنىساخانىنىڭ ئۈنى بوش،
ـەسرەتلىك ئىدى.
— كەتتى، قىزىم. ئۇلار يەنە كېلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى
ـەھمۇد ئاخۇن خۇشال ھالدا.
— ھە، قاچان كەلگۈدەك؟
— پات ئارىدا كېلىمىز، دېدى، قىزىم. لېكىن، بىر ئايدا
ـېلەمدۇ، بىر يىلدا كېلەمدۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. بۇ يەردە
ـىرمۇنچە نەرسىلەرنى قويۇپ كەتتى، — دېدى مەھمۇد ئاخۇن
ـىر بوپىنى كۆرسىتىپ.
ئامانىنىساخان بوپىنى ئاچتى. بىر توپ كىمخاب، بىر توپ
ـەمەرقەنت بەقەسىمى، ئىككى توپ گۈللۈك يىپەك رەخت،
ـىككى توپ قارا يوللۇق ھاۋا رەڭ ئەتلەس ئۈست ـ ئۈستىگە
ـەستىلەنگەنىدى. بۇ ئادەتتىكى رەختلەر بولماستىن، سوپىتى
ۇقىرى، ئېسىل ماللاردىن ئىدى. قىز دادىسىغا سوئال نەزىرى

بىلەن باقتى.
— قىدىرخان تىجارەت قىلىپ ئۇبدان بېيىغاندەك تۇرىدۇ. ئ
بۇ جاڭگالدا مەندەك قەدىناس دوستىنى ئۇچرىتىپ قالغىنىدىر
بەك خۇشال بولغان بولسا كېرەك، بۇ ماللارنى ماڭا ھەدىيە
قىلىۋەتتى. ئالمايمەن دېسەم، زادىلا ئۇنىمىدى. «يەنە كېلىشىمنى
خالىسىلا قوبۇل قىلغايلا، بۇلار مەن ئۇچۇن ھېچنېمە ئەمەس
قوبۇل قىلسىلا، بۇرادىرىم» دەپ تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن
ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم، قىزىم.
— بۇ قىممەت باھالىق رەختلەر ئىكەن، دادا. ئەجەب
بىكارغىلا بېرىۋېتىپتۇ، سىلىمۇ ئويلىمايلا قوبۇل قىپتىلا، —
دېدى ئامانىنىساخان ئويچان ھالدا.
— ئۇ جاندىن ئەزىز بۇرادىرىم بولمىغان بولسا، ھەرگىز
ئالمايتتىم، قىزىم. ئۇنىڭ باشقا نىيىتى يوق.
— ئىلاھىم شۇنداق بولسۇن، دادا.
ئامانىنىساخان رەختلەرنى ساندۇققا سېلىپ قويدى
مېھمانلارنىڭ يەنە كېلىشىدىن ئۈمىدلەنگەن بولسىمۇ، ئاتىسى
دېگەندەك بىر ئايدا كېلەمدۇ، بىر يىلدا كېلەمدۇ، نامەلۇ
بولغاچ، ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. لېكىن، مېھمانلار بىر ئايد
ئەمەس، ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، تۆتىنچى كۈنى چۈشكە يېقىن كەلدى
كەلگەنلەر ئادەتتىكى كىشىلەر بولماستىن، كۈمۈش ئوتۇغاتلىق
سەللە ئورىغان، كىمخاب تون كىيگەن سالاپەتلىك ئورد
ئەمەلدارلىرى ئىدى. مەھمۇد ئاخۇن ئىشىك ئالدىدا ئۇلارنى
كۆرۈپ مەڭدەپ قالدى، قىدىرخان تونۇشلۇق بەرگەندىن كېيىن
ھەيران بولغىنىدىن ئېسەنگىرىگەن ھالدا مېھمانلارنى ئۆيگە
باشلاپ داستىخان سالدى، ئەندىشىلىك نەزىرى بىلەن باقتى، گەپ
قىلالماي قالدى.
— بۇرادىرىم، مەن ئۆزۈمنى قايتىدىن تونۇشتۇراي، پېقى
قىدىرخان سەئىدىيە ئوردىسىنىڭ دىۋانبېگى بولىمەن. ب
كىشى، — قىدىرخان ئەمىر ئەكرەمنى كۆرسەتتى، — خانلىقنىڭ

ئەمىرلەشكىرى ئەكرەم بولىدۇ. بۇ ئىككى يىگىت ياساۋۇل.

مەھمۇد ئاخۇن يەنىلا زوۋان سورمەي ھاڭۋېقىپ تۇردى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ۋەھىمىدە قالغانلىقىنى بىلگەن قىدىرخان يەنە كۈلۈمسىرىگىنىچە ئېغىز ئاچتى:

— ئەي، قەدىردان بۇرادىرىم، مېنى ئۆتكەندە تىجارەتچىمەن دېگەندى، بۇ قېتىم كېلىپ دېۋانىيگەمەن، دەۋاتىدۇ، زادى بۇ قانداق ئادەم، مۇددىئاسى نېمىدۇ، دەپ ئەجەبلىنىپ قالدىڭمۇ دەيمەن؟ ئۆتكەندە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، مەن ۋە ئەمىر ئەكرەم ئۈچىمىز تىجارەتچى سىياقىدا ياسىنىپ، خەلقنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن يۇرت ئارىلاپ ماڭغانىدۇق، كۆتمىگەندە سىلىنىڭ ئۆيلىرىگە كېلىپ قالدۇق.

— ئاشۇ چاغدا ئاراڭلاردا سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بارمىدى؟ — ئەجەبلەنگەن مەھمۇد ئاخۇن ھاياجانلىنىپ سورىدى.

— بار ئىدى، بۇرادىرىم. ھېلىقى بۇرۇتلۇق، سالاپەتلىك يىگىت ئابدۇرەشىدخان ئىدى. سىلىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىمدىن بېشىم ئاسمانغا يەتكەن بولسىمۇ، ھەمراھلىرىمنىڭ ئەسلىي زاتىنى ئاشكارىلىشىمغا بولمايتتى. ئاشۇ كېچىنى زوق ـ شوق بىلەن كۈي ـ غەزەل ياڭرىتىپ ئۆتكۈزدۇق. ئۇ گۈزەل كېچە ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ! — قىدىرخان سۆزدىن توختاپ، تېخىچە پەگاھتا قول باغلاپ تۇرغان مەھمۇد ئاخۇننىڭ پېشىدىن تارتىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاكا، سۇلتانىمىز ئابدۇرەشىدخان ديانەتلىك، ئادىل پادىشاھ. جانابىي ئاللا ئۇنى ئاشۇ كېچە ساھىبجامال قىزلىرىغا شەيدا قىلىپ قويۇپتۇ. بىز بارگاھقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاھ چېكىپ ئۆز چالغىنىنى كۆرۈپ، سەۋەبىنى سورىسام، «ماڭا ئىشق بالاسى يېپىشتى» دەپ ئامانىسا خېنىمغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغىنىنى ئېيتتى ۋە مېنىڭ ئەلچى بولۇپ بېرىپ سىلىدىن رازىلىق ئېلىپ كېلىشىمنى ئۆتۈندى.

— قېنى ئېيتسىلا، بۇرادىرىم، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ساز

چىلىشنى بىلەمدۇ؟ ــ ھەيرەت ئىلكىدە سورىدى مەھمۇد ئاخۇن.
ــ سۇلتانىمىز ناخشا ـ كۈيگە بەكمۇ ھېرىسمەن، ئۇد، ساتار، تەمبۇر، دۇتارلارنى ۋايىگە يەتكۈزۈپ چالالايدۇ، يەنە شېئىر ـ غەزەلنىمۇ يازىدۇ.
ــ مۇنداق دېسىلە، شۇڭا قىزىمدىن بۇ ھەقتە قىزىقىپ سوئال سورىغانىكەن ـ دە.
ــ توغرا. سۇلتان ئالىيلىرى قىزلىرىنىڭ گۈزەل جامالىغىلا ئەمەس، پاساھەتلىك گەپ ـ سۆزلىرىگە، مۇقامنى ئورۇنلاشتىكى يۈكسەك ماھارىتىگىمۇ مەپتۇن بولغان. مۇشۇ تۇپەيلى بۇ قېتىم ئەسلىي سالاھىيىتىم بىلەن ئەلچى بولۇپ كەلدىم.
مەھمۇد ئاخۇن كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، ئاڭلىغانلىرىنى راستمۇ، يالغانمۇ، دېگەن مەنىدە مۆلدۈرلەپ قارىدى:
ــ پېقىرنى مازاق قىلىۋاتمايدىغانلا ـ ھە، دېۋانبېگى؟
ــ زىنھار ئۇنداق ئىش يوق.
ــ كېتىدىغان چېغىڭلاردا پېقىرغا ئېسىل رەختلەرنى ھەدىيە قىلىشىڭلارمۇ مۇددىئاسىز ئەمەس ئىكەن ـ دە؟
ــ ئۇ رەختلەرنى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەمرى بىلەن سىلىگە قالدۇرغان، ئاكا ئۇنىڭدا غەيرىي مۇددىئا يوق. ئەمما، بۇ نۆۋەت ئەكەلگەن قوي ۋە نەرسە ـ كېرەكلەر مۇددىئاسىز ئەمەس، ئەلۋەتتە.
مەھمۇد ئاخۇن ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ، جىمغىنا ئولتۇرۇپ كەتتى.
ــ سۇلتان ئالىيلىرى بىزنى يولغا سالىدىغان چاغدا: «ئاتا بىلەن قىز رازى بولمىسا، ھەرگىز زورلىماڭلار» دەپ تاپىلىغان، ئاكا. ئەگەر قىزلىرىنىڭ لايىقى بولسا ياكى ئۇنى سۇلتانغا ياتلىق قىلىشنى ماقۇل كۆرمىسىلە، خەۋپسىرىمەي گەپنى ئوچۇق ئېيتسىلا. سىلىگە ھەرگىز ئۇۋال قىلىنمايدۇ. پېقىر پەقەت سىلىنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇددىئالىرىنى بىلىش ئۈچۈنلا كەلدىم، ــ دېدى قىدىرخان.

— ئاھ، خۇدا ! پادىشاھ، بەگ ـ غوجاملارنىڭ كۆزىدىن نېرى تۇراي، دەپ بۇ جاڭگالغا كېلىۋالغانىدىم. بۇ خىلۋەت ماكاندا تىنچ ـ ئامان ياشاش ئىستىكىدە بولۇۋاتقان چېغىمدا سۇلتاننىڭ قىزىمغا كۆزى چۈشۈپ قالغىنى رەھمەتتىڭدىنمۇ ياكى قەھرىڭدىنمۇ؟ ھەر نە قىلساڭ، ئۆزۈڭ قىلىسەن. مەن ئالدىڭدا تولىمۇ ئاجىز، رەھىم قىلىشىڭنى تىلەيمەن. نارەسىدە قىزىمنى ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم. ئۇنى بۇ دۇنيادا خار ـ زەبۇنلۇقتا قويمىغايسەن، رەببىم ! — مەھمۇد ئاخۇننىڭ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈلدى.

— بولدى، سەۋر قىلىسىلا، ئاكا. بۇ ئىشقا رازىلىق بەرگىلىرى بولمىسا، بىز كېتەيلى، — ئورنىدىن تۇردى قىدىرخان، — قىزلىرى بىلەن سۆزلىشىپ، جاۋاب بەرگەيلا، تەڭلىكتە قالمىسىلا. قارىغاندا زادى رازىلىق بەرگۈلىرى يوق ئوخشايدۇ. بىز قايتايلى، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن دوستلۇقىمىز ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. مەن يەنە كېلىپ تۇرىمەن.

مەھمۇد ئاخۇن قىدىرخاننىڭ ئالدىنى توستى:

— نىيەتلىرىنىڭ دۇرۇس، خالىسلىقى پېقىرغا بەش قولدەك ئايان بولدى. ئۆزلىرى بىلىدىلا، مەن بىر غېرىب ئوتۇنچى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سۇلتاننىڭ قىزىمنى سوراپ ئۆزلىرىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنلىكى مېنى ھەيرەتتە قالدۇردى. سىلى سەل تەخىر قىلىسىلا. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئىشنى ئاۋۋال قىزىمنىڭ سەمىگە سېلىپ، ئاندىن جاۋابىنى بېرەي. مالال كۆرمەي بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، بۇرادىرىم.

قىدىرخان ئىچىدە خۇرسەن بولۇپ ئولتۇردى.

مەھمۇد ئاخۇن ئىشىكنى ئېچىپ، ئايۋاندىن چىقىشىغا ئامانىساخان قۇم چۆگۈننى پېشايۋاندا قويۇپ قويۇپ، ئىتتىك ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

مەھمۇد ئاخۇن يېڭى دەملەنگەن چاينى مېھمانلارغا ئەكىرىپ بېرىپ، يەنە ھويلىغا چىقتى. كۆڭ تىكلەشكەندى. ئۈجمىگە

باغلاقلىق ئىت قوۋۇرۇق شىپىپاڭشىتىپ غىڭشىدى. ئۇ ئىتقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ ئاشخانىغا كىردى ۋە كۆك چۆچۈرىسى تۇگۇۋاتقان قىزىدىن سورىدى:

— قىزىم، بۇ مېھمانلارنىڭ كىملىكىنى بىلگەنسەن؟

ئامانىنساخان بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاتىسىنىڭ غەمكىن چىرايىغا ئەندىشىلىك نەزىرىنى تىكتى.

— بىلمىدىم، دادا. سىلى چىقمىغاندىن كېيىن چاينى ئەكىرىپ بېرەي دەپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىشىمگە قىدىرخان ئاكامنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— سەن بۇنىڭغا نېمە دەيسەن، قىزىم؟

ئامانىنساخان ھۇپپىدە قىزىرىپ، يەرگە قارىۋالدى.

— سەن ئەقىللىك، بىر ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلەيسەن. قىز بالا چوڭ بولسا، ياتلىق قىلىش ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزى. سەن چوڭ بولدۇڭ، ئەمدى پەرزنى ئادا قىلمىسام بولمايدۇ. ئابدۇرەشىدخانغا قانداقمۇ ياق دېيەلەيمەن؟ ئۇ ئادىل، دىيانەتلىك پادىشاھ. ئەمما، بىز غېرىب، سەرگەردان، بۇنى چۈشىنىسەن. سېنىڭ جاۋابىڭ — مېنىڭ قارارىم. ئويدان ئويلىنىپ جاۋاب بەرگىن، قىزىم.

مەھمۇد ئاخۇن يەرگە قارىغىنىچە توغاچتەك قىزىرىپ تۇرغان قىزىدىن جاۋاب كۈتۈپ، ئاشخانىنىڭ گۈللۈك كىگىز سېلىنغان سۇپىسىدا ئولتۇردى.

ئامانىنسا ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن بېشىنى سەلگىنە كۆتۈرۈپ پىچىرلىدى:

— سىلى نېمە دېسىلە، مەن شۇنىڭغا رازى، دادا.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى: «ياق، ياتلىق بولغۇم يوق، سىلىدىن ئايرىلىشنى خالىمايمەن، دادا» دەپ كەلگەن ئەلچىلەرنى ياندۇرۇۋەتكەن قىزىنىڭ بۇ قېتىم: «سىلى نېمە دېسىلە، مەن شۇنىڭغا رازى» دەپ جاۋاب بېرىشى رازىلىق بەرگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

مەھمۇد ئاخۇن قىزىنىڭ بېشىنى سىلىدى:

— قىزىم، ئەلچىلەر ئۇندەك قوي، يەنە بىرمۇنچە نەرسىلەرنى ئەكەپتۇ، ئالمىسام رازىلىق بەرمىگەن بولىمەن، ئالسام كۆڭلۇم غەش بولۇپ قالىدۇ، تەڭقىسلىقتا قالدىم، مېنىڭمۇ سەندىن پەقەت ئايرىلغۇم يوق.

— جېنىم دادا ... — ئامانىساخاننىڭ مەسۇم كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى.

— مېھمانلارغا رازىلىق بېرەيمۇ، قىزىم؟ — يەنە بىر قېتىم سورىدى مەھمۇد ئاخۇن.

ئامانىساخان ئېغىزمۇ قىزىرىپ، يەرگە قارىۋالدى.

مەھمۇد ئاخۇن بىر قارارغا كەلدى ـ دە، قىدىرخاننىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپتۇرۇش ئۈچۈن ئاشخانىدىن تېز چىقىپ كەتتى.

# ئون ئۈچىنچى باب

## بۇ ــ تەقدىر

### 1

شىكاردىن يانغان ئابدۇرەشىدخان ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، نامازدىگەر ۋاقتىدا ياركەندكە يېتىپ كەلدى. گۈلئېرەم ئوردىسىنىڭ چاربېغىدا چېچەكلەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. كۆكلەم قىزلىرى تەرەپ ـ تەرەپتە بوستان چاچلىرىنى يەلپۈتۈپ ئۇسسۇل ئوينىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە پايتەختلا ئەمەس، پۈتۈن جاھان گۈزەللىشىپ كەتكەنىدەك كۆرۈندى. ئۆزىمۇ ناھايىتى روھلۇق بولۇپ، كۈندەك ئېچىلغان چېھرىدە شەھەر ئالغان غالىب پادىشاھنىڭ تەبەسسۇمى بار ئىدى. ئۇ بۇ نۆۋەت جەڭ بىلەن شەھەر ئالمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى مەپتۇن ئەيلىگەن، ھۆسن ـ جامالدا، ئەقىل ـ پاراسەتتە تەڭدىشى يوق ساھىبجامالنىڭ قەلب شەھىرىنى پەتىھ قىلغانىدى. مەھمۇد ئاخۇننىڭ قىدىرخانغا: «سەھرادا ئۆسكەن بۇ ناتىۋان قىزىم ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن سۇلتان ئالىيلىرىغا يارىغان بولسا، بۇ قىزىم ۋە مەن ئۈچۈن چەكسىز بەختتۇر. پېقىر سۇلتان ئالىيلىرىغا قېيىنئاتا بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكىنىم ئۈچۈن ئاللاغا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمەن» دەپ بەرگەن جاۋابى ئۇنى ناھايىتى خۇشال قىلغانىدى. ئابدۇرەشىدخان ئانىسى، قېيىنئانىسى ۋە خانىشلىرىغا، ۋەزىر ـ ۋۇزرالارغا بۇ مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن تويغا تۇتۇش قىلىش قارارىغا كېلىپ، بۇ ھەقتە قىدىرخان بىلەن يولدا كېلىشىۋېتىپ

مەسلىھەتلىشىۋالغانىدى.
ئابدۇرەشىدخان ئاتتىن چۈشۈپ چارباغقا قەدەم قويۇپ تۇرۇۋىدى، كاككۇكنىڭ ئاۋازى كەلدى. كاككۇك باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان گۈمبەز، پەشتاقلىق مەقبەرىنىڭ كۈنگۈرىلىك مۇنارىغا قونۇپ سايراۋاتاتتى. ئۇ ئىتىكاپخانىنىڭ ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ سالام بەرگەن شەيخ ۋە مۇلازىملار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن مۇستەھكەم پىخانىغا كىرىپ ئىستىنجا قىلىپ چىقتى ۋە مەخسۇس ياسالغان سۇپىغا چىقىپ تاھارەت ئېلىپ، ئىتىكاپخانىدا ناماز دىگەرنى ئوقۇۋالدى. ياغاچ ئويما پەنجىرىلىك ئىشىكتىن سۇرلۇك گۈمبەز ئىچىگە كىرىپ، سەئىدخانىنىڭ كۆركەم ياسالغان، يېشىل كاھىشلىق قەبرىسى ئالدىدا تىز چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، «سۈرە ياسىن»نى قىرائەت قىلدى.
ئابدۇرەشىدخان قەيەرگە بارسۇن ـ كەلسۇن، دادىسىنىڭ مەقبەرىسىنى يوقلىماي قويمايتتى، بۇ ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ كەتكەنىدى. مۇشۇ تاپتا دۇئا قىلىپ ئولتۇرسىمۇ ئامانىنساخانىنىڭ گۈزەل سىيماسى كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيۋاتاتتى. ئابدۇرەشىدخان دۇئادىن پارىغ بولغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى، مەقبەرىدىن چىقىپ ساپ ھاۋالىق باغنى بىر ئايلاندى، ئاندىن مەختۇمە سۇلتان بېگىمنىڭ قەسرىگە كەلدى. پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە ئىكەن. ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ماڭلايلىرىغا سۆيۈپ قويۇپ، ئانىسىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىردى. ئوغلىنى كۆرگەن مەختۇمە سۇلتان بېگىمنىڭ كۆزىگە ياش، غەمكىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى.
— سۇلتان بالام.
— ئانا، مېھرىبان ئانا!
ئابدۇرەشىدخان ئانىسىنى قۇچاقلىدى، ئانىسى دەمىدە قىلىپ قويغان ئانار شەربىتىدىن بىر پىيالە ئىچتى، ھال ـ ئەھۋالىنى

سوراپ بىرپەس مۆگداشتى. شىكار يادنامىسى دەپ بىر قاما جۇۋىنى ئالدىغا قويۇپ، خوشلىشىپ چىقتى. ئارقىدىن چۆچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ قەسىرىگە باردى. ئىرىنىڭ كەلگىنىنى ئالللىبۇرۇن بىلگەن خانىش نازاكەت، سۇلكەت بىلەن ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە ئانىسىنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى. چاچلىرى ئۈچتەك ئاقارغان سۇلتان نىگار خېنىم قوپماقچى بولۇۋىدى، ئاڭغىچە ئابدۇرەشىدخان كېلىپ قېشىدا يۈكۈندى.

— مىدىرلىمىسىلا، بۇزرۇكۋار ئانا. ئوبدان تۇرۇۋاتامدىلا؟

— خۇداغا شۈكۈر، بالام، — سۇلتان نىگار خېنىم يۆتىلىپ كەتتى.

چۆچۈك سۇلتان بېگىم ئون يىللىق كونا گۇلقەنتنى ئەكېلىپ چاي بىلەن بىر قوشۇق يېگۈزۈۋىدى، ئانىسىنىڭ يۆتىلى توختىدى.

ئابدۇرەشىدخان قېيىنئانىسىنىڭ ئالدىغا بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىنى قويدى. دۇئا قىلىپ قويۇشنى سوراپ، چۆچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ خاس ھۇجرىسىغا چىقتى. ئىپارنىڭ خۇشبۇيى گۆپپىدە بۇرنىغا ئۇرۇلدى.

— ئۇۋدىن كۆڭۈللىرى كۆتۈرۈلۈپ يانغاندەك تۇرىلىغۇ، شاھىم، بۇلبۇلگويا ئۇچراپ قالدىمۇ يا؟ — چاقچاق قىلدى چۆچۈك سۇلتان بېگىم قارا قاشلىرىنى ئوينىتىپ. ئۇ كۆڭۈل قويۇپ ياسانغان، بوي ـ بەستىدىن گۈزەللىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ بىر جامغا مەيزاپ قۇيۇپ ئېرىگە تۇتتى.

— شۇنداق، مەلىكەم. بۇ قېتىمقى شىكار ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ماڭا ئۇچرىغىنى بۇلبۇلگويا ئەمەس، ئابىھايات، — دېدى جامنى قولىغا ئېلىپ. ئۇ شاراب ئىچمىگەن بىلەن، بەزىدە مەيزاپ ئىچىپ قوياتتى.

چۆچۈك سولتان بېگىم قاقاھلاپ كۈلدى.

— مۇبارەكلىگۈدەك ئىش بوپتۇ، سۇلتانىم. دىدارلىرىغا مۇشتاق مەھبۇبىلىرىگە ئابىھاياتتىن بىر جام ئالغاچ

كەلگەنلا؟ — دېدى ئۇ بىنەپشە گۈللۈك يېشىل كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى تىزىغا باستۇرۇپ ئولتۇرۇپ.
— سالىمىنى ئەكەلدىم، مەلىكەم، — ئابدۇرەشىدخانىمۇ تەبەسسۇم قىلدى.
— نېمە، سالىمىنى ئەكەلدىم؟ — قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ سورىدى خانىش، — ئابىھاياتنى بۇلاق دەپ ئاڭلىغۇدىم. ئۇ بۇلاق گەپ قىلالامدىكەن ياكى ئۇنىڭ بويىدا بىرەر پەرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىلىمۇ؟ — ئۇ مازاق قىلغان تەرزدە تېخىمۇ قاتتىق كۈلدى.
— شۇنداق بولدى، بۇ راست، خانىش، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئەستايىدىللىق بىلەن.
— نېمە دېدىلە، شاھىم، راست ئېيتىۋاتامدىلا يا؟ — چۇچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ چىرايى ئۆڭدى.
— راست، مەلىكەم، بۇ شىكار ھەقىقىي جەڭدەك ئۆتتى. ئوۋلانغان ئۇچار قاناتلار، ھايۋانلار شۇنچە نۇرغۇن، بېسىپ ئۆتكەن يۇرتلارمۇ شۇنچە كۆپ بولدى. خۇدايىم بۇ شىكاردا ماڭا ئەقىل - پاراسەتلىك، ناخشا - كۈيگە ماھىر، شائىرە دىلرەبانىمۇ ئۇچراشتۇردى.
— ماۋۇ ئىشنى! ئۇ قايسى سۇلتاننىڭ قىزى ئىكەن؟ — سورىدى چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلغان چۇچۇك سۇلتان بېگىم.
— ئۇ بىر ئاددىي قىز. ئاتىسى سۇلتانمۇ، بەگمۇ ئەمەس، ئوتۇنچى. لېكىن، شاھ قىزلىرىدا يوق ئىستېدات ئۇنىڭدا بار ئىكەن. ئۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قالدىم، مەلىكەم.
چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئورنىدىن چاچراپ تۇردى.
— مېنى مۇنچە مازاق قىلمىسىلا، سۇلتان، باياتىن غۇرۇرۇمنى دەپسەندە قىلغانلىرىمۇ يېتەر، — ئۇ يىغلاپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئابدۇرەشىدخان:
— توختاڭ، مەلىكەم، تېخى گەپ تۈگىمىدى، — دەپ ئالدىنى توستى.

— سۇلتانىم، سىلى زادى نېمە دېمەكچى، گەپلىرىنى ئوچۇق ئېيتسىلا، — چوچۇك سۇلتان بېگىم كەينىگە ياندى.

— ئولتۇرۇڭ.

ئۇ ئولتۇردى. ئابدۇرەشىدخان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، دېدى:

— دېگەنلىرىم راست، مەلىكەم. مەن ئاشۇ شائىرە قىزغا ئۆيلىنىش قارارىغا كەلدىم، رازىلىق بېرىڭ.

— بەگ ياكى سۇلتاننىڭ قىزى بولسىغۇ مەيلى دەيتتىم. بىر لولىنىڭ قىزى ئىكەن، قانداقمۇ رازىلىق بېرەلەيمەن. ئىككى خانىش، بىر قانچە چۆرە ئالىيلىرىغا ئازلىق قىلىۋاتامدۇ؟

— مەن دېگەن پادىشاھ! بىلىپ قويۇڭكى، پادىشاھ ـ سۇلتانلارغا خوتۇن ـ چۆرىلەر كۆپلۈك قىلمايدۇ. مېنىڭ خانىش ـ چۆرىلىرىم ناھايىتى ئاز. رازىلىق بەرسىڭىز، ئالدىمدىكى ئىناۋىتىڭىز، ھۆرمىتىڭىز تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئەگەر رازىلىق بەرمىسىڭىز، مەن رەنجىپ قالىمەن.

چوچۇك سۇلتان بېگىم يەرگە قاراپ ئۈندىمەي ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ كېچە ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا قونماقچى بولغان ئابدۇرەشىدخان قارارىنى ئۆزگەرتىپ، ئەلتېرە جۇۋىنى ئېتىكىگە تاشلاپ قويۇپ، نۇرنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ قەسرىگە چىقتى. كېنىزەكلەر خەۋەر قىلغان بولسا كېرەك، بۇ غۇنچە بوي خانىش گۈللۈك پەردە تارتىلغان ئىشىك ئالدىدا ئابدۇرەشىدخاننى خۇشال كۈتۈۋالدى.

— مەرھابا، سولتانىم، مەرھابا، شىكاردىن غەلىبە بىلەن قايتقانلا. ئوۋلايدىغان ھايۋانلار كۆپمىكەن؟

— ئولجا كۆپ بولدى، ھايۋانلار ئوۋلاپ تۈگەتكۈسىز ئىكەن. ئۆزىڭىز ئوبدان تۇرغانسىز؟

— مانا مۇشۇنچىلىك تۇردۇم، — نۇرنىسا سۇلتان بېگىم پىررىدە ئايلىنىۋىدى، گۈللۈك يىپەك رەختتىن تىكىلگەن سۈت رەڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى توز قانىتىدەك يېيىلدى. ئالىيلىرىنى خۇيمۇ سېغىندىم. قۇرەيش سۇلتان: «دادام مېنى

شىكارغا ئاچىقمىدى» دەپ خويلىنىپ، نەچچە كۈنگىچە ئۆيدىن چىقماي يېتىۋالدى.
— بەگئەتكەسى كەلمىدىمۇ؟
— كەلدى. تاشقىرىغا چىققىلى ئۇنىمىغۇدى، ئاخىر بولماي چىۋىق بىلەن ئىككىنى ئۇرسام، ئاندىن چىقىپ كەتتى.
— ياخشى قىپسىز، ئەزىزىم. بۇ ئوغلۇم تەرسا، بىلەرمەن، ئەدەپلەپ قويغىنىڭىز ئوبدان بوپتۇ، تۈزىلىپ قالىدۇ.
— تولا ۋاقىتتا مەختۇمە سۇلتان بېگىمنىڭ قېشىدا تۇرىدۇ، كۆرگەنلا؟
— كۆردۈم. بۇ قېتىم شىكارغا ئاچىقمىسالىڭ، قېچىپ كېتىمەن، دەپ تەھدىت سالدى ئۇ بەڭباش.
ئابدۇرەشىدخان قات ـ قات سىلىنغان مەخمەل كۆرپىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى.
— ئالىيلىرىنىڭ كېلىشىنى بىلگەندەك، ئامراق ئاشلىرى كۆك چۈچۈرىسى ئەتكۈزگەنىدىم، زوقلىرى بارمىكىن؟
— زوقۇم بولمامدىغان؟ نەچچە كۈندىن بېرى دالادا گۆشلا يەپ، ئۆي تامىقى سېغىنىپ قالدىم، خانىش. كۆك چۈچۈرىسى يىلدا بىرنەچچە قېتىم نېسىپ بولىدىغان شىپالىق تاماق. قېنى ئەكېلىڭ.
نۇرنىسا سۇلتان بېگىم تاشقىرىغا چىقىپ كېنىزەكلەرگە تاماقنى دەرھال ئەكېلىشنى بۇيرۇۋېتىپ كىرىپ، زەر چۈچىلىق داستىخاننى ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا سالدى.
— شەربەت ئىچەملا، شاھىم؟
— ئانار شەربىتى ئىچكەنىدىم.
— گىلاس شەربىتى بار، كاشغەردىن مىرزا ئۇبۇلھادىبەگ جانابلىرى ئەۋەتىپتىكەن.
— ئەمىسە بىر جاملا كەلتۈرۈڭ.
نۇرنىسا سۇلتان بېگىم ئويۇقتىكى گۈللۈك ھېجىردىن كۈمۈش جامغا شەربەت قۇيۇپ ئابدۇرەشىدخانغا تۇتتى.

ئاچچىق ـ چۈچۈك شەربەت ئىچىنى ئىسسىق قاپلاپ كەتكەن ئابدۇرەشىدخاننىڭ تېنىنى ھۇزۇرلاندۇردى.

كېنىزەكلەر ئالتۇن ھەل بېرىلگەن تەخسىگە ئېلىنغان چۆچۈرىنى گۈللۈك پەتنۇسقا قويۇپ ئەكىردى. نۇرنىسا سۇلتان بېگىم ئېلىپ ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا قويدى. يەنە بىر پەتنۇستىكى كۈمۈش ئىدىشقا ئېلىنغان شورپىنى داستىخانغا قويۇپ:

ــ مەرھەمەت قىلسىلا، ئالىيلىرى. چۆچۈرىنىڭ خېمىرىنى ئۆزۈم يۇغۇرغان، ــ دېدى.

ئابدۇرەشىدخان كۆك چۆچۈرىسىنى ئىشتەي بىلەن يېدى.

ــ ئەمدى مىجەزىم تەڭشىلىدىغان بولدى، خانىش. ئەگەر باشقا تاماق ئەتكەن بولسىڭىز، مۇنداق ھۇزۇرلىنىپ يېمەيتتىم، بەك ئوخشاپتۇ، ــ ئۇ تەخسىدە قالغان بىرنەچچە تال سەۋزە بىلەن چامغۇرنىمۇ يەۋېتىپ، مەھمۇد ئاكىنىڭ ئۆيىدە يېگەن چۆچۈرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ھەممىسى بىر خىل گۈل پورىكىدەك چىرايلىق تۈگۈلگەن، تەممۇ ئۆزگىچە. «ئۇنى شائىرە ئامانىساخان تۈگكەن ـ دە ... بۇ چۆچۈرىمۇ ئاجايىپ مەززىلىك بوپتۇ.»

ــ ئالىيلىرى، نېمىنى ئويلاپ قالدىلا؟

ــ سىزگە ئوخشاش مەززىلىك تاماق ئەتكەن چولدىكى ھۆر قىزنى ئويلاپ قالدىم.

ــ چولدىكى ھۆر قىزنى؟ ــ ئەگىم قاشلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئاھۇ كۆزلىرىنىڭ چاناقلىرى كېڭەيگەن نۇرنىسا سۇلتان بېگىم تەئەججۇپ ئىلكىدە سۇلتانغا باقتى.

ــ ھەئە، چولدىكى ھۆر قىزنى. ئۇ تائامنى ياخشى ئېتىپلا قالماي، ساتار، تەمبۇر چېلىپ، مۇقام ناخشىلىرىنىمۇ ۋايىگە يەتكۈزۈپ ئېيتىدىكەن. يازغان بېيىت ـ غەزەللىرىمۇ كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىكەن. ئۇ قىز مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى،

خانىش.

— ئالىيلىرى، ئۇ قايسى مەرتىۋىلىك ئائىلىنىڭ قىزى ئىكەن؟ — ھەيران قالغان نۇرنىسا سۇلتان بېگىم سورىدى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن.

— ئۇ بىر ئوتۇنچىنىڭ قىزى، ئانىسى سەككىز يېشىدا قازا قىپتىكەن.

— دادىسى بارمىكەن؟

— ھەئە، ئۇ كىشى مۇغەننى - سازەندە ئىكەن، ئەمما ھازىر ئوتۇنچىلىق قىلىۋېتىپتۇ.

— شۇنداق بىر ئائىلىدە ئاشۇنداق بىر قىزنىڭ يېتىشىپ چىقىشى مۇمكىنمۇ، ئالىيلىرى؟

— ئاللانىڭ ھېكمىتى چەكسىزدۇر، خانىش. مەن ئۇ قىزغا شەيدا بولۇپ قالدىم، ئەمرىمگە ئالايمىكىن دەيمەن.

— بۇ ئالىيلىرىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش، — دېمى سىقىلغاندەك بولۇپ دېدى نۇرنىسا سۇلتان بېگىم.

— سىز بۇنىڭغا رازى بولامسىز؟ — ئاسماقچىلاپ سورىدى ئابدۇرەشىدخان.

— نېمىشقا رازى بولماي. ھېلىمۇ سىلى ئىككىلا خانىش بىلەن قانائەت تېپىپ كەلدىلە. ئون خوتۇن ئالسىلىمۇ مەن نېمە دېيەلەيتتىم؟ — نۇرنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ قارا كۆزلىرىدىن مونچاق - مونچاق ياشلار تۆكۈلدى، — لېكىن، مەن رازى. بىز ئاياللار ئەرلىرىمىزنىڭ رايىغا باقمىساق بەختلىك بولالمايمىز.

ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىدىكى مەنىنى چۈشەندى، قولىدىن تارتىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

— خانىش، توغرا دېدىڭىز. سىزنىڭ بولغۇسى كۈندىشىڭىز بىلەن ئوبدان ئۆتۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن نۇرنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، — بۇ كېچە يېنىڭىزدا يېتىپ قالىمەن.

## 2

ئابدۇرەشىدخان ئەتىسى گۈلئىرەم ئوردىسىدىكى ۋەزىر، ئەمىر، بەگ، سىپاھلارغا شىكار زىياپىتى بەردى. زىياپەت داۋام قىلىۋاتقاندا قىدىرخان مەختۇمە سۇلتان بېگىمنىڭ قەسرىگە بېرىپ، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۆيلىنىش ئارزۇسىنى يەتكۈزدى.

— ئوغلۇم ئاتىسىغا قارىغاندا قانائەتلىك چىقتى. ھازىرغىچە ئىككى خوتۇن بىلەن ئۆتۈپ كەلدى. ئۇنىڭ يەنە ئۆيلەنگۈسى بولسا، مەن قوللايمەن، دېۋانبېگى. ئۇ قايسى ئېسىلزادىنىڭ قىزى ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ بىر ئوتۇنچىنىڭ قىزى، بۇزرۇكۋارىم. لېكىن، ئۇ شېرىن سۆزلۈك، پەم - پاراسەتلىك، ناخشا - كۈيگە ماھىر قىز ئىكەن، يەنە ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىمۇ تالانتى بار ئىكەن، — دېدى قىدىرخان.

— ئۇ قىز ئوغلۇمغا يارىغانلا بولسا، بالا قىلىۋېلىشقا رازىمەن، — دېدى مەختۇمە سۇلتان بېگىم. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر دېھقان قىزى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمىغانىدى.

قىدىرخان ئۇ يەردىن يېنىپ، سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئارزۇسىنى يەتكۈزدى.

— شۇنچە كاتتا سۇلتان تۇرۇپ، ئوتۇنچىنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالسا، ئەل - يۇرت نېمە دەر؟ يۈز - ئابرۇيى تۆكۈلمەسمۇ؟ باشقا ئەللەرنىڭ شاھ - سۇلتانلىرى ئۇنى كۆزگە ئىلارمۇ؟ ۋاي ئىسىت، قىزىم ئۇ لولىنىڭ قىزى بىلەن قانداقمۇ بىر داستىخاندا ئولتۇرار؟ ياق، مەن بۇ ئىشقا رازىلىق بەرمەيمەن. بۇ نىيىتىدىن يانسۇن! — دېدى سۇلتان نىگار خېنىم پەرياد چېكىپ. ئورنىدىن تۇرۇۋالغان سۇلتان نىگار خېنىم قىزى

يۈلـۋالـغان بولسا يىقىلىپ چۈشەتتى.
قىدىرخان ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي سۆزلەۋەردى:
— خان ئانا، ھەممە راۋا كۆرمىسىمۇ، ئاللا راۋا كۆرىدۇ. قارا جاڭگالدا ئابدۇرەشىدخانغا ئاشۇ دىلرەبانى ئاللا ئۇچراشتۇردى. بۇ تەقدىر، — پەردە ئارقىسىدا قول باغلاپ تۇرغان قىدىرخان سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ ئولتۇرۇشىنى كۈتۈپ، سۆزىنى توختاتتى. ئۇ ئولتۇرۇپ پەر ياستۇققا يۆلەنگەندىن كېيىن يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇزرۇكۋارىم، بۇ ئىشقا جەزمەن رازىلىق بېرىشلىرى كېرەك. رازىلىق بەرمىسىلە، توي بولماي قالارمۇ؟ ئاللا خالىغان ئىش بارچە مەۋجۇدات قارشىلىق كۆرسەتسىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىۋېرىدۇ؛ ئاللا خالىمىغان ئىش ھەممە قوللىسىمۇ ئەسلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بۇزرۇكۋار ئانا، سىلى بۇرۇنراق رازىلىق بەرسىلە. خانىش ئالىيلىرىنىڭ ھۆرمەت ـ ئىززىتىنى دەپ بولسىمۇ رازىلىق بەرسىلە.
ياغاق قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇپ، نېمىنىدۇر دېمەكچى بولغان سۇلتان نىگار خېنىم زورۇققىنىدىن تىنىقى ئىچىگە چۈشمەي كۆزلىرىنى ئالايتىپ يېتىپ قالدى.
— ۋاي ئانا، نېمە بولدىلا؟ — دېدى قورقۇپ كەتكەن چۈچۈك سۇلتان بېگىم، — تېۋىپ چاقىرىڭلار!
قىدىرخان ئىلدام بېرىپ ئوردا تېۋىپىنى چاقىرىپ كىردى. تېۋىپ سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، دورا ئىچۈرۈۋىدى، ئاستا ـ ئاستا تىنىقى ئەسلىگە كەلدى.
چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.
— بۇ ئىشقا رازىلىق بەرسىلە، ئانا. سۇلتان رەنجىپ قالمىسۇن. يەنىلا چوڭ خانىش بولۇش سۇيىتىم بىلەن ھەرقاچان ئۇ لولىنىڭ قىزىدىن ئۈستۈن تۇرىمەن. مېنى ئويلىسىلا، رازىلىق بەرسىلە، جېنىم ئانا، — دېدى ئۇ.
سۇلتان نىگار خېنىم ئابدۇرەشىدخاننىڭ كەسكىن، تەدبىرلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا رازىلىق

بەردى:

— ماقۇل، سۇلتان ئۇ لولىنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالسۇن. ئەمما، سۇلتان يۇنۇسخانىنىڭ نەۋرىسى بولمىش قىزىمىنى رەنجىتىپ قويسا بولمايدۇ. بۇنى ئابدۇرەشىدخانىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويغايلا، دېۋانبېگى.

— ئەلۋەتتە، سەمىگە سېلىپ قويىمەن.

قىدىرخان ئىككى مۆھتەبەر ئانىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن ۋەزىر، ئەمىرلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئابدۇرەشىدخانىنىڭ ئۆيلەنمەكچى بولۇۋاتقىنىنى بىلدۈردى. دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ئىشقا ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتى. پەقەت نىزامىدىنبەگلا ئۆيىگە ئالاھىدە كەلگەن كۆيۈ ئوغلىغا قارشى پىكىردە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى:

— ئۆيلىنىش سۇلتانىنىڭ ئۆز ئىشى بولسىمۇ، باشقا ئەل شاھلىرىنىڭ نەزىرىنى تارتىدىغان، مەملىكەت پۇقرالىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان تەسىر دائىرىسى چوڭ ئىش. سۇلتان ئالىيلىرى ئۆز نەسەبىگە ماس كېلىدىغان شاھ بەگلەرنىڭ قىزىغا ئۆيلەنسە ياكى ئۆز جەمەتى ئىچىدىكى بىرەر قىزغا ئۆيلەنسە ھېچ ئىش بولمايتتى. ئەزەلدىن شاھ ـ سۇلتانلار شاھ ـ سۇلتانلار بىلەن قۇدىلىشىپ كەلگەندۇر. بۇ نىزامنى بۇزۇش ئۆز ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرغانلىق بولارمىكىن، ئەمىر دىۋان. سۇلتانىنىڭ ئالماقچى بولغىنى تېخى بىر لولىنىڭ سازەندە قىزى ئىكەن. بۇنىڭغا سۇلتانىنىڭ جەمەتى قوشۇلمايلا قالماستىن، ئەل ـ جامائەتمۇ قوشۇلمايدۇ.

قىدىرخان كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنىڭ سەمىمىيلىكى، چارە ـ تەدبىرلىك ئىكەنلىكى، ئوچۇق ـ يورۇقلۇقى بىلەن بۇ تەكەببۇر قېيىنئاتىسىغا خېلى يېقىنلىشىپ قالغانىدى. كۈيۈ ئوغلىنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى ئىچىدىكى ئابرۇيىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان ئىقتىدار ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تونۇغان نىزامىدىنبەگ بۇرۇنقىدەك ئۆزىنى

ئۇنىڭدىن قاچۇرمايدىغان، كۆپ ئىشلاردا مەسلىھەتلىشىدىغان، ئۆيىگە پات ـ پات قىچقىرىۋالىدىغان، قىزىنىمۇ ئەتىۋارلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، كۆڭلىدىكى غۇم پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەنىدى، شۇڭا قىدىرخانغا نەشتىرنى يەنە بىر قېتىم سانجىۋالدى. ئۇنىڭ سۆزى هار كەلگەن قىدىرخان تاتىرىپ كەتتى، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، دېدى:

ــ هۆرمەتلىك قېيىنئاتا، ئاللا ھەممە ئادەمنى پادىشاھ ياكى ۋەزىر قىلىپلا ياراتمىغان. بىرسىنى ئالىي تەبىقىگە مەنسۇپ قىلسا، بىرسىنى ئوتتۇرا ياكى تۆۋەن تەبىقىگە مەنسۇپ قىلغان. بىرسىنى ئالىم قىلسا، بىرسىنى زالىم قىلغان. بىرسىنى كاسىپ قىلسا، بىرسىنى سازەندە قىلغان. بۇ ھەرگىزمۇ ھېكمەتسىز ئەمەس. نىكاھ غايىب، رىزىق غايىب، ئەجەل غايىب. بۇلارنى ئاللا تەقدىرى ئەزەلدە بېكىتىۋەتكەن، ئۇنى ئۆزگەرتىش ھەرقانداق بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇ ئۆزلىرىگە ئايان. ھالبۇكى، سىلى بۇ تويغا قارشىلىق قىلىۋاتىدىلا. قىزنى، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى پەس كۆرۈۋاتىدىلا. ئاللانىڭ نەزىرىدە ھەممە بەندە باراۋەر. «قۇرئان كەرىم»دە پادىشاھنىڭ قىزىغىلا ئۆيلەنسۇن، دېيىلگەن ئەمەس، بۇنى ئويلاپ كۆرسىلە. يەنە شۇنىمۇ ئەسلىرىدىن چىقارماسلىقلىرى كېرەككى، سۇلتان ئالىيلىرى ئۆزلىرىنى ئۆزىگە يېقىن كۆرىدۇ، چوڭ بىلىدۇ؛ دانىشمەن، ئىشلارغا خاتا ھۆكۈم قىلمايدۇ، كۆكسى ـ قارنى كەڭ، بىلىملىك ئادەم، دەپ ھۆرمەتلىرىنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويىسىلا قانداق بولار؟ ئاللا بەندىلەرنىڭ كۆڭلىگە سالغان مۇھەببەت ئىرادىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئەقىلگە بويسۇنمايدۇ. مۇھەببەت ئۈچۈن نۇرغۇن باشلارنىڭ كېسىلگەنلىكى، مەملىكەتنىڭ خاراب بولغانلىقى، شاھلارنىڭ تەختىدىن، ئاۋامنىڭ بەختىدىن ئايرىلغانلىقى قىسسىلەردىن ئايانغۇ. سۇلتانىمىزنىڭ بۇ توي ئىشىغا باش بولۇپ تۇرۇپ بېرىشلىرى ئەقىلگە ئەڭ مۇۋاپىقتۇر ۋە ئۆزلىرى ئىبرىشكەن

مەرتىۋىگە ھەم مۇناسىپتۇر.
بۇ چاغقا قەدەر ھەممىگە مەسلىھەت بېرىپ، باشقىلاردىن مەسلىھەت ئالماي، ئۆزىنى ھەممىدىن دانىشمەن ساناپ كەلگەن ۋەزىر نىزامىددىنبەگ كۆيۇ ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. چىرايلىق ياسالغان چار ساقىلىنى سىيپاپ ـ سىيپاپ، لېۋىنى بىرنەچچە قېتىم چىشلىدى، يۈزى قىزىرىپ پوكاندەك ئېسىلدى. قىدىرخاننىڭ سۆزلىرىنى تەپەككۇر تارازىسى بىلەن قايتا ـ قايتا ئۆلچەپ كۆرۈپ، ۋەزىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ:
— ئەمىر دىۋان، بايا سىلىنى كۆيۇ ئوغلۇم دەپ قاراپ، ئاغزىمغا كەلگەننى دەپتىمەن، بۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىلا قالسۇن، — دېدى كۆلۈمسىرەپ، — ئويلاپ كۆرسەم، دېگەنلىرى بەرھەق، سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ بۇ نىكاھ ئىشىغا سەل قارىسام بولمىغۇدەك. مەن قوشۇلدۇم، پەرمانبەردار ئىكەنلىكىمنى يەتكۈزۈپ قويسىلا.
نىزامىددىنبەگ كۆزلىرىنى قىسىپ قاراپ: «ساڭا مۇشۇنداق جاۋاب كېرەك. قانائەتلەنگەنسەن؟ قالغىنىنى كېيىن كۆرەرمىز» دەپ ئويلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.
قىدىرخان قېيىنئاتىسىنىڭ پىكرىنى بىردىنلا ئۆزگەرتكەنلىكىگە قاراپ: «قاقباش قېرى» دەۋەتتى ئىچىدە.
ياشىنىپ قالغان نىزامىددىنبەگ مەنسىپىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى، سۇلتاننىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىشنى زىنھار خالىمايتتى. ئۇ رازىلىقىنى ئاغزىدىلا بېرىپ، نارازىلىقىنى كۆڭۈل قېتىغا يوشۇرغانىدى. بۇنى سەزگەن قىدىرخان ئارتۇقچە گەپ قىلماي ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.
— كېلىپ تۇرغايلا، ئەمىر دىۋان.
— ئەلۋەتتە، ئاتا ۋەزىر جانابلىرى.
قىدىرخان كېتىۋېتىپ كۆل بويىغا قارىدى. كىچىكىدە كېلىپ

ساز چالغان ساماۋارخانا شۇ پېتىچە تۇراتتى، پەقەت سۇپىسىدىكى گىلەم يېغىلانغان، خېرىدارلار ئىلگىرىكىدەك كۆپ ئەمەس ئىدى. كەچكى شەپەق جۇلا تاشلىغان كۆل سۇيى يېنىك چايقىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ھېلىقى مەنزەر ئۆيگە باقتى، دېرىزىسى ھەم ئېتىكلىك ئىدى. كۆڭلى گۈزەل ئەسلىمىلەر بىلەن تولغان قىدىرخان بۇ كېچىنى بەخت قۇچىقىدا ئۆتكۈزدى. ئەتىگەندە ئابدۇرەشىدخان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئىككى ئانىنىڭ، ۋەزىر ـ ئەمىرلەرنىڭ بۇ توي ئىشىغا قوشۇلغانلىقىنى يەتكۈزدى ۋە ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن توي كۈنىنى بېكىتكىلى قازانكۆل جاڭگىلىغا يۈرۈپ كەتتى.

## 3

ھەممە دەم ئالىدىغان جۈمە كۈنى ئىدى. ئەمدىگىنە ئۈپۈقتىن باش كۆتۈرگەن كۈن نۇرى خانىقانىڭ ئېگىز تېمىدا ئالا ـ بۇلا سايە ھاسىل قىلغانىدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن توپ ـ توپى بىلەن كېلىشىۋاتقان مۇرىتلار ئۆزلىرى ئەكەلگەن گۈرۈچ، بۇغداي، ئۇن، ياغ، قوناق، ئارپا قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قوي، كالا، توخۇ، قىرغاۋۇل، بۆدۈنە، توشقانلارنى داش قازانغا مەسئۇل قۇربان سوپىغا تاپشۇرۇپ، خانىقاغا كىرىپ كېتىشىۋاتاتتى. قۇربان سوپى يەتتە سالىكى بىلەن كىشىلەر ئەكەلگەن نەرسىلەرنى ئۇدۇللۇق يۇيۇپ ـ تازىلاپ داشقازانغا تاشلايتتى، لېكىن ئۆيدەك يوغان داش قازان زادى تولمايتتى. ئوچاقتا ھارۋىلاپ ئوتۇن كۆرۈلدەپ كۆيۈۋاتاتتى. پاكار، دوغىلاق كەلگەن قۇربان سوپى قول ـ قولىغا تەگمەي قارا تەرگە چۆمۈلگەنىدى، ئىچىدە ھېكمەت ئوقۇپ، ھەمدۇسانا ئېيتاتتى. داش قازان ئېسىلغان ئاشخانا بىلەن خانىقا ئارىسىدا چوڭ سەينا بار ئىدى. مۇشۇ تاپتا خانىقا ئىچى جىمجىت بولۇپ، ئادەم يوقتەكلا ئىدى. ئۆزىنى ئۇنتۇپ قەلبىنى ئاللاغا تاپشۇرغان خوجا مۇھەممەديۈسۈپ

بۇزرۇكـۋار مۇرىتلـىرى بىلـەن جىمـمـىدە ئولـتـۇرۇپ تەپەكـكـۇر دەرياسـىغـا غەرق بولـغـانـدى. نـامـاز بامدادتـىـن كـېـيـىـن داۋام قىلىۋاتقان بۇ جىملىق ئالالنى نەچچە مىڭ قېتىم ياد ئېتىشتىن، ئاللاغا يۈزلىنىشتىن دېرەك بېرەتتى.

بىر چاغدا خوجا مۇھەممـەدىيۈسۈپ بۇزرۇكـۋار ئىختـىيارسـىز ئورنىدىن تـۇردى. «لائىلاھە ئـىللەلـلا ! لائىلاھە ئـىللەلـلا !» دەپ ئۈنلۈك زىكرى قىلىپ، ھۇ تارتىپ، جەرە سالدى ۋە قوللـىرىنى سۇنۇپ بۇ ھېكمەتنى ئوقۇدى:

بۇ ھۆكمىڭلە يارىلىپ پەيدا بولغان جاھاندۇر،
يا رەب، قۇدرەت كامالىڭ قايغا باقساق ئاياندۇر.
ياھۇ يا ئاللا، ساڭا ھەشقاللا،
بىزنى تۇپراقتىن قىلدىڭسەن پەيدا.
ھۇ ئاللا ھۇ، ھۇ ئاللا ھۇ.
......

سەھەردىن بېرى تۇشمۇتۇشتىن كىرىپ ھـەلقىغـە قوشۇلغـان مۇرىـتلار بىلـەن توشقان تـوقـسان توقـقـۇز تۇۋرۇكلـۇك بۇ كاتتـا خانىقا لەرزىگە كەلدى. جـەرە سېلـىـپ تارتقان ھـۇنىڭ ھـەيـۋەت ئاۋازى بىر چاقىرىم يەرگىچە ئاڭلىناتتى. يەتتە يـەردىن تۈگـۈلـۈك قويۇلۇپ، ۋاسا جۇپ قىلىپ يېپىلغان تورۇسقا يەردىن ئۆرلىگەن چاڭ ـ توزان قوناتتى. زىكىـر ـ ساما ئەۋجىگە چىقىپ، پۈتـۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ ھوشىنى يوقاتقان بىرقانچە سوپى يىقىلىپ قالدى ۋە ئۇلار تام تۈۋىگە يانتۇزۇپ قويۇلدى. ئۇلارنىڭ كۆز قاراقلـىرى تارتىلىپ، ئاغزىدىن ماغزاپتەك كۆپۈك كەلگەنىدى.

بۇزرۇكۋار «ئاللا !» دەپ ھۇ سېلـىپ ئايلانغاندا، مەيدىسىگە چۈشكەن ئۇزۇن ساقـىلى ئات يـالـىدەك يەلـپۈنەتتـى. ئۇ ئۆزىنـى ئۇنتۇپ، ھەققە قاراپ يول ئالغانىدى ... دەل شۇ چاغدا خـانىقاغـا كىرىپ كەلگەن قۇربان سوپى ئۇنىڭغا يانداشتى.

ــ بۇزرۇكـۋارىم، سۇلتـان ئالىيلىرىنىڭ ئانـىسى كەپـتـۇ،

ھەززەتلىرى بىلەن كۆرۈشمەن دەيدۇ، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ. ھەقتىن باشقا ھەممىنى ئۇنتۇغان بۇزرۇكۋار نىڭ قولىقىغا مۇشۇ تۇرقىدا قانداقمۇ گەپ كىرسۇن؟ ئۇ ھۇ تارتىپ ئايلىنىۋەردى. قۇربان سوپى سۆزىنى ئۇنلۇك تەكرارلىدى. ئۇ يەنە ئاڭلىمىدى. قۇربان سوپى ئاخىر بۇزرۇكۋارنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن دېدى. بۇزرۇكۋار ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدى ـ دە، ئېڭىشىپ سورىدى:

— نېمە دەيسەن؟

— بۇزرۇكۋار ھەززەتلىرى، سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ ۋالىدەسى دەرۋازا ئالدىدا ئۆزلىرىنى ساقلاپ قالدى.

خوجا مۇھەممەديۇسۇپ ھەلقە ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. جەندە ـ كۇلاھىنى تۈزەشتۈرۈپ، قۇربان سوپى بىلەن خانىقادىن سەيناغا قەدەم قويدى. سەينادا جەرە سېلىۋاتقانلارمۇ خېلى بار ئىدى. دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ، ئۇجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە توختىغان، دەرپەردىسى چۈشۈرۈكلۈك مەپىنىڭ قېشىغا كەلدى.

بىر دېدەك ئايال پەردىنى قايرىدى، يەنە بىر دېدەك ئايال قارا پەرەنجىگە چۈمكىلىپ، پەرياستۇقلارغا يېنىچە يۆلەنگەن سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى. ئۇ رۇسلىنىپ ئولتۇردى. مەپىگە يېقىن تۇرغان سۇرلۇك ئادەمگە كۆز سالدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكوم، ھەزرىتىم. مەن سۇلتاننىڭ قېيىنئانىسى بولىمەن.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئاغىچا ئالىيلىرى. قېنى غېرىب خانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغايلا.

— رەھمەت، بۇزرۇكۋارىم. مەن تېز قايتمىسام بولمايدۇ، ھەززەتلىرىگە بىر مۇھىم گەپنى دەپ قويۇش ئۈچۈن كېلىۋىدىم.

— نېمە گەپ ئىدى؟ — بۇزرۇكۋار بېشىنى سەل ئېگىپ، قولىقىنى سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكەلدى.

— كۈيئوغلۇم ئابدۇرەشىدخان بىر لولىنىڭ بىھايا سازەندە قىزىغا ئۆيلەنمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئۆيلەنسە، ئابرۇيى

تۆكـۇلۇپلا قالـماستــن، ئىمانـدىنمـۇ ئاجراپ كېتىدۇ، پىـر ـ ئۇستاز. ئۇنى بۇ نىـيىتىــدىن ئۆزلـىرىلا ياندۇرۇپ، تـوغرا يولغـا سالالايلا. شۇڭا، بىتاپلىقىمغا قارىماي ئالدىلىرىغا ئۆزۈم كەلدىم.

ــ ئـالـلانىڭ مـەدىـتى بىلـەن سۇلتـان ئـالىيـلىـرىـنى بـۇ نىيىتىدىن ياندۇرسام ئەجەب ئەمەس، ئاغىچا ئالىيلىرى. هازىـرلا ئۇنىڭ ئالدىغا باراي.

ــ پىرىم، بۇ ئازغىنا كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلغايلا، ــ سۇلتان نىگار خېنىم تاۋار خالـتىنى ئـىككى قـوللاپ ئۇزارتتـى، ئىچىـدە يىگىرمە تىللا بار ئىدى.

ــ جوۋاپلا، ئاغىچا ئالىيلىرى، پېقىرنىڭ تىللاغا هـاجىتىـم يوق. ئەگەر خەير ـ ساخاۋەت قىلماقچى بولسىلا، خانىقايىمىزغـا ئاشلىق، ياغ، گۆش ئـەۋەتىپ بەرگـەيلا. ئۇلارغا سـوپى، مۇرىتـلار ئېغىز تـەگسە، تـىلـەكلـىـرى يەردە قالـمـىغاي، ــ بـۇزرۇكـۋار كەينىگە بىر قەدەم ياندى، ــ بۇ ئۆتۈنۈشلىرىنى رەت قىلـغىنىـم ئەمەس، سـۇلتان ئالـىيلـىـرى بىلـەن كـۆرۈشۈپ، نىـيىتىـدىن ياندۇرۇشقا ئـۇرۇنۇپ كۆرىـمـەن. خاتىـرجەم بولسـىلا، ئاغىـچا ئالىيلىرى.

مەپىنىڭ دەرپەردىسى چۈشۈرۈلدى.

ــ ئەلەمدانكۆل مەهـەلـلىسـىگە، ــ دېدى سـۇلـتان نـىـگار خېـنىم خالـتىنى كىمخاب ئىمچىسىنىـڭ قويۇن يـانچۇقـىغا سېلىپ.

سەئىـدخان ۋاقتىــدىن باشـلاپ هـەرەم مەپىــنى هـەيدەپ كېلىۋاتقان هەيدەر ئاخۇن سۇلتان نىگار خېـنىمىنىڭ ئۆزىدىن سىرتقا چىقـقانلـىقىـنى هېچـكىمگـە دېمەسلىك توغرۇلـۇق ۋەدە ئالغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولۇپ، قولىدىن قاس چىقىرىپ قامچىنى شىلتىدى.

ئىككى ئات قوشـۇلغان كۆركـەم مەپە شامـالدەك تېـز يـۈرۈپ كەتتى. پاكىـز سۈپۈرۈلگەن بىرنەچچە چوڭ ـ كىچىك كوچىدىن ئۆتۈپ، كەڭرەك، ئىككى قاسنىقىدا دەل ـ دەرەخلەر ئىرغاڭشىپ

تۇرغان بىر يولغا كىردى.

ھەيدەر ئاخۇن مەپىنىڭ دەر پەردىسىنى بوشقىنا قايرىپ:

— ئەلەمدانكۆل مەھەللىسىگە كەلدۇق، — دېدى.

— شەيخۇلئىسلام ئابدۇللا داموللامنىڭ ئۆيىگە بارايلى، — دېدى سۇلتان نىگار خېنىم چۈمبىلىنى قايرىپ.

ھەيدەر ئاخۇن «بىلدىم» دېگەن مەنىدە بېشىنى ئېگىپ قويۇپ، ئاتلارنى ئاستا ماڭدۇردى. كوچىدا «ۋاللەي» ئويۇنى ئويناۋاتقان باللاردىن شەيخۇلئىسلامنىڭ ئۆيىنى سوراپ بىلىۋېلىپ، ئىككى قاناتلىق دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— ھەيدەر ئاخۇن، ئىشىكنى قاقسىلا.

— خوپ، بۇزرۇكۇارىم، — ھەيدەر ئاخۇن مىس ھالقىنى جاراڭشىتىپ قاقتى. بىر ئايال ئىشىكنى ئاچتى.

— شەيخۇلئىسلام ھەزرەتلىرى بارمىكىن؟ — سورىدى ھەيدەر ئاخۇن.

— بار. نېمە ئىشلىرى بار ئىدى؟ — سورىدى ئايال.

— ئوردىدىن ئادەم كەپتىكەن، دەپ چاقىرىپ قويسىلا.

— ماقۇل.

ئۇزاق ئۆتمەي پەشلىرى يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان مەللە تونىنى يېپىنچاقلىۋالغان ئابدۇللا داموللا چىقتى. ئوردا مەپىسىنى كۆرۈپ، كۆتمەك قارا قاشلىرى لىكىلداپ كەتتى. تونىنىڭ يەڭلىرىنى سېپىپ، سەرپۇش تۇمىقىنى باستۇرۇپ كىيىۋالدى.

مەپىنىڭ دەرپەردىسى قايرىلدى. داموللا قاپقارا پەرەنجىگە ئورىنىپ ئولتۇرغان سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— ئەسسالام، شەيخۇلئىسلام. مەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ قېيىنئانىسى. ئۆزلىرىنى مالال قىلىدىغان بولدۇم. كەچۈرگەيلا، تەخسىر.

— ئۇنداق بولامدىغان، ئاغىچا ئالىيلىرى. خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، ئۆيگە مەرھەمەت قىلغايلا.

— رەھمەت، دەرھال قايتمىسام بولمايدۇ. ئۆزلىرىنى مۇھىم بىر ئىشتىن خەۋەردار قىلىپ قويغىلى كەلدىم.
— ئۆزلىرىنى شۇنچە جوۋاتقۇدەك نېمە ئىش ئىكەن ئۇ؟
— كۈيۈ ئوغلۇمنىڭ توي ئىشى. ئابدۇرەشىدخان بىر لولىنىڭ سازەندە قىزىغا ئۆيلەنمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ سازەندە چۆرىنى ئەمرىگە ئالغىنىمۇ يېتەتتى. سۇلتانىنى بۇ ئىشتىن توسۇش كېرەك، ھەزرىتىم.
ئابدۇللا داموللا بوم ساقىلىنى سىيپىغىنىچە، دېدى:
— شەرىئەتتە ئەر كىشىگە تۆت خوتۇن جايىز بولىدۇغۇ.
— ئۇ قىزنىڭ نەسەبى سۇلتانىنىڭ نەسەبىگە توغرا كەلمەيدۇ، ئۇ بىر نامرات ئوتۇنچىنىڭ قىزى. ئەگەر ئابدۇرەشىدخان ئۇنى ئەمرىگە ئالسا، ھەرەم ئەيش ـ ئىشرەت ماكانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن پەرزەنت كۆرسە، نەسەبىمىز بۇلغىنىپ كېتىدۇ. ئالىيلىرىنى بۇ تويدىن سىلى توسۇپ قالالايدىلا، تەخسىر. ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ قويسىلا.
— ئەلۋەتتە، ئاغىچا ئالىيلىرى، مەن سۇلتان ئالىيلىرىغا نەسىھەت قىلاي.
ئۇ ئەمىر دىۋان قىدىرخان بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ تويغا رازىلىق بەرگەنلىكىنى ئېيتمىدى.
سۇلتان نىگار خېنىم ئۇنىڭغا ئىككى خالتىنى سۇندى، قوشقاندا قىرىق تىللا بار ئىدى.
— شەيخۇلئىسلام، بۇ ئازغىنا كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلغايلا.
ئابدۇللا داموللام بۇ سوۋغاتنى ئالمىدى.
— خالىس خىزمەتنىڭ ئۆزى بايلىق، ئاغىچا ئالىيلىرى. پېقىر ھەدىيەگە موھتاج ئەمەس، يېتىم ـ يېسىرلارغا ئىنئام قىلغايلا.
سۇلتان نىگار خېنىم ئاچچىقلىنىپ، خالتىنى سىقىملاپ بېشىنى ياستۇققا قويدى.

— تەخسىر، مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمنى ئوردىدىكىلەر ئەسلا بىلمىگەي.

— خۇدادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

سۇلتان نىگار خانىم شەيخۇلئىسلامنى ئىشىكى ئالدىدا قالدۇرۇپ، يۈرۈپ كەتتى.

— ئورداكۆلگە ھەيدەڭ.

ھەيدەر ئاخۇن چۇلۇۋۇرنى تارتىپ، ئاتلارنىڭ بېشىنى ئوڭ يانغا بۇرىدى.

— ئورداكۆل مەھەللىسىگە كەلدۇق، — دېدى ئۇ سۇيىنى جىمىرلاپ تۇرغان كۆلگە نەزەر سېلىپ.

— مەپىنى ۋەزىر نىزامىدىنبەگنىڭ ئۆيى ئالدىدا توختىتىڭ.

ھەيدەر ئاخۇن كۆلدىن ئەللىك قەدەم نېرىغا جايلاشقان چايخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، غوجايىنىدىن ۋەزىرنىڭ ئۆيىنى سورىدى.

— ئەنە ئاۋۇ ئۆي شۇ، — دېدى ياشىنىپ قالغان غوجايىن سىرلانغان تۇچ ھالقىلىق ئىشىكنى كۆرسىتىپ.

ھەيدەر ئاخۇن مەپىنى ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە يېقىن ئاپىرىپ، ئىشىكنىڭ ھالقىسىنى ئۇردى.

ساقاللىرى ئاقارغان، ئاقساپ قالغان بىر ئادەم ئىشىكنى ئاچتى.

— ۋەزىر ئەزەم ئۆيدە بارمۇ؟

— بار.

— ئوردىدىن ئادەم كەپتىكەن، دەپ چاقىرىپ قويسىلا.

— ماقۇل، — بوۋاي كىرىپ كەتتى.

ۋەزىر چىقىشى بىلەن تەڭ مەپىنىڭ دەرپەردىسى قايرىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەزىر ئەزەم.

سۇلتان نىگار خانىمغا كۆزى چۈشكەن نىزامىدىنبەگ ھەيران بولغان ھالدا ئېگىلىپ سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئاغىچا ئالىيلىرى. ئۆيگە قەدەم تەشرىپ قىلغايلا.

— رەھمەت، بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمايمەن، سىلىنى بىر ئىشتىن ۋاقىپلاندۇرۇپ قوياي، دەپ كەلدىم.

بۇ گەپتىن ئالاقزەدە بولغان نىزامىدىنبەگ ئالدىراپ سورىدى:

— بۇزرۇكۋارنى شۇنچە قەدەم رەنجى قىلدۇرغان نېمە ئىش ئىكەن ئۇ؟

— كۈيۈ ئوغلۇم ئابدۇرەشىدخاننىڭ توي ئىشى.

— ھە، قازانكۆل جاڭگىلىدىكى ئوتۇنچىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنمەكچى بولغىنى توغرۇلۇقمۇ؟ — دېدى يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەن نىزامىدىنبەگ.

— شۇنداق، ئاتا ۋەزىر. بۇ ئىشتىن خەۋەرلىرى بار ئىكەن ـ دە. بۇ توينى قەتئىي قىلماسلىق توغرىسىدا ئابدۇرەشىدخانغا نەسىھەت قىلىشلىرىنى ئۆتۈنۈپ كەلدىم. ئۇنى بۇ نىيىتىدىن سىلىلا ياندۇرالايدىلا.

نىزامىدىنبەگنىڭ چىرايىدا چۈشىنىكسىز بىر تەبەسسۇم لاپپىدە پەيدا بولۇپ، يەنە ئۆچتى.

— ئاغىچا ئالىيلىرى، مەن بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي. مەنمۇ سۇلتاننىڭ ئۆزىگە زادى مۇناسىپ كەلمەيدىغان بىر لولىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلمايمەن. ئالدىنقى كۈنى قىدىرخان مەن بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇنىڭغا سىرىمنى بەرمىدىم.

— كۈيۈ ئوغلۇم بىلەن ئۆزلىرى سۆزلىشىپ كۆردىلىمۇ؟

— ياق.

— بۈگۈنلا سۆزلىشىپ، سۇلتاننىڭ تومۇرىنى بىر تۇتۇپ باقسىلا، ئاتا ۋەزىر.

— ماقۇل، ئالىيلىرى. جۈمەدىن يېنىپلا كۆرۈشەي، — نىزامىدىنبەگ ئاق بۆك كىيىۋالغان بېشىنى ئەگدى.

— بۇ ھەدىيەمنى قوبۇل قىلغايلا، — سۇلتان نىگار خېنىم

ئاتا ۋەزىرگە ئۈچ تاۋار خالتىنى چاڭگاللاپ ئۇزارتتى، ھەربىر خالتىدا يىگىرمىدىن تىللا بار ئىدى.

— رەھمەت، ئاغىچا ئالىيلىرى. بۇ سوۋغاتلىرىنى قوبۇل قىلالمايمەن، غېرىب ـ مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلىۋەتسىلە. تاپشۇرۇقلىرىنى خالىسانە ئورۇنلاش ئۆز بۇرچۇمدۇر.

— خەيرىيەت، ياخشى كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلمىغانلىرى بىلەن ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلدىلا. خىزمەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايمەن، ئاتا ۋەزىر. خەير، ئامان بولغايلا، — دېدى سۇلتان نىگار خېنىم ئەپسۇسلانغان ھالدا.

— خەير، ئامان بولغايلا.

ھەيدەر ئاخۇن ئاتلارغا قامچا ئۇردى.

— دارىلقازا مەھەللىسىگە ھەيدەڭ.

— باش ئۈستىگە، ئاغىچا ئالىيلىرى.

مەپە ئىتتىك ئۇزاپ كەتتى. رەستە ـ گۇزەرلەردىن، كوچا ـ مەھەللىلەردىن ئۆتۈپ خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن سۇۋادان تېرەكلەر سايە سالغان كوچىغا كىردى.

— دارىلقازا مەھەللىسىگە كەلدۇق، — دېدى ھەيدەر ئاخۇن ئاتلارنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ.

— خوجا پەيزۇللا ئىشانىنىڭ خانىقاسى ئالدىدا توختىتىڭ.

— ماقۇل، ئاغىچا ئالىيلىرى.

ھەيدەر ئاخۇن مەپىنى ئاستا ماڭدۇرۇپ بىر كىشىدىن خانىقانىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىماقچى بولۇۋىدى، قۇلىقىغا ھۇ تارتىپ ئوقۇغان ھېكمەت ئاڭلاندى. ئاۋاز سول ياندىن كېلىۋاتاتتى. ھەيدەر ئاخۇن مەپىنى ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە ھەيدىدى، داغدام ئېچىۋېتىلگەن چوڭ دەرۋازا ئىچىدىن «لائىلاھە ئىللەللا ! لائىلاھە ئىللەللا ! ياھۇ يائاللا !» دېگەن ئاۋاز ئۇنلۇك ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەپىنى تام تۈۋىدە توختاتقان ھەيدەر ئاخۇن خانىقا ئىچىگە كىرىپ، دۇمچەك، سېرىق ساقال بىر سوپىنى

باشلاپ چىقتى.

— بىز ئوردىدىن كەلدۇق، خوجا پەيزۇللا ئىشاننى چاقىرىپ قويسىلا، — دېدى سۇلتان نىگار خېنىم پەردىنى قايرىپ.

سوپى دوڭغاقلاپ مېڭىپ خانىقاغا كىرىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي خانىقادىن، قارا ساقاللىق، قارا جەندە ـ كۇلا كىيگەن، قامەتلىك بىر ئادەم چىقىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكوم، پىر ـ ھەزرىتىم، — سالام بەردى سۇلتان نىگار خېنىم، — مەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ قېيىنئانىسى بولىمەن.

— ۋەئەلەيكوم ئەسسالام، ئاغىچا ئالىيلىرى، قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك بولغاي. غېرىب كۆلبەمگە مەرھەمەت قىلغايلا.

— رەھمەت، پىر ـ ھەزرىتىم، ھازىر كەتمىسەم بولمايدۇ. ئۆزلىرىنى بىر بولمىغۇر ئىشتىن ۋاقىپلاندۇرۇپ قوياي، دەپ كېلىۋىدىم.

— ئۇ قانداق بولمىغۇر ئىش ئىكەن، ئاغىچا ئالىيلىرى؟

سۇلتان نىگار خېنىم يىغلامسىراپ دېدى:

— ھەزرىتىم، كۈيئوغلۇم ئابدۇرەشىدخان ھەرەمدىكى سازەندە چۆرىلەرنى ئاز دەپ، يەنە بىر سازەندە قىزغا ئۆيلەنمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولسا، خەلقئالەم ئالدىدا نومۇسقا قالىمىز. بۇنى توسۇپ قالغان بولسىلا.

— ئىنشائاللا، ئاغىچا ئالىيلىرى. مەن ئاللادىن ئىزنى ئېلىپ ئوردىغا بارىمەن. ئەگەر سۇلتان ئالىيلىرى گېپىمگە كىرمىسە، ئاۋۋال ئۇنىڭ قەلبىدىكى ناپاكلىقنى يۇيۇپ، ئاندىن ئوردىنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋېتىمەن.

سۇلتان نىگار خېنىم نىجاتكارىنى تاپقاندەك بولۇپ، تەبەسسۇم قىلدى، ئۆزۈلگەن ئۈمىدى يەنە ئۇلانغاندەك بولدى.

— ھەزرىتىم، سۇلتاننى پەقەت ئۆزلىرى گەپكە

كىرگۈزەلەيدىلا، شۇڭا ئالدىلىرىغا ئۆزۈم كەلدىم. بۇ ھەدىيەمنى قوبۇل قىلغايلا، — دېدى سۇلتان نىگار خېنىم ئۈچ خالتىدىكى تىللانى كۆز مونچاق قويۇلغان بىر خالتىغا تۆكۈپ. تىللانى كۆرۈپ پەيزۇللا ئىشاننىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى ۋە قولىنى ئۇزارتىپ خالتىنى ئالدى.

— بۇگۈنلا بېرىپ، سۇلتاننى گەپكە كىرگۈزىمەن، — دېدى ئۇ ھىجىيىپ.

سۇلتان نىگار خېنىم ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

ھەيدەر ئاخۇن مەپىنى ئايلاندۇرۇپ، قامچىدىن قاس چىقاردى.

## 4

سۇبھى دەم، ئۇپۇق قىزارغان، ئاسمان گەردىشىدە ھال رەڭ يېرىم چەمبەر ھاسىل بولۇپ، خانىقا ئالدىدىكى ئىرغاڭشىپ تۇرغان ئۇجمە دەرىخىنىڭ زۇمرەت ياپراقلىرىغا جۇلا تاشلىغانىدى. خوجا پەيزۇللا ئىشان بامدات نامىزىدىن يېنىپ خانىقا ھاجەتخانىسىغا كىرىپ چىقتى. بالىچاقلىرى بىلەن تۇرۇۋاتقان ئېتىكاپخانىنىڭ تال باراڭلىق سۇپىسىغا كىچىك خوتۇنى قويۇپ قويغان ئاپتۇۋىدىكى سۇ بىلەن تاھارەت يەڭگۈشلىدى. جەندىنىڭ ئىچىدىن باغلىۋالغان بەلبېغىغا ئېسىقلىق مىسۋاك بىلەن چىشلىرىنى يۇدى. ئارقىدىن قوللىرىنى يايغان ھالدا كېرىلدى.

خانىقا سەيناسىغا مۇرىتلار ھەيدەپ ئەكىرگەن ئوتتۇن ئارتىقلىق ئون بەشتەك ئېشەك بەس - بەس بىلەن ھاڭراپ، ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى.

— ھۇ، ھارام تاماقلار! — دېدى ئۇ ئۆيىگە قەدەم قويۇپ.

— ھەزرىتىم، ئەتىگەندە كىمنى تىللاۋاتىدىلا؟ — دەپ سورىدى سائادەتخان لۆڭگىنى سۇنۇپ.

— ھېچكىمنى.

— كېچىچە جەرە سېلىپ ئۇخلىمىدىلا، بىردەم يېتىۋالسىلا.

— ياق، ئاغىچا، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئوردىسىغا بارىمەن. ياتساممۇ ئۇخلىيالمايمەن. پېقىردەك پىر ـ ھەزرەتنىڭ كۆزى يۇمۇلغان بىلەن دىلى دائىم ئويغاق تۇرىدۇ.

— شۇنداق، تەخسىرىم. گاھىدا ئۇخلاپ ياتقان چاغلىرىدا ئۇستىلىرىگە چىقىپ ئىبغىنىساممۇ تۇيمايدىلا، دىللىرى بەك ئويغاق سىلىنىڭ، — دېدى سائادەتخان مەسخىرىلىك ئاھاڭدا.

— بەس! دەرھال ناشتىلىق ئەكەل، ئالدىراپ تۇرىمەن، — دېدى خوجا پەيزۇللا ئىشان سەللە، كۇلاھىنى ئېلىپ خوتۇنىغا بېرىپ، — يېڭى جەندە، كۇلاھىمنى ئاچىقىپ قويغىن.

— تۈنۈگۈن جۈمەدىن كېيىن ئوردىغا بارغان ئىدىلىغۇ، يەنە بارامدىلا؟ — سائادەتخان غەمزە قىلىپ، ئېرىنىڭ جەندىسىنى سالدۇردى.

— تۈنۈگۈن سۇلتان ئالىيلىرى ئوردىدا يوق ئىكەن، مەيدانى ئادالەتتە خەلقنىڭ دەرد ـ ھالىنى ئاڭلاۋېتىپتىكەن، بىردەم ساقلاپ تۇرۇپ، كۆرۈشەلمەي قايتىپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن كۆرۈشمىسەم زادى بولمايدۇ.

— نېمىشقا، تەخسىرىم؟

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن، بەڭباش؟ دەرھال مەن دېگەن ئىشنى قىل.

سائادەتخان پېشىنگىدە كۈلۈپ قويۇپ، ئاشخانىغا چىقىپ چاي، قاتلىما نان، قايماق ئەكىردى.

پەيزۇللا ئىشان قورسىقىنى ئوبدان توقلىۋالدى.

— ئەمدى ساقىلىمنى تاراپ قويغىن، ئاپپىقىم.

سائادەتخان تەشتەك ئەكىرىپ، ئىككى پۇتىنى كېرىپ ئولتۇرغان ئىشاننىڭ ئالدىغا قويدى. ئاپتۇۋىدىكى سۇنى قۇيۇپ چىگىشلىشىپ كەتكەن ساقىلىنى ھۆللىدى.

— ئەجەب توپا ـ چاڭ بىسىپ كېتىپتۇغۇ. سەكرەۋېرىپ، ساقاللىرىنىڭ قىرقىمىغان قويىنىڭ يۇڭىدەك بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەي قاپلا ـ ھە، تەخسىرىم؟

— تولا بىمەنە گەپ قىلما، سەكرەش ئۆزلۈكۈمدىن بولغان ئىش ئەمەس.

سائادەتخان قوي كۆزلىرىنى ئوينىتىپ قويدى. ئۇ پەيزۇللا ئىشاننىڭ تۆتىنچى خوتۇنى ئىدى. پەيزۇللا ئىشان ئازغانباغ كەنتىگە بارغاندا بىر دېھقان مۇرىتى ئۆزىنىڭ چىرايلىق قىزى سائادەتخاننى ئۇنىڭغا تۇتۇپ دۇئا ئالغانىدى. پەيزۇللا ئىشان ئۇنىڭغا نىكاھلانغاندىن بېرى كۈندىن ـ كۈنگە روھلىنىپ كېتىۋاتاتتى، ياش خوتۇننى سىغىنىپلا تۇراتتى، ئامال بار ئۇنى كۆز ئالدىدىن نېرى قىلمايتتى. قالغان ئۈچ خوتۇنى قوشناچىم بولۇپ، دائىم ئايالالار جامائىتى بىلەن زىكىر ـ سۆھبەت قىلاتتى. پەيزۇللا ئىشان ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك، خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايتتى. سائادەتخان بىبىنى «ئاپپىقىم، تومۇچۇقۇم» دەپ ئەركىلىتىپ كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى. سائادەتخان كىچىك بولغىنى بىلەن ھەييار، شەرەنداز ئىدى. ئۇ ئىشاننىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، مەيلىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان، بۇنىڭ بىلەن قالغان خوتۇنلىرى پەيزۇللا ئىشاننىڭ تاپا ـ تەنىلىرىدىنلا ئەمەس، دەررە، قامچىسىدىنمۇ قۇتۇلۇپ قالغانىدى.

شۇ تاپتا قارا يوللۇق ئەتلەستىن كۆڭلەك، كەڭ پۇچىقاقلىق شايى تامبال كىيگەن سائادەتخان ئىشاننىڭ تىزىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ساقىلىغا تارغاق سالدى.

— ئاستىراق تارا، بەتبەخت، يۇلۇۋەتتىڭ، — ئىشان ئۇنىڭ يۇمران قوللىرىنى تۇتۇۋالدى، — ھەربىر تال ساقىلىمدا بىردىن پەرىشتە بار، ئاۋايلاپ تارىغىن.

— چىگىشلىشىپ كېتىپتۇ، تەخسىرىم. چىداپ ئولتۇرسىلا، بىردەمدە تاراپ بولىمەن.

— بولە، ئاپپىقىم.

سائادەتخان بىبى تاراپ بولدى. ئۇنىڭ قورسىقىغا چۈشكەن ساقىلى تال - تال بولۇپ يىپىلدى.

ئەمدى جەندىنى كىيدۈرۈپ قويغىن.

— ماقۇل، تەخسىرىم.

سائادەتخان ئۇنىڭغا جەندىنى كىيدۈرۈپ، سەللە ئورالغان ئۈچلۈق كۈلاھىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— خۇدايىمغا ئامانەت، تەخسىرىم، ھايال قالمىغايلا.

— سىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، قوزام.

پەيزۇللا ئىشان كۈلاھىنى كىيىپ خانىقاغا چىقتى. تەسبىھ سىيرىپ ئولتۇرغان ئون ئىككى سوپىنى ئېلىپ، ھۇ تارتىپ جەرە سالغىنىچە يولغا چۈشتى.

ھەقىقەت يوق ئالەمدە، لائىلاھە ئىللەللا،
مۇھەببەت يوق ئادەمدە، لائىلاھە ئىللەللا،
يوق گۈزەللىك نومۇس - ئار، لائىلاھە ئىللەللا،
ھېچكىم ئەمەس بەختىيار، لائىلاھە ئىللەللا.

ئۇلار ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتتا گۈلئىبرەم ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى. كۈن چاشگاھ بولغانىدى. ھاۋا بۇلۇتلۇق بولغاچقا، ئاپتاپ يوق ئىدى. خوجا پەيزۇللا ئىشان ھەلقە بولۇپ ھېكمەت ئوقۇۋاتقان سوپىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىرقىراپ جەرە سالدى. ھەش - پەش دېگۈچە ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىرمۇنچە ئادەم ئولاشتى. بىركەمدە خوجا پەيزۇللا ئىشان غۇلىچىنى كەرگىنىچە پىرقىراپ توپنى يېرىپ چىقتى ۋە ھۇ تارتىپ گۈلئىبرەم ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ كەتمەكچى بولدى. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدا تۇرغان قاراۋۇللار نەيزىلىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ ئۇنى توسۇۋالدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشىمەن، مېنى

توسماڭلار، — دېدى پەيزۇللا ئىشان بوم ئاۋازدا. ئۇنىڭ ئاغزى كۆپۈكلىشىپ، كۆتمەك قاشلىرى تىكەنلىشىپ كەتكەنىدى.

— تۇرۇپ تۇرسىلا، تەخسىر، ئۆزلىرى كىم بولىدىلا؟ — دەپ سورىدى قاراۋۇللار ئەمىرى.

— پېقىر خوجا پەيزۇللا بۇزرۇكۋار بولىمەن. بۇ يەردە بىر دەقىقە تۇرۇپ قالسام، سىلەر ئۇ دۇنيادا پىلسىرات كۆۋرۈكى ئالدىدا مېنىڭ يىل تۇرۇپ قالىسىلەر. مېنى دەرھال كىرگۈزۈۋېتىڭلار.

— سەۋر قىلسىلا، تەخسىر، سۇلتان ئالىيلىرىغا كەلگەنلىرىدىن خەۋەر بەرمىسەك بولمايدۇ.

— ماقۇل، خەۋەر بېرىڭلار، بۇ يەردە ئۇزاق ساقلاپ تۇرالمايمەن.

قاراۋۇللاردىن بىرەيلەن كىرىپ كەتتى. خوجا پەيزۇللا ئىشان يەنە جەرىگە چۈشۈپ، گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا چۆرگۈلەپ يەردىن چاڭ چىقىرىۋەتتى. شۇ ئارىدا خەۋەرچى چىقىپ، دېدى:

— مەرھەمەت، ھەزرىتىم.

خوجا پەيزۇللا ئىشان ھۇ تارتىپ، جەرە سالغىنىچە سوپىلىرى بىلەن ئوردىغا قەدەم قويدى. خىشلىق يولنىڭ ئىككى قاسىنىقىدىكى ئارچا، چىنار دەرەخلىرىگە قونۇپ سايراۋاتقان تورغاي، تۇمۇچۇقلار ئۇركۈپ ئۇچۇپ كېتىشتى. سۇۋادان تېرەكنىڭ شېخىدا سۆيگۈ داستانىنى ئوقۇۋاتقان كاككۇكمۇ جىم بولۇپ، ئۇياق ــ بۇياققا بويۇنداپ پەرۋاز قىلدى. ئوردا سەيناسىدىكى سىپاھ، بەگلەر ئۇلارغا ھەيران بولۇپ قاراپ قېلىشتى.

پەيزۇللا ئىشاننىڭ كۆزلىرى بەقەمدەك قىزارغانىدى. ئۇ قوللىرىنى غاز قانىتىدەك كېرىپ ھۇ تارتىپ بۇ ھېكمەتنى ئوقۇدى:

بىر ئاللانى ئۇنتۇغان، لائىلاھە ئىللەللا،
دىللاردىن ئۆچەر ئىمان، لائىلاھە ئىللەللا.
......

شۇ چاغدا دىۋانىخانىدىن چىققان ئەمىر ئەكرەم قىلىچىنى قىنىدىن شارت قىلىپ سۇغۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— بۇ خانىقا ئەمەس، سەئىدىيە مەملىكىتى سۇلتانىنىڭ ئوردىسى. ئۆچۈر ئاۋازىڭنى!

پەيزۇللا ئىشان چىپپىدە توختاپ قالدى، قوللىرى يىغىلدى، چىشلىرى غۇچۇرلاپ، ساقال بىرىسىپ كەتكەن يۈزى قارىداپ كەتتى.

— سەن كىمسەنكى، تەرىقەت پىشۋاسىنىڭ ئالدىنى توسقۇدەك؟

— سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ ئەمىرلەشكىرى بولىمەن.

— پىقىر ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن ئوردا ئەھلىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقىلى كەلدىم، ئەمىر.

— بەك كىچىكىپتىلا، تەخسىر. بىز غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغىلى ئۇزاق زامانلار بولدى. ۋۇجۇدىمىز پاك، دىلىمىز ئويغاقتۇر. ئۆزلىرى كىم بولىدىلا؟

پەيزۇللا ئىشان تۇرۇپ كېتىپ، دېدى:

— كىچىككىنىم يوق، ئەمىر، دەل ۋاقتىدا كەلدىم. پىقىر خوجا پەيزۇللا بۇزرۇكۋار بولىمەن.

— ياق، تەخسىر. كېچىكتىلا. ئېلىمىزدىكى خەلقنى بوۋىمىز سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان زامانىدىلا ئاللا كېرىم ئۆزى ئويغىتىپ ئىسلامغا مۇشەررەپ قىلغان.

— ھەق! بۇ پىقىرغا ئايان. ئەمما، ئوردا ئىچىگە شەھۋانىيەت شەيتانلىرى يامراپ كەتكەن، ئەمىر ...

— ئۇنداق ئەمەس، تەخسىر. ئۇردا ئىچىنى مەرىپەت نۇرلىرى قاپلىغان. جانابلىرى قايسى سۇلۇكتىن بولىدىكىن؟
— جەھرىيە سۇلۇكىدىن.
— بۇ يەرگە نېمە مەقسەت - مۇددىئا بىلەن قەدەم باستىلىكىن؟
— سۇلتان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم.
— قېنى مەرھەمەت، لېكىن سوپىلىرى مۇشۇ يەردە قالسۇن.
خوجا پەيزۇللا ئىشان سوپىلىرىغا كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، ئەمىر ئەكرەمنىڭ كەينىدىن دىۋانخانىغا كىردى. ھېچكىم سالام بەرمىگەچكە، ئۆزى سالام قىلدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەمىر - ئۆمەرالار.
ۋەزىر نىزامىددىنبەگ باش لىڭشىتىپ قويدى. ئاغزى ئېچىلغاندەك قىلدى - يۇ، نېمە دېگەنلىكىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى.
ئەمىر دىۋان قىدىرخان بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويمىدى.
— بىرئاز تەخىر قىلسىلا، تەخسىر، — دېدى ئەمىر ئەكرەم بىلەن كۆز سوقۇشتۇرۇۋالغان ئىشىكئاغىسى ئەلائىددىن مەھمۇد بارلاس ۋە كەينىگە يېنىپ سۇلتان سارىيىغا كىرىپ كەتتى.
ئىشان قوش راملىق دەرپەردىلىك دېرىزىلەر، مەرمەر تۈۋرۈكلەر، ئويما، قاپارتما نەقىش چۈشۈرۈلگەن تورۇس، گۈلدار ناۋالارغا قاراپ: «ھەي، ھەي، مۇنداق ھەشەم نەھاجەت. بۇ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەنلىكنىڭ ئالامىتى ئەمەسمۇ؟ مۇنداق راھەتتە ئىنسان ئازماي قالارمۇ؟ ...» دەپ ئويلاپ تۇرۇۋىدى، خوجا مۇھەممەديۇسۇپ بۇزرۇكۋار سۇلتان سارىيىدىن چىقىپ، ھېچكىمگە نەزىرىنى سالماي يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. «ئۇمۇ كەلگەنىكەن - دە، سۇلتانغا گېپىنى ئۆتكۈزەلمىگەندەك قىلىدۇ ...»
— تەخسىر، يۇرسىلە، — دېدى ئەلائىددىن مەھمۇد بارلاس

ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ.

— ياھۇ يائاللا ! — دەپ سۇلتان سارىيىغا قەدەم قويغان خوجا پەيزۇللا ئىشان ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بەجا كەلتۈردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتان ئالىيلىرى.

ئۈچ پايلىك ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان ئابدۇرەشىدخان: «ئەمدى بۇ ئىشان نېمىدەپ كەلگەندۇ؟ خوجا مۇھەممەديۈسۈپ بۇزرۇكـۋاردەك نەسىھەت قىلغىلى كەلگەنمىدۇ؟ ئاللا ئىرادە قىلغان ئىشنى بەندە توسۇپ قالالارمۇ؟» دەپ ئويلاپ، كەيپى ئۇچقان ھالدا دېدى:

— كېلىشلىرىدىكى مۇددىئانى ئولتۇرۇپ سۆزلىسىلە، تەخسىر.

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنى ئاھانەتلىك بىر ئىشتىن توسقىلى كەلدىم.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، چىرايى ئۆزگەردى.

— قانداق ئاھانەتلىك ئىش ئىكەن، تەخسىر؟

— بىر غېرىب ئوتۇنچىنىڭ سازەندە قىزىغا ئۆيلەنمەكچى بولۇپتىلا. بۇ شەنلىرىگە ئەسلا مۇناسىپ كەلمەيدۇ، ئالىيلىرى.

— بۇنى كىمدىن ئاڭلىدىلا؟

— ئاللا بىلدۈردى.

— تەخسىر، شۇنى سەمىلىرىگە سېلىپ قويايكى، شەرىئىتىمىزدە بۇ ئاھانەتلىك ئىش ئەمەس، سائادەتلىك ئىشتۇر، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئاچچىق كۈلۈپ.

پەيزۇللا ئىشان گەپ قىلالماي قالدى.

— ئەگەر بۇ توينى قىلماسلىق توغرىسىدا ماڭا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولسىلا، بىكار ئاۋارە بوپتۇلا، تەخسىر. مەن بۇ توينى قىلغىنىم قىلغان.

— ئۇنداق دېمىسىلە، ئالىيلىرى. ساز چېلىش شەيتان ئىشىدۇر، سازەندە بولسا شەيتان مۇرىتىدۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق،

ئۇ سازەندە قىزغا ئۆيلەنسىلە، ئاللا راۋا كۆرمەيدۇ، — دېدى غالىبانە كۈلۈمسىرەپ خوجا پەيزۇللا ئىشان.

— ئۇنداق ئەمەس. ئاللانىڭ ئىشقىدا ساز چېلىش رەھمانىيدۇر، مۆمىن سازەندە ئاللانىڭ دوستىدۇر. مېنىڭ بۇ سازەندە قىزغا ئۆيلىنىشىم ئاللانىڭ ئەمرىدۇر. بۇ ھەقتە ئەمدى گەپ ئاچمىسىلا، ئىشان.

قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي ئېيتىلغان بۇ سۆز خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى، تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشتى. ئۇ «خوش - خوش» دەپ ئارقىسىچە مېڭىپ، سۇلتان سارىيىدىن، گۈلئېرەم ئوردىسىدىن سالپىيىپ يېنىپ چىقتى، ھۇ تارتىپ جەرە سالغىنچە ئاستا - ئاستا يىراقلاپ كەتتى.

## ئون تۆتىنچى باب

# ئاي بېشىدا بولغان توي

## 1

قازانكۆل جاڭگىلىغا كەتكەن قىدىرخان توققۇز كۈن بولغاندا قايتىپ كەلدى. كەچ بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇردىغا بارماي ئۇدۇل ئۆيگە كەلدى. خوتۇنى ئايتىللا خېنىم خۇپتەن نامىزى ئوقۇۋاتاتتى. ئىشىكنى ئالتە ياشقا كىرگەن كەنجى قىزى سەلىمە ئاچتى.

— قىزىم، قارىچۇقۇم! — قىدىرخان ئۇنى كۆتۈرۈۋالدى.

— دادا! — سەلىمە قىدىرخاننىڭ بوينىغا چىڭ ئېسىلدى.

تىزگىن قىدىرخاننىڭ قولىدا بولغاچ، ئات قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، تۇمشۇقىنى قىزغا سوزۇۋىدى، سەلىمە چىرقىراپ كەتتى.

— دادا، ئات چىشلەيمەن دەۋاتىدۇ.

— قورقما، قىزىم. قارا گىر سېنى چىشلىمەيدۇ، سۆيۈپ قوياي دېگەن ئوخشايدۇ.

قىدىرخان قىزىنى كۆتۈرگىنىچە ئاتنى يېتىلەپ ھويلىغا كىردى. قارا گىر كىشنەپ، چاپچىپ قويدى.

— دادا، ئات نېمە دەۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى سەلىمە.

— ئۆيگە كەلگىنىگە خۇشال بولۇپ، سالام بېرىۋاتىدۇ، قارا ئۇنىڭ يەرنى پۇراۋاتقىنىنى.

سەلىمە تىزگىن سىيرىپ تۇرغان ئاتقا كۆز سېلىپ:

— دادا، بۇ ئاتنى سەن سېتىۋالغانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، قىزىم، بۇ قارا گىرنى ماڭا سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بەرگەن. ئۇ بەك ئادىل پادىشاھ.
— بىكارغا بېرىۋەتكەنمۇ؟ راست ئوبدان پادىشاھ ئىكەن، دادا. مەنمۇ مىنىپ باقسام بولاتتى.
— چوڭ بولغىنىڭدا ساڭا ئات ئېلىپ بېرىمەن، قىزىم.
سەلىمە خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ كەتتى.
— دادام ماڭا ئات ئېلىپ بېرىدۇ! دادام ماڭا ئات ئېلىپ بېرىدۇ! مەن ئاتقا مىنىپ ئوينايمەن.
— قىزىم، نېمە دەۋاتىسەن؟ ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن داداڭنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋاپسەنغۇ. چۈشە، تەنتەك قىز، — دېدى ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن ئايتىللا خېنىم ۋە قىدىرخاندىن ھال سوراپ، قولىدىكى چىراغنى سۇپىدا قويۇپ، ئېرىنىڭ قولىدىن قىزنى ئالدى.
— ھارغانلا، دادىسى، يولدا قىيىنچىلىق تارتىپ قالمىغانلا؟
— يوقسۇ، ئانىسى، ھارمىدىم، قىيىنچىلىقمۇ تارتمىدىم، سەھرانىڭ ھاۋاسى ماڭا ياقتى. سىلەرمۇ ئوبدان تۇرغانسىلەر؟
— ئوبدان تۇردۇق. ئىككى قىزىمىز بىر قېتىمدىن كېلىپ كەتتى. ئوغلىمىز ھەر كۈنى ئوردىدىن كېلىپلا بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنى، يېڭى خەۋەرلەرنى يەتكۈزىدۇ. تېخى تۈنۈگۈنلا: «دادام ئەجەب كېچىكتى، سۇلتان تولا يولىغا قاراپ بىئارام بولۇپ قالدى» دەپ سىلىنىڭ گەپلىرىنى قىلغانىدى.
دەل شۇ چاغدا ھويلىغا جالالىدىنخان كىرىپ كەلدى:
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دادا!
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم.
قىدىرخان ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئالغان ئوغلىنى قۇچاقلىدى.
— ئەمدى ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، دادىسى، — دېدى ئايتىللا خېنىم قىدىرخاننى دېرىزىسى باراڭلىق ھويلىغا قارايدىغان سارايغا باشلاپ.
قىدىرخان ئۆيگە كىرىپ يېكەندازدا ئولتۇردى. ئايتىللا

خېنىم ئۇنىڭ بىقىنىغا تەكىيە، ياستۇق قويۇپ بەردى.

— مۇرەببىم، ئۆز ئۆيلىرىنىڭ پەيزىنى سۇرۇپ ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، ھازىر كىرىمەن، — دېدى ئۇ ئىشىككە قاراپ مېڭىپ.

قىدىرخان چىرايلىق خوتۇنىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ئەگەر جالالىدىنخان سىڭلىسى سەلىمەنى باشلاپ كىرمىگەن بولسا، ئۇ ئىشىكتىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرىۋەرگەن بولاتتى.

— دادا، نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسەن، ئەجەب جىم ئولتۇرۇپ كېتىپسەنغۇ؟ — دېدى ئوغلى يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، سەلىمە دادىسىنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالدى.

— يەنە بىر مۇزىكا ئىجاد قىلىۋاتامسەن يا؟ — سورىدى جالالىدىنخان.

— ياق، بالام، — قىدىرخان كۆڭلىدىكى ۋىسال لەززىتى ھەققىدە ئەمەس، قازانكۆل جاڭگىلىغا بېرىپ كەلگىنى توغرىسىدا گەپ ئاچتى، — ئاشۇ خىلۋەت جاڭگالدا بىر مۇزىكا ئۇستازى ۋە ئۇنىڭ پاساھەتتە كامال تاپقان قىزىنىڭ ياشاۋاتقانلىقىنى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ھەمراھ بولۇپ شىكارغا چىقمىغان بولسام بىلمەي قالاتتىكەنمەن. يەنە كېلىپ ئۇ مۇزىكا ئۇستازىنىڭ مېنىڭ كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان يېقىن بۇرادىرىم چىقىپ قالغىنىنى قارىمامسەن. بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان كۈي - غەزەللەرنى ئۇنىڭ قىزىدىن ئاڭلىدۇق. تەقدىرنىڭ كارامىتى شۇ بولدىكى، ئۇ قىزغا سۇلتاننىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قالدى. بۇ نۆۋەت ئاشۇ جاڭگالغا توي ئىشى بىلەن بېرىپ، ئۇ بۇرادىرىمدىن يەنە بىر مۇقام ئۆگىنىپ كەلدىم.

— سەن بىلمەيدىغان مۇزىكا بارمۇ تېخى؟ — جالالىدىنخان قىزىقىپ سورىدى.

— بار، ئوغلۇم. مۇقام ئېرىقلىرى كۆپ بۇلاق. بىر مۇغەننىنىڭ ئۇنى تولۇق ئىگىلەپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇقامنىڭ كۈي - ناۋالىرىدىن بىلمەيدىغىنىم يوق دەپ يۈرەتتىم، قازانكۆل جاڭگىلىدا ئىلگىرى ئاڭلاپ باقمىغان بىر

مۇقامنى ئاڭلاپ قالدىم ھەم ئۇنى ئۆگىنىۋالدىم.
— قايسى مۇقامنى؟
— «ئۆزھال» مۇقامىنى.
— كىمدىن؟
— مۇزىكا ئۇستازى مەھمۇد ئاكا ۋە ئۇنىڭ قىزىدىن.
— ئۇ قىزمۇ ناخشا ئېيتالامدىكەن؟ — سورىدى سەلىمە.
— ھەئە، قىزىم. چوڭ بولغاندا سەنمۇ شۇنداق بولارسەن؟
— بولىمەن، دادا. ئانام ماڭا دۇتار چېلىشنى ئۆگىتىۋاتىدۇ، — دېدى سەلىمە ئاكىسىغا قاراپ قويۇپ.

خەيرۇلئەسما مەزە، گېزەك ئېلىپ كىرىپ داستىخانغا تىزدى. قېيىنئاتىسى بىلەن ئېرىگە چاي قۇيۇپ بەردى. ناننى ئوشتۇپ قويۇپ، ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىغۇسى كەلگەن جاالالىدىنخان ئېغىز ئاچتى:

— ئۇ قىز سەن دېگەندەك كۆي - غەزەلگە ئۇستا بولسا، ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن چوقۇم مەلىكە، خانىشلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ.

— قابىلىيىتىگە قايىل بولمىغان بولسام، ئۇنى ماختىماس ئىدىم. ئۇ قىز بىز ئۆيىگە بارغان كېچىسى بىر مۇزىكا چېلىپ ھاردۇقىمىزنى چىقىرىپ، ئۇيقۇمىزنى قاچۇرۇۋەتتى. يەنە بىر مۇزىكا چېلىپ، ئۇگە - ئۇگىلىرىمىزنى ئاجرىتىپ، شېرىن ئۇيقۇغا غەرق قىلىۋەتتى. كۆردۈڭمۇ ئۇنىڭ كۈيگە ماھىرلىقىنى! ئۇ ئۆزىگە قارشىلىق قىلغانلارغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك ئىرادىگە، قەيسەر روھقا ئىگە.

— ئوردىدىمۇ شۇ قىز توغرۇلۇق گەپ كۆپىيىپ كەتتى. ئوردا دېگەن گەپ تۇغىدىغان يەر ئىكەن، دادا.

— توغرا دەيسەن، ئوغلۇم. ئوردا دېگەن ئەتىگەندىن كەچكىچە گەپ كىرىپ، گەپ چىقىدىغان يەر. ھە راست، ئوردىدىكى خىزمىتىڭگە كۆنۈپ قالدىڭمۇ؟ — قىدىرخان ئوغلىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى.

جاھان مەدرىسەسىدە ئون يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان جالالىددىنخان يىل بېشىدا ساپارەتبەگكە[1] ياردەمچى بەگلىككە تەيىنلەنگەندى.

— ئۇ ئىنچىكە خىزمەتكىمۇ كۆنۈپ قالدىم، دادا. ئۇزاق ئۆتمەي ساپارەتبەگكە ھەمراھ بولۇپ، پارس مەملىكىتىگە بارىدىغان ئوخشايمەن، — دېدى جالالىددىنخان.

— بارغىن، ئوغلۇم، مەملىكەت ئىشى ئۇلۇغ ئىش. ئۆز مەملىكىتىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىمىگەن ئادەم بەجانىدىل خىزمەت قىلالمايدۇ؛ ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ ئاسىي، خائىن بولۇپ كېتىدۇ. دۇنيادا ئۆز ئېلىنى ساتقان، ئۆز خەلقىگە تۇزكورلۇق قىلغاندىن ئېغىر جىنايەت بولمايدۇ. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە سۇلتانغا، مەملىكىتىمگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلمىغىن. خەلققە پايدا يەتكۈزگىنكى، زىيان ئۇرما. مەن بۇ سەپىرىڭگە ئاقيول تىلەيمەن. جاھان كەزمىگەن ئادەمنىڭ نەزەر دائىرىسى تار بولىدۇ. سېنى مۇبارەكلەيمەن، ئوغلۇم.

جالالىددىنخان قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، دېدى:

— رەھمەت، دادا، سۆزلىرىنى ئېسىمدە تۇتىمەن. ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق شارائىتتا ئۆز سۇلتانىمغا، ئۆز ئېلىمگە ئۆمۈرۋايەت سادىق بولىمەن. ئىشەنچىلىرىگە داغ چۈشۈرمەيمەن.

— يارايسەن، ئوغلۇم، ئاللا مۇرادىڭغا يەتكۈزسۇن.

— يارايسەن، ئاكا، ئاللا مۇرادىڭغا يەتكۈزسۇن، — دېدى سەلىمە دادىسىنى دوراپ.

— ھۇ شەيتان قىز، — ئاكىسى ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

— ئوردىدا توي توغرۇلۇق گەپ تولىمۇ، ئوغلۇم؟ — قىدىرخان بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن سورىدى.

---

[1] ساپارەتبەگ — يات ئەل بىلەن بولىدىغان ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل بەگ.

— ھەئە، دادا. «سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىر كەمبەغەل ئوتۇنچىنىڭ سازەندە قىزىغا ئۆيلىنەرمىش، ئۇ قىزنىڭ ئاتىسى داخان، ئۆزى جىنكەش ئىكەن. پىرىخونلۇق قىلىپ، ئابدۇرەشىدخاننى قىزىغا مايىل قىلىۋاپتۇ» دېگەندەك ئەپقاچتى گەپلەر نەچچە كۈندىن بېرى ئوردا ئىچىدە قايناپ كەتتى.

— سىڭىلچە، تويغا قوشۇلىدىغانلار كۆپتەك قىلامدۇ ياكى قارشىلىق قىلىدىغانلارمۇ؟

— تويغا قارشىلار كۆپتەك قىلىدۇ. سۇلتان ئالىيلىرىغا ئۇ سازەندە زادى مۇناسىپ ئەمەس، دەپ قارايدىكەن. مەن ئابدۇرەھىم سۇلتان بىلەن ئىبراھىم سۇلتاننىڭ بەگئەتكەسى بولغىنىم ئۈچۈن ھەرەمگە كىرىپ تۇرىمەن ئەمەسمۇ. بۇ گەپلەرنى خانىش چۇچۇك سۇلتان بېگىم تارقىتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇ ماڭا: «ئاتىڭىزغا دەپ قويۇڭ، تويىنى قىلماسلىق توغرۇلۇق سۇلتانغا نەسىھەت قىلسۇن» دەپ نەچچە قېتىم تاپىلىدى، دادا.

— مۇنداق دېگىن، ئوغلۇم. خانىشنىڭ ئاغزى تېخىچە بېسىقماپتۇ ـ دە! ئوردىدا پەزىلەت ۋە ئىستېداتتا ئۇ قىزغا يېتىدىغان ئايال زاتى يوق.

— ئۇنداق بولسا بەزىلەر نېمىشقا بۇ تويغا قارشى چىقىدۇ؟

— ئۇ قىز خانزادە ئەمەس، ئوغلۇم، شۇڭا قارشى چىقىدۇ. خانزادىلەر ئۆزلىرىدىن باشقا كىشىلەرنى پەس كۆرىدۇ.

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخانچۇ، ئۇ پەس كۆرمەمدۇ؟

— ياق، ئۇ ھەممىگە ئوخشاش كۆزدە قارايدۇ. چۈنكى، ئۇ مەملىكەت ئاتىسى بولۇپلا قالماي، ۋەتەننى، ئىنساننى سۆيىدىغان شائىر، ھاياتقا مۇھەببەت باغلىغان مۇزىكا ئۇستازى.

ئايتىللا خېنىم كېلىنى بىلەن ھاردۇق ئېشى ئەكىردى. ئۆي ئىچىنى پىنىنىنىڭ مەززىلىك ھىدى قاپلىدى.

قىدىرخان خىيال بىلەن ئاشنى ئىچىپ بولدى. خەيرۇلئەسما داستىخاننى يىغىپ، جالالىدىنخان بىلەن مەنزەر ئۆيگە چىقىپ

كەتتى. ئـايتـىلـلا خېنىـم جايىدىـلا قىڭغـىيىـپ ئـۇخلاپ قالـغـان سەلىمەنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ياتقۇزۇپ قويدى. ئېرىگە خۇمارلاشقان كۆزلىرى بىلەن يان ئـۆيىنى شەرەتلەپ قويۇپ، شـۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قىدىرخان ھاجەتخانىغا چىقىپ كىرگەندە، خوتۇنى ئورۇن سېلىپ قويغانىدى.

— سىلىنىي بەك سېغىندىم، دادىسى، — دېدى يېشىنىپ يوتقانغا كىرگەن ئايتىللا خېنىم قولىنى سۇنۇپ.

— مەنمۇ سىلىنى سېغىندىم، ئانىسى، بولـۇپمۇ كېچىلىرى يادىمغا سىلى كىرىۋېلىپ ئۇخلىيالمىدىم، ئۇخلىغان چاغدا سىلىنى چۈشىدىم، — دېدى قىدىرخان ئايتىللا خېنىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ.

ئايتىللا خېنىم پىخىلداپ كۈلدى:

— نەچچە كۈندىن ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تازا ھارغانلا، ئېرىم. ئۈستىخانلىرىنى سىلاپ قوياي، ئـۇگە - ئۈگىلىرىگە يېپىشقان ھاردۇق چىقىپ كەتسۇن.

ئايتىللا خېنىم قىدىرخاننىڭ تېنىنى سىلىغىدى، دېگەندەك قىدىرخان راھەتلىنىپ يېنىكلەپ قالدى ۋە ئەسنەك تۇتۇپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا ناماز بامداتقا ئەزان چىقىۋاتاتتى. «بۈگۈن جۈمە، سۇلتان ئوردىغا چىقمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەرەمگە بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەي» دەپ ئويلاپ قازناققا كىردى. خوتۇنى تەڭشەپ قويغان ئىلمان سۇ بىلەن يۇيۇنۇپ، كىيىم يەڭگۈشلەپ ھۇجرىسىغا چىقتى. ئاق گۈللۈك، ھاۋا رەڭ يىپەك رەختتىن تىكىلگەن كۆڭلەك ئۈستىدىن تاۋار پىنجەك كىيىپ، ئاق رومال سالغان ئايتىللا خېنىم ئۇنىڭغا پەرىزاتتەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

قىدىرخان ناشتا قىلىپلا، يېشىل بەقەسەم تونىنى كىيدى. يېشىل شايى سەللىسىنى بادام دوپپىسىغا ئوراپ، مەخمەل جىلدقا سالغان دىۋانىنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقتى.

## 2

چاشگاھ ۋاقتىنىڭ نۇرلۇق قۇياشى ياركەند كوچىلىرىنى يورۇتقانىدى. ئابدۇرەشىدخان چۇچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ قەسرىدە ناشتا قىلىپ، ئارامگاھقا چىققاندا قىدىرخان كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتان ئالىيلىرى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئەمىر دىۋان. كۆزدە كېلەرمىكىن دېسەم، كۆكلەم ئۆتمەيلا كېلىۋاپتىلىغۇ؟

— ئاللا پېقىرغا قانات بەرمەپتىكەن. ئەگەر قانىتىم بولغان بولسا، بارغان كۈنۈملا قايتىپ كەلگەن ۋە ئالىيلىرىنى مۇنچە بىتاقەت قىلمىغان بولاتتىم، — ھەزىلگە ھەزىل بىلەن جاۋاب بەردى قىدىرخان.

ھەر ئىككىيلەن كۈلۈپ كېتىشتى.

— قېنى مەرھەمەت، ئەمىر دىۋان، — ئابدۇرەشىدخان ئۇنى يان تەرەپتىكى پادىشاھ ساتىراشخانىسىغا باشلاپ كىردى. ھاشىم ئاخۇن ئۇستام ئۇلارنى قىزىق - قىزىق گەپلىرى بىلەن كۈلدۈرۈپ، چاچلىرىنى ئېلىپ، ساقاللىرىنى چىرايلىق ياساپ قويدى. ئۇلار ساتىراشخانىدىن چىقىپ، دېرىزە تەكچىلىرىگە تەشتەكلىك رەڭگارەڭ گۈل - گىياھلار تىزىلغان ئارامگاھنىڭ مۇزىكا بۆلۈمىگە كىرىشتى. نەپىس زەر پەردىلىك دېرىزە بويلاپ سېلىنغان قوش قەۋەت تەتىللا يېكەندازدا ئولتۇرۇشتى. ئويۇق - تەكچىلەرگە تىزىلغان، گۈلدار تامغا ئېسىلغان ھەر خىل سازلار كۆركەملىكى، نەپىسلىكى بىلەن ئادەمنى مەھلىيا قىلاتتى. كېنىزەكلەر نان، يەل - يېمىش، گېزەك، شەربەتلەرنى ئەكىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئابدۇرەشىدخان كۈمۈش جامغا ئانار شەربىتى قۇيۇپ، قىدىرخانغا تۇتتى.

— توي ۋاقتى بېكىتىلدىمۇ، قىدىرخان ئاكا؟ — دەپ سورىدى خۇش خەۋەرگە ئىنتىزار بولغان سۇلتان.

— بېكىتىلدى، ئالىيلىرى.
— قايسى ۋاقىتتا؟
— جۇمادىيەلئەۋۋەلنىڭ بىرىنچى كۈنىگە.
— ئاي بېشىغا يەنە ئون توققۇز كۈن بار ئىكەن، — ھېسابلاپ كۆرۈپ باش لىڭشىتىپ قويدى ئابدۇرەشىدخان، — ئوبدان ۋاقىتتا بېكىتىلىپتۇ.
— شۇنداق، ئالىيلىرى. بۇ ئون توققۇز كۈن توي تەييارلىقى بىلەن تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى قىدىرخان ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك.
ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئويچان چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ قىز تەرەپ يېنىۋالارمۇ دەپ ئەندىشە قىلغانىدى، كۆتكىنىگە يارىشا قىز تەرەپتىن توي ۋاقتى بېكىتىلگەچكە، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.
— تويلۇققا نېمىلەرنى سالدى؟ — سورىدى ئۇ ئامانىساخاننىڭ ساتار چېلىۋاتقاندىكى تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ.
— تويلۇققا ھېچ نەرسە سالمىدى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئابدۇرەشىدخاننىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئۆچتى.
— توي كۈنىنى بېكىتىپتۇ ـ يۇ، تويلۇق سالماپتۇ. ئاكا، بۇ نېمە گەپ ئۆزى؟
— بۇنىڭدا باشقا ئىش يوق، ئالىيلىرى. مەھمۇد ئاكا بىز دەسلەپ بارغاندا، كېيىن ئۆزۈم بارغاندا ئېلىپ بارغان نەرسىلەرنى ۋە بۇ قېتىم مەن ئېلىپ بارغان ئالماس ئۈزۈك، توققۇز توپ تەتىللا، توققۇز توپ تاۋار، توققۇز توپ كىمخاب، ئون توققۇز سەر ئالتۇن، يۈز تىللا، يۈز تۇياق قوي، كالىنى تويلۇققا ھېسابلىغان بولسا كېرەك. «تويلۇق بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايدۇ، مۇشۇ يېتەرلىك» دەپ تويلۇق سالغىلى ئۇنىمىدى.
— بۇ ئادەتتىكى توي ئەمەس، كاتتا بىر مەملىكەتكە

سۇلتانلىق قىلىۋاتقان پادىشاھنىڭ تويى. بۇ نەرسىلەر تويلۇق ئەمەس، توي تەييارلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان نەرسىلەر دەپ چۈشەندۈرمىدىلىمۇ، ئاكا؟

— چۈشەندۈردۇم، ئالىيلىرى. لېكىن، مەھمۇد ئاكا زادى ئېغىز ئاچقىلى ئۇنىمىدى، — قىدىرخان مەيۈسلىنىپ قالغان ئابدۇرەشىدخانغا يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋىدى، ئۇ:

— باشقا تەلىپى يوقمىكەن؟ — دېدى.

— گەپنىڭ قىزىقى مانا شۇ تەلەپتە. مەھمۇد ئاكىنىڭ ئۈچ تەلىپى بار ئىكەن.

— قېنى ئېيتسىلا، ئەمىر دىۋان، قانداق تەلەپلەر ئىكەن ئۇ؟

قىدىرخان تەمكىن ھالدا دېدى:

— مەھمۇد ئاكىنىڭ بىرىنچى تەلىپى شۇكى: قازانكۆل مەھەللىسىدە بىر خۇسۇسىي قارىيخانىدىن باشقا مەكتەپ يوق، كىشىلەرنىڭ كۆپى ساۋاتسىز قالدى، شۇڭا بۇ يەرگە خانلىق باشقۇرىدىغان بىر مەكتەپ سالدۇرۇپ بەرسە، دېگەندىن ئىبارەت. ئىككىنچى تەلىپى: قازانكۆل مەھەللىسى دەريادىن يىراق، ئاندا ــ مۇندا سۇ كېلىدىغان بىرلا ئېرىق بار، مۇمكىن بولسا بىر ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ بەرسە، دېگەندىن ئىبارەت. ئۈچىنچى تەلىپى: قازانكۆل مەھەللىسىدىكى دېھقانلار نەچچە يىلدىن بېرى ئاشلىقتىن تۈزۈك ھوسۇل ئالالماي، سېرىقتال تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ، ئۇلار ھاللىنىۋالغۇچە باج ــ سېلىقنى كەچۈرۈم قىلسا، دېگەندىن ئىبارەت. ئۇ: «بىزگە ئارتۇقچە تويلۇقنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. مۇشۇ ئۈچ شەرت ئادا قىلىنسا، تويلۇق ئالغانغا باراۋەر بولىدۇ» دېدى، سۇلتان ئالىيلىرى.

— قارىسىلا ماۋۇ قېيىنئاتامنى، دانا ئادەم ئىكەن. بۇ ئاۋامغا پايدىلىق تەلەپلەر ئىكەن، چوقۇم ئورۇنلايمەن. قىزنى يۆتكەپ كېلىشكە ئۆزۈم بارىمەن. بۇ تويغا جەمەتىمىز ئىچىدىكى خانىش ــ مەلىكىلەر، ئەمىر ــ بەگ، سەردارلار قارشى چىقىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۇ تويىنى داغدۇغىلىق

ئۆتكۈزمىسەك بولمايدۇ، چۈنكى بولغۇسى خانىشىنىڭ ھۆرمەت ـ ئىززىتى مانا شۇ توينىڭ قانداق ئۆتكۈزۈلۈشىگە باغلىق، — دېدى ئابدۇرەشىدخان قىزىپ سۆزلەپ، ئۇ بىرپەس ئويلىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — قازانكۆل جاڭگىلىغا بارىدىغان ھارۋا يولى يوق ئىكەن. شۇڭا، ئون كۈن ئىچىدە مەكتەپ بازىرىدىن مەھمۇد ئاكىنىڭ ئۆيىگىچە بىر ھارۋا يولى ياساش لازىم. مانا شۇ يول بىلەن بېرىپ، قىزنى يۆتكەپ كېلىمەن. يول ياساش ئۈچۈن بەش مىڭ سەر كۈمۈش بېرەي. يولغا ئىشلەنگەنلەرگە رازى بولغۇدەك ھەق بېرىلسۇن. يول ياساشقا يارامliq بەگ، سەردارلار يېتەكچىلىك قىلىشى زۆرۈر. بۇنى ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرسىلا، ئەمىر دېۋان.

قىدىرخان ئابدۇرەشىدخاننىڭ بۇ گەپلىرىدىن پۈتۈن ئەس ـ يادى توي ئىشىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا باشقا گەپ ـ سۆز ياقمايدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇمۇ مانا شۇنداق ھىجران ئازابىنى بېشىدىن كەچۈرگەچكە، ئابدۇرەشىدخانغا چىن قەلبىدىن ھېسداشلىق قىلىپ، دېدى:

— ياخشى ئويلاپتىلا، ئالىيلىرى. بۇ توي ئۆزلىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن سانايدىغان تەكەببۇر كىشىلەرگە زەربە بېرىپلا قالماستىن، جانابىي ئاللا بىز بەندىلەرگە ئاتا قىلغان بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن ھوزۇرلىنىشقا قارشى تۇرىدىغان تەركىدۇنياچىلارنىڭمۇ ھەيۋىسىنى سۇندۇرىدۇ، يەنە خانلىقنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەيدۇ. پېقىر پۈتۈن كۈچۈم بىلەن خىزمەتلىرىدە بولىمەن.

— رەھمەت، قىدىرخان ئاكا، سىلىدىن كۆپ مىننەتدارمەن، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا يەنە بىر جام گىلاس شەربىتى سۇنۇپ، — تاغام مەنسۇرخاننى تويدا پېقىرغا ئاتا بولۇشقا تەكلىپ قىلماقچىدىم. ئەپسۇس، ئۇ ئورنىغا ئوغلىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆزى ھىندى ئېلىگە — ھۇمايۇن مىرزىنىڭ قېشىغا كېتىپتۇ. بۇ توغرۇلۇق سىلى قازانكۆل جاڭگىلىغا ماڭغان كۈنىنىڭ ئەتىسى

مەكتۇپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن قارارىمنى ئۆزگەرتتىم. ئاتا ۋەزىر نىزامىدىنبەگ ماڭا ئاتا بولۇپ بەرسە ئوبدان بولاتتى، لېكىن هازىر ئۇنىڭ دىلى بىلەن تىلى بىردەك ئەمەس. بۇنى سەزگەنلا؟ يەنىلا ماڭا سىلى ئاتا بولۇپ بەرسىلە. قولدىشىم ئەمىر ئەكرەم بولىدۇ. قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر بۇ توينى قىلغىنىم قىلغان !

ئابدۇرەشىدخان ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزنى قىلغاندا قارا كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

قىدىرخان ئورنىدىن دەس تۇردى.

— ئىنشائاللا، سۇلتان ئالىيلىرى، تىلەكلىرى مۇراد تاپقاي. مەن هازىردىن باشلاپ توي ئىشىغا كىرىشىپ كېتەي، رۇخسەت قىلغايلا.

— توختىسىلا، ئەمىر دىۋان، بۇگۈن جۈمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلا؟ هېلى ئەمىر ئەكرەم كېلىدۇ. جۈمە نامىزىدىن كېيىن مەيدانى ئادالەتتە ئاۋام بىلەن دىدارلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەرز ـ هالىنى ئاڭلايمەن، سىلى قېشىمدا بولمىسىلا بولمايدۇ.

— ئەلۋەتتە، ئالىيلىرى. ئاۋام ئۆز غەمخورىنى ئۇنتۇمايدۇ، — دېدى قىدىرخان جايىدا ئولتۇرۇپ، ئاندىن چارباغ تەرەپتىن كەلگەن كاككۇك ئاۋازىغا قۇلاق سالغىنىچە كۈمۈش جامغا قول ئۇزارتتى.

## 3

گۈلئېرەم ئوردىسىنىڭ چارباغىدىكى شاپتۇل، ئۆرۈكلەرنىڭ چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ، غورا ئاشقا سالغۇدەك بولۇپ قالغانىدى. كاككۇك سايراپ، ئەنجۈر تۈگۈپ، ئانارگۈلى غۇنچە باغلىغانىدى. پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىلگۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى دىماقنى ياراتتى. ئوردا ۋە هەرەمدىكىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىۋاتقان مېهمانلارنى كۈتۈش بىلەن بەند ئىدى.

تويغا تۇنجى بولۇپ قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى ئوبۇلھادىبەگ كەلدى. ئۇ ئالاھىدە تەربىيە كۆرگەن توققۇز جۈپ كېنىزەك، توققۇز جۈپ مەھرەم ئوغۇل، توققۇز تاي چاڭئەن تاۋىرى، توققۇز تاي بەقەسەم چەكمەن، توققۇز مىڭ سەر كۈمۈش قاتارلىق نەرسىلەرنى توققۇز تارتۇق قىلىپ ئەكەلگەنىدى.

ئىككىنچى بولۇپ كەلگىنى ئاقسۇ ۋە يەتتىسۇ دىيارىنىڭ ھاكىمبېگى شاھزادە ئابدۇلكېرىمخان ئىدى. ئۇ توققۇز تارتۇقتىن باشقا ئوتتۇز ھارۋا گۈرۈچ ئەكەلگەنىدى. دادىسىغا ئوخشاش بوي ـ بەستلىك بۇ شاھزادە ئاتا ـ ئانىسىنى بەكمۇ سېغىنغانىدى. ئوغلىنىڭ قەددى ـ قامىتىگە قاراپ ئابدۇرەشىدخاننىڭ مەستلىكى كەلدى. مەختۇمە سۇلتان بېگىم دەرھال ئىسرىق سالدۇرۇپ، ئوغلى، كېلىنى ۋە ئىككى نەۋرىسىنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ، قەسىر ھويلىسىغا قويۇپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ كۆز تەگمىسۇن دەپ قىلغان ئىشى ئىدى.

بايدىن تارتىپ قومۇلنىڭ شەرقىگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ كەلگەن مەنسۇرخاننىڭ ئوغلى — تۇرپان سۇلتانى شاھخانمۇ نۇرغۇن سوۋغا ـ سالامنى توققۇز تارتۇق قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئەكەلگەن قاراشەھەرنىڭ توققۇز جۈپ قارا ئارغىمىقى ئابدۇرەشىدخاننى ئالاھىدە خۇش قىلىۋەتتى. ئالمالىقتىن تارتىپ دەشتى قىپچاق، ئىسسىقكۆلگىچە، يەتتىسۇدىن تارتىپ خوتەن دىيارىغىچە بولغان جايلارنىڭ ھاكىمبەگ، سۇلتانلىرىمۇ توققۇز تارتۇق بىلەن خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئەكېلىشكەنىدى. تاھىرخان بىلەن ھەقنەزەرخان ئۆزلىرى كەلمىگەن بولسىمۇ، توققۇز تارتۇق بىلەن سۇلتان نىگار خېنىمغا سوۋغا ـ سالام ئەۋەتكەنىدى. قازاق، قىرغىز ئېلىگە نازارەتچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان تاشكەنت خانى نورۇز ئەھمەدخانمۇ توققۇز جۈپ ئىران گىلىمى، توقسان توققۇز تاي سەمەرقەنت بەقەسىمى، توقسان توققۇز تاي ئەندىجان ئەتلىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى توققۇز تارتۇق قىلىپ ئەكەلگەنىدى.

شاھزادە ئىسكەندەر سۇلتان تىبەتتىن توقۇز تارتۇق ئەۋەتىپ، ئۆزى كەلمىگەنىدى. «بۇ غەيۇر ئىنىم كەلگەن بولسا ئوبدان بولاتتى، مەندىن خاپا بولۇپ قالغان چېغى» دەپ ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى.

پايتەخت خەلقى ئۆز سۇلتانىنىڭ بۇ تويىغا ئەجەبلىنىش ئىلكىدە ھېسداشلىق قىلىپ، ئىشىك ئالدىلىرىنى گۈل ـ گىياھلار بىلەن بېزەپ، تاملارنى ئاقارتىپ، كوچا ـ كويلارنى سىرىپ ـ سۈپۈرۈپ، ياركەندنى يېڭى قىياپەتكە كىرگۈزگەنىدى. ياركەند شەھرىنىڭ ھاكىمى ئوسمانبەگ يۈز غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتا ئاق پاينداز تەييار قىلىپ قويغانىدى. كۆيۈئوغۇل بىلەن كېلىن مۇشۇ پاينداز ئۈستىدە مېڭىپ قەسرىگە كىرەتتى. ئوسمانبەگ يەنە ئابدۇرەشىدخان باشلىق خان جەمەتىنىڭ سۇلتان ـ شاھزادىلىرىگە توققۇز جۈپ زەر ياقلىق تون تىكتۈرۈپ قويغانىدى.

رەبىئۇلئاخىرنىڭ ئاخىرقى كۈنى چاشگاھ ۋاقتىدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ ھەمراھلىقىدا كېلىننى يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن پايتەختتىن قازانكۆل جاڭگىلىغا قاراپ يولغا چىقتى. مەختۇمە سۇلتان بېگىم بىلەن نۇرنىسا سۇلتان بېگىم ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن سۇلتان، ھاكىمبەگلەرنىڭ خانىش، رەپىقىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەيلەرگە چۈشۈپ ماڭدى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم: «ئانامنىڭ كېسىلى ئېغىر، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرمىسام بولمايدۇ» دەپ كېلىن يۆتكەشكە بارغىلى ئۇنىمىدى. ئۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئاماننىساخانغا ئۆيلەنگىنىگە چىدىماي، رەشك ئوتىدا پۇچىلىناتتى. تويچىلار ئۇزاپ ماڭغاندىن كېيىن چۈچۈك سۇلتان بېگىم تولا يىغلاپ، سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ قېشىدا قىزىپ يېتىپ قالدى.

تويچىلار تويىنىڭ ئەڭ ئالدىدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن بوز ئاتلىق قىرىق بىر تۇغچى سەپ تۈزگەنىدى. ئارقىدىن قىزىل جەدىگە مىنگەن قىرىق بىر

شادىيانىچى ناغرا - سۇناي، بۇغرا - كاناي چېلىپ ماڭغانىدى. ئوتتۇرىدا ۋەزىر - ۋۇزرالار بىلەن ئاق ئاتلىق ئابدۇرەشىدخان سۇۋارى كۆك تورۇققا مىنىشكەن قىرىق بىر نەپەر خاس نۆكەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە كېتىۋاتاتتى. ئابدۇرەشىدخان ئۈچىسىغا يېشىل تون كىيگەن، يېشىل سەللە ئورالغان تاجىغا ئاق گۆھەر قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ روھى جۇشقۇن، كۆڭلى خۇشال ئىدى. شەيخۇلئىسلام باشچىلىقىدىكى پايتەخت مۆتىۋەرلىرى، تىجارەتچى، كاسىپلار ئۇلارنىڭ كەينىدە مەپە - ھارۋىلار بىلەن كېلىۋاتاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا بەگ، ياساۋۇللار توپى ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ كەلمەكتە ئىدى.

ھەممە ياق باھار قۇياشىنىڭ نۇرىغا چۆمۈلگەنىدى. توي كۆچۈرگۈچىلەر قومۇشلار يەلپۈنۈپ تۇرغان تىزناپ بويىغا كېلىشىپ ناماز شامنى ئوقۇۋېلىشتى. قومۇش مەھەللىسىدىكىلەر ئەكەلگەن يېمەكلىكلەرگە ئېغىز تېگىپ، بۇ يەردە قونۇپ قېلىشتى. ئەتىسى سەھەردە يولغا چىقىپ، كۈن پېشىندىن قايرىلغان مەھەلدە مەھمۇد ئاخۇننىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى. يول ياسالمىغان بولسا، ئۇلار بۇ يەرگە بۈگۈن يېتىپ كېلەلمىگەن بولاتتى. تەكشى ياسىلىپ، چىڭدالغان يولغا قاراپ خۇرسەن بولغان ئابدۇرەشىدخان يول ياسىغۇچىلارغا مىڭ سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىشكەن مەھمۇد ئاخۇن باشلىق مەھەللە مويسىپىتلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئوتتۇز غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى ئاق كىگىز پايانىدازغا قەدەم قويدى. ئىشىك ئالدىدىكى سەينا، ھويلا ۋە ئۆيلەر قىزنى كۆچۈرگىلى كەلگەن مېھمانلار بىلەن توشتى. مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىلگەندىن كېيىن داستىخان سېلىنىپ غىزا تارتىلدى. غىزادىن كېيىن بۇغرا - كاناي، ناغرا - سۇنايلار چېلىنىپ، توي باشلىنىپ كەتتى. سازەندىلەر ساز چېلىپ، يىگىتلەر ئۇسسۇلغا چۈشۈشتى. ئابدۇرەشىدخان تۇنجى بولۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان شاھھەيبەت

ياركەندىي ۋە جاالالىدىنخانىنىڭ بېشىدىن تىللا ئۆرۈپ سازەندىلەرنىڭ ئالدىدىكى پەتنۇسقا تاشلىدى. بارا - بارا ناخشا - كۈي ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، مەھەللە ياشلىرىمۇ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشتى. ۋاقىت شۇنداق چاندۇرمايلا ئۆتتىكى، بىردەمدىلا كۆك ئاسماننىڭ بۇرجىكىدە قىزلارنىڭ ئەگىم قېشىدەك ھىلال ئاي كۆرۈندى.

قازانكۆل قىشلىقىنىڭ مەزىنى شامغا ئەزان ئېيتتى. سازمۇ، ناخشىمۇ، قىيقاس - سۈرەنمۇ، كۈلكە - چاقچاقمۇ بىردىنلا بېسىقتى. گويا ۋاراقلاپ قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك، ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆمدى. شام ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە ناخشا - كۈي باشلىنىپ، ئۇسسۇل قىزىپ كەتتى. سازەندىلەرنىڭ ئالدىدىكى پەتنۇسلار تىللا، تەڭگە، يارماقلار بىلەن توشۇپ كەتتى. خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن يەنە داستىخان سېلىنىپ، غىزا تارتىلدى. لېگەنلەر يىغىلغاندىن كېيىنمۇ پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماقلاردىن خېلىغىچە كەتمىدى. قىدىرخان قەدىناس بۇرادىرىنىڭ شۇنچە كۆپ مېھماننى ئەمتىرىمەي، قىسىلماي كۈتۈۋالغىنىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولدى. ئابدۇرەشىدخان قېيىنئاتىسىنىڭ قابىل، قولى ئوچۇق، مېھاندوست ئادەم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلىپ يەتتى. «قېيىنئاتامنىمۇ قىزى بىلەن بىللە ئەكېتىمەن» دېدى ئۇ كۆڭلىدە.

ھىلال ئاي چاقىلانغان ئورغاقتەك پارىلداپ يۇلتۇزلۇق ئاسماننىڭ قەرىگە كۆتۈرۈلگەندە، شەيخۇلئىسلام ئابدۇللا دامولla نىكاھنى باشلىدى. قىدىرخان ئابدۇرەشىدخانغا ئاتا بولدى. قازانكۆل قىشلىقىنىڭ ئاقساقىلى بىلەن ئىمامى قىزنىڭ گۇۋاھچىسى بولدى. قىزنىڭ مېھرى ھەققىنى يۈز سەر ئالتۇن قىلىپ بېكىتتى. ئابدۇللا دامولla: «مەھمۇد ئاخۇننىڭ قىزى ئامانىسا خېنىمنى ئەمىرلىرىگە ئالدىلىمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئابدۇرەشىدخاننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ، ئاقۇچ

چىرايى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ شەيخۇلئىسلامغا قاراپ، دېدى:

— ئۇلۇغ ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئامانىنىساخاننى ئەمرىمگە ئالدىم.

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىننى مەرھۇم سەئىدخاننىڭ ئوغلىنى ئۆزلىرىگە قوبۇل قىلدىلىمۇ، قىزىم؟ — دەپ سورىدى شەيخۇلئىسلام ئۇنلۇك ئاۋازدا ياندىكى ئۆيگە بويۇن سوزۇپ.

ئۇچىسىغا ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا يېشىل ھىلھىلە رومال ئۇستىدىن ئالتۇن ئوتۇغات قادىۋالغان ئامانىنىساخاننىڭ يۈرەك ـ باغرىغا ئوت كەتكەندەك بولدى، قارا كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. «ئاتامنى تاشلاپ كېتەرمەنمۇ؟ ئاھ، خۇدا ...»

شەيخۇلئىسلام تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزىنى تەكرارلىدى.

— ئەلھەمدۇلىللا، قوبۇل قىلدىم، — ئىنچىكە، زىل ئاۋازنى ئىشىتكەن ئابدۇللا داموللا ئاپپاق سەللە ئورالغان بېشىنى لىڭشىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— جامائەت، نىكاھ غايىب. كىم كىمگە تېگىدۇ، كىم كىمگە ئۆيلىنىدۇ، بۇنى بىر ئاللا بىلىدۇ. نىكاھى باغلانغان ئەر ـ ئايالنىڭ ئەر ـ خوتۇن بولۇشىنى ھېچكىم توسۇيالمايدۇ. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئالىيلىرىنىڭ مەھمۇد ئاخۇننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشىنى ئاللا ئىرادە قىلغان. بىز ھەممىمىز ئۇلارنىڭ بەختلىك ھايات كەچۈرۈشىنى، بالىلىق بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلايلى، ئامىن!

— ئامىن! — كۆپچىلىك دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئامانىنىساخانغا بەخت تىلەشتى.

قىدىرخان شەيخۇلئىسلامغا مىسىرنىڭ ئاق يوللۇق شايىسىدا تىكىلگەن تون ياپتى. قازانكۆل قىشلىقىدىكى مويسىپىتلارنىڭ ھەممىسىگە بەقەسەم تون كىيدۈرۈلدى. ئوتتۇرا ياش، ياشلارغا ئۇن سەردىن كۈمۈش، بالىلارغا يىگىرمە يارماقتىن پۇل ئىنئام قىلىندى.

مەريەمنىسا بۇۋى مەختۇمە سۇلتان بېگىمنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بۇ قىشلاقتىكى خوتۇن ـ قىزلارغا كۆڭلەكلىك يىپەك رەخت ۋە شايى رومال تارتۇق قىلدى.

ئارىلىق يىراق بولغىنى ئۈچۈن ئابدۇللا داموللىنىڭ قوشۇلۇشى ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ رازىلىقى بىلەن قىزنى ئەتە ئەتىگەندە يۆتكەپ كەتمەكچى بولدى ۋە ئۇنى مەختۇمە سۇلتان بېگىم بىلەن نۇرنىسا سۇلتان بېگىمگە تاپشۇردى.

توينىڭ ئاخىرى مەشرەپكە ئايلىنىپ كەتتى. زوق ـ شوق بىلەن چېلىنىۋاتقان سازلارنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشتى. مەشرەپ تاكى يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى، شۇنىڭدىن قىشلاق ئەھلى ئۆيلىرىگە قايتىشتى. بەگ، سىپاھ، ياساۋۇللارمۇ مۇشۇ ئەتراپقا تىكىلگەن چېدىرلارغا كىرىپ كېتىشتى.

مۇشۇ تاپتا ئاسماندا چاقناپ تۇرغان ياقۇت يۇلتۇزلار ھىلال ئاينى ئورىۋالغاندەك، قىشلاق قىزلىرى بىلەن كېنىزەكلەر ئامانىساخاننى ئارىغا ئېلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ يۈزى ئاق ھېلىھىلە رومال بىلەن يېپىقلىق ئىدى.

— ئەمدى قىزىم ئارام ئالسۇن، — دېدى مەختۇمە سۇلتان بېگىم. قىزلار بىلەن كېنىزەكلەر يان ئۆيگە چىقىپ كېتىشتى. ئامانىساخان قېيىنئانىسى بىلەن نۇرنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ ئارىلىقىدا ياتتى. چۈشىدە مەرھۇم ئانىسىنى، قومۇش مەھەللىسىدە قالغان بالىلىق ۋاقتىدىكى دوستلىرىنى كۆردى. ئارىلىقتا نەچچە قېتىم ئويغاندى. تاڭغا يېقىن ئابدۇرەشىدخاننى چۈشەپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى ئاتىنىڭ ئالدىغا مىندۈرۈپ كېتىۋاتقۇدەك، دادىسى قوللىرىنى ئۇزارتىپ: «قىزىم، نەگە بارىسەن؟!» دەپ تووۋلاۋاتقۇدەك. ئۇ چۆچۈپ ئويغانغاندا چولپان تۇغقانىدى.

قىدىرخان بىلەن پېشايۋاندا ياتقان ئابدۇرەشىدخانمۇ تولا چۈش كۆرۈپ، ئويقۇسى ئويقۇ بولمىدى. ئامانىساخاننى ئاتقا

مىنگەشتۈرۈپ ھەرەم قەسىرىگە ئەكەپتۇدەك، چوڭچوڭ سۇلتان بېگىم دەسلەپ دەشتى قىپچاق چۆلىدە ئۇچراتقىنىدەك ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىۋالغانىمىش، ئامانىنىساخاننى چاپماقچى بولۇپ قىلىچ شىلتىپ كەلگەندە، ئابدۇرەشىدخان ئويغىنىپ كەتتى. ئىككىنچى قېتىم ئۆگەي ئانىسى ئاينىگار سۇلتان بېگىم چۈشىگە كىرىپ قالدى. ئۇ قولىدا خەنجەر كۆتۈرگىنىچە «ئوغلۇم ئىسكەندەر سۇلتاننى ئەكېلىپ بەرمىسەڭ، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەۋاتقۇدەك. ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ قولىدىن خەنجەرنى ئېلىۋالىمەن دەپ، قولىنى ئۇزارتقىنىچە ئويغاندى. شۇنىڭدىن كېيىن تاڭ يورۇغۇچە ئۇخلىيالمىدى.

ئەتىگەنلىك ناشتىدا مېھمانلارغا شورپا، گۆش تارتىلدى. مېھمانلار ئاۋۋال شورپىغا سىڭىشىپ پىشقان سەھرا نېنى چىلاپ يېيىشتى، ئارقىدىن دورا ـ دەرمەك بىلەن پىشۇرۇلغان گۆشلەرگە قول سوزۇشتى.

مېھمانلار داستىخانغا دۇئا قىلىپ تۇرۇشىغا قىشلاقتىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن مېھمانلارنى ئۇزاتقىلى كېلىشتى.

ئابدۇرەشىدخان تۈنۈگۈن قانداق دەبدەبە بىلەن كەلگەن بولسا، شۇنداق دەبدەبە بىلەن ئۇزىدى.

تۆت يەڭگە، ئۈچ دوستى بىلەن ئۆيدىن چىققان ئامانىنىساخان ئاتىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ، كۆركەم بېزەلگەن مەپىگە چىقتى. مەھمۇد ئاخۇن:

— قىزىم، بۇ ساتارنى ئېلىۋالغىن، ساڭا ھەمراھ بولىدۇ، — دېدى ساتارنى سۇنۇپ.

— يالغۇز قالىدىغان بولدىلا، دادا، — دېدى ئامانىنىساخان ساتارنى قولىغا ئېلىپ.

— ياق، قىزىم. قالۇن، تەمبۇر يېنىمدىلا بولىدىكەن، ھەرگىز يالغۇز قالمايمەن. ئاللا مېنى يالغۇز قويمايدۇ. خاتىرجەم كېتىۋەرگىن، قىزىم. خەير، خۇداغا ئامانەت.

— خوش، دادا، ئۆزلىرىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم!

ئامانىساخانىڭ كۆز ياشلىرى كۆكلەم يامغۇرىدەك ئېتىكىگە قۇيۇلدى. كۆز يېشى بۇلاقتەك ئۇقچۇغان مەھمۇد ئاكا يانغا قارىۋالدى.

— يىغلىمىسىلا، خېنىم، — دەپ تەسەللى بېرىشتى يەڭگىلەر. دوستلىرى ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشتى. قىرىق بىر ئاتلىق كېنىزەكنىڭ مۇھاپىزىتىدە مەپە يۈرۈپ كەتتى. مەختۇمە سۇلتان بېگىم باشلىق مەلىكە، خانىش، ئاغىچا خېنىملار چۈشكەن مەپىلەرمۇ كەينى - كەينىدىن يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلانغان بەگ، سىپاھلار ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ ئاستا - ئاستا كۆزدىن غايىب بولۇشتى.

— خەير، مېھرىبان قىزىم، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم، — دەپ پىچىرلىدى مەھمۇد ئاخۇن. ئۇ ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان ئىچىدىن قىزىنىڭ گۈزەل سىماسىنى ئىزدىگىنىچە ئاستا مېڭىپ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاۋاتقان ئۇجمە دەرىخىگە يۆلەندى.

# ئون بەشىنچى باب

# مۇقام مەلىكىسى

## 1

خان جەمەتى تۇرۇۋاتقان ھەرەم قەسىرلىرى گۈلئىرەم ئوردىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقانىدى. ئوردا بىلەن ھەرەمنى ئېگىز كۇنگۈرىلىك تام ئايرىپ تۇراتتى. بۇ تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭ دەرۋازا، ئىككى تەرىپىگە ئارا ئىشىك ئورنىتىلغان؛ بۇ دەرۋازا ـ ئىشىكلەردە ساداقەتمەن مەھرەملەر قاراۋۇللۇق قىلاتتى. ھەرەمگە خان جەمەتىدىكىلەردىن باشقا ھېچكىمنى، ھەتتا ۋەزىر، ئەمىرلەرنىمۇ كىرگۈزمەيتتى. ھەرەم ئىشىكىدىن كىرىپلا ھەر تەرەپكە كەتكەن خىشلىق يول بىلەن مېڭىپ خالىغان قەسىرگە بارغىلى بولاتتى. ھەربىر قەسىرنىڭ ئۆز ئالدىغا گۈللۈك ھويلىسى، ئاشخانا، ھاممام، مېھمانخانا، ساراي، ئايۋان، ھۇجرىلىرى بار ئىدى. قەسىر ئۆيلىرى بىر قەۋەتلىك بولۇپ، تاملىرى ئېگىز، سالاسۇنلۇق پېشايۋانلىرى مەرمەر تۈۋرۈكلۈك، دېرىزىلىرى قاپقاقلىق ئىدى. قەسىر ئىشىكلىرىدىمۇ قاراۋۇل بار ئىدى.

سەئىدخاننىڭ ئىككىنچى خانىشى ئايىنىگار سۇلتان بېگىم ئىككىنچى قەسىردە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، تىمەن، سۆزمەن ئىدى. ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتاننى ئابدۇرەشىدخان تىبەتكە ئەۋەتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاداۋەت ساقلاپ، ئوچۇق چىراي ئاچمايتتى. ھال سوراپ كەلسىمۇ، قاپىقىدىن قار ـ مۇز ياغدۇرۇپ زۇۋان سۈرمەيتتى. باشقا

قەسىردىكىلەر بىلەن كىرىپ ـ چىقىش قىلماي، ھەممەيلەنگە ماي تارتىپ ئاغرىنىپلا يۈرەتتى. ھەر نامىزىدا ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ قايتىپ كېلىپ، ئابدۇرەشىدخاندىن تەختنى تارتىۋېلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى. بەزىدە ئوغلىنى تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان ھالەتتە چۈشەپمۇ قالاتتى.

يىللار ئۆتتى، بىر كۈنى، ئايىنىگار سۇلتان بېگىمنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ كۈت ـ كۈت، بەتخۇي بولۇپ قالغانىدى، تويغىمۇ قاتناشمىدى. «جەمەتىمىزنىڭ ئابرۇيىنى تۆكتى. بىر لولىنىڭ سازەندە قىزىغا ئۆيلىنىپ، تەختتە ئولتۇرۇش سالاھىيىتىنىمۇ يوقاتتى. ئەمدى ئابدۇرەشىدخاننى نەس باسسۇن» دەپ قارغىدى.

يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ ئىچىگە جىن كىرىپ ئۆيدە ئولتۇرالماس بولۇپ قالدى. ئۇ بوگۈن ئىككى كېنىزىكى بىلەن ئالماس كۆز قويغان ئىلمەك ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ، چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ قەسىرىگە كەلدى.

چۈچۈك سۇلتان بېگىم بۇ چاغقىچە چاقىرىپمۇ كەلتۈرەلمىگەن قېيىنئانىسىنى ئەجەبلەنگەن ھالدا كۈتۈۋالدى.

— قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن، خانىش ئانا. ئالدىن خەۋەر بەرگەن بولسىلا، يوللىرىغا پاياندار سېلىپ، ئالاھىدە كۈتۈۋالاتتىم ئەمەسمۇ، — دېدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئايىنىگار سۇلتان بېگىمنى تاۋار يېكەنداز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ.

— ۋاي قىزىم، شۇنداق چىرايلىق تۇرۇۋېتىپلا. سىلىنى بەك كۆرگۈم كەلدى، ھامىمام سۇلتان نىگار خېنىم بىلەنمۇ مۇڭداشقۇم كەلدى. نەچچە ۋاقتىن ساقسىز بولۇپ قالغانىدىم، يېقىندىن بېرى ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەن خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم، شۇڭا ئۆزلىرىدىن ھال سوراپ كەلدىم. ئوبدان تۇردىلىمۇ؟ باللار ئامانمۇ؟ سۇلتان نىگار خېنىم بەلەنمۇ؟ — دېدى ئايىنىگار سۇلتان بېگىم.

— نېمە دېسەم بولار؟ نەچچە ۋاقتىن بېرى ھەممىمىز ئوبدان

كېتىۋاتاتتۇق، سۇلتان بىر لولىنىڭ قىزىنى ھەرەمگە ئەكىرىپلا كۆڭۈل ئارامىمىزنى بۇزدى، يۈزىمىزنى تۆكتى، خانىش ئانا.

چۈچۈك سۇلتان بېگىم زەر چۈچىلىق ياغلىقىنى كۆزىگە باسقىنىچە كۆز يېشى قىلدى. شۇ ئارىدا ئىككى كېنىزەك مەزە، گېزەك، چاي ئەكىرىپ داستىخانغا قويدى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم كۈمۈش پىيالىگە چاي قۇيۇپ ئايىنىگار سۇلتان بېگىمگە تۇتتى. ئۇ چايغا ھەسەل سېلىپ تۇرۇپ، دېدى:

— سۇلتانىنىڭ ئۆزلىرىدەك ئالىي نەسەبلىك خانىشى تۇرۇقلۇق، بىر لولىنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالغىنى پەقەت ئەقىلگە سىغمايدۇ. سىلى ھېلىمۇ بۇ دەرد ـ ئەلەمگە بىر يىلدىن بېرى چىداپ كەپتىلا، قىزىم، مەن چېغىمدا چىدىماي قالدىم. ئامانىسا دېگەن زاتى پەسنى بوغۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتسەم دەيمەن. سۇلتانىنىڭ ئەقلى دۇمبىسىگە چىقىپ قاپتۇ زادى.

ئايىنىگار سۇلتان بېگىمنىڭ بۇ سۆزى چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ قەلبىدە چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان رەشك ئوتىغا ياغ بولۇپ چېچىلدى.

— مانا كۆرگەنلا، خانىش ئانا؟ ئۇ مەرەز خوتۇن ھەرەمگە ئاياغ باسقاندىن بېرى تولا يىغلاپ، تۈگىشىپلا كېتىۋاتىمەن. سۇلتانىنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى، نەغمە ـ ناۋا بىلەنلا بولۇپ كەتتى. ئوردىدىن كىرىپ ماڭا كۆرۈنۈپ قويۇپلا، ئۇ سازەندە كاساپەتنىڭ يېنىغا چىقىپ كېتىدۇ. كېنىزەكلەرنىڭ ساز بىلىدىغانلىرىنى قويماي تاللاپ، ئۇنىڭغا غالچا قىلىپ بەردى. پايتەختتە داڭ چىقارغان سازەندە خوتۇنلارنىمۇ ھەرەمگە ئەكىرىپ، ئۇ ناكەس بىلەن تونۇشتۇرۇپ، گۈلئىرەم ئوردىسىنى بىر ئىشرەتگاھقا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ خوتۇن ئۆزىگە ئوخشاش بۇزۇقلار بىلەن «مۇقام» دەيدىغان بىرنېمىنى باشلىۋالسا، ۋاي خۇدايىمەي، كۈندۈزنى تۈنگە، تۈننى كۈندۈزگە ئۇلاپ ساتار، تەمبۇر چېلىپ، ئادەمنى بىزار قىلىۋېتىدۇ.

— مۇنداق دېسىلە، قىزىم. ئابدۇرەشىدخان راستىلا ھەددىدىن

ئېشىپتۇ. سىلىگە بەك ئۇۋال بوپتۇ. بۇ ئىشنى بۇرۇنىراق بىلگەن بولسام، ئۆمىلەپ بېرىپ بولسىمۇ سۇلتانغا تەنبىھ بەرگەن بولاتتىم، — دېدى ئايىنىگار سۇلتان بېگىم خۇپسەنلىك بىلەن مىشىلداپ يىغلاپ. ئۇ ياش كەلمىگەن كۆزىگە ياغلىقنى باستى.

شۇ ئارىدا بىر كېنىزەك ئۇلار گۆشى بېسىلغان پولۇدىن بىر تەخسە ئەكىرىپ، ئەدەپ بىلەن ئايىنىگار سۇلتان بېگىمنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئاشقا باقسىلا، ئانا، سىلىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى.

— ئانىلىرى سۇلتان نىگار خېنىم ئوبدان تۇرغاندۇ، خانىش قىزىم؟

— ئامانىسا دېگەن يېتىمەك ھەرەمگە كەلگەندىن كېيىن كۆڭلى نازۇك ئانام بۇ ئاھانەتنى كۆتۈرەلمەي، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بىچارە ئانامنى كۆرسەتمىگەن تېۋىپ قالمىدى، لېكىن ھېچ ساقىيالمايۋاتىدۇ. غىزادىن كېيىن سىلىنى ئانامنىڭ يېنىغا باشلاپ چىقاي، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ قويسىلا، خانىش ئانا.

— ئەلۋەتتە، قىزىم.

ئايىنىگار سۇلتان بېگىم گۆش بىلەن پولۇنىڭ يېرىمىنى يەۋەتكەندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— ئى ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى، بەرگەن رىزىق - نېسىۋىلىرىڭگە مىڭ قەترە شۈكۈر. ئەي، ھەممىگە قادىر خۇدا، مەنكى ئاجىز بەندەڭنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ، ئوغلۇم ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆڭلىگە ئىنساب - تەۋپىق ئاتا قىلغايسەن، ئامانىسا دېگەن زاتى شەيتاننىڭ رىزقىنى پۈتكۈل جاھاندىن كۆتۈرۈۋەتكەيسەن، ئامىن!

— ئۆزلىرىنىڭ كېلىشلىرىنى بىلگەن بولسام، قىرغاۋۇل گۆشىدە شورپا سالدۇرۇپ، نېرىن چۆپ ئەتكۈزۈپ قوياركەنمەن، — دېدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم خۇش تەبەسسۇم بىلەن.

— ھېلىمۇ تائامىلارنىڭ شاھىغا ئېغىز تەگدىم، رەھمەت، قىزىم، سىلىگە ئاللا رەھمەت قىلسۇن.

چۇچۇك سۇلتان بېگىم كېنىزىكىگە داستىخاننى يىغىشتۇرۇشنى بۇيرۇپ، ئاينىگار سۇلتان بېگىمنى سارايدا ياتقان سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ يېنىغا باشلاپ چىقتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — ئاينىگار سۇلتان بېگىم قوپۇشقا تەمشەلگەن سۇلتان نىگار خانىمنىڭ يېنىغا بېرىپ مەڭزىگە مەڭزىنى ياقتى، — ئوبدان تۇردىلىمۇ، هاما؟ سىلىنى سېغىنىپ كەلدىم.

قاما يوتقانغا ئورنىپ ياتقان سۇلتان نىگار خېنىم ئېگىچىسىنىڭ بۇ قىزىنى ئانچە ياقتۇرمايتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ مۇنداق ئۇشتۇمتۇت كېلىشىدە بىر گەپ بار دەپ ئويلاپ، كۈلۈمسىرەپ ئېغىز ئاچتى:

— ئاللانىڭ شەپقىتى بىلەن كۈنىنىڭ سىرىقىنى كۆرۈۋاتىمەن. ئۆزلىرىمۇ ئوبدان تۇردىلىمۇ؟

— دۇئالىرىنىڭ بەرىكاتىدىن مۇشۇنچىلىك تۇردۇم، هاما. پېقىردەك تاشلىۋېتىلگەن تۇل خوتۇننىڭ هالى نېچۈك بولماقچىدى؟ — دېدى ئاينىگار سۇلتان بېگىم يىغلامسىراپ.

— يىغلىمىسىلا، ئاينىگار خېنىم. ئاڭلىسام ئابدۇرەشىدخان سىلىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋېتىپتۇغۇ. كېنىزەك، خىزمەتچىلىرىمۇ سەئىدخان ۋاقتىدىكىدىن ئاز ئەمەس ئىكەن، — سۇلتان نىگار خېنىم ئۇنىڭ شېخىغا ئۇرۇۋەتتى.

— هاما، ئابدۇرەشىدخان ماڭا غەمخورلۇق قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئاستىرتىن زەربە بېرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلۇمنى تىبەتتەك يىراق سەھرايىقىيامەتكە ئەۋەتىشىمۇ غەمخورلۇق بولامدۇ؟ مېنى تۇگەشتۇرمەكچى، — ئۇن سېلىپ يىغلىدى ئاينىگار سۇلتان بېگىم، — مەنغۇ مەيلى، ئەمما ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۆزلىرىدەك بۇزرۇكۋارنى كۆزگە ئىلماي تېگى پەس بىر سازەندىگە ئۆيلەنگىنى نېمىسى؟ ئۇنىڭ ئەمرىدە ئالىي

نەسەبلىك، ھۆسن ـ جامالدا تەڭداشسىز چۇچۇك سۇلتان بىگىم تۇرۇقلۇق، بىر لولىنىڭ قىزىغا بىرىلىپ كەتكىنى ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ سارغۇچ چىرايى ئۆڭدى، نۇرسىز كۆزلىرى چىمىلداپ، گەز باسقان لەۋلىرى تىترىدى. ئۇ جەينىكىگە تايىنىپ بېشىنى سەل كۆتۈردى:

— شۇنى دېمەمدىلا، ئاينىگار خېنىم؟ ئابدۇرەشىدخاننى مۇنداق قىلىدۇ دەپ كىم ئويلىغان؟ ئامانىسانىڭ زاتى ئۇستۇن بولسىغۇ مەيلى ئىدى. ئەپسۇس، ئۇ ئەمىر، بەگنىڭمۇ قىزى ئەمەس، بىر نامرات ئوتۇنچىنىڭ قىزى دېسىلە. ئابدۇرەشىدخانغا شۇنچە نەسىھەت قىلساممۇ، قېتىغا ئېلىپ قويمىدى، — سۇلتان نىگار خېنىم رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن يېشىنى سۈرتتى، — مانا بىر يىلدىن ئاشتى، سۇلتاننىڭ ئۇ لولىنىڭ قىزىدىن رايى ياناي دېمىدى. دادىسى داخان، قىزى جىنكەش دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. ئابدۇرەشىدخان بارغانسېرى ئامانىسا دېگەن قانجۇققا مەپتۇن بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. سۇلتان ھەر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە. مۇبادا ئۇ زاتى شەيتاننىڭ قورسىقىدا قېلىپ ئوغۇل تۇغۇپ قالسا، ئۇ شۇمنىڭ ۋەلىئەھد بولۇپ قېلىشى ئېنىق. ئۇ چاغدا يۇنۇسخاننىڭ ئەۋلادى سورۇلۇپ تۈگىمەمدۇ؟ ۋاي ئىست، ۋاي ئىست!

— سۆزلىرى بەرھەق، ھاما. بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ تۇرىۋەرسەك، ئۇ لولىنىڭ قىزى ھەممىمىزنىڭ بېشىغا چىقىدۇ. بولۇپمۇ سىلى بۇزرۇكۋارىمىز بۇ ئىشقا قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرسىلا بولمايدۇ.

— قاراپ تۇرماي نېمە ئىلاجىمىز، ئاينىگار خېنىم؟ مەن خان ـ سۇلتان بولمىسام، يا لەشكىرىم بولمىسا، ئابدۇرەشىدخاننى قانداق سۆزگە كىرگۈزەلەيمەن؟ ئوغۇللىرىم بولسا دەشتى قىپچاقتا بىر ـ بىرى بىلەن تەخت تالىشىپ، سەئىدىيە خانلىقىغا بېقىندى بولۇپ قالدى. قىزىمنى پاناھ تارتىپ كېلىپ

ئۇلارنىڭ يېنىغا كېتەلمەيۋاتىمەن.

كېنىزەكلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئەكىرگەن مەزە ـ گېزەكلەر بىلەن داستىخان توشۇپ كەتتى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئىككى كۈمۈش جامغا ئالما شەربىتى قۇيۇپ، ئانىسى بىلەن ئاينىگار سۇلتان بېگىمگە سۇنۇپ، دېدى:

— ئابدۇرەشىدخان ئەلھال كىچىك پادىشاھ ئەمەس، ئۆزىمۇ ئۇنچىۋالا بىغەم، كەم ئەقىللەردىن ئەمەس، ئانىلىرىم. ئۇ ناھايىتى مەردانە، باھادىر سۇلتان.

— قىزىم، سەندەك ساھىبجامال خوتۇنىنى بىر لولىنىڭ قىزىدىن تۆۋەن كۆرۈۋاتقان كۆڭلى قارا ئېرىڭنى ئەجەب ماختاپ كەتتىڭا؟ بىر يىلدىن بېرى خورلىغىنى يەتمەپتۇ ـ دە، ساڭا؟ سەنمۇزە ئەخمەق، قىزىم ...

— بولدى، ئانا. ئىچىم دەردكە توشۇپ كەتتى. ئابدۇرەشىدخان بۇ قېتىم ئازدى، ياق، ياق، ئۇنى ئاشۇ جىنكەش خوتۇن ئازدۇردى. مەن ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمەي قويمايمەن!

— مانا ماۋۇ گېپىڭ جايىدا بولدى، قىزىم. قارغاش، تىللاش بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ. بىر يىلدىن بېرى قارغاپ كېلىۋاتىمەن. يا ئۇ ناكەس ئۆلمىدى، يا مەن تىلىكىمگە يەتمىدىم. ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىش كېرەك، — دېدى سۇلتان نىگار خېنىم ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ.

— ھاما، قېنى ئېيتسىلىچۇ، بۇنىڭغا قانداق چارە قىلساق بولار؟ — بىردىن جانلىنىپ سورىدى ئاينىگار سۇلتان بېگىم ياداڭغۇ چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— مەن بۇ بىر يىلدىن بېرى ئاتا ۋەزىر نىزامىددىنبەگ، شەيخۇلئىسلام، خوجا مۇھەممەديۇسۇپ بۇزرۇكۋار ۋە خوجا پەيزۇللا ئىشانلار بىلەن خۇپىيانە كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭمۇ ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەغمە ـ ناۋا بىلەن بولۇپ كەتكىنىگە نارازى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى بىلدىم. بولۇپمۇ خوجا مۇھەممەديۇسۇپ

بۇزرۇكۋار بىلەن پەيزۇللا ئىشان قاتتىق غەزەپلەنگەندەك قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلار گەپ ـ سۆز بىلەن ئابدۇرەشىدخاننى ئۇ سازەندە بۇزۇقتىن مەيلىنى قايتۇرۇپ، ھىدايەتكە قاچان باشلايدۇ، بۇ نامەلۇم، — دېدى سۇلتان نىگار خېنىم مەيۇسلىنىپ. ئۇ ئالما شەربىتىدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ، ئايىنىگار سۇلتان بېگىمگە قارىدى، — باياتىن كۆڭلۇمگە بىر ئوي كەلدى، سىڭلىم، سىلى مەرھۇم سەئىدخاننىڭ خانىشى، جامائەت ئارىسىدا ئابرۇيلىرى بار. شۇڭا، ئاتا ۋەزىر، بۇزرۇكۋار، ئىشانلارغا ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكىنى توغرىسىدا شىكايەت قىلىپ باقسىلا، ئۇلارنىڭ بۇرۇنراق تەدبىر قوللىنىشىغا سەۋەب بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. مەنمۇ ئۇلار بىلەن كۆرۈشىمەن. ئۆزلىرىمۇ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىلى باراالامدىلا، سىڭلىم؟

— بارىمەن، ھاما، بارىمەن. بۇ ئوبدان مەسلىھەت بولدى، — دېدى ئايىنىگار سۇلتان بېگىم چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — مەن ئاۋۋال ئابدۇرەشىدخاننى مەھلىيا قىلىۋالغان ئۇ لولىنىڭ قىزىنى بىر كۆرەي. بۇ ۋاقىتچە ئۇ تېگى پەسنىڭ تەلەتىنى كۆرگۈم كەلمىگەنىدى. ئۇ نېمە قىلىۋاتىدۇ، قانداق ئويى بار، بۇنى بىلىپ باقاي. ئابدۇرەشىدخان بىلەنمۇ سۆزلىشىپ، ئويى ـ خىيالىنى ئۇقۇپ باقاي. ئاندىن خوجا مۇھەممەديۇسۇپ بۇزرۇكۋار بىلەن خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ يېنىغا باراي. مۇشۇنداق قىلسام بولارمۇ، ھاما؟ — ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئولتۇرغان چۇچۇك سۇلتان بېگىمگە نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاڭلىسام ئابدۇرەشىدخان خانىش ـ توقاللىرىنىڭ كۆزىچە ئۇ لولىنىڭ قىزىنى «مەلىكەم» دەپ ئاتىغانىمىش. يەنە مەلىكە ـ خانىشلارغا بېرىلگەن ھوقۇق ـ ئىمتىيازدىن ئۇ پەسەندىنىمۇ تولۇق بەھرىمەن قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەنىمىش. بۇنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئاندىن بارىدىغان يەرگە باراي دەيمىنا، قىزىم.

— خانىش ئانا، سۇلتان ئۇ بۇزۇقنى تېخى مەلىكە دەپ

جاكارلىمىدى، ئەمما مەلىكە ـ خانىشلارغا بېرىلگەن ھوقۇق ـ ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ، دەپ ئەمر قىلغىنى راست. ماڭا سادىق بىر كېنىزىكىمىنىڭ ئېيتىشىچە، ئابدۇرەشىدخان ئۇ تېگى پەسكە: «سىز ھەقىقىي مەلىكە. ئۆزلىرىنى پادىشاھ، سۇلتانلارنىڭ قىزى، دەپ كۆرەڭلىگەن مەلىكىلەردىن ئارتۇق» دەپتۇ، قارىسىلا.

— ئابدۇرەشىدخان راست شۇنداق دەپتۇمۇ، بالام؟ — ئاينىگار سۇلتان بېگىمنىڭ كۆزلىرى چوڭچەكتەك ئېچىلدى.

— راست، ئانا. پەقەت چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، — چوڭچوك سۇلتان بېگىمنىڭ كۆزلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياشلار تۆكۈلدى.

— مەن ھازىرلا ئۇ قانجۇقنىڭ قەسىرىگە باراي. ئابدۇرەشىدخان كاللامنى تېنىمدىن جۇدا قىلمۇۋەتسىمۇ، ئۇ شەرمەندىگە سىلىنى بىر تونۇتۇپ قوياي، مەلىكە قىزىم. ھەممىنى قىلغان شۇ جىنكەش. مەن ئەمدى ئۆيۈمدە ماي تارتىپ ئولتۇرىۋەرمەيمەن، تاكى ئۇ تېگى پەسنى ھەرەمدىن ھەيدەپ چىقارمىغۇچە توختىمايمەن.

ئاينىگار سۇلتان بېگىم دۇئا قىلىپ قوپتى. چوڭچوك سۇلتان بېگىم قەسىر ئالدىغىچە چىقىپ:

— خۇش خەۋەرلىرىنى كۈتىمەن، ئانا، — دەپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى.

## 2

ياز پەسلى يېتىپ كەلگەن، ھاۋا بەك ئىنچىق بولمىسىمۇ، ئىسسىق ئىدى. كۆكلەم پەسلى ياشنىتىپ كەتكەن گۈل ـ گىياھلار بىلەن ھەرەم ئىچى ناھايىتى گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. قەسىرلەر گويا كۆپكۆك دېڭىزدا توختاپ قالغان كېمىلەردەك ياپيېشىللىق ئىچىگە چۆكۈپ تۇراتتى. ئىككى قاسىنىقىدىكى

دەل ـ دەرەخلەر قويۇق سايە تاشلىغان خىشلىق يولدا ئىككى كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ كېتىۋاتقان ئايىنىگار سۇلتان بېگىم ساپاق ـ ساپاق ئۇزۇملەر ساڭگىلاپ تۇرغان تال باراڭلىقتىن ئۆتۈپ، كۈمۈش ھالقىلىق، كۇنگۇرىلىك ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە قۇلىقىغا خىلمۇخىل سازلارنىڭ لەرزان ساداسى ئىشىتىلدى.

— ئامانىسا خېنىمنىڭ قەسىرى مۇشۇ، خانىش ئايىم، — دېدى بويى ئۆسكىلەڭ، مەڭزى قىزىل كېنىزەك.

قاراۋۇلنىڭ سالىمىنىمۇ ئىلىك ئالماي قەسىر ھويلىسىغا قەدەم قويغان ئايىنىگار سۇلتان بېگىم قايسى ئىشىكتىن كىرىشنى بىلەلمەي، يېشىل كاھىشلىق ئۆيلەرگە كۆز سېلىپ تۇرۇۋىدى، ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىك ئېچىلىپ، بىر كېنىزەك چىقىپ كەلدى. ئۇچىسىغا ئالتۇن تۇگمىلىك كىمخاب نىمچە كىيگەن، بېشىغا ئاق ھىلھىلە رومال سېلىپ، ئۈستىدىن ئالتۇن ئوتۇغات تاقىغان، سالاپەتلىك خانىشنى كۆرۈپ، تەزىم قىلىپ، دېدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاغىچا خېنىم. قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن ! قېنى ئۆيگە مەرھەمەت قىلغايلا.

— ئامانىسا خېنىم ئۆيدىمۇ؟ — دېدى ئايىنىگار سۇلتان بېگىم تەرىنى تۇرۇپ.

— مەلىكە ئۆيدە.

— كىرىپ، ئۇنىڭغا مېنىڭ كەلگىنىمنى ئېيت.

— كىم كەلدى دەيمەن، خېنىم؟

— خانىش ئايىنىگار سۇلتان بېگىم كەپتۇ، دېگىن.

كېنىزەك ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

قاپاقلىرىدىن مۇز ياغدۇرۇپ تۇرغان ئايىنىگار سۇلتان بېگىم ئۆيدىن ئىلدام قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەلگەن چوكانغا قاراپ ھەيران قالدى. ئۇ ھەقىقەتەن چۆچەكلەردىكى پەرىزاتقىلا ئوخشايتتى. ھاۋا رەڭ يىپەك كۆڭلەك بىلەن قىزىلگۇللۇك ئاق

ھىلھىلە رومال بوي ــ بەستىگە بەكمۇ ياراشقان، بېشىدىكى ئالتۇن تاجغا قويۇلغان يېشىل گۆھەر كۆز چاقناتتى. ئەگىم قاشلىرى ئاستىدىكى شەھلا كۆزلىرىدىن نۇر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. چوكان ئاينىگار سۇلتان بېگىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئېگىلىپ سالام بەردى:

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خانىش ئانا. خۇش كېلىپسىلا، قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن! ئالتۇن تەنلىرى ئامان بولغاي! ــ ئۇنىڭ خۇش ئاۋازى شۇ قەدەر سۆزۈك، شۇ قەدەر مۇلايىم ئىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاينىگار سۇلتان بېگىمنىڭ چىرايىدىكى سۆرۈنلۈك يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىدا سۆس كۈلكە پەيدا بولدى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قىزىم. ئوبدان تۇرۇۋاتامدىلا؟ ــ دېدى ئۇ جايىدىن قىمىرلىماي، ــ ئامانىسا خېنىم، سىلى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك چىرايلىق ئىكەنلا. بۇ چاغقىچە تەرىپلىرىنى تولا ئاڭلاپ، نەچچە قېتىم سىلىنى يوقلاپ كېلەي دېگەن بولساممۇ، سالامەتلىكىم يار بەرمىدى. مانا بۈگۈن سائىتى كېلىپ، گۈزەل رۇخسارلىرىنى كۆرۈش نېسىپ بولدى. تويلىرىغا قاتنىشالمىغىنىم ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىمەن، ئۇ چاغدا يېتىپ قېلىۋىدىم.

ــ ھېلىمۇ يوقلاپ كەلگەنلىرىگە كۆپ ھەشقالالا، خانىش ئانا. مەن سىلىنى ئىككى قېتىم يوقلاپ بارسام، كاشغەرگە كېتىپتىكەنلا. يەنە بارغۇچە ئۆزلىرى كېلىپ، مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىلە. قېنى ئۆيگە مەرھەمەت! ــ دېدى ئامانىساخان ۋە ئاينىگار سۇلتان بېگىمنى قولتۇقىدىن يۆلىگىنىچە دەھلىزگە ئەكىرىپ، ئىمچىسىنى سالدۇرۇپ كېنىزەكىگە بەردى، ئاندىن مېھمانخانىغا باشلاپ ئۈچ قات ماھۇق يېكەندازغا ئولتۇرغۇزدى.

ــ خېنىم بالام، ئۇ تەرەپتىكى ئۆيدىن چىقىۋاتقان نېمە شاۋقۇن ئۇ؟ ــ سورىدى خانىش خۇپسەنلىك بىلەن.

ــ ئۇ شاۋقۇن ئەمەس، فارابىي ھەزرەتلىرى ئىجاد قىلغان

«راك» مۇقامى. قۇلاقلىرىغا ياقمىدى، خانىش ئانا؟ — دېدى ئامانىنىساخان ئىللىق كۈلۈمسىرەپ.

— ياقتى، قىزىم، ياقتى. ئادەم قېرىغاندا چۈمۈچىنىڭ ئاۋازىدىن باشقا سادالار قۇلاققا خۇشياقماس بولۇپ قالىدىكەن. قۇلىقىم ئېغىرلىشىپ قالدى، ئاۋازلارنى تازا پەرق ئېتەلمەيمەن.

ئامانىنىساخان كۈلۈپ كېتىپ، چاقچاق قىلدى:

— ئۇنداق بولسا ئاشخانىغا باشلىسام بوپتىكەن.

كېنىزەكلەر يەل - يېمىش، گېزەك، چاي ئەكىرىپ داستىخانغا قويدى. ئامانىنىساخان نەپىس ياسالغان كۈمۈش جامغا زەپەر سېلىپ دەملىگەن چايدىن قۇيۇپ بىر نۆكچە ناۋات سېلىپ، ئاينىگار سۇلتان بېگىمگە تۇتتى.

— بالام، سىلىمۇ ساز چالامدىلا؟

— چالىمەن، خانىش ئانا. سۇلتان ئائىلىلىرى ساز خۇمار ئىكەن، تەلىپىمنى يەردە قويماي، داڭلىق سازەندە ئاياللار بىلەن تونۇشتۇرۇپ، ئۇلاردىن ماھارەت ئىگىلىشىمگە شارائىت يارىتىپ بەردى.

— مۇنداق دېسىلە، قىزىم، — ئاينىگار سۇلتان بېگىم چايدىن ئىككى يۇتۇم ئوتلاپ قويدى، — ئەتىگەندىن كەچكىچە ساتار، تەمبۇر چېلىۋەرسە، ئادەم زېرىكمەمدۇ؟

— زېرىكمەيدۇ، ئانا. مۇزىكا دېگەن ئىنساننىڭ ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ يېقىملىق ئاھاڭ بىلەن ئىپادىلىنىشى، چالغانسېرى چالغۇسى كېلىدۇ، — دېدى ئامانىنىساخان كېنىزەك ئەكىرگەن قىرغاۋۇل گۆشىدىن قىلىنغان قىيمىلىق كاۋاپنى داستىخانغا قويۇپ، — مۇزىكا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى، پىكرىنى ئاچىدۇ. ئەگەر قۇلاقلىرى ئېغىرلىشىپ قالمىغان بولسا، ھۇزۇرلىنىپ تىڭشىغان بولاتتىلە.

— شۇنداق، شۇنداق! — دېدى لاپپىدە قىزارغان ئاينىگار سۇلتان بېگىم خۇپسەنلىك بىلەن، — سىلى قايسى سازلارنى چېلىشقا ئامراق، بالام؟

— ساتار، تەمبۇر، دۇتار، ئۇد، قالۇن قاتارلىقلارنى.
— مۇنچە كۆپ ساز چېلىشنى كىمدىن ئۆگەندىلە؟
— كىچىك چېغىمدا ئانامدىن، كېيىن ئاتامدىن ئۆگەنگەن. هازىر سۇلتان ئالىيلىرى، مۇزىكا ئۇستازى قىدىرخان ئاكا ۋە باشقا ماهىر سازەندىلەردىن ئۆگىنىۋاتىمەن.
— بۇ بىر كىتابىي ئىلىم بولمىسا، مۇنچە بېرىلىپ ئۆگىنىشلىرىدىكى مۇددىئالىرى كۆڭۈل ئېچىشمۇ؟
ئامانىنساخان يەنە يېقىملىق كۈلدى.
— مۇزىكىمۇ كىتابىي بىلىم ئاساسىدا راۋاجلانغان، خانىش ئانا. فارابىي، لۇتفىي، نەۋايى قاتارلىق نۇرغۇن ئالىم، ئەدىبلەر مۇزىكا توغرىسىدا كىتاب يازغان. مۇزىكا ئىلمىنى ئۆگىنىش كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پىكىرنى ئېچىش، تەسەۋۋۇرنى قاناتلاندۇرۇش ئارقىلىق ئاللا ياراتقان بۇ ئالەمنى تونۇپ يېتىشتۇر. گېپىمنى ئاڭلىدىلىمۇ؟ — دېدى ئامانىنساخان.
— ئاڭلاۋاتىمەن، خېنىم بالام. هېچ چۈشەنمىدىم، مۇزىكىدا غىڭ - غىڭ قىلغان ئاۋازدىن باشقا گەپ - سۆز بولمىسا، ئۇ قانداق قىلىپ ئادەمنىڭ پىكرىنى ئاچىدۇ؟ — ئايىنىگار سۇلتان بېگىم «ئەمدى بۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بېرەرسەنكىن» دېگەندەك مىيىقىدا هىجىيىپ قويدى.
— مۇزىكا ئىلمىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى بار. چۈشەنمەيدىغان ئادەمگە مىڭ يىل سۆزلەپ بەرسىمۇ، ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا غېجەك چالغاندەك هېچنېمىنى بىلەلمەيدۇ، خانىش ئانا. مۇزىكا ئادەمنىڭ چارچىغان نېرۋىلىرىغا هۇزۇر بېغىشلاپ، دۇغلاشقان مېڭىنى سۈزۈلدۈرىدۇ، دىلنى روشەنلەشتۈرىدۇ، بەدەننى يۇمشىتىدۇ. شۇڭا، مۇزىكىنى ياخشى كۆرگەن ئادەم ئەقىللىك، رەهىمدىل كېلىدۇ؛ مۇزىكىغا ئۆچ ئادەملەر تەكەببۇر، زالىم بولىدۇ. قىسقىسى، مۇزىكىنىڭ خاسىيىتى كۆپ، ئانا.
— مۇزىكىنىڭ خاسىيىتى ئەجەب كۆپ ئىكەن، قىزىم، —

دەپ بېشىنى لىڭشىتتى ئاينىگار سۇلتان بېگىم. ئامانىنساخان ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويغانىدى. ئاينىگار سۇلتان بېگىم ئوڭايسىز ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىۋىدى، ئۆپكىسىگە كېتىپ قېقىلىپ كەتتى.

— ۋاي، خانىش ئانا، نېمە بولدىلا؟ — دېدى ئامانىنساخان ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ.

— سۇلتان ئالىيلىرى كەلدى، مەلىكەم، — دېدى دەل شۇ چاغدا ئۆيگە كىرگەن كېنىزەك.

ئامانىنساخان ئىتتىك تۇرۇپ ئىشىك ئالدىغا بېرىشىغا ئابدۇرەشىدخان كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتان ئالىيلىرى، قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن، — ئامانىنساخان سالام بەجا كەلتۈردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەلىكەم، — ئابدۇرەشىدخان توساتتىن ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان ئاينىگار سۇلتان بېگىمنى كۆرۈپ قالدى، — ھوي، ھۆرمەتلىك ۋالىدىمىز كېلىپ قاپتۇغۇ، مۇبارەك تەنلىرى ياخشىلىنىپ قالدىمۇ، ئانا؟

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكۈر، سۇلتان بالام.

— كاشغەردىن قاچان كەلدىلە؟

— ئۆتكەن ھەپتە كەلدىم. كاشغەردە مىرزا ئوبۇلھادىبەگ ھۆرمىتىمنى ئوبدان قىلدى.

— بىز ئالدىلىرىغا بارغۇچە ئۆزلىرى كەپتىلا، بۇنىڭدىن خۇش بولدۇم، ئانا. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە پات - پات كېلىپ، كۆي - غەزەل ئاڭلاپ، كۆڭۈللىرىنى ئېچىپ كەتسىلە.

«ئۇياقتىن كىرىپ بۇ ياقتىن قىلغان گېپىنى. مۇزىكا ئاڭلىسام كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالارمىش تېخى. بۇ قانچۇق ئابدۇرەشىدخاننى ئەقلىدىن ئاداشتۇرۇپ بوپتۇ. ئەي، خۇدا، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بەرگىن» دېدى ئىچىدە ئاينىگار سۇلتان بېگىم ۋە ئابدۇرەشىدخانغا قاراپ باش چايقىدى:

— قۇلىقىم ئېغىرلىشىپ قالدى، سۇلتان بالام.
— مۇزىكا ئاڭلاپ بەرسىلە ئېچىلىپ كېتىدۇ، ئانا، — دېدى ئابدۇرەشىدخان، ئاندىن دېرىزە يېنىدا تۇرغان ئامانىساخانغا قارىدى، — سازەندىلەر «راك» مۇقامىنى تولۇق ئۆگىنىپ بولدىمۇ؟
— ئۆگىنىۋاتىدۇ، سۇلتان ئالىيلىرى. تۇنۇگۇن ئۇستاز قىدىرخان ئاكا كېلىپ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ، خاتاسىنى توغرىلاپ بەرگەنىدى، بۈگۈن ئەتىگەندىن بىرى ئىككى قېتىم ئورۇنلىدۇق. ئالىيلىرى ئاڭلاپ، بوپتۇ دېسىلە، شۇ بويىچە پۈتۈپ قويۇپ، «ئۇشاق» مۇقامىنى باشلايمىز.
— چۈشتىن كېيىن ئوردىدىن بۇرۇنراق قايتىپ، قىدىرخان ئاكا بىلەن بىللە ئاڭلاي، مەلىكەم. سىز ئوردىغا كەلگەندىن بېرى مەنمۇ مۇقامغا مۇشتاق بولۇپ قالدىم.
— سۇلتانىم، ئاجىزەلىرىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى مۇقاملارنى تولۇق ئۆگىنىپ، رەتلەپ چىقىشتۇر. ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۆزلىرى مۇقامنى ئۆگىنىش، رەتلەش ئۈچۈن شارائىت هازىرلاپ بېرىۋاتىدىلا. بۇنىڭ ئۈچۈن جان ـ دىلىم بىلەن خىزمەتلىرىدە بولىمەن، ئالىيلىرى.
ئامانىساخانىڭ قارا كۆزلىرىدە تاڭ شەبنىمىدەك ياش تامچىلىرى پەيدا بولدى. بۇ مىننەتدارلىق يېشى ئىدى.
— مۇقامنى ئۆگىنىش، رەتلەشكە هەرقاچان ياردىمىمنى ئايىمايمەن، مۇقام مەلىكىسى! بۇنىڭدىن مېنى هېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ.
— رەھمەت، ئالىيلىرى. مۇقام مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۇن خىلدىن ئاشىدىكەن. بۇنى رەتلەپ چىقالىسام، مۇرادىمغا يەتكەن بولاتتىم، ئالىيلىرى.
— ئاللا تىلىكىڭىزگە يەتكۈزسۇن، مۇقام مەلىكىسى! — ئابدۇرەشىدخانىڭ ئاغزىدىن «مۇقام مەلىكىسى» دېگەن سۆزنى ئىككىنچى قېتىم ئاڭلىغان ئامانىساخانىڭ چىرايى ۋىللىدە

قىزىرىپ، زىنىخىدا تاتلىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى. بۇنى كۆرۈپ، ئاينىگار سۇلتان خانىمنىڭ چىرايى بولۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلدى.

— ۋاي - ۋاي، قورسىقىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئورنىدىن ئىنجىقلاپ تۇرۇپ، — سۇلتان بالام، مەن دەرھال كېتىۋالاي، ئۆيگە بېرىپ دورا ئىچسەم ئوڭشىلىپ قالىمەن.

ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئامانىيساخان ئاينىگار سۇلتان بېگىمنى ئىشىك ئالدىغىچە چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى.

— قەدىرلىكىم، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، — مەن سىزنىڭ مۇقاملارنى ئۆگىنىش ۋە رەتلىشىڭىز ئۈچۈن چوقۇم ياردەم بېرىمەن. لېكىن، ئۇنىڭ شەرتى شۇكى، ماڭا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىسىز.

— خۇدا بۇيرۇسا، — ئامانىيساخان ھويپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— خانىش ئانىمىز نېمىشقا كەپتۇ، مەلىكەم؟

— ھال سوراپ كەپتۇ. مېنى ئەمدى ئۇنداق «مەلىكەم» دەپ خىجىل قىلمىسىلا، شاھىم، — دېدى ئامانىيساخان ئوڭايسىزلانغىنىچە، — مەن شاھ قىزى بولمىغاندىكىن، ئېتىمنى ئاتاۋەرسىلە بولمامدۇ؟

ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ چىگىلىپ قالغىنىنى بىلدى.

— خانىش ئانام سىزگە تەئەددى قىلغان ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇنداق ئىش يوق، شاھىم، تويىمىزغا قاتناشالمىغىنى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتتى شۇ.

— قەدىرلىكىم، سىزنىڭ پادىشاھ - سۇلتاننىڭ قىزى ئەمەسلىكىڭىز راست. ئەمما، خانزادە قىزلاردىن ھەر بابتا ئۇستۇن تۇرىسىز. مەلىكە دەپ ئاتاشقا ئەڭ لايىقسىز. سىزنى كۆرەلمەي «جىنكەش، داخان، سازەندە، لولىنىڭ قىزى» دەپ كەمسىتىۋاتقانلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش ئۈچۈن بولسىمۇ، سىزنى

مەلىكەم دەپ ئاتىشىم كېرەك.

— شاھىم، بۇ گەپنى مۇشۇنىڭ بىلەن خانىش، كېنىزەكلەرنىڭ ئالدىدىمۇ، ئۆزۈمگىمۇ نەچچە قېتىم ئېيتتىلا. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئاغزى تۇۋاقلانمايلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ ئېچىلىپ كېتىۋاتىدۇ. سىلىدىن ئۆتۈنەي، شاھىم، مېنى مەلىكە دەپ ئاتىمىسىلا.

ئابدۇرەشىدخان ئامانىساخاننى بېلىدىن قاماللاپ قۇچاقلىدى.

— قەدىرلىكىم، سىز مەن ئۈچۈن مەڭگۈ مەلىكە. ئوردا بىلەن ھەرەمدە نېمە گەپلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقى ماڭا ئايان. ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئۆز ئىشىڭىز بىلەن بولىۋېرىڭ. ئەگەر كىمكى پىتنە - پاسات تېرىپ ھەددىدىن ئاشىدىكەن، ئۇنى ئاياپ ئولتۇرمايمەن.

— ئۇنداق دېمىسىلە، شاھىم، ھەددىدىن ئاشقانلار ئاستا - ئاستا بېسىقىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

— ياق، قەدىرلىكىم، ھەتتا سىزنى مەلىكە دەپ ئاتىمىسامىمۇ ئۇلارنىڭ ئاغزى ئاسانلىقچە بېسىقمايدۇ. مەن قىلغان سۆزىدىن يېنىۋالىدىغان نامەرد ئەرلەردىن ئەمەسمەن!

ئامانىساخان ئابدۇرەشىدخاننىڭ گۆپۈلدەپ سوقۇپ تۇرغان كۆكرىكىگە بېشىنى قويدى. «راك» مۇقامىنىڭ لەرزان ساداسى ئۇلارنى خۇش ناۋاغا تولغان سارايغا باشلاپ چىقتى.

## 3

ئانىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى پەرزەنتلىك بولۇش. بۇ دۇنيادا پەرزەنتلىك بولۇشنى ئارزۇلىمايدىغان ئانا يوق. بار دېيىلگەندىمۇ، ئۇنداق ئانا ئانىلىق قەدىر - قىممىتىنى، پەزىلىتىنى يوقاتقان مېھرسىز، ھېسسىياتسىز ئايالدۇر.

ئابدۇرەشىدخانغا ياتلىق بولغىنىغا ئۈچ يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇمىدىگە يارىشا ئامانىساخاننىڭ بويىدا قالمايۋاتاتتى.

ئۇ تويى بولۇپلا بىر ئوغۇل تۇغۇشقا شۇنچە تەقەززا بولغانىدى. ھەر نامىزىدا ئاللاغا چىن قەلبىدىن سىغىنىپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل پەرزەنت تىلەپ دۇئا قىلاتتى. «ئانا !» دەپ تىلى چىققان ئوغلىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى، غايىبانە ئەركىلىتىپ تاتلىق ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمەتتى. يىللار ئۆتكەنسېرى «قىز بولسىمۇ تۇغسام بولاتتى» دەپ پەرزەنت ئىشتىياقىدا باغرى كاۋاپ بولدى.

ئابدۇرەشىدخانمۇ بۇ دىلرەبا رەپىقىسىدىن بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇشقا ئىنتىزار ئىدى. «ئوردىدىن يانسام، يۈگۈرۈپ ئالدىمغا چىقسا، ‹دادا !› دەپ بوينۇمغا ياماشسا، ئۇنى سايرام بويىغا، دەشتى قىپچاق دىيارىغا ئېلىپ بارسام ...» دەپ ئارزۇ قىلاتتى. ئاللا بەرمىسە نېمە ئامال؟ ئۇ تېخىچە بۇ ئامراق جانانىدىن بالا يۈزى كۆرمىدى.

ئۇزاقى يىلى مەختۇمە سۇلتان بېگىم زىققە كېسىلى ئېغىرلىشىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۆتكەن يىلى سۇلتان نىگار خېنىم يۈرەك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى. ئابدۇرەشىدخان دەشتى قىپچاقنىڭ خانلىرى ھەقنەزەرخان بىلەن تاھىرخانغا چاپارمەن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كېلىشمىدى. ئاكىلىرىنىڭ كەلمىگىنىدىن چۈچۈك سۇلتان بېگىم قاتتىق خاپا بولدى. ئۇ ھېچ كۈتمىگەندە بويىدا قېلىپ، بۇ يىل باش باھاردا ئوغۇل تۇغدى. ئابدۇرەشىدخان بۇ ئوغلىغا «ئەبۇسەئىد سۇلتان» دەپ ئات قويدى. ئۇ بۇ ئوماق ئوغلىنى گاھىدا ئامانىساخانىنىڭ يېنىغا ئاچىقاتتى، ئۇنىڭمۇ بۇ قارا كۆز بوۋاققا مېھرى چۈشۈپ قالدى. كۆتۈرۈپ سازەندىلەرنىڭ يېنىغا ئاچىقسا بۇدرۇق قوللىرىنى يۇلاڭلىتىپ، قارا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، بويۇنداپ ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋېتەتتى. كىم قولىنى تەڭلىسە باراتتى، يىغلىمايتتى؛ بولۇپمۇ ئامانىساخانغا بەك ئامراق ئىدى، قۇچىقىدىن چۈشكىلى ئۇنىمايتتى. ئابدۇرەشىدخان ئۇنى مەلىكەم، دەپ ئاتىغاندىن تارتىپ كېنىزەك، چۆرىلەر: «مەلىكە ئامانىسا خېنىم» دەپ

ئاتاشقا باشلىغانىدى. سىلىق ـ سىپايىلىكى، خۇشخۇيلۇقى، ئاق كۆڭۈللۈكى، راستچىل ـ سەمىمىيلىكى بىلەنمۇ ئامانىساخاننىڭ ھەرەم ياكى ئوردىدا بولسۇن، ھۆرمەت ـ ئىززىتى يۇقىرىلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا تارقالغان ياخشى گەپلەر ئاينىگار سۇلتان بېگىم بىلەن چۈچۈك سۇلتان بېگىم تارقاتقان پىتنە ـ ئىغۋادىن كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ كۇنى مۇقاملارنى رەتلەش بىلەن ئۆتەتتى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ قوللاپ شارائىت يارىتىپ بېرىشى، قىدىرخاننىڭ ياردىمى بىلەن پايتەخت ۋە ئوردىدىن تاللانغان ماھىر مۇغەننى قىز ـ چوكانلار ئامانىساخانغا ياردەملىشەتتى. ئۇلار ئارىسىدا دۇتار چېلىشقا ماھىر مەرىيەمنىسا بۇۋى بىلەن چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ باش كېنىزىكى شەمشىبانۇمۇ بار ئىدى. شەمشىبانۇ قوۋۇز چېلىشقا ماھىر بولۇپ، ئامانىسا بېگىمنىڭ يېنىغا چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ ئالاھىدە تاپشۇرۇقى بىلەن كەلگەنىدى. ئۇ بۇ يەردە بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەر، قىلىنغان ئىشلار، ئابدۇرەشىدخاننىڭ كېلىپ نېمە دېگىنىنى ... چۈچۈك سۇلتان بېگىمگە ئېقىتماي يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئامانىسا بېگىمنىڭ ئەبۇسەئىد سۇلتانغا ئامراق بولۇپ قالغىنىنى شەمشىبانۇدىن ئۇقۇپ، چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ تەرى تۇرۇلدى. بالىنى باشقا قەسىرگە ئاچىقىشقا ئۇنىمايدىغان بولدى. «بالا شامالداپ قالىدۇ، كۆز تېگىدۇ، ئوت تۇتۇپ قالىدۇ...» دېگەندەك يوقىلاڭ باھانىلەرنى كۆرسىتىپ، بوۋاقنى كېنىزەكلەرنىڭ قولىدىن ئېلىۋالاتتى. بالىنى ئاچىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئارقىسىدىن ئىنىكئانىلارنى چىقىرىپ قايتۇرۇپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئامانىسا بېگىمگە بولغان ئۆچمەنلىكى بارغانسېرى كۈچەيدى، ئاچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان ئاينىگار سۇلتان بېگىم بىلەن بولسا مۇناسىۋىتى يېقىنلاشتى. پات ـ پات ئۇنىڭ قەسىرىگە بېرىپ مۇڭدىشاتتى ياكى قىچقارتىپ مېھمان قىلاتتى، كۇندىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچ قېتىم خوجا مۇھەممەديۇسۇپ بۇزرۇكۋار ۋە

خوجا پەيزۇللا ئىشانىنىڭ يېنىغا بېرىپ دادخالىق قىلىپ كەلدى. ئاتا ۋەزىر نىزامىددىنىبەگنى ئايىنىگار سۇلتان بېگىمنىڭ قەسىرىگە چاقىرتىپ تىل بىرىكتۈردى. ئۇلار: «ئاللانىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن، ئالدىرىماي تۇرۇشسىلا، بىزمۇ پەيت كۈتۈۋاتىمىز. ئۇ سازەندە بۇزۇقنىڭ جازاسىنى بەرمەي قويمايمىز» دېيىشىپ، ئىككى خانىشنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپتۇرغان بولدى، بىراق تاقىتى تاق بولغان چۈچۈك سۇلتان بېگىم پۇرسەتنىڭ بۇرۇنراق يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بولۇپ كۈتمەكتە ئىدى. ئۇ بۈگۈن يەنە ئايىنىگار سۇلتان بېگىمنى چاقىرتىپ كەلدى.

— خان ئانا، ئاڭلىدىلىمۇ؟ سۇلتان ئۇ سازەندە مەرەزنىڭ دادىسىنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ، — دېدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم بىر تەخسە ئۆرۈكنى داستىخانغا قويۇپ، ئاۋازى ئاچچىقلانغىنىدىن بوغۇلۇپ چىقتى، قولىغا ئالغان ئۆرۈكنى مىجىقلاپ داستىخانغا تاشلىدى.

— توۋا، مەلىكە قىزىم، دادىسىنىمۇ ئوردىغا ئەكېلەمدىكەن؟ جىنكەش قىزى سېھىر ئىشلىتىپ چوڭ ـ كىچىك ھەممىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغاندا، داخان دادىسى كەلسە ئوردا ئىچى نېمە بولۇپ كېتەر؟ تەس كۈنگە قالدىغان ئوخشايمىز ئەمدى، — ئايىنىگار سۇلتان بېگىم پۇشۇلداپ تىنغىنىچە قاپاقلىرىنى سوزۇپ ئولتۇرغان خانىشقا قارىدى، — قىزىم، سىلى بۇ توغرۇلۇق سۇلتانغا گەپ قىلىپ باقمىدىلىمۇ؟

— ئۇ داخاننىڭ كېلىدىغانلىقىنى سۇلتان ئۆزى دېدى.

— ئۆزى دېدى؟ ئەجەب ئىش ـ ھە! بۇ سىلىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ئەمەسمۇ؟ توۋا، توۋا! — ئايىنىگار سۇلتان بېگىم ئالتۇن زۇننار ئېسىقلىق بويىنىغا يېپىشىپ تۇرغان ياقىسىنى تۇتتى.

— سۇلتان ئەمىر دىۋان قىدىرخاننى ئەۋەتىپ، ئۇ داخان لولىنى ئوردىغا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن شۇنداق

دېۋىدى، يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. راستلا مېنى كۆزگە ئىلمىدى. بۇ ئاشۇ جىنكەش خوتۇننىڭ مەسلىھەتى بىلەن بولغان ئىش، ئانا.

— توغرا ئېيتتىلا، قىزىم. ئۇ جىنكەش سۇلتاننى ئالقىنىغا ئېلىۋاپتۇ. بەك يامان خوتۇن ئىكەن ئۇ، — دېدى ئايىنىگار سۇلتان بېگىم. دەل شۇ چاغدا چوچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ كېنىم - كېچەككە مەسئۇل كېنىزىكى گۈلئايىم كىرىپ تەزىم قىلدى:

— مەلىكە ئامانىسا خېنىم كەلدى، خانىش ئالىيلىرى.

— نېمە دېدىڭ، مەلىكە دېگۈدەك ئۇ قايسى خاننىڭ پۇشتى ئىكەن؟! — دېدى چوچۇك سۇلتان بېگىم ئاچچىقلاپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، گۈلئايىم ئوڭايسىزلانغىنىدىن كىرەرگە تۆشۈك تاپالماي قالدى. ئايىنىگار سۇلتان بېگىممۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، چاچلىرى شالاڭلاپ قالغان بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— بىردەمدىن كېيىن باشلاپ كىر، — دەپ ئورنىدىن تۇرغان چوچۇك سۇلتان بېگىم كىيىم يۆتكەش ئۆيىگە كىرىپ، ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىنى سېلىۋەتتى ۋە تولغان بەدىنىگە قاراپ: «مۇشۇ گۈزەل بەدىنىم سۇلتاننى نېمىشقا مەپتۇن قىلالمايدۇ؟ يېشىم قىرىقتىن ئاشقان بولسىمۇ، يىگىرمە بەش ياشلىق چوكاندەك تۇردۇم. ئۇ جىنكەشنىڭ نەرى مەندىن ئارتۇقتۇ؟» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇ مۇشۇ تۇرقىدا ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. چوكانلىق دەۋرى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، زىبالىقىنى يوقاتمىغانىدى. ئۇ ئۇچىسىغا بىنەپشەرەڭ يىپەك رەختتىن تىكىلگەن كەڭ ئېتەكلىك كۆڭلىكى بىلەن تەتىللا جىلىتكىسىنى، بېشىغا قىزىل گۆھەر قادالغان ئالتۇن تاجىنى كىيدى. ئەينەككە قاراپ قوي كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىپ، قوڭۇر چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى - دە، تاقىلداپ دەسسىگىنىچە مېھمانخانىغا چىقىپ، ئايىنىگار سۇلتان بېگىمنىڭ

يېنىدا باداشقان قوروپ ئولتۇردى.
— گۈلئايىم.
— لەببەي، خانىش ئايىم، — ئېگىلىپ تەزىم قىلدى غۇنچە بوي، ئاق يۈز كېنىزەك.
— شەمشىبانۇنى چاقىر.
— خوپ، ئالىيلىرى.
بويى ئېگىز، بۇغداي ئۆڭ شەمشىبانۇ كىرىپ تەزىم قىلدى.
— شەمشىبانۇ، ئامانىسا بۇۋى بارمۇ، كەتتىمۇ؟
— بار، ئالىيلىرى، سارايدا كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ.
— سارايدا؟ ئۇنى كىم سارايغا باشلىدى؟! — دېدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئاچچىقلاپ.
— مەن، ئالىيلىرى، ھويلىدا تۇرۇپ تۇرسىلا، دېيەلمىدىم. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتسام، قانداقمۇ ئۇنداق دېيەلەيمەن؟
— ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كىرىشى كېرەك ئىدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرەمدىمەن، شەمشىبانۇ؟
— ئۇ دېگەن مېھمان، ئالىيلىرى. كۆرۈشسىلە ئالدىغا كىرگەن بولمايدىلا، چۈنكى ئۆزى ئالدىلىرىغا كەلگەن.
— بولدى، چىقىپ ئۇنىڭغا ھازىر كۆرۈشىدىغىنىمنى ئېيت.
— ماقۇل، خانىش ئالىيلىرى، — شەمشىبانۇ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.
— خان ئانا، ئۇ لولىنىڭ قىزى بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي، نېمىدەپ كەلدىكىن؟ ئۆزۈمنى قاچۇرغانسېرى، يېقىنلاشماقچى بولۇۋاتىدۇ. تېخى سىلىق ـ سىپايىلىكىنى دېمەمدىغان ئۇ سەھرالىقنىڭ. نەچچە قېتىم كېلىپ: «خانىش ئاچا، خىزمەتلىرىدە بولغىلى كەلدىم» دېگەندەك ياغلىما گەپلەرنى قىلىپ كەتتى. چىراي ئاچمىساممۇ، قاتتىق تەگسەممۇ، ئەپتىنى زادى بۇزمىدى. خاپا قىلغىلى، ئاچچىقىنى كەلتۈرگىلى بولمايدىغان غەلىتە خوتۇن ئىكەن ئۇ جىنكەش، — دېدى ئىشىك يېنىغا بارغان چۈچۈك سۇلتان بېگىم كەينىگە بۇرۇلۇپ.

— ماقۇل، قىزىم. ئەمما، پەخەس بولسىلا، ئۇ جىنكەش سىلىنىڭمۇ باشلىرىنى ئايلاندۇرۇپ قويمىسۇن يەنە، «كەلىمە تەمجىد»نى ئوقۇپ چىقسىلا.

— خۇدايىم ساقلا، خانىش ئانا.

يەرگە سۈرىلىپ تۇرىدىغان قىزىل ھىلھىلە رومىلىنى ئارتقان چۈچۈك سۇلتان بېگىم دەھلىزگە چىقتى. توققۇز كېنىزىكىنى كەينىگە سېلىپ مېھمانخانىغا كىردى - دە، زۇۋان سۈرمەي تۇردى. بېشىغا يېشىل گۆھەر قادالغان ئالتۇن تاج تاقاپ، ھاۋا رەڭ يېپەك كۆڭلەك، ئۈستىدىن يېشىل كىمخاب جىلىتكە كىيگەن ئامانىسا بېگىم نازاكەت بىلەن ئېگىلىپ سالام بەردى:

— تىنچ - ئامان تۇردىلىمۇ، مەلىكە ئاچا؟

— ...

چۈچۈك سۇلتان بېگىم «ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلغىلى كەپتۇ - دە، بۇ لولىنىڭ قىزى. مەلىكە ئاچا، دەپ يېشىنىڭ كىچىكلىكىنى پەش قىلىشلىرىچۇ تېخى...» دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇرۇۋىدى، ئامانىسا خېنىم يەنە ئىللىق كۈلۈمسىرىگىنىچە ئېغىز ئاچتى:

— مەلىكە ئاچا، سۇلتان سىلىنى ئارامگاھقا كېلىپ، بىردەم كۆڭۈل ئېچىپ كەتسۇن، دەپ مەريەمنىسا بۇۋىنى يانلىرىغا ئەۋەتمەكچى بولۇۋىدى، ھال سورىغاچ خىزمەتلىرىدە بولاي دەپ ئۆزۈم كېلىشىم. شۇ تاپتا سۇلتان ئالىيلىرى يوللىرىغا قاراپ قالدى.

«شۇنچە ساقلاتسامۇ، سالىمىنى ئېلىك ئالمىسامۇ، كۆڭلىگە كەلمەپتۇ بۇ سەھەرالىقنىڭ. خاپا بولۇشنى، ماي تارتىشنى بىلەتتىمۇ بۇ جىنكەش...» نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي خىيال سۈرۈپ قالغان چۈچۈك سۇلتان بېگىم بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ، زورىغا كۈلۈمسىرەپ سورىدى:

— سۇلتان زىيابەت بېرەمدىكەن؟

— سۇلتانىنىڭ ئەمرى بىلەن مۇقام ناۋاسى ئۆتكۈزۈلمەكچى.

زىياپەتمۇ بېرىلىدىكەن، مەلىكە ئاچا.
— رەھمەتلىك ئانامنىڭ كۆز يۇمغىنىغا ئەمدىلەتىن بىر يىل بولغان تۇرسا، مۇنداق ئەيش - ئىشرەت يىغىلىشىغا قاتناشسام قانداق بولىدۇ؟ — دېدى چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ.
ئۇنىڭ تەلەتى ئادەم بىزار بولغۇدەك سۈرۈنلىشىپ كەتكەنىدى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ رايىنى قايتۇرغىنىمۇ ئۇنىڭ مانا شۇنداق بەتخۇيى ئىدى.
— مەلىكە ئاچا، — دېدى ئامانىسا خېنىم مۇلايىم ئاۋازدا، — ھازىلىرى ئۆتۈشتۈلگىنىغىمۇ بىر يىل بولۇپ قالدى، يەنە قايغۇرۇپ ھەسرەت چېكىۋەرسىلە، سالامەتلىكلىرىگە زىيان يېتىدۇ. سۇلتان ئالىيلىرى مۇشۇنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئەلنەغمە يىغىلىشىنى ئۆتكۈزۈشنى مۇۋاپىق كۆرگەن يەردە، ئۆزلىرى قاتناشمىسىلا بولارمۇ، ئويلىنىپ كۆرگەيلا.
مەلىكە ئامانىسا خېنىم قايتماقچى بولۇپ قەدەم يۆتكىۋىدى، چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.
— ئولتۇرسىلا، كېنىزەكلەر چاي ئەكىرسۇن.
كۇندىشىنىڭ ئېتىنى چاقىرىشقىمۇ ئۇنىڭ رايى بارمايتتى.
— رەھمەت، مەلىكە ئاچا. باشقا بىر كۈنى كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن، — ئامانىسا خېنىم بېشىنى ئېگىپ خوشلىشىپ، كېنىزەكلىرى بىلەن چىقىپ كەتتى.
چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئۇنىڭ كەينىدىن بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ، ئايىنىگار سۇلتان بېگىمنىڭ قېشىغا كىردى. ئىشىككە قاراپ ئولتۇرغان ئايىنىگار سۇلتان بېگىم چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچكەن چۇچۇك سۇلتان بېگىمگە سەپسېلىپ، دېدى:
— نېمىدەپ كەپتۇ ئۇ مەرەز؟ كۆڭۈللىرىنى چىگىپ قويغان ئوخشىمامدۇ، قىزىم؟
چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئۇنىڭ قۇچىقىغا باش قويۇپ يىغلاپ

كەتتى.

— خان ئانا! — ئۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ گەپ قىلالماي قالدى.

— قىزىم، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا. قېنى ئېيتسىلا، ئۇ جۇۋاينىمەك دىللىرىغا ئازار بەردىمۇ؟ راستلا شۇنداق قىلغان بولسا، سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئۆزۈم بېرىپ ئېيتاي، ھەرەمدە يا ئۇ تۇرسۇن، يا بىز تۇرايلى.

چۈچۈك سۇلتان بېگىم بېشىنى كۆتۈردى. كۆزلىرى قىزىرىپ، تاتارغان يۈزى خالتىلىشىپ قالغانىدى. ئۇ ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئاچچىق بىلەن دېدى:

— سۇلتان مېنى زېرىكىپ قالدى، كۆڭلىنى ئاچسۇن، دەپ ئەلنەغمە يىغىلىشىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇ جىنكەشنى ئەۋەتىپتۇ، ئانا.

— ماقۇل بولغانلا، بالام؟

— ياق، بارغۇم يوق.

— سۇلتاننىڭ تەكلىپىنى ئىلىك ئالمىسىلا، ئۇ خاپا بولۇپ قالارمىكىن، قىزىم؟ سىلى ئۇ يىغىلىشقا بارمىسىلا، ئۇ جومباق خۇش بولىدۇ، سۇلتانغا تېخىمۇ يېقىنلىشىۋالىدۇ. شۇنى ئەسلىرىدە چىڭ تۇتسىلا، كۆڭۈللىرى خالىمىسىمۇ ئامال بار سۇلتانغا ياخشىچاق بولسىلا، سۇلتاننىڭ رايىنى ياندۇرىدىغان ئىشلاردىن ساقلانسىلا. يىغىلىشقا ھازىرلا بېرىپ، كۆپچىلىككە ئۆزلىرىنىڭ چوڭ خانىش، ھەقىقىي مەلىكە ئىكەنلىكلىرىنى بىر كۆرسىتىپ قويسىلا. ئۇ جىنكەش ئۆزىنىڭ سىلىگە ھېچقاچان يېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن، — دېدى ئايىنىگار سۇلتان بېگىم ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — قوپسىلا، كىيىنىپ چىقسىلا، مەنمۇ بىللە باراي.

ئۇنىڭ سۆزلىرى چۈچۈك سۇلتان بېگىمگە تەسىر قىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىم ـ كېچەك، پەرداز بۇيۇملىرىغا مەسئۇل كېنىزىكى گۈلئايىم بىلەن يان ھۇجرىغا چىقىپ، ئۇزاققىچە قېتىرقىنىپ ياساندى. چاچلىرىنى باشقىدىن تاراتتى، يېڭى تويى

بولغاندا كىيگەن ئاق گۆھەر قادالغان ئالتۇن تاجىنى كىيىپ، ئايىنىگار سۇلتان بېگىمنىڭ قېشىغا چىقتى. ئايىنىگار سۇلتان بېگىم ئۇنىڭ ئۇستىپېشىغا سەپسېلىپ، دېدى:

ــ مانا، مانا، دېمىدىممۇ، مۇشۇ گۈزەل رۇخسارلىرى، سۇلكەت ـ نازاكەتلىرى بىلەن بارسىلا ھەم سۇلتاننى خۇش قىلىدىلا، ھەم ئۇ جىنكەشنى يەرگە قارىتىدىلا.

## 4

ئايىنىگار سۇلتان بېگىم بىلەن چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئون نەچچە كېنىزەكنى ئەگەشتۈرۈپ سۇلتان سارىيىغا كىرگەندە تەختتە ئولتۇرغان ئابدۇرەشىدخاننىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ ئۆگەي بولسىمۇ، ھايات تۇرۇۋاتقان بۇ ئانىسىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ يېنىدىكى يۆلەنچۈكلۈك كۇرسىغا تەكلىپ قىلدى.

ــ ئولتۇرسىلا، خان ئانا. سىلىنى چاقىرغىلى ئادەم ئەۋەتمەكچىدىم، خانىش بىلەن بىللە كېلىپ، مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىلە، ــ دېدى ئۇ چۇچۇك سۇلتان بېگىمگە ئىللىق نەزەر تاشلاپ.

بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان چىراغ ـ شاملارنىڭ يورۇقىدا سۇلتان سارىيى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى. سۇلتان تەختىنىڭ سول تەرىپىگە يىپەك پەردە تارتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدە مەلىكە ئامانىسا خېنىم باشچىلىقىدىكى مۇغەننى كېنىزەكلەر ئورۇن ئالغانىدى. تەختنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئون قەدەم نېرىغا قاتار تىزىلغان ئورۇندۇقلاردا قىدىرخان يېتەكچىلىكىدىكى ئەر مۇغەننىلىرى ئولتۇرۇشقانىدى.

ئىسلام ئەقىدىسىدە ئەر ـ خوتۇن، ئۇرۇق ـ تۇغقان بولمىغان ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆرۈنۇشى، بىر يەردە ئولتۇرۇشى نامەھرەم سانىلىپ، مەنئى قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئەر

مۇغەننىلەر بىلەن ئايال مۇغەننىلەر ئەنە شۇنداق ئايرىم ئولتۇرۇشقانىدى. مەلىكە، سۇلتان بېگىملەر قارا پەرەنجىگە پۈركىنىپ كىرگەندە، ئەرلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى، ئارقىدىن قوللىرىدىكى سازلارنىڭ پەدىلىرىنى تۈزەپ چېلىشقا تەييارلاندى. قولىغا تەمبۇر ئالغان ئابدۇرەشىدخان بۇ غەزىلى بىلەن «چاھارگاھ» مۇقامىنى باشلىدى:

دۇنيا بىر ھۆسن ئەھلىدەك نا مېھرىبانى بىش ئەمەس،
كىمكى سۆيسە سۇدىدىن[1] كۆپرەك زىيانى بىش ئەمەس[2].

دۇنيانى باقىي تەسەررۇف[3] تۇتماغىل شەددادىدەك،
نېچە بىر ئىت كەمرىگەندەك ئۇستۇخانى بىش ئەمەس.

دۇنياغا پەرزەندى ئادەمنى ئېبەرمەكتىن غەرەز،
قۇللۇقۇم قىلغايمۇ، دەپ بىر ئىمتىھانى بىش ئەمەس.

سەلتەنەت تەختىدە مەندۇرمەن دېگەن ئول شاھلار،
جان بېرۈردە بىر گادايى ناتىۋانىي بىش ئەمەس.

ئەي، رەشىدىي بولماغىل مەغرۇر جۇھان گۈلزارىغا،
قايسى گۈلشەننىڭ گۈلى ئاخىر خەزانى بىش ئەمەس.

ساتارنى تىلغا كىرگۈزگەن مەلىكە ئاماننىسا خېنىم مۇغەننىنى كېنىزەك، سازەندە ئاياللار بىلەن، راۋابىنى تاڭ بۇلبۇلىدەك سايراتقان قىدىرخان ھەمراھلىرى بىلەن ئۈنىڭغا تەڭكەش قىلدى. داستان، مەشرەپلىرى تۈگەپ مۇقام ئاخىرلاشقاندا، تاڭ ئالدىدىكى دالادەك سېھىرلىك تۈسكە كىرگەن سارايغا دېرىزىدىن

① سۇد ـــ پايدا ـ زىيان.
② بىش ئەمەس ـــ ئاز ئەمەس.
③ باقىي تەسەررۇف ـــ مەڭگۈ ئىگە بولۇش.

ئاي شولىسى چۈشتى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاندىن كۆزنى ئۈزمەي ئولتۇرغان چۈچۈك سۇلتان بېگىم بىزار بولغاندەك ئەسنىدى. ياشلىق چاغلىرىنى ئويلاپ، ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغان ئايىنىگار سۇلتان بېگىمنى مۈگدەك باستى. بۇلارنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇشقان خان جەمەتىنىڭ ئاغىچا ــ خېنىملىرى مۇقامنى شۇنداق بېرىلىپ ئاڭلىدىكى، تىنىقىنىمۇ سىرتقا چىقارمىدى. زوق، ھوزۇر ئىلكىدە دىللىرى يايراپ كەتتى.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ تەكلىپى بىلەن قىدىرخان تولۇقلاپ، قايتا ئىشلەپ چىققان «ۋىسال» مۇقامىنى ئۆزىنىڭ بىر غەزىلى بىلەن باشلىدى. سازەندىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلدى. ئابدۇرەشىدخانمۇ جور بولۇپ تەمبۇرنىڭ تارىنى شۇنداق چەكتىكى، مەلىكە ئامانىسا خېنىم ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالدى. بۇ ۋاقتا قەدەر ئېرىنىڭ تەمبۇرنى مۇنداق زوق ــ شوق بىلەن بېرىلىپ چالغىنىنى كۆرمىگەنىدى. چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭمۇ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. پەقەت ئايىنىگار سۇلتان بېگىملا بېشىنى كۆرسىنىڭ ماشۇق يۆلەنچۈكىگە قويۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى.

قىدىرخان «ۋىسال» مۇقامىنى مۇقام كۈيلەنگەن مىسرالار بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

ھەممە ھاياجانغا چۆمۈلگەنىدى. ئابدۇرەشىدخان قىدىرخانغا بارىكاللا ئوقۇپ، ئەر ــ ئايال مۇغەننىلەرگە رەھمەت ئېيىتتى ۋە ھەممىيلەننى ئارامگاھنىڭ زىياپەت زالىغا تەكلىپ قىلدى. ئارقىدىن شەمشىبانۇ كۆتۈرۈپ كەلگەن ئەبۇسەئىد سۇلتاننى قولىغا ئالدى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم بۇ ئوغلىنى ئابدۇرەشىدخاننى ئۆزىگە تېخىمۇ تارتىش ئۈچۈن ئاچىققانىدى. ئەمما، ئابدۇرەشىدخان باشتا دىققەتسىز بۆلمىسۇن دەپ ئوغلىنى كۆرمەسكە سالغانىدى. ئەمدى ئۇنى باغرىغا بېسىپ، مەڭزىگە سۆيدى. ئەبۇسەئىد سۇلتان قوللىرىنى نەپىس ياسالغان

شامدانلارغا ئۇزارتىپ، ۋىلىق ـ ۋىلىق كۆلدى. ئۇنى ئامانىنىسا خېنىم قۇچىقىغا ئېلىۋىدى، ئويماقتەك ئاغزىنى ئۆمەللەپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سۆيۈپ قويدى. بۇنىڭدىن ئابدۇرەشىدخانغا ياندىشىپ كېتىۋاتقان چۇچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى. ئۇ بىر چامداپلا ئامانىنىسا بېگىمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ:
— بالا ئانىسىنى سېغىنىپ قالدى، ماڭا بەرسىلە، — دېدى تەرىنى تۈرۈپ.
ئامانىنىسا بېگىم قىيمىغان هالدا بالىنى ئۇنىڭغا بەردى. «ئاھ، خۇدا، مەندەك بىر ئاجىز بەندەڭگە بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلماي، ئەجەب ئارماندا قويدۇڭ...» دېدى كۆڭلىدە ئابدۇرەشىدخانغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ ۋە ئاينىگار سۇلتان بېگىمنى قولتۇقىدىن يۆلەپ زىياپەت زالىغا ئاچىقتى...
زىياپەت يېرىم كېچىگە يېقىن ئاخىرلاشتى. مەلىكە ئامانىنىسا خېنىم ئابدۇرەشىدخان، قىدىرخان ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرى بىلەن خوشلىشىپ قەسىرىگە قايتتى. چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئاينىگار سۇلتان بېگىم بىلەن مەپىگە ئولتۇرۇپ قەسرىگە كەلدى ـ دە، ئۆزىنى كىمخاب تۆشەك ئۈستىگە تاشلاپ يىغلاپ كەتتى ...
شۇ تاپتا ئامانىنىسا بېگىم ئابدۇرەشىدخانغا ئورۇن راسلاۋاتاتتى. ئۇ جەمە ياغىچىدىن نەپىس ياسالغان كارىۋات ئۈستىدىكى ئىككى قەۋەت مامۇق كۆرپىگە ئاپپاق كىرلىك سېلىپ، ئەتىر چاچتى. قوش پەر ياستۇقنى قويۇپ، كىيىملىرىنى سالدى. ئۇ يوتقاننى يېپىپ نەقىشلىك ئىشىككە قارىشىغا ئىشىك غىچىدە ئېچىلىپ ئابدۇرەشىدخان كىرىپ كەلدى ـ دە:
— قەدىرلىكىم، ئۆي ئىچىنى ئەجەب خۇشبۇي قىلىۋېتىپسىزغۇ، — دېدى تاجىنى تەكچىگە قويۇپ.
— جەننەتمۇ خۇشبۇي ئىكەن، ئالىيلىرى. شۇنىڭغا ئوخشىتىپ ...

ئابدۇرەشىدخان كۈلۈۋەتتى.

— نېمىشقا كۈلىدىلا، ئالىيلىرى؟ ئوغۇل تۇغۇپ بېرىشىمنى خالىمامدىلا؟ — ئامانىنىسا بېگىم يېنىچە بولۇۋىدى، قاپقارا چاچلىرى كۆكسىگە چۈشتى.

— چارچاپسىز - ھە، قەدىرلىكىم؟ — يېشىنىپ بولغان ئابدۇرەشىدخان سوئال نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا باقتى.

— چارچىشىم چارچىدىم، ئالىيلىرى، ئەمما «چاھارگاھ»، «ۋىسال» مۇقاملىرىنىڭ شۇنداق ياخشى ئورۇنلانغىنىدىن ناھايىتى خۇشالمەن. نېمىدېگەن گۈزەل كۈيلەر - ھە! سىلىمۇ مۇزىكىدا ھەقىقەتەن كامالەتكە يېتىپتىلا، بۇ ئاخشام ئۆزلىرىگە باشقىدىن قايىل بولدۇم.

— قىدىرخان ئاكا كىچىكىدىن باشلاپ ناخشا - سازغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان مۇغەننى بولغاچقا، مۇقاملارنىڭ كۈي - غەزەللىرىنى توپلاش، رەتلەش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىمىزنى قىزغىن قوللاپ، ئەتراپىغا ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ ماھىر سازەندە، مۇقام خۇشتارلىرىنى توپلىدى. قېشىمىزدا مۇقام ئۆگىنىۋاتقان سازەندە قىز - ئاياللارنىمۇ ئۆزى ئۇقۇشۇپ يۇرۇپ ئوردىغا ئەكەلگەن. ئۇلارنىڭ «چاھارگاھ» مۇقامىنى شۇنداق پىششىق ئىگىلىشىگىمۇ ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان. شۇڭا، بۇ ئاخشام ئەر - ئايال مۇغەننىلەر مۇقاملارنى قۇسۇرسىز ئورۇنلىدى. بۇنىڭدا يەنىلا سىزنىڭ سىڭدۇرگەن ئەجرىڭىز كۆپ، قەدىرلىكىم. بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇرسەنمەن.

ئابدۇرەشىدخان سۆزىنى توختىتىپلا كېلىپ يوتقانغا كىردى. ۋۇجۇدىغا ئامانىنىسا بېگىمنىڭ تېنىدىن تارىغان كۈچلۈك بىر ھارارەت ئۇرۇلدى.

— سۇلتانىم، مەن مۇقامنى ئۆگىنىۋالغىنىمغا ۋە ئۇنى رەتلەپ پۈتۈپ قويغىنىمغا مىننەت قىلسام بولمايدۇ. سىلى شارائىت ھازىرلاپ بەرمىسىلە، قىدىرخان ئاكىدەك ئۇستاز

بولمىسا، ئىمىنى ئۆگىنەتتىم، ئىمىنى رەتلەيتتىم، بۇگۇنكىدەك كاتتا سورۇندا ساتارىمنى چالالامتىم؟ سىلىدىن بەكمۇ رازىمەن، — ئامانىسا بېگىم ئابدۇرەشىدخاننىڭ بوينىغا گىرە سالدى، — شۇنىڭ ئۇچۇن بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرسەم، دەپ ئاللادىن تىلەپ كېلىۋاتىمەن.

— قەدىرلىك مەلىكەم، — ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ قىزىلگۈل ياپرىقىدەك تىترەڭگۈ لەۋلىرىگە تىكىلدى، — سىزگە قايىلمەن. شۇنچە پىتنە - پاسات، تاپا - تەنىلەرگە چىداپ ساتارىڭىزنى چېلىپ، ناخشىڭىزنى ئېيتىپ يۈرۈۋاتىسىز. ئاينىگار سۇلتان بېگىم ئانىمىز نەمۇنە قاتراپ يۈرۈپ، پىتنە - پاسات تېرىپ، قىدىرخاننى ئۇردىدىن قوغلىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — ئۇ ئامانىسا بېگىم توغرۇلۇق تارقالغان يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى تىلغا ئېلىشنى خالىماي، بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇ ئانىمىز يەنە ئىسكەندەر سۇلتاننىمۇ پايتەختكە ياندۇرۇپ كەلمەكچى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، مەن خۇدا خالىسا ئۇنى شۇم نىيىتىگە يەتكۈزمەيمەن. ئۇ تېخى خوجا مۇھەممەديۇسۇپ بۇزرۇكۋار بىلەن خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ يېنىغا بېرىپ: «سۇلتان ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنى ھەربىرلىرى توسۇشمىسىلا، كىم توسۇيدۇ؟» دەپ قۇتراتقۇلۇق قىپتۇ. ئۇ چوڭ خانىش بىلەن گېپىنى بىر قىلىۋالغاندەك تۇرىدۇ. ئۇ ئىككىسىنى بىر سەگىتىپ قويايمىكىن دەيمەن.

ئابدۇرەشىدخان مەڭزىگە ئامانىسا بېگىمنىڭ قوللىرىنى ياقتى.

— قانداق قىلىپ، شاھىم؟ — دېدى ئامانىسا بېگىم پىچىرلاپ.

تەقسىم ئاستىغا ئېلىپ، بىر يەرگە بارالماس قىلىپ قويىمەن.

— ياق، ئۇنداق قىلمىسىلا، شاھىم.

— نېمە ئۈچۈن؟

— بىرسى ئۆگەي بولسىمۇ ئانىلىرى، يەنە بىرسى شاھزادىلەرنىڭ ئانىسى ھەم قەدىناس خانىشلىرى. ئۇلارنى نەزەربەند قىلىپ قويسىلا، ۋەزىر - ۋۇزرالار نېمىدەپ قالار؟ مەن بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن، شاھىم.

— بولدى، بۇ توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ كۆڭلىمىزنى چىگمەيلى، قەدىرلىكىم، — ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا مېھرى بىلەن تىكىلدى، — ماڭا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرسىڭىز بەك خۇش بولاتتىم.

— ئەگەر ئوغۇل تۇغۇپ بېرەلمىسەمچۇ، مېنى ياخشى كۆرمەي قالامدىلا؟ مەندىن رايىلىرى يېنىپ كېتەرمۇ؟ — نېمە ئۈچۈندۇر ئامانىسا بېگىمنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى.

— قىز تۇغۇپ بەرسىڭىزمۇ ئوخشاشلا خۇشال بولىمەن.

— خۇدايىم بەرمىسىچۇ، شاھىم؟

— سىزلا يېنىمدا بولسىڭىز، مېنىڭ خۇشلۇقۇم تۈگىمەيدۇ.

— بالا مۇھەببەت مېۋىسى، ئەر - ئايالنىڭ رىشتىنى ئۇلايدىغان تەڭداشسىز كۈچ، شاھىم. ئۇ بولمىسا سۆيگۈ رىشتىمىز ئۈزۈلۈپ كېتەرمىكىن دەپ قورقىمەن.

ئابدۇرەشىدخان چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا خوتۇنىنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ئەنسىرىمەڭ، مەلىكەم. بىزنىڭ مۇھەببەت رىشتىمىز ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۈزۈلمەسكە باغلانغان، ئۇنى ئۆلۈمدىن باشقىسى ئۈزۈۋېتەلمەيدۇ، — ئابدۇرەشىدخان شۇنداق دەپ بۇ پارسچە غەزەلنى ئوقۇدى:

گەر قەدەترا سەرۋ گۇيەم، سەرۋرا رەفتار نىست،
گەر لەبەترا غۇنچە گۇيەم، غۇنچەرا گۇفتار نىست.
(گەر بويۇڭنى سەرۋە دېسەم، سەرۋىنىڭ يوق يۈرىشى،
گەر لېۋىڭنى غۇنچە دېسەم، غۇنچىنىڭ يوق سۆزلىشى.)

قەسىر ھويلىسىدىكى ئارچا دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى مەيىن شامالدا تىنىمسىز شىلدىرلاپ تۇراتتى. كۆكتىكى تولۇن ئاي لەرزان ئۈزۈپ كېلىپ دېرىزىگە كۆز سالدى ـ دە، نېمىدىندۇر خىجىل بولغاندەك بۇلۇتلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. ھۇجرىدىكى چىراغ ئۆچتى، بىراق كۆڭۈل چىرىغى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇراتتى. دېرىزە كۆزنىكىدىن غۇرۇلداپ كىرگەن تۈن شامىلى مەلىكە ئامانىسا خېنىمنىڭ قوندۇزدەك چاچلىرىنى يەلپۈتۈپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ لەۋلىرىگە تەگكۈزدى. ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، چېھرىگە قىزىللىق يۈگۈردى.

— شاھىم، بۇ نېمىدېگەن گۈزەل كېچە ـ ھە! — دېدى ئۇ يېقىملىق پىچىرلاپ.

# 5

ئاسماندا كۈز قۇياشى پارلاپ تۇراتتى. ئىستىراھەت سارىيىغا چىقىپ كېتىۋاتقان ئامانىسا بېگىم تۇيۇقسىز بېشى قېيىپ، پېشايۋاننىڭ مەرمەر تۈۋرۈكىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. قولىدىكى كىمخاب جىلتا بىلەن بېشىدىكى ھىلھىلە رومال ئوتتۇغاتقا قوشۇلۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. چاچلىرى تىزلىرى ئۈستىگە يېيىلدى. غەلىتە ھال، بۇ ۋاقىتچە ئۇ مۇنداق بولۇپ باقمىغانىدى.

— مەلىكە ئالىيلىرى، نېمە بولدىلا؟ — دېدى بىللە ماڭغان باش كېنىزىكى گۈلسارە ئۇنى يۆلەپ سۆيىغا ئولتۇرغۇزۇپ. يەنە ئىككى كېنىزەك رومال، ئوتتۇغات ۋە جىلتىلارنى يەردىن ئالدى.

— بېشىم قېيىپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

— نېمە بولغانلا، مەلىكەم؟ — گۈلسارە ئامانىسا خېنىمنىڭ بېشىغا رومالنى سېلىپ، ئۈستىدىن تاجنى كىيدۈرۈپ قويدى.

— بىلمىدىم، ئەمدى ياخشى بولۇپ قالدىم.

— بېھى شەربىتى ئىچەمدىلا، مەلىكە خېنىم؟
— گىلاس شەربىتى ئىچەي، كۆڭلۈم ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىنى تارتىپ تۇرىدۇ.
گۈلسارە كۈمۈش جامغا گىلاس شەربىتى قۇيۇپ چىقتى. ئامانىنىسا بېگىم گىلاس شەربىتىنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، بىرنەچچە قەدەم ماڭدى، ماڭدى - يۇ، بىردىنلا كۆڭلى ئاينىپ ھۆ تۇتتى. دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ ئارچا دەرىخىنى تۇتۇپ ئېڭىشتى. گۈلسارا ئۇنى يۆلىۋالدى. كېنىزەكلەر ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ كېتىشتى.
— تېۋىپ چاقىرايلىمۇ، مەلىكە خېنىم؟
— سۇلتان ئالىيلىرىغا خەۋەر قىلايلىمۇ يا؟
— ياق، مەريەمنىسا ئاچامنى چاقىرىپ قويۇڭلار.
بىرنەچچە كېنىزەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي كېنىزەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەبۇسەئىد سۇلتاننى كۆتۈرگىنىچە مەريەمنىسا بۇۋى ھويلىغا كىرىپ كەلدى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەلىكە خېنىم.
— كەلسىلە، مەريەمنىسا ئاچا، ئوبدان تۇردىلىمۇ؟
ئۇلار يۈز يېقىشىپ كۆرۈشتى. مەريەمنىسا بۇۋىنىڭ قۇچىقىدىكى ئەبۇسەئىد سۇلتان قولىنى ئۇزارتىپ ئامانىنىسا بېگىمگە ئىنتىلدى. خانىش ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ، مەڭزىگە يېنىشلاپ سۆيدى ۋە ئەجەبلىنىپ، دېدى:
— شاھزادە ئەجەب يادايپ قاپتۇغۇ؟ بىر ئايدىن بېرى ئەجەب سېغىنىدىم بۇنى.
— ۋاي مەلىكە خېنىم، شاھزادەمنىڭ مىجەزى يوق. چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئامراقلىق قىلىپ ئۆيدىن تالاغا چىقارماي كېسەل قىلىپ قويۇپتۇ، — مەريەمنىسا بۇۋى بالىنىڭ بېشىدىكى كىچىك ئالتۇن ئوتۇغاتنى ئېلىپ بېشىنى سىلىدى. ئەسلىدە ئۇ «سىلىدىن قىزغىنىپ» دېمەكچىدى، چېقىمچىلىق بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئۇنداق دېمەي بالىنىڭ ئەھۋالىنىلا ئېيتتى، —

تۇرۇپ - تۇرۇپ جۆيلۈيدىغان، چىرقىراپ يىغلاپ كېتىدىغان، ئالىغايدەك قارايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— بەك ئوماق ئىدى ئەمەسمۇ بۇ شاھزادەم.

— شۇنداق، مەلىكە، بەك ئوماق ئىدى بۇ. ئەتىگەندە ئارامگاھىنى سۈپۈرۈۋاتسام، سۇلتان ئالىيلىرى كىرىپ: «بۈگۈندىن باشلاپ ئوغلۇمغا سىز قاراڭ، ھېچكىمگە بەرمەڭ، يېنىدىن ئايرىلغۇچى بولماڭ» دەپ چۇچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ قەسرىگە باشلاپ كىرىپ، شاھزادىنى ماڭا كۆتۈرتۈپ قويدى. «ئوت تۇتۇپ قالغان بولسا كېرەك» دەپ ئۆزۈم ئوت كۆچۈردۈم، ئىسرىق سالدىم. ئاندىن سۇلتانىنىڭ ساتىرىشى ھاشىم ئاخۇن ئۇستام قېشىغا بېرىپ كۆرسىتىۋىدىم، مانا مۇشۇنداق ياندۇرۇپ قويدى، — ئۇ شاھزادىنىڭ ئالىتاغىل چۇشۇرۇلگەن بېشىنى كۆرسىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇ بەك قىزىق ئادەم ئىكەن، «ئۈچ قېتىم ياندۇرساق ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. بالىنى ئاپتاپقا سېلىپ بەرسىلە» دېدى. يەنە مۇشۇكتەك مىياڭلاپ، ئەبۇسەئىد سۇلتانىنى كۇلدۇرۇپ كۆڭلىنى ئېچىپ قويدى. ئۇ يەردە ئىككەنلىكىمنى كېنىزەكلەر قانداق بىلدىكىن، ئىزدەپ بېرىپتىكەن، ساتىراشخانىدىن ئۇدۇل كېلىشىم.

— ئوبدان قىلىپتىلا، مەريەمنىسا ئاچا. نېمە بولدۇمكىن، باياتىن بېرى بېشىم قېيىپ، كۆڭلۇم ئايىنىپ نەچچە قېتىم ھۆ تۇتتى. كېنىزەكلىرىم تېۋىپ چاقىرماقچى بولۇۋىدى، سىلىنى كۆرۈپ باقسۇن، دېدىم.

مەريەمنىسا بۇۋى ئامانىنىسا بېگىمگە سەپسالدى. چىرايى شۇنداق ئوبدان، ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش يوق ئىدى. قارا كۆزلىرى يەنىلا كۇلۇپ تۇراتتى. مەريەمنىسا بۇۋى ئۇنىڭ ئالماس كۆز قويۇلغان ئالتۇن بىلەزۈكىنى قول بېغىشىدىن نېرى قىلىپ، تومۇرىنى تۇتتى. يۈرەك سېلىشى سەل ئىتتىكلەپ قالغاندى. مەريەمنىسا بۇۋى كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ، سورىدى:

— مەلىكە خېنىم، ھەيزدار بولغىلى قانچىلىك ۋاقىت

بولدى؟
— قىرىق كۈندىن ئاشتىغۇ دەيمەن.
— نېمانچە ئۇزاققا سوزۇلغاندۇ؟ ئادەتتە ئوتتۇز كۈندىن ئۆتمەيتتى.
— بۇ قېتىم شۇنداق بولۇپ قالدىغۇ تالىڭ.
— بويلىرىدا قالدىمۇ نېمە؟ — مەريەمنىسا بۇۋىنىڭ ئويچان چېھرىگە كۆلكە يوگۇردى.
— راست شۇنداق بولغانمىدۇ، مەريەمنىسا ئاچا؟ — ئالدىراپ سورىدى ئامانىسا بېگىم.
— شۇنداقتەك قىلىدۇ، مەلىكە خېنىم. يېقىندىن بېرى كۆڭۈللىرى نېمىنى بەكرەك تارتىدىغان بولۇپ قالدى؟
— يەل - يېمىش يېگۈملا كېلىپ تۇرىدۇ.
— بۇرۇنچۇ؟
— كۆرسەم يەيتتىم، كۆرمىسەم خىيالىمغا كەلمەيتتى.
— هە، — دېدى مەريەمنىسا بۇۋى ئەبۇسەئىد سۇلتاننىڭ قولىنى ئامانىسا بېگىمنىڭ چېچىدىن ئاجرىتىپ، — بويلىرىدا بار ئىكەن، مەلىكە خېنىم، باشقا قورققۇدەك ئىش يوق، كۆڭۈللىرىنى توق تۇتسىلا. ئەكەلسىلە بالىنى، مەن ئالاي، چاچلىرىنى يۇلۇۋەتمىسۇن يەنە.
ئامانىسا بېگىم شاهزادىنى مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ مەريەمنىسا بۇۋىگە بەردى ـ دە، دېدى:
— مۇغەننى ئاچىلىرىم ساقلاپ قالمىسۇن. ئارامگاهقا بېرىپ شۇ يەردە مۇڭدىشايلى. قىزلار، يورۇڭلار.
كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەن ئامانىسا سۇلتان بېگىم سۇپىدىكى جىلتىنى ئېلىپ ماڭدى. ئۇ ئەتلەس كۆڭلەك ئۈستىدىن گۈللۈك مەخمەل جىلتىكە كىيىۋالغانىدى. ئۇ مەلىكىلەردەك ياسىنىپ، باشقىلارنى ئەيمەندۈرۈشتىن خىجىل بولاتتى. چوڭ سورۇنلاردىلا تاج كىيەتتى، بولمىسا ئۇكە قادالغان ئالتۇن ئوتتۇغات ياكى گۈللۈك دوپپا كىيىپ يۈرەتتى. ئۇ مانا شۇنداق ئاددىي ـ ساددا

تۆرقى بىلەن ھەممەيلەنگە ياقاتتى.

دېگەندەك، مۇغەننى قىز ـ ئاياللار ئارامگاھىنىڭ مۇزىكا زالىدا ئۇنى كۈتۈپ، سازلىرىنى تىزىشتۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئامانىسا بېگىمنى كۆرۈپلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سالام بەجا كەلتۈرۈشتى.

ئامانىسا بېگىم ئېرىنىمەي ھەممەيلەن بىلەن يۈز يېقىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن گۈللۈك گىلەم تارتىلغان تامغا يۆلەكلىك ساتارنى ئالدى.

ــ ئاچىلىرىم، «راك» مۇقامىنى ئۆگىنىشنى باشلايمىز، دىققىتىمىز بۆلۈنمىسۇن، ــ ئۇ جىلتىدىن بىر خاتىرىنى ئېلىپ ئاچتى، ــ باشتا ئۆگەنگەن مۇقاملارغا ئوخشاش باشلىنىشتىن تارتىپ، تەزە ـ مەرغۇللىرىنى، داستان ـ مەشرەپلىرىنى، ئاھاڭ ئۆزگىرىشلىرىنى قانۇنىيىتى بويىچە پۇختا ئىگىلىسەك، غەزەللىرىنى پىششىق يادلىساق، ئاندىن مۇقامنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھەقىقىي نامايان قىلىپ، ئاڭلىغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرەلەيمىز ھەم دىلىمىزدىكى تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز ھېس ـ تۇيغۇلىرىمىزنى ئاۋامغا يەتكۈزەلەيمىز. قېنى ھەمشىرىلىرىم، باشلايلى.

دەسلەپ تاڭ قاراڭغۇسىدا يېشىل مايسىلار پىچىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان ئۇد، ساتارنىڭ يېقىملىق ئۈنى، ئاندىن قالۇن، تەمبۇرنىڭ كېچىدە ناھايىتى يىراقتىن ئاڭلانغان دەريانىڭ يېنىك شارقىرىشىدەك مەيىن ساداسى، ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ چېلىنغان دۇتار، راۋابنىڭ گۈل ـ گىياھلارنىڭ شىۋىرلىشىدەك ئىشىتىلگەن لەرزان ئاۋازى، «دۇم ـ دۇمتاق ـ دۇم» قىلىپ ياڭرىغان داپ ھالقىلىرىنىڭ مەجنۇنتاللاردىنمۇ يېقىملىق شىلدىرلىشى، پىراق چۆلىدە ھالسىرىغان ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئۇھ تارتىشىدەك مۇڭلۇق نەي ساداسى ياڭراپ، گويا تارامىلار قوشۇلۇپ دولقۇنلۇق ئېقىن ھاسىل قىلغاندەك ئاجايىپ سېھىرلىك بىر كۈينى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇ مۇزىكىنىڭ

ئادەمنى مەستخۇش قىلىدىغان سېھىرلىك ساداسى گويا غۇر ــ غۇر شامالدەك ھەرەمنىڭ كۆڭگۈرلىك تاملىرىدىن ئۆتۈپ ئەتراپقا تارىدى.

ئابدۇرەشىدخان بىلەن قىدىرخان كىرگەندە «راك» مۇقامىنىڭ مەشرىپى باشلانغانىدى. مەلىكە ئامانىسا خېنىم ئۇلارنى كۆرۈپ، قايرىپ قويغان چۈمبەلنى يۈزىگە ياپتى. باشقا قىز ــ جۇۋانلارمۇ يۈزلىرىگە چۈمبەللىرىنى يېپىقىنچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سالام بېرىشتى ۋە سۇلتاننىڭ رۇخسىتى بىلەن ئولتۇرۇپ، مەشرەپنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. دەل شۇ چاغدا سۇلكەت بابىدا تەنھا بىر نازىنىن پىرقىرىغىنىچە ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ مەجنۇنتالدەك ئېگىلدى ــ دە، ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ بەجايىكى تىنىق كۆل يۈزىدە ئۈزۈپ ئويناۋاتقان ئاق قۇدەك گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا بۇرۇلۇپ، دەم يۇقىرىغا، دەم تۆۋەنگە بېقىپ، قوللىرىنى گويا قۇش قانىتى كەبى پەرۋاز قىلدۇرۇپ، ئۇسسۇلنى شۇنداق نەپىس ئوينىدىكى، سىلىق قەدىمى، ئەۋرىشىم قامىتى، بوستان چاچلىرى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلدى. ئۇ بىر كەمدە پۇتىنىڭ ئۇچىدا خۇددى ئۇچۇۋاتقاندەك يېنىچە مېڭىپ، قىيا ئوچۇق ئىشىككە يېقىنلىشىۋىدى، ھاۋا رەڭ كۆڭلەك، سېرىق مەخمەل جىلىتكە كىيىپ، چۈمپەردە تارتقان توققۇز رەنا كۆكتىن شۇڭغۇپ چۈشكەن تۇرنىلاردەك ئۇنىڭغا ئوڭ تەرەپتىن ياندىشتى. توساتتىن بىر ئۇسسۇلچى كەينىگە يېنىپ، يەنە بىر تەرەپتىكى قىيا ئوچۇق ئىشىككە يېقىنلىشىۋىدى، خۇددى بايىقىدەك توققۇز دىلرەبا تىزىلىپ چىقىپ سول تەرەپتىن ئۇنىڭغا پەرۋانە بولدى. گويا قىزىلگۈلمۇ، نىلۇپەرمۇ تەڭ ئېچىلدى. مەلىكە ئامانىسا خېنىم: «مەريەمنىسا بۇۋى ئۇسسۇلنى ئەجەب پەيزى ئوينىدى» دېدى ئىچىدە ۋە مۇقامنىڭ چۇشۇرگىسىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئورۇنلىدى، ئۇنىڭ ياڭراق ھەم يېقىملىق ساداسى زال ئىچىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

ــــ بارىكاللا ! ــــ دېدى ئابدۇرەشىدخان قايىل بولغىنىنى

بىلدۈرۈپ، — «راك» مۇقامىنى قايتا ئورۇنلاشقا مۇغەننى قىز-ئاياللىرىمىزنىڭ رازىلىقى بارمىكىن؟ پېقىر بۇ مۇقامغا قانمىدىم. ئۇستاز قىدىرخان ئاكىمىزنىڭ مۇقامنىڭ ئورۇنلىنىشىغا قارىتا قانداق تەكلىپى باركىن؟ ئاڭلاپ، ئاندىن باشلىساق.

— پېقىر بۇرۇنراق كېلەلمىگىنىم ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىمەن، — دېدى قىدىرخان كۆپچىلىككە قاراپ، — مۇقامنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاشتا غەزەل بىلەن مۇزىكىنىڭ ماسلىشىشى ناھايىتى زۆرۈر. بايا مەشرەپنى ئورۇنلىغاندا پېقىرغا غەزەللەر بوشراق، مۇزىكا چىڭراق ئاڭلاندى، ھەتتا مۇزىكا غەزەلنى بېسىپ كەتتى. مۇنداق بولغاندا، مۇقامنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇڭا، مۇزىكا يالغۇز ئورۇنلانغاندا چىڭراق، غەزەل بىلەن ئورۇنلانغاندا بوشراق چېلىنىشى زۆرۈر.

قىدىرخان گەپنى ئۇچۇق قىلىدىغان، تەلەپچان، سەممىي ئادەم بولغاچقا، مۇقامنى ئورۇنلاشتا كۆرۈلگەن نۇقسانلارنى ھەممىشە تولۇق كۆرسىتىپ بېرەتتى. مەلىكە ئامانىسا خېنىم تەلەپچانلىق بىلەن يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، مۇقامنىڭ ياخشى ئورۇنلىنىشى ئۈچۈن مۇغەننىلەرنى قايتا-قايتا مەشىق قىلدۇراتتى. شۇ تاپتىمۇ ئۇ سەل جىددىيلىشىپ، «راك» مۇقامىنى بايىقىدىنمۇ لەرزان ئاۋاز بىلەن ساتارىنى تەڭكەش قىلىپ باشلاپ بەردى، تاكى مۇقام ئاخىرلاشقۇچە ھاياجىنىنى باسالمىدى.

— بارىكاللا، بارىكاللا! — دېدى ئابدۇرەشىدخان مۇقامنىڭ ياخشى ئورۇنلانغىنىدىن خۇشال بولۇپ.

— بارىكاللا! — دېدى قىدىرخانمۇ سالماق ئاۋاز بىلەن، — مۇقام مانا مۇشۇنداق ئەركىن-ئازادە ئورۇنلانسا، ئاندىن ئۇنىڭ قېتىغا يوشۇرۇنغان سېھىرلىك مەنىلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مەيلى غەزەلخان ياكى سازەندە بولسۇن، مۇقام ئورۇنلىغاندا ئۆزىنى خۇددى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشتەك ئەركىن

تۇتـۇپ، ئۆز تالانتـىنى ئەڭ يـۇقىرى چەكـتە جارى قىـلدۇرمىقى زۆرۈردۇر. مۇشـۇنداق قىلـغاندىلا، ئـاندىن سازلاردىـن تۆكۈلگـەن مۇزىكىلىق مەنە بىلەن ناخشا ـ غەزەللەرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر ھېس ـ تۇيغۇنى بىرلـەشتۇرۇپ، كىـشىلەرنـىڭ مەنىـۋى دۇنـياسىغـا تەسىـر كـۆرسەتكـىلى بولـىدۇ. ھەمشـىرىلىـرىم، سىلەرنىڭ مەلىكە ئامانىسا خېنىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇقامنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگىنـىڭلاردىن سۇلـتان ئالـىيلىرى نـاھايىتـى خۇشال، پېقىرمۇ شۇنچە مەمنۇن. ھالـبۇكى، ئۆگـەنگەنلـىرىمىـز بىزگە نـامى مەلۇم ئـون ئىككـى مۇقامـىنـىڭ ئاز بـىـر قىسمـى، خالاس، ــ ئۇ ساقىلىنى سىيپىغىنىچە بىر پەس تـۇرۇۋالغاندىـن كېـيـىـن كـۆپچىلـىككـە تـەكشى نـەزەر تـاشلاپ سۆزىـنـى داۋام قـىلدى، ــ مۇقـام خەلقىـمىزنـىڭ تارىختىـن بۇيانقى ئەقىـل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇلارغا خـەلقىـمىزنىڭ ئـارزۇ ـ ئىستەكلىرى، قايغۇ ـ ھەسرىتى، مۇھەببەت ـ نەپرىتى، بەخت ـ خۇشاللىقلىرى مۇجەسسەملـەنگەن. بۇ بـىباھا سـەنئىتـىمىزنـى ئۆگـىنىپ ۋە رەتلـەپ كېيـىنكى ئەۋلادلارغـا مىراس قـالـدۇرۇش بىزنىڭ بۇرچىمىز. مۇشۇ سەۋەبكە كۆرە، سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ ئەمـرى بىـلەن يـۇرتلارغا كـىشى ئەۋەتـىپ، مۇقـامـغـا ئىشتىياق باغلىغان ۋە ئۇنى ۋايىغە يەتكۈزۈپ ئورۇنلىـيالايدىغـان مۇغەننىيلەرنى پايتەختكە تـەكلىپ قـىلدىم. ئـۇلار ئوردىغا قـەدەم تەشرىپ قىلغاندا، مۇقام ئۆگىنىشىمىز تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگـە كۆتۈرۈلىدۇ. ئاللا سىلەرگە رەھمەت ئىشىكىنى ئاچقاي.

نېمە ئۈچۈندۇر بۈگۈن ئابدۇرەشىدخانمۇ، قـىدىرخانـمۇ باشقـا كۈندىكىدەك خۇشخۇي ئەمەس ئىدى. ئابدۇرەشىدخانىنـىڭ قاتتىـق خاپا ئىكەنلىكى ئويچان چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ گـەرچـە كـۈلۈمسـىرىگەندەك قـىلسـىـمۇ، تۇرۇپ ـ تـۇرۇپ قـوشۇمـىسـى تۇرۇلۇپ قالاتتى.

سۆزىنى تۈگـىتىپلا جىم بولۇپ قالغان قىدىرخان ئويىغا نېمە كەلدىكىن، ئابدۇرەشىدخانغا بـىرنېمـە دەپ پىچىـرلاپ ئورنىدىـن

تۇردى ـ دە، ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

ئامانىسا خېنىم مۇغەننى قىز ـ ئايالالارنى تاماقخانىغا باشلاپ قويۇپ، ئابدۇرەشىدخان بىلەن قەسىرىگە چىقتى.

— شاھىم، سىلىگە بىرەر ئىش بولدىمۇ، خاپىخان تۇرىدىلا؟ — سورىدى ئامانىسا خېنىم ئابدۇرەشىدخانىنىڭ تونىنى ئاسقۇغا ئىلىۋېتىپ.

— بۇنى قانداق بىلدىڭىز، قەدىرلىكىم؟ — دېدى ئابدۇرەشىدخان مامۇق يېكەنداز ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، قاپىقى ھېلىمۇ تۈرۈك ئىدى.

— چىرايلىرى بۆلەكچە، شاھىم. قىدىرخان ئاكىمۇ ناھايىتى خاپا كۆرۈندۇ. شۇڭا، بىرەر ئىش بولدىمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ قىلىۋاتىمەن.

— بۈگۈن كۈتمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى، مەلىكەم، — ئابدۇرەشىدخان خانىش سۇنغان بىر جام شاتۇت شەربىتىنى ئىچىپ ئېغىر تىن ئالدى، — خوجا پەيزۇللا ئىشان بىرەر يۈزدىن ئارتۇق سوپى ـ سالىكلىرىنى ئەۋەتىپتىكەن، ئۇلار: «ئەيش ـ ئىشرەت قىلىش ھارام، ساز چېلىپ كۆڭۈل ئېچىش ھارام، ئاللانى ئۇنتۇپ كەيپ ـ ساپا قىلىش ھارام» دەپ چۇقان سېلىپ، ئوردىغا بېسىپ كىرمەكچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر دىۋان قىدىرخان چىقىپ: «بۇ ئوردا مۇسۇلمان سۇلتانىنىڭ ئوردىسى. ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپاغا بۇ يەردە ئورۇن يوق. سىلەر خاتا چۈشىنىپ قاپسىلەر، قايتىپ كېتىڭلار» دېسىمۇ، ئۇناشماي دەرۋازىغا يېقىنلاپ كەپتۇ. قىدىرخان ياساۋۇللارغا ئۇلارنى ئوردىغا كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپ، يېنىمغا كىرىپتىكەن، ئۇ ناكەسلەرنى دەرھال قوغلىۋېتىش توغرىسىدا پەرمان بەردىم. باش ئەمىر ئەكرەم بىلەن قىدىرخان چىقىپ، ئۇلارنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىپتۇ. لېكىن، ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ، دەرۋازا ئالدىدا ئۆزلىرىنى توسقان پاششاپ ئابدۇلئەزىز كوكۇلداشنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ، ئوردىغا بېسىپ كىرىشكە

باشلاپتىكەن، نۆكەر، ياساۋۇللىرىمىز ئۇلارنى مانا ئەمسە، دەپ سوروپ ـ تـوقاي قىلىپ قوغلىۋېتىپتۇ. جاھىللىق قىلىپ كـەتمەي تۇرۇۋالـغانلارنـى تـۇتـۇپ زىنـدانـغا تاشـلاپـتۇ. مانـا شـۇ ئاۋارىچىلىكلەر تۇپەيلى كېچىكىپ قالدۇق، بولمىسا مۇزىكا باشلىنىشتىن بۇرۇن كېلىپ بولاتتۇق، مەلىكەم. ئاللا بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان بۇ زېمىننى «ۋاپاسىزلىق، نومۇسسىزلىق جاھانى» دەۋالغان بۇ تەركىدۇنياچىلار ئۆزلىرىنىڭ نادان، جاھىل، قاراملىقىنى ئاشكارىلاۋاتىدۇ.

ئابدۇرەشىدخان سۆزدىن توختاپ، خىيالغا پاتتى.

مەلىكە ئاماننىسا خېنىم بىئاراملىق ئىچىدە داستىخان سالدى، كېنىزەكلەر تاماق كەلتۈردى. ئۇ ئابدۇرەشىدخانغا ياشقا تولغان مېھىرلىك كۆزلىرى بىلەن باقتى.

— شاھىم، بۇ ھەقىقەتەن باش قاتۇرىدىغان ۋەھىملىك ۋەقە ئىكەن، ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن.

— شۇنداق، مەلىكەم، بىراق ئەنسىرىمەڭ، مەن بار يەردە ھېچكىم سىزنىڭ بىر تال مويىڭىزغىمۇ تېگەلمەيدۇ، — دېدى ئابدۇرەشىدخان گۈللۈك تەخسىدىكى نېرىنغا قوشۇق سېلىپ. ئۇ بۇ ئاشنى ياخشى كۆرەتتى، ئەمما بۈگۈن كۆپ يېمىدى، بىرنەچچە قوشۇق يەپلا، ئارقىدىن قېتىق ئىچىپ قولىنى سۈرتتى.

— ئىلاھىم ئېيتقانلىرىدەك بولغاي، شاھىم. ھە راست، ئۆزلىرى خوجا مۇھەممەديۇسۇپ بۇزرۇكۋارغا قول بېرىپ مۇرىت بوپتىكەنلىغۇ. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقمىدىلىمۇ؟ ئاڭلىسام ئىشانلارنىڭ ھەممىسى ئۇ بۇزرۇكۋاردىن تەپ تارتىدىكەن.

ئابدۇرەشىدخان ئۆزىنىڭ ياشلىقىغا قارىماي دۆلەت ۋە ئاۋامنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بۇ ئەقىللىك مەھبۇبىسىدىن سۆيۈنۈپ، دېدى:

— يېقىندا بۇزرۇكۋار ئوردىغا كېلىپ: «جامائەت ئىچىدە سۇلتان ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى، دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەر ئاۋۇپ كەتتى، بۇ شەنلىرىگە ياخشى ئەمەس، ئالىيلىرى.

سازەندىلەر شەيتاننىڭ مۇخلىسلىرىدۇر، ئۇلارنى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىش كېرەك» دەپ بېشىمنى ئاغرىتىۋىدى، مەن ئۇنىڭغا: «ياق، بۇزرۇكۋار، سازەندىلەرنى ئوردىدىن قوغلىۋېتەلمەيمەن. ئۇلار ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنى يوق، بەلكى خەلقىمىزنىڭ بىباھا مەدەنىيەت بايلىقى بولغان ‹ئون ئىككى مۇقام›نى ئۆگىنىپ رەتلەۋاتىدۇ. پىقىر مۇرىتلىرىمۇ شۇلارنىڭ بىرسى» دەپ ئەھۋالنى چۈشەندۇردۇم، ئۇ يۈمشاپ قايتىپ كەتتى. بۈگۈن كەلگەن ئەسەبىي سوپىلار ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بولماستىن، خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ مۇرىتلىرى ئىكەن. خوجا پەيزۇللا ئىشان ئالدىنقى كۈنى ئەتىگەن سۇلتان بىلەن كۆرۈشمەن، دەپ ئوردىغا كەلگەنىكەن، ئۇنىڭ گەپ يېمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، قوبۇل قىلمايلا قايتۇرۇۋەتكەنىدىم. ئەگەر ئۇنىڭ سوپىلىرى يەنە بىزنى پاراكەندە قىلماقچى بولىدىكەن، ئەدىپىنى بېرىپ، خانىقادىن چىقالماس قىلىۋېتىمەن.

مەلىكە ئامانىسا خېنىم ئابدۇرەشىدخانغا چاي سۇنۇپ، دېدى:

— شاھىم، ھەرھالدا ئىبغىر ـ بىسىق بولغانلىرى تۈزۈك. ئۇلارغا ئالدىراپ زەربە بېرىپ قويسىلا، ئوت ئۇستىگە ياغ چاچقاندەك بولۇپ قالمىسۇن يەنە. بابا قىدىرخان ئاكا ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئۇستازنى بۇ ۋاققىچە مۇنداق جىددىي ھالەتتە كۆرمىگەنىدىم. ئۇنىڭغا بىر ئىش بولمىغاندۇ؟

— ئۇنىڭمۇ بېشى قېتىقلىق، مەلىكەم. چۈنكى، سازەندە ـ مۇغەننىلەرنى تەشكىللەپ، مۇقاملارنى رەتلەش ئىشىغا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىۋاتقاچقا، ئىشان، سوپىلارنىڭ قارشى تۇرۇۋاتقىنى ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. يېقىندا بىر تۈركۈم ئەسەبىي سوپا ـ ئىشانلار ئۇ باش مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان رەشىدىيە مەدرىسەسى بىلەن جاھان مەدرىسەسىگە باستۇرۇپ كىرىپ، چەت ئەلدىن كەلگەن تالىبۇل ئىلىملارنى ئۇرۇپ، سازلارنى چېقىپ، ئېغىر ۋەقە سادىر قىلغانىدى. شۇڭا، بابا

خاتىرجەم بولالماي مەدرىسەگە كەتتى.

ئامانىنسا بېگىم داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ كىينزەككە بەردى. ئابدۇرەشىدخان ئورنىدىن تۇردى.

— ئارام ئالماي، يەنە نەگە بارىدىلا، شاھىم؟ — سورىدى تەكيە - ياستۇق قويۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتقان ئامانىنسا بېگىم ئابدۇرەشىدخانغا يېلىنىش نەزىرى بىلەن تەلمۈرۈپ.

— ئوردىغا چىقاي، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ ئويچان چېھرىگە سەپسېلىپ، — ماڭا دەيدىغان بىرەر گېپىڭىز بارمۇ نېمە؟

— ياق، شاھىم. چىقىۋەرسىلە، كېيىن ئېيتارمەن.

— قەدىرلىكىم، نېمىشقا ھازىر ئېيتمايسىز؟

— ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلى بىئارام تۇرسا، — ئامانىنسا بېگىم يەرگە باقتى.

— بەلكىم شۇ سۆزىڭىز كۆڭلۈمنى ئارامىغا چۈشۈرۈپ، غەيرىتىمنى ئاشۇرار. مېنى بىتاقەت قىلماي، چاپسان ئېيتىڭ، قەدىرلىكىم.

ئامانىنسا بېگىم كۆزىنى يەردىن ئېلىپ، ئۇنىڭغا خىجىللىق ئىلكىدە بېقىپ، دېدى:

— بويۇمدا قاپتۇ، شاھىم.

— بۇ كاتتا خۇش خەۋەر ئىكەن، مەلىكەم، — ئابدۇرەشىدخان ئۇنى يەردىن كۆتۈرۈۋېلىپ ئايلاندۇردى، — خۇدايىم ئوغۇل تۇغقىلى نېسىپ قىلسۇن. مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىڭىز، ئەمدى سىزگە بىر خەۋەر ئېيتاي.

— شاھىم، نېمە خەۋەر ئۇ؟ — سورىدى ئامانىنسا بېگىم كىچىك بالىدەك تېپچەكلەپ.

ئابدۇرەشىدخان ئۇنى يەرگە دەسسەتتى.

— قازانكۆل جاڭگىلىغا بېرىپ ئاتىڭىزنى ئەكېلىسىز. ئۇنى تازا سېغىنغان بولغىيدىڭىز؟

— سېغىنىمامدىغان، شاھىم. رەھمەت سىلىگە، — ئۆنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق يېشى تۆكۈلدى، — راستىلا مەن بارامدىمەن؟

— ھەئە، مەلىكەم، — ئابدۇرەشىدخان ئۆنىڭ رومىلى يەرگە چۈشۈپ ئېچىلىپ قالغان قاپقارا چاچلىرىنى سىلىدى، — ئادەم ئەۋەتىسەم، ئوردىغا كەلگىلى ئۇنىماپتۇ. سىز بارمىسىڭىز كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، قەدىرلىكىم.

— قاچان يولغا چىقىمەن؟

— تەييارلىقىڭىز پۈتكەندە.

— مەن ھەرقاچان تەييار.

ئابدۇرەشىدخان ئۆنىڭ رومىلىنى يەردىن ئېلىپ قولىغا بەردى ـ دە، ئوردىغا چىقىپ كەتتى.

## 6

كۆز قۇياشى تىكلەشكەنىدى. ئۆنىڭ ئىللىق نۇرى چەللە ـ باراڭغا ياماشقان پېلەكلەرگە ئېسىلىپ تۇرغان قاپاق، كاۋىلاردا چاقناپ، گۈللۈك كىگىز، شىرداق سېلىنغان سۇپىغا يېيىلغانىدى. قوزۇققا ئېسىقلىق تەمبۇر، دۇتارنىڭ تارلىرى پارقىراپ تۇراتتى. شاگىرتلىرىنى چۈشلۈك دەم ئېلىشقا قويۇۋەتكەن مەھمۇد ئاخۇن سۇپىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۆنىڭ ئۇدۇلىدا پۈتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئالتاغىل مۇشۇك خورۇلداپ ياتاتتى، ئىككى ئاسلان بىر ـ بىرىنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلىشىپ ئوينىشىۋاتاتتى. ئاسلاننىڭ بىرسى سۇپىدىن يەرگە سەكرىۋىدى، ئىككىنچىسىمۇ سەكرەپ ئۇنى قوغلىدى. ئۇجمە تۈۋىدە ياتقان باغلاقلىق ئىت بېشىنى كۆتۈرۈپ خىرىلداپ خىرىس قىلدى. قورقۇپ كەتكەن ئاسلانلار سۇپىغا سەكرەپ چىقىپ، مەھمۇد ئاخۇننىڭ بىقىنىغا كىرىۋېلىشتى. ئانا مۇشۇك ئىتقا

چەكچىيىپ قاراپ: «قېنى كېلىپ باقە» دېگەندەك قولىرۇقىنى شىپپاڭشىتىپ قويۇپ، بالىلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتتى. ئاسلانلىرىنى ئالدى پۇتى بىلەن نوقۇپ ئويىنىغىلى تۇرۇۋىدى، هويلا ئىشىكى خۇددى نالە قىلغاندەك غىچىرلاپ ئېچىلىپ، بېشىغا ئاق رومال سالغان بىر ئايال گۈللۈك ھىجىرنى كۆتۈرگىنىچە ھويلىغا كىرىپ كەلدى. مەھمۇد ئاكا ئورنىدىن تۇردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تىنىچ - ئامان تۇردىلىمۇ؟ — دېدى ئايال تارتىنغان ھالدا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھەجەرخان، كەلسىلە، — مەھمۇد ئاكا ئۇنى ئايۋانغا باشلاپ، ئاستىغا كۆرپە سالدى.

— چۆچۈرە ئېتىۋىدىم، ئۆزلىرىنىمۇ تېتىپ باقامدىكىن دەپ بىر قاچا ئەكىردىم. ئىسسىقىدا ئىچىۋالسىلا، ئۇستام، — دېدى ھەجەرخان قولىدىكى ھىجىرنى سۇپىغا قويۇپ.

— نېمىشقا مۇنداق قىلىدىلا، ھەجەرخان؟ ھەر كۈنى تاماق ئەكىرىپ، مېنى خىجىل قىلىپ قويدىلا.

— ئۇنداق دېمىسىلە، ئۇستام. ئامانىسا قىز بار ۋاقىتتا تاماقتا ھاجەتلىرى چۈشمەيتتى. قوشنا تۇرۇپ ئەكىرمىسەم قانداق بولىدۇ؟ قېنى ئىسسىقىدا ئىچىۋالسىلا، مەن چىقاي، — ھەجەرخان ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— توختىسىلا. ئۇياقتىن كىرىپ، بۇياقتىن چىقىپ كەتسىلە، قانداق بولىدۇ؟ ھېچ بولمىسا بىر پىيالە چايغا ئېغىز تېگىپ چىقسىلا.

— بولدى، ئۇستام، جوۋىمىسىلا.

— جىندەك توختىسىلا، ھەجەرخان، — مەھمۇد ئاخۇن يان ئۆيگە كىرىپ، بىر كۆڭلەكلىك ئەتلەس كۆتۈرۈپ چىقىپ ھەجەرخانغا ئۇزارتتى، — بۇنىڭدا كۆڭلەك تىكتۈرۈپ كىيسىلە. سىلى بەك ئوبدان ئايال ئىكەنلا، نەچچە ۋاقتىن بېرى ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئالدىلا. سىلىگە ئاللا رەھمەت قىلسۇن.

— نېمانچە جوۋابدىغانلا، ئۇستام؟ مەن بۇ ئەتلەسنى ئالمايمەن، — ھەجەرخان ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— توختىسىلا. ئەگەر بۇ رەختنى ئالمىسىلا، مەنمۇ ئاشنى ئىچمەيمەن. بۇ دېگەن مېنىڭ كۆڭلۈم، ھەجەرخان.

ھەجەرخان چىپپىدە توختاپ، رومال ئىچىدىن مەھمۇد ئاخۇن باقتى ـ دە، كەينىگە تېز لا ياندى.

— رەھمەت، — ئۇ ئەتلەسنى ئېلىپ، ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

«ئوبدان ئايال ـ دە، بۇ ھەجەرخان. بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن بېرى مېنى تاماقسىز قويمىدى. ئوغلىنى مۇزىكا ئۆگىنىشكە شاگىرتلىققا بېرىپ، كۈندە دېگۈدەك يوقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. قىزىم بار چاغدا ئۆيلىنىشكە رايىم بارمىغانىدى. ئۇ كېتىپ، يالغۇزلۇق تارتىپ قالدىم. ئايال زاتى يوق ئۆي زاراتكاھلىققا ئوخشاپ قالىدىكەن. خۇدايىم بۇ ئايالنى يېنىمغا ئەكېلىپ بەرگەندە، كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ بويتاق ئۆتتۈم رەسەم، ئۆزۈمگە ئۆزۈم زۇلۇم قىلىدىغان ئوخشايمەن ...» ئۇ خىيال سۈرگىنىچە لىقمۇلىق چۆچۈرە ئۇسۇلغان ھېجىرغا قوشۇق سالدى. «نېمىدېگەن مەززىلىك ـ ھە!...»

مەھمۇد ئاخۇن چۆچۈرىنى ئىچىۋېتىپ قىزىنى ئويلاپ قالدى: «ئامانىسامۇ پات ـ پات چامغۇر، پىننە كۆكى سېلىپ ئۆگرە، چۆچۈرە ئېتىپ بېرەتتى. مۇشۇ تاپتا ئۇ نېمە قىلىۋاتىدىكىن؟ سۇلتاننىڭ قېشىدا ساتار چېلىپ ئولتۇرغانمىدۇ ياكى يالغۇز پېتى ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانمىدۇ؟ ئىلاھا، ئۇ جىگەر پارەمنى قاناتلىققا قېقىتماي، تۇمشۇقلۇققا چوقۇتماي ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن.»

چۆچۈرە ھەقىقەتەنمۇ ئوخشىغانىدى، ھۇزۇرلىنىپ ئىچىۋالدى. كۆز ئالدىغا ھەجەرخان كەلدى: «ئەجەب چىقىپ كەتتىيا، بىردەم ئولتۇرسا يەۋېتەرمىدىم. ئەتىيازدا ئەكىرگەن كۆك چۆچۈرىسىمۇ شۇنداق مەززىلىك ئىدى. قولى تەملىك

ئىكەن بۇ جۇۋاننىڭ. خۇدايىم نېسىپ قىلسا، ئۇنىڭغا ئۆيلىنىۋالسام، قىزىم نېمە دەركىن؟»

ئۇ ئامانىسساخاننىڭ تويىنى خىيال قىلدى: «نىكاھ غايىب» دېگەن سۆز راست ئىكەن. ئويلىمىغان يەردىن سۇلتان غېرىب كۆلبىمىزگە كېلىپ، قىزىمنىڭ چالغان ساتارى، ئوقۇغان غەزىلىنى ياقتۇرۇپ قالدى. تەقدىرنىڭ كارامىتى ئاجايىپ بولىدىكەن، قىزىمنى سۇلتانغا ياتلىق بولىدۇ، دەپ كىممۇ ئويلىغان؟ مانا ياتلىق بولۇپ كەتكىنىگە ئۈچ يىلدىن ئاشتى. بىرقانچە قېتىم خەت ـ خالتا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۆزى يوقلاپ كەلمىدى. ئوردىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشى غېرىب ئاتىسىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتتىمىكىن؟ بۇرادىرىم قىدىرخان ئۆزى ئەلچى بولۇپ كېلىپ: «ئابدۇرەشىدخان پادىشاھ بولسىمۇ، كەمتەر، كىچىك پېئىل، مېھرىبان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان ئادەم. ئۇ سىلىنى بۇ جەزىرىگە ھەرگىز يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ، قىزلىرىغا ۋاپاسىزلىق قىلمايدۇ. ئامەتلىرى بار ئىكەن، قىزلىرىنى سۇلتانغا بېرىشكە رازى بولسىلا» دەپ ماقۇللۇقۇمنى ئالغانىدى. دېگەندەك ئابدۇرەشىدخان قويغان شەرتلىرىمنى ئادا قىلىپ، يول ياسىتىپ بەردى. مەدرىسەمۇ سالدۇرۇپ، قازانكۆل جاڭگىلىدىكى دېھقانلارنى نادانلىق كۇلپىتىدىن قۇتۇلدۇردى. باج ـ سېلىقنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇردى. ئادەم ئەۋەتىپ پېقىردىن ھال سوراپ تۇردى. پايتەختكە تەكلىپ قىلىپ، بۇرادىرىم قىدىرخاننى ئىككى قېتىم ئەۋەتتى. لېكىن، قىزىم بىر قېتىممۇ كەلمىدى. سۇلتان رۇخسەت قىلمىدىمۇ يا؟ ...» ئۇ خىيالىنى بىر باشقا ئاچىقالماي ئاستا ـ ئاستا قىڭغىيىپ، ياستۇققا باش قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى ...

قۇياش سامان يولىدا شەرقتىن غەربكە ئاستا ـ ئاستا سىلجىماقتا ئىدى. ئاپتاپ سۇپىدىن تامغا ياماشتى. مەھمۇد ئاخۇن چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇستى تەرىپى ئاق، ئاستى قىزىل، ھاۋا رەڭ چۈچىلىق بىر لەگلەكنى ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى. قولىدىكى بىر يوم كاناپ يىپ تۈگەپ، لەگلەك ئاسمان قەرىگە كۆتۈرۈلدى.

بەجايىدىكى بىر پەرىزات ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ يىپنى ئىككى قوللاپ تارتىپ يىغىشقا باشلىدى. لەگلەك بارا ـ بارا پەسلەپ، دەل ھويلىنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە ئۇ ئۇيغىنىپ كەتتى ۋە چاچراپ تۇرۇپ كەشنىمۇ كىيمەستىن ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى. چۈنكى، قىزى ئامانىنىساخان ئالدىغا كېلىۋاتاتتى.

— دادا ! ...

— قىزىم ...

ئىككىيلەن قۇچاقلاشتى.

— ساق تۇردىلىمۇ، دادا؟

— خۇداغا شۈكۈر، قىزىم ... سەنمۇ ئوبدان تۇرغانسەن؟

— ئوبدان تۇردۇم، دادا. لېكىن، سىلىنى بەك سېغىندىم.

— مەنمۇ يولۇڭغا كۆپ قارىدىم، قىزىم. سېنى بەكمۇ كۆرگۈم كەلدى.

ئارقا ـ ئارقىدىن سوۋغا ـ سالاملارنى كۆتۈرۈپ كىرىشكەن كېنىزەك، مەھرەملەر ھويلىغا توشتى.

— دادا، بىز ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، — دېدى ئامانىنىسا بېگىم ۋە باش كېنىزىكى گۈلسارە بىلەن مەرىيەمنىسا بۇۋىگە كېنىزەك، مەھرەم، ياساۋۇللارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ، دادىسى بىلەن ئىلگىرىكى ھۇجرىسىغا كىردى.

— ئەجەب بۇرۇنقىدەكلا تۇرۇپتۇغۇ بۇ ئۆيۈم. نەرسە ـ كېرەكلەرگە چاڭ ـ توزانمۇ قوندۇرماپتىلا، دادا، — دېدى ئامانىنىساخان ۋە بالىلىق مېھرى بىلەن دادىسىنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى سىلاپ، ساقىلىنى قوللىرى بىلەن تاراپ قويدى.

— سېنىڭ ئۆيۈڭنى چاڭ ـ توزان بېسىپ كەتسە قانداق بولىدۇ، قىزىم؟ بۇ ئۆيگە ھەر كۈنى نەچچە قېتىم كىرىپ، سېنىڭ بۇيلىرىڭنى ھىدلايمەن، ئولتۇرغان كۆرپەڭدە ئولتۇرۇپ ئارام ئالىمەن، چالغان سازلىرىڭنى ئېلىپ يىغانىمنى تۆكىمەن. شۇڭا، مانا شۇنداق پاكىز تۇردى، بالام.

— مېنىڭ جان دادام ! ... — ئامانىنىسا بېگىم ئەركىلىگەندەك

كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئاتىسىغا يۈلەندى.

— مېنىڭ يۈرەك پارەم. سەنمۇ مۇشۇ يەردىكى چاغلىرىڭدىكىدەك تۇرۇپسەن. سېنى كۆرۈپ بەك خۇش بولدۇم، — دېدى مەھمۇد ئاخۇن ئۇنىڭ باش ـ يۈزىنى، چاچلىرىنى سىلاپ.

ئامانىنىسا بېگىم بېشىغا تاج ياكى ئالتۇن ئوتۇغات تاقىماستىن، نەپىس تىكىلگەن چىمەن دوپپا كىيىپ كەلگەنىدى. ئۇچىسىدىمۇ مەلىكىگە خاس ھەشەمەتلىك كىيىم بولماستىن، خوتەن ئەتلىسىدىن تىكىلگەن كەڭ ئېتەكلىك كۆڭلەك ۋە يېشىل تاۋار نىمچە بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خانىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، كىشىلەرنى، دوستلىرىنى ئەيمەندۈرۈپ قويۇشنى خالىمىغانلىقتىن، ئەنە شۇنداق ئاددىيكىنە كىيىنىۋالغانىدى.

يىراق ـ يېقىندىكى كىشىلەر مەلىكە ئامانىنىسا خېنىمنىڭ كەلگىنىنى قانداق ئۇقتى، بىرەر سائەت ئۆتمەستىنلا پەتىگە كېلىشكە باشلىدى. خۇددى توي بولىۋاتقاندەك، ئىشىك ئالدى ۋە ھويلىغا كىشىلەر يىغىپ كەتتى.

مەھمۇد ئاخۇن قىشلاقتىكى يىگىتلەرگە قاساپ، ئاشپەز چاقىرتىپ، توققۇز قوي، توققۇز موزاي سويدۇردى. قازانلار ئېسىلىپ، ئوت يېقىلدى. غۇر ـ غۇر كۆز شامىلى پولۇ بىلەن قورۇمىنىڭ مەززىلىك ھىدىنى قازانكۆل جاڭگىلىغا تاراتتى. پەتىچىلەرنىڭ ئايىغى يېرىم كېچىگىچە ئۈزۈلمىدى. بىرەر كىشىمۇ قۇرۇق يانمىدى، ھەممەيلەنگە بىر كىيىملىكتىن رەخت ھەدىيە قىلىندى.

بىرىنچى بولۇپ پەتىگە كىرگەن ھەجەرخان داستىخان سېلىپ ـ يىغىپ، ئاش قويۇپ، قاچا ـ تەلەڭگىلەرنى يۇيۇپ، كېچىچە دېگۈدەك ئۇخلىمىدى. بۇغداي ئۆڭ، قامىتى كېلىشكەن، يۇرۇش ـ تۇرۇشى چاققان بۇ ئايالغا كۆزى چۈشكەن ئامانىنىسا بېگىم:

— دادا، ئاۋۇ ئاچام كىم بولىدۇ؟ كېچىچە كۆز يۇممای خىزمەت قىلىپ، ئەجەب جاپا تارتتى، — دېۋىدى، مەھمۇد

ئاخۇن:
— قوشنام بولىدۇ، قىزىم، ئېتى ھەجەرخان، — دېدى ئايالغا بىر قارىۋېلىپ.
— قوشنام؟ — ئەجەبلەندى ئامانىنىسا بېگىم.
— ھەئە، قوشنام، — قانداقتۇر سۆيۈنۈش ئىلكىدە سۆزلەپ كەتتى مەھمۇد ئاخۇن، — سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ پەرمانى بىلەن يول ياسىلىپ، ئۆستەڭ چېپىلىپ، مەدرىسە سېلىنغاندىن كېيىن قازانكۆل جاڭگىلى ئاۋاتلىشىپ كەتتى، بالام. ھەر ياندىن كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەر بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىپ ئۆي سېلىشىپ، كۆجۈم بىر مەھەللە بەرپا بولدى. ھەجەرخان كېلىپ بىزگە قوشنا بولغاندىن بۇيان ئاش ـ تاماقسىز قالمىدىم. بۇ ئىشچان، ئۇياتچان مەزلۇمە ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ كەلدى.
ئامانىنىسا بېگىم ئاتىسىنىڭ گېپىدىن قانداقتۇر بىر بېشارەتنى سەزگەندەك بولۇپ، سورىدى:
— دادا، ھەجەرخان ئاچامغا رەھمەت ئېيتىپ قويايمۇ؟
— ئەجەب ئوبدان دېدىڭ، بالام. بىچارە تازا ھاردى، ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئېيتىپ قويغىن.
ئامانىنىسا بېگىم ھويلىدىكى گۈللۈككە سۇ كىرىدىغان ئېرىق بويىدا قاچا يۇيۇۋاتقان ھەجەرخاننىڭ يېنىغا باردى.
— تازا ھاردىلا، ھەجەرخان ئاچا، ئارام ئېلىۋالسىلا، قارىشىپ بەرمەي سىلىنى جاپادا قويدۇق. دادام سىلىدىن كۆپ مىننەتدار بولدى، رەھمەت، — دېدى ۋە ھەجەرخاننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قاچىلارنى يۇيۇشقا تۇتۇندى.
— ۋاي ياق، ھارامىدىغان، ئامانىنىسا خېنىم؟ مۇنداق قۇتلۇق ئىش كۈندە بولىۋەرمەيدۇ. كېلىپ دادىلىرىنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇش قىلىۋەتتىلە. ئەھلىمەھەللىمۇ ناھايىتى خۇرسەن بولدى. سىلى ئارام ئالسىلا، قاچىلارنى ئۆزۈم يۇيۇۋېتەي، — ھەجەرخان ئۇنىماي قاچىلارنى ئالدىغا تارتىپ

ئۆزى يۆغىلى تۇردى.

— تۇن بويى بىر دەم ئارام ئالمىدىلا، ھەجەرخان ئاچا، ئارام ئالسىلا. شۇ تاپتا بالىلىرىنىڭ دادىسى سىلىنى ئۆيدە كۈتۈپ ئولتۇرىدىغاندۇ، ئەتىگەندە ئۆيدىكىلەرگە ناشتىلىق بېرەرلا، قاچىلارنى مەن يۇيۇۋېتەي، — ئامانىنىسا بېگىممۇ ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشى ناھايىتى سىلىق ئىدى.

— بالامنىڭ دادىسى تۈگەپ كەتكەن، — ھەجەرخاننىڭ چىرايى قايغۇلۇق تۈس ئالدى، — مېنى ئۆيدە كۈتۈپ تۇرىدىغان ئادىمىم يوق، خېنىم بالام، ئۆيگە چىقساممۇ زېرىكىپ قالىمەن. قاچىلارنى ئۆزۈم يۇيۇۋېتەي، ئەكەلسىلە، بىردەمدە يۇيۇپ بولىمەن.

— ئەمىسە بىللە يۇيايلى، — دېدى ئامانىنىسا بېگىم سۆپىدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ئوغۇل بالىغا كۆز سېلىپ.

ئۇلار قاچىنى يۇيۇپ بولۇپ، دەستىلەپ ئاشخانىغا ئەكىرىپ تەكچىگە قويۇشتى. ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇشقان كېنىزەكلەر ھويلا - ئارانى سىيرىپ - سۈپۈرۈپ چىنىدەك قىلىۋېتىشتى. ئامانىنىسا بېگىم ھەجەرخاننى ئۆز ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىپ، ئالدىغا چاي، مەزە قويدى.

— بالىنىڭ ئاتىسى ئەجەب ياش كېتىپ قاپتۇ، نېمە كېسەل بولۇپ قالغانىدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ مۇڭداشقۇسى كېلىپ.

— كېسەل بولۇپ قالمىغان، خېنىم، — ھەجەرخاننىڭ قوي كۆزلىرى ياشقا تولدى، — تىمەن ئادەم ئىدى، ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ھادىسە جېنىنى ئېلىپ كەتتى...

— رەھمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي. ئۇ قانداق كۆتۈلمىگەن ھادىسە ئىدى؟

ھەجەرخان پىيالىدىكى چايدىن بىر سۇمۇرۇۋېلىپ كۆز يېشىنى سۈرتتى. ئۇھ تارتىپ ئاستا سۆز ئالدى:

— بالامنىڭ دادىسى ئوۋچى ئىدى. قارچىغا بىلەن غاز، ئۆردەك، كەكلىك، توشقان دېگەندەك نەرسىلەرنى ئوۋلايتتى،

بىرقانچە قېتىم تۆلكىنىمۇ ئوۋلىغانىدى. بىر كۈنى بازارغا كېتىپ، بېشىنىڭ تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەن بىر بۈركۈتنى كۆتۈرۈپ كەلدى. قارچىغىنى ئوۋچى قوشنىمىزغا بېرىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئېرىم بۈركۈت بىلەن ئىككى يىل ئوۋچىلىق قىلدى. ئەمما، قارچىغىنى ئېلىپ ئوۋغا چىققان چاغلاردىكىگە قارىغاندا، ئىشنىڭ كۆڭۈللۈك بولمايۋاتقانلىقىنى مىجەزىنىڭ چۈس بولۇپ كېتىۋاتقىنىدىن، ئوۋلىغان قۇش، ھايۋانلارنىڭ ئازلاپ قالغىنىدىن بىلىپ يەتكەن ۋاقتىمدا كۈتۈلمىگەن بىر قورقۇنچلۇق ھادىسە يۈز بەردى: كۈز پەسلىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى، ئېرىم ئوۋغا چىقمىغانغا خېلى كۈنلەر بولغانىدى. ئۇ ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپ بولۇپ، ئۆيدە بېقىۋاتقان قويلاردىن بىرنى سويدى. ھويلىمىزدىكى ئۆرۈك دەرىخىنىڭ شېخىغا ئېسىپ ئىچ ـ قارنىنى ئالدى، ئاندىن بۈركۈتنى بېقىۋاتقان ئۆيدىن ئاچىقتى. ئېچىرقاپ كەتكەن بۈركۈت ئىسسىقلىق قوي گۆشىنى كۆرۈپ، قانات كېرىپ ئىنتىلىۋىدى، ئېرىم بېشىغا تۇماغىنى كىيدۈرۈپ قويدى ۋە بېرىپ ئالىقاندەك گۆشنى كېسىپ كەلدى. سۇپىغا قويۇپ قويغان بۈركۈتنى سول قولىغا قوندۇرۇپ، تۇماغىنى ئالدى. قولىدىكى گۆشنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ پۇلاڭلاتتى. ئاچ بۈركۈت گۆشكە ئىنتىلىپ تۇمشۇقىنى سوزۇۋىدى، ئېرىم يەنە تۇماغىنى بېشىغا كىيدۈرۈپ قويدى. مەن ئوغلۇمنى كۆتۈرگىنىمچە قىزىقىپ قاراپ تۇراتتىم. ئېرىم بۈركۈتنىڭ بېشىدىن تۇماغىنى يەنە ئالدى. بۈركۈتنىڭ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىغاندەك بولدى. قاناتلىرىنى كېرىپ تۇمشۇقىنى گۆشكە سوزۇشىغا، يەنە تۇماغىنى كىيدۈردى. ئېرىم بۇ ھەرىكەتنى كۆپ قېتىم تەكرارلىدى. مېنىڭمۇ ئىچىم پۇشۇپ ھويلىنى بىر ئايلىنىپ، يېنىغا كەلسەم، بۈركۈتنىڭ تۇماغىنى ئېلىپ تۇرۇپتىكەن. بۈركۈت تۇمشۇقىنى سوزۇپ گۆشكە تەگكۈزەي دېگەندە، ئېرىم يەنە تۇماغىنى كىيدۈرمەكچى بولدى. ئەمما، بۈركۈت بىردىنلا ئېرىمنىڭ بوغۇزىغا چاڭگال سېلىپ،

كۆزلىرىنى چوقۇلىماسمۇ، قاتتىق ۋارقىراپ تاشلىدىم. ئېرىم ۋاي ـ ۋايلىغىنىچە ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. قورقۇپ كېتىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. بالام قىرقىراپ يىغلاپ كەتتى. قارىسام ھوشسىز ياتقان ئېرىمنىڭ كۆزلىرىدىن بولدۇقلاپ قان چىقىۋېتىپتۇ، قارىچۇقلىرى يوق تۇرىدۇ. «ۋاي ئىسىت !» دەپ بالامنى كۆتۈرگەن پېتىم قوشنامنى توۋلاپ كىردىم. بۇ چاغدا بۈركۈت ئېرىمنىڭ مەيدىسىگە قونۇۋالغانىدى. قوشنام بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرۈپ، دەماللىققا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي داڭقىتىپ قالدى. بۈركۈت ئېرىمنىڭ مەڭزىنى چوقۇلاپ قىيما ـ چىيما قىلىۋەتكەن، ھېلىقى بىر پارچە گۆشنىمۇ يەپ بولغانىدى. قوشنام ئۆرۈك شېخىغا ئېسىقلىق گۆشتىن يوغان بىر پارچە ئەكېلىپ، بۈركۈتكە تاشلاپ بەردى. ئۇ ئېرىمنىڭ مەيدىسىدىن يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ گۆشنى قويماستىن يەۋەتتى. قوشنام ئىككىمىز ئېرىمنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرگۈزىۋالدۇق. بالام دادىسىنىڭ قورقۇنچلۇق چىرايىغا قاراپ يەنە يىغلاپ كەتتى، مەنمۇ ئۆزۈمنى توختىتالمىدىم. ئېرىم ئاخىر زۇۋان سۈرۈپ: «بولدى يىغلىماڭلار، بۈركۈت مەن زالىمدىن ئۆچ ئالدى، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار» دېدى، ئاۋازى ناھايىتى جانسىز ئىدى. قوشنام گۆشكە تويۇنۇپ، خۇددى گۆشنى سىڭدۈرمەكچى بولغاندەك سۇپىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن بۈركۈتكە تۇماغىنى كىيدۈرۈپ، ئاچىقىپ كەتتى. ئېرىم شۇ ياتقانچە ئۈچ كۈنگىچە جان تالىشىپ، ئاقىۋەت قازا قىلدى. تۇل قالدىم. يىللار ئۆتتى. بالام يەتتە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغاندا، كىشىلەرنىڭ بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم. مەنمۇ پاجىئە يۈز بەرگەن ئۆيۈمدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلىشىپ قالدىم. دادىلىرى تېپىلغۇسىز ئوبدان ئادەم ئىكەن، ئامانىتىسا خېنىم، ئۆيىنى سېلىشىپ بېرىپىلا قالماي، يەنە ئۆيگە كېرەكلىك بىسات، لازىملىق نەرسىلەرنىمۇ بەردى. بالامنى ئوۋچى قىلماسلىققا قەسەم ئىچىپ، بىلىم ئۆگەنسۇن، مۇزىكا ئۆگەنسۇن دەپ، يېڭى

سىلىنغان مەدرىسەگە ئاپىرىپ، دادىلىرىغا شاگىرتلىققا بەردىم. ئۇنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ تەربىيەلەۋاتىدۇ. پېقىر دادىلىرىنىڭ خىزمىتىنى قانچە قىلسام ئەرزىيدۇ.

ھەجەرخانىنىڭ سەرگۈزەشتى ئامانىنىسا بېگىمگە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ ھەجەرخانغا ئىچ ئاغرىتىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. «دادامغا تازا لايىق كېلىدىكەن، مېھرىبان ئانا بولالايدىكەن» دەپ ئويلاپ، مۇۋاپىق پەيتتە دادىسى بىلەن بۇ توغرۇلۇق سۆزلىشىپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئۇچ كۈنگىچە مەلىكە ئامانىنىسا خېنىمدىن ھال سوراپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. كۆپىنچە كىشىلەر ئۇ سۇلتانىنىڭ خانىشى بولغاندىن كېيىن قانداق تۇردىكىن، دەپ بىر كۆرۈشكە قىزىقىپ كېلىشكەنىدى. ئۇنىڭ قىز چېغىدىكىدەك خۇشخۇي، مۇلايىم تۇرغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، «ئەجەب ئۆزگەرمەپتۇ، شۇنداق كاتتا پادىشاھنىڭ خانىشى تۇرۇپمۇ چوڭچىلىق قىلىشنى بىلمەيدىكەن. ھاكاۋۇر ئەمەس، كەمتەر، سەمىمىي ئىكەن ...» دېيىشىپ، ئاشقا داخىل بولۇپ، سوۋغا ئېلىپ خۇشال ئۇزاشتى.

ئامانىنىسا بېگىمگە ئاتىسى بىلەن ئارامخۇدا سۆزلەشكىلى ۋاقىت چىقمايۋاتاتتى. ئۆيمۇئۆي چاقىرىش باشلانغانىدى. بىر سىنىڭكىگە بېرىپ، بىر سىنىڭكىگە بارمىسا بولمايتتى. مەلىكە ئامانىنىسا خېنىم ئاتىسى ۋە كېنىزەكلىرى بىلەن ھەممە ئائىلىلەرگە كىرىپ ھال سوراپ، يۇرتداشلىرىنى شۇنداق مەمنۇن قىلىۋەتتىكى، ئۇنىڭ تەرىپى تىللاردا داستان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ھەپتىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى.

بۈگۈن چاقىرغان يەردىن قايتىپ كېلىپ، ئاتىسى بىلەن ھۇجرا ئۆيدە يالغۇز قالغان ئامانىنىسا بېگىم پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، سۆز ئاچتى:

ــ دادا، مەن كېتىپ يالغۇز جاپادا قالدىلا، رەھمەتلىك ئانام

بولغان بولسا مۇنداق يالغۇزلۇق تارتمايتتىلە. مۇنداق ئۆتمۈرسىلە بولماس. سىلىگە ھەمراھ بولىدىغان، ئاش ـ تاماقلىرىنى ئېتىپ، مېھمانلىرىنى كۈتىدىغان، كەلسەم ئالدىمغا چىقىدىغان، كەتسەم ئۇزىتىدىغان بىر ئانام بولسىكەن دەپ قىلىۋاتىمەن. ماڭا ھەجەرخان ئاچام شۇنداق ئانا بولالايدىغاندەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ. بۇنىڭغا نېمە دەيدىلىكىن؟

مەھمۇد ئاخۇن قىزىغا سىنچىلاپ قارىدى. ئاق ئارىلىغان ساقلىنى سىيپىغىنىچە بېشىنى لىڭشىتىپ، دېدى:

— قىزىم، توغرا دېدىڭ، سەن كېتىپ يالغۇزلۇق تارتقىنىم راست. ئەمما، بۇ ۋاققىچە سېنى ئاياپ، ئۆيگە ئايال ئەكىرىشنى ئويلاشمىغانىدىم. مەزلۇم كىشى يوق ئۆيدە بەرىكەت بولمايدىكەن. ئايال كىشى ئۆينىڭ نۇرلۇق چىرىغى ئىكەن. بۇ چىراغ ئۆچسە، ئۆينى زۇلمەت باسىدىكەن. قىزىم، ئۆيىمىزدە بىر ئانىنىڭ بولۇشىنى سەن خالىغان يەردە، مەن نېمىشقا ماقۇل دېمەي؟ ئەگەر مۇۋاپىق كۆرگەن بولساڭ، ھەجەرخانغا كىشى قويۇپ باقساق بولىدۇ.

— مېنىڭ جېنىم دادام، ئوبدان دادام، باشقا كىشىنى قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۆزۈم ئەلچى بولۇپ كىرىپ باقاي، — دېدى ئامانىنىسا بېگىم خۇشال بولۇپ.

— ماقۇل، جان كۆيەر قىزىم.

— يەنە بىر ئۆتۈنۈشۈم بار، دادا، — ئامانىنىسا بېگىمنىڭ قارا كۆزلىرى شادلىق يېشى بىلەن تولدى.

— نېمە گەپ بولسا، تارتىنماي دېگىن، مېھرىبان قىزىم.

— دادا، جېنىم دادا، سىلىنى بولغۇسى ئانام بىلەن پايتەختكە ئەكېتەي دەيمەن. سۇلتان سىلىنى ئەكېلىشىمنى تاپىلىغانىدى.

مەھمۇد ئاخۇن بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، دېدى:

— ماقۇل، بالام. بۇرادىرىم قىدىرخان ئىككى قېتىم سۇلتان

نامىدىن تەكلىپ قىلىپ كېلىپ كەتتى، بارسام باراي. ئاۋۋال ئۆيگە ئانا بولغۇچى كىرسۇن، ئاندىن سېنى ئۇزىتايلى. ئارقاڭدىن بىز يولغا چىقايلى. مۇشۇنداق قىلساق، مۇۋاپىق بولارمىكىن دەيمەن.

— جېنىم دادا، تازا مۇۋاپىق بولىدۇ، دېگەنلىرىدەك بولسۇن.

ئامانىسا بېگىمنىڭ شادلىق يېشى تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرغان مەڭزىگە سىرغىپ چۈشتى. ئۇ دادىسىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغىنىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولغانىدى.

— قىزىم، مەنمۇ بىر ئىشنى سوراي، ئوردىغا بارغاندىن بۇيان كۆڭلۈڭ خاتىرجەم تۇردىمۇ؟ — دېدى مەھمۇد ئاخۇن قىزىغا زەن سېلىپ.

— ئاللانىڭ پاناھىدا، سۇلتانىنىڭ غەمخورلۇقىدا تىنچ ـ ئامان تۇرۇۋاتىمەن، دادا. كەمسىتىش، تەتۈر قاراش، پىتنە ـ پاساتلار خاتىرجەملىكىمنى بۇزالمىدى. پۈتۈن زېھنىم بىلەن مۇقام ئۆگىنىپ، مۇقامنى رەتلەپ چىقىۋاتىمەن. بارغاندا كۆرىدىلا، دادا.

— سېنى ئاللا ئامان قىلسۇن، قىزىم.

ئاتا بىلەن قىز تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ هويلىغا چىقتى، تولۇن ئاي ھەممە ياقنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى.

# ئون ئالتىنچى باب

## قەست

### 1

......
دۇنيا مېنىڭ دېگەنلەر، جاھان مېلىن ئالغانلار،
كەركەس قۇشتەك بولۇبان ئول ھارامغا پاتمىشلەر.
موللا ـ مۇپتى بولغانلار، يالغان دەۋا قىلغانلار،
ئاقنى قارا ئەتكەنلەر ئول تامۇغقا كىرمىشلەر.
قازى، ئىمام بولغانلار، ناھەق دەۋا سورىغانلار،
ھىمار يەڭلىغ بولۇبان يۈك ئاستىدا قالمىشلەر.
ھارام يېگەن ھاكىملار، رىشۋە ئېلىپ يېگەنلەر،
ئۆز بارمىغىن تىشلەبان قورقۇپ تۇرۇپ قالمىشلەر.[1]
ياھۇ ـ يائاللا، ھەق دوست ئىللەللا،
ھۇم ئاللا ھۇم ! ھۇم ئاللا ھۇم !

يۈزدىن ئارتۇق سوپى ـ سالىكنى كەينىگە سېلىپ، ھېكمەت ئوقۇپ، جەرە سېلىپ كېلىۋاتقان خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ بوم ئاۋازى كېتىۋاتقان يولۇچىلارنى توختاتتى، دۇكانلىرىدا ئولتۇرغان سودىگەر، كاسىپ ـ ھۈنەرۋەنلەرنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇلار: «ھەزرىتىم نەگە بارىدىغاندۇ؟» دەپ كۇسۇرلىشىپ قاراپ قېلىشتى. بەزىلەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. بارا ـ بارا ئەگەشكۇچىلەر ئاۋۇپ، مەيدانى

① ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ شېئىرلىرىدىن.

ئادالەتكە كەلگەندە بىرنەچچە يۈزگە يەتتى.

ئەيش ـ ئىشرەت هارامدۇر، هۇنۇز كۈلمەك هارامدۇر،
زىبۇ ـ زىننەت هارامدۇر، راھەت كۆرمەك هارامدۇر.
ياھۇ ـ يائاللا، ھەق دوست ئىللەللا
ھۇم ئاللا ھۇم! ھۇم ئاللا ھۇم!
ھالاۋەتتىن كېچىڭلار، پاراغەتتىن كېچىڭلار،
پانىي دۇنيا پەيزىنى خۇشال سۇرمەك هارامدۇر.
ياھۇ ـ يائاللا، ھەق دوست ئىللەللا،
ھۇم ئاللا ھۇم، ھۇم ئاللا ھۇم!

ئۇلار بۇ نەزمىنى ئوقۇپ، جەرە سېلىپ مەيدانى ئادالەتنى بىر ئايلىنىپ، گۇلئېرەم ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلاپ كەلدى. خوجا پەيزۇللا ئىشان ھۇ تارتىپ، جەرە سېلىپ ئايلانغاندا، جەندىسىنىڭ ئالا ـ بۇلىماچ پەشلىرى يەر سۈپۈرۈپ، توپا سورۇپ ئەتراپنى چاڭ ـ توزانغا تولدۇرۇۋەتتى. دەرۋازىۋەنلەر سەردارى قۇددۇسبەگ دەرغەزەپكە كېلىپ قىلىچىنى سۇغۇردى ـ يۇ، يەنە قىلىپىغا سېلىپ، ياساۋۇللارغا:

— بۇلارنى ئوردىغا ئاياغ باستۇرماڭلار، — دەپ پاشىشاپبېگى بابا سالىھقا سوپىلارنىڭ مەيدانى ئادالەتنى مالىمان قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزدى. ئۇ ئاتا ۋەزىر نىزامىدىنبەگنى، نىزامىدىنبەگ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى ۋاقىپلاندۇردى.

— مەيدانى ئادالەت كەلسە ـ كەلمەس كىشىلەر مالىمان قىلىدىغان جاي ئەمەس، بەلكى ئىسلام ئادالىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان، ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان جەڭگاھ. سوپىلارنى دەرھال قايتۇرۇۋېتىڭلار! — دەپ ئەمر قىلدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان.

— خوپ، ئالىيلىرى! — نىزامىدىنبەگ سۇلتان سارىيىدىن

چىقىپ پاشاپبەگ بابا سالىھقا ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەمرىنى يەتكۈزدى. ئۇ ئابدۇلئەزىز كوكۇلداش باشلىق پاشاپلار بىلەن ياساۋۇللارنى ئېلىپ گۇلئىبرەم ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىشىغا ھۇ تارتىپ، جەرە سېلىپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان سوپىلارنى كۆردى.

— ئۇلارنى توسۇڭلار! بىرسىمۇ ئوردىغا كىرگۈچى بولمىسۇن! — دېدى ئۇ بۇيرۇق قىلىپ.

— بىزنى سۇلتان ئالدىغا كىرگۈزۈڭلار! — دەپ چۇقان كۆتۈردى خوجا پەيزۇللا ئىشان، ئۇنىڭ كۆزلىرى بەقەمدەك قىزىرىپ، بويۇن، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققانىدى، — مەن سۇلتان بىلەن سۆزلىشىمەن. بىزگە ئاللانىڭ ئەمرىنى ئورۇنلايدىغان ۋەزىر - ۋۇزرالار كېرەككى، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ، ئاللانى ئۇنتۇغان ئەمىر - ئۆمىرالار كېرەك ئەمەس! يول بوشات، بولمىسا ئوت قويۇپ ئوردىنى كۆل قىلىۋېتىمەن!

قۇددۇسبەگ مەڭدەپ قالدى، غەزەپلەنگەن ئىشان ۋە سوپىلارنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ كەتكەنىدى.

— سەۋر قىلىسىلا، بۇزرۇكۋار، مۇنچە كۆپ ئادەم بىلەن ئوردىغا كىرىشكە ئەسلا بولمايدۇ. سۇلتان ئىجازەت بەرسە، ئاندىن ئوردىغا كىرسىلە بولىدۇ، — دېدى ئۇنى توسۇپ.

دەل شۇ چاغدا ئەتىگەنلىك دەرسنى ئۆتۈپ، مەدرىسەدىن قايتىپ كەلگەن قىدىرخان ئىككى قولى بىلەن سوپىلار ئارىسىدىن يول ئېچىپ، پەيزۇللا ئىشاننىڭ ئالدىغا ئۆتتى.

— تەخسىر، بۇ نېمە ئىش؟

— بۇ ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن بولۇۋاتقان خاسىيەتلىك ئىش.

— مەقسەت نېمىكىن؟

— پادىشاھنى ئەيش - ئىشرەتتىن توسۇپ، ئوردىنى ناپاكلاردىن تازىلاش، — دېدى خوجا پەيزۇللا ۋە ھۇ تارتىپ، جەرە سېلىپ دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى.

— توختاڭلار! — قاتتىق ۋارقىرىدى قىدىرخان. ئۇنىڭ

ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك ياڭراپ، ئىشاننى توختىتىپ قويدى.
— مەن سۇلتان بىلەن سۆزلەشكىلى كەلدىم، سىلى بىلەن ئىشىم يوق، — دېدى خوجا پەيزۇللا ھۆرپىيىپ.
— بۇنى بىلىمەن، لېكىن سەمىلىرىگە شۇنى سىپلىپ قويايكى، سۇلتانىمىز ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن شوغۇللانغىنى يوق، بەلكى ئاللاغا سىغىنىپ، ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئادالەت بىلەن ئەلنى سورىماقتا. ئوردىمىزدا ناپاكلار يوق، بولۇشىغا ھەم يول قويۇلمايدۇ، — قىدىرخان ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ، پەيزۇللا ئىشانغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇردى. ئۇنىڭ «بىلىمەن، ناپاك دېگىنىڭدە مېنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسەن. كىمنىڭ پاكلىقى ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاغا مەلۇم» دېگەن مەنە چىقىپ تۇرغان سوغۇق نەزىرى ئىشاننى تەمتىرىتىپ قويدى. لېكىن، ئىشان جەندىسىنىڭ پېشىنى قېقىپ، ئالدىغا بىر قەدەم باستى.
— ئەگەر يەنە ماڭىدىكەنلا، تەخسىر، نۆكەر، ياساۋۇللارغا ساداق، مىلتىقتىن ئوق ئۈزۈشنى بۇيرۇيمەن، — كەسكىن ئېيتتى قىدىرخان دەرۋازىنىڭ ئۈستى ۋە ئەتراپىدا سەپراس بولۇپ تۇرغان نۆكەر، ياساۋۇللارنى كۆرسىتىپ، — ئوردىغا خان جەمەتى ۋە ئوردا خىزمەتچىلىرىدىن باشقىلارنىڭ كىرىشى مەنئى قىلىنغان. ھەرقانداق تەلەپلىرى بولسا ئېيتسىلا، سۇلتانغا يەتكۈزەي. ئەمما، بۇ يەردە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلساڭلار، سۇلتاننىڭ قەھرىگە ئۇچرايسىلەر.
— مەن پەقەت سۇلتاننىڭ ئالدىدىلا مۇددىئا ـ تەلەپلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن، — دېدى جاھىللىق بىلەن پەيزۇللا ئىشان. ئۇ نىيىتىدىن ياندىغاندەك ئەمەس ئىدى.
— شۇنداق بولسىمۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسىلا. مەن سۇلتانغا خەۋەر قىلاي.
— ئەمىر دىۋان، يەنە بىر گەپ ...
قىدىرخان ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ئوردىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ دىۋانخانىدىكىلەر بىلەن سالاملىشىپ، ئىشىكئاغىسىغا

سۇلتان بىلەن دەرھال كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەلائىددىن مەھمۇد بارلاس سۇلتان سارىيىغا كىرىپ كېتىپ، ھايال بولماي چىقتى.

— ئەمىر دىۋان، سىلىنى سۇلتان ئالىيلىرى كۈتۈپ قالدى.

ئابدۇرەشىدخان سالام بېرىپ كىرگەن قىدىرخانغا ئويچان نەزىرىنى تىكتى.

— كەلسىلە، قىدىرخان ئاكا، ئولتۇرسىلا. جاھان مەدرىسەسىدىن ھازىر كېلىشلىرىمۇ؟ سوپىلار ئوردا ئالدىدىن كېتىپتۇمۇ؟

قىدىرخان ئولتۇرۇپ، دېدى:

— ھازىر كېلىشىم، ئالىيلىرى. سەل كېچىككەن بولسام، ئوردا ئالدىدىكى ماجىرا ئۇلغىيىپ كېتەرىكەن.

— سوپىلارنىڭ غەلۋىسىمۇ؟ تېخىچە كەتمەپتۇمۇ ئۇلار؟ قايتۇرۇش توغرىسىدا ئەمىر قىلغانىدىمغۇ؟ — ئابدۇرەشىدخانىنىڭ ئاچچىقى كەلدى.

— ئالىيلىرى، سوپىلار ئەمرلىرىگە پەرۋا قىلمايدىغاندەك تۇرىدۇ. مەيدانى ئادالەتكە ئادەم يىغىپ كېتىپتۇ. سوپىلار ھۇ تارتىپ، جەرە سېلىپ ئوردىغا بېسىپ كىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ پىرى خوجا پەيزۇللا ئىشان بىلەن سۆزلىشىۋىدىم، ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشمىگۈچە كەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇ جاھىل ئىشان بىلەن كۆرۈشكۈم يوق، ئەمىر. پاشاپىېگىگە ئېيتسىلا، ئۇلارنىڭ كەشىنى توغرىلاپ قويسۇن!

— سوپىلارنى قوغلىۋەتمەككۇ ئاسان، لېكىن بۇ توغرۇلۇق ئويلاپراق ئىش كۆرگىنىمىز تۈزۈك. خوجا پەيزۇللا ئىشانىنىڭ مۇرىتلىرى كۆپ، «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمىنى» دېگەندەك قىلىپ، ئۆتكەندىكىگە ئوخشاش بىرەر مەدرىسەگە بېسىپ كىرسە، نۇرغۇن زىيان ئۇرىدۇ. ئالىيلىرى، ئۇنىڭ مۇددىئا ـ تەلەپلىرىنى ئاۋۋال بىلىپ باقسىلا، ئاندىن چارە قىلساق، پەيلى ناھايىتى يامان تۇرىدۇ.

قىدىرخاننىڭ گېپىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەن ئابدۇرەشىدخان:

— ئۇنداق بولسا ئىشاننى باشلاپ كىرسىلە، — دېدى.

قىدىرخان خوجا پەيزۇللا ئىشاننى سۇلتان سارىيىغا باشلاپ كىردى. ئۇ ھۆ تارتىپ، جەرە سېلىپ تەخت ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەي، جاھان سۇلتانلىرىنىڭ پاۋانى، ئەي، ئادالەت تەختىنىڭ رەھنەماسى، مەن ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن داد ئېيتىپ كەلدىمكى، پېقىرنىڭ دىگىنىدەك قىلمىسىلا، ئوردىلىرى خاراب، باغرىلىرى كاۋاپ بولغاي.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! قېنى ئولتۇرسىلا، تەخسىر. دېگەنلىرىدەك قىلمىسام، ئوردا خاراب، باغرىم كاۋاپ بولىدىغان نېمە ئىش ئىكەن ئۇ؟ — دېدى ئابدۇرەشىدخان چىرايىغا غەزەپلىك تۈس ئېلىپ.

— بۇ ئۆزلىرىگە ئايان، ئالىيلىرى. بۇ سارايى ئالىيدا ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم بولماسلىقى كېرەك ئىدى، — ئۇ قول باغلاپ تۇرغان قىدىرخانغا ئىما قىلدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، پېقىرغا رۇخسەت قىلغايلا، — قىدىرخان دەررۇ چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

— ئەمىر دىۋان، سوپىلارنىڭ ھەرىكىتى تەقىب قىلىنسۇن. خوجا پەيزۇللا ئىشان قايتار ۋاقتىدا تاكى ئۇ خانىقاسىغا بارغۇچە ئۆتىدىغان يوللارمۇ ياساۋۇللارنىڭ مۇھاپىزىتىدە بولسۇن.

— خوپ، ئالىيلىرى.

قىدىرخاننىڭ چىقىپ كېتىشىگە پەيزۇللا ئىشان ئېغىز ئاچتى:

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئالدىلىرىغا بىرنەچچە تەلەپ بىلەن كەلدىم.

— قېنى تەلەپلىرىنى ئېيتسىلا.

— بىرىنچى تەلەپ: سازەندە قىدىرخان ئەمىر دىۋانلىقتىن ۋە

رەشىدىيە مەدرىسەسىنىڭ باش مۇدەررىسلىكىدىن ئېلىپ تاشلانسۇن.

— خوش، ئىككىنچى تەلەپچۇ، — قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەر تاشلىدى.

— ئوردىدىكى شەيتاننىڭ مۆرتى بولمىش سازەندە ـ غەزەلخانلار يىراق سەھرالارغا قوغلىۋېتىلسۇن.

— ئۈچىنچى تەلەپچۇ، — ئابدۇرەشىدخاننىڭ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ئىشاننىڭ ساقال باسقان خۇنۇك چىرايىغا قادالدى، — ئەگەر بۇ تەلەپلەر رەت قىلىنسىچۇ؟

— تەلىپىم رەت قىلىنسا، قۇدرەتلىك ئاللاتائالا ئاتا قىلغان كاراماتىم بىلەن ئوردىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايمەن، — دېدى خوجا پەيزۇللا ئىشان تەھدىت سېلىپ، ئۇنىڭ قىسىق كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن چاچرىدى.

— مەن بەش مىنۇت ۋاقىت بېرىمەن، قېنى كاراماتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئوردىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىمىسىلا. ئەگەر كۆيدۈرەلمىسىلە، پېقىرمۇ ئاللا ئىگەمنىڭ مەدىتى بىلەن كاللىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلايمەن. بۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلا، تەخسىر؟ مانا هازىر سائەت ئوندىن ئوتتۇز توققۇز مىنۇت ئۆتۈپتۇ، — دېدى ئابدۇرەشىدخان زەردە بىلەن شاھانە تونىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن ئالغان ئالتۇن سائەتكە كۆز سېلىپ. ئۇ ئالتۇن كەمىرىگە ئېسىقلىق زۇلپىقارنىڭ سېپىنى تۇتتۇۋىدى، بويۇن ـ باشلىرىدىن پۇرقىراپ تەر قۇيۇلغان خوجا پەيزۇللا ئىشان ئالاقزەدە بولۇپ كەينىگە بىر قەدەم داجىدى، چىرايىدا خۇشامەت كۈلكىسى پەيدا بولدى.

— سەۋر... سەۋر قىلسىلا، سۇلتان ئالىيلىرى، پېقىر ئوردىنى كۆيدۈرۈش نىيىتىدە ئەمەسمەن، زىنهار، زىنهار ئۇنداق قىلمايمەن.

— ھېلى شۇنداق پو ئاتتىلىغۇ، تەخسىر؟

— پەقەت ئالىيلىرىنى بولغۇسى دىشۋارچىلىقتىن ئاگاھلاندۇردۇم، خالاس. بۇنىڭ ئۈچۈن پىقىرغا رەھمەت ئېيتىشلىرى كېرەك.

— قانداق دىشۋارچىلىق ئىكەن ئۇ؟

— سىلى قىدىرخان ۋە ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەن سازەندىلەرنىڭ كەينىگە كىرىپ، يەرۇئاسماننىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللادىن يىراقلىشىپ كەتتىلە. جەزمەنكى، بۇنىڭ بەدىلىگە ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، ئاۋامنىڭ ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ قالىدىلا.

— ياق، تەخسىر، ئەمىر دىۋان قىدىرخان بىلەن مۇقامچىلار پىقىرنى ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. ھەر قېتىم مۇقامنى ئاڭلىغىنىمدا، كېرەملىك ئاللاغا بولغان سېغىنىشىم ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. بۇنىڭ نېمىسى يامان، تەخسىر؟! سىلىدىن سوراپ باقاي، كىشىلەر سىلىنى نەشە چېكىپ مەست بولۇپ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدۇ، دەيدىكەن، بۇ راستمۇ؟

— راست، ئالىيلىرى. پىقىر نەشىنى ئاللانىڭ ئىشق - پىراقىدا ئۆرتىنىپ چېكىمەن. نەشە چېكىپ مەستۇمۇستەغرەق بولغىنىمدا، تىرىكلىك ئالىمىنىڭ غوۋغالىرىنى ئۇنتۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئاللاغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭدىن ئىزنى ئالىمەن.

— بۇ سۆزلىرى يالغان، تەخسىر. پەرۋەردىگارىمىز ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم»دە ئادەمنى مەست قىلغۇچى ھەرقانداق نەرسىنى ھارام دەپ كۆرسەتكەن. سىلى ھارام نەرسىنى ئىستېمال قىلىپ، قانداقمۇ ئاللانىڭ ۋىسالىغا يېتەلەيدىلا؟ ھالبۇكى، ساز ئادەمنى مەست قىلمايدۇ، بەلكى ھاردۇقىنى چىقىرىپ سەگەكلەشتۈرىدۇ، ئاللاغا بولغان مېھرىنى كۈچەيتىدۇ. قېنى ئېيتسىلا، نەشە چېكىپ خۇدىنى يوقاتقانلار ناپاكمۇ ياكى مۇزىكا چېلىپ روھىنى ئۇرغۇتقانلار ناپاكمۇ؟ چاپسان جاۋاب بەرسىلە!

— ...

خوجا پەيزۇللا ئىشان زۇۋان سۇرەلمەي قالدى.

— تەخسىر، سىلى ئاللا ئالدىدا گۇناھكار، دوزاخقا مەھكۇم ئادەم.

— ياق، ياق، سۇلتان ئالىيلىرى. پېقىر ئاللانىڭ مۆمىن بەندىسى. مېنى كەچۈرسىلە، مەن ئېزىپتىمەن. خوجا مۇھەممەد بۇزرۇكۋارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن.

— بولدى بەس! كاززاپلىق قىلىپ مېنى ئالدايمەن دېمىسىلە! — ئابدۇرەشىدخان غەزەپتىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — جانابىي بۇزرۇكۋار ھەرگىزمۇ سىلىدەك كاززاپنى دوست تۇتمايدۇ ھەم قوللىمايدۇ. پېقىر ئۇنىڭغا مۇرىت.

نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئېسەنگىرەپ قالغان خوجا پەيزۇللا ئىشان بېشىنى سىلىپ ھىجايدى:

— پېقىر بۇزرۇكۋاردىن تەلىم ئېلىپ تۇرىمەن. ئۇ ئۆتكەن پەيشەنبە كۈنى پېقىرغا ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەنىدى، گۇناھ يالغۇز مەندىلا ئەمەس.

— بۇ گەپلىرى راستمۇ، تەخسىر؟

— راست، ئالىيلىرى.

— ئۇنداق بولسا ھازىر كىشى ئەۋەتىپ، بۇزرۇكۋار ھەزرەتلىرىنى چاقىرتىپ كېلەي، ئۇنىڭ ئالدىدا قىلغان گەپلىرىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرسىلە.

خوجا پەيزۇللا ئىشان ئەمدى تىزلاندى:

— سۇلتان ئالىيلىرى، پېقىرنى كەچۈرگەيلا. ئۇنى چاقىرىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، دېگەنلىرىدىن تېنىۋالىدۇ. ھەممە گۇناھنى پېقىر بوينۇمغا ئالاي. كوچا ـ كويلاردىكى گەپلەرگە ئىشىنىپ، ئالىيلىرىغا نەسىھەت قىلىپ قوياي دەپ كەلگىنىم راست.

— بولدى بەس، تەخسىر! — ئابدۇرەشىدخان تەختتە ئولتۇرۇپ سورىدى، — ھازىر قانچىلىك مۇرىتلىرى بار؟

— بەش مىڭدىن ئارتۇق، ئالىيلىرى، — خوجا پەيزۇللا

ئىشانىنىڭ غەم باسقان چېھرىدە بىردىنلا كۆرەڭلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.
— ھەي، ئىسىت، — دېدى ئابدۇرەشىدخان لېۋىنى چىشلەپ، ئۇنىڭ چىرايىدا ھەسرەت - نادامەت ئالامەتلىرى پەيدا بولدى، — بىر قىسىم ئاۋامنىڭ نادانلىقى سىلىدەك كاززاپنىڭ ئەۋلىيا، ماشايىخ بولۇۋېلىپ، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇشىغا سەۋەبچى بولۇۋاتقىنىنى بۇگۈن تېخىمۇ چۈشەندىم. سىلى ھەممىگە ئىگە بولۇپ، بىز ھەممىدىن قۇرۇق قالغان تەقدىردىمۇ بالا نەپسىلىرى تويمايدۇ. خەيرىيەت، سىلىنى يەنىلا جازادىن خالاس قىلاي. گۇناھلىرىغا توۋا قىلىپ، مۇرىتلىرىنى توغرا يولغا باشلىسىلا. ئاللاغا پاك نىيەت بىلەن قۇللۇق قىلىپ، خوجا باھاۋىدىن نەقشبەندى ھەزرەتلىرىنىڭ «دىلىڭنى ئاللاغا بېرىپ، قولۇڭنى ئىشقا ئۇزارت» دېگەن تەلىمى بويىچە ئىستىقامەت قىلسىلا. دىل پاك بولمىسا، بىر دەريا سۇ بىلەن يۇسىمۇ ۋۇجۇد پاكلانمايدۇ. ئەگەر يەنە كاززاپلىق قىلىپ، كىشىلەرنى پاراكەندىچىلىك سېلىشقا قۇترىتىدىغان بولسىلا، ئاللانىڭ بۇ ئەزىز دىيارىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدىلا. ئۇقتىلىمۇ؟
— ئۇقتۇم، ئالىيلىرى، ئۇقتۇم، — خوجا پەيزۇللا ئىشان كەينىگە بىرقانچە قەدەم چېكىنىدى، — ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، دىلىم يورۇپ قالدى. بۇنىڭدىن كېيىن ھۇزۇرلىرىغا پات - پات كېلىپ، ئۆزلىرىدىن مەسلىھەت ئېلىپ تۇرىمەن، — ئۇ خۇپسەنلىك بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، — سۇلتان ئالىيلىرى، خەۋەرلىرى بارمىكىن، ئۆتكەندە سادىق مۇرىتلىرىمدىن ئون بىر كىشى زىندانغا تاشلانغانىدى، شۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، قويۇپ بېرىشكە پەرمان چۈشۈرگەن بولسىلا، ئۆزلىرىدىن كۆپ خۇرسەن بولاتتىم.
ئابدۇرەشىدخاننىڭ چىرايىدا مەسخىرىلىك كۈلكە پەيدا بولدى.
— ئۇنىڭدىن خەۋىرىم بار، تەخسىر. لېكىن، ئۇلارنى جازا

مۇددىتى توشماي تۇرۇپ قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر سىلىمۇ قاراڭغۇ زىندانغا تاشلانماي دېسىلە، بۇنىڭدىن كېيىن ھەددىڭلەردىن ئاشمىسىلا، — ئابدۇرەشىدخان «خوش - خوش» دەپ پۈكۈلۈپ تۇرغان ئىشانغا كۆز سېلىپ، ئاللاھىدە ئەسكەرتىپ قويدى، — خۇدا بۇيرۇسا پات يېقىندا قىدىرخان ياركەندىي ماڭا ئاتا ۋەزىر بولىدۇ.

تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ كەتكەن خوجا پەيزۇللا ئىشان «خوش - خوش» دېگىنىچە سۇلتان سارىيى ۋە دىۋانخانىدىن چىقتى. ئۇ ئۆزىدەكلا ياۋاشلاپ، بويۇن قىسىپ تۇرغان سوپى - سالىكلىرى بىلەن ھۇمۇ تارتماي، جەرىمۇ سالماي، يولدا جىم مېڭىشتى. نۆكەر، ياساۋۇللار قىلىچ، نەيزىلىرىنى، ئوقيا، مىلتىقلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا ئوردا دەرۋازىسىدىن تاكى خانىقا ئالدىغىچە سەپراس بولۇپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار غوجا پەيزۇللا ئىشان خانىقاغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئوردىغا قايتىپ كېتىشتى.

## 2

مەھبۇب ئەگەر كۆڭۈل قەبۇلى بولسا،
شېرىن ھەرەكاتۇ خوش ئۇسسۇلى بولسا،
جان ئوتراسىدا ئانىڭكى يولى بولسا،
نە ئەيب ئانىڭ ئەسلىسى لولى بولسا.

ئابدۇرەشىدخان بۇ مۇرەببەنى يېزىپ بولۇپ، پىچىرلاپ ئوقۇدى. ئويچان چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرۈپ، ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر شىجائەت پەيدا بولدى. «بىزنى ئاللادىن بۆلەك ھېچكىم ئايرىۋېتەلمەيدۇ. خوجا پەيزۇللا ئىشانىنىڭ بۈگۈن ئەتىگەن ئوردىغا كېلىشتىكى مەقسىتى قىدىرخان بىلەن سازەندىلەرنىلا ئوردىدىن ھەيدىۋېتىش ئەمەس، بەلكى ئامانىنسا بېگىمنىمۇ كۆزدىن يوقىتىش. ئۇ كاززاپ ئالدىمغا شىرى غەرراندەك كىرىپ،

ئەدىپنى يەپ، موللا مۈشۈك بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئەگەر پەيلىنى بۇزۇپ ماڭا يانغان بولسا، زىندانغا تاشلايتتىم ئۇ دۆيۈزنى. قىدىرخان ئاكا بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولغاندەك تۇرىدۇ. خۇدا بۇيرۇسا ئەتە ئۇنى ئاتا ۋەزىرلىككە تەيىنلەپ، نىزامىدىنبەگنى ئارامغا چىقىرىمەن. يېقىندىن بېرى ئۇ ئادەم مىجەزىم يوق، دەپ ئوردىغا كەلمەي قويىدى. ھەممە ئىشقا قىدىرخان ئاكا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ ...»

— شاھىم، تاماق يەۋالسىلا.

چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ بوش، تىترەڭگۈ ئۈنى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى.

— ماقۇل، مەلىكەم. بۇ ئاخشام مېنى قانداق ئېسىل تائام بىلەن كۈتۈۋالماقچىسىز؟ — ئابدۇرەشىدخان يېزىق شىرەسى يېنىدىن تۇرۇپ، قات - قات سېلىنغان يېكەندازدا ئولتۇردى.

— ئۇلار گۆشى بېسىلغان پولۇ، قىرغاۋۇل شورپىسىدا پىشۇرۇلغان قىيمىلىق ئۈگرە بىلەن، شاھىم. ئۆزلىرىچۇ، ئامراق خانىشلىرىنى بۇ ئاخشام نېمە بىلەن خۇش قىلىدىلا؟ — چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئاھۇ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، غەمزە بىلەن ئابدۇرەشىدخانغا كۈلۈمسىرەپ باقتى. ئۇ ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى، گۈزەل چېھرىمۇ سۈزۈك ئاسماندەك ئوچۇق ئىدى.

— بەللى، مەلىكەم. مېنى بۇ ئاخشام تازا خۇش قىلىۋېتىدىكەنسىز - دە. سىزنىمۇ سۆيۈندۈرىدىغان ياخشى گەپ، خۇش خەۋەرلەر بار.

— خۇدا بېشىمىزغا دەرد كەلتۈرمىسۇن، شاھىم، — چۈچۈك سۇلتان بېگىم شۇنداق دېدى - دە، خاس ھۇجرىنىڭ ئىشىكىگە كۆز سېلىپ، كېنىزەكنى چاقىرىپ ئىشارەت قىلدى. كېنىزەك يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ ئوت ئەكىردى - دە، قەندەل، شامدانلاردىكى چىراغ، شاملارنى يورۇتۇپ، يەنە شۇنداق تېز چىقىپ كەتتى. ئۆي ئىچى پاللىدە يورۇدى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم شىرە ئۈستىدىكى قەغەزگە قاراپ، سورىدى:

— يازغانلىرى بېيىتمۇ، غەزەلمۇ، شاھىم؟
— مۇرەببە، مەلىكەم.
— ئوقۇپ باقسام بولامدۇ؟
— شۇ سىزنى ئوقۇسۇن دەپ يازدىم.
چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا چۇچىلىق يىپەك داستىخاننى سېلىپ قويۇپ، پاتلىق كەشمىر قەغىزىگە يېزىلغان مۇرەببەگە كۆز تىكتى. «نە ئەيىب ئۇنىڭ ئەسلىسى لولى بولسا» دېگەن مىسرانى پىچىرلاپ قايتا - قايتا ئوقۇدى. پېشانىسىدا تۈرۈك پەيدا بولدى، چېھرى ئۆڭۈپ، كۆكلەمنىڭ جۈت كۈنلىرىدەك تۇتۇلدى. قەغەز قولىدىن يەرگە چۈشتى، ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.
— مەلىكەم، نېمە بولدىڭىز؟ بۇ شېئىر سىزگە ياقمىدىمۇ، نېمىشقا مۇنداق ھەسرەتلىنىسىز؟ — دېدى ئابدۇرەشىدخان يەردىن قەغەزنى ئېلىپ. ئۇ ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرغان خانىشىنىڭ بىردىنلا ئاچچىقلىنىپ، ھەسرەتكە چۆمۈپ كېتىشىدىن ئانچە ئەجەبلەنمىدى. چۈنكى، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ مۇنداق ئەھۋال تولا يۈز بەرگەچكە، بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.
— شاھىم، سىلى يەنە ئاشۇ ... — چۇچۇك سۇلتان بېگىم گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكتى.
— ئاشۇ سەھرالىق لولىنىڭ قىزىنىلا ئويلايدىكەنلا، دېمەكچىغۇسىز. يىغلىماڭ، بۇ تۇغرۇلۇق ئۇبدان بىر سۆزلىشەيلى، بىكاردىن - بىكار يىغلاپ ئۆزىڭىزنى ئازابلىماڭ. كىشىنى ئۇنداق پەس كۆرمەڭ، ئۇ بىر ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئايال.
— مەن ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئەمەسمۇ؟
— بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇڭ، مەلىكەم، — ئابدۇرەشىدخان چۇچۇك سۇلتان بېگىمگە يېنىدىن جاي كۆرسەتتى، — سىز

چىرايلىق بولۇپلا قالماي، ئاق كۆڭۈل، قەيسەر ئىدىڭىز، ئامانىنسا بېگىمنى ئەمرىمگە ئالغاندىن بۇيان چىرايىڭىزمۇ، مىجەزىڭىزمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى. چىرايىڭىز بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ، پەقەت ئېچىلمايدىغان بولدى. خۇشخۇيلۇقىڭىز يوقىلىپ، ھەمىشە ئاچچىقلىنىپ، خۇيلىنىپ يۈرىدىغان بولدىڭىز. قايناق ھەرەم ئىچى ئەتىيازنىڭ جۇت كۈنلىرىدەك سۆرۈنلىشىپ كەتتى. ئۇ گەرچە سەھرالىق بىر لولىنىڭ قىزى بولسىمۇ، گۈزەل جامالى، بىلىمى، مۇزىكىغا بولغان يالقۇنلۇق ئىشتىياقى، تەبىئىي تالانتى بىلەن مېنى مەھلىيا قىلغىنى راست. سىزنى قانداق ياخشى كۆرگەن بولسام، ئۇنىمۇ شۇنداق ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز ئۈستىدە توقۇلغان پىتنە ـ ئىغۋا، تۆھمەتلەرنى ئاڭلىماسقا سالدى. تىل ـ ھاقارەت، كەمسىتىش، دوق قىلىشلارغا چىداپ، ھەممىگە ئۇخشاش، سەمىمىي مۇئامىلە قىلدى. شۇڭا، ھەرەمدىلا ئەمەس، گۈلئېرەم ئوردىسىدىمۇ، ھەتتا پايتەخت ئاھالىسى ئىچىدىمۇ ئامانىنسا بېگىم ھۆردەك گۈزەل، پەزىلەتلىك خانىش ئىكەن، دېگەن تەرىپ ـ تەۋسىپلەرگە سازاۋەر بولدى، مەلىكەم. ئۇنىڭ سىزگە قىلچە ئاداۋىتى يوق، سىزنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدۇ. ئەگەر سىزمۇ ئۇنى مېنىڭ بىر خانىشىم سۈپىتىدە كۆرسىڭىز، ئۇ ھازىرقىدىنمۇ بەكرەك ئېچىلغان، پايپېتەك بولۇپ خىزمىتىڭىزنى قىلغان، ئۆزىنىڭ يېقىملىق مۇزىكا، ناخشىلىرى بىلەن كۆڭلىڭىزنى كۆتۈرگەن بولاتتى. مەن ئۆتۈنەي، كۆكسى ـ قارنىڭىزنى كەڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ، مەلىكەم. سىز شۇنداق قىلالارسىزمۇ؟ — ئابدۇرەشىدخان جىممىدە ئولتۇرغان چۇچۇك سۇلتان بېگىمنى قولىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى، — قەدىرلىكىم، سىز ئۇنىڭدىن ئاغرىنماڭ. بۇرۇنقىدەك ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ يۈرۈۋەرسىڭىز، ئامانىنسا بېگىم ئەتراپىڭىزدا پەرۋانە بولۇپ، بىر خۇشلۇقىڭىزنى ئون قىلىۋېتىدۇ. بالىلىرىمىزنىڭ ئىستېداتلىق ئادەم بولۇپ

يېتىلىشى ئۇچۇن ياخشى تەربىيەچى ئانا بولالايدۇ. ئۇ سەھرادىن قايتىپ كەلگەندە ئالدىغا چىقىپ قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئاغرىقى تۈگەپ كەتسۇن. ماقۇلمۇ، قەدىرلىكىم؟ — ئابدۇرەشىدخان گۇمان، تەگسىز ئويلار بىلەن گاڭگىراپ قالغان خانىشنىڭ بېشىنى كۆكسىگە تاڭدى.

— ماقۇل، — چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ ئۈنى بوش چىقتى. ئۇ قانداقمۇ ياق دېيەلىسۇن؟ ئېتىراز بىلدۈرسە، سۇلتانىنىڭ كۆڭلىنى چىگىپ قويىدۇ، ئۆزىدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇلار مۇنداق سىردىشىپ، يېقىنچىلىق قىلىشمىغانىدى. كېنىزەكلەر داستىخان سېلىپ، ئاۋۋال ئۇگرىنى، ئاندىن پولۇنى ئەكىردى. ئابدۇرەشىدخان مەززىلىك ئۇگرىنى ئىچتى. كۆك تۇرۇپ، سەۋزە، قىزىلمۇچ، شوخلا قاتارلىق كۆكتاتلاردىن تەييارلانغان سوغۇق سەيلەرنى قوشۇپ پولۇنى ھوزۇرلىنىپ يېدى.

— پولۇ ئوخشاپتۇ، مەلىكەم، بەك ئوخشاپتۇ، — دېدى ئابدۇرەشىدخان خۇشبۇي چايدىن ئوتلاپ.

شۇكلەپ قالغان چۈچۈك سۇلتان بېگىم زورغا كۈلۈمسىرىدى:

— ئالىيلىرىنى كۈتۈش ئۈچۈن جېنىم تەسەددۇق، شاھىم، — ئۇ كۈمۈش جامغا قۇيۇلغان گىلاس شەربىتىنى ئېرىگە ئىككى قوللاپ سۇندى. ئابدۇرەشىدخان شەربەتنى قولغا ئېلىپ ئىچىشكە تەمشىلىۋىدى، ئىشىك چېكىلدى.

— كىرىڭ، — دېدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم.

شەمشىبانۇ كىرىپ تەزىم قىلىپ، دېدى:

— سۇلتان ئالىيلىرى، خانىش ئايىم، مەلىكە ئامانىنىسا سۇلتان خېنىم قايتىپ كەلدى.

چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ چىرايى غەلىتە تۈس ئالدى، ئابدۇرەشىدخان دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— نېمىشقا ئالدىن خەۋەر بەرمىدىڭلار؟

— ئامانىسا بېگىم سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ ئارامىنى بۇزمايلى، دەپ ئالدىنئالا خەۋەر قىلىشقا ئۇنىمىدى.

— هازىر قەسىردە قالدىمۇ؟

— شۇنداق، ئالىيلىرى.

ئابدۇرەشىدخان بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرغان چۇچۇك سۇلتان بېگىمگە قارىدى:

— يۈرۈڭ، مەلىكەم، كۆرۈشۈپ چىقايلى.

— ئارقىلىرىدىن چىقاي، شاھىم، بېشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى چۇچۇك سۇلتان بېگىم سوغۇقلا.

ئابدۇرەشىدخان شەمشىبانۇ بىلەن ئامانىسا بېگىمنىڭ قەسرىگە كىرگەندە، ئۇ شام - چىراغلار يېنىپ تۇرغان سارايدا چۆرە - كېنىزەكلەر بىلەن هال - ئەھۋاللىشىپ ئولتۇراتتى.

— سۇلتان ئالىيلىرى كەلدى، — دەپ خەۋەر بەردى شەمشىبانۇ ئىشىكتىن باش تىقىپ.

ھەممەيلەن دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئابدۇرەشىدخان ئۇلارغا مالاللىق يەتكۈزمەي دەپ ئىتتىك خاس ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى. بۇ ھۇجرىغا كىرمىگىنىگە يىگىرمە بىر كۈن بولغانىدى. ئامانىسا بېگىم قازانكۆل جاڭگىلىغا مېڭىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن مۇشۇ ھۇجرىدا بۇ توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشكەنىدى. ئۇنى ھاياجان چۇلغىۋالدى. باشقا خوتۇنلىرىنىڭ ھۇجرىسىدا بولغاندا بۇنچىۋالا ھاياجانلىنىپ كەتمەيتتى. ئەمما، ھەر قېتىم ئامانىسا بېگىمنىڭ يېنىغا كىرگەندە، بەجايىكى باشقا بىر گۈزەل دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمۈلەتتى. بۇلۇڭغا قويۇلغان چوڭ تاش ئەينەكتە بىردىنلا ئامانىسا بېگىمنىڭ رۇخسارى نامايان بولدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھىم، — قىيا ئوچۇق ئىشىكتىن شەپە چىقارماي كىرگەن خانىش نازاكەت بىلەن سالام بەردى.

ئابدۇرەشىدخان كەينىگە شۇنداق ئۆرۈلۈپ، ئاپتاپتەك نۇرلىنىپ تۇرغان مېھرىبانىنى كۆردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەلىكەم، — ئۇ ئالدىغا بىر قەدەم ماڭدى، — ئۇزاق تۇرۇپ قالدىڭىزغۇ، قەدىرلىكىم؟

ئامانىنىسا بېگىم ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ يەنە بىر تەزىم قىلدى.

— كەچۈرسىلە، شاھىم، بىر قۇتلۇق ئىشنى ئادا قىلىمەن دەپ كېچىكىپ قالدىم.

ئابدۇرەشىدخان خانىشىنىڭ قوللىرىنى تۇتتى.

— قانداق قۇتلۇق ئىش ئىكەن، مەلىكەم؟

— دادامنىڭ توي ئىشى، شاھىم. بىر كۆيۈمچان ئانىنى ئۆيگە ئەكىردۇق.

— ھوي، مۇبارەك بولسۇن. مېنىڭمۇ بىر مېھرىبان قېيىنئانام بار بوپتۇ - دە!

— شۇنداق، شاھىم. بېشىدىن ئىش ئۆتكەن غەيرەتلىك جۇۋان ئىكەن، ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالدىم.

— خوش، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئامانىنىسا بېگىمنى تەتىللا كۆرپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، — دادىڭىز پايتەختكە يەنە كەلمەپتۇغۇ؟

— ئەمدى كېلىدىغان بولدى، شاھىم. خۇدا بۇيرۇسا قىشنى ئۆتكۈزۈپ باش ئەتىيازدا يېتىپ بارىمەن، دېدى.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، مەلىكەم. قىدىرخان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قويدۇق. قېيىنئاتام كەلسە، ئۇنى رەشىدىيە مەدرىسەسىگە ئورۇنلاشتۇرىمەن، مۇزىكىدىن دەرس ئۆتىدۇ. ئۇنىڭغا ئاتاپ سېلىنغان بىر يۇرۇش قورۇ - جايمۇ بار تېخى.

— مەن كېتىپ مۇقام ئۆگىنىش توختاپ قالمىغاندۇ، شاھىم؟

— ياق، قەدىرلىكىم، سىز كەتكەندىن كېيىن نۇرنىسا سۇلتان بېگىم بىلەن مەريەمنىسا بۇۋىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مۇقام ئۆگىنىش قىزغىن داۋاملاشتى. مەنمۇ قىدىرخان ئاكا بىلەن ھەر كۈنى پېشىندىن كېيىن كېلىپ كۈي - غەزەل تىڭشاپ، مۇغەننى

قىز - ئاياللارغا ئىلھام بېرىپ تۇردۇق. ئۇلار ئۇن مۇقامىنى مەشرەپ، داستانلىرى بىلەن تولۇق ئۆگىنىپ بوپتۇ. ھەرەمدىكى قىز - ئايال مۇغەننىلىرىمىزمۇ ئۆگىنىۋاتىدۇ، ھەرقايسى جايلاردىن تەكلىپ قىلىنغان مۇقامچى سازەندىلەرمۇ يېتىپ كەلدى.

— ئەجەب ياخشى بوپتۇ، شاھىم. ئەمدى «ئۇن ئىككى مۇقام»نى رەتلەپ چىقىپ، ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش ئارزۇيۇمغا يېتىدىغان بولدۇم. مەن سىلىدىن كۆپتىن - كۆپ مىننەتدارمەن. خۇدايىم مېنى سىلىگە نېسىپ قىلمىغان بولسا بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمىگەن بولاتتىم، — دېدى ئامانىسا بېگىم ئابدۇرەشىدخاننىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشال بولغانىدى.

— يەنە بىر خەۋەر، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇنى باغرىغا تېڭىپ، — قىدىرخاننى ئاتا ۋەزىرلىككە تەيىنلىدىم. بۇ ئادەم بىر مۇزىكا ئۇستازى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جامائەت ئىشلىرىغا كامىل، چارە - تەدبىرلىك دانا ئەرباب ئىكەن. ئۇنىڭدىن مەن ناھايىتى رازى.

ئابدۇرەشىدخان يەنە خوجا پەيزۇللا ئىشانىنىڭ ئوردىغا باستۇرۇپ كىرمەكچى بولغىنىنى، ئاخىرىدا ئۆزى مات بولۇپ قايتىپ كەتكەنلىكىنى، ھازىر تىنچ - ئاسايىش ھالەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئالىيلىرىنىڭ ياخشى نىيىتى مەملىكىتىمىزنىڭ بەخت - سائادىتىدۇر، شاھىم... — خانىش سۆزلەۋېتىپ قورسىقىنى تۇتقىنىچە جىم بولۇپ قالدى.

— نېمە بولدىڭىز، قەدىرلىكىم، ئەجەب شوك بولۇپ كەتتىڭىزغۇ، بىرەر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ يا؟

ئامانىسا بېگىم پىخىلداپ كۈلدى.

— بالىمىز تېپچەكلەۋاتىدۇ، شاھىم.

— بەللى، بەللى ! — بالىمىز تەۋرەشكە باشلاپتۇ - دە، —

ئابدۆرەشىدخان ئۇنىڭ قورسىقىنى كۆڭلىكى ئۈستىدىن سىلىدى، — مۇشتىنى تۇگۇۋاپتۇ، ئاچچىقلانغاندەك تۇرىدۇ.
— ئاپايا قىلىشقان گەپلىرىمىزنى ئاڭلاپ قالغان چېغى. بۇنىڭدىن كېيىن پاراڭلاشقاندا، گەپ ـ سۆزىمىزنى ئويلاپراق قىلساق بولغۇدەك، مۇرەببىيىم.
— ھە، ئەمدى بىلدىم. ئۇنلۇك گەپ قىلىپ ئويغىتىۋەتكىنىمىز ئۈچۈن ئاچچىقلانغان ئوخشايدۇ.
ھەر ئىككىيلەن كۈلۈپ كېتىشتى. ئامانىسا بېگىم رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ، دېدى:
— شاھىم، تويىمىز بولغاندىن كېيىن كۆڭلۈمدە بىر ئارزۇ پەيدا بولغانىدى. بىلىمىمنىڭ يېتەرسىزلىكى، مۇزىكىدا پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئاۋۋال «ئون ئىككى مۇقام»نى ئۆگىنىش، رەتلەش ئىشى بىلەن بولۇپ، بىلمىگەننى ئۆگىنىپ، بىلگەننى پىششىقلاپ، ئۆزلىرىدىن سوراپ، كىتاب ئوقۇپ خېلى ئىشلارغا ئەقلىم يېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئارزۇيۇممۇ كۈنسېرى كۈچەيدى. ئەمدى مۇشۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرساقمىكىن دەيمەن.
— قەدىرلىكىم، ھازىرمۇ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىز ئاز ئەمەس. بىر تەرەپتىن پارسچە، ئەرەبچە ئۆگىنىۋاتىسىز، يەنە بىر تەرەپتىن شۇنچە كۆپ قىز ـ ئايال مۇغەننىلەرنى ھەرەمگە يىغىپ مۇقام ئۆگىنىش، مۇقامنى رەتلەش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەندەك بىر سۇلتاننى ئوبدان كۈتۈپ كېلىۋاتىسىز. بۇلار يەتمەسمۇ؟ سىز پەقەت ھېرىپ ـ چارچاشنى بىلمەيدىكەنسىز. ئېيتىڭا، مەلىكەم، سىزنى ئارامىڭىزدا قويمايۋاتقان نېمە ئارزۇ ئۇ؟
ئامانىسا سۇلتان بېگىم قولىنى ئاستا ئۇزارتىپ، ئابدۆرەشىدخاننىڭ باش ـ يۈزىنى، ئىككى ئىلىك ئۆسكەن چىرايلىق ساقىلىنى سىلىدى.
— شاھىم، مەندىكى بۇ ئارزۇ ئېسىل رەختلەردىن لىباس

كىيىش، گۆھەر كۆزلۈك ئۇزۇك سىلىش ياكى ئالماس زۇننار ئېسىش ئارزۇسى ئەمەس، بەلكى ئىككىمىز بىللە يېڭى بىر مۇقام ئىجاد قىلىشتۇر.

— خۇدا ئارزۇيىڭىزغا يەتكۈزگەي، قەدىرلىكىم. ھازىردىن باشلاپ ھەر ئىككىمىز بۇ مۇقامنىڭ باشلىنىشى، تەزە - سەلىقەسى، داستان، مەشرەپلىرى، چۇشۇرگىسى توغرۇلۇق ئويلىنايلى. ئىنشائاللا، پاك مۇھەببىتىمىز، ئوتتەك ئىشتىياقىمىز بىلەن بۇ يېڭى مۇقامنى شەكسىز مەيدانغا چىقىرالايمىز، — ئابدۇرەشىدخان ئۇنى باغرىغا باستى.

— مەن بۇ مۇقامنىڭ نامىنى ئويلاپ قويدۇم، — پىچىرلىدى ئامانىسا بېگىم.

— بۇ مۇبارەك نامنى ھازىر ئاڭلاپ باقسام بولامدۇ؟

— بولىدۇ، شاھىم، مەن ئويلىغان نام «ئىشرەت ئەڭگىز».

## 3

چۇچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ غۇر - غۇر شامال ئۇرۇپ تۇرغان بىر قانىتى ئوچۇق دېرىزىدىن قەسىر ئىشىكىگە قاراپ ئولتۇرغىنىغا ئىككى سائەت بولدى. ھويلا ئىچى تىمتاس، پەقەت ياپراقلارنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. ئاسمان گۈمبىزى چوغ رەڭلىك يۇلتۇزلار بىلەن تولغانىدى. ئورغاقتەك ئەگىم ئاي ئۇنىڭغا قەسىرنىڭ ئېگىز تېمى ئۈستىدە تۇرغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئابدۇرەشىدخان تېخىچە ئامانىسا بېگىمنىڭ قەسرىدىن چىقمايۋاتاتتى. «بىللە چىقىپ، بىللە قايتىپ كىرسەمۇ بوپتىكەن. مېنى چىقمىدى دەپ سۇلتان ئاچچىقلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ. ۋاي قوۋۇرغام! ئۇ لولىنىڭ قىزى بىلەن نېمە كارىم. نېمىشقا كۆرۈشكىلى چىققۇدەكمەن؟ مەيلى، سۇلتان ئاچچىقلانسا ئاچچىقلىنىۋەرسۇن. ئۇ جىنكەش بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغان ئوخشايدۇ...» دەپ ئويلىدى چۇچۇك سۇلتان بېگىم. ئۇ ئالدىغا

چۇشۇۋالغان چاچلىرىنى زەردە بىلەن كەينىگە تاشلىدى.
ئابدۇرەشىدخان چۇچۇك سۇلتان بېگىم تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي تۆت كۆز بولۇپ كۇتۇپ ئولتۇرغان قەسىرگە قايتىپ چىقمىدى. بۇ چوڭ خانىشقا قاتتىق ئەلەم بولدى. ئۇچ كۇنگىچە قەسىر ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ، ھېچكىمنى كىرگۈزمىدى. سوۋغا ئېلىپ، سالام بەرگىلى كەلگەن ئامانىسا بېگىمنىمۇ كىرگۈزمەي قويدى. ئامانىسا بېگىم ئىشىك ئالدىدا خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قايتىپ كەتتى. ئۇچىنچى كۇنى كەچ ئابدۇرەشىدخان كەلدى. مەھرەملەرنىڭ سۇلتاننى قەسىرگە كىرگۈزمەسلىككە نېمە ھەددى بولسۇن، زۇۋان سۇرمەي يەرگە قاراپ تەزىم قىلىشتى. چۇچۇك سۇلتان بېگىم بېشىنى يوتقانغا تىقىۋېلىپ، ئابدۇرەشىدخان بىلەن كۆرۈشكىلى ئۇنىمىدى.
— مەلىكەم، مۇنچىۋالا قىلغۇدەك نېمە ئىش بولدى؟ ئۇنداق قىلماڭ. ئامانىسا بېگىم سىزگە قىممەتلىك سوۋغا ئەكەپتۇ. ئۇ ئالدىڭىزغا سالامغا بارىمەن دېۋىدى، كۆڭلى ئازار يېمىسۇن، دەپ توسۇپ قويدۇم. ئويلاپ كۆرۈڭ، مەلىكەم، سىز ئالتە ئوغلۇمنىڭ ئانىسى، بۇ چاغقىچە سىزنى قەدىرلەپ كەلدىم، بۇنىڭدىن كېيىن ھەم قەدىرلەيمەن. ئەمما، سەۋر ـ تاقەتىڭىزمۇ چېكى بار، خەلىپە ھارۇن رەشىدمۇ بالىلىرىنىڭ ئانىسى بولغان ئامراق خانىشىنى قەتل قىلىۋەتكەن. مۇنداق ناشۇكۇرلۇك قىلماڭ، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ۋە كەينىگە قارىماي چىقىپ كەتتى.
ئەنە شۇ كەچتىن باشلاپ چۇچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ ئامانىسا بېگىمگە بولغان ئۆچمەنلىكى دۇشمەنلىككە ئايلاندى. ئۇچ كۇنگىچە قەسىرگە ھېچكىمنى كىرگۈزمەي، ھەتتا ئابدۇرەشىدخان بىلەنمۇ كۆرۈشكىلى ئۇنىماي، كېنىزەكلەرنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. شەمشىبانۇنى چاقىرتىۋېلىپ، ئامانىسا بېگىمنىڭ قەسىرىگە بارغۇزمىدى. مەريەمنىسا بۆۋىنىمۇ توسقاندى، ئەبۇسەئىد سۇلتاننى تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كەتتى.

— بىر كۈنى جاجاڭنى بەرمىسەم، خەپ. ئاشۇ لولىنىڭ قىزى بىلەن بىللە قان يۇتۇپ ئۆلەرسەن، جومباق ! — دەپ قارغاپ قالدى چوڭچوڭ سۇلتان بېگىم.

ئۇ تۆتىنچى كۈنى ئىككى كېنىزىكىنى ئەۋەتىپ، ئاينىگار سۇلتان بېگىمنى چاقىرتىپ كەلدى.

— خانىش ئانا، زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ئۇ لولىنىڭ قىزىنى كۆزدىن يوقاتمىسام ماڭا ياخشى كۈن يوق ئوخشايدۇ. قېنى ئېيتسىلا، مەن قانداق قىلىمەن؟ — دېدى ئۇ ئاينىگار سۇلتان بېگىمنى كۆرپىگە ئولتۇرغۇزۇپ ۋە قول باغلاپ تۇرغان كېنىزەكلىرىگە ۋارقىرىدى، — نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن؟ داستىخان سېلىش !

— قىزىم، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا. مۇنداق ئاچچىقلىنىش بىلەن ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. خوجا مۇھەممەديۈسۈپ بۇزرۇكۋار بىلەن خوجا پەيزۇللا ئىشانىمۇ سۇلتاننى رايىدىن ياندۇرالمىدى. بۇ جىنكەش خوتۇن سۇلتاننى راستلا ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋاپتۇ. ئەمدى بىزمۇ ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىپ، ئۇستا رەمچى داخاندىن بىرنى تاپايلى. پايتەختتە بىر - بىرىگە ئاشىق ئەر - خوتۇنلارنىمۇ بىرقانچە قېتىم سوۋۇتقۇ ئوقۇپ، بىر - بىرىگە قارىماس قىلىۋېتەلەيدىغان نىيازخان بۇۋى ئىسىملىك بىر داخان بار ئىمىش. ئۇ يەنە بىر - بىرىنى كۆرسە ئىت - مۈشۈكتەك ھۈرپىيىپ خىرىلدىشىدىغان ئەر - خوتۇنلارنىمۇ لەيلى - مەجنۇندەك ئاشىق - مەشۇق قىلىۋېتەلەرمىش. مەلىكەم، ئالدىرىمىسىلا. ئۇ داخاننى مەن چاقىرتىپ ئەكېلەي، ئاندىن ئۇ بۇزۇقنىڭ ئەدىپىنى ئابدۇرەشىدخانغا بەرگۈزەيلى.

— خان ئانام، مەلىكە ئانام، سىلىدىن باشقا ماڭا كۆيۈنىدىغان تۇغقىنىم يوق. رەھمەتلىك ئانام بولغان بولسا، مېنى دەشتى قىپچاققا ئەكېتەتتى. بۇ ھەرەمنى ئۇ لولىنىڭ قىزىغا تاشلاپ بېرەتتىم، — چوڭچوڭ سۇلتان بېگىم ئۈن سېلىپ يىغلاپ

كەتتى.

كېنىزەكلەر داستىخان سېلىپ، چاي، نان، گېزەك ئەكىرىشتى. ئايىنىگار سۇلتان بېگىم:

— ئوبدان قىزىم، يىغلىمىسىلا. ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە نىيازخان بۇۋىنى تاپتۇرۇپ كېلەي. ئۇ سىلىنى ئارزۇلىرىغا يەتكۈزىدۇ. ھېلىمۇ ئۇ پەسىنىڭ دەستىدىن جۇدەپ كېتىپتىلا. مۇنداق قايغۇرىۋەرسىلە، سالامەتلىكلىرىگە زىيان يېتىدۇ. بۇرۇنقىدەك ئويناپ ـ كۈلۈپ، پەرۋا قىلماي يۈرگەنلىرى تۈزۈك. يىغلىمىسىلا، مەلىكە بالام، يىغلىمىسىلا، دەردلىرىنىڭ داۋاسىنى مەن قىلىمەن، — دېدى.

چۈچۈك سۇلتان بېگىم يېشىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ، ئايىنىگار سۇلتان بېگىمنى توشقان گۆشى قورۇمىسى يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ، دېدى:

— ئۇ داخان خوتۇن راستىلا لولىنىڭ قىزى بىلەن سۇلتاننى ئايرىۋېتەلەرمۇ، خانىش ئانا؟ ئەگەر شۇنداق قىلالىسا، ئۇنىڭغا يىگىرمە تىللا، يەنە كىيىم ـ كېچەك بېرىمەن.

— قىزىم، بۇرۇن مەنمۇ بۇ خوتۇننى بىلمەيتتىم. ئاڭلىسام تېخى يېقىندا كاشغەردىن كەپتۇ. كىشىلەر ئۇنى تالىشىپ مېھمان قىلىۋېتىپتىمىش. كەلگەندىن بېرى نەچچە ئۆينى بۇزۇپ، نەچچە ئۆينى سوروپ بوپتۇ. ئۇنىڭ ئېرى جىن ئىمىش، نېمە دېسە شۇ بولارىمىش.

— جېنىم ئانا، مەن سىلىگە ئىشىنىمەن. ئۇنى تېزرەك تاپتۇرۇپ كەلسىلە.

— ماقۇل، بالام، ماقۇل. ئۇ خوتۇننى مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە تاپتۇرۇپ ئەكېلىمەن.

يۇمشاق پىشقان توشقان قورۇمىسىنى ئىشتەي بىلەن يەپ ھۇزۇرلانغان ئايىنىگار سۇلتان بېگىم چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ قەسرىدە قونۇپ قالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى تېبەتتە تۇرۇۋاتقان ئىسكەندەر سۇلتاندا ئىدى. ئوغلىنىڭ تېزرەك

كېلىپ، ئابدۇرەشىدخاندىن تەختنى تارتىۋېلىشىنى تىلەيتتى. ئۇنىڭ چۇچۇك سۇلتان بېگىمگە مۇنداق قانات يېيىشتىكى غەرىزى ئابدۇرەشىدخان بىلەن بۇ چوڭ خانىشنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش ئىدى. ئەگەر ئۇلار بىر - بىرى بىلەن قاتتىق قارشىلاشسا، پەرزەنتلىرى بولغان ئالتە شاھزادە ئارىسىدىمۇ نىزا پەيدا بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۈچى بۆلۈنۈپ ئاجىزلايتتى، ئابرۇيى چۈشەتتى. شۇڭا، بۇ موماي پۈتۈن ھىيلە - مىكىرىنى ئىشقا سېلىپ، چۇچۇك سۇلتان بېگىمنى ئابدۇرەشىدخانغا قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتۈپ كېلىۋاتاتتى. ئايىنىگار سۇلتان بېگىم ئۆزى دېگەندەك، كېنىزەك - خىزمەتچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۈچ كۈن ئىزدەپ سۈرۈشتۈرۈپ، ئاخىر نىيازخان بۇۋى دېگەن داخاننى تېپىپ، ئوردىغا تەكلىپ بىلەن ئەكەلدى. پاكار، يۈزى چوقۇر، ئىلمەك بۇرۇن، چاچلىرى شالاڭ، سەت تەلەتنى قارا پەرەنجىگە يوشۇرغان بۇ خوتۇن بەئەينى ئالۋاستىغا ئوخشايتتى. تۇرقىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى. شۇڭا، ئايىنىگار سۇلتان بېگىم ئىككى سالىكى بىلەن كەلگەن بۇ داخاننى ئۆز قەسىرىدە يۈيۈندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كونا لىباسلىرىنى كىيدۈردى، قارا پەرەنجىسىنى ھاۋا رەڭ پەرەنجىگە ئالماشتۇردى، ئاندىن ئۇلارنى چۇچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ قەسرىگە ئەكەلدى. ئۇبدان مېھمان قىلدۇرۇپ، ئۆز قەسرىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. نىيازخان بۇۋىنىڭ ئالدىغا ئون تىللا قويدى. بۇ ۋاقىتقا قەدەر تىللا ئەمەس، كۈمۈش تەڭگىگىمۇ ئايدا - يىلدا بىرەر قېتىم ئېرىشىدىغان بۇ داخاننىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى. ئايىنىگار سۇلتان بېگىمنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۇلاپ ئۈچ كۈنگىچە بىر نۆكچە ناۋاتقا سوۋۇنتقۇ ئوقۇدى. ئاندىن چوڭ - كىچىك ئىككى ئايال قورچاق ياساپ، ھەربىر قورچاققا ئۈچ كۈندىن ئايەت ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سېھىرلىك خىزمىتى ئادا بولغان بولدى. بۇۋىلەر قايتىدىغان چاغدا چۇچۇك سۇلتان بېگىم

ئۆزاتقىلى كەلدى. سوۋۇتقۇ ئوقۇلغان ناۋات بىلەن ئىككى قورچاقنى ئۆنىڭغا تاپشۇرغان نىيازخان بۇۋى سۆز ئالدى:
— بۇ ناۋات بىلەن چاي دەملەپ سۇلتانغا ئىچۈرۈۋەتسىلە، ئۇ كۆنداشلىرىدىن شۇنداق سوۋۇپ كېتىدۇكى، كۆرەرگە كۆزى، سۆزلەشكە تىلى بارمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا كۆنداشلىرىنىڭ بۇ يەردىن كەتمەكتىن باشقا ئىلاجى قالمايدۇ. مۇبادا كەتمەي تۇرۇۋالسا، مانا بۇ قورچاقنى ئىشلەتكەيلا — ئۇ چوڭ قورچاقنى كۆرسەتتى، — بۇنى كۆنداشلىرىنىڭ يولىغا قويۇپ قويسىلا، ئۇ قورچاقنى كۆرۈپلا ھوشىنى يوقىتىپ، ئەقلىدىن ئادىشىدۇ؛ ئېغىر ئاياغ بولسا، بالىسى چۈشۈپ كېتىدۇ.
نىيازخان بۇۋى سۆزىنى توختىتىپ، كىچىك قورچاقنىڭ مەيدىسىگە بىر پىچاقنى سېپىغىچە تىقتى ۋە ئۇنى چۈچۈك سۇلتان بېگىمگە ئۇزارتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— بۇنى مۇشۇ پېتى كۆنداشلىرى ياتىدىغان ئۆينىڭ بوسۇغىسى ئاستىغا كۆمدۈرۈپ قويسىلا، ئۇ ئۆيگە كىرگەندە، چىققاندا يۈرىكى پىچاق سانجىلغاندەك زىڭىلداپ ئاغرىپ، ئاخىر ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرد ـ ئەلەمدىن خالىي بولۇپ، مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىدىلا.
داخاننىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ، گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن چۈچۈك سۇلتان بېگىم نىيازخان بۇۋىگە ئون تىللا، ئىككى سالىغىگە ئۆچتىن ئالتە تىللا ۋە ئىككى قۇردىن كىيىم ـ كېچەك بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى.
— خانىش ئانا، — دېدى ئۇ نۇرسىز كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇرغان ئاينىگار سۇلتان بېگىمگە سېپتا تىكىلگەن قاما تۇماقنى ئۇزارتىپ، — ئۆزلىرىدىن كۆپتىن ـ كۆپ مىننەتدارمەن، بۇ ھەدىيەمنى قوبۇل قىلغايلا.
— رەھمەت، قىزىم، رەھمەت، مۇنچە قىلمىسىلىمۇ بولاتتى. ئانىلىرى تۇرۇپ غەملىرىنى يېمىسەم بولامدۇ؟ قانداق ۋاقىتتا ھاجەتلىرى چۈشسە، تارتىنماي دەۋەرسىلە، قىزىم. مەندىن

مەسلىھەت ئالماي تۇرۇپ، بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلمىسىلا. بار مەسلىھەت بىلەن قىلىنغان ئىش بۇزۇلمايدۇ.

— ماقۇل، ئانا، ماقۇل، گەپلىرىنى ئېسىمدە تۇتىمەن. سىلىمۇ دۇئالىرىدا ياد ئېتىپ تۇرسىلا. ئەمىسە مەن قايتاي، ئۆزلىرىنى كۆپ ئاسرىغايلا.

چۇچۇك سۇلتان بېگىم ناۋات، قورچاقلارنى شەمشىبانۇغا كۆتۈرتۈپ ئۆز قەسرىگە غېپپىدە كىلىۋالدى. ئۇ ناھايىتى خۇش ئىدى. خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، شەمشىبانۇنى چاقىردى. ئۇ كىرىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— شەمشىبانۇ، — دېدى چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاۋازى شۇ قەدەر سىپايە ئىدى، — سىزنى ئاتام قاسىمخان كىچىك چېغىمىزدا ئەندىجاندىن ئەكېلىپ، ماڭا كېنىزەك قىلىپ بەرگەنىدى، بىللە چوڭ بولدۇق. ئارىدىن ئوتتۇز يىل ئۆتتى، مانا مەن تەقدىرنىڭ ھۆكمى بىلەن ئابدۇرەشىدخانغا ياتلىق بولۇپ، بالىلىق بولدۇم. ئەمما، سىز كېنىزەك بولۇپ ئۆتىۋەردىڭىز. سىز مېنىڭ ئەڭ يېقىن، ئەڭ ساداقەتمەن ھەمراھىم. ئامانىيسا دېگەن سەھرالىق ھەرەمگە كەلگەندىن كېيىنمۇ، قايغۇرسام قايغۇرۇپ، دەردىمنى بىللە تارتىشىپ، رەنجىمگە شېرىك بولدىڭىز. ئۇ جىنكەش بىلەن سۇلتان ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەردىن مېنى خەۋەردار قىلىپ ھالىمغا يەتتىڭىز. بۇنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالمايمەن، — ئۇ قولىدىكى قىزىل گۆھەر كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكنى ئۇنىڭ بارمىقىغا سېلىپ قويدى، — ماڭا ئاخىرىغىچە ياردەم قىلىڭ، شەمشىبانۇ.

— باش ئۈستىگە، خانىش ئايىم، سىلىگە خىزمەت قىلىش مېنىڭ بۇرچۇم، ئىلتىپاتلىرىغا كۆپ ھەشقالىلا، — دېدى شەمشىبانۇ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ.

— سىز يەنە ئۇ جىنكەش سازەندىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى باھانە قىلىپ قەسرىگە بېرىڭ، مېنىڭ سالىمىمنىمۇ يەتكۈزۈڭ.

ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، داخان بۇۋى دېگەندەك مانا بۇ ئىككى قورچاقنىڭ چوڭىنى ئۇنىڭ ئۆتەر يولىغا قويۇڭ، كىچىكىنى خاس ھۇجرىسىنىڭ بوسۇغىسى ئاستىغا كۆمۈڭ. لېكىن، سىزنىڭ قىلغانلىقىڭىزنى خۇدادىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن. ئوردا، ھەرەم ئىچى ۋە سىرتتىن كېلىپ مۇقام ئۆگىنىۋاتقان قىز - جۇۋانلار ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ كېنىزەك، مەھرەملىرىمۇ قىرىقتىن ئاشىدۇ. سىزلا ئاغزىڭىزنى چىڭ تۇتسىڭىز، باشقا ھېچكىم مەن قىلدىم، دەپ ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىزنىڭمۇ تۇرمۇشلۇق بولۇشىڭىز ئۈچۈن باش قاتۇرىمەن. بۇ خىزمەتنى ئادا قىلالامسىز، شەمشىبانۇ؟

يېشى ئوتتۇزدىن ئاشقان بۇ چىرايلىق كېنىزەكنىڭ بوتا كۆزلىرىدە گۈل بەرگىگە چۈشكەن شەبنەمدەك پارقىراق ياش تامچىلىرى پەيدا بولدى.

— جېنىم بىلەن ئادا قىلىمەن.

— ئەمىسە بۇگۈن كەچ قوۋۇز، دۇتارىڭىزنى ئېلىپ، مۇقام ئۆگىنىش باشلىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ قەسرىگە بېرىڭ. نەچچە كۈندىن مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ بارالمىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ، ئۆزرە قويۇڭ. گەپ - سۆز، ھەرىكىتىڭىز بىلەن ئۇنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىڭ. ئاندىن بايا دېگەندەك قورچاقلارنى ئىشقا سالىمىز.

— ماقۇل، مەلىكە خېنىم. خاتىرجەم بولسىلا، بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرگەيمەن.

چۆچۈك سۇلتان بېگىم ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ كۈلۈمسىرىدى.

## 4

كۈن پېتىشقا نەيزە بويى قالغانىدى. كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى قەسىر ھويلىسىدىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىنى

شىلدىرلىتىپ، گۈللەرنى يەلپۈندۈرەتتى. كېنىزەكلەر ئارامگاھنىڭ مۇزىكا زالىغا بىرىش ئۈچۈن جابدۇنۇپ ھۇجرىلىرىدىن چىقىشىغا، شەمشىبانۇ دۇتارنى كۆتۈرۈپ قەسىر ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى.

— خېنىم، ئەجەب يوقاپ كەتتىلىغۇ، نېمە ئىش بولدى؟

— بىر سەردار بىلەن تېپىشىۋالدىمۇ يا؟

— قارىغاندا توي قىلىۋالغاندەك تۇرىدۇ.

— توي قىلسا، قانداق بولىدىكەن؟

— ئۇتتۇز ياشتىن ئاشقاندا توي قىلسا، تازا تاتلىق بولىدىغاندۇ؟

كېنىزەكلەر ئۇنى چۆرىدەپ ھەزىل قىلغىلى تۇردى.

— نېمە دەيدىغانسىلەر، جومباقلار؟ توي قىلغىنىم يوق. چوڭ خانىش ئاغرىپ يېتىپ قاپتىكەن، شۇنىڭغا قارىدىم.

شەمشىبانۇ ئامانىسا بېگىم ئۆيىدىن چىقىشىغا يۈگۈرۈپ ئالدىغا باردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەلىكە ئامانىسا خېنىم، ئامان - ئېسەن تۇردىلىمۇ؟ ئۆزلىرىگە چوڭ خانىش چۈچۈك سولتان بېگىم سالام ئېيتتى. مەن يەنە يانلىرىدا قالىدىغان بولۇپ كەلدىم.

— ۋاھ، ئەجەب ئوبدان بوپتۇ. چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئەۋەتمەسمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. يوقلاش ئويدا بولغىنىمدىن ئۆكۈنۈۋاتىمەن، شەمشىبانۇ. خانىش ئالىيلىرى ئوبدان تۇرغاندۇ؟ ھال سوراپ باراي دىسەم، ھېلىقى كۈندىكىدەك كۆرۈشەلمەي قالارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرىدىم. مانا سىز كېلىپ، مېنى بۇ غەمدىن خالاس قىلدىڭىز، — دېدى ئامانىسا بېگىم چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان شەمشىبانۇغا زەن سېلىپ.

— ئاشۇ كۈنكى سەتچىلىكنى ئېغىزلىرىغا ئالمىسىلا، مەلىكە خېنىم. سىلى بارغاندا چۈچۈك سۇلتان بېگىم تەرلىنىپ

يېتىپتىكەن، دەرھال چىقاي دېسە، شامال تېگىپ قىلىشتىن قورقۇپ چىقالماپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىدىن ئەپۇ سوراپ قويۇشۇمنى ئۆتۈنۈپ، سىلىگە ئامانلىق تىلەپ قالدى.

— چوڭچوڭ سۇلتان بېگىمنىڭ ئىلتىپاتىغا كۆپ ھەشقالىلا. بىر كۈنى بېرىپ ھال سوراپ كېلىمەن، — ئامانىنىسا بېگىم شەمشىبانۇغا تاماق يەپ، ئاندىن مۇزىكا زالىغا چىقىشنى ئېيتىپ، كېنىزەكلىرى بىلەن ئارامگاھقا قاراپ ماڭدى.

كۆڭلىگە شۇم نىيەتلەرنى پۈككەن شەمشىبانۇ ئاشخانىغا كىرمەستىن، ئامانىنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ خاس ھۇجرىسىغا قاراپ ئاستا قەدەم يۆتكىدى. قەسىر ھويلىسىدا غازاڭلارنىڭ شىلدىرلىشىدىن باشقا، ھېچقانداق سادا يوق ئىدى. ئۇ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ، خىشتىن شەكىل چىقىرىپ ياسالغان ئۈچ پايىلىك پەلەمپەيدىن چىقىپ، كۈمۈش ھالقىلىق ئىشىكنى ئاچتى، چىنىدەك يالتىراپ تۇرغان دەھلىزگە ئاياغ باستى. يۈرىكى سەل پوكۇلداپ، ھاۋا رەڭ سىرلانغان قۇلۇپلاقلىق ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئېغىشىپ بوسۇغىغا يېپىشتۇرۇپ سېلىنغان خوتەن گىلىمىنى قايرىدى. ئاستىدا گۈللۈك كىگىز بار ئىدى. ئۇنى قايرىۋىدى، ھېم بېسىلغان خىشنى كۆردى. ھەرقانچە قىلىپمۇ قولى بىلەن خىشنى قومۇرالمىدى. «بۈگۈن تازا پەيتى ئىدى» دېدى - يۇ، شۇ ھامان بۇ يېرىدىن يانىدى. «ياق، بۈگۈن پەيتى ئەمەس. پۇرسەت يەنە بار. ھازىر قورچاقلارنى قەيەرگە كۆمسەمەن، قەيەرگە قويىمەن، ئوبدان كۆرۈۋېلىشىم كېرەك.»

ئۇ گىلەم بىلەن كىگىزنى قايرىغىنىچە سىنچىلاپ قاراپ، ئىككى خىشنى قومۇرۇپ، قورچاقنى شۇ يەرگە كۆمسە بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. ئاندىن دەھلىزنى بىر ئايلىنىپ، قەسىر سەيناسىغا چىقتى. خانىش كىيىم يۆتكەيدىغان، پەرداز قىلىدىغان يان تەرەپتىكى ئۆيلەرگە،

كىنىزەكلەر ياتىدىغان، دەم ئالىدىغان، تاماق يەيدىغان، كىيىم يەڭگۈشلەيدىغان ھۇجرىلارغا ۋە مېھمانخانىغا سەپسالدى. ئاخىرىدا چوڭ قورچاقنى ئاماننىسا بېگىمدىن باشقا ھېچكىم كىرمەيدىغان ھاجەتخانىغا ئەكىرىپ تامغا يۆلەپ قويۇش قارارىغا كېلىپ، ئاشخانىغا كىردى. مەريەمنىسا بۇۋى ئەبۇسەئىد سۇلتانغا ئاش يېگۈزۈۋاتاتتى. ئىككى دېدەك بىلەن ئاشپەز ئايال كەچلىك تاماققا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. شەمشىبانۇ ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ، بىر پىيالە چاي ئىچتى. بىر تەخسە پېتىر مانتا ئەكېلىنىۋىدى، قورسىقىم توق، دەپ يېمىدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى بۇ بالىغا سىلىدىن باشقا ئادەمنىڭ ئوبدان قارىيالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، يەنە سىلىگە تاپشۇرۇپتۇ ـ دە، — دېدى ئۇ مېڭمىشقا تەمشىلىپ.

— بىلىمەن، شەمشىبانۇ. ھېلىقى كۈنى بالىنى تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كەتكەنچە ئۇ قەسىرگە يولىماي دېۋىدىم، ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ، سۇلتان ئالىيلىرى بۇ بالىنى يەنە ماڭا كۆتۈرتۈپ قويدى. ئۆزۈممۇ ئامراق بۇنىڭغا. ھازىر بالا باقىقاچ مۇزىكا ئۆگىنىۋاتىمەن. مۇزىكا زالىغا چىقاي دەۋاتامدىلا؟ — مەريەمنىسا بۇۋىمۇ قوپتى.

— ھەئە، يۇرسىلە، بىللە چىقىلى.

ئۇلار مۇزىكا زالىغا كىرگەندە، «ئەجەم» مۇقامى ئورۇنلىنىۋاتاتتى.

شەمشىبانۇ بىر ھەپتىگىچە چوڭ سۇلتان بېگىمنىڭ قەسىرىگە بارمىدى. ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاماننىسا بېگىمنىڭ چاچلىرىنى تاراپ، ئۆيلىرىنى سۈپۈرۈپ، پەيت كۈتتى. مۇزىكا ئۆگىنىشتىن يانغاندا، قەسىر پېشايۋىنىدا ئولتۇرۇپ قوۋۇز چېلىپ كېنىزەكلەرنى ئۇسسۇلغا سالدى. بۇنىڭدىن ئاماننىسا بېگىم بەك خۇش بولدى. ئابدۇرەشىدخان ھەپتىدە بىر قېتىم بۇ قەسىردە قوناتتى، شەمشىبانۇ سۇلتان قەسىردە قونغان كۈنىنىڭ

ئەڭ مۇۋاپىق پەيت ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ، كۆڭلىدە بىر پىلان تۈزدى.

ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئامانىنىسا بېگىم مۇزىكا زالىدىن شامغا يېقىن ياندى. تاھارەت ئېلىشىپ، خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىشتى. كېنىزەكلەرمۇ ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ ئارام ئېلىشتى. قەسىر ھويلىسىدا ھېچكىم قالمىدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن شەمشىبانۇ ئىشكتىن غىپپىدە چىقتى ـ دە، چۇچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ قەسرىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا نەچچە كۈندىن بېرى ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى ۋە قورچاقلارنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگىنىنى ئېيتتى.

— ئەنسىرەپ تۇراتتىم، شەمشىبانۇ، ھەرنېمە بولسا ئىشنى پۇختا قىلىۋېتىپسىز. بەك ئېھتىيات قىلىڭ، سۇلتان بىلەن ھېلىقى جىنكەش سىزدىن گۇمانلىنىپ قالمىسۇن، — مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىۋاتقىنىدىن سۆيۈنگەن چۇچۇك سۇلتان بېگىم بۇ قەدىناس كېنىزىكىدىن يوشۇرماي دېدى، — سۇلتان ئۆتكەن ھەپتە قەسرىمدە قونغانىدى، ھېلىقى ناۋاتتا چاي دەملەپ بەردىم. ئەتىسى شۇنداق خۇشخۇي قوپتى. ئەمدى ئامانىنىسا دېگەن لولىنىڭ قىزىدىن كۆڭلى سوۋۇپ كېتىدۇ.

— ئېيتقانلىرى كەلسۇن، مەلىكە خېنىم، بەخت ـ تەلەيلىرى ئوڭدىن كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن دەرھال قايتىپ كەتمىسەم بولمايدۇ. ئىشلارنى بۇگۈن كېچە بېجىرىپ بولىمەن. سۇلتانىمۇ ئاشۇ قەسىردە.

چۇچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى ـ يۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ھېلىقى ئىككى قورچاقنى رەختكە ئوراپ ئۇنىڭغا بەردى. شەمشىبانۇ يەنە كەكە بىلەن بەلچە ئېلىۋالدى.

— خۇداغا ئامانەت، شەمشىبانۇ، پەخەس بولۇڭ.

— خاتىرجەم بولسىلا، مەلىكە خېنىم. خوش، ئاللاغا ئامانەت.

شەمشىبانۇ ئىشىكتىكى كۆزەتچىلەر خۇپتەن نامىزىغا

تۇرغاندا، يەنە غىپىدە ئامانىسا بىگىمنىڭ قەسرىگە كىرىۋالدى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى. شام ـ چىراغلارنىڭ نۇرى يەر، تاملاردا ئالا ـ بۇلا سايە ھاسىل قىلغانىدى.

شەمشىبانۇ ھۇجرىسىغا كىردى، بوپىنى يوتقان قېتىغا يوشۇرۇپ نامازغا تۇردى.

قەسىر ئىچى يەنىلا تىمتاس ئىدى. ئەگەر ئاخشام سۇلتان كەلمىگەن بولسا، نەغمە ـ ناۋا، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ تېخىچە داۋام قىلغان بولاتتى. نامازنى ئوقۇپ بولغان شەمشىبانۇ ھاجەتخانىغا چىقىپ كىرگەندىن كېيىن ياتتى، ئەمما ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا گۈدەك چېغىدىكى پاجىئە كىرىۋېلىپ ئارامىنى بۇزۇۋەتكەنىدى. ئۇ قانغا مىلىنىپ ياتقان جۇۋانغا قاراپ: «ئانا ! ئانا ! ...» دەپ يىغلاپ تۇرغاندا، قاياقتىندۇر بىر ئاتلىق كىشى كېلىپ، ئۇنى يەردىن يۇلۇۋالدى ـ دە، ئالدىغا مىندۇرۇپ، ئېتىغا قامچا سالدى. بۇ ئاتلىق كىشى دەل دەشتى قىپچاقنىڭ سۇلتانى قاسىمخان ئىدى. «بۇ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئاخسى دەرياسىنىڭ بويىدا قاراقچىلار ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. قىزىم، ئۇنى ساڭا ھەمراھ بولسۇن دەپ ئەكەلدىم، ئۆزۈڭگە كېنىزەك قىلىۋالغىن» دەپ شەمشىبانۇنى چۇچۇك سۇلتان بىگىمگە قوشۇپ قويغانىدى. ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ چۇچۇك سۇلتان بىگىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتاتتى. «خۇدا پېشانەمگە تاق ئۆتۈشنى پۈتۈۋەتكەن ئوخشايدۇ، تېخىچە تەنھا ياشاۋاتىمەن ...» ئۇنىڭ خىيالى چېچىلىپ كەتتى. نەچچە قېتىم قوپۇپ دېرىزىدىن قاراپ باقتى. قايسى ۋاقىت بولغىنىنى زادىلا بىلەلمىدى. ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان، ئون ئىككى كۈنلۈك بولغان ئاي تىكلەشكەنىدى. قەسىر ئۆيلىرىنىڭ شام ـ چىراغلىرى ئۆچۈرۈلگەن، پېشايۋان تۈۋرۈكلىرىگە ئورنىتىلغان قەندەللەردىكى چىراغلارلا يېنىپ تۇراتتى. ئۇ خىيال سۈرگىنىچە ئۇخلاپ قالدى. بىر چاغدا چۇچۇك سۇلتان بىگىمنىڭ چاقىرغان

ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولۇپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، هويلىغا چىقتى. بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ پەلەمپەيدىن چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى، دەھلىزگە كىردى. ئامانىسا بېگىمنىڭ هۇجرىسى ئالدىغا كېلىپ زوڭ ئولتۇردى. چىراغدان ئىشىك بېشىغا ئورنىتىلغانلىقى ئۈچۈن، يورۇقى يەرگە ئوبدانلا چۈشۈپ تۇراتتى.

ئۇ گىلەم ۋە كىگىزنى قايرىپ خىشنىڭ ئاراچىلىرىغا سىنچىلاپ زەن قويۇۋالغاندىن كېيىن هاممامغا يانداپ سىلىنغان ئامانىسا بېگىمنىڭ خاس هاجەتخانىسىغا كىردى. ئىككى يان تامغا بىردىن چىراغدان ئورنىتىلغاچقا، هاجەتخانا يوپيورۇق ئىدى. هاجەتخانىنى ئوبدان كۆرۈۋالغان شەمشىبانۇ كەينىگە ياندى. ياتىقىغا كىرىپ قورچاقلار بىلەن كەكە، بەلچىنى ئالدى. يۈرىكى پوكۇلدىغىنىچە ئاستا مېڭىپ خاس هۇجرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. گىلەم، كىگىزنى قايرىپ قويۇپ كەكە بىلەن خىشلارنى بوشاتتى، بەلچە بىلەن قومۇردى. توپىنى كولىۋېلىپ قورچاقلارنى ئوراپ كەلگەن بوغچىغا سالدى. كىچىك قورچاقنى كولىغان يەرگە قويۇپ، ئۈستىدىن ئازراق توپا تاشلاپ، خىشلارنى جايىغا ياتقۇزدى. كەكە بىلەن چىڭداپ، قايرىقلىق كىگىز، گىلەمنى ياپتى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ دەھلىزنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى هاجەتخانىغا كىردى. چوڭ قورچاقنى ئىشىككە ئۇدۇل تامغا يۆلەپ قويۇپ، ئاستا كەينىگە ياندى.

هۇجرىسىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ، قاتتىق دۈكۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن يۈرىكى خېلى ۋاقىتقىچە ئورنىغا چۈشمىدى. ئۇ سېلىقلىق ئورۇنغا ئۆزىنى تاشلاپ هاسىراپ ياتتى. ئەمدى قىلغان ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈش كېرەك ئىدى. بولۇپمۇ چوڭ قورچاقنىڭ رولى بۇ كېچە جارى بولمىسا، كۈندۈزى تېخىمۇ جارى بولمايتتى ۋە باشقىلارنى ئۆنىڭدىن گۇمانلاندۇرۇپ قوياتتى.

شەمشىبانۇنىڭ نېرۋىلىرى تىنچلىنىپ، يۈرەك سېلىشى

تەگىپۆگىلاشقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكنى قىيا ئېچىپ قويدى، قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ ئولتۇردى.

شەمشىبانۇ بۇ قەسىرگە كەلگەندىن بېرى، كېنىزەكلەرنىڭ ھۇجرىسى تارچىلىق بولغىنى ئۈچۈن، ئامانىنىسا بېگىمنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، كېنىزەكلەرنىڭ پەردازخانىسى بولغان ئۆيدە يالغۇز تۇرۇۋاتاتتى.

ئۇ ئورنىدىن نەچچە قېتىم تۇرۇپ، شەپە تىڭشاپ، يەنە ئولتۇردى. ئىككى قېتىم قەسىر ھويلىسىغا چىقىپ كىردى. بىر چاغدا ئۇ كۈتكەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى:

قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ ھۇجرىدىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىققان شەمشىبانۇ ھاجەتخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى. ئامانىنىسا بېگىم يەردە ئىچ كىيىم بىلەنلا سۇنايلىنىپ ياتاتتى، ھوشىدىن كەتكەنىدى.

شەمشىبانۇ ھاجەتخانىغا ئېتىلىپ كىرىپ، قورچاقنى ئالدى ــ دە، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىشىكنى يېپىۋالدى. ئۇ خۇددى يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك ھاسىراپ قالغانىدى. قورچاقنى يوتقان ئىچىگە يوشۇردى ــ دە، كۆڭلەك، كەمزۇلىنى سېلىۋېتىپ، ئىچ كىيىمى بىلەن يېتىپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۆي، دەھلىز، ھويلىدىن دۈكۈر ــ دۈكۈر قىلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. تىنىقى رىتىمىغا چۈشۈپ، يۈرەك سېلىشى ئاستىلىغان شەمشىبانۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىنى ئوراپ ياتقان رومىلى بىلەنلا سەندەل كەشىنى كىيىپ ھويلىغا چىقتى. ئۆي ــ ئۆيدىن ئويغىنىپ چىققان كېنىزەكلەر خاس ھۇجرىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇشاتتى.

ــــ نېمە بولدى، قىزلار؟ تالڭ قاراڭغۇسىدا ھەممىڭلار ھويلىغا چىقىۋاپسىلەرغۇ؟ ــــ دەپ سورىدى ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ.

ــــ ۋاي ئاللا، تېخى سەن ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ــــ دېدى رەيھانىنىسا ئىسىملىك كېنىزەك شەمشىبانۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ــــ بايا بىر

ئايالنىڭ قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋازىدىن ھەممىمىز ئويغىنىپ كەتتۇق. سەنلا ئويغانمىغان ئوخشايسەن. كىيىملىرىمنى كىيىپ چىقسام، سۇلتان ئالىيلىرى ئامانىنسا بېگىمنى كۆتۈرگىنىچە خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىلا بايا چىرقىرىغان ئايالنىڭ مەلىكە خېنىم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. قارىغاندا ھوشىدىن كەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ تۇرۇپ قالدۇق. تازا غەم يېمەس ئىكەنسەن.

— مۇنداق دېگىن. مەلىكە خېنىمغا نېمە بولغاندۇ؟ — سورىدى ئۇ يىغلامسىراپ بىلمەسلىككە سېلىپ.

— بۇنى كىم بىلىدۇ دەيسەن؟ — كېنىزەكلەر ئارىسىدا «تۇمۇچۇق» دەپ نام ئالغان سۇۋەيبە بوستان چاچلىق بېشىنى چايقىدى، — مەلىكە خېنىمنىڭ كۆزىگە جىن كۆرۈنگەن چېغى، شۇڭا قورقۇپ ھوشىدىن كەتكەن گەپ، — دېدى ئۇ يەنە گەپدانلىق قىلىپ.

— ياق، كۆرۈنگىنى جىن ئەمەس، ئالۋاستى ئوخشايدۇ، بولمىسا ئۇنچىۋالا قورقۇپ كەتمىگەن بولاتتى، — دېدى رەيھانىنسا گەپ ئارىلاپ.

— مەلىكىمىزگە سەھرادىكى چاغدا جىن چاپلىشىۋالغان گەپ، قارىغاندا ئۇ جىن ئوردىغا بىللە كەلگەن ئوخشايدۇ، — سۆز قاتتى شەمشىبانۇ ئىچ كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ.

— مەن بۇنى سۈيىقەستمىكىن دەيمەن. مۇبادا بىرەرى ھاجەتخانىغا قورچاق ئەكىرىپ قويغان بولسىچۇ؟ چىراغ يورۇقىدا تۇيۇقسىز قورچاقنى كۆرگەن بولسام، مەنمۇ جىن دەپ قالاتتىم، — دېدى سۇۋەيبە شەمشىبانۇنىڭ سۆزلىرىنى ياقتۇرماي.

— راست، يوغان قورچاقمۇ ئادەمگە جىندەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. كىچىك چېغىمدا يولدا بىر قورچاقنى كۆرۈپ قورقۇپ

كەتكىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە، — دېدى بىر كېنىزەك سۇۋۇبىيەنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

— قورچاقتىنمۇ قورقامدۇ كىشى؟ بۇ پۇتۇنلەي ئەپقاچتى گەپ. مەلىكىنىڭ كۆزىگە ئالۋاستى كۆرۈنگىنى راست، — شەمشىبانۇ ئۆز گېپىنى راست قىلماقچى بولۇپ جاۋىلداپ سۆزلىگىلى تۇرۇۋىدى، سۇۋۇبىيە:

— تولا كوتۇلدىماي كېيىمىڭنى كىيىپ چىق. قارا، مۇشۇ تۇرقۇڭنى جىن كۆرۈپ قالسا، سېنىمۇ ئەپقاچىمسۇن يەنە، — دېدى ئۇنىڭ نېپىز ئىچ كۆڭلىكىدىن كۆرۈنۈپلا تۇرغان چىلگىدەك كۆكسى، لىغىلداپ تۇرغان يوغان ساغرىسىغا كۆز سېلىپ، — سۇلتان چىقىپ قالسا، ھەيدىۋەتمىسۇن يەنە، بولە تېز !

كېنىزەكلەر تېشىغا چىقارماي ئىچىدە پىخىلداپ كۈلۈشتى.

تاڭ يورۇپ قالغانىدى، ھەرياقتىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى.

شەمشىبانۇ ئىزغىرىن شامالدا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئېتەكلىرىنى قوللىرى بىلەن بېسىپ غىتمىلداپ ھۇجىرىسىغا كىرىپ، شامنى يورۇتتى. «ئەجەب ياخشى، مېنى ھېچكىم كۆرمەپتۇ. قاراملىق قىلىپ قورچاقنى ئاچىقىۋالغىنىم بەك ئوبدان بوپتۇ. ئەمدى مەندىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ. كىچىكىمدىن بېشىمنى سىلاپ كەلگەن چۇچۇك سۇلتان بېگىم بۈگۈندىن تازا خۇش بولىدۇ...» ئۇ خىيال ئىلكىدە ئىچ كۆڭلىكى بىلەن تامبىلىنى سېلىۋەتتى. ئۇستىبېشىغا قاراپ، كۆكسىنى سىلاپ قويدى. «ھېچ يېرىمدە ئېقۋەن يوق، بەدىنىم ئوتتەك قىزمەن، خۇدايىم قانداقراق كىشىگە نېسىپ قىلاركىن؟ مەلىكەم سۆزىدە تۇرۇپ بىرەر جەۋانمەرد سەردار بىلەن بېشىمنى قوشۇپ قويالارمۇ؟» ئۇ شېرىن ئارزۇ ئىلكىدە سېرىق يوللۇق ئەتلەس كۆڭلىكى بىلەن شۇ رەڭدىكى تامبىلىنى كىيدى. ئۇ خېلىلا سەمرىپ قالغانىدى. ئۆزى تىككەن تاۋار كەمزۇل ئۇچىسىغا

چىپپىدە كەلدى. ئۇزۇن چاچلىق بېشىغا رومال سېلىپ قەسىر ھويلىسىغا چىققاندا، بايىقىدەك يۈرىكى پوكۇلدىمىدى. ھەرەم ئەمچىسى باش كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا خانىشنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. كېنىزەكلەر تېخىچە پەلەمپەي تۈۋىدە تۇرۇشاتتى. ئەمچى قايتىپلا ئابدۇرەشىدخان خاس ھۇجرىدىن چىقتى، چېھرى قايغۇلۇق ئىدى. ئۇ كېنىزەكلەرنىڭ سالىمىغا باش لىڭشىتىپ:

— مەلىكە قورقۇپ كېتىپتۇ. ھازىر خېلى ئوبدان. ئىككى - ئۈچتىن كىرىپ، ھەمراھ بولساڭلار بولىدۇ، — دېدى - دە، تاھارەت ئالغىلى ھاماماغا كىرىپ كەتتى.

ئامانىسا بېگىمنىڭ باش كېنىزىكى گۈلسارە سۆۋەيبە بىلەن شەمشىبانۇنى شەرەتلەپ خاس ھۇجرىغا ئەكىردى.

— ۋاي مەلىكە خېنىم، نېمە بولغانلا، چىرايلىرى ئەجەب سارغىيىپ كېتىپتۇ؟ — دېدى شەمشىبانۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا پۇكۇلۇپ تەزىم قىلىپ، ئارقىدىن ئامانىسا بېگىمنىڭ ئايىغىدا ئولتۇردى.

— تاڭغا يېقىن ھاجەتكە چىققانىدىم، ھاجەتخانا ئىشىكىنى ئېچىشىمغا، ئەتلەس كۆڭلەك، چىمەن دوپپا كىيگەن، چاچلىرى چۇۋۇق، دۇمباق يۈز، ئالغاي بىر قىز ماڭا قاراپ ھىجايماسمۇ، قورققىنىمدىن قاتتىق ۋارقىراپ، پۇت - قولۇمدا جان قالماي يىقىلدىم. كۆزۈمنى ئاچسام ئۆيدە ياتىمەن، سۇلتان بېشىمدا ئولتۇرۇپتۇ. «بىر چىرقىرىغان ئاۋاز قۇلىقىمغا كىرىپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ يېنىمغا قارىسام سىز يوق. ھاجەتكە چىقىپ كېتىپتۇ دەپ يېتىۋېرىپتىمەن، كىرمىدىڭىز. ھېلىقى ئاۋاز يادىمغا كېلىپ چىقسام، ھاجەتخانىدا ھوشسىز يېتىپسىز، كۆتۈرۈپ ئەكىردىم. نېمە بولدىڭىز؟» دەپ سورىدى. كۆرگىنىمنى دەپ بەردىم. سۇلتان ئويلىنىپ قېلىپ: «بۇ بىر قەست بولمىسۇن يەنە» دېدى. مەن «شاھىم، دەرگۇماندا بولمىسىلا، ھەرەمدە ماڭا قەست قىلىدىغان

ئادەم يوق. بۇ گەپلىرىنى باشقىلار ئاڭلىسا، ۋەھىمىدە قالمامدۇ؟ ھەرگىزمۇ مۇنداق ئويلىمىسىلا، ماڭا كۆرۈنگىنى جىن بولسا كېرەك» دېدىم. سۇلتان ئوردا تېۋىپىنى چاقىرتىپ كەلدى. ئۇ تومۇرۇمنى تۇتۇپ قورقۇپ كەتكەنلىكىمنى، ياخشى ئارام ئېلىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. ئەمما، خۇن توختىماي كېلىۋاتىدۇ، ئىزا تارتىپ سۇلتانغا دېيەلمىدىم. مانا قاراپ بېقىڭلار، — ئۇ يوتقانىنى قايرىپ كۆرسەتتى. كۆرپە، يوتقان لەختە - لەختە خۇن بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەنىدى. ئىچىدە خۇشال بولغان شەمشىبانۇ:

— خۇن ئەجەب جىق كېتىپتۇ، مەلىكەم. ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپتۇ سىلىنى، — دېدى چىرايىغا قايغۇلۇق تۈس ئېلىپ.

شۇ ئارىدا رەيھانىنىسا ھۇجرىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئىككى قەۋەت كۆرپە، بىرقانچە قات كىرلىك سالدى. ئۇچەيلەن خانىشنى قول - قولچە كۆتۈرۈپ يېڭى ئورۇنغا يۆتكەپ، يېڭى يوتقان يېپىپ قويدى.

— قورساقلىرى تەۋرەۋاتامدۇ، مەلىكەم؟ — سورىدى شەمشىبانۇ كۆيۈنگەندەك قىلىپ.

— ھاجەتخانىغا چىقىشتىن ئىلگىرى تەۋرىگەنىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن تەۋرىمەيۋاتىدۇ، — ئامانىنىسا بېگىم ئەنسىرەپ قورسىقىنى سىلاپ قويدى، — بالام چۈشۈپ كەتمەس - ھە؟

— چۈشۈپ كەتمەيدۇ، خۇدايىم ساقلا، — دېدى سۇۋەيبە چىن قەلبىدىن كۆيۈنۈپ.

— خۇدايىم ساقلا، — دەپ قويدى شەمشىبانۇمۇ.

— مەريەمنىسا بۇۋىنى چاقىرىپ كەلسەڭلار، خۇننى كۆرۈپ باقسا بىلەتتى، — ئامانىنىسا بېگىم ئەندىشىسى كۆچىيىپ رەيھانىنىساغا قارىدى.

— مەريەمنىسا بۇۋى ساتىراش ھاشىم ئاخۇنغا تەگكەندىن بېرى ئۆيىدىن چىقمىدى، مەلىكە خېنىم. بارساق قانداق بولار؟ —

رەيھاننىسا ئىككىلىنىپ سورىۋىدى، ئامانىنىسا سۇلتان بېگىم:

— تويى بولغىنىغا ئەمدى بىر ھەپتە بولدى. بۇ جۇۋان ئاق كۆڭۈل، تەجرىبىلىك، كۆيۈمچان ئايال. چاقىرساڭلار خۇشال بولۇپ كېلىدۇ، — دېدى مەريەمنىسا بۇۋىنىڭ سۆزلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ.

— ئەمىرنىڭ خوتۇنى ساتىراشقا تەگسە، ئاڭلىماققا غەلىتە تۇرىدىكەن، — رەيھاننىسا ئەجەبلەنگەن ھالدا ئۇنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

— ئۇنىڭغا ساتىراش بولسىمۇ ئەر چىقىپتۇ. بىزگىچۇ، ئەپقېچىپ ئەمىرگە ئالغىلى ئوغرى بولسىمۇ مەيلى ئىدى.

شەمشىبانۇنىڭ بۇ سۆزى ئامانىنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالدى.

— شەمشىبانۇ، ئۇنداق دېمەڭ. سىز خالىسىڭىزلا، سۇلتانغا دەپ، تۇرمۇشلۇق بولۇشىڭىزغا ھەر ۋاقىت ياردەم قىلىمەن.

— ياق، سۇلتانغا دېمىسىلە، مەلىكەم. ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بۇيان چۇچۇك سۇلتان بېگىمگە كېنىزەك بولۇپ كەلدىم، ئەرسىز كۆنۈپ قاپتىمەن، — دېدى شەمشىبانۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ. ئۇنىڭ ئېيتقىنى كۆڭلىدىكى سۆز ئەمەس ئىدى.

رەيھاننىسا مەريەمنىسا بۇۋىنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

— كۆڭلىڭىزدىكىنى ئېيتىڭا، شەمشىبانۇ. ياتلىق بولغۇڭىز بارمۇ؟

ئامانىنىسا بېگىمنىڭ بۇ سوئالى ئۇنى ئۇزاق ئويلاندۇردى، ياشلىرى تامچىلىدى.

— يېشىم ئوتتۇزدىن ئاشتى، ئايال زاتى بولغىنىم ئۈچۈن ئەرگە تېگىشنى خالىشىم گۇناھ بولماس، مەلىكەم.

— ئەسلا گۇناھ بولمايدۇ... — قورسىقى قاتتىق ئاغرىغان خانىش گەپ قىلالماي قالدى. شەمشىبانۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، مەريەمنىسا بۇۋى بىلەن كېنىزەكلەر كىرىپ

كەلدى. ئۇ بولغان كېلىشىمەسلىكتىن خەۋەر تاپقانىدى. ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن خانىشنىڭ قورسىقىنى مۇجۇپ باقتى. يوتقاننى قايرىپ پېشانىسىغا بىرنى ئۇردى.

— ۋاي مەلىكە خېنىم، بالا چۈشۈپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

قان ئىچىدە ئادەم شەكلىگە كىرىشكە باشلىغان لەختە گۆش تۇراتتى.

— ئەمدى سۇلتانغا نېمە دەرمەن؟ — ئامانىنىسا بېگىم يىغلاپ يەنە هوشىدىن كەتتى.

# ئون يەتتىنچى باب

# ئەۋلادلار ئۈچۈن سوۋغا

## 1

— مەلىكەم، «ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامىنىڭ باشلىنىشى گويا كۆكلەمنىڭ ئەگىز سۈيى ئېرىقتا تولۇپ، شارىلداپ ئاققاندەك مۇڭلۇق، لەرزان باشلىنىپ، چۇشۇرگىسى ۋىسالغا يەتكەن ئاشىق - مەشۇقنىڭ شادلىق كۆلكىسىدەك جۇشقۇن، تەسىرلىك ئاخىرلاشتى. مەن بۇنىڭدىن چەكسىز مەمنۇنمەن. سىزگە رەھمەت، قەدىرلىكىم. بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرەلمىسىڭىزمۇ، بىر مۇقام ئىجاد قىلىپ بەردىڭىز.

— شاھىم، «ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامىنى ئىجاد قىلىشتا سىلىمۇ كۆپ ئەجىر قىلدىلا. غەزەل - بېيىتلىرى بۇ مۇقامغا جان ئاتا قىلدى، ياخشى تىلەكلىرى سۇنماس قانات، ئارزۇ - ئارمانلىرى سېھىرلىك سادا بولدى. ئەمدى بۇ مۇقامىمىز ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قالغۇسى. رەھمەت، شاھىم، رەھمەت. سىلىدەك بىر جەۋانمەرد سۇلتاننىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا نېسىپ قىلغان ئاللاغا مىڭ مەرتە شۈكۈر، — ئامانىسا بېگىم ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان ئابدۇرەشىدخانغا مېھىرلىك نەزىرى بىلەن باقتى. ئۇلارنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى ئۇچرىشىپ، ئۇچقۇنلار چاقناپ، گويا جەننەت ئىشىكى ئېچىلغاندەك بولدى.

«ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامىنى ۋايىغە يەتكۈزۈپ ئورۇنلىغان مۇغەننى قىز - ئاياللار ھاياجان ئىلكىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ، خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالغاندى. ئۇلار

مۇشۇ دەم ھەۋزەئى سۇلتان[1] بويىدا سازلىرىنى ئالدىغا قويۇپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇ كۆلنىڭ زەڭگەر ئاسماندەك تىنىق يۈزىگە چۈشكەن ئىككى پايىلىك تەختتە ساتار بىلەن تەمبۇرنى تۇتۇپ ئولتۇرغان سۇلتان بىلەن خانىشنىڭ شولىلىرى گويا ئۇستا رەسسامنىڭ قولىدىن پۈتۈپ چىققان رەسىمدەك جەلپكار ئىدى.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ رۇخسىتى بىلەن مۇغەننى قىز ـ ئاياللارنى ئېلىپ جاھانباغقا چىقىپ تۇرۇۋاتقىنىغا بىر ھەپتىدىن ئاشقان ئامانىنىسا بېگىم ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇلارغا قايتا ـ قايتا مەشىق قىلدۇرۇپ، «ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامىنى پىششىق ئىگىلەتكەنىدى. بۈگۈن ئەتىگەن چىققان ئابدۇرەشىدخاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە يەنە بىر قېتىم ئورۇنلاپ، بۇ مۇقامنىڭ باشقا مۇقاملاردىنمۇ جەلپكار، يېقىملىق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بەردى.

— ئەمدى بۇلار ئارام ئالسۇن، مەلىكەم. سىزمۇ چارچىدىڭىز، ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئارام ئېلىۋېلىڭ، چۈشتىن كېيىن قىدىرخان ئاكام ئاتىڭىزنى ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇلارمۇ «ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامىنى ئاڭلاپ باقماقچى. ئىشىنىمەنكى، بۇ ئۇستازلارمۇ قايىل بولىدۇ، قەدىرلىكىم.

— داداممۇ چىقامدۇ؟ — ئاجايىپ بىر سۆيۈنۈش ئىلكىدە سورىدى ئامانىنىسا بېگىم، — دادام كەلگەندىن بېرى جاھانباغقا چىقمىغانىدى.

— قېيىنئاتاملا ئەمەس، قېيىنئاناممۇ چىقىدۇ تېخى. ئۇلار باغنى جىق كۆرگەن، بۇ باغنى كۆرۈش ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى «ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامىنى ئاڭلاش، قەدىرلىكىم، — ئابدۇرەشىدخان كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇردى، — قەسىرگە كىرىپ كېتەيلى.

ھەجەرخان ئاچىنىڭمۇ چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئامانىنىسا

---

[1] ھەۋزەئى سۇلتان — سۇلتان كۆلى، پادشاھ كۆلى.

بېگىمنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يايراپ كەتتى.

ئالدىنقى يىلى بالىسى چۈشۈپ كېتىپ ئىككى ئاي ئۆتكەندە، دادىسى يېڭى ئالغان خوتۇنى ھەجەرخان بىلەن پايتەختتە كېلىپ رەشىدىيە مەدرىسەسىگە ئورۇنلاشقانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ كۈندە بولمىسىمۇ ھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قىزى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇردى. مۇقام ئۆگىنىش، رەتلەش ئىشىغا قىزغىن قاتنىشىپ، ئۆزىمۇ ياشىرىپ، روھلىنىپ قالدى. شۇڭا، پايتەختكە يېنىپ كەلگىنىدىن زادىلا پۇشايمان قىلمىدى. نەۋرىسىنىڭ بۇ دۇنياغا كەلمەي تۇرۇپلا كېتىپ قالغىنىدىن قايغۇرغان بولسىمۇ، قىزىنىڭ يەنە تۇغۇشىدىن ئۈمىدۋار ئىدى.

— مەلىكە ئاچىلىرىم چىقمامدۇ؟ — سورىدى ئامانىسا بېگىم ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا.

— چىقىدۇ، قەدىرلىكىم. ھەر ئىككىيلەن چىقماقچى، ھەتتا ئايىنگار سۇلتان بېگىم ئانىمىزمۇ چىقىدۇ. ئۇلارنى يازنىڭ بۇ ئىسسىق كۈنلىرىدە قەسىردە ئولتۇرۇۋەرمەي، جاھانباغدا سەيلە قىلىپ راھەتلىنىشكە تەكلىپ قىلدىم، — دېدى ئابدۇرەشىدخان.

— ئوبدان قىلىپتىلا، ئالىيلىرى. ئۇلارنى مۇقامىمىزنى ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلامدىلا؟

— سىز تەكلىپ قىلىڭ، قەدىرلىكىم.

— مەن تەكلىپ قىلسام قانداق تۇرار؟ — ئويلىنىپ قالغان ئامانىسا بېگىم ئابدۇرەشىدخانغا ئۆتۈنۈش نەزىرى بىلەن قارىدى، — شاھىم، «ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامىنى ئىككىمىز بىرلىكتە ئىجاد قىلدۇق. راستىنى دېسەم، ئۆزلىرى شارائىت يارىتىپ، مۇزىكا، غەزەللىرىنى ئىجاد قىلىشتا مېنى يېتەكلىمىگەن بولسىلا، بۇ مۇقامنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشى زىنھار مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، «ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامى ئۆزلىرىنىڭ نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقسا، تېخىمۇ ئالقىشقا سازاۋەر بولىدۇ. مەلىكە ئاچىلىرىمغىمۇ بۇنى ئۆزلىرى بىلدۈرسىلە، — دېدى باغى ھۆزۈر قەسىرىنىڭ مەنزەر ئۆيىگە

چىققان ئامانىيسا بېگىم دېرىزىلەرنىڭ پەردىلىرىنى قايرىپ.
— مەلىكەم، سىز نېمانچە ئاق كۆڭۈل ـ هە ! كۆڭلىڭىزنى چۈشەندىم. بولىدۇ، ئۇلارنى مۇزىكا ئاڭلاشقا مەن تەكلىپ قىلاي. «ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامىنى ئۆز نامىمدا جامائەتچىلىككە سۇناي، ئەمدى كۆڭلىڭىز ئارامىغا چۈشتىمۇ؟ لېكىن، رەتلىگەندە ئۆزىڭىزنىڭلا نامى بىلەن پۈتۈشىڭىز كېرەك، — سۇلتان كەينىدىن كېلىپ ئىككى قولىنى خانىشنىڭ يەلكىسىگە قويدى.
— ياق، شاھىم، ياق ! — ئامانىيسا بېگىم كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئابدۇرەشىدخانغا يېقىملىق نەزەردە باقتى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن «كىشىلەر نەزىرىدە سىلى هامان سۇلتان، نەسەبلىرى يۇقىرى، ناملىرى ئاۋامغا تونۇشلۇق. مەن ئاۋام ئىچىدىن چىققان ئادەتتىكى بىر خانىش. مۇقامىمىزنىڭ ئەل ئارىسىغا تېز تارقىلىپ شۆھرەت قازىنىشى ئۈچۈن يەنىلا سىلىنىڭ ناملىرى بىلەن پۈتۈلگىنى مۇۋاپىق» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى.
ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىلىپ تۇردى.
— قەدىرلىكىم، ئۇنداقتا ئىككىلىمىزنىڭ نامى بىلەن پۈتۈلسۇن، بۇنىڭغا ئۇنىمىسىڭىز كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالىدۇ.
— ماقۇل، شاھىم، — ئامانىيسا بېگىم ئۇنىڭ دولقۇنلاپ تۇرغان كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇپ، پىچىرلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مۇقام دېمەك — سۆيگۈ دېمەك، هايات دېمەك،
مۇقام دېمەك — يۈرەك دېمەك، قانات دېمەك.

ئابدۇرەشىدخان ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ بېيىتنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈردى:

بۇ مۇقامسىز سۆيگۈم خاراب، ئېلىم خاراب،
ئۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرت ـ ماكان ئاۋات دېمەك.

— شاھىم، ئاللا پېقىرنى مۇرادىمغا يەتكۈزدى. ئالىيلىرىنىڭ شارائىت يارىتىپ بېرىشى ۋە مەدىتى بىلەن شۇنچە كۆپ مۇغەننىلەرگە «ئون ئىككى مۇقام» ئىگىلەتتىم. ئۇلارغا قىدىرخان ئاكىنىڭ «ۋىسال» مۇقامى بىلەن بىزنىڭ «ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامىمىزنى قوشقاندا، جەمئىي ئون تۆت مۇقام بولدى. «ئون تۆت مۇقام» دېمەك — ئون تۆت بۇلاق دېمەكتۇر. ئۇلار مەڭگۈ بۇلدۇقلاپ، كىشىلەرنىڭ قەلب تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ئاجىزەلىرى بەكمۇ خۇشالمەن. بىراق، سىلىگە پەرزەنت تۇغۇپ بېرەلمەي، كۆڭلۈم يەنىلا يېرىم.

— مەلىكەم، نېمىشقا مۇنداق دەيسىز؟ ئەل ئۇچۇن قۇرۇماس بۇلاقتىن ئون تۆتنى قېزىپ بەردىڭىز، شۇنىڭ ئۆزى مەن ئۇچۇن ئەڭ كاتتا تۆھپە، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ھاياجاندىن ئۇنىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپ، — مەن خانىش، چۆرىلىرىمدىن كۆپ پەرزەنتلىك بولدۇم. بۇنىڭ ئۇچۇن ئاللاغا شۈكۈر قىلىمەن. ھالبۇكى، سىزنى ئەمرىمگە ئالغاندىن كېيىن مۇھەببەت لەززىتىدىن ھەقىقىي بەھرىمەن بولۇپلا قالماي، بەلكى ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بىباھا خەزىنىگىمۇ ئېرىشتىم. مېنىڭ پادىشاھلىقىم، ھەتتا ئۆمرۈممۇ تۈگەيدۇ. ئەمما، مۇقام ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن مەن ناھايىتى خۇشال. ئەمدى پەرزەنت تۇغۇپ بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلمايمەن. مېنى رازى قىلدىڭىز، ئاللانى رازى قىلدىڭىز. پەرزەنت ئارزۇسىنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ.

— شاھىم، سىلى نېمىدېگەن مەردانە، كۆڭۈللىرى نېمىدېگەن ياخشى، — ئامانىسا بېگىم ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۇچىسىنى سىلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مېنىڭ بەكلا ئانا بولغۇم بار ئىدى، خەيرىيەت، سىلى رازى بولغان بولسىلا، ئۇ تىلەكنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتەي. سىلىدىن يەنە بىر ئۆتۈنۈشۈم بار، شاھىم.

— ئېيتىڭ، قەدىرلىكىم، سىزنىڭ تەلىپىڭىز مېنىڭ

ئۈمىدىم.

ئامانىسا بېگىم ئابدۇرەشىدخاننى قولىدىن تۇتۇپ ئولتۇرغۇزدى.

ــ شاھىم، ئانا بولۇش ھەممىلا ئايالغا نېسىپ بولمايدىكەن، ئانا بولۇش ئاسان ئەمەس ئىكەن. دېمەكچىمەنكى، ئالتە پەرزەنتلىرىنىڭ ئانىسى بولغان چوڭچوك سۇلتان بېگىمنى ئايىسىلا. ئۇنىڭدىن ھەرقانچە سەۋەنلىك ئۆتسىمۇ كەچۈرسىلە. ئۇ پەرزەنتلىرىنى پەش قىلىپ دىللىرىنى چىگىپ قويۇشى، ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشلىرىنى تەلەپ قىلىپ خاپا قىلىشى، ئۆزىنى ئۇستۈن تۇتۇپ رايىلىرىنى ياندۇرۇۋېتىشى، ھەتتا سىلى قەدىرلەيدىغان، ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرگە ئازار بېرىپ، غەزەپلىرىنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن. شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئاشۇ پەرزەنتلىرىنى تۇغقان چاغدا چەككەن ئازابىنى كۆز ئالدىلىرىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، زىنھار دىلىنى ئاغرىتىدىغان سۆز قىلمىسىلا. بىشەملىك قىلىش، كوتۇلداش بىز ئاياللارنىڭ تەبىئىتىمىز. ئۇنىڭدىن رەنجىمىسىلە ھەم رەنجىتمىسىلە. مېنىڭ يېنىمغا ئازراق كەلسىلىمۇ، ئۇ مەلىكە ئاچامنىڭ ئانلىق ھۆرمىتى ئۈچۈن يېنىدا كۆپرەك بولسىلا. مېنى خۇش قىلىمەن دەپ، ئۇ ئانىنى خاپا قىلىپ قويمىسىلا.

ئابدۇرەشىدخان خانىشىنىڭ ياش لىغىلداپ تۇرغان قارا كۆزلىرىگە سۆيۈپ، سورىدى:

ــ قەدىرلىكىم سىزگە ئازار بەرسىمۇ، ئۇنى قەدىرلەمدىمەن؟

ــ بۇ ۋاققىچە ئۇ ماڭا ئازار بەرمىدى، بەلكى ئاياللىق تەبىئىتى، ئاجىزلىقى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى قىيناپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا بەجانىدىل خىزمەت قىلىپ، ھۆرمەتلەپ، كۆڭلىنى ئېلىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىپ يەتتىم، شاھىم.

ــ ئاپىرىن، مەلىكەم، سىزگە ئاپىرىن! باغرىڭىز نېمىدېگەن يۇمشاق، كۆڭلىڭىز نېمىدېگەن ياخشى. سىزگە قايىل بولدۇم، دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ. سىز ھەقىقەتەن

ئېسىل ئايال ئىكەنسىز، — ئابدۇرەشىدخان ئامانىسا بېگىمنى باغرىغا باستى.

— شاھىم، چۈچۈك سۇلتان بېگىم «ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامىنى ئىشتىياق بىلەن ئاڭلىشى ناتايىن. بۇ مۇقام ئۇنى ھەيران قالدۇرۇشىمۇ، غەزەپلەندۇرۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن كارىلىرى بولمىسۇن.

— ماقۇل دېسەم، تەلەپلىرىڭىز كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇغۇ، قەدىرلىكىم؟ مەن قىلغان سۆزۈمدىن يانمايدىغان ئادەم. خاتىرجەم بولۇڭ، سىز مالال بولىدىغان ئىش سادىر بولمايدۇ.

## 2

كەچ پېشىن ۋاقتىدا جاھانباغقا چىققان چۈچۈك سۇلتان بېگىم «ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامىغا ھەرھالدا خۇش كەيپ قۇلاق سالدى. بۇ مۇقامنى ئامانىسا بېگىم مۇنۇ غەزىلى بىلەن باشلىدى:

ساڭا يۈز شۈكر، يا رەب، بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،
فەقىر - مىسكىنگە ئابدۇررەشىدخاننى پەناھ قىلدىڭ.

بۇنى ئاڭلىغان چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە ئولتۇردى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ خۇش نەزىرىدىن سۆيۈنۈپ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتتى. جاھانباغقا چىققاندىن بېرى خۇددى كېنىزىكىدەك گاھ چاي سۇنۇپ، گاھ مېۋىگە تەكلىپ قىلىپ، ھۆرمىتىنى قىلغان ئامانىسا بېگىمگە ئۆچلۈكى كېلىپ تۇرسىمۇ چاندۇرمىدى. تۆۋەندە ئولتۇرۇشقان قىدىرخان، مەھمۇد ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ھەجەرخانلارغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، يېنىدىكى ئاينىگار سۇلتان بېگىم بىلەن كۇسۇرلىشىپ ئولتۇردى. مۇقام ئاخىرلاشقاندا، ئامانىسا بېگىم بۇ مۇقامنى

ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەجداد قىلغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇنىڭغا يېشىل شايى بەلباغ باغلاپ قويدى. بۇ چاغدا ئاينىگار سۇلتان بېگىم چوڭ خانىشنىڭ قۇلىقىغا:

— ۋاي خۇدايىمەي! سۇلتاننى ئەمدى سازەندىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇغۇ بۇ جىنىكەش، — دەپ پىچىرلىدى. ئەمما، چوڭچوڭ سۇلتان بېگىم:

— سۇلتانغا ئاپىرىن! — دەپ ئۇنلۇك توۋلىدى. مازاق قىلىپ شۇنداق دېدىمۇ ياكى قايىل بولۇپمۇ؟ بۇنى ئۆزى بىلەتتى.

قىدىرخان ياركەندىي، مەھمۇد ئاكىلار چىن دىلىدىن قايىل بولۇپ، ئابدۇرەشىدخانغا باربىكاللا ئېيتتى. نۇرنىسا سۇلتان بېگىم شاھزادە قۇرەيىش سۇلتان ئارقىلىق ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئامانىنىسا بېگىمگە بىر دەستىدىن گۇل ھەدىيە قىلدى. پۇزۇر كىيىنگەن چۆرە، كېنىزەكلەرمۇ بېشىغا ھاۋا رەڭ رومال سالغان ئەتلەس كۆڭلەكلىك مۇغەننىي قىز - ئاياللارغا گۈل تاشلاشتى. سەھنە گۈلگە توشۇپ كەتتى. ئابدۇرەشىدخان ئاينىگار سۇلتان بېگىمگە ھىلھىلە رومال ئارتىپ قويدى، چوڭچوڭ سۇلتان بېگىم، نۇرنىسا سۇلتان بېگىم ۋە ئامانىنىسا بېگىمگە گۆھەر كۆزلۈك ئالتۇن زۇننار تاقاپ قويدى.

مەھمۇد ئاكىمۇ خوتۇنى بىلەن قىزىغا بىر كۆڭلەكلىكتىن ئەتلەس تۇتتى. ئامانىنىسا بېگىم ئاينىگار سۇلتان بېگىم بىلەن چوڭ خانىشقا ئالتۇن قاداقلىق مەرۋايىت دوپپا كىيدۈرۈپ قويدى.

مۇغەننىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا گۈلدەك ئېچىلىپ ئولتۇرۇشقان مەريەمنىسا بۇۋى بىلەن شەمشىبانۇ دۇتارلىرىنى يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئامانىنىسا بېگىمنى مۇبارەكلەشتى. ئۇلارغا كۆزى چۈشكەن چوڭچوڭ سۇلتان بېگىم تەتۈر قارىۋالدى، چىرايىمۇ ئۆڭۈپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: شەمشىبانۇ ئامانىنىسا بېگىمنىڭ «ياتلىق بولۇشىڭىزغا ياردەم قىلىمەن» دېگەن سۆزىگە ئىشەنمەي، بىرىپ چوڭچوڭ

سۇلتان بېگىمگە ئېيتىۋىدى، ئۇ:
— ئۇ مەككار سىزنى ئۆز يېنىغا تارتماقچى بولۇۋېتىپتۇ، ياردەم قىلىمەن دېگىنى يالغان. ئالدىرىماي تۇرۇڭ، سىزنى ئۆزۈم ياتلىق قىلىپ قويىمەن. ئاۋۋال ئۇنىڭدىن سۇلتاننى بەزدۈرەيلى، — دەپ شەمشىبانۇغا كۆيۈنگەن بولۇۋالدى.
ئامانىنىسا بېگىم بىر كۇنى شەمشىبانۇنى تۇيۇقسىز خاس ھۇجرىسىغا چاقىرتىپ سورىدى:
— شەمشىبانۇ ئاچا، كۆڭۈللىرىگە پۈككەن بىرەر كىشى بارمۇ؟
— يوق، مەلىكەم.
— لايىقنى سىز تاپامسىز ياكى بىزمۇ؟
— سىرتقا چىقالمىسام، ئەرلەر بىلەن ئۇچرىشالمىسام، قانداقمۇ لايىق تاپالايمەن؟
— بۈگۈندىن باشلاپ سىزگە رۇخسەت، گۈلئېرەم ئوردىسىغا كۆز سېلىپ كۆرۈڭ. ئەگەر بىرەر سەردار ياكى ياساۋۇل كۆڭلىڭىزگە يېقىپ قالسا، ماڭا ئېيتىڭ. ياتلىق بولۇشىڭىزغا ياردەم قىلاي.
— راست دەۋاتامدىلا، مەلىكە خېنىم؟ — ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىدا ئۈمىد چىرىغى پالىلدە يورۇدى.
— بۇ گېپىم راست، شەمشىبانۇ، ماڭا ئىشىنىڭ.
شەمشىبانۇ شۇ كۇندىن باشلاپ چىرايلىق كىيىنىپ، گۈلئېرەم ئوردىسى بىلەن چارباغدا ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولدى.
يۈزىگە چۈمبەل تارتقان، بېشىغا ھاۋا رەڭ ھىلھىلە رومال سالغان سۇمباتلىق بۇ قىزنى كۆرگەن سەردار، نۆكەرلەر ھەيران بولۇپ قاراپ قېلىشتى. «بىر كىشىنى ئىزدەيتتىم» دەپ ھېچكىمگە تۇتۇق بەرمەي بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزدى. كېيىنكى ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۇنى سەرۋازلار مەشىق قىلىۋاتقان بەيگە مەيدانىغا كېلىپ قالدى. بۇرۇتلۇق، بۇغداي ئۆڭ، بويى ئېگىز بىر سەرۋاز ئۇنىڭغا تونۇشتەكلا كۆرۈندى، ئەمما يېقىنلاپ

كەلگەندە ناتونۇش ئىكەنلىكىنى بىلىپ، كەينىگە يېنىشىغا:
— خېنىم، كىمنى ئىزدەيدىلا؟ — دېگەن گەپنى ئاڭلاپ توختىدى.
— مەن ئىزدىگەن كىشى بۇ يەردە يوق ئىكەن.
— ئوبدان قاراپ باقسىلا، بەلكىم بار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، — ئوتتۇز ياشلارغا كىرگەن سەرۋاز بېلىگە ئېسىقلىق قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتقىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.
شەمشىبانۇ رومالنى سەل قايرىپ، سەرۋازغا كۆز سالدى:
«كېلىشكەن يىگىت ئىكەن. كاشكى خوتۇنى يوق بولسىدى...» دەپ ئويلاپ كۆلۈمسىرىدى:
— يىگىت، مېنى ئەمرىڭىزگە ئالامسىز؟
— نېمە دېدىلە، خېنىم؟ — سەرۋاز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.
— مېنى ئەمرىڭىزگە ئېلىشقا جۇرئىتىڭىز بارمۇ، دەۋاتىمەن.
— بار، سىلى ماڭا تېگىدىغانلا بولسىلا، مەن ئەمرىمگە ئالىمەن.
— ئەمىسە قەسەم ئىچىڭ، يىگىت.
— سىلىنى ئەمرىمگە ئالىمەن، بۇ سۆزۈمگە ئاللا گۇۋاھ بولسۇن. بۇ سۆزۈمدىن يانسام، ئۆمۈرۋايەت بويتاق ئۆتۈپ كېتەي.
— مۇبارەك ئىسمىڭىز نېمىكىن؟
— ئابدۇلباسىت، خېنىم. سىلىنىڭچۇ؟
— توي كېچىسى دەپ بېرىمەن، — دېدى شەمشىبانۇ ۋە ئۇنىڭغا كەچۇرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلار ئۇزاق مۇڭداشتى.
سەرۋاز يىگىتنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇپ، كەينىگىمۇ قارىماي تاقىلداپ مېڭىپ ھەرەم ئىشىكىدىن كىرگەن شەمشىبانۇ ئامانىسا بېگىم قەسىرىگە قەدەم قويغاندا، «ئۇششاق» مۇقامىنىڭ تەزىسىگە چېلىنىۋاتقان دۇتار ساداسىنى ئاڭلىدى. ئۇ

كېنىزەكلەرنىڭ چاقچاقلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي، خاس ھۇجرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى چەكتى.

— كىرىڭ.

شەمشىبانۇ ھۇجرىغا كىرىپ، مەريەمنىسا بۇۋى بىلەن دۇتار چېلىپ ئولتۇرغان ئامانىنىسا بېگىمگە سالام بەردى ۋە سۆزلەشكە ئوڭايسىزلىنىپ، يېنىچە قاراپ جىم ئولتۇردى.

— گېپىڭىز بولسا تارتىنماي ئېيتىۋېرىڭ. مەريەمنىسا ئاچام بىلەن سىزنىڭ ئىشىڭىز توغرۇلۇق سۆزلىشىپ قويدۇم، — دېدى خانىش ئۇنىڭ بىر خەۋەر ئەكەلگىنىنى قىياس قىلىپ.

— مەن تاپتىم، — دېدى شەمشىبانۇ تارتىنغان ھالدا.

بۇ گەپنىڭ تېگىگە يەتكەن خانىش:

— ئۇ يىگىت كىم؟ — دەپ سورىدى.

— ئابدۇلباسىت سەرۋاز.

— بولدى، سىز چىقىپ تەييارلىق قىلىڭ. خۇدا بۇيرۇسا، سۇلتان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئالدىمىزدىكى ھەپتە ئىچىدە تويىڭىزنى قىلىپ قويىمىز.

ئامانىنىسا بېگىم ئابدۇرەشىدخان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مىجەزى كېلىشمەي خوتۇنىنى قويۇۋەتكەن كاشغەرلىك سەرۋاز ئابدۇلباسىت بىلەن شەمشىبانۇنىڭ تويىنى قىلىپ قويدى. بۇ توي پۈتۈن ئوردىنى تەۋرىتىۋەتتى. «ئۆمرىمىز كېنىزەك بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئۈمىدسىزلەنگەن يېشى چوڭراق كېنىزەكلەردە ئۈمىد پەيدا قىلدى. ئۆز كېنىزىكىنىڭ تويىنى ئامانىنىسا بېگىمنىڭ قىلىپ قويغىنىغا چىدىمىغان چۇچۇك سۇلتان بېگىم تويغىمۇ قاتناشمىدى. تويدىن كېيىن سالامغا بارغان شەمشىبانۇنى قەسىرىگە كىرگۈزمەي ھەيدىۋەتتى. بۇ شەمشىبانۇغا شۇنداق ئەلەم بولدىكى، ئۇ ئىككىلەنمەستىن ئامانىنىسا بېگىمنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— مەلىكە خېنىم، سىلىگە كۆپ رەھمەت. تۇزكورلۇق قىلغان مەندەك بىر نالايىق دېدەكلىرىگە خەيرخاھلىق قىلىپ، تويۇمنى قىلىپ قويدىلا. ئەمدى ھەقىقىي ئەھۋالدىن ئۆزلىرىنى خەۋەردار

قىلمىسام بولمايدۇ، — دېدى.

— ماڭا ئېيتمىسىڭىز بولمايدىغان قانداق ئەھۋال ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئامانىنىسا بېگىم.

— سىلىگە ھاجەتخانىدا كۆرۈنگىنى جىن ئەمەس، مەن قويۇپ قويغان قورچاق ئىدى...

— بولدى، شەمشىبانۇ. ئەھۋال ماڭا ئېنىق بولدى. ھەرقانداق كىشىگە، ھەتتا سۇلتانغىمۇ، ئېرىڭىزگىمۇ بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماڭ. بۇ گەپ تارىلىپ كەتسە، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. چۈشەندىڭىزمۇ؟

شەمشىبانۇ بىرپەس ئەجەبلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، دېدى:

— چۈشەندىم، مەلىكە خېنىم، ئىككىنچى بىر كىشىگە بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمايمەن.

ئۇ چىقىپ بوسۇغىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈكلۈك، كۆكسىگە پىچاق قاداقلىق كىچىك قورچاقنى ئەكىردى.

— مانا بۇنىمۇ مەن كۆمگەن، مەلىكە خېنىم. ئەمدى مېنى قانداق جازالىسىلا ھەق بولىدۇ.

— ماڭا ئايانكى، بۇ قەستنى سىز ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن قىلغان ئەمەس. بولدى، قىلدۇرغان كىشىنىڭمۇ ئىسمىنى ئاتىماڭ، شەمشىبانۇ. بۇ قورچاقنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ئاچىقىپ كۆيدۈرۈۋېتىڭ. بۇنىڭ بىلەن ھەممە يامانلىق كۆتۈرۈلۈپ كەتسۇن. ئېرىڭىزگە سادىق بولۇڭ، بالا تۇغۇپ بېرىڭ. سىزگە ئامانلىق، بەخت تىلەيمەن.

مەلىكە ئامانىنىسا خېنىمنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن شەمشىبانۇ شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭغا ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىشقا كىرىشتى.

## 3

چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئامانىنىسا بېگىمنىڭ بالىسى چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ قانات

يېيىپ، كۆرمىسە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، قورچاقنىڭ «كارامىتى» يوققا چىققانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇ بۇ كۈندىشىنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە كېچە ـ كۈندۈز باش قاتۇردى. ئايىنىگار سۇلتان بېگىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كېلىپ، ئۆزىگە ئەڭ يېقىن يەنە بىر كېنىزىكى ـــ گۈلئايىمنى ئىشقا سالماقچى بولدى ۋە ئۆتكەن يىلى كۈزدە ئۇنى ئامانىسا بېگىمنىڭ قەسرىگە «مۇزىكا ئۆگىنىش»كە ئەۋەتتى. ئۇ سىلىق ـ سىپايىلىكى، يۇمشاق سۆزلۈكى، قول ئىشلىرىغا ماھىرلىقى بىلەن مەلىكە ئامانىسا خېنىمغا يېقىپ قالغانىدى. بىر يىلدىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، كېنىزەكلەر ئارىسىدا ئابرۇيىمۇ ئۆستى. دۇتار چېلىشنى، بىرنەچچە مۇقامنى ياخشى ئۆگەندى.

چۈچۈك سۇلتان بېگىم سازەندىلەر ئارىسىدا دۇتارىنى قۇچىقىغا قويۇپ ئولتۇرغان گۈلئايىمغا كۆز سېلىپ: «ئەگەر جىنكەش لولىنىڭ قىزىنى ئۇجۇقتۇرالمىسا، ئۇنى دەشتى قىپچاققا كەتكۈزۈۋېتىمەن» دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. ئۇ چىرايىنى ئېگىز ـ پەس قىلىپ، دىمىقىنى قىقىپ ئولتۇرسىمۇ، ئامانىسا بېگىم كۆرمەسكە سالدى. ئوچۇق چىراي بىلەن تاماقنىڭ ئالدى، مېۋىنىڭ ئوبدىنىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇرۇپ ئىززىتىنى قىلدى. جاھانباغدا ئۈچ كۈن تۇرغان چۈچۈك سۇلتان بېگىم دۈشەنبە كەچقۇرۇن ئايىنىگار سۇلتان بېگىم ۋە كېنىزەكلىرى بىلەن گۈلئېرەم ئوردىسىغا كىرىپ كەتتى.

قىدىرخان، مەھمۇد ئاخۇنلارمۇ كىرىپ كېتىشتى.

ـــ جاھانباغدىكى سەيلىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى، شاھىم، ـــ دېدى ئامانىسا بېگىم شام ـ چىراغلار يورۇقىدا نەقىش ـ گۈللىرى چاقناپ كەتكەن خاس خانىغا كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ـــ چوڭ خانىشىمۇ، خانىش ئانىمىزمۇ خۇشال ئۆزىدى، بەك مەمنۇن بولدۇم.

— بۇنى كۆڭلىڭىزنىڭ ياخشىلىقىدىن، نىيىتىڭىزنىڭ دۇرۇسلۇقىدىن كۆرۈش كېرەك، ئەزىزىم، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ ئېتىكىگە يېيىلىپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلىرىغا كۆز سېلىپ، — ئالدىڭىزدا دۈشمەنلىرىڭىزمۇ ئىلاجسىز قالدى - ھە؟

— مېنىڭ دۈشمىنىم يوق، شاھىم، نېمىشقا مۇنداق دەيدىلا؟

— دۇنيادا دۈشمىنى يوق ئەرمۇ، ئايالمۇ بولغان ئەمەس، مەلىكەم. سىز دۈشمەنلىك قىلىۋاتقانلارنىمۇ دۈشمەن ھېسابلىماي كەلدىڭىز. بۇ پەزىلىتىڭىز ھەقىقەتەن كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئەمما، دۈشمەن تىنچ ياتمايدۇ، دۈشمەنلىكىنى قىلىدۇ، بۇنىڭدىن ئەنسىرەپلا كېلىۋاتىمەن.

— شاھىم، بۇ ۋاقىتچە ماڭا دۈشمەنلىك قىلىدىغانلار بولسا، زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشكە ئۈرۈنغان بولاتتى. لېكىن، مەن ئۇنداق شەپىنى سەزمىدىم، شۇڭا دۈشمىنىم يوق دەپ كەلدىم، ئەنسىرىمىسىلە.

— ھەممىمىزنى ئاللا ئىگەم ئامان - ئېسەن قىلسۇن، مەلىكەم. بىراق، غەپلەتتە قالساق بولمايدۇ.

— شاھىم، بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئويغاق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ.

— ئىنشائاللا، مەلىكەم.

— بىز ئەتە كىرىپ كېتەمدۇق، شاھىم؟ — ئامانىسا بىگىم دېرىزە تۈۋىدە شىلدىرلاپ تۇرغان ئالما دەرىخىگە سەپسېلىپ سورىدى. بۇ كۈزلۈك ئالمىنىڭ شاخلىرى مېۋىلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ قالغانىدى.

— ھەئە، مەلىكەم. نەچچە يىلدىن بېرى ھەرقايسى جايلاردىن كېلىپ مۇقام ئۆگەنگەن ئەر - ئايال مۇغەننىلەرنى ئۆزىتىمىز ئەمەسمۇ؟ ئۇلارمۇ بالىۋاقىلىرىنى سېغىنىدى، ئەمدى قايتىپ، يۇرتلىرىدىكى ئاۋامغا مۇقام بىلەن ھۇزۇر بەخش ئەتسۇن، ئىزباسار تەربىيەلىسۇن. بۇ ھەقتە مەسلىھەتلەشكەنىدۇققۇ؟

— نەچچە كۈندىن بېرى خۇشاللىقىمدا ھەممە نەرسىنى

ئۇنتۇغان ئوخشايمەن، شاھىم، — خانىش سۆلكەت بىلەن گۈل پورىكىدەك قاپىقىنى سوزۇپ قويدى، — جاھانباغدا يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ. ھاۋاسى شۇنچە ساپ، بۇ يەردىكى مەيىن شامال ئوردىدا يوق. مۇزىكىدىنمۇ قىسىلماي، قورۇنماي ھۇزۇرلانغىلى بولىدۇ. «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ھەۋزەئى سۇلتان بويىدا ئولتۇرۇپ يەنە بىرنەچچە قېتىم چالغۇم كېلىۋاتىدۇ. شاھىم، سىلىدىن مىنىۇتمۇ ئايرىلغۇم يوق، — ئامانىسا بېگىم ئابدۇرەشىدخانغا ئاستا يۆلەندى.

— ئۇنداق بولسا سىز قېلىڭ، قەدىرلىكىم. قىدىرخان ئاكا بىلەن ئۇلارنى ئۇزىتىۋېتىپ، سىزنى يانىدۇرۇپ كىرىمەن. مەجنۇنتال، ياپراقلار بىلەن ئوبدان سىردىشىۋېلىڭ.

— ياق، ياق، شاھىم، ئويناپ دېدىم. مەنمۇ سىلى بىلەن كىرىپ كېتىمەن. ئۇلارنى مەنمۇ ئۇزاتمىسام بولمايدۇ.

گۈلدار تامغا چۈشكەن بىر جۈپ سايە ئاستا ـ ئاستا قوشۇلۇپ كەتتى.

## 4

يەنە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى.

ئامانىسا بېگىم «ئون ئىككى مۇقام»نى پۈتتۈپ بولدى. بۇلارغا «ۋىسال»، «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقاملىرى قوشۇلۇپ، جەمئىي ئون تۆت مۇقام رەتلەنگەنىدى. پاتلىق كەشمىر قەغىزىگە يېپقا مەرۋايىت تىزغاندەك تەكشى، چىرايلىق پۈتۈلگەن غەزەل ـ بېيىتلار ئادەمنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. ئۇ بەت ـ ۋاراقلارنى تۈپلەپ كىتاب قىلدى. بىرنەچچە قېتىم باشتىن ـ ئاخىر كۆرۈپ چىقىپ، قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆزى گۈل چېكىپ تىككەن جىلتىغا سالدى. تېپچەكلەپ كەتكەن يۈرىكى ئارامىغا چۈشكەندىن كېيىن قويۇپ، ئەڭ ئۇستۇنكى كۆركەم ياسالغان ئويۇقتا قويۇپ قويدى ـ دە، «ئۇھ !» دەپ قوللىرىنى كەردى. گويا يەلكىسىدىن

بىر ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالدى. كىچىك ۋاقتىدا ئوينىغان «ئاق تېرەك، كۆك تېرەك»، «قارا ـ قارا قۇشلارىم» ئويۇنلىرىنى ئوينىغۇسى، ئىلەڭگۈچتە ئۇچقۇسى كەلـ ـ دى. ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تەتىللا جىد ـ لىتكىسى بىلەن ئاق دۇردۇن كۆڭلىكىنى سېلىۋەتتى، بېشىدىن ئالتۇن ئوتۇغاتنى ئالدى. چىمەن دوپپىسىنى، يېشىل كىمخاب جىلىتكىسىنى، كۆك ئەتلەس كۆڭلىكىنى كىيدى. ئەينەككە قاراپ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە كۆزى چۈشكەندە پىسەڭگىدە كۆلۈ ـ ۋېتىپ، تامغا يۆلەكلىك تەمبۇرنىڭ تارىنى بىر چەكتى ـ دە، كۈ ـ لۈمسىرىگىنىچە ھويلىغا چىقتى. ۋۇجۇدى تېخى تىكلەشمىگەن كۆكلەم قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرىغا چۈمۈلدى.

ھويلىدا گۈلسارە قاتارلىق بىر قانچە كېنىزەك چاكىنى ئويناۋاتقان، بىر قانچىسى مەرىيەمنىسا بۇۋىدىن چۆچەك ئاڭلاۋاتقان، بىرنەچچەيلەن گۈللۈككە سۇ كىرىدىغان ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ چاچ تارىشىۋاتقان، يەنە بەزىسى كىر يۇيۇۋاتاتتى. ئۇلار مەلىكىنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى.

— يۈرۈڭلار، قىزلار، بېدە تېرىپ كېلەيلى، — دېدى ئامانىسا بېگىم ئىشىككە قاراپ مېڭىپ.

باش تاراۋاتقان، كىر يۇيۇۋاتقان كېنىزەكلەردىن باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن باغۋەن، قاراۋۇل، ياساۋۇللار ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى. كۆكلەم شامىلى جانلاندۇرۇۋەتكەن چارباغ يېڭى تويى بولغان قىزدەك گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. ھۆپپىدە چېچەك ئاچقان مېۋىلىك دەرەخلەر لەرزان ئىرغاڭشىپ تۇراتتى. يەردىن ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن ئوت ـ چۆپلەر، قىشلىق ئويقۇسىدىن ئويغىنىپ يېشىل لىباس كىيگەن گۈل ـ گىياھلار يەلپۈنەتتى. سۆگەتلەرنىڭ مونچاق باغلىغان يېشىل شاخلىرى، مەجنۇنتاللار يەر ئانىسىنى سۆيمەكچى بولغاندەك ئېگىلىپ تۇراتتى.

ئامانىسا بېگىم قىزىل مەخمەلگە يېنىك ئۇرۇلغان كۆك تالنى تۇتۇۋېلىپ، يەنە قويۇۋەتتى. ئۇ كىچىك بالىدەك سەكرەپ ئويناپ كېتىۋاتاتتى. كېنىزەكلەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن تاقلاپ يۈگۈرۈشۈپ، چۇۋۇلدىشىپ، شاخلاردا سايراۋاتقان تورغاي، تومۇچۇقلارنى ئۈركۈتۈپ ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇلار باغنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى بېدىلىككە كەلگەندە، ئىككى بوز توشقان قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ قېچىپ كېتىشتى.

كېنىزەكلەر ياغلىقلىرىغا بېدە تېرىشكە باشلىۋىدى، بىردەمدە ھەممەيلەننىڭ ياغلىقى توشتى.

— يۈرۈڭلار، قىزلار، — ئامانىسا بېگىم كېنىزەكلىرىنى كەينىگە سېلىپ قەسىرگە قايتىپ كەلدى. بېدىنى ئېلىپ، يۇيۇپ، چاناپ چۆچۈرە تۈگۈشكە ئولتۇرۇشتى. بەش، يەتتە، توققۇز قۇلاقلىق قىلىپ ئۈچ دانە تەلەي چۆچۈرىسى تۈگكەن ئامانىسا بېگىم:

— گۈلئايىم، — دەپ چاقىردى.

— لەببەي، مەلىكەم.

— ئاشقا خېمىرنى يۇغۇرۇۋېتىپ، بۇزرۇكۋار ئانىمىزنى، خانىش ئاچامنى ۋە سۇلتان ئالىيلىرىنى مېنىڭ نامىمدىن كۆك چۆچۈرىسى يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ كېلىڭ. مۇبادا كېلەلمىسە، ئەۋەتىپ بېرەرمىز.

— ماقۇل، مەلىكە خېنىم.

گۈلئايىم خېمىرنى يۇغۇرۇپ يۆگەپ قويىدى.

ئامانىسا بېگىم ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

— شەمشىبانۇ، ياتلىق بولغىنىڭغا ئىككى يىل بولدى، ھېچ قورساق كۆتۈرمىدىڭ، تۇغماس ئوخشىمامسەن؟ — گەپ باشلىدى گۈلسارە سۇۋۇيىگە كۆز قىسىپ قويۇپ.

— ۋاي نېمە دەيدىغانسەن؟ بالا دېگەننى ئالدىرىماي تۇغمامدۇ؟ ئۇنىڭ ئەرگە تەگكىنىگە ئېچىڭ تارلىق قىلىۋاتامدۇ نېمە؟ — سۇۋۇيىبە گەپ قىلغۇچە رەيھانىسا جاۋاب بەردى.

— مەريەمنىسا ئاچىمىز تەلەيلىك ئىكەن، ساتىراش ئۇستامغا تېگىپلا قورسىقىنى پومپايتىۋالدى.

گۈلسارەنىڭ بۇ سۆزىگە كېنىزەكلەر قاقاھلاپ كۈلۈشتى.

— خۇدا بەرمىسە، تۇغىمەن دەپلا تۇغقىلى بولمايدۇ، قىزلار. ئۇنداق بىمەنە گەپ قىلماڭلار، — دېدى مەريەمنىسا بۇۋى.

— سىلەر نېمىگە مۇنچە ئالدىراپ كېتىسىلەر؟ بالىنى چوقۇم تۇغىمەن. خۇدا خالىسا، ئۇ سەرۋازغا تولكە ئەمەس، بۆرە تۇغۇپ بېرىمەن. سىلەر باش قاتۇرمىساڭلارمۇ بولىدۇ، — شەمشىبانۇ ئاچچىقلىنىپ غودۇرىدى.

— قانداق تۇغۇپ بېرىسەن؟ سېنىڭ ئېرىڭ ھاشىم ئاكامچىلىكمۇ بولالمىغان تۇرسا.

— گۈلسارە، نېمە مېنىڭ ئېرىمنى چىشلەپ تارتىسەن؟ ئۇ ساتىراش بولسىمۇ، بىر قولى گۈل، مېھرىبان ئاتا.

— خاپا بولمىغىن، مەريەمنىسا ئاچا، ئويناپ دەۋاتىمەن.

— ئويناپ دېسەڭمۇ، ئويلاپ دېگەن. سەن ئەرگە تەگكەندە تۇغۇتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاندىن بىلىسەن تېخى.

— بىزگە قېنى شۇ ئەر؟ — دەۋەتتى سۇۋەيبە كۆڭلىدىكى سۆزىنى قىلىپ. ھەممەيلەن يەنە كۈلۈپ كېتىشتى.

— ئالدىرىماڭلار. شەمشىبانۇ ياتلىق بولغان ئىككى يىلدىن بېرى بىزنىڭ قەسىردىنلا تۆت كېنىزەك ياتلىق بولدىغۇ. خۇدا بۇيرۇسا، ھەممىڭلار ياتلىق بولىسىلەر، بۇنىڭدىن غەم قىلماڭلار. سۇلتان بىلەن خانىش بۇ توغرۇلۇق باش قاتۇرۇۋاتىدۇ ...

ئامانىسا بېگىمنىڭ چىققىنىنى كۆرۈپ، مەريەمنىسا بۇۋى سۆزىنى توختىتىۋالدى.

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر، قىزلار؟ — خانىش كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ سۇلتان ۋە مېھمانلار كېلىپ قالسا دەپ مېھمانخانىنى تۈزەشتۈرۈپ چىققانىدى.

— ئۆزىمىزنىڭ گېپى، مەلىكە خېنىم. ئاغزىمىزنى ئاچچىق، كۆڭلىمىزنى تاتلىق قىلىپ ئولتۇردۇق.

— بۇ تۇمۇچۇقنىزە، ۋىتۇالاقنىڭ ئۆزى، مەلىكە خېنىم ...
ئابدۇرەشىدخان كىرىپ، مەريەمنىسا بۇۋى سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.
— بەللى - بەللى! بۇگۈن ئىش باشقىچىغۇ، مەلىكەم. نورۇزنى كۆك چۆچۈرىسى بىلەن كۇتۇۋالىدىكەنمىز - دە، — دېدى ئۇ تۇگۇپ تاۋاق - تاۋاقتا ئېلىپ قويۇلغان چۆچۈرىلەرگە كۆز سېلىپ. كېنىزەكلەر قول - قولچە چۆچۈرە تۇگۇشۇۋاتاتتى.
— شاھىم، بېدىنى بايا چارباغقا چىقىپ تېرىپ كىردۇق، كەچتە كۆجە ئېتىمىز. ئاخشاملىققا شاھزادىلەر قاپاق كۆيدۇرۇپ ئوردىنى ئايلانماقچى. بىز يېڭى كەلگەن مۇغەننى قىز - ئاياللار بىلەن مۇزىكا زالىدا مۇقام كېچىلىكى ئۆتكۇزۇپ، نورۇزنى تەبرىكلىمەكچىمىز.
ئابدۇرەشىدخان خانىشىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغاچ ئالاھىدە راسلانغان مېھمانخانىغا كىردى.
— ئەتىگەندىن بېرى نورۇزدۆگدە ئاۋام بىلەن بىللە بولدۇم. ئوتتۇز قازان پولۇ ئېتىپ، كۆپچىلىككە ئاش تارتتۇق. مەرىكە ناھايىتى قىزىدى، چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش بولدى، — دېدى ئابدۇرەشىدخان پەر ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ. ئۇنىڭ چىرايىدىن نورۇزدۆگدىكى مەرىكىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى، — چېلىشىشتا مېنىڭ خاس نۆكىرىم نەۋقىرانلار پالۋانى، مەرھۇم ئەمىر بەھرامنىڭ ئوغلى دەۋرانبەگ ياشلار پالۋانى بولدى. چۈشتىن كېيىن ئات بەيگىسى، ناخشا - ئۇسسۇل كۆرىكى بولماقچى. قىدىرخان ئاكا بىلەن قېيىنئاتام شۇ يەردە قالدى، مەنمۇ چۈشتىن كېيىن بارىمەن، مەلىكەم.
— شاھىم، قىدىرخان ئاكاملار قايسى مۇقامنى ئورۇنلىماقچى؟ — ئامانىسا بېگىم قىزىقىپ سورىدى.
ئابدۇرەشىدخان ئۇنى قولىدىن ئاستا تارتىپ يېنىدا

ئولتۇرغۇزدى.

— قىدىرخان ئاكا بىلەن قېيىنئاتاملار «ناۋا»، «چاھارگاھ»، «ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقاملىرىنى ئورۇنلىماقچى. ئۇلار بۇنىڭغا ئۈچ ئاي تەييارلىق قىلدى، مەلىكەم. سىلەرچۇ؟

— بىز «ۋىسال»، «ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقاملىرىنى باھار ئەييامىغا سوۋغا قىلماقچى بولۇۋاتىمىز، شاھىم. تەييارلىقىمىز پۇختا، گۈلئىبرەم ئوردىسىدىكى پۈتۈن ئاياللار جامائىتىنى بۇ سورۇنغا تەكلىپ قىلدۇق.

— مېنىچۇ؟

— ئەلۋەتتە، سىلىمۇ قەدەم تەشرىپ قىلىدىلا، شاھىم. بارلىق ئەرلەر جامائىتىگە ۋاكالىتەن قاتنىشىپ بەرگەيلا.

— قېيىنئاتام بىلەن قىدىرخان ئاكا تەكلىپ قىلىنىنامدۇ؟

— ئۇلار نورۇزدۆڭدىكى مەرىكىدىن بوشىنالارمۇ؟

— نورۇزدۆڭدىكى مەرىكە قىدىرخان ئاكا بىلەن قېيىنئاتامغا تون كىيدۈرۈپ، ئات مىندۈرگەندىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ. نۇرغۇن باللار كېچىسى قاپاق كۆيدۈرۈپ «ۋەششەمسى» تۇۋلاپ تۈن بىلەن كۈننىڭ تەڭلەشكەنلىكىنى تەبرىكلىشىدۇ. بۇنىڭغا چوڭلار قاتناشمايدۇ، مەلىكەم.

— ئۇنداق بولسا، شاھىم، سىلى ئۇلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويسىلا. ھەجەرخان ئاچام بىلەن ئايتىللا ئاچامنىمۇ ئېلىپ كېلىشسۇن. ئۇلارنى كۆرگۈم كەلدى.

— ئۇلارمۇ كېلىدۇ، قەدىرلىكىم. خانىش ئانام، چوڭ خانىشلارنىمۇ خەۋەرلەندۈرۈپ قويغانسىز؟

— ئۇلارنى خەۋەرلەندۈرۈشكە گۈلئايىمنى ئەۋەتتىم. ئەمما، ئۇلارنى مۇقام ئاڭلاشقا ئۆزلىرى تەكلىپ قىلسىلا.

— بولىدۇ.

سۇلتان بىلەن خانىشنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەستىنلا چۇچۇك سۇلتان بېگىم بىلەن ئايىنىگار سۇلتان بېگىم كىرىپ كەلدى.

چوڭ خانىش ناھايىتى خۇشخۇي ئىدى، ئامانىىسا سۇلتان بېگىم بىلەنمۇ يۈز يېقىشىپ كۆرۈشتى.

— سىز بۇ تۇرقۇڭىز بىلەن سەھرا قىزىنىڭ ئۆزىلا بوپسىز، ھېچ يېرىڭىز مەلىكە ياكى خانىشقا ئوخشىماي قاپتۇ. ھا ـ ھا ـ ھا ... — ئۇ قاقاھلاپ كۈلدى.

— مەلىكە ئاچا، مەن مانا شۇنداق يۈرۈشنى ياخشى كۆرىمەن، — ئامانىىسا بېگىممۇ كۈلدى.

ئاينىگار سۇلتان بېگىم بۇ ئىككى كۇنداشنىڭ مۇنداق يېقىنچىلىق قىلغىنىدىن ھەيران بولدى ـ يۇ، تېشىغا چىقىرالماي ئىچىدە غودۇڭشىدى.

كۆك چۆچۈرىسىنى يەپ بولۇشقاندىن كېيىن، ئابدۇرەشىدخان ئاينىگار سۇلتان بېگىم بىلەن چوڭ خانىشنى نورۇز بەزمىسىگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، نورۇزدۆڭدىكى چوڭ مەرىكىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەتتى.

چۆچۈرە پىشۇرۇش ناماز دىگەرگىچە داۋاملاشتى. كېنىزەكلەر، مۇغەننى قىز ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى بۇ كۆكلەم ئېشىغا ئېغىز تەگدى، كۆجە شامغا يېقىن پىشتى. بۇ نورۇز ئېشىغا ئۈلگۈرۈپ كەلگەن ئابدۇرەشىدخان قېيىنئاتىسى، قېيىنئانىسى، قىدىرخان ۋە ئۇنىڭ بالىچاقىلىرى بىلەن كىرگەندە، چۈچۈك سۇلتان بېگىم لاپپىدە ئۆڭۈپ يەرگە قارىۋالدى، ئىچى ئاداپ غەلىتە بولۇپ كەتتى. شۇنداق مەززىلىك كۆجىدىن ئازغىنا ئىچتى. «بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ» دەپ زوۋان سۈرمەي ئولتۇردى.

— باش ئاغرىقىنىڭ ئەڭ ياخشى داۋاسى نەغمە ـ ناۋا. يۈرۈڭ، مەلىكە، ئارامگاھقا چىقىپ مۇقامىنىڭ خۇش ساداسىدىن ھۇزۇر ئالايلى، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىكى غەلىتىلىكنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ.

چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئابدۇرەشىدخانغا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە تۇرۇپ، ئارامگاھقا چىقتى.

## 5

دەسلەپ «ۋىسال» مۇقامى، ئاندىن «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامى ئورۇنلاندى. ھەممەيلەن گويا چارباغدا سەيلە قىلغاندەك ھۇزۇرلىنىپ، سۆيۈنۈپ كېتىشتى. ئابدۇرەشىدخان ئامانىنىسا بېگىمگە بىر ئالماس ئۈزۈك، مۇغەننى قىز ـ ئاياللارغا بىردىن ئالتۇن ئۈزۈك تارتۇق قىلدى. چۇچۇك سۇلتان بېگىم بىلەن ئانىسىغا كىمخاب نىمچە كىيدۈرۈپ، ئاق ھىلھىلە رومال ئارتىپ قويدى. مېھمانلارغا كىيىملىك رەخت سوۋغا قىلدى. ئامانىنىسا بېگىم مىسىرنىڭ يوللۇق شايىسىدىن تىكىلگەن شاھانە توننى ئابدۇرەشىدخانغا كىيدۈرگەندە، چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئۆڭۈپ ـ تاتىرىپ ئولتۇرالماي قالدى. ئاخىر باش ئاغرىقنى باھانە قىلىپ ھەممەيلەندىن بۇرۇن ئۇزاپ ماڭدى.

يېرىم كېچە بولغان، ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى. كۆك قەرىدە لەرزان ئۈزۈپ يۈرگەن ئاي زېمىنغا كۈلۈمسىرەپ باقاتتى.

مېھمانلارنى ئۇزىتىپ خاس ھۇجرىغا كىرگەن ئامانىنىسا بېگىم ئويۇقتىن جىلتىنى ئېلىپ، ئابدۇرەشىدخانغا ئىككى قوللاپ سۇندى.

— شاھىم، بۇ ئۆزلىرىگە ئاتىغان سوۋغام.

ئابدۇرەشىدخان زەر چۇچىلىق كىمخاب جىلتىتىن كىتابنى ئالدى، شۇنداق ئېچىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بارىكاللا، مەلىكەم، بارىكاللا ! مۇبارەك بولسۇن !

ئۇ مۇندەرىجىدىكى راك، چەببايات، سىگاھ، چاھارگاھ، پەنجىگاھ، ئۆزھال، ئەجەم، ئۇششاق، بايات، ناۋا، مۇشاۋەرەك ئىراق، ۋىسال، ئىشرەت ئەنگىزدىن ئىبارەت ئون تۆت مۇقامنىڭ نامىنى ئوقۇپ چىقتى. ھەربىر مۇقام بىر باب قىلىنىپ، نەچچە بۆلەككە بۆلۈنگەندى. ئابدۇرەشىدخان ھاياجان ئىلكىدە كىتابنى

يۈرىكىگە باستى، ئولتۇرۇپ زوق ۋە ئىخلاس بىلەن كۆرۈشكە باشلىدى.

— شاھىم، تاڭ يورۇشقا ئاز قالدى. چارچاپ كەتتىلە، ئەمدى ئۇخلاپ، قالغىنىنى ئەتە كۆرسىلە، — دېدى ئامانىسا بېگىم كۆيۈنۈپ.

— كۆرۈپ بولمىغۇچە ئۇيقۇم كەلمەيدۇ، مەلىكەم. ئاز قالدى، كۆرۈۋېتەي.

ئامانىسا بېگىم ئۇنىڭغا ئۇزۇم شەربىتى قۇيۇپ بەردى. دېرىزە كۆزنىكىنى يېپىپ، پەردىلەرنى چۈشۈرۈپ، يوتقانغا كىرىپ ياتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تويى بولۇپ پايتەختكە يۆتكەپ كېلىنگەن چاغدىكى ئۇنتۇلماس مەنزىرە كەلدى: شەھەردىكى ھەممە قىز ـ ئاياللار ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان، ئوردا قوۋۇقىدىن قەسىرگىچە پاياندار سېلىنغانىدى. ئۇنى ئۇن ئىككى كېنىزەك يېپەك گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ ھەرەمگە ئەكەلگەندە، غۇلا سېلىپ ئىشىكنى تاقىۋالغان كېنىزەكلەر بىر كىيىملىكتىن ئەتلەس ئېلىپ، ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەنىدى. قەسىرگە كەلگەندىمۇ شۇنداق بولدى. يۈزلىگەن شام ـ چىراغ يېقىلغان قەسىر ئامانىسا قىزنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى. يەڭگىلەر ئۇنى ياسىداق ھۇجرىغا ئەكىرىپ، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ياتقۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كەتكەن، ئابدۇرەشىدخان كىرىپ يېشىنىپ يوتقانغا كىرگەندە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تاڭ شامىلىدا يەلپۈنگەن ياپراقتەك تىترەپ ئېرىگەنىدى... مانا بۇنىڭغا سەككىز يىل بولدى، ئاستىغا سېلىنغان قىزلىق بەلگىسىنى ھازىرغىچە ساندۇقتا ساقلاپ كېلىۋاتاتتى.

— مەلىكەم، ئەۋلادلارغا بىباھا مىراس قالدۇرۇپسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن داستان يېزىپ رەھمەت ـ تەشەككۇر ئېيتساممۇ ئازلىق قىلىدۇ، — دېدى ئابدۇرەشىدخان خىيالدىن ئۆزىگە كېلىپ كۇلۇمسىرەپ قارىغان خانىشقا، — بۇ سوۋغات مېنى گويا شەھەر ئالغاندىنمۇ بەكرەك خۇش قىلىۋەتتى.

ئۇ كىتابنى جىلتىغا سېلىپ، ئويۇققا قويدى ـ دە، يېشىنىپ ياتتى.

— باياتىن نېمىنى ئويلىدىڭىز، قەدىرلىكىم؟

— تويىمىز بولغان كۈننى.

— ئۇنىڭغا سەككىز يىل بولدى، قەدىرلىكىم. ئۇنتۇپ قالماپسىز ـ ھە؟

— ئۇ كۈننى قانداقمۇ ئۇنتۇغىلى بولسۇن، شاھىم؟ ۋاقىت ھەقىقەتەن تېز ئۆتىدىكەن.

— شۇنداق، مەلىكەم. بىراق، بىز ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمىدۇق، ھەربىر يىلدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردۇق.

— شاھىم.

— ھە، مەلىكەم.

— مەن ئەمدى نېمە ئىش قىلسام بولار؟ — ئامانىسا بېگىم چولپاندەك چاقنىغان كۆزلىرى بىلەن ئابدۇرەشىدخانغا تەلمۈرۈپ باقتى.

— ئوقىيا ئېتىشنى، قىلىچۋازلىقنى ئۆگىنىڭ، مەلىكەم.

— نېمىشقا؟

— ئوقىيا ئېتىشنى بىلمىگەن ئادەم شىكار قىلالمايدۇ، قىلىچۋازلىقنى بىلمىگەن ئادەم ئۆزىنى قوغدىيالمايدۇ.

— بۇنى ئۆگىنىشىم شۇنچە زۆرۈرمۇ؟

— ھەئە، مەلىكەم، ئوقىيا ئېتىشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز، شىكار قىلىپ ئاللا بەندىلىرىگە ئىنئام قىلغان سېخىي تەبىئەتنىڭ مەئىشەتلىرىدىن بەھرىمەن بولالايسىز. قىلىچۋازلىقنى ئۆگىنىۋالسىڭىز، ئالمادىس دۈشمەن باستۇرۇپ كەلسە، قورقماستىن تاقابىل تۇرالايسىز.

— قۇللۇق، شاھىم. ئوقىيا ئېتىشنى، قىلىچۋازلىقنى جەزمەن ئۆگىنىمەن. كىم ئۆگىتىدۇ؟

— كېنىزەكلەردىن شەمشىبانۇ بىلەن گۈلئايىم مەرگەن ھەم ماھىر قىلىچۋاز. ئۇلار سىز بىلەن كېنىزەكلىرىڭىزگە

ئۆگەتسۇن، مەنمۇ ئۆگىنىمەن. چۇچۇك سۇلتان بېگىم بىلەن كۆپرەك شىكارغا چىقىڭ.

— ماقۇل، شاھىم، بۇ تەلەپلىرى مېنى سېھىرلىك تەبىئەت دۇنياسىغا باشلاپ بارىدىغان بولدى.

ئابدۇرەشىدخان ئەنبەر ھىدى كېلىپ تۇرغان خوتۇنىنىڭ قارا چاچلىرىنى سىلىدى.

— يەنە نېمە قىلاي دەيسىز، مەلىكەم؟

— بىرنەچچە كىتاب يازاي دەيمەن.

ئامانىسا بېگىم ئېڭىكىنى ئابدۇرەشىدخانىنىڭ كۆكرىكىگە تىرىدى.

— قانداق كىتاب يازماقچى؟

— غەزەل ـ بېيىتلىرىمنى رەتلەپ، «دىۋانى نەفىسىي» نامى بىلەن بىر كىتاب قىلماقچىمەن. ئاندىن قىز ـ ئاياللار ئەخلاقى توغرىسىدا «ئەخلاقۇل جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق)ناملىق بىر كىتاب يازىمەن. سالامەتلىكىم يار بەرسە، يەنە «شۇرۇھۇل قۇلۇب» (قەلبلەر شەرھى) نامىلىق ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشى توغرىسىدا بىر رىسالە يېزىش ئويۇم بار.

— قارىغاندا بۇ كىتابلار كۆڭلىڭىزگە پۈتۈلۈپ بولغان ئوخشايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆمرىڭىزگە ئاللا بەرىكەت بەرسۇن، — ئابدۇرەشىدخان ئامانىسا خېنىمنى بېلىدىن قاماللاپ قۇچاقلىدى، — كىتاب ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قالىدۇ. يېزىڭ، مەلىكەم، يېزىڭ.

— ئاللا ئىگەم كۆڭلۈمگە پۈتۈپ قويغان ئوخشايدۇ، ئولتۇرسام ـ قوپسام شۇ توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزىمەن.

ئامانىسا بېگىم ئوتلۇق قوللىرى بىلەن ئېرىنىڭ يۈزىنى سىلىدى.

— كىتاب يازىمەن دەپ مېنى ۋە ئارام ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ، قەدىرلىكىم.

— ئۇنتۇپ قالسام، سىلى بارغۇ، شاھىم.

ئابدۇرەشىدخان ئامانىسا بېگىمنىڭ پىچىرلىغان لەۋلىرىگە سۆيدى.

## 6

ئامانىسا بېگىم ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىشكە شۇنچىلىك قىزىقىپ كەتتىكى، ئەتىگەن ۋە چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەشىق قىلىپ، بىر دەقىقىنىمۇ زايە قىلمايتتى. ئۇ قەسىر ھويلىسىدا بىر قانچە يەرگە ئورنىتىلغان قارانچۇقنى چەنلەپ ئوق ئۈزەتتى. ئوقنى نىشانغا تەگكۈزسە خۇشال بولۇپ چاۋاك چېلىپ كېتەتتى. تەگكۈزەلمىسە ئومۇاق لەۋلىرىدە گۈل پورىكى پەيدا بولۇپ، قاش ــ قاپاقلىرى سوزۇلۇپ، قولى بىلەن ماڭلاي چاچلىرى چۈشۈپ تۇرغان پېشانىسىغا ئۇرۇپ قوياتتى. بۇنىڭدىن شەمشىبانۇ كۈلۈپ كېتەتتى. گۈلئايىم بولسا يا كىرىچىنى چىڭ تارتىش، قارىغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قول ۋە يەلكىنى مىدىرلاتماي ئوق ئۈزۈش توغرىسىدا ئۇستاتلىق قىلاتتى.

ئابدۇرەشىدخان بۇ ئامراق خوتۇنىغا كۈمۈش ساپلىق كىچىك يەڭگىل قىلىچ، نەپىس ياسالغان يانى ئون توققۇز تال ئوقى بىلەن تەقدىم قىلغانىدى.

ئۇ ھەر كۈنى مەشىقتىن كېيىن ئارامگاھنىڭ مۇزىكا زالىغا چىقاتتى. مۇغەننىي قىز ــ ئايالالار بىلەن مۇقام ئورۇنلاپ ېڭىسىگە ئارام، كۆڭلىگە ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى ــ دە، ئارقىدىن خاس ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ قولىغا قەلەم ئالاتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ ناۋا مۇقامىنىڭ سېھىرلىك ساداسى ئاچقان تەپەككۇر خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىدىن ئۇنچىلەر چاچتى: «ئاللا ئىگەم ئادەمئاتىنى يارىتىپ، ھاۋائانىنى ياراتمىغان بولسا، دۇنيا گۈللەنمىگەن، ئاۋاتلاشمىغان بولاتتى. ھاۋائانىنى يارىتىپ ئۇنىڭ جامال دەرىخىگە گۈزەللىك، سۆلكەت ئاتا قىلمىغان، ئەقىل دېرىزىسى بولغان كۆزلىرىنى ئالەمنى كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە

قىلمىغان بولسا، قاراڭغۇ دىللىرىنى پاكلىق، ۋاپا بىلەن روشەنلەشتۈرۈپ، نازۇك قوللىرىنى چېۋەر، ئەۋرىشىم، هارماس پۇتلىرىنى سالماق قەدەم ئېيلەپ، ۋىجدان ـ غۇرۇر قىلىچى بىلەن ئىززەت ـ هۆرمىتىنى قوغداپ، هايا بىلەن نومۇسىنى ساقلاپ تۇرمىغان بولسا، تۇرمۇشمۇ مۇنداق رەڭدار بولمىغان، هاياتمۇ ئىنسانلار مېهرىنى ئۆزەلمەيدىغان دەرىجىدە يېقىملىق تۇيۇلمىغان بولاتتى.

قىز غۇنچە، چوكان ـ جۇۋانلار ئېچىلغان گۈلدۇر. گۈل ـ غۇنچىلارغا هەممە ئەركەكنىڭ نەزىرى چۈشىدۇ. نومۇس قالقىنى بىلەن لەۋەن چېهرىنى مۇهاپىزەت قىلىپ، ۋىجدان خەنجىرى بىلەن ئۆزارتىلغان قارا قوللارنى كېسىپ تاشلىيالىغان قىز ـ جۇۋانلار هەممىشە ئەتىۋارلىنىدۇ، خار بولمايدۇ. ئەكسىچە ئېچىلماي تۇرۇپ غۇنچىسىنى نابۇت قىلغان، توي كېچىسى ئېچىلىدىغان گۈلىنى ياۋا قولغا ئۆزدۈرۈپ قويغان قىز ـ چوكانلار كۆلپەت دەشتىدە خورلىنىدۇ...»

ئامانىنسا بېگىم هەربىر بابنى يېزىپ بولغاندا، ئابدۇرەشىدخانغا ئوقۇپ بېرەتتى، پىكرىنى ئالاتتى. ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك جايلارنى كۆرسىتىپ بەرسە، قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىپ ئاققا كۆچۈرەتتى.

ئىككى قىش، ئىككى ياز شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتتى.

ئامانىنسا بېگىم ئوقيا ئېتىشنى، قىلىچۋازلىقنى ئۆگىنىۋالدى. «ئەخلاقۇل جەمىلە» دېگەن كىتابىنىمۇ يېزىپ بولدى. ئۇ كاشغەرگە كەتكەن ئابدۇرەشىدخاننى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ئۇ: «قايتىپ كېلىپلا شىكارغا ئاچىقىمەن. ناخشا ـ مۇزىكىمىز بىلەن ئۇچار قۇشلارنى هەيران قالدۇرۇپ، دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇسسۇلغا سېلىپ كېلىمىز. ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ» دېگەنىدى. بىر ئايغا يېقىنلاشقان بولسىمۇ، تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى. بۇ بىر ئاي خانىش ئۈچۈن بىر يىلدىنمۇ ئۇزاق تۇيۇلۇپ، كۆزى ئىشىكتە بولۇپ قالدى.

شۇ تاپتا ساتار چىلىپ دېرىزە ئالدىدا ئولتۇراتتى. شامالدا يەلپۈنگەن ھاۋا رەڭ يىپەك رومىلى قارا چاچلىرى ياپقان بويىنىغا چۈشۈپ، تەتىللا جىلىتكىسى كۆپتۈرۈپ تۇرغان كۆكسىنى ياپتى. ئۇ «ئىشرەت ئەگىز» مۇقامىنىڭ ناخشا ـ بېيىتلىرىنى ئاستا ئوقۇۋاتاتتى، گويا بۇ لەرزان غەزەلى بىلەن ئابدۇرەشىدخاننى چاقىرىۋاتاتتى.

كۆن نۇرى دېرىزە پەردىسىدىن غايىب بولغاندا، ئامانىسا بېگىمنىڭ ئاشپىزى ئايشەمخان ئاچا بىر كېنىزەك بىلەن تاماق ئەكىردى. پەتنۇستىكى بىر چىنە چۆچۈرە بىلەن بىر جام سىركە، بىر قۇتا زىرە، قوشۇق قاتارلىق نەرسىلەرنى داستىخانغا قويدى.

— مەلىكە خېنىم، تاماق يەۋالسىلا.

— ئايشەمخان ئاچا، مەريەمنىسا ئاچامنى چاقىرىپ قويغان بولسىڭىز، تاماقنى بىنەمدا يېسۇن.

— مەلىكە خېنىم، مەريەمنىساخان بۈگۈن كەلمىدى. مىجەزى يوقمىكىن، بولمىسا ئەتىگەندىلا كېلەتتى.

«نېمىشقا كەلمىگەندۇ؟ ھېلى ئادەم ئەۋەتىپ باقاي» دەپ ئويلىغان ئامانىسا بېگىم چامغۇر، ئاشكۆكى سېلىپ ئەتكەن چۆچۈرىگە كۆز سالدى. ئۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى تاماق ئېتىشكە ياردەملىشىپ كېلىۋاتقان مەريەمنىسا بۇۋى بىلەن پاراڭلىشىپ تاماق يېيىشنى، قىزىقچىلىق قىلىپ ئېيتقان تاتلىق سۆزلىرىنى، ھېكايە، چۆچەكلىرىنى ياقتۇراتتى.

ئاشپەز ئايال دەھلىزگە چىقىشىغا يۈگۈرۈپ كىرگەن شەمشىبانۇ ئۇنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىۋېتىپ، خاس ھۇجرىغا ئېتىلىپ كىردى. ئۇنىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئېخى داستىخان يېنىغا كەلمىگەن ئامانىسا بېگىمگە قاراپ ئېغىر تىندى. شايى كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى تىزىغا باستۇرۇپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

— مەلىكە خېنىم، چۆچۈرىنى ئىچمەي ئوبدان قىلىپتىلا، —

دېدى ئۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ. ئۇنىڭ بېشىدا رومالمۇ يوق ئىدى، يۈگۈرۈپ كىرگۈچە چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، شەمشىبانۇ ئاچا؟ مەن مەرىيەمنىسا ئاچامنى ساقلاۋاتىمەن، — ئامانىنسا بىگىم ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن باقتى.

كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەن شەمشىبانۇ:

— مەن بۇ ئاشتىن گۇمانلىنىپ قالدىم، — دەپ قولى بىلەن چىنىنى كۆرسەتتى.

— نېمىشقا؟ — سورىدى خانىش تېخىمۇ ئەجەبلىنىپ.

— مەلىكە خېنىم، سىلى بىلمەيدىلا، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ، — گۈلئايىم قەسىرلىرىگە كەلگەندىن باشلاپ نېمە ئۈچۈندۇر مەن ئۇرۇنلىيالمىغان سۈيىقەستنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى كەلگەندەك بىلىنىپ، تۈيدۈرماستىن ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا كۆز سېلىپ يۈرگەنىدىم. ئۇ مەندىنمۇ ئۇستا كېلىپ، ئۆزلىرىگە يېقىنلىشىۋالدى، خىزمەتلىرىنى قىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ بىرقانچە قېتىم چۈچۈك سۆلتان بىگىمنىڭ قەسىرىگە خۇپىيانە بېرىپ كەلگىنىنى سېزىپ قالدىم. پېيىگە چۈشكىنىمنى زادى بىلدۈرمەي يېقىنلاشتىم، دوستلۇق ئىزھار قىلىپ، نەرسە ـ كېرەك تەقدىم قىلىپ، كۆڭلۈمنى شۇنچە يېقىن تۇتساممۇ، ئۇ ماڭا سىر بەرمىدى، مەندىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇۋالدى. گۇمانىم كۈچىيىپ، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىشنى داۋام قىلدىم. لېكىن، گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتلىرىدىن بىرەر شۈملۈقنىڭ ئالامىتىنى سېزەلمىدىم. «بىكار گۇمان قىپتىمەن» دەپ ئويلىساممۇ، ئۇنىڭ ھەرقانداق ھەرىكىتىنى كۆزدىن ساقىت قىلمىدىم. يىللار ئۆتتى، — شەمشىبانۇ سۆزدىن توختاپ يەنە چىنىدىكى چۆچۈرىگە قادىلىپ قالدى، — مەلىكە خېنىم، يېقىندىن بۇيان گۈلئايىم ئاشخانىغا كۆپرەك كىرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ پېيىگە يەنە چۈشتۈم. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سىلى ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كەتتىلە. گۈلئايىم ئۇخلايمەن دەپ

ھۇجرىسىغا ماڭدى. كېنىزەكلەرمۇ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى. نېمە ئۈچۈندۇر ياتقۇم كەلمەي پېشايۋاندا غېجەك چېلىپ ئولتۇردۇم. بىر چاغدا گۈلئايىم چىقىپ، مېنى كۆرۈپ ئىتتىكلا كەينىگە ياندى. غېجەكنى قويۇپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالغاندىم، بىر چاغدا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بېشىمنى شىلدىرشاپ بىلەن ئورىۋالغاندىم، قاتتىق ئۇخلاپ قالغان كىشىدەك پۇشۇلداپ تىنىپ ياتتىم. گۈلئايىم ھۇجرىسىدىن چىقتى، ئاياغ تىۋىشى بارا - بارا ئاڭلانماي قالدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدىم، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى، بىردەم يېتىپ بېقىپ تۇرۇپ كەتتىم، ئېسىمگە كەلمىگەن ئىشلار كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئاشخانىغا كىرىشنى يا سىلىنىڭ يانلىرىغا كىرىشنى بىلەلمەي ئىچىم تىتىلداپ كەتتى. ئاشخانىغا دەررۇ كىرسەم، پايلاپ يۈرگىنىمنى بىلىپ قالاتتى. يامان نىيەتلىك بولماي چىقسا، ئۇنىڭغا ئازار بەرگەن ۋە ئۆزۈمگە ئىش تاپقان بولۇپ قالاتتىم. شۇڭا، خېلى ۋاقىت ئۆتكۈچە ئاشخانىغا كىرىشكە پېتىنالمىدىم. ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇر بىر ئىش يۈز بېرىدىغاندەكلا كۆڭلۈم ئۇيۇپ، ئاخىر بولالماي بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئاشخانىغا كىردىم. ئايشەمخان ئاچام ئۇگرە كېسىۋاتقان، ياردەمچىسى قازانغا قاراۋاتقان، گۈلئايىم سۇپىدا ئولتۇرۇپ چۆچۈرە تۈگۈۋاتقاندى. مېنى كۆرۈپ ھۇپپىدە قىزاردى - يۇ، شۇ ھامان كۈلۈپ:

— ئەجەب ئاشخانىغا كىرىپ قالدىڭىز، — دېدى.

— ئايشەمخان ئاچامغا ياردەملىشەي دەپ كىرگەن، سەنمۇ بۇ يەردە ئىكەنسەنغۇ، — دېدىم. ئۇ دۇدۇقلاپ قالدى - دە، ئۆزىچە كۈلۈۋەتتى. مەن گەپ قىلماي كەينىمگە ياندىم. قەسىر ھويلىسىغا چىقىپ، پېشايۋاندا ئوينىشىۋاتقان ئەركەك - چىشى مۇشۇكلەرگە قاراپ بىردەم تۇردۇم. مۇشۇكلەر بىر - بىرىنىڭ قۇيرۇقلىرىنى چىشلىشەتتى، تاقلاپ سەكرىشەتتى، بىر - بىرىنى قوغلىشاتتى. چىشى مۇشۇك ئاستا سوزۇلۇپ ماڭدى، ئەركەك

مۇشۇك كەينىدىن كېلىپ بېسىۋالدى ...

شۇ چاغدا ئاشخانىدىن چىققان گۈلئايىم ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. كۆرمىگەن بولۇپ تۇرىۋەردىم، قانداقتۇر ئەنسىز بىر تۇيغۇنىڭ دەۋىتى بىلەن ئاشخانىغا يەنە كىردىم. جانان چىنىگە لىقمۇلىق ئۇسۇلغان چۆچۈرىنى پەتنۇسقا قويۇپ كۆتۈرگەن ئايشەمخان ئاچام ماڭا قاراپ قويۇپ، ياردەمچىسى بىلەن چىقىپ كەتتى. نېمىشقىدۇر زادى ئۇلتۇرالماي قالدىم. «ئاشۇ چۆچۈرىدە بىر گەپ بار» دېگەن ئوي ئاخىر مېنى يانلىرىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلدى. مەلىكە خېنىم، چۆچۈرىگە ئېغىز تەگمەي تۇرسىلا.

شەمشىبانۇ سۆزىنى توختىتىپ، بىر پىيالىگە چىنىدىن ئىككى تال چۆچۈرە بىلەن ئىككى قوشۇق سۇيىنى ئېلىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— شەمشىبانۇ ئاچا، نەگە بارىسىز؟ گۇمان ئىمانىنى قاچۇرىدۇ، دېگەن گەپ بار، سىز ئويلىغاندەك ئەمەسمىكىن، — ئامانىسا بېگىم ئۇنى توختاتتى.

— مەلىكە خېنىم، رۇخسەت قىلسىلا. بۇ چۆچۈرىنى مۇشۇككە يېگۈزۈپ باقاي. ئەگەر گۇمانىم يوققا چىقسا، مېنى جازالىسىلا، كېيىن لېۋىمىزنى چىشلەپ قالمايلى.

ئامانىسا بېگىم خالىمايراق بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئەندىشە پەيدا بولغانىدى.

شەمشىبانۇ ئۇزاق ئۆتمەي قايتىپ كىردى، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— مەلىكە خېنىم، ئاشقا زەھەر سېلىۋېتىپتىكەن، مۇشۇكلەر يەپ ھايال ئۆتمەي ئۆلدى.

— ۋاي ئىسىت، ئىككىلا مۇشۇك ئۆلدىمۇ؟ — ئامانىسا بېگىمنىڭ چىرايىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى.

— ھويلىدا ئويناۋېتىپتىكەن، قويۇپ بەرسەم تالىشىپ يەپ ... — بوقۇلداپ يىغلىدى شەمشىبانۇ.

ئامانىسا بېگىم ئۇنىڭ بىلەن قەسىر هويلىسىغا چىقتى. گۇگۇم چۈشكەن بولسىمۇ، ئەتراپ يەنىلا يورۇق ئىدى.

گۈللۈكنىڭ يېنىدىكى ئالما دەرىخى تۈۋىدە ئىككى مۈشۈك سۇنايلىنىپ ياتقان، ئاغزىدىن كۆپۈك كېلىپ، پۇتلىرى تارتىشىپ قالغانىدى.

— بىچارە مۈشۈكلىرىم ... — ئامانىسا بېگىم زوڭ ئولتۇرۇپ، مۈشۈكلەرنىڭ تىكەنلىشىپ قالغان ئۈچىسىنى سىلىدى، كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى. ئۇ بىردىنلا ئىتتىك تۇرۇپ:

— شەمشىبانۇ ئاچا، بۇنى باشقىلار كۆرۈپ قالسا بولمايدۇ. دەرھال يۆگەپ ئاچىقىپ، خالىيىراق يەردىكى دەرەخ تۈۋىگە كۆمۈۋېتىپ كىرىڭ. سىزگە ئېيتىدىغان گېپىم بار، — دېدى.

كېنىزەكلەر ئۈزلىرىنىڭ ئاشخانىسىدا كەچلىك تاماق يەۋاتقاچقا، قەسىر هويلىسى تىمتاس ئىدى. مەريەمنىسا بۈۋى ئىككى ياشلىق قىزىغا قىزىل چىقىپ قالغاچقا كېلەلمىگەنىدى.

ئامانىسا بېگىم تاماقخانىسىغا كىرىپ، چۆچۈرە ئۇسۇلغان چىنىگە تەخسە يېپىپ قويدى. «گۈلئايىمنى بۇ سۇيىقەستنى قىلىشقا چوڭ خانىشنىڭ بۇيرۇغانلىقى ئېنىق. ئۇ نېمىشقا ماڭا مۇنچە دۈشمەنلىك قىلىدىغاندۇ؟ سۇلتان كاشغەردىن كەلسە، ئېيتىپ ئەدىپىنى بىر بەرمىسەم ...» ئۇ بىردەم ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ، بۇ قارارىدىن يېنىۋالدى. «ياق، سۇلتانغا ھەرگىز دېمەسلىكىم كېرەك. ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن ئالتە شاھزادىنىڭ ئانىسى ئەمەسمۇ. سۇلتاننىڭ غەزىپى تۇتۇپ قالسا، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. بۇ ئىش توغرىسىدا ھېچكىمگە ئېغىز ئاچماي. ھەممىگە قادىر ئاللا ئىگەم ئۆزى بىر نېمە دەر.»

شەمشىبانۇ كىرگەندە ئامانىسا بېگىم ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇد چېلىپ ئولتۇراتتى، پەقەت قارا كۆزلىرى مۆلدۈرلىنىپ قالغانىدى. ئۇ شەمشىبانۇدىن:

— هويلىدا ئادەم بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يوق، مەلىكە خېنىم.
— بۇ چۆچۈرىنىمۇ دەرەخ تۈۋىگە كۆمۈۋېتىپ كىرىڭ.
— ماقۇل.
شەمشىبانۇ تەخسە يېپىقلىق چىنىنى ئېلىپ ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى گىلاس دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈۋېتىپ كىردى.
— بۇ توغرۇلۇق ھېچكىمگە تىنىماڭ، ئاچا، — دېدى دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان ئامانىسا بېگىم جىددىي تۇستە.
— ماقۇل.
— ھەتتا ئېرىڭىزگىمۇ ئېيتماڭ، ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا سىر بولۇپ قالسۇن.
— ئېيتمايمەن، مەلىكە خېنىم.
— بۇ ئىش سىرتقا يېيىلىپ كەتسە، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. ئەگەر بىرەرىگە دەپ سالسىڭىز، سىزنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن. بۇنى ئېسىڭىزدە مەھكەم تۇتۇڭ.
— ماقۇل، مەلىكە خېنىم، ھېچكىمگە تىنمايمەن، — شەمشىبانۇ ئويلىمۇېلىپ سورىدى، — سۇلتان ئالىيلىرىغىمۇ ئېيتمامدىلا؟
ئامانىسا بېگىم دېرىزە ئالدىدىن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.
— ھەئە، ئېيتمايمەن، ئاچا.
خانىشنىڭ بۇ گېپى ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى ۋە ئويلاندۇرۇپ قويدى: «شۇنچە دۈشمەنلىك قىلمۇاتسىمۇ، بۇنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆتكۈزۈۋېتىشىدە مەلىكە خېنىمنىڭ نېمە مۇددىئاسى باردۇ؟ دۈشمىنىنى قانات ئاستىغا ئېلىشتا قانداق مەقسەتكە يەتمەكچىدۇ؟ ...»
شەمشىبانۇ خانىشنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، دېدى:
— مەلىكە خېنىم، بۇ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس. جانلىرىغا تەگمەكچى بولغان سۈيىقەست تۇرسا، شۇنداقلا باستۇرۇپ قويسىلا قانداق بولار؟

— ھېچقانداق بولمايدۇ، ئاچا. خانىدانلىقىمىز ئۈچۈن، مەن ئۈچۈن، سىز ئۈچۈن قۇتلۇق ئىش بولىدۇ.

— مۇنداق دېسىلە، مەلىكە خېنىم، چۈشەندىم. كۆڭۈللىرى سۇتتىنىمۇ ئاق ئىكەن.

— ئاچا، ئەمدى چىقىپ گۈلئايىمنى چاقىرىپ قويىسىڭىز، مەن ئۇنىڭ پاراكەندە كۆڭلىنى ئارامىغا چۈشۈرۈپ قوياي، — ئامانىنىسا بېگىم قولىغا ساتارنى ئالدى.

— تاماق يەۋالسىلا بولاتتى، مەلىكە خېنىم، — دېدى شامدانلاردىكى شامنى يېقىپ قويغان شەمشىبانۇ كۆيۈنۈپ.

— بىر نەرسە يېگۈم يوق، سەل تۇرۇپ مېۋە - چېۋە يەرمىز، ئاچا.

شەمشىبانۇ چىقىپ كەتتى. ئامانىنىسا بېگىم ساتارنىڭ پەدىسىنى تۈزەپ «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى باشلىدى. ئۇ ئابدۇرەشىدخاننى سېغىنغان چېغىدا دائىم مۇشۇ مۇقامنى چالاتتى. ئۇنىڭ ئېرىنى كۆرگۈسى، تەسەللىسىنى ئاڭلىغۇسى كەلگەنىدى. مانا شۇنداق دىلى ئاغرىغان چاغلاردا سۇلتانىنىڭ ئۆز يېنىدا بولۇشىنى خالايتتى.

ئىشىك بوش چېكىلدى.

— كىرىڭ.

گۈلئايىم پۇتلىرىنى بوسۇغىدىن ئېلىپ ئېگىلگىنىچە تۇردى. ئۇنىڭ چىرايى غەلىتە بولۇپ كەتكەنىدى.

— كېلىڭ، گۈلئايىم، بۇ يەردە ئولتۇرۇڭ، — ئامانىنىسا بېگىم يېنىدىن جاي كۆرسەتتى.

گۈلئايىم كۆزىنى يەردىن ئالماي، بىر قەدەم مېڭىپلا تۇرۇپ قالدى.

— نېمە بولدىڭىز، گۈلئايىم؟ كېلىپ ئولتۇرۇڭ.

گۈلئايىمنىڭ پۇتلىرى تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— مەلىكە خېنىم، مەن ... — ئۇ دۇدۇقلاپ كۆرپىدىن بىر

قەدەم نېرىدا يۆكۈندى.
— گۆلئايىم !
— خوش ... — ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە بوش چىققىنىكى، لېۋىنىڭ مىدىرلىغىنى كۆرۈندى، ئاۋازى ئاڭلانمىدى.
— گۆلئايىم، نېمە بولدىڭىز، نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ ئەمدى خاۋاتىرلەنمەڭ. ئاللاغا، سىزگە، ماڭا مەلۇم بولغان قورقۇنچلۇق ئىش ئۆتۈپ كەتتى. ئاللادىن باشقا ھېچ بەندە بىلمەي قالدى.
— نېمە، نېمە دېدىلە، مەلىكە خېنىم؟ مەن، مەن ... — گۆلئايىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ پۇشايمان قىلغان، نەچچە يىلدىن بېرى پەيتىنى كەلتۈرەلمەي، مانا بۈگۈن پەيتى كەلدى دەپ قىلغان سۇيىقەستى نەتىجىسىز ئاخىرلىشىپ، ئۆزىمۇ ئاشكارىلىنىپ قالغان، «ھېچكىمگە تۆيدۇرمايمەن» دەپ چۈچۈك سۇلتان بېگىمگە بەرگەن ۋەدىسى ۋە ئۇنىڭدىن ئالماقچى بولغان ناھايىتى كۆپ ئىنئام كۆپۈككە ئايلانغانىدى.
— گۆلئايىم، بۇ قورقۇنچلۇق ئىشنى ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن قىلمىدىڭىز، باشقا بىر كىشى قىلدۇردى. خۇدايىم ساقلاپ، ھېچ ئىش بولمىدى ھەم ھېچكىم بىلمىدى. ئەمدى قورقماڭ، بۇ ھەقتە بىر كىشىگىمۇ ئېيتقۇچى بولماڭ. سۇلتان بىلىپ قالمىسىلا، سىزگە پېشكەللىك كەلمەيدۇ، — دېدى ئامانىسا بېگىم ئىغىر - بېسىقلىق بىلەن.
— مەلىكە خېنىم، سۇلتانغا بۇ ئىشنى ئېيتمامدىلا؟ — گۆلئايىم ئىككى قولىنى كۆرپىگە قويۇپ مۆلدۈرلەپ قارىدى.
— ئېيتمايمەن، گۆلئايىم. بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق سۇيىقەستتە بولمىسىڭىزلا، يەنىلا خىزمىتىمگە سالىمەن.
خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولغان گۆلئايىم لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ، دېدى:
— سىلى بىلىۋاپتىلا، مەلىكە خېنىم. ئەسلىدە مېنىڭ

مۇنداق قىلىش ئويۇم يوق ئىدى. مەلىكە چۈچۈك...
— بولدى، ئۇنىڭ ئىتىنى ئاغزىڭىزغا ئالماڭ. بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىڭ.
— مەلىكە خېنىم، مېنى كەچۈردىلىمۇ؟ — گۈلئايىم مىڭبىر پۇشايمان بىلەن يىلىنىپ سورىدى.
— كەچۈردۇم. ئاللا ئىگەممۇ كەچۈرسۇن.
— رەھمەت، مەلىكە خېنىم، ماڭا قايتىدىن ھاياتلىق بەردىلە. ئاللا سىلىنى مەڭگۈ ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن.
گۈلئايىم يامغۇردەك تۆكۈلۈپ، ئامانىسا بېگىمنىڭ ئايىغىغا باش قويدى.

## 7

پايتەختنىڭ ئالتۇن دەۋازىسىدىن ئۆتكەندە چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ ئەندىشىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا مەيدە ئامانىسا بېگىم بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئالدى ـ كەينىدە شاھزادىلەر، كېنىزەكلەر، ياساۋۇللار، قىدىرخان باشلىق دۆلەت ئەربابلىرى مېڭىشقانىدى.
بۈگۈن ناماز پېشىن بىلەن ناماز دىگەرنىڭ ئارىلىقىدا، كاشغەردىن كېلىۋاتقان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئاتلانغان بۇ ئوردا ئەھلىگە پايتەختنىڭ نۇرغۇن ئاھالىسىمۇ ئەگەشكەنىدى.
پايانسىز ئاسماننىڭ شەرقى تۇتۇق، غەربى ئوچۇق ئىدى. غەربكە سىلجىغان قۇياشنىڭ ئوتلۇق نۇرى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تېرەك، سۆگەت دەرەخلىرىنىڭ يېشىل ياپراقلىرىغا زەردەك چېچىلاتتى. شەرقتىن ئەسكەن شامالدىن يامغۇرنىڭ سالقىنى ئۇرۇلاتتى. مەيىنىڭ پەردىلىرى ھىلپىرلاپ كۆتۈرۈلەتتى.
ئامانىسا سۇلتان بېگىم ئات تۇيىقىدىن ئۆرلىگەن چاڭ ـ

تورانىنىڭ مەيە ئىچىگە كىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پەردىنىڭ بىر ئۇچىنى ئالىقىنى بىلەن بېسىۋالدى.

— مەلىكە ئاچا، بىئارام كۆرۈنىدىلا، مىجەزلىرى يوق ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ئۇ مەيىنىڭ ئەينەكلىك كۆزنىكىدىن چۈشۈپ تۇرغان يورۇقتا سارغىيىپ قالغاندەك كۆرۈنگەن چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ غەمكىن چىرايىغا سەپسېلىپ.

— ھەئە، سىڭلىم، بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ.

چوڭ خانىشنىڭ سىڭلىم، دەپ ئاتىشىدىن سۆيۈنگەن ئامانىسا سۇلتان بېگىم:

— ئوردا تېۋىپىغا كۆرۈنۈپ باقسىلا، — دېدى كۆيۈنۈپ.

— نېمە ئۈچۈندۇر ئاغرىپ قالسام تېۋىپقا كۆرۈنگۈم كەلمەيدۇ. دورىغا ئۆچ مەن، سىڭلىم.

چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئوڭايسىزلانغان ھالدا: «راست دەۋاتامسەن، ھېلى سۇلتان كەلگەندە بىلىنىدۇ. گۈلئايىمغا بۇيرۇپ ئېشىمغا زەھەر سېلىپ بەردى، دەپ چاقمىغىنىڭنى كۆرەي. بۇ قېتىم سۇلتان ماڭا رەھىم قىلمايدۇ ...» دەپ ئويلاپ كۆزىگە ياش ئالدى ۋە قايرىقلىق رومىلىنى يۈزىگە چۈشۈرۈۋالدى.

ئامانىسا سۇلتان بېگىم ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى ھېس قىلىپ، قولى بىلەن بېسىپ ئولتۇرغان پەردىنى قويۇۋەتتى. «مەن سىلى ئويلىغاندەك ئۇنداق كۆڭلى قارا خوتۇن ئەمەس، مەلىكە. سىلى ئالتە شاھزادىنىڭ ئانىسى، سىلىگە ھەرگىز يامانلىق قىلمايمەن، كېيىن بىلىپ قالىدىلا ...»

غىچىرلاپ كېتىۋاتقان مەيە توختىدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى كەلدى، — خەۋەر بەردى مەيە يېنىدا ئاتتىن چۈشكەن گۇلسارە.

ئىككىلا خانىشنىڭ يۈرىكى بىر قوزغىلىپ، چىرايى تەڭلا ئۆزگەردى. ئامانىسا سۇلتان بېگىم ئەڭ سۆيۈملۈك جورىسى بىلەن دىدار كۆرۈشىدىغانلىقى ئۈچۈن سۆيۈنۈپ ھاياجانلانغان

بولسا، چوڭچوك سۇلتان بېگىم ئەڭ قەدىرلىك ھەمراھىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن ئەنسىرەپ ۋەھىمىدە قالغانىدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئاتتىن چۈشتى. ئۇ دەسلەپ بىرنەچچە يۈز مۇرىتى بىلەن ئىستىقبالىغا چىققان خوجا مۇھەممەديۇسۇف بۇزرۇكۋار بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن قىدىرخان باشلىق دۆلەت ئەركانلىرى، ئوغۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر چەتتە كېنىزەكلىرى بىلەن تۇرغان خانىش، چۆرىلەر بىلەن تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى. چوڭچوك سۇلتان بېگىمدىن ئالاھىدە ئەھۋال سورىدى. ئامانىنىسا سۇلتان بېگىم ئابدۇرەشىدخاننىڭ مېھىرلىك نەزىرىدىن «سىزنى بەك سېغىندىم، دىدارىڭىزنى كۆرگىنىم ئۈچۈن شۈكۈر» دېگەن مەنىنى ئۇقۇپ، خۇددى شۇنداق مەنىدە تەلمۈرۈپ سۆيگۈ - مېھرىنى ئىزھار قىلدى.

ئوردىغا قەدەم باسقان ئابدۇرەشىدخان دۆلەت ئەركانلىرىغا رەھمەت ئېيتىپ، ھەرەم تامان ماڭغاندا، چوڭچوك سۇلتان بېگىمنىڭ ئەندىشىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى: «سۇلتان بۇ قېتىم مېنىڭ قەسرىمگە ئەمەس، ئۇنىڭكىگە چۈشىدۇ. مېنى قانداق جازالاش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىدۇ. ئاھ، خۇدا! ئاجىزەڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن...»

ئابدۇرەشىدخان چوڭ خانىشنىڭ ئويلىغىنىدەك قىلمىدى، بەلكى ئۇدۇل ئۇنىڭ قەسرىگە باردى. ئابدۇلكېرىمخاندىن باشقا تۆت ئوغلى بىلەن بىللە تاماق يېدى. خاس ھۇجرىغا كىرگەندىن كېيىن شاھانە تونىنى سېلىۋېتىپ، سورىدى:

— مەلىكەم، نېمە بولدىڭىز مەيۈس كۆرۈنىسىز؟

چوڭچوك سۇلتان بېگىم ئۇنىڭغا بىر جام شەربەت سۇنۇپ بېرىۋېتىپ كۆلمەكچى بولدى - يۇ، جاۋىغىيدا سوغۇق تەبەسسۇم قېتىپ قالدى.

— يېقىندىن بېرى بېشىم ئاغرىيدىغان، ئىچىم سىقىلىدىغان بولۇپ قالدى، شاھىم.

— نېمىشقا؟

— بالىلارنىڭ غېمىنى يەپ، ئارتۇقچە باش قاتۇرۇپ كەتكەنلىكىمدىن بولسا كېرەك، — دېدى ئۇ. كۆڭۈلداشلىقى كۆچىيىپ، قىلىپ قويغان ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ، مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى قانداقمۇ دېيەلىسۇن؟

— بالىلىرىمىز ياخشى تەربىيە تاپتى. ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يۇرت سورىغۇدەك بولۇپ قالدى، مەلىكەم. ئۇلارغا مەملىكىتىمىزنىڭ بىرقانچە چوڭ ۋىلايەتلىرىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرمەكچىمەن. سىز مۇنداق غەم قىلىپ ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويىسىڭىز بولمايدۇ. بالىلار ئۈچۈنمۇ، مەن ئۈچۈنمۇ سىز ناھايىتى ئوبدان تورۇشىڭىز كېرەك، — ئابدۇرەشىدخان ئۇنى تارتىپ ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرغۇزدى.

— شاھىم، بالىلىرىمىزغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىدىغان ۋىلايەتلەر قايسىلار؟ — سورىدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم سۇلتانىنىڭ مۇنداق مۇلايىم، مېھىر - مۇھەببەتتى تۆكۈلۈپ تۇرغان مۇئامىلىسىدىن كۆڭلى ئېچىلىپ. ئۇ ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۇچىسىنى سىلاپ قوللىرىنى مەڭزىگە ياقتى.

— ئوغلۇم ئابدۇرېھىم سۇلتان يېقىندا تېبەتكە باردۇ، تاغىسى ئىسكەندەر سۇلتانغا ياردەملىشىپ ئۇيراق دىيارىنى ئادالەت بىلەن گۈللەندۈرىدۇ. ئوغلۇم ئىبراھىم سۇلتان مەرھۇم مىرزا ئوبۇلھادىبەگ ئورنىغا ھاكىمبەگ بولۇپ كاشغەر دىيارىغا بارىدۇ. ئەبۇسەئىد سۇلتان يېڭىسارغا ھاكىمبەگ بولۇپ بارىدۇ. ئوغلىمىز مۇھەممەدخان خوتەنگە بارىدۇ. يەنە ئابدۇللا سۇلتان تۇرپان دىيارىغا بارىدۇ. پەرزەنتلىرىمىزگە ئاشۇ ۋىلايەتلەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرمەكچىمەن، قەدىرلىكىم. سىزنىڭ يەنە قانداق مەسلىھەتىڭىز بار؟ — دېدى ئابدۇرەشىدخان بالىلارنىڭ ئانىسى بولغان خانىشقا ياخشى تىلىكىنى بىلدۈرۈپ.

— سۇلتانىم، بالىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى يېنىمىزدىن

كېتىدىكەنغۇ، سىلى چىدىغان بىلەن مەن چىدىيالمايمەن، — چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ ياشلىرى ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالىقىنىغا ئېقىپ چۈشتى، — ئۇ باللار مېنىڭ باغرىمنى يېرىپ چىققان.

— توغرا دېدىڭىز، مەلىكەم. سىز پەرزەنتلىرىمىزگە ئانا. بىزگە ۋەتىنىمىز ئانا. ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنى ناھايىتى چوڭ. باللىرىمىز مانا شۇ كاتتا خانلىقنىڭ ۋارىسلىرى. ئۇلار بۇ كاتتا خانلىقنىڭ ھەرقايسى يۇرتلىرىدا تۇرۇشى، ۋەتەن، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىشى، ۋەتەن، يۇرتىنى گۈللەپ ياشنىتىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىشى كېرەك. مۇنداق بولمىغاندا، ۋەتىنىمىز روناق تاپماي، مەملىكىتىمىز خارابلىشىپ، خانلىقىمىز پارچىلىنىپ كېتىدۇ. ئاللا ئالدىدا گۇناھكار، تارىخ ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ قالىمىز. شۇڭا، بىز ئاتا ـ ئانىلىق مېھرىمىز بىلەن باللارغا دۇئا بېرىپ، رازىلىق بىلەن ئۇزىتىشىمىز زۆرۈر. خۇدا خالىسا باللىرىمىز بىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ، پات ـ پات كېلىپ يوقلاپ تۇرىدۇ، قەدىرلىكىم.

چۈچۈك سۇلتان بېگىم نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. رازى بولماقتىن باشقا چارە يوق، رازى بولمىسا سۇلتاننى نارازى قىلىپ قوياتتى. يىللاردىن بېرى ئۆچۈشكە يۈزلەنگەن مېھىر ـ مۇھەببەت ئوتى قايتا يېلىنجاشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭغا سۇ سېپىپ ئۆچۈرۈپ قويسا بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى قىل ئۈستىدە تۇراتتى. شۇڭا، ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۈچىسىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— سۇلتانىم، مەن رازى، باللىرىمنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، — دېدى ـ يۇ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىماڭ، قەدىرلىكىم، يەنە نېمىشقا يىغلايسىز؟ — ئابدۇرەشىدخان ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ تەسەللى بەردى.

— سىلىنىڭ مەن بىلەن كارلىرى بولمايۋاتىدۇ، قەدىرلىك شاھىم، — دېدى خانىش يېشىنى سۈرتۈپ.

— ئۇنداق ئەمەس، مەلىكەم، ھەممە ئىشتا سىزنى كۆزدە تۇتىمەن. خاتا ئويلاپ قاپسىز، مەن سىزنى قەدىرلەيمەن، مەلىكەم.
— بۇنى بىلىمەن، شاھىم. ئەمما كۆڭلۈمدىكى بىر گېپىمنى ئېيتسام خاپا بولمىسىلا، — دېدى چوچۇك سۇلتان بېگىم شىۋىرلاپ.
— ئېيتىڭ، مەلىكەم، خاپا بولمايمەن.
— مەن كىچىكىمدىن شىكار قىلىپ ئۆگەنگەن. يېقىنقى يىللارغىچە دائىم بىللە شىكارغا ئاچىقاتتىلە. بىر يىلدىن بېرى ئاماننىسا سۇلتان بېگىمنى بىرقانچە قېتىم شىكارغا ئاچىقتىلا، مېنى ئۇنتۇپ قالدىلا.
ئابدۇرەشىدخان كۈلدى.
— شۇنىڭغىمۇ يىغلىغان بارمۇ، مەلىكەم. ئالدىمىزدىكى ھەپتىدە شىكارغا چىقىمىز. بىللە ئاچىقاي، بولامدۇ؟
— سىلى بىلەن بىللە شىكارغا چىقسام، شىكار قىلغاندەك بولىمەن، شاھىم.
چوچۇك سۇلتان بېگىم ئوتلۇق كۆكسى بىلەن ئۇنىڭغا يۆلەندى. ئۇ مۇشۇ دەم بارلىقىنى ئابدۇرەشىدخانغا يېقىشنى، ئۇنى ئۆزىگە مايىل قىلىشنى، مۇشۇ بىر كېچە بولسىمۇ ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنى شۇنچە خالايتتى. ئەندىشىلىك پاراكەندە كۆڭلىدىن غەم - غۇسسىلەرنى نېرى قىلىدىغان شۇ ئوتلۇق مىنۇتنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. يۈرىكى بولسا ئەنسىز تېپچەكلىمەكتە ئىدى.
— مەلىكەم، — ئابدۇرەشىدخان ئۇنى باغرىغا تاڭدى، — بۇندىن كېيىن سىزنى شىكارغا بىللە ئاچىقىمەن.
— راستىمۇ، شاھىم؟
— راست، مەلىكەم. مەن سىزگە قاچان يالغان سۆزلىگەن. شۇنى بىلىپ قېلىڭكى، بۇ چاغقىچە سىزنى ئالداپ باقمىدىم،

مېنىڭ يامان كۆرىدىغىنىم ئالدامچىلىق.
چوڭچوڭ سۇلتان بېگىم چۆچۈپ، تاتارغان يۈزىنى ئابدۇرەشىدخاننىڭ مەيدىسىگە قويۇۋالدى.
— بىلىمەن، شاھىم. مېنى كەچۈرسىلە.
ئابدۇرەشىدخان مەمنۇنلۇق بىلەن ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيدى.
— ئامانىسا سۇلتان بېگىم ئوقىيا ئېتىشنى، قىلىچۋازلىقنى ئۆگىنىۋالدى، ئەمما سىزگە يەتمەيدۇ. شىكارغا بىللە چىقسا كۆڭلىڭىزگە كەلمەيدىغاندۇ؟
— كۆڭلۇمگە كەلمەيدۇ، ئۇمۇ سىلىنىڭ خانىشلىرى تۇرسا.
— ئۇ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، بىلىملىك، قەيسەر ئايال، مەلىكەم. سىزگە بولغان ھۆرمىتىمۇ سەمىمىي. سىز بىلەن بىللە شىكارغا چىقسا بېشى كۆككە يېتىدۇ.
— شاھىم، بىللە ئاچىقايلى، ئۇنىڭغا مەن قايىل، بۇ يۈرەك سۆزۈم.
«ئىلاھا شۇنداق بولۇشىغا نېسىپ قىلغىن» دەپ كۆڭلىدە ئىلتىجا قىلدى چوڭچوڭ سۇلتان بېگىم دەككە ـ دۈككىدە.
ئۇلار ئۇزاققىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ يېتىپ قېلىشتى.
ئەتىسى ئابدۇرەشىدخان ئورنىسا سۇلتان بېگىم قەسرىدە قونۇپ قالدى.
ئۆگۈنى ئامانىسا سۇلتان بېگىم قەسرىگە كەلدى. ئۇنىڭ ساغلام ۋۇجۇدىدىن غەيرەت ـ جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ كېنىزەكلەر، مۇغەننى قىز ـ ئاياللاردىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ ھەممەيلەننى مىننەتدار قىلدى. تاماق يەپ، نامىزىنى ئوقۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئالاھىدە تەييارلانغان مۇقامنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئارامگاھ سارايىنىڭ مۇسىقا زالىغا كىردى.
ئابدۇرەشىدخان بىر يەرگە بېرىپ كەلگەندە، خانىش ـ چۆرىلەر ئەڭ ياخشى تاماق، مېۋە ـ چېۋە، ناز ـ كەرەشمە بىلەن

كۆتۈۋالسا، ئامانىنىسا سۇلتان بېگىم ئالاھىدە تەييارلىغان مۇقام بىلەن كۆتۈۋالاتتى. ئۇ بۇ ۋاقىتقا قەدەر «سۇلتان كېلىپلا مېنىڭ قەسىرىمگە چۈشمىدى» دەپ خاپا بولۇپ باقمىغانىدى. ئابدۇرەشىدخانمۇ سەپەردىن كەلگەندە، بىرىنچى كۈنى چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ، ئىككىنچى كۈنى نۇرنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ، ئۈچىنچى كۈنى ئامانىنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ، ئاندىن چۆرىلەرنىڭ قەسىرىگە چۈشۈش ئادىتىنى ئۆزگەرتمەي كېلىۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ ھەرەم شارائىتى پەيدا قىلغان ئائىلە نىزامى بولۇپ، خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئىناق ئۆتۈشى ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى. بۇنى ئامانىنىسا سۇلتان بېگىم ئوبدان بىلگەچكە، سېغىنىپ كەتسىمۇ، كۆنداشلىقى تۇتسىمۇ تاپا - تەنە قىلمايتتى. قەستكە ئۇچرىغان چاغلىرىدىمۇ، ئۆز نۆۋىتى كەلگۈچە سەۋر قىلىپ چىداپ، ئابدۇرەشىدخاننى كۆڭلىدىكىنى تېپىشقا قىستىمايتتى. بەلكى باشقا خانىش، چۆرىلەرگە كۆپرەك كۆيۈنۈشنى، ئۇلارنىڭ دىلىنى ئاغرىتماسلىقنى تەۋسىيە قىلاتتى. ئۇنىڭ مۇنداق ئاق كۆڭۈللۈكى يىلسېرى ئابدۇرەشىدخاننى بەكرەك مەپتۇن قىلىپ، شەيدالىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى.

«ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامىنى ئورۇنلاشتا ئامانىنىسا سۇلتان بېگىم ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇقام ئاخىرلاشقۇچە ئۇنىڭدىن ئابدۇرەشىدخان كۆزىنى ئۈزمىدى. بۇ مۇقامغا ئۆزىمۇ ئەجەب سىڭدۈرگەچكە ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى. «ئۆزھال» مۇقامىغا سەما بولۇپ ئويلىدى: «ئەر بولۇپ ئايال بولمىسا، تائام بولۇپ مۇسىقا بولمىسا، بۇ دۇنيا مۇنداق ئاۋات، كۆڭۈللۈك بولمايتتى. مەنمۇ ئامانىنىسا قىزنى ئەمرىمگە ئالمىغان بولسام، ھاياتىم مۇنچە مەنىلىك ئۆتمىگەن، ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت سېھىرلىك بولاقنىڭ كۆزى ئېچىلمىغان، سۆيگۈ تەشنالىقىم قانمىغان بولاتتى. ئىللاھا شۈكۈر، قەستتىن، ئاغرىق - سىزلاقتىن

بىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن ...»

«ئۆزھال» مۇقامىنىڭ ۋۇجۇد ئالىمىگە شېرىن شەربەتتەك سىڭىشى بىلەن تۇغۇلغان ئوي تۇگىمەي تۇرۇپ مۇسىقا ئاخىرلاشتى. ئابدۇرەشىدخان ھەربىر قىز ـ ئايال مۇغەننىگە بىر كىيىملىكتىن تاۋار تارتۇق قىلىپ، ئامانىسا سۇلتان بېگىم بىلەن قەسىرگە يېنىپ چىقتى.

«ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامى مېنى سېھىرلەپ قويدى، مەلىكەم. ھەربىر قېتىم ئاڭلىسام، بۇرۇن زادىلا ئىشىتىپ باقمىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، شۇنداق بېرىلىپ كېتىمەنكى، خۇدۇمنى بىلمەي قالىمەن. شۇنداق يېقىملىق، شۇنداق جەلپكار، — دېدى ئۇ خاس ھۇجرىغا كىرىپ.

— نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ بۇنى ئويلاپ كۆردىلىمۇ، شاھىم، — ئامانىسا سۇلتان بېگىم ئۇنىڭ شاھانە تونىنى سالدۇرۇپ، بىقىنىغا ياستۇق يۆلەپ قويدى.

— ئويلاپ كۆردۇم، مەلىكەم، ئىجادكارىمۇ، ئورۇنلىغۇچىمۇ سىز بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن.

— ياق، ياق. ئىجادكارى سىلىدەك شەۋكەتلىك پادىشاھ بولغانلىقى ئۈچۈن.

— ياق، بۇ گېپىڭىز ئارتۇقچە بولدى. ئادەمگە ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى ھەممىدىن شېرىن، ھەممىدىن ياخشى تۇيۇلىدۇ، مەلىكەم. كېلىڭ، سىزنى تازا بىر كۆرۈۋالاي، — دېدى ئۇ ئامانىساخاننى قولىدىن ئاستا تارتىپ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ، — سىزنى بەك سېغىندىم. سىزچۇ، مېنى سېغىندىڭىزمۇ؟

— سېغىندىم، شاھىم، سېغىنمامدىغان، — پىچىرلىدى ئامانىسا سۇلتان بېگىم، — ئون بەش كۈندە كېلىمەن دېگەن ئىدىلە، بىر ئايدىن كۆپرەك تۇرۇپ قالدىلا.

— مىرزا ئوبۇلھادىبەگ كاشغەر دىيارىنى روناق تاپتۇرۇپ،

ئاۋامنىڭ ھۆرمەت ـ ئىززىتىگە سازاۋەر بولغان ئىستىبداتلىق دۆلەت ئەربابى، شۇنداقلا يېقىن دوستۇم ئىدى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز قازا تېپىشى مېنى بىر قانتىمدىن ئايرىدى، مەلىكەم. ھەر يىلى پايتەختتە كېلىپ توققۇز تارتۇق قىلىپ كېتەتتى. ئۆتكەن يىلى كەلگەندە كاشغەرگە بېرىپ ئارام ئېلىپ كېتىشكە مېنى تەكلىپ قىلغانىدى. ۋاپات بولغاندىن كېيىن بېرىپ بالىچاقىلىرىنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسىنى ئاڭلاپ، ئۇلاردىن ئايرىلىشقا كۆڭلۈم قىيماي قالدى. تۆت قىز، ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. چوڭ ئوغلى ئوبۇلھەيدەر باغدادتا ئوقۇپ كېلىپ كاشغەرگە ئەلەم بوپتىكەن، بۇ ياش ئالىم مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

— ئەمدى كاشغەرگە كىمنى ھاكىمبەگ قىلىپ ئەۋەتىلە، شاھىم.

— ئوغلۇم ئىبراھىم سۇلتاننى.

ئابدۇرەشىدخان چوڭ بولۇپ قالغان ئوغۇللىرىغا قايسى يۇرت ـ ۋىلايەتلەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتقىنىنى سۆزلەپ بەردى.

— يېقىن ئارىدا سەپەر قىلمايدىغانلا، شاھىم؟

— ياق، مەلىكەم. ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ يۇرت ـ ۋىلايەتلىرى تىنچ، ئاسايىشلىق تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. چۈچۈك سۇلتان مەلىكىنى دەشتى قىپچاققا ئېلىپ بارغۇم بار، ئەمما ھازىر ئەمەس.

— چۈچۈك سۇلتان بېگىمگە ئانا يۇرتىنى بىر كۆرسىتىپ كېلىشلىرىنى مەنمۇ ئۆتۈنىمەن، شاھىم، — دېدى ئامانىنىسا سۇلتان بېگىم چىراغ، شاملارنى ياندۇرۇپ، — ماڭا دائىم چوڭ خانىش مەلىكە ئاچامنىڭ كۆڭلى يېرىمدەك بىلىنىدۇ، چىرايىمۇ سۇنۇق. سىلى ئۇنى بەك ئايىسىلا، شاھىم.

ئۇ داستىخان سېلىپ، كېنىزەكلەر ئەكىرگەن تىلىم ـ تىلىم قوغۇن ـ تاۋۇزنى قويدى.

— قەدىرلىكىم، سىزدىن ئايرىلغۇم يوق، — دېدى يېنىشلاپ ئابدۇرەشىدخان، سىزدىن ئايرىلىپ بىر يەرگە بېرىشنى خالىمايمەن.

ئۇ خانىشقا شېرىن قوغۇندىن بىر چىشلەم چىشلەتتى.

— مەنمۇ بىللە بارسامچۇ، بۇنىڭغا مەلىكە ئاچام ماقۇل بولارمۇ؟

— نېمىشقا ماقۇل بولمىسۇن، ئۇ سىز بىلەن بىللە شىكارغا چىقماقچى. سىزنىڭ راستچىل، كەمتەر، سەممىمىي، ئاق كۆڭۈل خانىش ئىكەنلىكىڭىزگە قايىل بوپتۇ، مەلىكەم.

— راستمۇ، شاھىم، مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىلىغۇ. مەلىكە ئاچامنى مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئامانىسا سۇلتان بېگىم ئېرىنىڭ سۆزىدىن چوڭ خانىشنىڭ ئەندىشىسىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ.

— مەلىكە ئاچىڭىز سىزنى كىچىكىپ چۈشەنگەندەك قىلىدۇ، قەدىرلىكىم، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، — ئابدۇرەشىدخان ئۆتۈنۈش نەزىرى بىلەن باقتى.

— شاھىم، مەلىكە ئاچام بۈگۈنگە قەدەر ماڭا ھېچقانداق يامانلىق قىلمىدى. ياش كۈندىشىدىن خاۋاتىرلەنگەن بولسىمۇ، چوڭ خانىشلىق ھۆرمىتى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ بىر ياخشى ئانا. ماڭا ئۆچلۈك قىلسىمۇ، ئالىيلىرىدىن ئالتە پەرزەنت كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئەيىبلىسەم توغرا بولمايدۇ. مەن بىر بالىمۇ تۇغۇپ بېرەلمىدىم.

ئامانىسا سۇلتان بېگىم پوسۇقىدە يىغلاپ تاشلىدى. ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ نازۇك بېلىدىن قاماللاپ باغرىغا باستى.

— يەنە نېمىشقا بالىنىڭ گېپىنى قىلىپ يىغلايسىز، قەدىرلىكىم؟ ماڭا، ئەلگە بالىدىنمۇ ئارتۇق تۇرىدىغان تۆھپە تەقدىم قىلغىنىڭىز يەتمەمدۇ؟ سىز ماڭا بەخش ئەتكەن خۇشاللىق، لەززەتنى ھېچكىم بەخش ئېتەلمەيدۇ. سىز مېنىڭ

ياشناپ تۇرغان جېنىم. يىغلىماڭ، سىز ياش تۆكسىڭىز مېنىڭ يۈرىكىم ئېقىپ كېتىدۇ.

— ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەن بولسام، ئۇنىڭغىمۇ يۈرتلارنى سۆيۈرغال قىلىپ بەرگەن بولاتتىلە، شاھىم. شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايمەن، لېكىن سىلىنى مالال قىلىشنى خالىمايمەن.

ئامانىنىسا سۇلتان بېگىم ياشلىرىنى ئېرتىپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ قاپقارا يارشىملىق ساقىلىنى، بويۇن - بېشىنى سىلىدى.

— ئەگەر خۇدا نېسىپ قىلىپ ئوغۇل تۇغۇپ بەرسىڭىز، ۋەلىئەھدەم ئاشۇ ئوغلۇم بولىدۇ. ئەمما، بالا تۇغۇپ بېرەلمىدىم دەپ مۇنداق ھەسرەت چەكسىڭىز، مەن مالال بولمامدىمەن؟

— رەھمەت، شاھىم، ئەمدى كۆڭلۇم تىندى. ئۆزلىرىگە بىر سوۋغات تەييارلاپ قويۇۋىدىم.

ئامانىنىسا سۇلتان بېگىم ئۇنىڭ باغرىدىن ئاجراپ، ئويۇقتىن ئىككى مەخمەل جىلتىنى ئېلىپ ئىككى قوللاپ سۇندى.

ئابدۇرەشىدخان جىلتىلاردىن چىرايلىق شىرازىلانغان ئىككى كىتابنى ئالدى. بىرسىنىڭ مۇقاۋىسىغا «دىۋانى نەفسىي» دېگەن خەت كەشتىلەنگەنىدى. بۇ ئامانىنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ بالىلىق ۋاقتىدىن باشلاپ يازغان شېئىر، غەزەللىرىدىن تۈزۈلگەن دىۋان ئىدى. يەنە بىرسى «ئەخلاقۇل جەمىلە» دېگەن كىتاب ئىدى. ھەر ئىككىسىنىڭ بىرىنچى بېتىگە «سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا تەقدىم، ئۆمۈرلۈك مەھبۇبىلىرى ئامانىنىسادىن» دەپ يېزىلغانىدى.

— بەللى، مەلىكەم، مۇبارەك بولسۇن. دىۋانىڭىزنىمۇ تۈزۈپ بوپسىز، كىتابىڭىزنىمۇ يېزىپ بوپسىز. ماڭا تەقدىم قىلىپ تۈگىمەس خۇشاللىق بېغىشلىدىڭىز، رەھمەت.

ئابدۇرەشىدخان دىۋاننى ۋاراقلاپ، ئون يىل ئىلگىرى ئامانىنىسا قىز بىلەن ئۇشتۇمتۇت دىدار كۆرۈشكەن ئاشۇ كېچىنى ئەسلىدى. شۇ چاغدا ئون ئالتە ياشلىق ئۇ گۈزەل دىلرەبا ئۆزى

تۇزۇۋاتقان «دىۋانى نەفىسىي»نى كۆرسەتكەندى ...
— شاھىم، بۇ دىۋاننى سىلىگە ئاتاپ تۇزۇۋاتقىنىمغا ئون يىلدىن ئاشتى.
— رەھمەت، قەدىرلىكىم. پۈتۈن سۆيگۈ - مېھرىڭىزنى بۇ دىۋاندىن كۆرگەندەك بولدۇم. بۇ مەن ئۈچۈن بىباھا سوۋغات. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە نېمە قىلىپ بېرەي؟
— شاھىم، بۇ كىتابلارنى ئۆزلىرىدىن ئىنئام ئېلىش ئۈچۈن تەسنىپ قىلغىنىم يوق، بارلىقىم ئالىيلىرىغا مەنسۇپ.
— رەھمەت، مەلىكەم، رەھمەت. سىزدەك ۋاپادار مەھبۇبىغا يەتكۈزگەن ئاللاغا شۈكۈر. مېنىڭ بارلىقىممۇ سىزگە مەنسۇپ، — ئابدۇرەشىدخان ئۇنى قۇچاقلاپ پېشانىسىغا مېھرىنى تۆكتى.
— شاھىم!
— ھە، مەلىكەم.
— مېنىڭ بىر ئۆتۈنۈشۈم بار.
— ئېيتىڭ، مەلىكەم.
ئامانىسا سۇلتان بېگىم ئۇنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ دېدى:
— بىرقانچە كېنىزەكلەرنىڭ يېشى چوڭىيىپ قاپتۇ، ئۇلارنىڭ ياتلىق بولۇشىغا ياردەم قىلغۇم بار.
— قەدىرلىكىم، سىز كەلگەندىن بېرى كېنىزەكلەرنىڭ بەختى ئېچىلدى. ياتلىق قىلىنىدىغانلىرى قىلىنىۋاتىدۇ. سىز قانداق ئورۇنلاشتۇرسىڭىز، مەن قوشۇلىمەن. بۇ بىر ساۋابلىق ئىش.
— گۈلئايىمنىڭ يېشى قىرىققا بېرىپ قاپتۇ. مەلىكە ئاچاممۇ ئۇنىڭ ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشىغا رازىلىق بىلدۈرۈپتىكەن. دەسلەپ ئۇنىڭ توينى قىلىپ قويساق، ئاندىن يىگىرمە ياشتىن ھالقىغان كېنىزەكلەرنىڭ توينى ئۆتكۈزسەك. مەن شۇنداق تىلەكتىمەن، شاھىم.

— قوشۇلىمەن، مەلىكەم. سىزنىڭ تىلىكىڭىز مېنىڭ قارارىم.
— ئەمدى ئارام ئالسىلا، شاھىم. ئورۇن سېلىپ بېرەي، ئىككى كۈندىن بېرى چارچاپ قالدىلا.
— ياق، مەلىكەم. سىزنى كۆرسەملا ھاردۇقۇم چىقىدۇ.
ئابدۇرەشىدخان يېشىنىپ ئەنبەر بۇيى كېلىپ تۇرغان يوتقانغا كىردى.

# ئون سەككىزىنچى باب

# كەچ كۈزدىكى قارا قۇيۇن

## 1

چۈچۈك سۇلتان بېگىم ھەر ۋاقىت ئابدۇرەشىدخاننىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ:

— سەن جادۇگەر ھېچ گۇناھى يوق ئاق كۆڭۈل خانىشنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولدۇڭمۇ تېخى؟ — دەپ غەزەپ قىلىپ زىندانغا تاشلايدىغانلىقىدىن قورقۇپ، ۋەھىمە ئىلكىدە ئورۇقلاپ كېتىۋاتاتتى.

سۇلتاننىڭ كاشغەردىن كەلگىنىگە بىر ھەپتە بولدى، لېكىن ئۇ ئەنسىرىگەندەك ئىش يوق. ئۇ ئەمدى گۇلئايىمنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ ـ ئىشەنمەي ئارىسالدى بولۇۋاتاتتى. «بۇ قېرى قىز يالغان سۆزلەپ مېنى ئالدىمىغاندۇ ـ ھە؟ ئاماننىسا سۇلتان بېگىم نېمىشقا بۇ ئىشنى ھېچكىم ئۇقمىسۇن دېگەندۇ؟ سۇلتانغا ئېيتمايمەن دېگىنى راستىمىدۇ زادى؟ يالغان بولسا سۇلتان كاشغەردىن كېلىپلا يۈزۈمگە سالاتتى، جازالايتتى. خۇدايا، بىلمەپتىمەن، توۋا قىلدىم، گۇناھىمنى ئۆزۈڭ كەچۈرگىن ...» دەپ ئىلتىجا قىلىپ، كۆنلەرنى جايناماز ئۈستىدە ئۆتكۈزەتتى. ئىشىك ئېچىلسا ياكى بىرەر ئاۋاز ئىشىتىلسە چۆچۈپ، تۇرۇپ كېتەتتى. ئارىلىقتا گۇلئايىم ئىككى قېتىم كېلىپ، ئاماننىسا سۇلتان بېگىمنىڭ سۇلتانغا ئېيتمىغانلىقىنى، مۇنچە قورقۇپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى دەپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا غەم ـ ئەندىشىدىن خالىي بولالمايۋاتاتتى.

ئۇ ئويلىغاندەك، ئابدۇرەشىدخان غەزەپ ـ ئاچچىقى بىلەن ئەمەس، ناھايىتى خۇشال كىرىپ، شىكارغا ئاچچىقىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىنلا يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ، چىرايىغا قان يۈگۈردى.

ئامانىسا سۇلتان بېگىم چوڭ خانىش بىلەن تۇنجى قېتىم شىكارغا چىقىپ، ئۇنىڭ ماھىر ئوق ئۈزەر مەرگەن ئىكەنلىكىنى زەرەپشان بويىدا كۆردى. ئۇ ئىككى قىرغاۋۇل، ئىككى كېيىك، بىر توشقان ئوۋلىدى. شىكار ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى. مۇغەننى قىز ـ ئاياللار، «ئىراق»، «سىگاھ» مۇقاملىرىنى ئورۇنلاپ، ئۇچار قۇشلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇپ، دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇسسۇلغا سالدى. ئامانىسا سۇلتان بېگىم چوڭ خانىشنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن بىر قىرغاۋۇلنى ئېتىۋالدى. ئابدۇرەشىدخان بۇ ئىككى خانىشنىڭ مۇنداق ئېچىلىپ ـ يايراپ يېقىنلىشىپ قالغىنىدىن خۇرسەن بولدى.

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەن بولسىمۇ، ھەر قېتىم شىكارغا چىققاندا ياكى مۇقام ئاڭلاش ئۈچۈن مۇسىقا زالىغا كىرگەندە، ئامانىسا سۇلتان بېگىمنى كۆرۈپ ۋىللىدە قىزارماي قالمايتتى. «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دېگەندەك، قىلغانلىرىنى ئەسلىسىلا، ۋىجدانى ئازابلىناتتى.

گۈلئايىم ئوردا ياساۋۇللار بېگى قەيسەربەگكە ياتلىق بولۇپ، ئىككى بالىلىق بولدى. ئۇ يەنىلا توينى قىلىپ قويغان ئامانىسا سۇلتان بېگىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتاتتى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن چاغلىرىدا ئۆزىنى گۇناھكاردەك سېزەتتى.

ھېچ كۈتمىگەندە بىر توپ نۆكەر، ياساۋۇللار تىبەتكە كەتكىلى ئۈچ يىل بولغان شاھزادە ئابدۇرېھىمخاننىڭ جەسىتىنى پايتەختكە ئەكېلىشتى. بۇ چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ دەردىگە دەرد قوشۇپ، ئۇنى قايغۇ دەرياسىغا ئىتتىرىۋەتتى. تىبەتكە

هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىسكەندەر سۇلتان يازغان مەكتۇپىدا، شاھزادىنىڭ توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغانىدى. ئابدۇرەشىدخانمۇ بۇ غەيۇر ئوغلى ئۈچۈن قاتتىق ھەسرەت چەكتى. ئاكىسى ئابدۇللەتىپخان يېنىغا دەپنە قىلىپ، ئۈچ كۈنگىچە بېشىدا تۇنىدى. ھەرەمگە قايتىپ چوڭ خانىشقا تەسەللى بەردى ۋە «سالاتىننامە» ماۋزۇلۇق نامازنىڭ خاسىيىتى، ھاياتنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بايان قىلىنغان كىتابىنى چوڭچوڭ سۇلتان بېگىمگە تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى، روھىنى كۆتۈردى.

ئەڭ ياخشى شېئىر ـ غەزەللىرىدىن تۈزگەن «دىۋانى رەشىدى»نى شىرازىلاپ، ئامانىنىسا سۇلتان بېگىمگە تەقدىم ئېتىپ ئۇنى غايەت سۆيۈندۈرۈۋەتتى.

يىللار مانا شۇنداق قايغۇ ۋە ئاسايىشلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىلى، تۇرپاندىن قومۇلنىڭ شەرقىگىچە، كاشغەر، ياركەندتىن دەشتى قىپچاققىچە، خوتەندىن بەداخشان، تىبەتكىچە بولغان كەڭ، ئەلۋەك زېمىنىدا تىنچلىق، خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئوردا، ھەرەم ئىچىدىن شەھەر ـ يېزىلارغىچە پاراغەتلىك تۇرمۇش قانات يايغانىدى. دوغلات، بارلاس قەبىلىلىرى بولسۇن، قازاق، قىرغىز خەلقى بولسۇن، مۇشۇ ئون نەچچە يىل مابەينىدە غوۋغا قىلماي، توپىلاڭ كۆتۈرمەي، ئىناق ـ ئىجىل ياشاپ كېلىۋاتاتتى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بۇنىڭدىن خۇرسەن ھەم رازى ئىدى ۋە مەڭگۈ شۇنداق بولۇشىنى چىن قەلبىدىن ئۈمىد قىلاتتى.

«كوزا كۇندە سۇنمايدۇ، كۇندە سۇنىدۇ» دېگەندەك، كۈتۈلمىگەن توپىلاڭ دەشتى قىپچاقتا ئاخىر يۈز بېرىپ، گۈلئېرەم ئوردىسىنىڭ ئارامى بۇزۇلدى.

ئابدۇرەشىدخان ئەمىرلەر سارىيىدا مەجالىسۇن ئۆمەرا[1]

① مەجالىسۇن ئۆمەرا ـــ ئالىي دۆلەت كېڭىشى.

چاقىردى. ئاتا ۋەزىر قىدىرخان، ئەمىر ئەكرەم باشلىق بارلىق ۋەزىر، ئەمىرلەر قاتناشتى.

— جانابلار، خانلىقىمىز خانىۋەيران، نامرات بىر ئەلدىن قۇدرەت تاپقان، باي، ئەلۋەك مەملىكەتكە ئايلانغان چاغدا دەشتى قىپچاق خانى ھەقنەزەرخان بىزدىن يەنە يۈز ئۆرۈپتۇ. تاشكەنت خانى نورۇز ئەھمەدخان ۋە ئوغلۇم ئابدۇلكېرىمخاننىڭ ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىدا ھەقنەزەرخاننىڭ نەچچە تۇمەن لەشكەر تارتىپ، خانلىقىمىزنىڭ ئۆرەتۆپە، ئىسسىقكۆل دىيارىغا يەنە باستۇرۇپ كىرگەنلىكى خەۋەر قىلىنىپ، دەرھال لەشكەر ئەۋەتىشىم تەلەپ قىلىنغان. ئەسلىدە مەن بۇ يىل كۈزدە باللىرىم بىلەن دەشتى قىپچاققا بېرىپ قىشلاپ كەلمەكچىدىم، ئەمدى بۇ ئارزۇيۇمغا خىلاپ ھالدا لەشكەر تارتىپ بارىدىغان بولدۇم. ھەربىرىڭلارنىڭ مەسلىھەت بېرىشىڭلارنى، ئۇنۇملۇك چارە ـ تەدبىرىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ مۇشكۇللۇكنى ئاسان قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان دۆلەت ئەركانلىرى كۆڭۈللىرىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، مۇلاھىزە قىلىپ، مۇۋاپىق مەسلىھەتلەرنى بېرىش ئۈچۈن تەييارلىنىشتى.

— سۇلتان، مەملىكىتىمىزنىڭ پۈتۈنلۈكىنى، خاتىرجەملىكىنى ساقلاش ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مۇقەددەس بۇرچىمىز، — بىرىنچى بولۇپ ئېغىز ئاچتى قىدىرخان، — ھەقنەزەرخان قىلىچ كۆتۈرگەنىكەن، بىزمۇ قىلىچ كۆتۈرۈپ، ئەل ـ يۇرتىمىزنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە. سۇلتان، بۇ توپىلاڭنى دەپئى قىلىش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى، توپىلاڭنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ كەتكۈچە تېز ئاتلىنىپ يولغا چىقىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، بىزنىڭ ئاتلىنىشىمىز ئەلنى بىئارام، دۈشمەنلەرنى شادىمان قىلىپ قويمىسۇن. بۇ قانچە مەخپىي تۇتۇلسا شۇنچە خەيرلىك بولىدۇ.

ئۈچىنچى، مەيلى قازاق، مەيلى قىرغىز ئەھلى بولسۇن، ھەممىسى بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز. سىپاھلىرىمىز قەيەرگە بارسۇن خەلققە زۇلۇم بولىدىغان ئىشنى قىلمىسۇن.

تۆتىنچى، قورالنى تاشلىغان دۈشمەنگە ئامانلىق بېرىش لازىم. بىھۇدە قان تۆكۈش ئاۋامنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ، ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. زۇلۇم نارازىلىق، قارشىلىق پەيدا قىلىدىغان جىنايەت. سەردار، سىپاھلىرىمىز بۇ قىلمىشنى سادىر قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. خەلققە زۇلۇم سالغانلار جازالىنىشى كېرەك.

بەشىنچى، جەڭگاھتا قاچقانلارنى ئىبرەت، ئالغا باسقانلارنى ئۆرنەك قىلىش بۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ نىزامى بولسۇن.

ئومۇمەن، بىزنىڭ سەردار، بەگ، سىپاھلىرىمىز قەيەرگە بارسۇن، ئاۋامنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزغۇچى، ئاۋامنىڭ مۇشكۈلىنى يەڭگىللەتكۈچى نىجاتكار بولالىسا، غەلىبە بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ، خانلىقىمىز قۇدرەت تاپىدۇ. سۇلتان ئالىيلىرى، ئاللا كېرىم زەپەر قازىنىشىمىزغا مەدەتكار بولسۇن، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ قول باغلاپ تۇردى.

— سۇلتان، مەن ئاتا ۋەزىرنىڭ بەرگەن مەسلىھەتلىرىنى قوللايمەن ۋە ئورۇنلاشقا تېگىشلىك دانا تەدبىر دەپ قارايمەن. بىز بۇ يۈرۈشكە تەۋەككۇل قىلىشىمىز لازىم، — دېدى ئەمىر ئەكرەم.

ۋەزىر، ئەمىرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن سۆزلەپ قىدىرخاننىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلۇشتى ۋە ئۆز ئىرادىلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

— جانابلار ! — ئابدۇرەشىدخان تەختتىن تۇرۇپ پەرمان چۈشۈردى، — باش ئەمىر، ھەرقايسى تۈمەنبەگلىرى مىڭبېشىلارغا بۇيرۇق قىلىپ، مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا يولغا چىقىدىغان بەش تۈمەن سىپاھنى سەپراس قىلسۇن !

ئەمىر، ۋەزىرلەردىن كىملەرنىڭ سەپەر قىلىشى، كىملەرنىڭ پايتەختتە قېلىشىنى ئۆزۈم بەلگىلەيمەن. ھەممەيلەننىڭ تەخ

بولۇپ تۇرۇشى زۆرۈر.

— پەرمانبەردارمىز، — ۋەزىر، ئەمىرلەرمۇ دۇررىدە قوپۇشتى.

ئابدۇرەشىدخان قىدىرخان بىلەن ئەمىر ئەكرەمنى ئېلىپ قېلىپ، باشقىلارغا رۇخسەت بەردى.

— بۇگۈنگە قەدەر مەن ئاتلانسام، پايتەختنىڭ پۈتۈن ئاھالىسى ئۇزىتاتتى. بۇ نۆۋەت شۇنداق داغدۇغا بىلەن ئۇزاتسا بولماسمۇ؟ — ئابدۇرەشىدخان تەختتىن چۈشۈپ قىدىرخان ئالدىغا كەلدى، — ئابايا بەرگەن مەسلىھەتىڭىزدىن ئەنە شۇنداق مەنە سەزدىم. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

— بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سۇلتان ئالىيلىرى، — قول قوۋۇشتۇرغىنىچە جاۋاب بەردى قىدىرخان، — خانلىقىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىۋاتقىنى راست. ھالبۇكى، يىراق - يېقىندا يىچىقىنى بىلەپ، پەيت كۈتۈۋاتقان سۇيىقەستچىلەر، قارا نىيەتلەرگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. ئۆتمۈشكە نەزەر سالساق، ئاچچىق ساۋاقلار يۈرىكىمىزنى ئېچىشتۇرىدۇ. ئابايا بەرگەن مەسلىھەتىمدە ئاشۇ ئاچچىق ساۋاقلارنىلا كۆزدە تۇتقىنىم يوق.

— خوش، سىز كۆزدە تۇتقان بىز بىلەلمىگەن يەنە قانداق ئىشلار يۈز بەرمەكتە، ئاتا ۋەزىر؟

— بۇ ئالىيلىرىغا ئايان، خان ھەزرەتلىرى، — دېدى قىدىرخان تەمكىن ھالدا، — ئون نەچچە يىلدىن بۇيان خارەزىم، ماۋەرائۇننەھردىن كەلگەن بۇزرۇكۋارلار مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى يۇرت - ۋىلايەتلىرىگە ئورۇنلاشتى. خانلىقىمىز ئۇلارنىڭ خانىقا سېلىپ مۇرىت توپلىشىغا ياردەم بېرىپ كەلدىكى، ھەرگىز توسقۇنلۇق قىلمىدى. بۇزرۇكۋار پىرلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى ئىشانلار ئۆزلىرىنى «ئەۋلىيا، قۇتبۇل ئەقتاب» دەپ ئاتاپ، ھەدەپ مۇرىت كۆپەيتمەكتە، بايلىق توپلىماقتا. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى خانلىقىمىزغا تىل تەگكۈزۈپ، كىشىلەرنى باج - سېلىقنى

تاپشۇرماسلىققا ئۇندىمەكتە. بىر نەچچە يىل بۇرۇن خوجا پەيزۇللا ئىشان مەدرىسەلىرىمىزگە باستۇرۇپ كىرىپ، تالىپلارنى ئۇرۇپ، دەرسلىك كىتابلارنى بۇلاپلا قالماي، ئوردىغىمۇ بىسىپ كىرمەكچى بولغاندا، ئالىيلىرىنىڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىشلىرى نەتىجىسىدە بۇ ئىشاننىڭ غوۋغاسى جىمىققانىدى. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ ئىشان نەچچە تۈمەنگە يەتكەن مۇرىتلىرىنى باج ـ سېلىقنى تاپشۇرماسلىققا دەۋەت قىلىۋېتىپتۇ. بۇ توغرۇلۇق ھەرقايسى بازار، يۇرتلارنىڭ باجگىر بەگلىرى ئالىيلىرىغا يوللىغان مەلۇماتلارمۇ خېلى بار. ئىشانلارنىڭ مۇنداق يولسىزلىقلىرى باشقا يېزا ـ شەھەردە يۈز بېرىپلا قالماي، پايتەختىمىزدىمۇ ئەۋج ئالغانلىقى مەلۇم. تۆرگۈن لەشكەر بىلەن ئاتلانغان چاغلىرىدا داغدۇغا قىلىنسا، بۇ پەيت كۆتۈۋاتقانلارنى ھەرىكەتلەندۈرمەي قويارمۇ؟

ئابدۇرەشىدخان كەينىگە يېنىپ تەختتە ئولتۇردى.

— ئاتا ۋەزىر، بۇ توغرۇلۇق نېمىشقا مېنى بۇرۇنراق خەۋەرلەندۈرمىدىڭىز؟

— كەچۈرسىلە، ئالىيلىرى. بۇ ھەقتە مەلۇماتقا ئېرىشكەندىن كېيىن تەكشۈرۈپ دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئىگە بولغۇچە كاشغەرگە كېتىپ قالدىلا. كەلگەنلىرىدىن كېيىن ئېيتىشقا مانا بۈگۈن نېسىپ بولدى.

— چۈشەندىم، ئاتا ۋەزىر، خوجا پەيزۇللا ئىشان مۇرىتلىرىنىڭ باج ـ سېلىق تاپشۇرمايۋاتقانلىرى بارمىكەن تېخى؟

— بار ئىكەن، ئالىيلىرى. پايتەختىمىزدىكى تىجارەتچى، كاسىپ مۇرىتلار باج تاپشۇرۇشقا قارشىلىق قىلىپ باجگىر بەگلەرنى ئۇرۇپتۇ. يېزا ـ قىشلاقلاردا ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر ئىكەن. تۈنۈگۈن كەلگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، پايتەخت ئەتراپىدىكى ئازغانباغ، بېھىشباغ قاتارلىق بىرقانچە كەنتلەردىكى دېھقان مۇرىتلار سېلىق دەپ كەلگەنلارنى كەتمەن بىلەن

چاپىماقچى بولۇشۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ يىلقى يازغى تېرىلغۇدىن سېلىق يىغالماپتۇ. خوجا پەيزۇللا ئىشاننىڭ سوپى - سالىكلىرىنى باشلاپ ئوردىغا باستۇرۇپ كەلگەن ئاشۇ كۈندىكى ئەلپازى هازىرغىچە كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. يەنە شۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ بۇ ئاللاغا مەلۇم، ئالىيلىرى.

— بولىدى، ۋەزىر، مەنمۇ خوجا پەيزۇللا ئىشاندىن گۇمانلىنىمەن، ئەمما خوجا مۇهەممەديۇسۇف بۇزرۇكۋاردىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. ماقۇل، داۋراڭ سالماي يولغا چىقايلى، — ئابدۇرەشىدخان ئەكرەمگە قارىدى، — ئەمىر، تۇمەنبەگلىرى مىڭبېشىلارغا بۇ ئەمرىمنى يەتكۈزۈپ قويسۇن. يۈرۈش قىلىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا سىپاهلار هېچكىمگە ئېغىز ئاچمىسۇن.

— خوپ، ئالىيلىرى، — ئەمىر ئەكرەم بىردەم تۇرۇۋېلىپ سورىدى، — سۇلتان، دەشتى قىپچاققا كىم لەشكەر باشلاپ بارىدۇ؟

— مەن، ئەمىر، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئويغا چۆمگىنىچە، — قىدىرخان ئاكىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئەنسىرەپ قالدىم، ئەمما دەشتى قىپچاققا ئۆزۈم بارمىسام بولمايدۇ. پايتەختتە ئوغلۇم ئەبۇسەئىد نائىب سۇلتان بولۇپ قالىدۇ. سىز ۋە قىدىرخان ئاكام ئۇنىڭغا هەمراھ بولۇپ قالىسىلەر. دۆلەت ئىشلىرىنى بېجىرىش، خەلقىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن سىلەردەك قابىل ئەربابلارنىڭ پايتەختتىن ئايرىلمىغىنى ياخشى. ئاللا ئۆز پاناهىدا ساقلاپ، سالامەت دىدار كۆرۈشۇشكە نېسىپ قىلسۇن.

— ئىنشائاللا، ئىشەنچلىرىنى يەردە قويمايمىز، — دېيىشتى ئاتا ۋەزىر بىلەن باش ئەمىر.

ئابدۇرەشىدخان ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، چۈچۈك سۇلتان بېگىم قەسىرىگە كىرگەندە چۈش بولغانىدى. خانىش چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن قېيىنئانىسى ئايىنىگار سۇلتان بېگىم بىلەن ساراي ئۆيدە مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى. ئابدۇرەشىدخان ئورنىدىن

تەستە قوپۇۋاتقان خان ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ھال سورىدى:
— سالامەت تۇرۇۋاتامدىلا، خان ئانا؟ ئەھۋاللىرى قانداقراق؟
— ئەلھەمدۇلىللا شۈكۈر، سۇلتان بالام. ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن قالسا ئۆزلىرىنىڭ غەمخورلۇقىدا ئوبدان تۇردۇم، ھەمىشە سىلىنى دۇئايىمدا ياد ئېتىمەن.
— دۆلەت ئىشىدىن بوشىيالمىغاچقا، يانلىرىغا پات - پات كىرىپ ھال سورىيالمىدىم. خاپا بولمىسۇنلار، خان ئانا، — دېدى ئابدۇرەشىدخان يېنىدا ئولتۇرۇپ.
— ئوبدان تۇرغانلا، سۇلتان بالام؟ — ئاينىگار سۇلتان بېگىم چىرايىدىن جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان ئابدۇرەشىدخانغا سەپسېلىپ سورىدى:
— ئەلھەمدۇلىللا، خان ئانا. مەن سەپەرگە چىقىدىغان بولدۇم.
— خوتەنگە بارامدىلا، كاشغەرگىمۇ؟
— يىراققا، خان ئانا، دەشتى قىپچاق دىيارىغا.
خۇشاللىقتىن يۈرىكى تېپچەكلەپ كەتكەن چۈچۈك سۇلتان بېگىم سۆيۈنۈش نەزىرى بىلەن ئابدۇرەشىدخانغا قارىدى:
— ئاخىر بارىدىغان بوپتۇق - دە، شاھىم. قىشلاپ كېلەمدۇق؟ رەھمەتلىك ئانام بولسا قانچە خۇشال بولار ئىدى - ھە!
— مەلىكەم، مەن سەير - ساياھەتكە ئەمەس، جەڭ قىلغىلى لەشكەر تارتىپ بارىمەن.
ئابدۇرەشىدخاننىڭ بۇ سۆزى چۈچۈك سۇلتان بېگىمنى نائۈمىد قىلغان بولسا، ئاينىگار سۇلتان بېگىمدە ئۈمىد پەيدا قىلدى. «قارىغاندا دەشتى قىپچاقتا توپىلاڭ بولغان ئوخشايدۇ. بىرەر يىلغىچە كېلەلمەيدۇ، كېلەلمەمدۇ، بېشىنى يەمدۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. خوجا پەيزۇللا بۇزرۇكۋار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا ناھايىتى خۇش بولىدۇ. ئۇ: ‹ناۋادا سۇلتان لەشكەر تارتىپ يىراققا سەپەر قىلسا، مەن ئىسكەندەر سۇلتانغا چاپارمەن

ئەۋەتىپ، پايتەختتكە ياندۇرۇپ كېلىمەن. ئۇنى تەختكە چىقىرىپ ئۆزۈم ئاتا ۋەزىر بولىمەن، دېگەنىدى. مانا، خۇدا تىلىگىنىمگە يەتكۈزۈپ، ئابدۇرەشىدخاننى تازا يىراققا كەتكۈزۈۋېتىدىغان بوپتۇ. بۇگۈنلا ئىشانەمنى خەۋەرلەندۇرەي» دەپ ئويلىغان ئاينىگار سۇلتان بېگىم قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى:

— خۇدايا، ئوغلۇم ئابدۇرەشىدخاننى ئۆز پاناھىڭغا تاپشۇردۇم. سەپىرىنى بەخەتەر، دۈشمەنلىرىنى يەكسان، دوستلىرىنى شادىمان قىلغىن، ئامىن.»

— رەھمەت، خان ئانا، ئۆزلىرىنىڭ دۇئالىرى ئىجابەت بولغاي. دۇئا قىلىپ تۇرسىلا، خۇدا بۇيرۇسا بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن ماۋۇق جۇۋا ئەكېلىپ ئۆزلىرىگە تارتۇق قىلىمەن.

ئابدۇرەشىدخان ئۆگەي ئانىسىدىن كۆزىنى چۆچۈك سۇلتان بېگىمگە يۆتكەپ:

— جەڭ قورقۇنچلۇق، سەيلىگە ئوخشىمايدۇ. جەڭگاھ سەيلىگاھ ئەمەس، مەلىكەم، بۇ قېتىم بىللە بېرىشقا ئاللا ئىگەم نېسىپ قىلماپتۇ، — دېدى.

ئابدۇرەشىدخان ئۇن چىقارماي ئولتۇرۇپ كەتكەن چۆچۈك سۇلتان بېگىمدىن جاۋاب كۈتۈپ ئېغىر تىنىدى.

— سۇلتان بالام، ئۆز قولۇم بىلەن سەپەر توقىچى يېقىپ دەمىدە قىلىپ بېرەي، — دەپ قوپقان ئاينىگار سۇلتان بېگىم خوشلىشىپ ئۆز قەسىرىگە چىقىپ كەتتى. سۇلتان قېشىدا ئۆزىلا قېلىشنى كۈتۈپ تۇرغان خانىش ئۇنىڭ باغرىغا تاشلاندى.

— مەن يەنە يالغۇز قالامدىمەن؟ ئاھ، خۇدا ! — دەپ نالە قىلغان بولسىمۇ يەنىلا رازىلىق بەردى، — ماقۇل، بېرىپ كەلسىلە، شاھىم.

ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ قەسرىدە يېتىپ قالدى.

ئەتىسى ئامانىسا سۇلتان بېگىم قەسرىگە كېلىپ يېرىم كېچىگىچە ئۇنىڭ ساتار بىلەن ئورۇنلىغان «ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامىنى، «ھىجران» ناملىق مۇسىقىسىنى ئاڭلىدى. بۇ خانىش

مۇھەببىتى، تىلىكى، ئۈمىدى، دۇئاسىنى ساتارنىڭ زىل تارلىرى بىلەن ئىزھار قىلدى. كۆزىدىن ياش ئاقمىغان بىلەن يۈرىكى يىغلىدى. ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ بىلەن ۋە باشقا خانىش، چۆرىلەر بىلەنمۇ كۆزى قىيماي خوشلاشتى. بۇرغا - كانايمۇ چېلىنمىدى. تاڭ قاراڭغۇسىدا ئاتلىنىپ چىققان سىپاھلار ئۆز سۇلتانىنىڭ كەينىدىن ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ يۈرۈپ كېتىشتى. ياش كۆزنىڭ غۇر - غۇر شامىلىدا يەلپۈنگەن دەل - دەرەخلەر ئېگىلىپ ئۇزاتتى.

## 2

كەچ كۈز. ياركەند شەھەر كوچىلىرىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ سارغايغان ياپراقلىرى پىلدىرلاپ يەرگە چۈشمەكتە. ھاۋا تۇتۇق، سوغۇق شامال چىقىپ تۇراتتى. بەزىدە پۇرۇلداپ كۆتۈرۈلگەن قۇيۇن پىرقىرىغىنىچە توپا توزۇتۇپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە سوقۇلاتتى. كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ باش - كۆزلىرىگە ئۇرۇلۇپ، ئۇستىبېشىنى قارىغۇسىز قىلىۋېتەتتى، كۆزلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ ياش چىقىرىۋېتەتتى.

شەھىدانكۆل مەھەللىسىدىن ئاشۇ قۇيۇندەك پىرقىراپ چىقىپ كەلگەن سوپى - سالىكلار خېرىدار كۈتۈپ دۇكانلىرىدا ئولتۇرۇشقان تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئۇلارنىڭ قولىدا تاش - توقماق، پالتا، نەيزە، پىچاق بار ئىدى. ئەڭ ئالدىدا جەندە - كۇلاھ كىيگەن خوجا پەيزۇللا ئىشان ھۇ تارتىپ، جەرە سېلىپ كەلمەكتە ئىدى.

كېتىۋاتقانلار «بۇ نېمە ئىشتۇ؟» دەپ خاۋاتىرلىنىپ يول بوشىتىپ چەتكە چىقىشتى. ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان سوپى - سالىكلارنىڭ ئەلپازى بۇزۇق ئىدى. گۇپ - گۇپ دەسسەپ، پىرقىراپ ئايلىنىپ ماڭسا، يەردىن ئۆرلىگەن توپا - چاڭ ئىس - تۈتۈندەك ھاۋانى قاپلايتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك

ئەتراپىنى لەرزىگە كەلتۈرەتتى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئۇلار خانىقادا ئالالانى ياد ئېتىپ زىكرى - سۆھبەتتە بولماي، ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قوراللارنى كۆتۈرۈپ نەگە بارماقچى، قانداق مەقسەتكە يەتمەكچى؟

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ دەشتى قىپچاققا لەشكەر تارتىپ بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان سۇلتان بېگىمدىن ئاڭلىغان خوجا پەيزۇللا ئىشان: «ئەمدى ئىسكەندەر سۇلتاننى پايتەختكە قايتۇرۇپ كېلىپ، بارلىق مۇرىتلىرىم بىلەن گۇلئىرەم ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنى تەختكە چىقىرىمەن. خاتىرجەم بولسىلا، مەلىكە ئاغىچا خېنىم» دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. لېكىن، ئۇ ئىسكەندەر سۇلتانغا چاپارمەن ئەۋەتمىدى، ئۇنى خان قىلىش نىيىتى يوق، بەلكى ئۆزى خان بولماقچىدى. شۇڭا، ئىككى ئايدىن بېرى يېزا - قىشلاق، بازارلاردا قاتراپ يۈرۈپ مۇرىتلىرىنى يەنە بىر ھەسسە كۆپەيتكەنىدى.

— مۇرىتلىرىمدىن ئېلىنغان باج - سېلىق ھارام. ماڭا مۇرىت بولغانلار باج - سېلىق تاپشۇرماڭلار. سىلەردىن مەجبۇرىي ئېلىنغان باج - سېلىقنى سۇلتان، ۋەزىر، ئەمىرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەيش - ئىشرىتى، خان جەمەتىنىڭ راھەت - پاراغىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. گۇلئىرەم ئوردىسى ئىشرەتخانىغا ئايلىنىپ قالدى. ھەر تەرەپتىن يىغىپ كېلىنگەن ھاياسىز ئەرلەر، بۇزۇق ئاياللار سۇلتاننىڭ كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈن پەرۋانە بولماقتا. ئىسلام ئېلىنىڭ ئادىل پادىشاھىدا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت سۇلتاندا قالمىدى، — دەپ ۋەز ئېيتىپ، دېھقانلارنىڭ سەئىدىيە خانلىقىغا بولغان ئىشەنچىنى تەۋرىتىپ قويغانىدى. شەھەر، بازاردىكىلەر بۇ ئىشاننىڭ سۆزىگە ئانچە ئىشەنمىسىمۇ، ئويلىنىپ قېلىشقانىدى. ناتىق زاباندا راز خوجا پەيزۇللا ئىشان:

— ئالالانىڭ رەھمىتىگە ئىگە بولىمەن دېسەڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار، شەھۋانىي نەپسى خاھىشىغا بېرىلگەن زالىم، كاززاپ

سۇلتاننىڭ ئورنىغا، بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىگە بېرىلمىگەن، ئۇ دۇنيانىڭ غېمىنى يەيدىغان زاھىت غازىنى تەختكە چىقىرايلى، — دەپ ئاۋامنى بىراقلا قوزغىماقچى بولۇپ، يىراق ـ يېقىندىن توپلانغان مۇرىت، سوپى ـ سالىكلىرىنى باشلاپ ئوردىغا ماڭغانىدى.

ئوردا دەرۋازىسى پەشتىقىدا تۇرغان سىپاھىلار توپيا توزۇتۇپ كېلىۋاتقان مالىمانىنى كۆرۈپ ئوردا قاراۋۇللار سەردارى قەيسەر بەگكە مەلۇم قىلدى. ئۇ دەرۋازىنى تاقاشنى بۇيرۇپ، ئوردا ياساۋۇللار بېگى ئابدۇلباسىت سەردارنى خەۋەرلەندۇردى، ئەمىر ئەكرەمنى ۋاقىپلاندۇردى. ئەمىر ئەكرەم ئاتا ۋەزىر قىدىرخانغا، ئاندىن ئەبۇسەئىد سۇلتانغا مەلۇم قىلدى.

شاھزادە ئويلىنىپ قالدى. ئۇ بالا ۋاقتىدا سوپىلارنىڭ ئوردىغا بېسىپ كىرمەكچى بولغىنىنى ۋە ئاتىسىنىڭ ئەمىرى بىلەن ئوردىغا قەدەم باستۇرماي قايتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئەسلەپ:

— سوپىلار ئوردىغا كىرگۈزۈلمەي قايتۇرۇۋېتىلسۇن، — دەپ ئەمىر قىلدى.

— خوپ، ئالىيلىرى.

ئەمىر ئەكرەم ئابدۇلباسىت سەردارغا ئوردىدىكى بارلىق قاراۋۇل، سىپاھلارنى سەپراس قىلىشنى بۇيرۇپ، قىدىرخان بىلەن ئۇلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

گۈلئېرەم ئوردىسىدىكى ئۈچ مىڭ سىپاھتىن ئىككى مىڭ يەتتە يۈزى ئابدۇرەشىدخان بىلەن كېتىپ، ئۈچ يۈز قاراۋۇل، ياساۋۇل قالغانىدى.

قىدىرخان ساداق، مىلتىق، قىلىچ، نەيزە، ئاي پالتا بىلەن قوراللانغان سىپاھلارغا نەزەر سېلىپ، دېدى:

— گۈلئېرەم ئوردىسى خانلىقىمىزنىڭ يۈرىكى. بۇ يۈرەك توختاپ قالسا مەملىكىتىمىز خاراب بولىدۇ. بۇنى كۆزلىگەن ئىشان، سوپى بولۇۋالغانلار، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە قارشى غوۋغا كۆتۈرۈپ قوۋۇقى مەشرىقتىن بېسىپ كىرىشنى قەستلەۋاتىدۇ. ئۇلار نائىب سۇلتاننىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ قايتىپ كەتكۈچە

دەرۋازىلارنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىشتى. قايتىپ كەتمەي زورلۇق بىلەن بېسىپ كىرمەكچى بولسا، قەتئىي تاقابىل تۇرۇشتى. سىپاھلاردىن بىرسىنىمۇ دەرۋازىدىن كىرگۈزمەيتتى، سېپىلغا چىقىشقا يول قويماتتى. ئىلاج بار قان تۆكۈلمىسۇن، ئەگەر ئۇلار قان تۆكسە، توسۇپ زەربە بېرىشتى. ئىشاننىڭ سۆزلىرىگە ئالدانماتتى. ئۇنىڭ دىلى باشقا، تىلى باشقا، غەرىزى سۇلتاننى غۇلىتىپ تەختنى ئىگىلەش. شۇنىڭ ئۈچۈن، گۈلئىبرەم ئوردىسىنى جان تىكىپ قوغدىشىڭلار زۆرۈر. ئاللا سىلەرگە غەلىبىنى يار قىلسۇن.

— ئاتا ۋەزىرنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىمىز!

— سەئىدىيە خانلىقىغا جېنىمىز پىدا!

— گۈلئىبرەم ئوردىسىنى جان تىكىپ قوغدايمىز!

قوراللىرىنى ئېگىز كۆتۈرگەن سىپاھلارنىڭ ئاۋازى دەل - دەرەخلەردىكى قۇشلارنى ئۈچۈرۈۋەتتى.

— پەرمان! — ئەمىر ئەكرەم قولىنى كۆتۈرۈپ سىپاھلارغا كۆز سالدى، — دەل مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ قوۋۇقى مەغرىب ۋە قوۋۇقى مەشرىقتىن ئوردىغا ھېچقانداق يات كىشى كىرگۈزۈلمىسۇن!

ئىككىنچى، يۈزبېشى، سەردار، بەگلەر ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن نۆكەرلىرىنى سېپىل ئۈستىگە چىقىرىپ، ھەرقانداق ئامال بىلەن ئوردىغا كىرىشكە ئۇرۇنغانلارغا زەربە بېرىشكە ھەرقاچان تەييار تۇرسۇن!

ئۈچىنچى، خان جەمەتى تۇرۇشلۇق ھەرەمگە مەيلى ئايال، مەيلى ئەر بولسۇن، ھەرقانداق كىشى كىرگۈزۈلمىسۇن، كىرىدىغانلار ئاتا ۋەزىرنىڭ رۇخسىتى بىلەن كىرىشى، چىقىدىغانلار چوڭ سۇلتان بېگىمنىڭ ئىجازىتى بىلەن چىقىشى شەرت. ھەرەمنىڭ چوڭ - كىچىك دەرۋازىلىرىدا ياساۋۇللار مەھرەملەر بىلەن بىللە قاراۋۇللۇق قىلسۇن.

— خوپ، ئەمىرلەشكەر!

بەگ، سەردارلار ئەمىر ئەكرەمنىڭ پەرمانى بويىچە قاراۋۇل،

سىپاھلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، گۈلئىرەم ئوردىسىنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىشقا تۇتۇندى.

مانا شۇ چاغدا ئامانىنىسا سۇلتان بېگىم خاس ھۇجرىسىدا ئابدۇرەشىدخان ئەۋەتكەن مەكتۇپنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئەي، پەيكى سەبا، مېنىڭ پەيامىم يەتكۈز،
يارىمغا نىياز ئىلە سەلامىم يەتكۈز.
گەر سۇبھى ۋە گەر شام قاشىغا يەتسەڭ،
ئەلۋەتتە دۇئايى سۇبھۇ شامىم يەتكۈز.

مەلىكەم قەدىرلىكىم، دەشتى قىپچاق دىيارىغا يېتىپ بېرىپلا جەڭگە كىرىپ كەتتۇق. ھەقنەزەرخان لەشكەرلىرىنى ئىسسىقكۆل دىيارىدىن چېكىنىدۇردى، ئەمما جەڭ كەسكىن داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئاللا پاناھىدا سالامەت تۇردۇم. سىزنى چۈشۈمدە كۆرۈپ، ئوڭۇمدا سېغىنىپ، كۆڭلەرنى جەڭگاھتا ئۆتكۈزمەكتىمەن. مۇقاملارنىڭ داستان ـ مەشرەپلىرىگە ساتار چېلىپ ئولتۇرغان گۈزەل قىياپىتىڭىز ماڭا كۈچ ـ جاسارەت بېغىشلىماقتا.

قەدىرلىكىم، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ. مەلىكە ئاچىڭىزدىن ھال سوراپ تۇرۇڭ. نۇسرەت قازىنىشىمىز ئۈچۈن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا دۇئا قىلىڭ. ئۇزاققا قالماي دىدار كۆرۈشكەيمىز، ئىنشائاللا.

خەير قەدىرلىكىم، ئامان بولۇڭ.
ئابدۇرەشىدخان
دەشتى قىپچاق، ھىجرىيە 954 ـ يىلى[1].

---

[1] ھىجرىيە 954 ـ يىلى ـــ مىلادىيە 1548 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

چاپارمەن بۇ مەكتۇپ بىلەن بىللە چۇچۇك سۇلتان بېگىمگە، قىدىرخان، ئەمىر ئەكرەملەرگىمۇ بىردىن مەكتۇپ ئەكەلگەنىدى.

ئامانىسا سۇلتان بېگىم مەكتۇپنى باغرىغا باستى. مونچاق ـ مونچاق ياشلار مەڭزىدىن دومىلاپ ئېتىكىگە چۈشتى. ئۇ مۇشۇ ئىككى ئايدىن بېرى خوپىلا تارتىلىپ قالغانىدى. «ئاھ، خۇدا! سۇلتاننى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن» دەپ ئىلتىجا قىلدى. ياشلىرىنى سۈرتۈپ، قولىغا ساتارنى ئالدى. «ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامىنى چېلىشقا باشلىدى. كۆز ئالدىغا ئابدۇرەشىدخان كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا قىلىچ پارىلداپ تۇراتتى. گويا تەمبۇر چېكىپ تەڭكەش قىلىۋاتقاندەك بىر سېزىم پەيدا بولۇپ، ساتارنى شۇنداق بېرىلىپ چالدىكى، مەريەمنىسا بۇۋىنىڭ كىرگىنىنى تۇيماي قالدى.

ــ مەلىكە خېنىم، چۇچۇك سۇلتان بېگىم كەلدى.

ئامانىسا سۇلتان بېگىم ساتارنى قويۇپ، يىپشىل كىمخابتىن تىكىلگەن ئىمچىسىنى، مەنپۇ دوپپىسىنى كىيدى. مەريەمنىسا بۇۋى بىلەن مېھمانخانىغا كىردى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەلىكە خېنىم ئاچا، تىنچ ـ ئامان تۇردىلىمىكىن؟

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ چۇچۇك سۇلتان بېگىم يېكەندازدىن تۇرۇپ يۈز يېقىپ كۆرۈشتى، ــ ئۆزلىرىمۇ ئوبدان تۇرغانلا، سىڭلىم؟

ــ ئەلھەمدۇلىللا، مەلىكە ئاچا، خان ئانام ۋە ئۆزلىرىنىڭ دۇئاسى بىلەن سالامەت، ياخشى تۇرۇۋېتىمىز.

ئامانىسا سۇلتان بېگىم كېنىزىكى گۈلسارە ئەكىرگەن ئاپتۇۋىنى قولىغا ئالدى.

ــ قوللىرىنى چايقىۋالسىلا، مەلىكە ئاچا.

ــ سۇنى كېنىزەكلەر بەرسۇن، سىڭلىم.

ــ ياق، مەلىكە ئاچا، سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولۇش

سائادىتىم، ــــ ئۇ سۇ قۇيۇپ بەردى. داستىخاننى ئۆزى سېلىپ، گېزەك، يەل ـ يېمىش قويدى. زەپەر سېلىپ دەملەنگەن چايدىن كۈمۈش جامغا قۇيۇپ سۇندى.

ــــ سىڭلىم، سۇلتان سەپەرگە چىقىپ كەتكەن ئىككى ئايدىن بۇيان نەچچە قېتىم مېنى يوقلاپ باردىلا، لېكىن ئۆزۈم كېلەلمىدىم، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا.

ــــ كۆڭلۈمگە نېمىشقا ئالاي، مەلىكە ئاچا. سىلىنى يوقلاپ تۇرۇش، خىزمەتلىرىدە بولۇش مېنىڭ بۇرچۇم.

ــــ رەھمەت، سىڭلىم، رەھمەت. سىلىدىن ناھايىتى مىننەتدارمەن، ــــ دېدى چۇچۇك سۇلتان بېگىم چايدىن ئوتلاپ.

ئۇ شەمشىبانۇ، گۇلئايىملارنى ئىشقا سېلىپ، قىلغان قەستى يوقىقا چىققاندىن كېيىن بۇنىڭ ئاشكارىلىنىپ، سۇلتاننىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەردە، ئامانىسا سۇلتان بېگىم ھېچنېمە بولمىغاندەك ئوچۇق چىراي ئېچىپ، شەپقەت قولىنى سۇنغان ۋە ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك بېغىشلىغانىدى. چۇچۇك سۇلتان بېگىم بۇنى ئۇنتۇيالمايتتى. ئۇ بىرنەچچە يىلنى غەم ـ ئەندىشە بىلەن ئۆتكۈزدى. ھالبۇكى، ئامانىسا سۇلتان بېگىمدىن قىلچە دۈشمەنلىك سەزمىدى. ھەمىشە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قىلىنغان ھۆرمەتتىن بەھرىمەن بولۇپ كەلدى. ئاخىر ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل شەپقەت پەرىشتىسىدەك سەمىمىي ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپ، ئۆز سىڭلىسىدەك كۆرىدىغان بولدى. ئايىنگار سۇلتان بېگىمدىن ئۆزىنى تارتتى، ئۇنىڭ ئالا نىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەنىدى. يېقىندىن بېرى ئاغرىپ ياتقان بولسىمۇ، يوقلاپ بارمىغانىدى.

چۇچۇك سۇلتان بېگىم چاي ئىچىۋېتىپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاپ بىرقىسما بولدى، يۈزى چىمىلداپ كەتتى.

ــــ سۇلتان ئالىيلىرىدىن خەت كەپتىكەن، سىلىنى يوقلاپ تۇرۇشۇمنى تاپىلاپتۇ. سىڭلىم، سىلىگە مەن يۈز كېلەلمەيمەن.

ــــ نېمىشقا ئۇنداق دەيدىلا، مەلىكە ئاچا، ھەرقانداق ئانىنىڭ

ئۆز كۆندىشىغا نىسبەتەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولالمايدىغانلىقى ئەمەلىيەت. بۇنى چۈشىنىمەن ۋە ئازابلىنىمەن. تەقدىرنى ئۆزگەرتىش بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن. تىلىكىمگە يارىشا، ئاللا ئىگەم ئىككىمىزنى ئاخىر يېقىن قىلدى، ئاچا ـ سىڭىل بولۇپ قالدۇق، بۇنىڭدىن مەن بەك خۇش.

ئامانىنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي ئېيتىشى چۈچۈك سۇلتان بېگىمنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. «نېمىدېگەن سەمىمىي ئايال ـ ھە! سۇلتان شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەن ـ دە، مەنمۇ ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتىمەن ...»

— مەلىكە خېنىم، ئاتا ۋەزىر كەلدى. ئىككىلىرىگە مۇھىم گېپى بار ئوخشايدۇ، قەسىر ھويلىسىدا قالدى، — دېدى كىرىپ تەزىم قىلغان شەمشىبانۇ.

ئىككى خانىش ئەجەبلەنگىنىچە بىر ـ بىرىگە قاراپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. مېھمانخانىغا چىقىپ دەرپەردە ئارقىسىدا ئولتۇرۇشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — سالام بېرىپ كىرگەن قىدىرخان دەرپەردە ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىپ قىلىچ ئېسىۋالغانىدى. ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ يۈرىدىغان بۇ ئاتا ۋەزىرنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، قوشۇمىسى تۈرۈلگەنىدى.

— مەلىكە خېنىملار، — دېدى ئۇ سالماقلىق بىلەن گەپ ئېچىپ، — بىر تۈركۈم تەلۋىلەر سۇلتانىنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئوردىمىزغا بېسىپ كىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئەتىگەندىن بېرى قوۋۇقى مەشرىق ئالدىدا غوۋغا قىلىپ بىرنەچچە ياساۋۇلىمىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئۇلارغا ئەمىر ئەكرەم بىلەن كۆپ نەسىھەت قىلدۇق. خوجا مۇھەممەديۇسۇپ بۇزرۇكۋارمۇ كېلىپ: «ئاللادىن قورقۇڭلار. سۇلتان يوق چاغدا نېمىشقا ئوردىغا باستۇرۇپ كىرمەكچى بولىسىلەر؟ قايتىپ ئاللاغا قۇللۇق قىلىڭلار» دەپ نەسىھەت قىلىسىمۇ كەتكىلى

ئۇناشىمىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ياماندەك قىلىدۇ. بۇ تەلۋىلەرنىڭ پىرى بولغان خوجا پەيزۇللا ئىشان «ئەيش ـ ئىشرەت ماكانى بولغان ئوردىنى گۇمران قىلىمىز!» دەپ ۋالاقلاپ، مۇرىتلىرىنى كۇشكۇرتۇپ ئوردا دەرۋازىسىنى تاش ـ بوران قىلدى. بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ، ئوردا سېپىلىغا چىقىشقا ئۇرۇندى. بىز ئۇ تەلۋىلەرنى قويغان شوتىسى بىلەن ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىدۇق. ئەھۋال خەتەرلىك. ئەسلىدە ئۇلارنى گەپ ـ سۆز بىلەن قايتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ھەربىرلىرىنى خەۋەرلەندۇرۇپ قويماقچى بولۇۋىدۇق. ئەمما، ئۇلار قايتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بارغانسېرى غالجىرلىشىپ «شەھۋانىيەتچى مۇغەننىلەردىن ئوردىنى تازىلىمىغۇچە قايتمايمىز!» دەپ جار سېلىپ، قوۋۇقى مەغرىبىنىمۇ تاش ـ بوران قىلدى. ئۇلار ھەدەپ ئوردىغا بېسىپ كىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا ھەربىرلىرىنى بۇ پاراكەندىچىلىكتىن خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇشنى زۆرۈر تاپتىم. خاتىرجەم بولۇشسىلا، سۇلتانىنىڭ ئەمرىنى ئادا قىلىپ، ئۇ تەلۋىلەرنىڭ ئوردىغا بېسىپ كىرىشىگە ھەرگىز يول قويمايمىز.

قىدىرخاننىڭ سۆزى تۈگىشىگە، چۇچۇك سۇلتان بېگىم سورىدى:

ــ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلىساڭلارمۇ قايتىپ كەتمەمدىكەن؟

ــ مەلىكە ئالىيلىرى، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاشقا بولمايدۇ.

ئامانىسا سۇلتان بېگىم بۇ سوئالغا جاۋاب بەردى:

ــ مەلىكە ئاچا، ئاتا ۋەزىر دېدىغۇ، ئۇ تەلۋىلەر «گۈلئىبرەم ئوردىسىنى شەھۋانىيەتچى مۇغەننىلەردىن تازىلىمىغۇچە قايتمايمىز» دېگەن تۇرسا، بۇ تەلەپنى قانداقمۇ ئورۇنلىغىلى بولسۇن؟ ئوردىمىزدا شەھۋانىيەتچىلەر نېمە ئىش قىلسۇن؟ ئۇلارنى قوغلىۋېتىش كېرەك.

ــ سىڭلىم، مەن ئاتا ۋەزىرنىڭ سۆزىنى تازا ئاڭقىرالماي

قاپتىمەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ تەلىپى شۇنداق بولسا، قانداقمۇ ئورۇنلىغىلى بولسۇن. ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ئىككىنچى قېتىم مۇنداق پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ، قوغلىۋېتىش لازىم، ئاتا ۋەزىر. بىخۇدلۇق قىلىنمىسۇن، — دېدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئامانىنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

— ئەلۋەتتە، دېگەنلىرىدەك قىلىمىز، مەلىكە ئالىيلىرى. بۈگۈن چۈشتىن ئېتىبارەن ئوردا مۇھاپىزىتىنى كۈچەيتتۇق. ھەرەمدىن چىقىدىغانلار ھەربىرلىرىنىڭ ئىجازەتنامىسىنى ئېلىپ چىقىدىغان، كىرىدىغانلار باش ئەمىر بىلەن مېنىڭ رۇخسىتىمنى ئېلىپ كىرىدىغان بولدى. قىسقىسى، غەپلەتتە قېلىپ، بارماق چىشلەيدىغان ئەھۋال سادىر بولمىسۇن، ھەرھالدا سەگەك تۇرۇش كېرەك. مەن ئەمدى قايتاي، — قىدىرخان ئورنىدىن تۇردى.

— ئاتا ۋەزىر، ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىدىن بىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرغايلا، خۇداغا تاپشۇردۇق، — دېدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم.

— خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرىمىز، مەلىكە ئالىيلىرى. خەير، ئامان بولۇشسىلا.

قىدىرخان ھەرەمدىن چىققاندا ناماز دىگەر بولغانىدى.

خوجا پەيزۇللا ئىشانىنىڭ مۇرىتلىرى كەچ كىرگەندىمۇ ئوردا دەرۋازىلىرى ئالدىدىن كەتمىدى. ئەتىسى، ئۆگۈنىمۇ كەتمىدى. يېزا - قىشلاردىن ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان مۇرىتلار بىلەن مەيدانى ئادالەت تولدى. ئۇلار ئوردا سېپىلى ئۈستىدىكى سىپاھلارغا تاش، چالما ئېتىپ، ئوت تاشلاپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ ئاسماننى بېشىغا كىيىشتى.

## 3

قاندەك قىزارغان ئۇپۇقتىن يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياشنى قارا بۇلۇت توسۇۋالدى، قوۋۇقى مەشرىق ئۈستىگە چۈشكەن نۇر شۇ

ئان يوقىلىپ كەتتى. كۈندۈز دېسە كۈندۈز ئەمەس، كېچە دېسە كېچە ئەمەس، زاۋال ۋاقتىدەك بىر ھالەت پايتەخت ئاسمىنىدا ھۆكۈم سۈرمەكتە.

قىدىرخان ئەمىر، بەگلەر بىلەن سىپىل ئۈستىدە كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

— خوجا پەيزۇللا ئىشان بىلەن يۈزمۈيۈز سۆزلىشىپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ ياخشىلىقچە مۇرىتلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشكە ئۇنىسا، بىزمۇ ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ، زىيان - زەخمەتنى سۈرۈشتۈرمەي تۇرايلى. ئەگەر قايتىپ كېتىشكە ئۇنىمىسا، دەرھال چاپارمەن ئەۋەتىپ سۇلتاننى بۇ توپىلاڭدىن خەۋەرلەندۈرەيلى ۋە ئوردىنى پىداكارلىق بىلەن قوغدايلى. ھەربىرىڭلارنىڭ يەنە قانداق مەسلىھەتى بار؟ — قىدىرخان ئۆزىنى چۆرىدەپ تۇرغان ئەمىر، سەردارلاردىن جاۋاب كۈتۈپ تۇردى.

— قارىغاندا بۇ تەلۋىلەر ئاسانلىقچە كەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ، كۈندىن - كۈنگە ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئاتا ۋەزىر، سىپاھلار سىپىلدىن چۈشۈپ يەكمۇيەك ئېلىشىشقا ئازلىق قىلىدۇ. سۇلتانغا دەرھال چاپارمەن ماڭدۇرايلى، لېكىن جانابلىرى ئۇ ئىشان بىلەن يۈزمۇيۈز سۆزلەشسىلىرى نەتىجە چىقماسمىكىن، — دېدى ئەمىر ئەكرەم ياساۋۇل، نۆكەرلەردىن كۆپرەك ئېلىپ قالمىغىنىغا پۇشايمان قىلىپ.

— بىرسىمىز ئون سوپىغا تېتىيمىز. دەرۋازىدىن ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ ئېلىشايلى، ئېلىشمىساق قوغلىۋېتەلمەيمىز، — سەردار ئابدۇلباستبەگ قىلىچىنىڭ سېپىنى مەھكەم تۇتۇپ ئاتا ۋەزىرگە تىكىلدى.

— سېپىل ئۈستىدىكى بارلىق سىپاھلار مىلتىق، ساداقتىن ئوققا تۇتايلى.

— مۇنداق بېكىنىپ تۇرىۋەرسەك، ئۇ تەلۋىلەر بىزنى بوزەك قىلىدۇ.

— ئاشۇ ئالدامچىلارغا تەڭ كېلەلمىسەك، سۇلتان ئالىيلىرىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمىز؟

— ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەيلى، رەھىم قىلمايلى!

سەردار، بەگلەرنىڭ غەزەپلىك چۇقانى كۆككە كۆتۈرۈلدى.

پەيزۇللا ئىشاننىڭ مۇرىت، سوپى ـ سالىكلىرى بىلەن كېلىپ، ئوردىنى قامال قىلىۋالغىنىغا بۇگۈن توققۇز كۈن بولغانىدى. يېزا ـ قىشلاقلاردىن كېلىۋاتقان مۇرىتلار كۈنسېرى ئاۋۇپ، ئوردىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. ھەپتىدىن بېرى يۇرت، ۋىلايەتلەردىن باج ـ سېلىق، توققۇز تارتۇق ئەكەلگەن ئەمەلدارلار پەيزۇللا ئىشاننىڭ مۇرىتلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنىپ، خالتا ـ تىللا ـ تەڭگە، تاي ـ تاي كىمخاب، تاۋار، توققۇز جۇپتىن كېنىزەك قىزلار، تۇلپار ئاتلار ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. يامان بولغىنى پەيزۇللا ئىشان نۇرغۇن مۇرىتلىرىنى باشلاپ بېرىپ، ياركەند ھاكىمبەگ مەھكىمىسىنى ئىگىلىۋالدى، جاھان مەدرىسەسىدىن تالىپلارنى قوغلاپ چىقاردى. يىللاردىن بېرى ھاكىمبەگ بولۇپ كېلىۋاتقان ئەمىر ئوسمانبەگنى بالىچاقىلىرى بىلەن تۇتقۇن قىلىۋالدى. قىدىرخان يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ، دېدى:

— خوجا پەيزۇللا ئىشان نادان ئاممىنى ئالداپ، قۇترىتىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەنىكەن، ئۇنى بېسىقتۇرماي بولمايدۇ. ئەمما، نەچچە مىڭ قارام، تەلۋە توپىلاڭچىلارغا بىرنەچچە يۈز سىپاھ بىلەن داۋاملىق تاقابىل تۇرماق تەس. قاراملىق قىلىپ ئۇلار بىلەن تۇتۇشساق زىيان تارتىمىز، ھەتتا ئوردىدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئۇ چاغدا سۇلتانغا، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سادىق پۇقرالىرىغا يۈز كېلەلمەيمىز، ئاللامۇ بىزنى كەچۈرمەيدۇ. بىز ئويدان ئويلىنىپ كۆرۈشىمىز كېرەك.

ئەمىر ئەكرەم باشلىق سەردار، بەگلەر، ئاتا ۋەزىرنىڭ دېگەنلىرىنى ئويلاپ كۆرۈپ مۇنداق قارار قىلىشتى:

بىرىنچى، ئاتا ۋەزىر پەيزۇللا ئىشان بىلەن سۆزلىشىپ، قايتىپ كېتىشكە دالالەت قىلىش.

ئىككىنچى، ئەگەر ئۇلار قايتىپ كەتمەي، ئوردىغا ھۇجۇم قىلىشنى داۋاملاشتۇرسا، بارلىق چارە ـ ئاماللار بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىپ ئوردىنى قوغداش.

قىدىرخان پېشىن نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپلا قوۋۇقى مەشرىقنىڭ پەشتىقىغا چىقىپ، مەيدانى ئادالەتكە كۆز سالدى:

پالتا، توقماق، نەيزە ـ قىلىچ كۆتۈرگەن تەلۋىلەر ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ، دەرۋازىغا، سېپىل ئۇستىگە تاش، چالما ئېتىشىۋاتاتتى. بەزىلىرى كۆيۈۋاتقان ئوتۇننى، بەزىلىرى ئوت تۇتاشتۇرۇلغان ياغلىق قاپاقنى تاشلاۋاتاتتى. پەيزۇللا ئىشان جەندىسىنى تەتۈر كىيىپ، پىرقىراپ ئايلىنىپ ھۇ تارتىپ، جەرە سالماقتا، ئۇنىڭ باش ـ كۆزىدىن سۇدەك قۇيۇلغان تەر ئۇزۇن تونچە كۆڭلىكىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.

زالالەتتۇر بۇ دۇنيا، ياھۇ ـ يائاللا ھۇم!
قاباھەتتۇر بۇ دۇنيا، ياھۇ ـ يائاللا ھۇم!

ئۇنىڭ بوغۇق ئاۋازى يۈزلىگەن مۇرىتىنى ھۇ تارتتۇرۇپ، جەرە سالدۇرۇۋاتاتتى.

قىدىرخان قاتتىق ۋارقىراپ ئۇنى چاقىردى:

— ئى، بۇزرۇكۋار!

خوجا پەيزۇللا ئىشان ئاڭلىسىمۇ جاۋاب بەرمىدى.

قىدىرخان ئۈچ مەرتەم بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

— ئى بۇزرۇكۋار!

پەيزۇللا ئىشان جەرە سېلىشتىن توختاپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ پەشتاققا كۆز سالدى.

— ھە، ئاتا ۋەزىر، ئەجەب بۇگۈن زۇۋانىڭىز ئېچىلىپ قالدىغۇ؟ دەرۋازىنىمۇ ئېچىۋەتمەمسىز؟ — دېدى ئۇ ئۆڭ قولىنى

ئېگىز كۆتۈرۈپ.
— ئالدىرىماڭ، بۇزرۇكۋار، ئاۋۋال سۆزلىشىۋالايلى.
— سىز ئېگىزدە، مەن پەستە تۇرسام، قانداقمۇ سۆزلىشىپ بىر قارارغا كېلەلەيمىز. سۆزلەشمەكچى بولسىڭىز دەرۋازىنى ئېچىپ چىقىڭ.
قىدىرخان يېنىدىكى ئەمىر ئەكرەمگە قارىدى.
— ئەمىر، دەرۋازىنى ئېچىشقا بولمايدۇ. سېپىلدىن شوتا بىلەن چۈشسەم قانداق؟
— ياق، ئاتا ۋەزىر. چۈشسىڭىز بولمايدۇ. ئۇ دېگىنىنى قىلمايدىغان، قىلغىنىنى دېمەيدىغان كاززاپ. سىزنى ئالداپ ئېلىپ چۈشۈپ زىيانكەشلىك قىلماقچى، — دېدى ئەكرەم ئۇنىڭ سېپىلدىن چۈشۈشىگە قوشۇلماي.
— ئەمىر، ئۇ ئىشان بىلەن سۆزلەشمىسەم زادى بولمايدۇ. بۇيرۇڭ، شوتا پەشتاققا قويۇلسۇن.
ئەمىر ئەكرەم بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ، ئۇردا ياساۋۇللىرىنىڭ سەردارى ئابدۇلباستىبەگكە جەڭ شوتىسى ئەكېلىشنى بۇيرۇدى.
قىدىرخان دۇبۇلغىسىنى، سەللە ئۇراقلىق دوپپىسىنى ئېلىۋېتىپ، ساۋۇتنى سېلىۋېتىپ، بەقەسەم تونىنى كىيدى. پەشتاقتىن چۈشۈرۈلگەن شوتىغا پۇت قويدى.
پەيزۇللا ئىشان ئۇنىڭ شوتا بىلەن چۈشۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ ھەجايدى. سېپىلغا چالما ـ كېسەك، ئوت ئېتىۋاتقانلارمۇ، جەرە سېلىۋاتقانلارمۇ توختاپ، شوتىدىن ئاستا چۈشۈۋاتقان قىدىرخانغا تىكىلىشتى. ئۇ يەرگە دەسسەپ، سالماق قەدەم بىلەن پەيزۇللا ئىشاننىڭ ئالدىغا باردى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇزرۇكۋار.
پەيزۇللا ئىشان زۇۋان سۈرمىدى. قىدىرخان ئۆزىگە ئۆزى جاۋاب سالام قايتۇردى:
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

پەيزۇللا ئىشان قاقاھلاپ كۈلدى.
— ئەي، سازەندە، ئابدۇرەشىدخان ساڭا ئالدانغان بىلەن مەن ئالدانمايمەن، قېنى تىزلىنىپ توۋا قىل، ئاياغلىرىمغا باش قوي.
قىدىرخاننىڭ قېنى يۈزىگە تەپتى. ئالدىغا بىر قەدەم باستى:
— مۇسۇلماننىڭ بەلگىسى سۆزىگە ئەمەل قىلىش، ئىشان. سۆزلىششكە ماقۇل بولغانىدىڭىز، ئەمدى يېنىۋالامسىز؟ مۇرتەتنىڭ بەلگىسى سۆزىدە تۇرماسلىق. ئېيتىڭا، مۇشۇ دەم مۇسۇلمانلىقىڭىزنى ئىسپاتلامسىز ياكى مۇرتەتلىكىڭىزنى ئاشكارا قىلامسىز؟
پەيزۇللا ئىشاننىڭ چېقىر كۆزلىرى قىسىلدى. ياڭاق گۆشلىرى لىپىلداپ، چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى. ئۇزۇن ساقىلىنى تۇتاملاپ كەينىگە بىر قەدەم داجىدى.
— بەس ! سەن مېنىڭ مۇسۇلمانى كامىل ئىكەنلىكىمدىن، ئەۋلىيالىقىمدىن گۇمانلىنامسەن تېخى، كارامىتىم بىلەن سېنى ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمنى مۇرىتلىرىم كۆردى. بۇنى ئىنكار قىلالامسەن، سازەندە؟
— سەن كارامەت ئىگىسى ئەۋلىيا ئەمەس، ئالدامچى. قېنى ئېيت ! — قىدىرخان ئەمدى سەنلەپ سۆزلىدى، — ئى ئالدامچى، نېمىشقا ئوردىنى قامال قىلىۋالىسەن؟ كارامەتلىك ئەۋلىيا بولساڭ، كارامەت كۆرسىتىپ دەرۋازىنى ئۆزۈۋېتەلمىدىڭغۇ. نېمىشقا ئۇچۇپ سېپىل ئۈستىگە چىقالمايسەن، نېمىشقا مەن بىلەن سۆزلىششتىن قورقىسەن؟ — قىدىرخان بىگىز بارمىقىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى، — ئاللا ، ئاللا دەيسەن، ئاللادىن قورقماي، ئۆزۈڭنى ئۇلۇغلايسەن. بەندىلەر ئالدىدا ئۆزۈڭنى ئۈستۈن تۇتۇپ پېشىڭگە، پۇتۇڭغا باش قويدۇرىسەن. مۇرىتلىرىڭ ئالدىڭغا ئۆمىلەپ كېلىپ، ئارقىسىچە ئۆمىلەپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇ سېنىڭ ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتقىنىڭ، مەنمەنلىك قىلغىنىڭ ئەمەسمۇ؟ بىلىپ قوي، ئىشان، ئۇلۇغلۇق، چوڭلۇق بىر ئاللاغا خاستۇر. ئەۋلىيا، ۋەلىيلەر ئەڭ كەمتەر، ئاللانىڭ ئەڭ سەۋرلىك

بەندىلىرىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى سەندەك داۋراڭ قىلىپ ئاشكارىلىمايدۇ.

قىدىرخان ساقىلىنى سىقىملاپ خەپىلەۋاتقان ئىشاندىن كۆزىنى ئېلىپ، ھاڭۋېقىپ قالغان مۇرىت، سوپى ـ سالىكلىرىغا قارىدى. ئۇ ئىشاننى كۆرسىتىپ، دېدى:

ــ پەيزۇللا ئىشان ئەۋلىيا، ۋەلىي ئەمەس، بۇزرۇكۋار ئىشان ئەمەس، ئالدامچى كاززاپتۇر. تىلى باشقا، دىلى باشقا ئىككى يۈزلىمە مۇناپىقتۇر. خۇنخور، قاتىلدۇر. خالايىق، ئۇنىڭغا ئالدانماڭلار، سۆزىگە ئىشەنمەڭلار، قايتىپ كېتىڭلار!

ــ قايتىپ كەتمەڭلار! ــ خوجا پەيزۇللا ئىككى قولىنى ھەر تەرەپكە ئۇزارتىپ جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى، ــ بۇ سازەندىنىڭ سۆزىگە كىرمەڭلار! جايىڭلاردىن قىمىرلىماڭلار! ــ ئۇ قىدىرخانغا بىگىز قولىنى تەڭلىدى، ــ سەن مېنىڭ مەقسىتىمنى بىلمەكچىمۇ؟ ئاڭلا! مەقسىتىم شۇكى: سەندەك شەھۋانىيەتچى بۇزۇق سازەندىلەرنى، داخانلىق قىلىپ سۇلتاننى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغان لولىنىڭ سېھىرگەر قىزىنى ۋە ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ، ئاللانى ئۇنتۇغان گۇمراھلارنى ئورۇندىن قوغلاپ چىقىرىپ، تەقۋا، دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان سۇلتاننى تەختكە چىقىرىش. ئۇقتۇڭمۇ؟

ــ سەنمۇ بىلىپ قوي، ئىشان! قارا نىيىتىڭدىن، شۇم پەيلىڭدىن يانمىساڭ ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچرايسەن. بۇ ئەلۋەك زېمىندىن ھەيدەپ چىقىرىلسەن، بارار جايىڭ تاغۇدەشت بولىدۇ، ــ دېدى قىدىرخان قەھرى بىلەن، ئاندىن ئۆزىگە كۆز سېلىپ تۇرغان مۇرىت، سوپى ـ سالىكلارغا خىتاب قىلىپ دېدى، ــ خالايىق، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئادىل پادىشاھ، ئۇ شەھۋانىيەتچى ئەمەس. ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ ئاۋامنى، مەملىكەتنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. كېچە ـ كۈندۈز ئەل غېمىنى يەپ، ئادالەت بىلەن سۇلتانلىق قىلىپ كەلدى. قېنى ئېيتىڭلار، سۇلتانىمىز كىمگە زۇلۇم قىلدى؟ كىمگە ناھەقتىن ـ ناھەق

ئۇۋال قىلدى؟ — قىدىرخان غەزەپ ـ نەپرىتى بىلەن پەيزۇللا خوجىغا، مۇرىتلارغا سەپسېلىپ، ئۇلاردىن ئىنجا چىقمىغاندىن كېيىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سۇلتانىمىز ئاۋامنىڭ ھالىغا يېتىپ ئەل ـ يۇرتىمىزنى پاراۋان، كۆڭلىمىزنى شادىمان قىلدى. مەملىكىتىمىزگە تىنچلىق، ئاسايىشلىق بەخش ئەتتى. خانىش لولىنىڭ قىزى بولسىمۇ، كامىل ئىمان، پاك ۋىجدان، پاساھەتلىك مەلىكىدۇر. ئۇنىڭ ياخشى نىيىتى ئۇردىمىزغا ۋە خانلىقىمىزغا ئەمىنلىك ۋە شەرەپ بەخش ئەتتى. ئۇ پاكلىقنىڭ ئۈلگىسى. ئۇنىڭ كۈلكىسى سائادەتمەن ئاۋامنىڭ كۈلكىسى. ئۇنىڭ چالغان مۇسىقىسى ئاۋامنىڭ ئاھۇ ـ زارى، مىسكىنلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنىدۇر. ئۇ يورۇقلۇققا چىقارغان مۇقاملار مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى خەزىنىسى، ئەۋلادلار ئۇچۇن بىباھا تۆھپە، تەشنالار ئۈچۈن بۇلاقتۇر.

گۇلئىبرەم ئوردىسى ئەنە شۇ سۇلتانىمىز ئابدۇرەشىدخان، مەلىكىمىز ئامانىسا سۇلتان بېگىمنىڭ، پەزىلەتلىك، ياخشى نىيەتلىك ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەمىر ـ ئۆمىرالارنىڭ خالىس ئىش بېجىرىدىغان، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدىغان قارارگاھىدۇر. پاسىقلار، مۇرتەتلەر، سۆزىدە تۇرماس كاززاپلار بۇ ئوردىغا پۇت قويالمايدۇ. پەيزۇللا ئىشان يامان نىيىتىگە يېتەلمەيدۇ. خالايىق، قايتىپ كېتىڭلار.

— ئاغزىڭنى يۇم، بەتبەخت! — پەيزۇللا ئىشان تال ـ تال بولۇپ سالپىيىپ تۇرۇپ قالغان، كەتمەكچى بولۇپ ماڭغان مۇرىتلارغا كۆزى چۈشۈپ، قىدىرخاننىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى، — قاراپ تۇرسام تەپ تارتماي ئاغزىڭغا كەلگەننى دەپ، ئاۋامنى كەتكۈزۈۋەتمەكچى بولۇۋاتىسەن! — مېنى بوش چاغلاۋاتامسەن؟ ئەمدى كارامىتىمنى كۆر! ئۇ ئەتراپىدا قول باغلاپ تۇرغان سوپى ـ سالىكلىرىغا بۇيرۇدى، — بۇ مۇرتەتنى تۇتۇپ باغلاڭلار!

يەتتە ـ سەككىز سوپى كېلىپ قىدىرخاننى باغلىدى.

— ئېلىپ بېرىپ چاھقا تاشلاڭلار.
— خوپ، پىر - ھەزرىتىم.
سوپىلار دۈشكەلەپ، تۇرتۇپ، ئۇنى ئېلىپ ماڭدى. قىدىرخان يۇلقۇنۇپ توختاپ، مىلتىق، ساداقتىن ئوق ئۈزمەكچى بولۇپ سېپىل ئۈستىدىن ئىنتىلىپ تۇرغان بەگ، سىپاھلارغا كۆز تىكىپ، دېدى:
— ئەمىر ئەكرەم، سەردار، سىپاھلار، ئېغىر - بېسىق، تەمكىن بولۇڭلار. ئالدانغان ئاۋامنىڭ جېنىغا زامىن بولماڭلار. ئۇردىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىڭلار ...
— نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن؟ ئېلىپ مېڭىش، بۇ ئىبلىسنى ! — دەپ ۋارقىرىدى پەيزۇللا ئىشان.
سوپىلار قىدىرخاننى ئىتتىرىپ توختاتماي خانىقاغا ئېلىپ باردى. ئىشانغا بويسۇنمىغان مۇرىتلارنى ئازابلايدىغان چاھقا سېلىپ، ئۈستىنى تاش ياپقۇ بىلەن ياپتى.
قىدىرخاننىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان ئەمىر ئەكرەم لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى: «ئاتا ۋەزىرنى ئۇ خۇنپەرنىڭ ئالدىغا بېرىشقا قويمىسام بوپتىكەن. ئاق كۆڭۈل ئادەم - دە، ئاچ يولۋاسقا ئۆزىنى تۇتۇپ بەردى. مۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام، ھەي ئىسىت...»
— ئەمىر جانابلىرى، پەرمان بەرسىلە، ئۇ ئىشاننى، ئۇنىڭ مۇرىت، سوپى - سالىكلىرىنى ئوققا تۇتۇپ ئاتا ۋەزىرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالايلى، — دېدى ئابدۇلباستىبەگ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.
خىيالدىن ئۆزىگە كەلگەن ئەمىر ئېغىر تىنىپ بېشىنى چايقىدى:
— ئاتا ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ، سەردار؟ ئۇ شۇ ھالدا تۇرۇپ ئالدانغان خالايىقنىڭ جېنىغا زامىن بولماسلىقىمىزنى تاپىلىدى. ئۇ نېمىدېگەن ئالىيجاناب - ھە! سەۋر قىلىپ تۇرايلى...
ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەي، سوزماقتىن ئېتىلغان بىر تاش

ئەمىر ئەكرەمنىڭ دۈبۈلغىسىغا تېگىپ چېكىسىنى قاتتىق ئاغرىتىۋەتتى.

پەيزۇللا ئىشان پەشتاق ۋە سېپىل ئۈستىدىكى سىپاھلارنى كۆرسىتىپ:

— تاش - بوران قىلىڭلار، — دەپ مۇرىتلىرىغا بۇيرۇدى.

نەچچە مىڭ قولدىن ئېتىلغان تاش، كېسەك، تاشلانغان ئوت پەشتاق ۋە سېپىل ئۈستىدىكى سىپاھلارنى باش كۆتۈرگۈزمىدى.

غەزەپلەنگەن ئەمىر ئەكرەم:

— مىلتىق، ساداقتىن ئوق ئۈزۈپ، ئۇ تەلۋىلەرنىڭ پۇتلىرىنى چېقىپ تاشلاڭلار، — دەپ پەرمان قىلدى.

مىلتىق، يانىڭ ئوقلىرى پەيزۇللا ئىشان مۇرىتلىرىنىڭ ئۈستىگە مۆلدۈردەك ياغدى. يىقىلغانلارنىڭ داد - پەريادلىرى جەرە سېلىۋاتقان پەيزۇللا ئىشاننىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى. ئارقىغا يېنىپ قاچقانلار بىر - بىرىنى سوقۇپ، يىقىتىپ دەسسەپ، دەرۋازىدىن خېلى يىراقلاشتى.

شۇ كۈنى كەچ ئەمىر ئەكرەم بارلىق بەگ، سەردارلارنى دەرۋازا ئۈستىدىكى پەشتاققا يىغدى. ئاي قاراڭغۇسى بولۇپ، ئاسماندا يۇلتۇزدىن ئەسەر يوق ئىدى.

— بەگ، سەردارلار كۆردۈڭلار، پەيزۇللا ئىشاننىڭ مۇرىتلىرى ھەددىدىن ئاشماقتا، خېلى كۆپ قېرىنداشلىرىمىزنى ھاياتىدىن ئايرىدى. مۇنداق كېتىۋەرسە بەرداشلىق بېرەلمەي قالىمىز، شۇڭا سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا چاپارمەن ئەۋەتىشىمىز زۆرۈر. قېنى كىم بارىدۇ؟ — دېدى ئەمىر ئەكرەم سىپاھلار كۆتۈرگەن ئوتقاش يورۇقىدا كۆپچىلىككە سەپسېلىپ.

— مەن باراي، ئەمىر جانابلىرى، — قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئالدىغا چىقتى دەۋرانبەگ.

بۇ يىگىت جاھان مەدرىسەسىدە سەككىز يىل ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن خاس نۆكەرلىككە تاللىنىپ ئوردىغا كەلگەنىدى. ئابدۇرەشىدخان بۇ نۆۋەت سەپەرگە ئاتلانغاندا،

مەريەمنىسا بۇۋىنى يەنە داغۇھەسرەتتە قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ ئوغلىنى ئوردىدا قالدۇرۇپ قويغانىدى.

ئەمىر ئەكرەم كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان بەستلىك يىگىتكە سەپسېلىپ، باش لىڭشىتتى. ئىككىنچى بولۇپ ئەلائىددىن مەھمۇد بارلاسنىڭ ئوغلى غىياسىددىن سابىت بارلاس ئوتتۇرىغا چىقتى ... شۇنداق قىلىپ، چوڭ ـ كىچىك ئوتتۇز نەپەر ياساۋۇل، نۆكەر بىرىش ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

ئەمىر ئەكرەم ۋەزىر، بەگ، سەردارلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلار ئىچىدىن ئون نەپەر ئەزىمەتنى تاللىدى. بۇلارغا ئوردىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇگۇرۇك چاپارمىنى ئابدۇرەھمان ئىزچى ئەھيارنى باش قىلدى. ھەممىسىگە جەندە ـ كۇلاھ كىيدۈرۈپ، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن مەھەلدە دەرۋازىنى سەل ئېچىپ يولغا سالدى. ئۇلار ئاتلىرىنى يېتىلەپ، خوجا پەيزۇللا ئىشانىنىڭ بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان مۇرىتلىرى ئارىسىدىن ئۇن چىقارماي ئۆتۈپ، شامالدەك ئىتتىك يۈرۈپ كېتىشتى.

## 4

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. ئابدۇرەشىدخاندىن تېخىچە دېرەك يوق ئىدى. پەيزۇللا ئىشان سوپى ـ سالىك، مۇرىتلىرى بىلەن گۇلئېرەم ئوردىسىنى قامال قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. كۆز ـ دە نەچچە قېتىم بېسىپ كىرمەكچى بولاتتى ـ يۇ، قاتتىق زەر ـ بىگە ئۇچراپ يەنە ئارقىغا چېكىنەتتى. مۇستەھكەم ياسالغان دەرۋازا ۋە پۇختا قوپۇرۇلغان سېپىلنى تەربىيە كۆرمىگەن تەلۋە ـ لەرنىڭ ئۆرۈۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، نۆكەر ـ سىپاھلار، ھەرەمدىكى خان جەمەتى ئېغىر كۈنگە قالغانىدى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم، ئامانىنىسا سۇلتان بېگىملەرمۇ بارلىق كېنىزەك، دېدەكلىرى بىلەن ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىپ، مۇھاپىزەت قىلىش ـ قا ئاتلانغانىدى. ئۇلار سېپىل راۋاقلىرىغا چىقىپ ياساۋۇل، نۆ ـ

كەرلەر بىلەن بىللە ئوردىنى تاش ـ بوران قىلىۋاتقان تەلۋىلەرگە يادىن ئوق ئۈزەتتى. چالما، تاش تېگىپ، ئوتتا كۆيۈپ يارىلانغانلارنى خانلىق شىپاخانىسىغا ئاپىرىپ ياتقۇزاتتى، ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. چاي قاينىتىپ، تاماق ئېتىپ، نۆكەر ـ سىپاھلارغا توشۇيتتى. پەقەت تۈن كېچىدىلا نۆۋەت بىلەن بىرئاز ئۇخلىۋالاتتى.

ئاينىگار سۇلتان بېگىملا ئۆز قەسرىدە — خاس ھۇجرىسىدا ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ تېزرەك كېلىشىنى تىلەپ ياتاتتى. ئۇ ئاغرىپ يېتىپ قالغاندىن بېرى قوپالمىغانىدى. خانىشلار بىردىنبىر ھايات بۇ قېيىنئانىسىنى پات ـ پات يوقلاپ تۇراتتى.

سوغۇق چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئوردا ئىچىنى ئارىلاپ ئاقىدىغان ئۆستەڭ ـ ئېرىقلارنىڭ سۈيى تارتىلىپ، مۇزلاشقا باشلىغانىدى.

خوجا پەيزۇللا ئىشان، سۈيى چىقىرىۋېتىلگەن ئوردا ئەتراپىدىكى خەندەككە ئوتۇن ـ ياغاچ تاشلاپ ئوت يېقىشقا، دەرۋازىغا ئوت قويۇشقا، سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ئوردىغا بېسىپ كىرىشكە بۇيرۇق قىلدى.

يۈزلىگەن شوتا سېپىلغا قويۇلدى، مىڭلىغان سوزماقتىن تاش ـ چالما، ساداقتىن ئوق سېپىل ئۈستىگە يامغۇردەك ياغدى.

ئۆلۈپ، يارىلىنىپ كۈنسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقان سىپاھلار بىر قولىنى ئون، ئىككى كۆزىنى تۆت قىلىپ تاقابىل تۇردى. سېپىلغا قويۇلغان شوتىلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن سىپاھلار ئۆلاقتۇرۇپ تاشلىدى. بېشى يېرىلسىمۇ، كۆزى قۇيۇلسىمۇ ئارقىغا چېكىنمىدى.

چۈچۈك سۇلتان بېگىم، ئامانىسا سۇلتان بېگىملەرمۇ كېنىزەكلىرى بىلەن يادىن ئوق ئۈزۈپ، قويۇلغان شوتىلارنى ئۆلاقتۇرۇپ، بىرمۇ سوپىنى سېپىل ئۈستىگە يولاتمىدى. ئوق ئۈزمەكچى بولۇۋاتقان نۇرنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ يەلكىسىگە تاش تېگىپ يىقىلىۋىدى، ئامانىسا سۇلتان بېگىم يۆلىۋالدى ۋە ئۇنى

شىپاخانىغا ئېلىپ بېرىشنى كېنىزەكلەرگە تاپشۇرۇپ، مەريەمنىسا بۇۋى قاتارلىق كېنىزەك ـ مۇلازىملىرى بىلەن سېپىلغا چىقىشقا ئۇرۇنغان تەلۋىلەرگە داۋاملىق يادىن ئوق ئۈزدى.

پەستىن ئېتىلغان بىر پارچە ئوت لوقىراپ يانغىنىچە ئۆرلەپ، يانى بەتلەۋاتقان چوچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ بېشىغا سۇۋىشىپ ئۆتۈپ گۈلئايىمنىڭ كۆكسىگە تەگدى. ئەگەر تۆمۈر ساۋۇت كىيىۋالمىغان بولسا، كىيىم ـ كېچەكگە ئوت تۇتىشىپ ئېغىر يارىلانغان بولاتتى. پەقەت جامالىنى توسۇپ تۇرغان تور نىقابلا كۆيۈۋاتاتتى. چوچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان تور نىقابىغىمۇ ئوت تۇتاشقانىدى. ئامانىسا سۇلتان بېگىم كۆرۈپ قېلىپ: «ۋاي، خۇدايىمەي! ...» دەپ توۋلاپ يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان چوڭ خانىشنىڭ بېشىدىن دۇبۇلغا بىلەن تور نىقابىنى ئېلىپ يەرگە تاشلىدى. مەريەمنىسا بۇۋى گۈلئايىمنىڭ كۆيۈۋاتقان رومىلىنى تارتقۇچلاپ ئېلىپ، پەسكە قارىتىپ ئاتتى.

خەندەكتە پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ھۆل ئوتۇندىن چىققان ئىس ـ تۇتۇن ئاسمانىنى قاپلىغان بولۇتتەك ھاۋانى بىر ئالدى. توساتتىن قار ئۇچقۇنلاشقا باشلىدى.

مانا شۇ چاغدا لەشكەرلىرى بىلەن ئالتۇن دەرۋازىدىن ئۇچقاندەك كىرگەن ئابدۇرەشىدخان كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئەخلەت، توپا ـ چاڭ بىلەن توشۇپ كەتكەن كوچا ـ رەستىلەردە بىرمۇ دۇكان ئوچۇق ئەمەس، بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. گۈلئېرەم ئوردىسىغا يېقىنلاشقانسېرى، ناھايىتى نۇرغۇن ئادەمنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. غاراس ـ غۇرۇس، گۈلدۈر ـ غالاپ قىلىغان ئاۋازدىن چۆچۈگەن ئابدۇرەشىدخان قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ، ئاتىنى تېزلەتتى. ئارقىسىدىكى نۆكەر، سىپاھلارمۇ قىلىچىنى قوللىرىغا ئالدى. مەيدانى ئادالەتكە يېتىپ كەلگەندە كۆردىكى،

ھەممە ئۆرىتۆپە بولۇپ كەتكەنىدى. «يا خۇدا! بۇ نېمە ئالامەت؟ كۆرۈۋاتقىنىم چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ؟ ...» ئۇ ئويلاپ قالغاندا، سېپىل ئۈستىگە تاش، كېسەك، ئوت ئېتىۋاتقان، شوتا بىلەن چىقىۋاتقانلارغا كۆزى چۈشتى. ئۇ نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشىنىپ قاتتىق غەزەپلەندى. تىزگىن سىيرىپ كېتىۋاتقان ئات بىردىن ئۈركۈپ ئۇنى تاشلىۋەتكىلى قىل قالدى، تىزگىننى قاتتىق تارتىۋىدى، قارا گىر ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كىشنىۋەتتى. بىر توپ مۇرىتلار بىر ساقاللىق سوپىنى ھالقىغا ئېلىپ جەرە سېلىۋاتاتتى. ئابدۇرەشىدخان كەينىدە پەرمان كۈتۈپ تۇرۇشقان ۋەزىر، ئەمىر، سەركەردىلەرگە:

— توپىلاڭ كۆتۈرگەن بارلىق كىشىلەر قورالسىزلاندۇرۇلسۇن. قارشىلىق قىلغانلار ئۆلتۈرۈلمەي باغلىۋېتىلسۇن ۋە سول تەرەپكە سەپراس قىلىنسۇن! قارشىلىق قىلماي ئەل بولغانلار ئوڭ تەرەپكە سەپراس قىلىنسۇن! — دەپ ئەمىر قىلدى.

— باش ئۈستىگە، سۇلتان ئالىيلىرى، — دېيىشتى ئەمىر، سەركەردىلەر.

مەيدانى ئادالەتتىكى مۇرىت، سوپى - سالىكلار نەچچە تۈمەن نۆكەر - سىپاھلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىندى. ھەرياندىن قىلىچ ئوينىتىپ باستۇرۇپ كەلگەن نۆكەرلەر قارشىلىق قىلغانلارنى قىلىچنىڭ كەينى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلىدى. ئۇلارنى ھېچكىم توسۇپ قالالمىدى. ئابدۇرەشىدخانمۇ ئېتىنى دېۋىتىپ، مالىمان ئىچىگە بۆسۈپ كىردى. ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرالماي جەرە سېلىشتىن توختاپ قالغان پەيزۇللا ئىشاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، قىلىچنى بىر شىلتىپ ئۇنىڭ ئۇزۇن ساقىلىنى شارتتىدە كېسىپ تاشلىدى.

ئۆزى ئۆلدىگە چىقىرىۋەتكەن ئابدۇرەشىدخاننىڭ پەيدا بولۇپ قالغىنىدىن دەككە - دۈككىگە چۈشكەن پەيزۇللا ئىشان زۇۋان

سۇرمەي ئۇلتۇرۇۋالدى، رەڭگى قارىداپ كەتكەنىدى.
— ئاللا قارا نىيەتلەرنى ئارزۇسىغا يەتكۈزمەيدۇ، ئىشان، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇنى قىلىچ بىلەن تۇرتۇپ، چىپىسىپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى.
— بۇ هارامزادە كاززاپنى زىندانغا تاشلاڭلار، — دەپ ئەمىر قىلدى جالالىدىن خان بىلەن ئابدۇلئەزىز كوكۇلداشقا.
— باش ئۇستىگە، سۇلتان ئالىيلىرى.
ئۇلار پەيزۇللا ئىشاننى ئالدىغا سېلىپ كەتتى.
— ئاتا ۋەزىر قېنى؟ — ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتكەن ئابدۇرەشىدخان ئەمىر ئەكرەمدىن سورىدى.
— سۆزلىشمەن دەپ سىپىلدىن چۈشكەندە، ئىشاننىڭ مۇرىتلىرى تۇتۇپ كەتكەنىدى.
— توختا! — يالاپ ئېلىپ ماڭغان پەيزۇللا ئىشاننى توختىتىپ سورىدى، — ئاتا ۋەزىر قەيەردە؟
— ئۇ خانىقادا، — خىرىلداپ جاۋاب بەردى ئىشان.
— ئۇنى قۇتقۇزايلى، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ۋە قارا گىرنى بۇراپ چاپتۇرغىنىچە كەتتى. ئەمىر ئەكرەم باشلىق ۋەزىر، ئەمىرلەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتلىرىنى يۈگۈرتتى.
خانىقاغا بېرىپ قىدىرخان بىلەن ئەمىر ئوسمانبەگنى چاھتىن چىقاردى. ئۇلار جۇدەپ، سارغىيىپ، هالسىزلىنىپ كەتكەنىدى.
قىدىرخان ئاتتىن چۈشكەن ئابدۇرەشىدخانغا قاراپ كەلدى. سۇلتان بىلەن ئاتا ۋەزىر قۇچاقلاشتى.

## ئون توققۇزىنچى باب

# جۇدالىق ئاقارتقان چاچ

### 1

تۈنجى قار ياغدى. قىش بوۋاي ياركەنت كوچىلىرىغا ئاق پاياندار سالدى، يالىڭاچلىنىپ قالغان دەل ـ دەرەخلەرگە ئاق مونچاق تاقىدى. ئاشۇ مالىماندىن كېيىن پايتەخت ئاھالىسى پاكىز تازىلاپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن مەيدانى ئادالەتنى لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار ئاقارتىپ، بەجايىكى ئاق مەشۈت يېيىپ قويغاندەك سېھىرلىك تۈسكە كىرگۈزدى. بىر توپ بالىلار قار ئېتىشىۋاتقان، بىر توپ بالىلار «قارا ـ قارا قۇشلارىم»، يەنە بىر توپ بالىلار «ئاق تېرەك، كۆك تېرەك» ئويۇنلىرىنى ئويناۋاتاتتى.

قوۋۇقى مەشرىقنىڭ پەشتىقىدا بۇغرا ـ كاناي، ناغرا ـ سۇناي ياڭراشقا باشلىدى.

جۈمە نامىزىدىن يانغان كىشىلەر مەيدانى ئادالەتكە يىغىلدى. بۇزرۇكۋار خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ھەزرىتىمۇ نەچچە يۈز مۈرىتى بىلەن شاپائەت سۇپىسىنىڭ يېنىدا ھەلقە[1] بولۇپ سۈكۈتتە تۇردى.

قىدىرخان، ئەمىر ئەكرەم باشلىق دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن مەسچىتتىن چىققان ئابدۇرەشىدخاننى كۆرگەن خالايىق ھۆرمەت بىلدۈرۈپ چۇقان سېلىشتى.

— سۇلتانىمىز ئامان بولسۇنلار!

— ئالىيلىرىغا كۆز ئالايتقانىنىڭ كۆزى قۇيۇلغاي !

[1] ھەلقە — چۆرگۈلەپ، ئايلىنىپ دېگەن مەنىدە.

— ئالىيلىرى ياقىقان ئادالەت چىرىغى ئۆچمىگەي !

ئاۋامنىڭ يۈرەك ساداسى مەيدانى ئادالەتنى لەرزىگە كەلتۈرۈپلا قالماي، ئابدۇرەشىدخاننىڭ ۋۇجۇدىنىمۇ لەرزىگە كەلتۈردى. ئۇ خوجا مۇھەممەديۈسۈپ بۇزرۇكۋار بىلەن كۆرۈشۈپ، ھاياجان ئىلكىدە جامائەتكە سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاتىلار، ئانىلار، ئاچىلار، سىڭىللار، ئاكىلار، ئىنىلەر ! ئاللا سىلەرگە ئامانلىق، خاتىرجەملىك ئاتا قىلغاي !

ئۇ مەيدانى ئادالەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شاپائەت سۇپىسىغا ئورنىتىلغان سائادەت تەختىنىڭ كۈمۈش پايىسىگە قەدەم قويۇپ، ئاۋامغا قاراپ، دېدى:

— ئاللا شەپقەتلىكتۇر، ھېچبىر بەندىسىگە زۇلۇم قىلمايدۇ. بەندە ئىنسابتىن چىقىپ، ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىدۇ. پەيزۇللا ئىشان ئەنە شۇنداق ئاسىي بەندىدۇر. قاراڭلار، ئۇلارنىڭ بەشىرىسىگە.

ئابدۇرەشىدخان زىنداندىن يالاپ ئەكېلىنگەن پەيزۇللا ئىشانى قولى بىلەن كۆرسىتىپ، ئارقىدىن تەختتە ئولتۇردى.

كۆلاھنى چۆكتۈرۈپ كىيىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئىشاننىڭ يۈزىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى، پەقەت ساقالسىز ئۇچلۇق ئېڭىكىلا كاسىلداپ تۇراتتى. غادايغان ئۆزۈن بويى خۇددى چۆكتۈرۈلگەن تۆگىدەك مۈكچىيىپ قالغانىدى. ئەخلەت ـ چاۋار چاپلىنىپ، چاڭ ـ توزان قونغان چاچلىرى گەدىنىدە يېپىلىپ تۇراتتى. «ئاللانىڭ ئاشىقى، پىر ـ ئەۋلىيا» دەپ ئۆزىگە چىرايلىق نام قويىۋالغان بۇ ئادەم مۇشۇ تاپتا كارامەت كۆرسىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمەي قالغانىدى. ئۇنىڭ كەينىدە ئوندەك سوپى ـ سالىكلىرى ئاچ قالغان ئېشەكتەك سالپىيىپ تۇرۇشاتتى. مەرھۇم بابا سالىھنىڭ ئورنىغا پاشاپېگىلىككە تەيىنلەنگەن ئابدۇلئەزىز كوكۇلداش ياساۋۇللىرى بىلەن ئۇلارنى نازارەت ئاستىغا ئالغانىدى.

— بۇ دىن ئاسىيلىرىنىڭ جىنايەتلىرىنى خانلىقىمىزنىڭ ئاتا ۋەزىرى سۆزلەپ بېرىدۇ، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇلۇغ تەرىپىدىن ئورۇن ئالغان قىدىرخاننى سۆزگە تەكلىپ قىلىپ.

ئۆتكەن ھەپتە چاھتىن قۇتقۇزۇپ چىقىلغان ئاتا ۋەزىر ئالدىغا بىر چامداپ سالام بېرىپ، دېدى:

— جامائەت، بۆرە قوي تېرىسىنى يېپىنىۋالسىمۇ، ئۆزىنىڭ بۆرىلىك تەبىئىتىنى يوشۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ چىشلىگۈسى، كېيىك - توشقانلارنىڭ باغرىنى يارغۇسى، گۆش يېگۈسى كېلىپلا تۇرىدۇ. «ئەۋلىيا، ئاللانىڭ ئاشىقى» دېگەن مۇبارەكناملارنى ئۆزىگە قويىۋالغان پەيزۇللا ئىشاننىڭ نەپسى تاقىلداپلا تۇرىدىغان، ئاچ كۆز، تەمەخور، نەپسانىيەتچى زالىم ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئېلىمىزگە قەدەم باسقان بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، بارغانلا يېرىدە ئۆزىنى تەقۋا، پىر - ئىشان كۆرسىتىپ، نۇرغۇن يەر - مۈلۈك، ئالتۇن - كۈمۈش توپلىغانلىقى بۇ قېتىمقى مالىماندىن كېيىن ئاشكارىلاندى. ئۇ دۇئا قىلىپ، سوۋغا قوبۇل قىلىپ يىغقان ئالتۇن مىڭ سەردىن، كۈمۈش ئەللىك مىڭ سەردىن ئاشىدۇ. ئېنىقلىشىمىزغا قارىغاندا، ئىككى يىلدىن بېرى ئەمرىگە ئالغان قىز - جۇۋانلار ئوتتۇز ئىككى بولۇپ، بەزىلىرى بىلەن بىرنەچچە كۈن، بەزىلىرى بىلەن بىرنەچچە ئاي ئۆي تۇتۇپ قويىۋېتەتكەن، ھەپتىدە بىر خوتۇن يەڭگۈشلىگەن. بۇ ھاياسىز شەھۋانىيەتچى ئۆزىنى «پىر» ساناپ توپلىغان مۇرىتى بىرنەچچە تۈمەنگە يېتىدۇ. قىزلىرىنى بېرىپ دۇئا ئالمىغان، ئېسىل نەرسىلەرنى سوۋغا قىلمىغان، ئۇنىڭ ئالدامچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ يۈز ئۆرۈگەن مۇرىتلارنى قىيناش ئۈچۈن خانىقا ھاجەتخانىسىنىڭ كەينىگە يەتتە چاھ قازدۇرغان. يېقىندىمۇ ئاشۇ چاھقا تاشلىنىپ بىر ئاي قىينالدىم.

جامائەت، پەيزۇللا ئىشان پايتەختكە كەلگەندىن تارتىپ خانلىقىمىز ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ، يەر - زېمىن بېرىپلا قالماي، نۇرغۇن ئاشلىق، خىراجەت ئۈچۈن پۇل

بېرىپ كەلگەندى. ئۇ بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، دېھقان، كاسىپ، سودىگەر مۇرىتلىرىغا باج ـ سېلىق تاپشۇرتماي دۆلەتكە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشنى ۋىجدانىي بۇرچى بىلىپ ئىختىيارىي ئادىتىگە ئايلاندۇرغان ئاۋامغا يامان تەسىر بەردى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۆزىگە ئېتىبار بېرىپ ياردىمىنى ئايىمىغان، خانىقا سېلىپ بەرگەن، غەمخورلۇق قىلغان سۇلتانىمىزغا بوھتان چاپلاپ ھاقارەتلىدى، قارغىدى. مەدرىسە رەشىدىيە، جاھان مەدرىسە، يېشىل مەدرىسە قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا مۇرىتلىرى بىلەن بېسىپ كىرىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان چەت ئەللىك تالىبۇل ـ ئىلىملەرنى ئۇردى، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، كىتابلىرىنى تارتىۋالدى، يىرتىپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي تېخىمۇ ئەدەپ، سۇلتانىمىزنىڭ دەشتى قىپچاققا كەتكىنىدىن پايدىلىنىپ مۇرىتلىرىنى قۇترىتىپ، گۇلئېرەم ئوردىسىنى بىر ئايدىن ئارتۇق قامال قىلىۋالدى، ئوتتۇزدىن ئارتۇق سىپاھلىرىمىزنى ئۆلتۈردى، ئەللىكتەك ياساۋۇللىرىمىزنى يارىدار قىلدى، مەيدانى ئادالەتنى ۋەيران قىلدى. لېكىن، ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم ئۇ كاززاپنى قارا نىيىتىگە يەتكۈزمىدى. سۇلتان ئالىيلىرى ۋاقتىدا كېلىپ توپىلاڭنى بېسىقتۇردى. جامائەتكە پەيزۇللا ئىشاننىڭ ئەپت ـ بەشىرىسى ئاشكارا بولدى، — قىدىرخان سەل تۇرۇۋېلىپ، دېمى ئورنىغا چۈشكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — جامائەت، مۇنداق تۇزكور، ئاسىيلارنى يەنە چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، ئارىمىزدىن چىقىشى، باشقا يەردىن كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، سەگەك، ھوشيار تۇرۇشىمىز، بىخۇدلۇق قىلماسلىقىمىز زۆرۈر. سەگەك، ھوشيار بولۇش ئۈچۈن ئاللانىڭ بىر پەرزى بولغان بىلىم ئۆگىنىشكە بەجانىدىل بېرىلىشىمىز، ئەقىل ـ پاراسىتىمىزنى بىلىم بىلەن تاكامۇللاشتۇرۇشىمىز لازىم. بىلىملىك بولساق، مەككار ـ ئالدامچىلارنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ كەتمەيمىز، ھىيلە ـ مىكرىنى سېزىۋېلىپ، تاقابىل تۇرالايمىز.

بىلىم ئۆگەنمىسەك، جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ، زالىملارنىڭ، قارا نىيەت كاززاپلارنىڭ زۇلمىغا، خورلىشىغا ئۇچراشتىن ساقلىنالمايمىز. ئېلىمىزنى، خانلىقىمىزنى قوغدىيالمايمىز.
قىدىرخاننىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ، ئاۋامنىڭ يۈرەك ساداسى كۆككە كۆتۈرۈلدى.
— بىز ئاللاغا ئىشىنىمىز، پەيزۇللا ئىشانغا ئىشەنمەيمىز. پەيزۇللا ئىشان پىر ئەمەس، ئاپەت!
— بىز سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا سادىق. ئاسىي، مەككار پەيزۇللا ئىشان جازاغا لايىق. ئۇ جازالانسۇن!
— بىز بىلىم تەلەپ قىلىمىز، نادانلىقتا قېلىشنى خالىمايمىز، سۇلتانغا جېنىمىز پىدا!
ئابدۇرەشىدخان تەختتىن قوپۇپ قولىنى كۆتۈرۈۋىدى، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ توختاپ قالغاندەك ئاۋامنىڭ چۇقانى بېسىلدى.
— جامائەت، پەيزۇللا ئىشان مۇرىت قىلىۋېلىپ خانلىقىمىزنى ئاغدۇرۇشقا قوتراتقان ئاۋام گۇناھسىز! ئۇلار ئۆيلىرىگە، يۇرتلىرىغا قايتۇرۇلدى. پەيزۇللا ئىشان بۇ يەرلىك ئەمەس، ياقا يۇرتتىن كەلگەن. بىزنىڭ ئەزىز تۇپرىقىمىز مۇنداق قارا نىيەت تۇزكورغا ئورۇن بەرمەيدۇ. ئاللا كاززاپ، تەكەببۇر ئىبلىسنى شەيتانغا ئايلاندۇرۇپ جەننەتتىن قوغلاپ چىقارغان. بۇ بىز بەندىلەر ئۈچۈن ئىبرەت ۋە ئۆرنەك.
يارلىق: خەلقنىڭ ئارامىنى بۇزغان، سەئىدىيە خانلىقىنى بەربات قىلماقچى بولغان ئالدامچى، كاززاپ پەيزۇللا ئىشاننىڭ يىغقان مال ـ مۈلكى ئاۋامغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىپ، قەيەردىن كەلگەن بولسا، شۇ يەرگە قوغلانسۇن!
ئابدۇرەشىدخان ئامىمغا نەزەر سېلىپ تەختتە ئولتۇردى.
— سۇلتاننىڭ ئادالىتى بىزنىڭ سائادىتىمىز.
— پەيزۇللا ئىشان شەيتاندەك قوغلاندى بولۇپ ئۆلگەي!
— ئالدامچى، كاززاپلارغا لەنەت!

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى ئاللا ئامان قىلسۇن!
ئاۋامنىڭ قۇدرەتلىك ساداسى ئاستىدا بېشىنى كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان پەيزۇللا ئىشان ۋە ئۇنىڭ ئوندەك سوپى - سالىكلىرىنى نۆكەر، ياساۋۇللار يالاپ ئەكېتىشتى.
قار توختاپ هاۋا ئېچىلدى. بۇلۇت يىرىپ چىققان قۇياشنىڭ نۇرى يەرگە تەكشى يېيىلغان ئاق قارغا جۇلا تاشلىدى. مەيدانى ئادالەتتە مىڭلىغان ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزى قالدى.

## 2

ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن مەيدانى ئادالەتتىن يانغان ئابدۇرەشىدخان مەرهۇم ئاتا - ئانىسىنىڭ مەقبەرىسىگە كېلىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلدى. تۇنجى ياغقان قاردىن ئاقىرىپ كەتكەن ئەتراپ ئۇنىڭغا ئۆزگىچە گۈزەل كۆرۈندى. دۇئادىن كېيىن قايتىپ ماڭغاندا، ئىككى يېنىغا سەپسېلىپ، دېدى:
— ئاتا ۋەزىر، ئەمىر، ئەتە جاهانباغقا چىقىپ مۇقام ئاڭلاپ ئىككى كۈن تۇرۇپ كىرسەك دەيمەن. ئىككى ئايدىن بېرى كۆپ جاپا چەكتىڭلار، مۇقام هەممىمىزگە ئارام، غەيرەت بېغىشلايدۇ.
قىدىرخان ئۈن چىقارمىدى. ئۇنىڭ ساقاللىرى ئۆسۈپ، ياداپ قالغانىدى.
— ياخشى ئويلاپتىلا، سۇلتان ئالىيلىرى. مۇقام ئاڭلىمىغىلى ئۈچ ئاي بولۇپ قالدى. «ئىشرەت ئەڭگىز»، «ۋىسال» مۇقاملىرىنى ئاڭلاشقا تاقىتىم تاق بولغانىدى، — دېدى ئەمىر ئەكرەم.
ئابدۇرەشىدخان قىدىرخاننىڭ زۇۋان سۈرمىگەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭغا زەن قويۇپ، دېدى:
— نېمە بولدىڭىز، ئاكا، مىجەزىڭىز يوقمۇ ياكى مۇقامدىن رايىڭىز يېنىپ قالدىمۇ؟
قىدىرخان غەمكىن نەزىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى:
— سۇلتان ئالىيلىرى، بىلمىدىم، چاھتىن چىققاندىن بېرى

مەيدەم ئاغرىيدىغان، بېشىم قايىدىغان، ھېچ نەرسە تېتىمايدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، بايىلىقتىن، ئەمەلدىن رايىم يېنىشى مۇمكىنكى، مۇقامدىن رايىم يانمايدۇ. جاھانباغىقا بېشىم بىلەن مېڭىپ چىقاتتىم، ئەمما بالىلىرىمنىڭ ئانىسى كېسەل بولۇپ ئېغىرلىشىپ قالغاچقا، ئېسىم تازا جايىدا ئەمەس. شۇڭا، تەكلىپلىرىگە جاۋاب بەرمىگەنىدىم، ئەپۇ قىلسۇنلار.

ئابدۇرەشىدخان ئەينەكتەك مۇزلاپ كەتكەن كۆل بويىدا توختاپ، سورىدى:

— ئاكا، نېمىشقا بالدۇر ئېيتمىدىڭىز، ھەمشىرىمىز قاچاندىن بېرى كېسەل ئىدى؟

— پەيزۇللا ئىشان گۇلئېرەم ئوردىسىنى قورشىۋالغاندا قورقۇپ كەتكەنمۇ، بىلمىدىم. مەندىن ئەنسىرەپ كېچىلىرى ئۇخلىمايتۇ. چاھتىن چىقىپ ئۆيگە بارسام يېتىپ قاپتىكەن، تېۋىپقا كۆرسەتسەم، يۈرىكى ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، دەپ دورا بەردى. ئوبدان كۈتتۇق، لېكىن كۈندىن ـ كۈنگە تامىقى ئازىيىپ ئورنىدىن قوپالمايدىغان بولۇپ قالدى، ئالىيلىرى.

— بالىلىرىڭىزنىڭ ئانىسى شۇ ھالدا ياتسا، يەنە ئوردىغا كەلدىڭىزمۇ؟ — ئابدۇرەشىدخان بۇ دانا ۋەزىرنىڭ ساداقىتىدىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى، — ئاكا، ئوردا تېۋىپلىرىنى ئېلىپ ھازىرلا ئۆيگە قايتىڭ. ئەگەر ياردىمىم كېرەك بولسا، ئوغلىڭىز مېنى خەۋەرلەندۈرسۇن.

— رەھمەت، ئالىيلىرى. ئەمىسە ئۆيگە باراي.

قىدىرخان كەتتى.

ئابدۇرەشىدخان ئەمىر ئەكرەم باشلىق دۆلەت ئەركانلىرىدىن ئايرىلىپ، ئامانىسا سۇلتان بېگىم قەسرىگە قاراپ ماڭدى. ياركەندكە كەلگەن كۈنى ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىپ، قىلىچ، ساداق بىلەن قوراللانغان سۆيۈملۈك رەپىقىسىنى كۆرگەندە، مەستلىكى كېلىپ قۇچاقلىۋالغىلى تاس قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇپ، ئاۋۋال چۇچۇك سۇلتان بېگىم بىلەن، ئاندىن نۇرنىسا

سۇلتان بېگىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىقانە نەزىرى بىلەن تىكىلگەنىدى. بىر ھەپتىدىن بېرى ئاشۇ ئىككى خانىش يېنىدا بولۇپ، بۇگۈن ئۇنىڭ قەسىرىگە كەلدى. ھويلىدىكى قار سۈپۈرۈلۈپ، گۈللۈككە، دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىغا چېلىنىۋاتقان ساتارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئىزغىرىن شامالغا قوشۇلۇپ يىراقلارغا كەتكەنىدى. ئابدۇرەشىدخان بىردەم قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ، ئۆي – ئۆيدىن چىقىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇشقان كېنىزەكلەر بىلەن ئامانلىشىپ، كۇلۇمسىرىگەن ھالدا خاس ھۇجرىغا كىردى. ئامانىسا سۇلتان بېگىم ساتارنى «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنىڭ مەشرىپىگە چېلىۋاتاتتى، خىيالچان نىگاھى ئوچاقتىكى يېلىنجاپ تۇرغان چوغقا چۈشكەنىدى. گۈللۈك مەخمەل كۆڭلەك ئۈستىدىن نوقۇت رەڭ يۇڭ پوپايكا كىيىۋالغان، بېشىدا كەمچەت تۇماق بار ئىدى. ئۇ ئابدۇرەشىدخانغا يادىپ قالغانىدەك كۆرۈندى. شۇنداق بېرىلىپ چېلىۋاتاتتىكى، سۇلتاننىڭ كىرگىنىنىمۇ تۇيمىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مۇقام مەلىكىسى!

بۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋىللىدە قىزىغان خانىش ساتارنى كۆتۈرگىنىچە تۇرۇپ تەزىم قىلدى.

— مەرھابا، شاھىم، ئالدىلىرىغا چىقالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئەپۇ قىلغايلا.

— چېلىۋېرىڭ، قەدىرلىكىم، مۇقام ئاڭلاشقا شۇنداق خۇمار بولدۇمكى، قانىتىم بولسا بۇ ۋاققىچە نەچچە قېتىم يېنىڭىزغا كېلىپ كەتكەن بولاتتىم، كاشكى، كاشكى ...

ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ ئولتۇرغۇزدى. خانىش ئىككىنچى مەشرەپنىڭ غەزەللىرىنى تۈگىتىپ، ئىران گىلىمى تارتىلىق قىبلە تامغا ساتارنى يۆلەپ قويۇپ، ئېرىنىڭ قولىغا سۇ بەردى.

— مەن سىلىگە خۇمار بولدۇم، شاھىم، — دېدى ئۇ مىس چۆگۈننى ئوچاقتىكى چوغقا قويۇپ، ئاندىن داستىخان سېلىپ

گىزەك، مەزە قويدى، ــ قىنى ئالسىلا، نىمە يىگۈلىرى بولسا ئىتىپ بىرىمەن.
ــ مۇقامغا خۇمار بولغىنىم سىزگە خۇمار بولغىنىم، مەلىكە. مۇقامسىز ۋەسلىڭىزنى، ۋەسلىڭىزسىز مۇقامنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيمەن، قەدىرلىكىم.
ئامانىسا سۇلتان بىگىم خۇمار كۆزلىرىنى تىكىپ، دىدى:
ــ ئاھ، شاھىم، سىلىنى شۇنداق سىغىنىدىم. كىلىشلىرىنى بىلىپ ئابايا چۆچۈرە تۈگۈپ قويغانىدىم، پولۇدىن كىيىن پىشۇرۇپ بىرەي، بولامدۇ؟
ــ بولمامدىغان، مەلىكەم. مۇنۇ ئىككى ـ ئۈچ ئايدىن بىرى كۈنۈم ئات ئۈستىدە ئۆتتى. ئۆي تامىقىنى، بولۇپمۇ ئۆز قولىڭىز بىلەن ئەتكەن مەززىلىك تاماقنى شۇنچە سىغىنىدىم.
ــ ئەمدى قاچان يىگۈلىرى كەلسە، شۇ ۋاقىتتا دىگەن تاماقلىرى داستىخانغا تەييار بولىدۇ، شاھىم.
ئامانىسا سۇلتان بىگىم تۇرۇپ، ئاشخانىدىن بىر تەخسە پولۇ ئەكىردى. ئاشقا قىرغاۋۇل گۆشى، بىھى، چامغۇر بىسىلغانىدى. ئابدۇرەشىدخان ئىشتىھا بىلەن يىيىشكە كىرىشتى.
ــ ئوخشاپتۇ، مەلىكەم، بۇ ئاشنىمۇ ئۆزىڭىز ئەتتىڭىزمۇ؟
ــ شاھىم، بۇ ۋاقىتا قەدەر سىلىنى كىنىزەكلەر ئەتكەن تاماق بىلەن كۈتۈپ باقمىدىم، ــ دىدى خانىش.
ئۇ سۇلتان كىرگەندە باشقا خانىشلاردەك كىنىزەكلەرنى بۇيرۇمايتتى، ئاش ـ تاماقنى ئۆزى تەييارلايتتى.
ــ شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدىمغا قويۇلغان تاماقلار ئۆزگىچە لەزىز، شىرىن، بۇ ئۆيدە تاماق يىيىشكە خۇمار بولۇپ تۇرىمەن.
ئامانىسا سۇلتان بىگىم ئالتۇن سۇيىدە ھەل بەرگەن پىيالىگە چاي قۇيۇپ سۇندى.
ــ شاھىم، ئاللاغا مىڭ شۈكۈر، سىلى كىلىپ غەمدىن خالاس بولدۇق. مۇنداق بىر يەردە ئولتۇرۇپ تاماق يىيىشمىزگە تىخى بىر ئاي بۇرۇن ئىشەنچ قىلالماي ھەسرەت ـ ئەلەمدە

پۈچىلانغانىدىم. ئۆزلىرى ئاتلىنىپ بىر ھەپتە ئۆتمەي، ئوردىنى قامال قىلىنىۋالغان پەيزۇللا ئىشان «ئابدۇرەشىدخان ئوق تېگىپ قازا قىپتۇ» دېگەن ئىغۋانى تارقىتىپ، ئىرادىمىزنى سۇندۇرماقچى بولغانىدى. ئەمما، بىز سىلىدىن ئۈمىد ئۈزمەي، ئۇ مەلئۇنغا تاقابىل تۇردۇق. ئاللا ئىگەم تىلىكىمىزگە يارىشا سىلىنى ئۆزى كەلتۈرۈپ بەردى.

— چۈچۈك سۇلتان بېگىممۇ شۇنداق دېدى، مەلىكەم. ئۇ كاززاپ سىلەرنى داغۇھەسرەتتە قويۇپ ئوردىنى تارتىۋېلىش قەستىدە يالغاننى توقۇغان. ئەسلىدە مەن مۇنداق بالدۇر يېنىپ كەلمەيتتىم.

— يەنە قاچانغىچە تۇراتتىلە، شاھىم؟ — يۈرىكى جايىدىن بىر قوزغىلىپ سورىدى خانىش.

— مەملىكىتىمىزنىڭ پۈتۈنلۈكى خانلىقىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ سائادىتى، مەلىكەم. مەملىكەت دېگەن بىر تاۋاققا ئوخشايدۇ، بۇ تاۋاق پۈچۈق بولۇپ قالسا ئاش، سۇ تۇرمايدۇ. ۋەتىنىمىزدىن بىر يوچۇق ئېچىلىپ قالسا، ئامانلىق، خاتىرجەملىك بولمايدۇ، خانمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا، مەملىكىتىمىزنىڭ پۈتۈنلۈكىنى جان تىكىپ قوغدىشىمىز، ئاش يەيدىغان تاۋىقىمىزنى زىنھار پۈچۈق قىلىپ قويماسلىقىمىز لازىم، — ئابدۇرەشىدخان چاينى سۇمۇرۇپ ئىچتى، — ئابايا دېگىنىمدەك، ھەقنەزەرخان دەشتى قىپچاقنى چاڭگىلىغا ئېلىپلا قالماستىن، ئىسسىقكۆل، يەتتىسۇ دىيارلىرىغىمۇ بېسىپ كىرىپتىكەن. مەن كاشغەر، ئاقسۇدىن قوشۇلغانلار بىلەن جەمئىي ئالتە تۈمەن سىپاھنى باشلاپ ئۇچۇرما داۋاندىن ئۆتۈپ، يەتتىسۇ، ئىسسىقكۆل دىيارلىرىنى قايتۇرۇۋالدىم. توختىماي يۈرۈش قىلىپ ھەقنەزەرخانىنى دەشتى قىپچاقنىڭ شىمالىغا سۈرۈپ باردىم. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا دەۋرانبەگ قاتارلىق چاپارمەنلەر بېرىپ، پەيزۇللا ئىشاننىڭ ئوردىنى قورشىۋالغىنىنى، ئەھۋالنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكى

ھەققىدىكى مەكتۇپىنى يەتكۈزدى. كۈندۈزنى كۈندۈز، كېچىنى كېچە دېمەي ئاتمىش تۇغلۇق لەشكىرىم بىلەن قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم، مەلىكەم.

— ئۇنداق بولسا، شاھىم، دەشتى قىپچاقتا يەنە لەشكەر تارتىپ بارىدىكەنلا ـ دە؟

— مۇبادا ھەقنەزەرخان ئۇرۇش قوزغىماي ئۆز دىيارىدا تىنىچ تۇرسىلا، لەشكەر تارتىپ بارمايمەن. ئەمما، چۇچۇك سۇلتان بېگىمگە تۇغقۇلغان يۇرتىنى بىر كۆرسىتىپ كېلىش ئويۇم بار.

— ھە، ئۇبدان ئويلاپتىلا، شاھىم. قاچانراق يولغا چىقاي دەيدىلا، — يۈرىكى جىغىلداپ سورىدى خانىش.

— خۇدا نېسىپ قىلىپ بېرىپ قالسام، سىزنى تاشلاپ كەتمەيمەن، قەدىرلىكىم، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا چىن مېھرى بىلەن تىكىلىپ. ئامانىسا سۇلتان بېگىمنىڭ غەمكىن چېھرىدە كۈلكە پەيدا بولدى.

— راستمۇ، شاھىم؟ مەلىكە ئاچام مېنىڭمۇ بىللە بېرىشىمغا ماقۇل بولارمۇ؟

— راست، قەدىرلىكىم. مەلىكە ئاچىڭىزمۇ ماقۇل بولىدۇ. ئۇ ئۆزى «خانىش سىڭلىمنى بىللە ئېلىپ بارىمەن» دېدى.

ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ كۈلكە ئوينىغان بوتا كۆزلىرىدە ئۆزىنىڭ بەختىيار سىيماسىنى كۆردى.

— ھەقنەزەرخاننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز، مەلىكەم.

— ياق، شاھىم، بۇ توغرۇلۇق تېخى سۆزلەپ بەرمىدىلە.

— ھەقنەزەرخان چۇچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ ئاتىسىمۇ، ئانىسىمۇ باشقا ئىنىسى.

— قىزىقلا گەپ قىلدىلىغۇ، شاھىم، چۈشىنەلمىدىم.

ئابدۇرەشىدخان كۈلدى.

— چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئەندىجان دىيارىغا خان بولغان جانىبەگ سۇلتاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئەدىك سۇلتاننىڭ سۇلتان نىگار خېنىمدىن بولغان قىزى. ئەدىك سۇلتان جەڭدە قازا

تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاكىسى دەشتى قىپچاقنىڭ خانى قاسىمخان سۇلتان نىگار خېنىمنى ئەمرىگە ئېلىپ، چۇچۇك سۇلتان بېگىمنى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ ئارزۇلىغان. سۇلتان نىگار خېنىممۇ قاسىمخاننىڭ مەرھۇمە خانىشىدىن بولغان ئوغلى تاھىرخاننى ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلغان. قاسىمخان باشقا خانىش ـ توقاللىرىدىن ھەقنەزەرخان، تۇغۇمخان قاتارلىق قىرىقتىن ئارتۇق ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئورنىغا تاھىرخان تەختكە چىققان. لېكىن، ئۇ كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ، ئەلنى ياخشى باشقۇرماي، ئۆز بېشىمچىلىق قىلغاچقا، ئاۋامنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان. بۇنىڭدىن پايدىلانغان ھەقنەزەرخان ئۇنىڭدىن تەختنى تارتىۋالدى. سۇلتان نىگار خېنىم بۇنىڭغا نارازى بولۇپ ياركەندكە كېلىۋالغانىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە دەشتى قىپچاققا قايتىپ كېتىش ئارزۇسىدىن ۋاز كەچمەي ۋاپات بولدى. ئەمدى چۈشەنگەنسىز، قەدىرلىكىم؟

— چۈشەندىم، شاھىم. خۇددى «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدەك ئاجايىپ ئىكەن. دەشتى قىپچاققا بارغۇچە بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرسەم بولاتتى.

ئامانىسا سۇلتان بېگىم كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ئارزۇسىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈردى.

— ھازىر ئون ئوغلۇم بار، مەلىكەم. سىز سالامەت بولسىڭىز ماڭا شۇ كۇپايە. پەرزەنتلىك بولالمىدىم دەپ كۆڭلىڭىزنى ھەرگىز يېرىم قىلماڭ، قەدىرلىكىم، — ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ ئۇچىسىغا يېپىلغان ئۇزۇن قارا چاچلىرىنى سىلىدى.

— ئون ئوغۇلنىڭ ئانىلىرى باشقا، شاھىم. مېنىڭمۇ سىلىدىن بىر ئوغلۇم بولغان بولسا، كۆڭلۈم توق تۇراتتى. باشقا خانىشلاردەك بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرەتتىم. ئاھ، خۇدا، ماڭىمۇ بىر ئوغۇل ئاتا قىلغان بولساڭ كاشكى ...

ئابدۇرەشىدخان ئۇنى تۇغمايدۇ دەپ قارىغاچ، ياخشى تىلەكنى

بىلدۈرۈپ، پەرزەنتلىك بولغان خانىشلاردىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق سۆيىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەسەللى بەردى.
ئامانىنىسا سۇلتان بېگىم چۆچۈرىنى پىشۇرۇپ ئەكىردى. زىرە، ئاشكۆكىنىڭ پۇرىقى ئۆينى بىر ئالدى. چىراغ، شامدانلارنى يورۇتۇپ ئولتۇرغان خانىش ساتارنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزى ئىجاد قىلغان «گۈزەل كېچە» ناملىق مۇسىقىسىنى چالدى. ئابدۇرەشىدخان ئاشنى ئىچىپ بولۇپ، بۇ مۇڭلۇق مۇسىقىنىڭ ئۆركەشلىرىگە غەرق بولدى.
ئۇلار مۇز تۇتقان دېرىزىگە ئاي نۇرى چۈشكەندە چىراغنى ئۆچۈرۈپ يېتىپ قېلىشتى. ھەر ئىككىيلەن ئۈچۈن بۇ كېچە ناھايىتى شېرىن كېچە بولدى. ئامانىنىسا سۇلتان بېگىم تىلىكىگە يارىشا ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالدى.

## 3

پەيزۇللا ئىشان ۋە ئۇنىڭ ئونچە سوپى ـ سالىكلىرىنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبى چېگراسىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپ قايتىپ كەلگەن ئابدۇلئەزىز كوكۇلداش دىۋانخانىغا كىرىپ، ھەممەيلەننىڭ قايغۇلۇق ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبسىنگەن، ئەنسىرىگەن پېتى ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ قالدى. دىۋان ئەمىر كۆرسىدا ئولتۇرغان قارا تونلۇق كىشىگە كۆزى چۈشكەندە، تاقىتى تاق بولۇپ ئۇدۇل ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، جالالىدىنخان، — سالام بېرىپ كۆرۈشتى ھەم ھەممە يېرىدىن ھەسرەت ـ نادامەت تۆكۈلۈپ تۇرغان دوستىغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.
— رەھمەتلىك ئانامنىڭ كەينىدىن ئاتاممۇ كېتىپ قالدى، — دېدى جالالىدىنخان كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.
— نېمە دېدىڭىز، دوستۇم، قىدىرخان ئاكام تۈگەپ كەتتىمۇ،

ھە؟
— ئۆتكەن ھەپتە ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ بىۋاپا دۇنيادا بىز قالدۇق، — ئۇ بۇقۇلداپ يىغلىدى.
ئابدۇلئەزىز كوكۇلداش بىرىپ - كەلگۈچە قىرىق ئۈچ كۈن ئۆتكەندى. مۇشۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خانلىقنىڭ تۈۋرۈكى بولغان شۇنداق كاتتا زاتنىڭ تۈگەپ كەتكىنىگە ئۇ زادىلا ئىشىنەلمەيۋاتاتتى.
— بۇ راستمۇ، ھە؟ قانداق بولۇپ؟
— راست، — ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سۆزلىدى جالالىدىنخان، — رەھمەتلىك ئاتام چاھقا تاشلانغاندا، تاماق بەرمەي بىر ھەپتىگىچە ئاچ قويۇپتىكەن. ئاجىزلاپ چىققان چېغىدا تۇزلۇك دەم ئالماي ئوردا خىزمىتى بىلەن بولۇپ كەتتى. ئاغرىپ يېتىپ قالغان ئانامنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشتى. ئۇنى داۋالىتىمەن، باقىمەن دەپ كېچەيۈكۈندۈز پايپېتەك بولۇپ ئارام ئالالمىغان داداممۇ يىقىلدى. قازا يەتكەنىكەن ئانام ۋاپات بولدى. «مېنى تاشلاپ كەتتىڭمۇ ھەمراھىم، بىللە كەتسەك بولماپتى ھەمراھىم ...» دەپ زار - زار يىغلىغان دادام بىر ھەپتىمۇ ئۆتمەي بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى. پايتەختتە دەۋرەپ كەتتى، دوستۇم. جىنازا ئالدىدا سۇلتان ئالىيلىرى ئۆزى ماڭدى، مېيىت نامىزى ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئاتامنىڭ قاراڭغۇ يەر ئاستىغا كىرىپ كەتكىنىگە بىر ھەپتە بولدى. سۇلتان ئالىيلىرى ئۆيىمىزگە كېلىپ: «قازاغا رىزا بولۇش مۇسۇلماننى كامىللىنىڭ خىسلىتى. سىز يالغۇز ئوغۇل، جاسارەتلىك بولۇڭ. ئاتىڭىز بۇ ۋاقتقا قەدەر ئاتا ۋەزىر ھەم ئەمىر دىۋان بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كەلگەندى. سىز بۈگۈندىن باشلاپ ئەمىر دىۋان بولۇپ، ئوردىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىڭ» دەپ مېنى بۇ كۇرسىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. مەنمۇ غەيرەت كەمرىنى چىڭ باغلاپ، خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتىم، سىز ئۇ مەلئۇنلارنى چېگرادىن قوغلىۋېتىپ كەلگۈچە مانا

شۇنداق چوڭ مۇسىبەت بولۇپ ئۆتتى.
ئابدۇلئەزىز كوكۇلداش جالالىدىنخاننى ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ كۆپ تەسەللى ئېيتقاندىن كېيىن سۇلتان سارىيىغا كىردى.
ئابدۇرەشىدخان تەخت ئۈستىدە، مەرھۇم قىدىرخان ئورنىغا ئاتا ۋەزىر بولغان مىرزا ئەنۋەر، باش ئەمىر ئەكرەم، ۋەزىر موللا مەھمۇد، مۇھەممەد ئابدۇللا داموللا قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن كېڭىشىۋاتاتتى.
ئابدۇلئەزىز كوكۇلداش قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ بىر چەتتە كۈتۈپ تۇردى. ھەرقاچان بىرىنچى بولۇپ پىكىر بايان قىلىدىغان قىدىرخان ياركەندىيىنىڭ خۇش پىچىم قامىتى تەختنىڭ ئوڭ يېنىدا كۆرۈنمەيتتى. يېقىملىق، سالماق ئۈنىمۇ ئىشىتىلمەيتتى.
كېڭەش تۈگىدى. ئابدۇرەشىدخان سالام بەرگەن ئابدۇلئەزىز كوكۇلداشقا جاۋاب بېرىپ، دېدى:
— بۈگۈن كەلدىڭىزمۇ؟
— شۇنداق، ئالىيلىرى.
— قىدىرخان ئاكىدىن ئايرىلىپ قالدۇق، ئىنىم.
ئابدۇرەشىدخاننىڭ بۇ سۆزىدىن تۈگىمەس قايغۇ ـ ھەسرەت، جۇدالىق نادامىتى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.
ئابدۇلئەزىز كوكۇلداش نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي تارتىنىپ تۇرۇپ قېلىپ، دېدى:
— سۇلتان ئالىيلىرى، ئاللا ياخشى نىيەتلىرىگە يارىشا قىدىرخان ئاكىدەك دانالارنى ئۆزلىرىگە يەنە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، مالال بولمىغايلا.
يىللاردىن بېرى ئەڭ يېقىن سىرداش، دوست، مەسلىھەتچى بولۇپ كېلىۋاتقان ۋەزىردىن تۇيۇقسىز ئايرىلىپ قالغاچقا، سۇلتاننىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم، مۇسىبەت يېشىغا غەرق بولۇپ كەتكەنىدى. ئابدۇلئەزىز كوكۇلداشنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا ئۈمىد بېغىشلىدى، ئالدى پاللىدە يورۇغاندەك بولۇپ تەختكە چىقتى.

— ئىنىم، ماڭا ئىلگىرى مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلدۈرۈپ، كەچۈرگۈسىز خاتالىقىمنى تونۇتقانىدىڭىز. ئوردىغا كەلگەندىن بۇيان بەجانىدىل خىزمەت قىلىپ كەلدىڭىز. ھەق ـ ناھەقنى توغرا ئايرىپ، بىرمۇ ئادەمگە ئۇۋال قىلماي «ئادىل پاششاپ» دەپ نام قازاندىڭىز. بۈگۈن جۇدالىق شاملى ئۆچۈرگەن كۆڭلۈمدىكى ئۈمىد چىرىغىنى بىر جۈملە سۆزىڭىز بىلەن ياندۇردىڭىز، سىزگە رەھمەت، ئىنىم. ئىشىكئاغىسى بولۇشقا، تەختىمگە يېقىن تۇرۇشقا لايىق ئىكەنسىز. دۆلەت ئەركانلىرىمۇ بۇ خىزمەتكە سىزنى لايىق كۆردى، قوبۇل قىلغايسىز.

ئابدۇلئەزىز كوكۇلداش قوللىرىنى كۆكسىدىن چۈشۈرمەي، دېدى:

— سۇلتان ئالىيلىرى، مۇناسىپ كۆرگەن بولسىلا، بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چوقۇم چىقىمەن.

ئابدۇرەشىدخان خەزىنە ۋەزىرىنى چاقىرىپ، ئابدۇلئەزىز كوكۇلداشقا ئىشىكئاغىلىق تونىنى كىيدۈرۈشنى، سەللىمىسگە كۈمۈش ئوتۇغات قاداشنى ئەمىر قىلدى.

ۋەزىر، ئەمىرلەر ئۇنى مۇبارەكلىدى.

## 4

قىدىرخان ياركەندىي ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرىلا، ئۇزاق مۇددەت ئوردىدا خىزمەت قىلغان، سىناقتىن ئۆتكەن بىر قىسىم نەۋقىران ئەزىمەتلەرنى دۇنيادىن ئۆتكەن، خىزمەت ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كەتكەن، ياشانغان ئەربابلارنىڭ ئورنىغا قويۇش توغرۇلۇق سۇلتان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىۋالغانىدى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا مىرزا ئەنۋەر، موللا مەھمۇد قاتارلىق ساداقەتمەن ئابرۇيلۇق بەگلەرنى ۋەزىرلىككە، سەرۋاز ئابدۇلباستىبەگنى ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ سەردارلىقىغا، مەرھۇم ئەمىر بەھرامنىڭ

ئوغلى دەۋرانبەگنى ئوردا سىپاھلىرىنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈردى.

ئۇ قىدىرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئالىم، تەدبىرلىك مىرزا ئەنۋەرنى ئاتا ۋەزىر، ناتىق، خەتتات شاھھەببىب ياركەندىينى سەرمۇنشى، خۇشخۇي، شىجائەتلىك جالالىدىنخاننى ئەمىر دىۋان، قەيسەر، جۈرئەتلىك ئابدۇلئەزىز كوكۇلداشنى ئىشىكئاغىسى قىلىپ بەلگىلەپ يارلىق چۈشۈرۈپ مۇقىملاشتۇرغان بولدى.

سۇلتان ئون ئوغلىنىڭ يەتتىسىگە ھەرقايسى يۇرت ـ ۋىلايەتلەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندى. ئۇچى مەدرىسەدە بىلىم تەھسىل قىلىۋاتاتتى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بىر نەرسە يېتىشمەيۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ باشقا نەرسە ئەمەس، قىدىرخاننىڭ يوقلۇقى، بۇ يېتىشمەسلىكنى ھېچكىم تولدۇرالمايتتى.

ھازىرقى ئاتا ۋەزىر بىلىملىك، تەدبىرلىك بولسىمۇ، شائىر، مۇغەننى ئەمەس ئىدى. قىدىرخان بىلەن سۆزلەشكەندەك ئوچۇق ـ يورۇق سىردىشالمايتتى.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆڭلى سۇ ئىچىپ ياشنايدىغان بىرلا ئادىمى ئامانىسا سۇلتان بېگىم بولۇپ قالدى. ئۇ دۆلەت ئىشلىرى بىلەن قاتتىق چارچاپ، چۈچۈك سۇلتان بېگىم يېنىغا كىرگەندىمۇ ياكى نۇرنىسا سۇلتان بېگىم قېشىدا بولغاندىمۇ ھاردۇقى چىقمايتتى. تاماق ئۈستىگە تاماق، بالىلار توغرۇلۇق ئايىغى چىقمايدىغان گەپ ـ سۆز، ئاخشامدا باشلىنىپ كېچىچە تۈگىمەيدىغان ناز ـ كەرەشمىلەر ئۇنىڭ دەرمانىنى قۇرۇتۇۋېتەتتى. پەقەت ئامانىسا سۇلتان بېگىملا ئۇنىڭ ھالىغا يېتەتتى. مۇڭلۇق مۇسىقىسى، لەرزان ئاۋازى بىلەن مېڭىسىنى سۈزۈلدۈرەتتى، پىكرىنى ئاچاتتى، نازاكەت ـ سۆلكەتتى بىلەن مەھلىيا قىلاتتى. غەمزىسى، قىيا بېقىشلىرى بىلەن بېشىدىكى غەم بۇلۇتىنى تارقىتىپ، شادلىق بېغىشلايتتى، تاڭسۇق سۆزلىرى بىلەن كۆلدۈرەتتى. يۇمران، ئەۋرىشىم قوللىرى بىلەن باش ـ

كۆزىنى سىلاپ، ۋۇجۇد دەرىخىنى يەلپۈندۈرەتتى. مامۇق تەكىيىگە باش قويغاندا مۇھەببەتتى، ئوتلۇق باغرى بىلەن ھۇزۇرلاندۇراتتى. مۇشۇ تۇپەيلىدىن سۇلتاننىڭ دائىم ئۇنىڭ يېنىدا بولغۇسى كېلەتتى. ئەمما، چىداپ خان جەمەتى نىزامىنى بۇزماي كېلىۋاتاتتى.

يەنە كۆكلەم كەلدى. گۈلئېرەم ئوردىسىنىڭ چاربېغىدا، ھەرەم قەسىرلىرىنىڭ گۈلزارلىق ھويلىلىرىدا گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ ئەتراپ خۇش پۇراققا تولدى. ئەمما، ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆڭلى يەنىلا يېرىم ئىدى. قىدىرخاننى سېغىناتتى، ئەسلەيتتى، سېھىرلىك مۇسىقىسىنى ئاڭلىغۇسى، شېرىنسۇخەن سۆھبىتىنى تىڭشىغۇسى كېلەتتى... لېكىن ئۇ يوق ئىدى. مەھمۇد ئاخۇن ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ يوقلۇقىنى قىدىرخان بىلدۇرمىگەنىدى. قىدىرخاننىڭ يوقلۇقىنى بىلدۇرمەيدىغان كىشى چىقارمۇ؟

ياق، تېخى چىقمىغانىدى. ئەنە شۇنداق بىر قەدىردان ئۇستازىنىڭ، دوستىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان ئابدۇرەشىدخان ئۇنى ئىزدەيتتى.

«مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان بولسا كاشكى ...» ئۇنىمۇ تولا ئويلاپ سېغىنىدىغان بولدى.

ئابدۇرەشىدخان بۈگۈن جاھانباغدا مەجالىسۇن ئۈمەرا ئۆتكۈزدى. دۆلەتنىڭ ئەربابلىرى تەكلىپ قىلىنغان بۇ كاتتا يىغىنغا ھەرقايسى ۋىلايەت - يۇرتلارنىڭ ھاكىمبەگلىرى، ئابدۇلكېرىمخان باشلىق شاھزادىلەرمۇ قاتناشقانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى توققۇز تارتۇق قىلىپ كەلگەنىدى. دەشتى قىپچاقتىن ھەقنەزەرخان كەلمىگەن بولسىمۇ، ۋەزىرلىرىدىن توققۇز تارتۇق ئەۋەتكەنىدى. بۇنىڭدىن ئابدۇرەشىدخان خۇرسەن بولدى. بۇ مەملىكىتىنىڭ يەنە تىنچلىق، ئاسايىشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئابدۇرەشىدخان ئۇلارنىڭ مەلۇماتلىرىدىن بىلدىكى: ھەر ئۆي

ئىشىكى ئالدىدا بىر تۈپتىن بەش تۈپكىچە ئۈجمە دەرىخى، ھەر ئائىلىدە ئىككىدىن بەشكىچە قوي ـ كالا، ئات، بىردىن ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ، بىر بىلىملىك ئاقىل بولۇش ـــ كاشغەر، ياركەند، خوتەن، تۇرپان، بەدەخشان ۋىلايەتلىرىدە ئەمەلگە ئاشقانىدى. باشقا ۋىلايەت ـ يۇرتلاردىمۇ، تىجارەت، ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانمايدىغان ساۋاتسىزلار قالمىغانىدى.

شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلاردا بەرپا قىلىنغان مەدرىسە، مەكتەپ، قارىيخانىلار بەش مىڭدىن، يېڭىدىن سېلىنغان مەسچىت، جامەلەر مىڭدىن، قۇرۇلغان خانىقالار تۆت يۈزدىن ئاشقانىدى. شەھەر ـ يېزىلاردا يۈزدىن ئارتۇق بازار، رەستە ئەھيا قىلىنىپ، خەلقنىڭ ھۈنەر ـ سەنئىتى راۋاجلاندۇرۇلغانىدى. ئون ئۈچ ئۆستەڭ، ئۈچ يۈز كۆل، ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئېرىق چېپىلىپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلانغانىدى.

يول توسىدىغان قاراقچىلار، تام تېشىدىغان ئوغرىلار، ھەميانىنى قۇرۇقدايدىغان يانچۇقچىلار، تۈگىتىلگەنىدى. گۆھەر، ئالتۇن چۈشۈپ قالسىمۇ ھېچكىم كۆز قىرىنى سالمايدىغان، بىر كىشى قىيىنچىلىقتا ئۇچرىسا، ھەممە كۆڭۈل بۆلىدىغان قېرىنداشلىق مېھىر ـ مۇھەببەت ھەممە ئائىلىلەرگىچە قانات يايغانىدى. چېكىدىغان، ئىچىدىغان نائەھلىلەرگە ئورۇن قالمىغانىدى ...

بۇ مەلۇماتلارنى سەرمۇنشى شاھھەبىب ياركەندىي پاتلىق كەشمىر قەغىزىگە باش كۆتۈرمەي پۈتتى.

ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خىيالچان چېھرىدە ئىللىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ دۆلەت ئەركانلىرى، ھاكىمبەگلەرنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى.

— يۇرت ئاتلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكلىرى، ھەربىرىڭلارغا رەھمەت، ئاللا سىلەرگە رەھمەت ئاتا قىلسۇن.

— ئاللا ئۇلۇغدۇر.

— ئاللانىڭ خالىغىنى بولىدۇ.

— ئاللا سۇلتانىمىزغا مەدەتكار بولغاي، — دېيىشتى دۆلەت ئەركانلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ.

— جانابلار، ئولتۇرۇڭلار، — ئابدۇرەشىدخان كۆپچىلىك ئولتۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەرھۇم ئاتام سەئىدخاننىڭ ئارزۇلىرى ھەربىرىڭلارنىڭ تىرىشچانلىقى، غەيرەت - جاسارىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشتى. خانلىقىمىز گۈللەپ - ياشنىدى، قۇدرەت تاپتى. ھالبۇكى، ھاۋا ئۈچ يۇز ئاتمىش بەش كۈننىڭ ھەممىسىدە ئوچۇق بولمايدۇ. بەزى كۈنلىرى تۇتۇلىدۇ، ئىسسىق چاغلاردا شامال چىقىپ ھۇزۇر بېغىشلىسا، تىنچ - ئاساyىشلىق كۈنلەردە بوران چىقىپ گۈزەل باغلارنى توپا - چاڭغا غەرق قىلىۋېتىدۇ. بەزى چاغلاردا يامغۇر، قار يېغىپ زېمىننى كۆكەرتسە، بەزى چاغلاردا مۆلدۈر يېغىپ زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. سىلەرنى پاراغەتلىك كۈنلەردە غەپلەت باسسا، ئەل - يۇرت ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان زىيانغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ھەممە ۋاقىت ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىشىمىز، راستچىل، سەمىمىي، خالىس بولۇشىمىز، نىيىتىمىزنى بۇزماسلىقىمىز لازىم. بىر ئەمەلدارنىڭ نىيىتى بۇزۇلسا، مىلىك پۇقرانىڭ ئارامى بۇزۇلىدۇ. بىر ھاكىمبەگ خىيانەتچى بولسا، بىر يۇرت نامراتلىشىدۇ. بىر سۇلتان زالىم بولسا، بىر مەملىكەت خەلقى كۈلپەت چېكىدۇ. لېكىن، ئاقىۋەت ھەرگىزمۇ نىيىتى بۇزۇقنىڭ، خىيانەتچىنىڭ، زالىمنىڭ دېگىنىدەك بولمايدۇ. ئۇنداقلار ئاخىر بىر كۈن ئاللانىڭ جازاسىغا، خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. مەن سىلەرنىڭ، ئاللانىڭ سەمىمىي، ساپ دىل بەندىسى بولۇشۇڭلارنى، ئۆزۈڭلارنى ئاۋامنىڭ خوجىسى ئەمەس، قولى دەپ بىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. جانابلار، ئاۋامغا ئۈچ بولماڭلار، مېھرىبان بولۇڭلار، زالىم بولماڭلار، ئادىل بولۇڭلار، زالىملارنىڭ ئۆمرى كوتا بولىدۇ. ئاۋامغىمۇ، ماڭىمۇ راست گەپ

قىلىشلار. بىر ھاكىمبەگ يالغانچى بولسا، بىر يۇرت ئەھلى يالغانچى بولۇپ كېتىدۇ. بىر پادىشاھ يالغانچى بولسا، مەملىكەت خەلقى كاززاپ بولۇپ كېتىدۇ. مۇنداق ئەلدە نە بەرىكەت، نە راھەت بولسۇن؟ پادىشاھنى ئەمەلدار ئالداپ، ئەمەلدارنى قول ئاستىدىكى خىزمەتكارلار ئالداپ، خىزمەتكارلار ئاۋامنى ئالداپ، ئاۋام بىر - بىرىنى ئالداپ، ئارىدىن ۋاپا - ساداقەت، مېھىر - شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. راھەت كۆلىپەتكە، ئامەت ئاپەتكە ئايلىنىدۇ. يالغانچى - كاززاپلار شەك - شۈبھىسىز مۇناپىقلاردۇر. ھەربىرىڭلارنىڭ ئىچىدە ھېچكىمنىڭ مۇناپىق بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن، مۇناپىقلارنى ئاللا كەچۈرمەيدۇ:

ئابدۇرەشىدخان سۆزدىن توختاپ، دۆلەت ئەربابلىرىغا سەپسېلىپ قارىدى. نەزىرى شاھزادە ئابدۇلكېرىمخان باشلىق سەككىز ئوغلىغا چۈشكەندە خىتاب قىلىپ دېدى:

— ئوغۇللىرىم، بوۋاقلارمۇ، بوۋاقلارنىڭ بوۋىسىمۇ ئەلگە يۈز كېلەلمەيدىغان يامان ئىش قىلمىغان، دۈشمەنگە تىز پۈكمىگەن، ۋەتىنىگە ئاسىيلىق قىلمىغان، ئاۋامغا ئازار بەرمىگەن، تاجۇتەختىنى تارتقۇزۇپ قويمىغان. جاھان ئەللىرى ئارىسىدا مەرد - مەردانە بولۇپ ئۆتكەن. سىلەر ئەنە شۇنداق شانۇشەۋكەتلىك پادىشاھ، خانلارنىڭ ئەۋلادى، سەئىدخان ئاتامنىڭ نەۋرىلىرى. چوڭ-چوڭلار يۇرت سورىغۇدەك، كىچىككىلار ئات مىنگۇدەك بولۇپ قالدىڭلار، كۆڭۈللىرى ئۆزۈڭلار ئالالايسىلەر. سىلەرگە شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى: مانا بۇ دۆلەت ئەركانلىرىنى ھۆرمەت قىلىڭلار، دوست تۇتۇڭلار. ئۇلارغا يۆلىنىڭلار، كۆيۈنۈڭلار. ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىسىز ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلماڭلار. كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلمايدۇ.

بىر - بىرىڭلارنى قەدىرلەڭلار. ئالدىراقسانلىق، قىزىققانلىق قىلىپ، نام - ئابرۇي، يەر - ماكان تالىشىپ قېرىنداشلىق رىشتىڭلارنى ئۈزۈپ قويماڭلار، ئىتتىپاق بولۇڭلار. ئىتتىپاقسىزلىق قىلىپ نەپسى خاھىشىڭلارغا بېرىلگەن

كۇنۇڭلار — زاۋاللىققا يۈز تۇتقان كۇنۇڭلاردۇر، — ئابدۇرەشىدخان نەزىرىنى شاھزادىلەردىن دۆلەت ئەربابلىرىغا يۆتكىدى، — جانابلار، مەن ئوغۇللىرىمدىن ئابدۇلكېرىمخاننى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ۋەلىئەھد قىلىشنى قارار قىلدىم. سىلەر توغرا تاپساڭلار، يارلىق چۈشۈرىمەن.

— شاھزادە ئابدۇلكېرىمخان پاساھەتلىك ۋە جاسارەتلىكتۇر. ۋەلىئەھد بولۇشقا مۇناسىپ پەزىلەتكە ئىگە. سۇلتانىمىزنىڭ بۇ قارارى خانلىقىمىزنىڭ تېخىمۇ قۇدرەت تېپىشى، بىرلىكى، ئەمىنلىكى ئۈچۈن قوللىنىلغان دانا تەدبىردۇر، — دېدى ئاتا ۋەزىر مىرزا ئەنۋەر قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ.

ھەممە ۋەزىر، ئەمىرلەر، ھاكىمبەگ، سەركەردىلەر ئاتا ۋەزىرنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەشتى ۋە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ۋەلىئەھدىگە بەيئەت قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

— ئوغۇللىرىم، سىلەرمۇ ئاكاڭلارغا بەيئەت قىلىڭلار. ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانىنى ئورۇنلاشقا، چۈشۈرگەن يارلىقىنى ئىجرا قىلىشقا قەسەم بېرىڭلار، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ۋە ئابدۇلكېرىمخاننى شەرەتلەپ تەختكە چىقىرىپ، يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

ئىبراھىم سۇلتان، مۇھەممەدخان، ئەبۇسەئىد سۇلتان، قۇرەيش سۇلتان، مۇھەممەدباقى سۇلتان، مۇھەممەدشاھ سۇلتان، يۇنۇس سۇلتان، ئابدۇللا سۇلتانلار سەپراس بولۇپ تەخت ئالدىدا قەسەم بەردى:

— ئاللا گۇۋاھ بولسۇنكى، ۋەلىئەھد ئاكىمىز ئابدۇلكېرىمخانغا ئۆمۈر بويى بەيئەت قىلىمىز. ناۋادا قايسىمىز بۇ ئەھدىمىزگە مۇخالىپ ئىش قىلساق، ئاللا ئۆمرىمىزنى كوتا قىلسۇن.

ئابدۇرەشىدخان ئابدۇلكېرىمخانغا تاج ۋە تون كىيدۈردى. باشقا شاھزادىلەرگە كۈمۈش ساپلىق خەنجەر تەقدىم قىلدى. دۆلەت ئەركانلىرىغا تون ياپتى.

گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن ھەۋزەئى سۇلتان بويىدىكى شاھ سۇپىسىدا دۆلەت زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ، مەجالىسۇن ئۆمەرانىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى. داستىخان يىغىلدى. بۇ چاغدا ئولتۇرۇشقا نەيزە بويى قالغان قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرى كۈمۈش ياپراقلار ئارىسىدىن كۆلگە تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

## 5

نەقىشلىك پېشايۋان تۈۋرۈكىنىڭ ھەسەن ـ ھۈسەندەك رەڭدار ئەگمىسى ئۈستىگە ئېسىقلىق، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن چوڭ سىم قەپەستىكى يېشىل تونلۇق شاتۇتى قىزىل ئىلمەك تۇمشۇقى بىلەن بويۇن ـ بىقىنلىرىنى قاشلاپ قونداقتا ئولتۇراتتى. ئەركىلىگەندەك قىلىپ يېشىل قانتىنى كېرىۋىدى، ئاپپاق يۇمران پەي بىلەن قاپلانغان باغرى كۆرۈندى. ئۇ بويۇنداپ پەستىكى قونداققا چۈشتى. خۇددى ئۇنىڭ گۈزەل قاناتلىرىنىڭ رەڭگىدەك يېشىل كۆڭلەك كىيىپ، ئاق گۈللۈك ھاۋا رەڭ يىپەك رومال سالغان ئامانىسا سۇلتان بېگىم چىرايلىق ياسالغان ئىدىش يەمدانغا دان سېلىپ بەردى. شاتۇتى «رەھمەت، رەھمەت» دەپ قونداقتا سەكرەپ قويدى.

بۇ شاتۇتىنى ئۆتكەن ئايدا كەشمىر پادىشاھى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان توققۇز تاي كەشمىر قەغىزى بىلەن توققۇز تارتۇق قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. سۇلتان ئۇنى ئامانىسا سۇلتان بېگىمگە سوۋغا قىلىپ مۇشۇ يەرگە ئۆزى ئېسىپ بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ شاتۇتى خانىشنىڭ سىرداش دوستى بولۇپ قالدى. ئۇ مۇشۇ تاپتا بۇ ئەقىللىك قۇش بىلەن مۇڭدىشىۋاتاتتى.

شاتۇتى غەمخورىغا تىكىلىپ قاراپ دىك ـ دىك سەكرەپ، قەپەسنىڭ بىر تۆشۈكچىسىدىن تۇمشۇقىنى چىقاردى. ئامانىسا سۇلتان بېگىم پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ چۆچۈرە تۈگۈۋاتقان

كېنىزەكلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ تەخسىدىكى كۆك قىيمىسىدىن بىر ئوچۇم ئالدى، ئالىقىنىنى قەپەسكە يېقىن قىلىپ تۇتۇپ بەردى. شاتۇتى كۆك قىيمىسىنى چوقۇلاپ يېيىشكە كىرىشتى. شۇ چاغدا قەسىر ئىشىكىدىن بىر دەستە گۈل كۆتۈرۈپ ئابدۇرەشىدخان كىردى.

— سۇلتان كەلدى، سۇلتان كەلدى! — دەپ قاناتلىرىنى ئېچىپ - ياپتى شاتۇتى.

ئامانىسا سۇلتان بېگىم پېشايۋاندىن چۈشۈپ تەزىم قىلدى:

— ئەسسالام، شاھىم، مەرھابا!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەلىكە. شاتۇتى بىلەن چىقىشىپ قالدىڭىزمۇ؟ — ئۇ گۈلدەستىنى بەردى.

— ئىككىمىز سىرداش بولۇپ قالدۇق، شاھىم. نېمىدېگەن ئوبدان قۇش بۇ، ئادەمگە قاراپلا كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالىدىكەن، — خانىش گۈلدەستىنى پۇراپ رەھمەت ئېيتتى.

— شاتۇتىغا سىز گەپ ئۆگەتتىڭىزمۇ؟ — سورىدى ئابدۇرەشىدخان قەپەستە بويۇنداپ تۇرغان قۇشقا بىر قاراپ.

— بۇ يەردە بىر تۇمۇچۇق بار، شۇ ئۆگەتتى، — دېدى چۆچۈرە تۇگۇۋاتقان سۇۋەيبەگە كۆز قىسىپ قويۇپ، ئاندىن سۇلتانغا قاراپ كۈلدى، — مەنمۇ ...

ئۇ تاۋار جىلتكە سىقىپ تۇرغان قورسىقىنى تۇتۇپ سۆزدىن توختاپ قالدى.

— نېمە بولدىڭىز، قەدىرلىكىم؟ — ئابدۇرەشىدخان ئەنسىرەپ خانىشنىڭ چىرايىغا باقتى.

— ھۇجرىغا كىرىپ ئېيتىپ بېرەي، شاھىم.

ئامانىسا سۇلتان بېگىم ئالدىدا مېڭىپ ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، پەردىنى قايرىپ تۇردى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئارقىسىدىن ئۆزى كىردى، گۈلنى گۈلدانغا چىلاپ قويدى، ئېرىنىڭ تونىنى سالدۇرۇپ ئاسقۇغا ئاستى.

— شاھىم، ئولتۇرسىلا، مۇنداق قاراپ تۇرۇۋالسىلا

ھۇشۇمدىن كېتىپ قالىمەن.
— ئەمىسە قارىماي.
— قارىمىسىلا بىئارام بولىمەن.
— قارىسام خۇدىڭىزنى يوقىتىپ قويىسىڭىز، قارىمىسام بىئارام بولسىڭىز، قانداق قىلسام بولىدۇ، قەدىرلىكىم؟
— بىلدۈرمەي قارىسىلا، شاھىم، ماڭا ئوخشاش، — دېدى قىيا باققان خانىش.
— بىلدۈرمەي قارىيالمايدىكەنمەن، قەدىرلىكىم. بىلدۈرمەي قاراش قىز ـ چوكانلارغا خاس بولسا كېرەك.
— كېلىنشىلىرى مانا شۇنداق زاۋال ۋاقتى بولسا، قانداق چولام تېگىدۇ، — ھەزىل قىلدى خانىش.
— كېچىدىغۇ چولىڭىز تېگەر، مەلىكەم؟
— كېچىدىمۇ؟ تېخىمۇ تەگمەيدۇ، — جىلمىيىپ يەرگە قارىدى خانىش.
— ئۇنداق بولسا بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئېيتىڭا، ئابايا نېمىشقا سۆزىڭىزنى توختىتىۋالدىڭىز؟ بۇنىغۇ دەپ بېرەرسىز، قەدىرلىكىم.
— ئاماننىسا سۇلتان بېگىم پىخىلداپ كۈلدى ۋە يېنىدا ئولتۇرۇپ جىلىتكىسىنىڭ تۈگمىسىنى يەشتى.
— شاھىم، قوللىرىنى بۇ يەرگە قويسىلا.
ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ قورسىقىنى سىلاپ:
— ھېچنېمىنى بىلەلمىدىمغۇ، — دېدى.
— ۋاي، ئىسىت، توختىۋالدى، قوللىرىنى تارتىۋالماي تۇرسىلا، شاھىم.
— نېمە توختىۋالدى؟ ھەيران بولغان ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆكسىنى تۇتتى.
— شاھىم، قوللىرى باشقا يەرگە كېتىپ قالدىغۇ.
— ھازىر جايىغا كېلىدۇ، مەلىكەم، — ئۇ قولىنى تۆۋەن چۈشۈرۈپ شارتتىدە تارتىۋالدى.

— بىر نېمە قىسىرلاۋاتىدۇغۇ، مەلىكەم. بۇ ... بۇ ...
ئۇ ئالىقىنىنى خانىشنىڭ قورسىقىغا بېسىپ تۇردى.
— بايىمۇ شۇنداق تەۋرىگەنىدى. بۇ ئاللا بىزگە ئاتا قىلغان يېڭى جان. ئۇ ئۆزىنىڭ تۆرەلگىنىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ، شاھىم.
— ئاھ، مەلىكەم، ئېغىرئاياغ بوپسىزغۇ.
— ھەئە، شاھىم، ئاللا تىلىكىمگە يەتكۈزدى.
ئامانىنىسا سۇلتان بېگىم بېشىنى ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بالا تەۋرىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولدى. ئۆتكەندىكىدەك ئارماندا قالماي، دەپ ھېچكىمگە ئېغىز ئاچمىدىم، سىزنىلا ئىككىمىزدە مەلۇم قىلمىدىم. تازا ئېنىق بولغاندىن كېيىن ئېيتاي دەپ مۇشۇ كۈنگىچە سەۋر قىلىپ كەلدىم، ئەمدى ئېنىق بولدى، — خانىش تۇرۇپ داستىخان سالدى، — گەپ بىلەن بولۇپ سىلىگە ئۇسسۇلۇقمۇ قۇيۇپ بەرمەپتىمەن.
— قولۇمغا سۇمۇ بەرمىدىڭىز، قەدرىلىكىم.
— ۋاي ئۆلەي، — دېدى ئامانىنىسا سۇلتان بېگىم ئاپتۇۋا - چىلاپچىنى قولىغا ئېلىپ، — سىلىنى كۆرسەم ئېسىمنى يوقىتىپ قويىمەن.
— سىزدىن بالام بولىدىغان بولدى، ئەمدى ھەر كۈنى يوقلاپ تۇرىمەن، — ئابدۇرەشىدخان خانىش قۇيۇپ بەرگەن سۇ بىلەن قولىنى يۇدى.
— ئىشلىرى شۇنداق ئالدىراش تۇرسا، كىرەلمەسلىمىكىن، شاھىم.
— ھەرقانچە ئالدىراش بولسامۇ، ئەمدى يېنىڭىزغا پات - پات كىرىپ بالامنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىمەن.
— رەھمەت، شاھىم، سىلى كىرسىلە بالام بەك خۇش بولىدۇ، — ئامانىنىسا سۇلتان بېگىم تۇرۇپ چۆچۈرىنى پىشۇرۇپ ئەكىردى، — تولا گەپ قىلىپ قورساقلىرىنى ئاچۇرۇپ قويدۇم، شاھىم، باقسىلا.

ئابدۇرەشىدخان ئامانىسا سۇلتان بېگىمنىڭ ئېغىر ئاياغ بولغىنىدىن ناھايىتى خۇشال بولغانىدى. ئۇ چۆچۈرىنى يەۋاتقاندىمۇ، مۇقام پەدىلىرىگە تەمبۇر چەككەندىمۇ، سۆيۈملۈك نىگارى قوينىغا كىرگەندىمۇ، كۆز ئالدىغا بوۋاق ئوغلىنى كەلتۈرۈپ سۆيۈندى.

دېگىنىدەك ھەر كۈنى ئەتىگەن ياكى كەچتە كىرىپ ئەھۋال سوراپ تۇردى.

ھىندىستان پادىشاھى ھۇمايۇن ئەۋەتكەن شاتۇتىنى چۈچۈك سۇلتان بېگىم قەسىرىنىڭ پېشايۋىنىغا ئېسىپ بېرىپ، بۇ چوڭ خانىشنىمۇ خۇش قىلىۋەتتى. ئۇنىڭغا، ئامانىسا سۇلتان بېگىم يەڭگىگەندىن كېيىن دەشتى قىپچاققا ئېلىپ بېرىپ سەير - ساياھەت قىلىپ كېلىمىز، دەپ ۋەدە بەردى.

پىژغىرىم ياز ئۆتۈپ، سالقىن شامىلى بىلەن كۈز كىردى. ئەنجۈر، ئانار پىشتى. ئامانىسا سۇلتان بېگىمنىمۇ تولغاق تۇتتى، تۇتقاندىمۇ ناھايىتى قاتتىق تۇتتى.

ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن بېرى يېنىدا تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۆگەي ئانىسى ھەجەرخان باش - ئايىغىدا پايپېتەك بولۇپ:

— مەلىكە قىزىم، چىدىسىلا، تۇغۇت دېگەن مانا شۇنداق بولىدۇ، قورقمىسىلا، ئۆزلىرىنى بوش قويۇۋېتىپ ياتسىلا، — دەيتتى.

— ئانا، مەريەمنىسا ئاچامنى چاقىرسىلا، چىدالمايۋاتىمەن.

تەرگە چۆمۈلگەن ئامانىسا سۇلتان بېگىم قاتتىق ئىنجىقلاپ، پۇتلىرىنى ئۇزارتىپ - يىغىپ، گاھ دۈم بولسا، گاھ ئوڭدا بولاتتى. ئۇنىڭ نالە - پەريادىنى ئاڭلىغان كېنىزەكلەر كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، ئىشىك ئالدىغا توپلىنىشتى. بۇلار تۇرمۇشلۇق بولۇپ ھەرەمدىن چىقىپ كەتكەن كېنىزەكلەر ئورنىغا كەلگەن قىزلار ئىدى.

ئامانىسا سۇلتان بېگىم قىشلاقتىن كەلگەن ئون نەچچە يىلدىن بېرى كېنىزەكلەر ئىككى قېتىم ئالماشقانىدى. پەقەت

ئوردا ياساۋۇل، سىپاھلىرىغا تۇرمۇشقا چىققان شەمشىبانۇ، گۇلئايىم، شۇنىڭدەك مەريەمنىسا بۇۋى ھازىرغىچە خانىشنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كېلىۋاتاتتى.

ھەجەرخان ئاشخانىغا چىقىپ مەريەمنىسا بۇۋىنى چاقىرىپ كىردى. بىرىنچى تولغاق ئۆتۈپ كەتكەنىدى. خېلى ئۆگشىلىپ قالغان خانىش چاچلىرىنى تۇزەشتۈرۈۋاتاتتى. يېرىم سائەت ئۆتمەي يەنە تولغاق تۇتتى. ئامانىسا سۇلتان بېگىم ئۆزىنى تاشلاپ ئىگرىدى، ئىنجىقلاپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا دومىلاپ، ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي دادلىدى. بۇ قېتىمقى تولغاق ئۇزاقراق داۋام قىلدى. قاتتىق چىرقىراپ ھوشىدىن كەتكەندە تولغاق پەسلەپ قالدى. چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتكەنىدى.

مەريەمنىسا بۇۋى يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئارامگاھ سارايغا قاراۋاتقان ئىبرى ھاشىم ئاخۇننى سۇلتانغا خەۋەر بېرىشكە ماڭدۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي ئابدۇرەشىدخان ئامانىسا سۇلتان بېگىم قەسرىگە كەلدى. ھوشىغا كەلگەن خانىش سۇلتاننى كۆرۈپ قوپماقچى بولدى ـ يۇ، تۇرالماي يىقىلدى. يەنە تولغاق تۇتتى.

— ئالىيلىرى چىقىپ تۇرغان بولسىلا، مەلىكەم قورۇنۇپ تولغاق ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتمىسۇن، — دېدى ھەجەرخان ئۆتۈنۈپ.

ئابدۇرەشىدخان چىقىپ تاھارەت ئالدى. مېھمانخانىدا ئىككى رەكەت نەپلى ناماز ئوقۇپ خانىشنىڭ تۇغۇتىغا ئاسانلىق تىلەپ دۇئا قىلدى، «سۈرە يۇسۇپ»نى يەتتە قېتىم ئوقۇپ دۇئا قىلدى. ھەر قېتىم تولغاق تۇتقاندا ئامانىسا سۇلتان بېگىمنىڭ ئېچىنىشلىق نالە ـ پەريادىنى ئاڭلاپ، ئولتۇرالماي قوپۇپ كېتەتتى.

كەچ كىردى. ئاي بېشى بولغاچقا، ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. كۆزنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلى قەسىر ھويلىسىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنى ئىرغاڭشىتىپ، يېپىق دېرىزىلەرگە ئۇرۇلاتتى.

كەينى ـ كەينىدىن تۆتقان چوڭ، ئۈششاق تولغاق خانىشنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى، ئاۋازىمۇ ئاران چىقاتتى.

تاڭ سۈزۈلدى. شامال كۆچىيىپ كەتتى. مېۋىسىنىڭ كۆپلۈكىدىن شاخلىرى ئېگىلگەن ئالما دەرىخى تىنىماي ئىرغاڭشىپ شىلدىرلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرا شېخىدىن بىر يۈزى قىزارغان بىر ئالما سارغايغان بىر تال ياپراق بىلەن ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشتى.

بۇ كېچە ھېچكىم ئۇخلىمىدى، پېشايۋان تورۇسىغا ئېۋۋا سالغان قارلىغاچمۇ كېچىچە ۋىچىرلاپ چىقتى.

مەريەمنىسا بۇۋى تاھارەت يەڭگۈشلەپ جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرغان ئابدۇرەشىدخاننى چاقىردى:

— سۇلتان ئالىيلىرى، مەلىكىنىڭ ئۆزلىرىگە گېپى بار ئىكەن.

— بالا تۇغۇلدىمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى ئۇ.

— تۇغۇلۇش ئالدىدا، شاھىم.

ئابدۇرەشىدخان خانىش يېنىغا كىردى.

ھەجەرخان، مەريەمنىسا بۇۋىلەر چىقىپ كەتتى.

— قەدىرلىكىم، قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز؟ — سورىدى سۇلتان ئۇنىڭ ماڭلىيىدىكى تەپچىرەپ تۇرغان تەرلەرنى ئېرتىپ.

— خۇداغا شۈكۈر، شاھىم، بالا تۇغۇلماي جېنىم قىيىنىلىپ كېتىۋاتىدۇ، — ئاستا جاۋاب بەردى ئامانىنىسا سۇلتان بېگىم.

— خۇدا بۇيرۇسا بالا تۇغۇلىدۇ، مەلىكەم.

خانىش قوللىرىنى يوتقانغا تىرەپ ئولتۇرماقچى بولۇپ ئولتۇرالمىدى، ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ بېشىنى قۇچاققا ئالدى.

— شاھىم، مەن ئاللا دەرگاھىغا كېتىدىغان ئوخشايمەن. بالا تۇغۇلۇپ قالسا، ئوبدان قارىسىلا.

— خاۋاتىرلانماڭ، قەدىرلىكىم. ئىنشائاللا، بالىنى بىللە چوڭ قىلىمىز.

ئامانىنىسا سۇلتان بېگىم ئۇنىڭغا مۆلدۈرلەپ قاراپ، قولىغا

چىقىپ ئىسلىۋالدى.

— شاھىم، تولغاق تۇتقۇچە گېپىمنى دەۋالاي. تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ، كېتىپ قالسام كۆپ قايغۇرمىسىلا، بالا سىلىگە ھەمراھ بولىدۇ. چۇچۇك سۇلتان بېگىم، نۇرنىسا سۇلتان بېگىملەر خىزمەتلىرىنى قىلىدۇ.

ئابدۇرەشىدخان بوقۇرۇپ يىغلاپ تاشلىدى.

— قەدىرلىكىم، ئۇنداق دېمەڭ. يۈرىكىم پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

ئامانىسا سۇلتان بېگىمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېتىلىپ چىقتى.

— شاھىم، مەندىن رازى بولسىلا. مەن رەتلىگەن ئون تۆت مۇقامنى خەزىنىدە گۆھەر ساقلىغاندەك ساقلاپ ئەلگە تەقدىم ئەتسىلە. كىتابلىرىم، ساتارىم سىلىگە قالدى. ئۇلار مېنىڭ ...

ئامانىسا سۇلتان بېگىمنى تولغاق تۇتتى، قاتتىق ئاغرىقتىن چىرايى پۈرۈشۈپ چىرقىراپ كەتتى.

ھەجەرخان، مەريەمنىسا بۇۋىلەر كىرىشتى. ئابدۇرەشىدخان ئىستىقامەت ئۆيىگە چىقىپ ناماز بامداتنى ئۆتەپ، «سۇرە ياسىن» نى ئوقۇپ، مەھبۇبىنىڭ تۇغۇتىنى ئاللانىڭ ئاسان قىلىشىنى تىلەپ يىغلاپ دۇئا قىلدى. ئۇ تېخى دۇئادىن قوللىرىنى چۈشۈرمىگەنىدى، مەريەمنىسا بۇۋى كىرىپ:

— شاھىم، بالا تۇغۇلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

— بالا تۇغۇلدى؟! مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر.

ئابدۇرەشىدخان دەس تۇرۇپ خانىشنىڭ يېنىغا چىقتى. ئاپپاق زاكىغا يۆگەلگەن بوۋاق كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئانىسى يېنىدا ياتاتتى. بالىغا قاراپ ياتقان ئامانىسا سۇلتان بېگىمنىڭ چىرايى ئاجايىپ ئاقىرىپ كەتكەن، كۆزلىرى يېرىم يۇمۇق بولۇپ، تىنىقى ئىتتىكلەپ قالغانىدى.

ئابدۇرەشىدخان يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بوۋاقنى قولىغا ئالدى.

— خۇداغا شۈكۈر، مەلىكەم، مۇبارەك بولسۇن.

ئامانىسا سۇلتان بېگىم كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى، ئىنتىلىپ قارىدى، ياش تامچىلىرى مەڭزىدىن سىرغىدى. ئۇ ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ دېدى:

— شاھىم، شاھىم، خۇدا ... نېسىپ ... قىلىپ ... ئاخىر ... سىلىگە ... بالا ... تۇغۇپ ... بەردىم ...

ئۇنى ناھايىتى بوش چىقتى. ئابدۇرەشىدخان قولىنىڭ خانىشىنىڭ مەڭزىگە يېقىپ تۇرۇپ ئاڭلىدى.

— رەھمەت، قەدىرلىكىم، مىڭ رەھمەت. مەن ناھايىتى خۇشال.

— شا... ھىم ... مېنىڭ شا ... ھىم ...

ئامانىسا سۇلتان بېگىم ئابدۇرەشىدخانغا تەلمۈردى.

— ھە، قەدىرلىكىم.

— مەن ... كېتى ... دى ... غان ... بول ... دۇم. ئا ... نام، دا ... دام كەلدى ...

ئۇنىڭ ئۈنى پەسلەپ، تۆۋەنكى قاپىقى، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتتى.

— مەلىكەم، مەلىكەم! — توۋلىدى ئابدۇرەشىدخان بالىنى ياتقۇزۇپ قويۇپ.

— شا ... ھىم ...

بۇ ئامانىسا سۇلتان بېگىمنىڭ ئابدۇرەشىدخاننى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قىچقىرىشى ئىدى. خانىشنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇسى، تىلىكىنى يەتكۈزگەن بۇ نازۇك ئاجىز تاۋۇش سۇلتاننىڭ يۈرىكىنى تىترەتتى.

— مەلىكەم، قەدىرلىكىم، — دېدى ئۇ يېشىنى توختىتالماي.

— با ... لام ...

ئامانىسا سۇلتان بېگىمنىڭ تىنىقى ئۈزۈلدى. ئىككى تامچە ياش ئاق قاشتاشتەك سۇزۇلگەن مەڭزىدە توختاپ قالدى.

— مەلىكەم ، قەدىرلىكىم! — ئابدۇرەشىدخان ئىككى قولى بىلەن سۆيۈملۈك دىلبىرىنىڭ بېشىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ

تۇۋلىدى. جاۋاب بەرمىدى. ئۇ سۆزدىن ئەبەدىي توختىغانىدى. قارا كۆزلىرى يەنىلا يېرىم يۇمۇق، گويا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ ياتاتتى.

— مەلىكەم، جېنىم! — ئابدۇرەشىدخاننىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشتى، ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقتى. ياشلىرى بۇلاقتەك ئۇرغۇپ، پۇت - قولىدا جان قالماي ھوشىدىن كەتتى ...

— ئىگە - ئىگە ... — دۇنياغا يېڭى تۆرەلگەن بۇ جان ئانا كۆكسىنى ئىزدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

شەمشىبانۇ، مەريەمنىسا بۇۋىلەر يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئامانىنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلىشتى.

— ئاھ، مەلىكەم، — دەپ پەرياد چېكىپ يىغلاشتى.

بۇ ئۆلۈم ئابدۇرەشىدخانغا ناھايىتى تاسادىپىي تۇيۇلدى. ئۇ ئامانىنىسا سۇلتان بېگىمنى ئۆلۈپ كېتەر دەپ ئويلىمىغانىدى. بۇ مۇسىبەت ئۇنى دۇنيادىن كەچتۈرۈۋەتتى.

## 6

ئابدۇرەشىدخان ھوشىغا كەلگەندە، ساقلاپ تۇرغان شەمشىبانۇ دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ پەتىگە كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئۇ ئاق سەللە ئوراپ، قارا مەخمەل تونىنى كىيدى. مېھمانخانىغا چىقىپ سۇكۇتتە ئولتۇرغان ۋەزىر، ئەمىرلەر بىلەن كۆرۈشتى.

گۈلئېرەم ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار ئارقا - ئارقىدىن پەتىگە كىرىشتى. ئاتا ۋەزىر، ئەمىر ئەكرەملەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئارامگاھ ساراي پەتىچىلەرنى كۈتىدىغان جاي قىلىندى. مېيىتنى پېشىن نامىزىغا ئاچىقىدىغان بولدى.

قارا ئىچە كىيىپ، قارا پەرەنجە ئارتقان چۈچۈك سۇلتان بېگىم قىرىق كېنىزىكى بىلەن يىغلاپ كىرگەندە، ئەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئارامگاھ سارايغا چىقىپ كېتىشتى. ئۇ:

— ئاي ئىدىلە، سىڭلىم، كۆن ئىدىلە، سىڭلىم، بىزنى تاشلاپ قايغا كەتتىلە، سىڭلىم، — دەپ يىغلاپ ھازا ئاچتى.

باشتىن ـ ئاياغ قارا كىيىم كىيىپ قارا پەرىجە ئارتقان نۇرنىسا سۇلتان بېگىم چۆرە، كېنىزەكلەر بىلەن:

— ئاھ! پەزىلەتلىك مەلىكە خېنىم، باغرى يۇمشاق مەلىكە خېنىم، سىلى كەبى ئاق كۆڭۈلنى ئەمدى قايدىن تاپىمىز، سىلى بولمىسىلا مۇقامنى قانداق چالىمىز؟ — دەپ توختىماي يىغلاشتى.

ئارامگاھ سارايدىن قايتىپ كەلگەن ئابدۇرەشىدخان ئامانىنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ جەسەتى قويۇلغان ئىستىقامەت ئۆيىگە كىرىپ:

— ئاھ، ھەمراھىم، نېمىشقا گەپ قىلمايسىز، ھەمراھىم، نېمىشقا ئالدىمغا چىقمايسىز، ھەمراھىم! — دەپ چۇقان سېلىپ يىغلاپ يەنە ھوشىدىن كەتتى.

ئامانىنىسا سۇلتان بېگىم ئاق يوپۇق ئىچىدە تىرىكتەكلا ياتاتتى، قاش ـ كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى، چىرايى ئەينەكتەك سۈزۈك ئىدى. قارىغان كىشىگە بەجايىكى ئۇخلاۋاتقاندەك بىلىنەتتى، ئەمما ئاق مەشۇت بىلەن ئېڭىكى چېتىپ قويۇلغاچقا بىر ئاز سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

ئابدۇرەشىدخان ھوشىغا كېلىپ، ئۆزىنى تۇتالماي بېشىنى جەسەت ئۈستىگە قويۇۋالدى. چوچۇك سۇلتان بېگىم كىرىپمۇ ئۇنى مېيىت يېنىدىن ئاجرىتالمىدى.

— خانىش يېنىدا بىردەم يالغۇز قويۇڭلار، — دەپ زادىلا ئۇنىمىدى.

چاشگاھ ۋاقتىدا كەلگەن خوجا مۇھەممەديۇسۇپ بۇزرۇكۋار كىرگەندىلا بېشىنى كۆتۈردى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، خوتۇن كىشى جان ئۈزگەن ۋاقتىدىن باشلاپلا ئەرنىڭ نىكاھىدىن چىقىدۇ. ۋاپات بولغان بۇ مەلىكە ھازىر ئۆزلىرىنىڭ ئەمرىدە ئەمەس. مۇشۇ ئان سىلى ئۇنىڭغا، ئۇ

سىلىگە نامەھىرەم. ئۇنىڭغا قاراش، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇش گۇناھ. قازاغا رىزا بولساڭ، ئالىيلىرى. مەرھۇمە قېشىدا قانچە ئۇزاق ئولتۇرسىلىرى شۇنچە گۇناھقا پاتىدىلا. تۇرسىلا، چىقىپ كېتىلى، — دېدى بۇزرۇكۋار ئۇنى قولىدىن تارتىپ.

— ئەلۋىدا، قەدىرلىكىم! قىيامەت كۈنى ئاللا ئىگەمدىن سىز بىلەن دىدار كۆرۈشتۈرۈشنى ئىلتىجا قىلىمەن. مەندىن رازى بولۇڭ، سىزدىن ئىككىلا دۇنيا رازىمەن.

يىغلاپ تۇرغان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئاۋازى ساتارنىڭ تارىدەك تىترەپ چىقتى. ئۇ بۇزرۇكۋارنىڭ كەينىدىن ئاستا قەدەم تاشلىدى.

جەسەتنى بۇزرۇكۋارنىڭ چوڭ خوتۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن بۇۋى يۇيۇپ كېپەنگە ئالدى. سۇنى شەمشىبانۇ بىلەن گۈلئايىم تەييارلاپ بەردى. مەريەمنىسا بۇۋى سۇلتاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئايرىم ئۆيدە بوۋاقنا قاراۋاتاتتى.

كۈن قىيام بولغاندا مېيىت ئاق بوز بىلەن ئورىلىپ، كەلىمە شاھادەت كەشتىلەنگەن يوپۇق يېپىلغان جىنازىغا سېلىندى. دەۋرانبەگ، شاھھەبىب ياركەندىي، ئابدۇلئەزىز كوكۇلداش، ئابدۇلباسىت سەردار كۆتۈرمەكچى بولۇۋىدى، ئابدۇرەشىدخان ئۇچ شاھزادە بىلەن كۆتۈرۈپ، ئوردا سىرتىغا چىققاندىن كېيىن ئۇلارغا بېرىپ، جىنازا ئالدىغا ئۆتتى. ئەمىر - ئەركانلار بىلەن تەكبىر ئېيتىپ ماڭدى. جىنازىنىڭ ئىككى يېنىدا ئون توققۇزدىن قارىي «سۇرە ياسىن»نى تىلاۋەت قىلىپ ئاستا قەدەم تاشلىدى. جىنازىنىڭ كەينىدە ئوردا خىزمەتكارلىرى، ياساۋۇل، سىپاھلار ھەم پايتەخت ئاھالىسى سەپ تارتىپ مېڭىشتى. مەيدانى ئادالەت ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. ئابدۇرەشىدخان يۈرىكىدە يىغلاپ جامەگە قەدەم قويدى. مەرھۇمە مەلىكە ئامانىسا سۇلتان بېگىمنىڭ نامىزىنى شەيخۇلئىسلام مۇھەممەد ئابدۇللا داموللا چۈشۈردى.

قۇياش بولۇت كەينىگە يوشۇرۇندى، ھاۋا تۇتۇلۇپ ئاسمان

يۈزىنى كۆكۈچ قارا بۇلۇتلار قاپلىدى، سىم ـ سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى.

ئامانىسا سۇلتان بېگىم ۋاپاتىغا يەرۇئاسمان يىغلاۋاتاتتى.

جىنازا قولدىن ـ قولغا سۇنۇلۇپ، گۈلئېرەم ئوردىسىنىڭ دىۋان ھۇجرىسى ئورنىغا ياسالغان خان جەمەتى قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ بېرىلدى. ئابدۇرەشىدخان مېيىتنى ئاتىسىنىڭ ئايىغى ئاستىغا كولانغان گۆرگە ئۆز قولى بىلەن قويدى. نەچچە مىڭ ئادەم «سۈرە ئىخلاس»نى ئوقۇپ سۈپلىگەن ئىخلاس توپىسىنى مېيىت ئۈستىگە چاچتى. ئابدۇرەشىدخان ئايرىلغۇسى كەلمىگەن ھالدا لەھەتتىن يېنىپ چىقتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھېلىمۇ يىغلاۋاتاتتى ...

جامائەت مەقبەرە بېشىدىن ئۇزىدى. ئابدۇرەشىدخان ئون توققۇز قارىي بىلەن قالدى، سۇلتان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ ئۈچ كۈنگىچە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ دۇئا قىلدى. قارىيلارنى قايتۇرۇۋېتىپ قەبرە بېشىدا ئۆزى يالغۇز قالدى. ئۇنىڭ قارا بولۇق چاچلىرى قاردەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇ يېڭى قاتۇرۇلغان قەبرىگە قاراپ خىيالغا غەرق بولدى. ئامانىسا قىز بىلەن قازانكۆل جاڭگىلىدا ئۇچراشقاندىن باشلاپ، تاكى ئۇ ۋاپات بولغۇچە يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى بىرمۇبىر ئەسلەپ چىقتى...

«مەيلى پادىشاھ، مەيلى پۇقرا بولسۇن، بۇ دۇنيادا ئەجەل شەربىتىنى ئىچمەي قالمايدىكەن. دوستلارمۇ ئايرىلىدىكەن، ئاشىق ـ مەشۇقلارمۇ بىر ـ بىرىدىن جۇدا بولىدىكەن. تەقدىر نېمىدېگەن ئىبرەتلىك، ھېكمەتلىك ـ ھە ! ...

ئاھ، خۇدا، پېقىر قۇلۇڭنىمۇ دەرگاھىڭغا ئېلىپ كەت. ئەمدى بۇ ۋاپاسىز دۇنيادا ياشاشنى خالىمايمەن. كاتتا مەملىكەتكە سۇلتان قىلدىڭ، ئون پەرزەنت بەردىڭ، بەختكە ئېرىشتۈرۈپ، يەنە شۇ بەختىمنى ئېلىپ كەتتىڭ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ سۇلتان بولۇپ قان تۆككەنلىكىم ئۈچۈنمۇ ياكى شاھلىق سەلتەنەتىمگە

مەغرۇرلىنىپ، ئۆزۈمنى ئۇستۇن تۇتقانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟ بىلىپ ــ بىلمەي كىشىلەرگە ئازار بەرگىنىم، مەن پادىشاھ ــ سۇلتان دەپ راھەت ــ پاراغەتكە بېرىلگىنىم، دۆلىتىم، كۈچ ــ قۇدرىتىم بىلەن كىبىرلەنگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ؟ شۇنداق، ئاللا ئىگەم، مەن ئالدىڭدا ھەممە جەھەتتىن گۇناھكار. ئىنسان بولغىنىم ئۈچۈن گۇناھلىرىمنى بىلەلمەي، تونۇيالماي كەلدىم. بەلكىم گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ ئۆتكۈزگەندىمەن.

راست، پېقىر قۇلۇڭنى باشقا بەندىلىرىڭدىن ئۇستۇن قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزغىنىڭدا، خام سۈت ئەمگەن بەندە بولغانلىقىم ئۈچۈن، سەن بۇيرۇمىغان ئىشنى قىلىپ قويغاندىمەن. ئاشىقلارنى مەشۇقىدىن ئايرىۋەتكەندىمەن. ئەگەر شۇنداق زۇلۇم قىلغان بولسام، مېنى مۇنداق جازالىشىڭ نېمىشقا ھەق بولمىسۇن؟ بۇ ۋاقىتقا قەدەر ئۆزۈم سەزگەن گۇناھلىرىم ئۈچۈن تەۋبە قىلىپ كەلدىم ۋە ئىككىنچى ئۇنداق گۇناھ بولىدىغان زالىملىق، قانخورلۇقنى قىلمىدىم. غېرىب ــ مىسكىنلەرگە يار ــ يۆلەك بولۇپ كەلدىم. ئاتا ــ ئانامنىڭ خىزمىتىنى خالىس، بەجانىدىل قىلدىم. دوستلىرىمغا سادىق بولدۇم. دۈشمەنلىرىمگە، دۈشمەنلىك قىلغانلارغا كەڭ قورساقلىق قىلدىم. پەرزەنتلىرىمنى ئېتىقادلىق، ئىرادىلىك قىلىپ تەربىيەلىدىم.

خۇدايا، ساۋابلىق ئىشلىرىمنى رىيا① قىلىپ يۇيۇۋەتتىممۇ يا؟ ساۋابلىق ئىشلىرىم قىلغان گۇناھلىرىمغا يەتمەمدۇ؟ بۇ ئۆزۈڭگە مەلۇم. مەن چىدىيالماي قالدىم. يا رەببىم، ئەمدى ياشىغۇم يوق. ئەجەل شارابىنى ماڭىمۇ ئىچۈرۈپ، ئاشۇ يار مېھرىبانىمغا يەتكۈزگىن. مەملىكىتىمنى، تاجۇتەختىمنى، باللىرىمنى ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم ... يا رەببىم ! ...»

ــــ سۇلتان ئالىيلىرى !

ئابدۇرەشىدخان «كىمدۇر؟» دەپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىۋىدى،

---

① رىيا ــــ مىننەت قىلىش، خوجا كۆرسەم قىلىش.

باش سېلىپ تۇرغان ئەمىر ئەكرەمنى كۆردى ۋە ئۇن چىقارماي سوئال نەزىرى بىلەن باقتى.

— ئالىيلىرى، پەرزەنتلىرىنىڭ تۇغۇلغىنىغا تۆت كۈن بولدى. ئاتا ۋەزىر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سەمىلىرىگە سېلىپ قويايلى دەپ كېلىۋىدىم، — دېدى ئەمىر ئەكرەم.

ئابدۇرەشىدخان بىرھازا جىممىدە تۇرۇپ كەتتى، چېكىسىنى سىلاپ ئويلاندى. قايغۇلۇق نەزىرىنى قەبرىدىن ئالماي پىچىرلاپ دېدى:

— ئوغلۇمنى مۇشۇ يەرگە ئەكېلىڭلار، شەيخۇلئىسلام ئات قويۇپ بەرسۇن، ئانىسىمۇ ئاڭلىسۇن.

ئەمىر ئەكرەم كېتىپ، شەيخۇلئىسلام ئاتا ۋەزىر مىرزا ئەنۋەر، جالالىدىنخان، ئابدۇلئەزىز كوكۇلداش ۋە دەۋرانبەگ بىلەن بالىنى كۆتۈرۈپ كېلىشتى.

نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن كۈز قۇياشىنىڭ ئالتۇن نۇرى قەبرە ئۈستىگە چۈشكەنىدى. ئابدۇرەشىدخان قول ئۇزارتىپ بالىنى ئالدى. بوۋاق كۆز ئېچىپ ئاتىسىغا تەلپۈنۈپ قارىدى.

— دۇنياغا كۆز ئېچىپلا يېتىم بولۇپ قالدىڭ، ئوغلۇم. خۇدا هاياتىڭنى خەيرلىك قىلسۇن، — دەپ ئابدۇللا داموللىغا بەردى.

— ئىسمىشەرىپىنى نېمە قويىمىز، ئالىيلىرى، — تەلپۈنگەن بالىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ سورىدى شەيخۇلئىسلام.

— تىبەت دىيارىدا شېھىت بولغان ئوغلۇم ئابدۇلرەھىمخاننىڭ ئىسمىنى قويۇپ بېرىڭ، تەخسىر.

ئابدۇللا داموللا بوۋاقنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ:

— ئاللانىڭ خالىشى بىلەن بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ئەي، ئوغۇل، ئىسمىشەرىپىلىرى ئابدۇلرەھىمخان بولسۇن، ئاتىلىرىدەك شاھ - سۇلتان، كامىل ئىمان بولۇپ ئۆتكەيلا، — دەپ ئات قويۇپ بەردى.

ئابدۇرەشىدخان ئابدۇلرەھىمخاننى قولىغا ئېلىپ يىغى

قاتۇرۇلغان قەبرىنىڭ سۇپىسىغا ياتقۇزدى. كۈن نۇرى بوۋاقنىڭ كۆزىنى چاقنىتىۋەتتى، ئېچىپ ـ يۇمۇپ چىمچىقلىتىپ ئەتراپقا ئۆمەللەپ قارىدى. ئابدۇرەشىدخان ئېڭىشىپ:

— ئابدۇلرەھىمخان! — دەپ ئۈچ قېتىم چاقىردى. ئۇ خىيالىدا ئانىسىنىڭ روھى ئاڭلىسۇن دەپ ئويلىغانىدى.

بوۋاق ئاتىسىنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرىغا قارىغىنىچە تىپچەكلەپ يىغلاپ كەتتى...

# خاتىمە

زەرەپشان كۆۋەجەپ، دولقۇنلىنىپ ئاقماقتا. ئىزغىرىن شامال ئۆركەشلىگەن سۇ يۈزىدىكى ماغزاپتەك ئاق كۆپۈكچىلەرنى سۆيۈپ ئۆتمەكتە. قۇمساڭغۇ توپىلىق قىرغاقتىكى سۆگەت، ئەرمۇدۇن، رېدە دەرەخلىرى ئىرغاڭشىپ شىلدىرلاپ ياپراق تاشلىماقتا.

ئابدۇرەشىدخان لەڭ ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەرياغا كۆز تىكىپ ئولتۇراتتى، ئاقارغان چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەنىدى. ئۇ «مەلىكەم ... ئامانىسا ...، ئاھ، قەدىرلىكىم ...» دەپ پىچىرلايتتى. ئاق سەللە ئورالغان دوپپا، قارا چەكمەن تون كىيىۋالغانىدى...

ئۇ ئامانىسا سۇلتان بېگىم ۋاپات بولۇپ بىر ئايغىچە خۇدىنى بىلمەي يۈردى. پىراق ئوتىدا پۇچىلىنىپ بىر يەردە ئولتۇرالمايتتى، ئوردىدا ئايلىناتتى، ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ يەنە قەبرە بېشىغا كېلەتتى.

بۈگۈن ئۇخلىنىپ قالار، ئەتە ئويغىنىپ قالار، دەپ ئۇز ھالىغا قويۇۋەتكەنىبىرى، خۇدىنى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتى. چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ مەجنۇندەك بولۇپ قالغانىدى.

بالىلىق ۋاقتىدىن باشلاپ جەڭگاھتىمۇ، چارباغدىمۇ بىللە بولغان دوستى، سەپدىشى ئەمىر ئەكرەم سەۋر قىلىش، قازاغا رىزا بولۇش توغرۇلۇق كۆپ گەپ قىلىپ تەسەللى بەرسىمۇ ئابدۇرەشىدخان زۇۋان سۈرمىدى. ئاتا ۋەزىر مىرزا ئەنۋەرمۇ سۆزىنى ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن خوجا مۇھەممەديۈسۈپ بۇزرۇكۋارنى ئابدۇرەشىدخانغا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئوردىغا تەكلىپ قىلدى. بۇزرۇكۋار كېلىپ، مەرھۇمە ئامانىسا سۇلتان

بېگىم مەقبەرىسى يېنىدىن ئۆنى تاپتى.
— سۇلتان ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ سۆز باشلاپ، — خوتۇن ئۆلۈپ ئەر قالماق، ئەر ئۆلۈپ خوتۇن قالماق، ئەلمىساقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەقدىر قىسمەتتۇر. قازاغا رىزا بولۇش مۆمىن بەندىنىڭ خىسلىتىدۇر. ئالىيلىرى، سىلى غەيرەتلىك ۋە دانا. سەۋر قىلسىلا. مەملىكەت ئەھلىنىڭ نەزىرى ئۆزلىرىدە، تەختتە ئولتۇرۇشلىرىنى ئارزۇ قىلماقتا. ئادالەتتىن ئەلگە ئەمىنلىك، راھەتبەخش ئېتىشلىرىگە ئىنتىزار بولماقتا. قايغۇنى كۆچكە، نالە ـ پەريادنى خۇشاللىق ـ كۈلكىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىلگىرىكىدەك مەردانە، شاد ـ خۇرام يۈرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلماقتا. قازاغا رىزا بولمىغان، مۇسىبەتكە سەۋر ـ تاقەت قىلالمىغان بەندىسىگە ئاللا شەپقەت قىلمايدۇ ... سەۋر قىلسىلا، شاھىم. قەيسەر بولسىلا...
بۇ سۆزلەرمۇ ئابدۇرەشىدخانغا كار قىلمىدى. يا ماقۇل، ياكى ياق دېمەي ئاستا قوپۇپ نېرى كەتتى. بۇزرۇكۋار ۋەزىر ۋە ئەمىرلەرگە:
— ئاللانىڭ ئىزنىسىز قىلمۇ تەۋرىمەيدۇ. ئاللا ھىدايەت تاپتۇرغان بەندىسىنى ھېچكىم گۇمراھ قىلالمايدۇ. ئاللا گۇمراھ قىلغان بەندىسىنى ھېچكىم ھىدايەت تاپتۇرالمايدۇ. سۇلتانىنىڭ بىر مۇسىبەت بىلەن بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشى ھېكمەتسىز ئەمەس، — دەپ كېتىپ قالدى.
ئابدۇرەشىدخان قىشنى ئاشۇنداق خامۇشلۇقى بىلەن ئامان ـ ئېسەن ئۆتكۈزدى. چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭمۇ، نۇرنىسا سۇلتان بېگىمنىڭمۇ قەسىرىدە قونمىدى. بۇ ئىككى خانىش ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالالمىدى، ئۆزلىرىمۇ غەم ـ قايغۇغا غەرق بولۇشتى.
ئابدۇرەشىدخان تاماقنى ئاز يەيدىغان، ئۇسسۇلۇقنى كۆپ ئىچىدىغان بولۇۋالدى. يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىنى چارباغدا ئۆتكۈزمەي، ئامانىسا سۇلتان بېگىم مەقبەرىسىدە ئۆتكۈزدى.

دۆلەت ئەركانلىرى ئاقسۇغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئابدۇلكېرىمخاننى تەختتە ئولتۇرغۇزدى. ۋەلىئەھد بولغان بۇ شاھزادە ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئىچ ـ ئىچىدىن پۇچىلانغىنىچە دۆلەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا باشلىدى.

ئابدۇرەشىدخان كۆزىنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى ئارامگاھ سارايدىن چىقىپ ياساۋۇلغا ئات ئېگەرلەپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ ياخشى كۆرىدىغان قارا گىرنى ئېگەرلەپ كەلدى. ئۇ مىنىپ قوۋۇقى مەغرىبتىن چىقىپ كەتتى. «سۇلتاننىڭ شىكار قىلغۇسى كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان ئەمىر ئەكرەم بىرقانچە نۆكەر بىلەن ئابدۇلباستىبەگنى چاندۇرماي مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتتى...

مانا ئابدۇرەشىدخاننىڭ زەرەپشان بويىغا كەلگىنىگە ئىككى ھەپتە بولدى. ئۇ دەريا بويىنى ئايلىنىپلا يۈرەتتى، دەرەخكە يۆلىنىپ ئويلىناتتى. نۆكەرلەر ئەكېلىپ ئالدىغا قويۇپ قويغان تاماقنى گاھىدا يەيتتى، گاھىدا يېمەيتتى.

ۋەزىر، ئەمىرلەر بىرقانچە قېتىم كېلىپ قايتىپ كېتىشكە ئۈندىگەن بولسىمۇ، زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇۋالدى. ئۇلار ئامالسىز قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشتى.

ئابدۇرەشىدخان بۈگۈن دەريا لېۋىگە چۆشۈپ ئۇزاقراق ئولتۇردى. سۇغا تىكىلگەن كۆزلىرىگە ئامانىسا سۇلتان بېگىم كۆرۈنگەندەك بولۇپ، «مەلىكەم، قەدىرلىكىم ...» دەپ پىچىرلاپ يىغلاپ كەتتى.

— سۇلتان ئالىيلىرى!

ئابدۇرەشىدخان تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىگە قارىۋىدى، ھاشىم ئاخۇن ئۇستامنى كۆردى.

— مېنى ئۇنتۇپ قالماپسىز ـ ھە، ئۇستام، كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ نەچچە ئايدىن بېرى تۇنجى قېتىم زۇۋان سۈرۈپ.

— سۇلتان ئالىيلىرى، چاچ ـ ساقاللىرىنى ئېلىپ قويغىلى

كەلدىم.

ئابدۇرەشىدخان ئۈسۈپ مەيدىسىگە چۈشكەن ساقىلىنى سىيپاپ كۈلۈمسىرىدى. ئاپپاق چاچلىرى گەدىنىنى ياپقانىدى. ئۇ ھاشىم ئاخۇن ئۇستامغا بەكلا قىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ، ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە ياش ئالدى. كېلىپ يېنىدا ئولتۇرۇپ، باش ـ يۈزىنى دەريا سۈيىدە يۇدى. چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، ساقاللىرىنى ياساپ قويۇۋىدى، ئابدۇرەشىدخان ياشلا ئادەمگە ئايلاندى. سۇدا كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ ئىككىنچى قېتىم كۈلۈمسىرىدى. ھاشىم ئاخۇن ئۇستام خالتىسىدىن ئەينەك ئېلىپ ئابدۇرەشىدخانغا بەردى. ئۇ ئەينەككە قاراپ:

— ھە، ئەمدى بوپتۇ. مۇشۇنداق ئالدىغا بارسام مەلىكەم خۇشال بولىدۇ، — دېدى ۋە ئويلاپ تۇرۇپ قېلىپ سورىدى، — ئۇستام، ئۆلۈم قورقۇنچلۇقمۇ؟

ھاشىم ئاخۇن ئۇستاممۇ ئويلىنىپ قالدى. ئەسۋابلىرىنى خۇرجۇنغا سېلىپ قويۇپ، دېدى:

— رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئادەم، ئىنس ـ جىن، ئۇچار قۇش، ھايۋاناتلارنىڭ پادىشاھى بولغان سۇلايمان ئەلەيھىسسالام قېرىپتۇ. ۋەزىرلىرى ئۇنىڭغا: «ئابىھاياتنى تاپتۇرۇپ ئىچسىلە، ئۆلمەي مەڭگۇ ياشايدىلا» دەپتۇ. كۆپ كىشىلەردىن مەسلىھەت سورىسا يەنىلا شۇنداق جاۋاب بېرىشىپتۇ. ئۇ ئاخىرىدا يەلكىسىگە قونغان ھۆپۈپتىن مەسلىھەت سوراپتىكەن، بۇ قۇش: «ئەي، شاھىجاھان، ئۆلمىگەندىن يەنىلا ئۆلگەن ئەۋزەل. ناۋادا ئابىھاياتنى ئىچىپ ئۆلمىسىلە، ۋاپادار مەھبۇبىلىرى، سادىق دوست ـ يارەنلىرى، سۆيۈملۈك ئوغۇل ـ قىز پەرزەنتلىرى دۇنيادىن ئۆتسە، يالغۇزسىراپ قالمامدىلا؟ تونۇمىغان، بىلمىگەنلەر قانداقمۇ قەدىرلىرىگە يەتسۇن؟» دەپتۇ.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ھۆپۈپنىڭ ئېيتقىنى مەنزۇر بولۇپ، ئابىھاياتنى ئىچمەي ئەجەل شەربىتىنى ئىچىپتىكەن، شاھىم. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ئۆلۈم بىز ئويلىغاندەك

قورقۇنچلۇق ئەمەس، بەلكى هارغان، چارچىغان، جاپا چەككەن ئىنسان ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئارام ئېلىشتۇر.

— رەھمەت، ئۇستام، توغرا جاۋاب بەردىڭ. مەن سىلى بىلەن كېتەي، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇ ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن يەنىلا ئارامگاھ سارايدا تۇردى، خانىشلارنىڭ قەسرىگە بارمىدى.

ئابدۇلكېرىمخان ئەمىر ـ ئەركانلار بىلەن كېڭىشىپ، ئاتىسىنىڭ خوتەنگە بېرىپ داۋالىنىش سەيلە ـ ساياھەت قىلىپ كېلىشىنى قارار قىلدى. ئەمىركەبىر ئەكرەم، ئاتا ۋەزىر مىرزا ئەنۋەر، ۋەزىر موللا مەھمۇد، ئەمىر دىۋان جالالىدىنخان ۋە هاشىم ئاخۇن ئۇستام سۇلتانغا ھەمراھ بولۇپ خوتەنگە باردى، ئاتاقلىق تېۋىپلارغا كۆرسىتىپ داۋالاتتى، مەنزىرىلىك جايلارغا ئېلىپ بېرىپ سەيلە قىلدۇردى. ئەمما، كۈندىن ـ كۈنگە تامىقى ئازلاپ، بەكلا ياداپ كەتكەن ئابدۇرەشىدخان بىر كۈنى چۈش مەزگىلىدە ئانار شەربىتى ئىچىۋېتىپ، ئوڭدىسىغا ئۆچۈپ چۈشتى. ھەممىدىن بۇرۇن يېنىغا كەلگەن هاشىم ئاخۇن ئۇستام قاراقلىرى تارتىلىپ سارغىيىپ كەتكىنىدىن ئەنسىرەپ تومۇرىنى تۇتتى، قۇلىقىنى يېقىپ يۈرىكىنى تىڭشىدى. تىۋىش بولمىدى، نەپىسى ئۈزۈلگەنىدى. ئۇستام ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىگە جەزم قىلىپ، بېشىدا قارىشىپ تۇرغانلارغا:

— سۇلتانىمىز ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ، — دەپ يىغلىدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ۋاپات بولغاندا ئەللىك سەككىز ياش ئىدى. ئۇ ياركەندكە ئېلىپ كېلىندى. چوڭچۇك سۇلتان بېگىم، نۇرنىسا سۇلتان بېگىملەر ياقا يىرتىپ، پەرياد چېكىپ هازا ئېچىشتى. بۆشۈكتە ياتقان ئابدۇلرەھىمخانمۇ ئۈمچىيىپ پۇت ئېتىپ قىيقىراپ يىغلاپ كەتتى. مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئاۋام ئۇنىڭ نامىزىغا داخىل بولدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئاتىسى سەئىدخان ياتقان ئالتۇن خان جەمەتى قەبرىستانلىقىغا، مەرھۇمە ئامانىنىسا سۇلتان بېگىم

يىنىغا دەپنە قىلىندى.

ۋەلىئەھد ئابدۇلكېرىمخان ھىجرىيە 967 ـ يىلى① سۇلتان بولۇپ خانلىق تەختىدە ئولتۇردى.

ئوتتۇز يىلدىن كېيىن ئامانىسا سۇلتان بېگىمدىن بولغان ئابدۇلرەھىمخان تۇرپان، قاراشەھەر ۋىلايەتلىرىگە خان بولدى. جۇڭغارىيە يەتتىسۇ دىيارىنىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. قىرىق يىل دەۋران سۈرۈپ دۇنيادىن ئۆتتى.

① ھىجرىيە 967 ـ يىلى — مىلادىيە 1560 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

# سۇلتان ئابدۇرەشىدخان

( رومان )

**ئاپتورى:** ھاجى مىرزاھىد كېرىمىي
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** گۈلباھار ئەخمەت
**مەسئۇل كوررېكتورى:** زەمىرە پىدائىي
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدۇن
**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى:** ئەكبەر سالىھ
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991-2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 18.25
**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2015 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 — 5000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 18342 - 5
**باھاسى:** 50.00 يۈەن